# تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى



# ھايات تۋشلىرى

ئابدۇكېرىم رەھمان

# ھايات تۈشلىرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇلجېلىل تۇران

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

مەزكۇر كىتاب مۇئەللىپىنىڭ مۇخلىسلىرىدىن ئەركىن ئۆلتەبىرنىڭ ماددى ياردىمى بىلەن باستۇرۇلدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەركىن ئۆلتەبىرگە رەھمەت ئېيتىمىز.

ئابدۇكېرىم رەھمان

# ھايات تىنىقلىرى

(ئەسلىمە)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇلجېلىل تۇران

2020 - يىلى سېنتەبىر، بىرىنچى نەشرى

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى

تەكلىماكان ئۇيغۇر كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ.

ئىستانبۇل - تۈركىيە

# ئاپتورنىڭ بىر قىسىم يالدامىلىرى










乡清真古寺





















































PEPSI







# مۇندەرىجە

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن ........ 003
قىسقىچە تەرجىمىھالى ........ 005
مۇقەددىمە ........ 009

بىرىنچى بۆلۈم
**يۇرت شەرىپى، ھايات تەرىپى**

بىرىنچى باب: يۇرت شەرىپى ........ 039
ئىككىنچى باب: گۆدەكلىك تىۋىشلىرى ........ 057
ئۈچىنچى باب: تورنىلار سېپىدە ........ 077
تۆتىنچى باب: ئۇچقۇر خىياللار ........ 131
بەشىنچى باب: تۇغراق يىغلايدۇ ........ 175

ئىككىنچى بۆلۈم
**بەرق ئۇرغان ياشلىق**

ئالتىنچى باب: ئون سەككىز يېشىم — قاتماقتا بېشىم ........ 189
يەتتىنچى باب: ھايات سىنىقى ........ 285
سەككىزىنچى باب: «چۈش»مۇ يا «قىيامەت»مۇ ........ 311

ئۈچىنچى بۆلۈم
**سۈزۈك ئاسمان**

توققۇزىنچى باب: تۇزانلىق مۇنبەر ........ 365

ئونىنچى باب: قاڭقىش ۋە ھالقىش.......423
ئون بىرىنچى باب: ئاراملىق كۈنلەر، ھاراملىق تۈنلەر.......523
خاتىمە.......571

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

سالام كىتابخان!

پېشقەدەم ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى، ئۇزۇن يىللىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، مەرھۇم پروفېسسور ئابدۇلكەرىم رەھمان 2016 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تۈركىيەگە كەلگەندە يېڭىدىن يېزىپ تاماملىغان، ئەمما تېخى ۋەتەن ئىچىدە نەشىر قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن بىر كىتابى بارلىقىنى ۋە مەزكۇر كىتابنى مەندە ئامانەت قويۇشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلىپ ساقلايدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. كىتابنىڭ كومپيۇتېر نۇسخىسىنى ماڭا بەرگەندىن كېيىن، مەن:

ـ «بۇ كىتابنى ۋەتەندە نەشىر قىلىش پەقەت مۇمكىن بولمىغاندا بىز نەشىر قىلامدۇق» دەپ سورىدىم.

ـ مەرھۇم: «شۇنداق بولسۇن» دەپ قىسقىلا جاۋاب بەردى.

سىزلەرگە تەقدىم قىلىنىۋاتقان مەزكۇر كىتاب مەن تۆت يىلدىن بۇيان ساقلاپ كېلىۋاتقان مەرھۇمنىڭ تەۋەررۈك ئامانىتى ـ «ھايات تىۋىشلىرى»، مۇئەللىپنىڭ ئازكەم بىر ئەسىرلىك ھايات مۇساپىسىنىڭ باياندۇر.

مەزكۇر كىتاب ۋەتەن ئىچىدە نەشىر قىلىنىشنى كۆزدە تۇتۇپ يېزىلغان بولغاچقا، ئەزىز كىتابخانلارنىڭ كىتابقا توغرا مۇئامىلە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# قىسقىچە تەرجىمىھالى

ئابدۇكېرىم رەھمان (تولۇق ئاتىلىشى ئابدۇكېرىم ئابدۇ- رەھمان) 1940 - يىل 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى قەشقەر شەھىرىگە قاراشلىق نەزەرباغ يېزىسىنىڭ بۇچى كەنتىدە تۇغۇلغان. 1959 - يىلدىن 1964 - يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل- ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل- ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولغان. 1984 - يىلدىن 1992 - يىلغىچە تىل- ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋە مۇدىرى بولۇپ خىزمەت قىلغان. 1987 - يىلى دوتسېنت، 1991 - يىلى پروفېسسور ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1987 - يىلى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى كەسپى بويىچە ماگىستىر تەربىيەلەش يېتەكچىسى بولغان. 1995 - يىلى شىنجاڭدىكى تۇنجى دوكتورانتلار يېتەكچىسى بولۇپ، خەلق ئەدەبىياتى ۋە فولكلور كەسپى بويىچە 35 تىن ئارتۇق ماگىستىر ۋە 18 نەپەر دوكتور تەربىيەلىگەن. 1989 - يىلدىن ھازىرغىچە جەمئىي بەش قارار ئاپتونوم رايونلۇق مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس، 1992 - يىلى گوۋۇيۈەننىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان تۆھپىكار مۇتەخەسسىس شەرىپىگە ئېرىشكەن. 1964 - يىلدىن تاكى 2012 - يىلغىچە جەمئىي 47 يىل ئالىي مائارىپ سېپىدە ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ 1 - سېپىدە خىزمەت قىلىش جەريانىدا مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىجتىمائىي پەن

كىتابتا ھازىرقى ياش ۋە ئوتتۇرا ياش كىشىلەرگە سۆزلەپ چۈشەندۈرۈش قىيىن بولغان بالايىئاپەتلىك 1960 ـ 1970 ـ يىللاردا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن ـ گەرچە بۈگۈنكى پاجىئەدىن باشقىچە بولسىمۇ ـ ئېغىر كۈنلەرنى يېڭىدىن جانلاندۇرۇپ كۆز ئالدىمىزدا نامايەن قىلىدۇ. مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ ھايات مۇساپىسى ئارقىلىق بىزگە كوممۇنىزم زۇلمى ئاستىكى 65 يىللىق تارىخنى جانلىق سۈرەتلەپ بېرىدۇ. كىتابنى ئوقۇغىنىمىزدا ئەينى دەۋردىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تارىخىمىزدىن خەۋەردار بولىمىز.

كىتابنى قانداق چۈشىنىش، قانداق مۇھاكىمە قىلىش، قانداق تەھلىل قىلىش ۋە قانداق باھا بېرىشنى كىتابخانلارنىڭ مۇلاھىزىسىگە ھاۋالە قىلىمىز.

2020 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى مەرھۇمنىڭ ۋاپات خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن، كىتابنى دەرھال نەشر قىلىشنى كۈن تەرتىپكە قويۇپ، ئىملاسىنى تۈزەتكەندىن باشقا ھېچقانداق ئۆزگەرتمەستىن ئەينەن نەشر قىلىپ ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق.

*2020 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى*

*سەلىم پاشا ـ ئىستانبول*

مەدەنىيەتشۇناسلىق، سوتسىئولوگىيە، ئانتىروپولوگىيە قاتارلىق پەنلەرگە ئائىت 180 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىلىرى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نوپۇسلۇق ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات جەھەتتىكى ئالاھىدە نەتىجىلىرى 15 قېتىمدىن ئارتۇق مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى گېزىت - ژۇرناللاردا مەزكۇرنىڭ ئىش - ئىزلىرى ۋە تۆھپىسى كۆپ قېتىم تونۇشتۇرۇلغان. ئۇ ھازىر «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى جەمئىيىتى» ۋە «جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام جەمئىيىتى»نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ئابدۇكېرىم رەھمان 2020 - يىلى 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

تەتقىقات تۈرلىرىدىن ئون چوڭ تۈرگە يېتەكچىلىك قىلغان. «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت قامۇسى»، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر سەنئەت لۇغىتى»، «جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى: شىنجاڭ تومى» (ئۈچ توپلام)، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» قاتارلىق يىرىك تۈرلەرنى يېزىشقا ۋە تۈزۈشكە قاتناشقان. ئۇنىڭدىن باشقا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى» (مۇھەممەد زۇنۇن بىلەن ھەمكارلىشىپ)، «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى» (كوللېكتىپ)، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيەسى»، «ئەدەبىيات ھەققىدە»، «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىغا ئائىت مەسىلىلەر»، «يىپەك يولى بويىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر»، «فولكلور ۋە يازما ئەدەبىيات»، «مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تۇغۇلغان ھېسلار»، «ئۇيغۇر مۇقام پېشىۋالىرى»، «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (خەنزۇچە)، «يىپەك يولىدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە نەزەر»، «20 - ئەسىر ئۇيغۇر ماددىي مەدەنىيىتى»، «ئۇيغۇر فولكلورى» (تۈركچە)، «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە مەدەنىيەت تارىخى» (خەنزۇچە)، «ئەزىزانە قەشقەر» (ئىككى توملۇق)، «قەشقەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»، «قەشقەر فولكلور مەدەنىيىتى»، «قەشقەر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى»، «قەشقەر بىناكارلىق سەنئىتى» قاتارلىق نەزەرىيەۋى ئىلمىي ئەسەرلىرى، «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى»، «ئۆزبېك خەلق داستانلىرى»، «ئۇيغۇر بېيىتلىرى»، «ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى»، «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى»، «نۇزۇگۇم»، «تاھىر - زۆھرە» قاتارلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئائىت توپلاملىرى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، تۈركچە، رۇسچە ۋە ئىنگلىز تىللىرىدا نەشر قىلىنغان. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، فولكلور،

# مۇقەددىمە

ئۆزلۈكنىڭ بېغىشى، جېنى — شەجەرە.
مىللەتنىڭ تومۇرى، قېنى — شەجەرە.
ئاناڭنىڭ ئاق سۈتى، نېنى — شەجەرە.
ئەجدادىڭ مىراسى، بېغى — شەجەرە.

— (خاتىرەمدىن)

بىز بەكمۇ نادان خەلق ئىكەنمىز. كۆپچىلىكىمىزنىڭ يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەكتەك ئائىلە شەجەرىمىز، ئۆزلۈك نەسەپنامىمىز يوق ئىكەن. بەگ - خاقانلىرىمىزمۇ جەڭگاھ تۈزگىنى بىلەن قەلەمدە ئىز قالدۇرماپتۇ، ئالىم - ئۆلىمالىرىمىز بىلىنى ئەنئەنىۋى كەمتەرلىك كەمىرى بىلەن چىڭ باغلىۋېلىپ، ئۆزلۈك نەسەپنامە پۈتۈشتىن يىراق تۇرۇپتۇ، مىسكىن ئاۋام - پۇقرالىرىمىز ساۋاتسىزلىق، نادانلىق بۆشۈكىگە بۆلەنگىنىچە ئىزتىراپسىز ۋە نامۇ - نىشانسىز ئاخىرەتكە سەپەر قىپتۇ، ئاقىۋەتتە مىللەت ۋە خەلقىمىز تارىختا كۆپلىگەن پاجىئەلەرگە ھامىلە بوپتۇ. ھالا زامانىمىزغا ئۇلاشقىچە، «بوۋاڭ - ئەجدادىڭ كىم؟» دېسە، بېشىنى لىڭشىتىدىغان، «قاچان تۇغۇلدۇڭ؟» دېسە، «ئۆرۈك چېچەكلىگەندە» دەپ مۇجمەل جاۋاب بېرىدىغان، «مىللىتىڭ قايسى؟» دەپ سورىسا، «تۈرك» ياكى «ئالتەشەلىك» ... دەيدىغان ھالەت شەكىللىنىپتۇ.

ئىدى. خەنزۇچە ماتېرىياللاردا «十八» (كېيىنچە «八士»)غا ئۆزگەرتكەن) دەپ خاتىرىلەنگەن. «باش» دېگەن بۇ ئاتاق تۇتۇق بېگى خېلىلدىن تارتىپ، ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىغىچە ئورتاق قوللىنىلغان. مىلادى 1209 ـ يىلى تۇتۇق خېلىل باش غەربىي قىتان (غەربىي لياۋ) نىڭ هۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قوجو ئىدىقۇتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، غەربىي قىتاننىڭ قوجودا تۇرۇشلۇق نازارەتچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، قەۋمىنى باشلاپ، تېمۇچىن (چىڭگىزخان)غا بەيئەت قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. كېيىن موڭغۇللار غەربىي يۇرتنى بويسۇندۇرۇشتا ۋە غەربىي شىمال رايونلىرىدا ھەربىي پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇۋاتقان تاڭغۇت، جىن، سۇڭ خانلىقلىرىنى يوقىتىشتا قوچۇ ئىدىقۇتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. خېلىل ۋە ئۇنىڭ ئوغلى قالى باش جەڭلەردە ئاجايىپ باتۇر ۋە چەبدەس بولغاچقا، تېمۇچىنغا ياراپ كېتىپ، يۈەن سۇلالىسى نامىدىن قالىغا «هوجومچى سانغۇن» دېگەن مەرتىۋىنى بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن خېلىل سانغۇن ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئاتا مىراس ئەمەلدارلاردىن بولغان. خېلىل ۋە ئۇنىڭ ئوغلى قالى سانغۇن نەچچە مىڭ ئۇيغۇر قوشۇنىغا سەركەردە بولۇپ، چىڭگىزخاننىڭ غەربنى ۋە شەرقنى تىنچىتىش يۈرۈشلىرىدە ئاۋانگارتلىق رول ئوينىغان.

14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يۈەن سۇلالىسى ھالاك بولۇپ، مىڭ سۇلالىسى قۇدرەت تاپقان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى جۇيۈەنجاڭ يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى تەسىرىنى تازىلاش ھەمدە ئۇنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنىڭ چېگرا رايونلاردىكى پاراكەندىچىلىكىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، «ياتلارنى ياتلار ئارقىلىق تىزگىنلەش» ھىيلىسىنى ئىشلىتىپ، مىلادى 1346 ـ يىلى خېلىلنىڭ ئوغلى قالى باشنى ئاستانە يەنجىڭ (بېيجىڭ)نىڭ باش بۇغى قىلغان. قالى باشچىلىقىدىكى

قىسقىسى، مۇتلەق كۆپچىلىكىمىزنىڭ ئائىلە شەجەرىسى يوق ئىكەنلىكى بەرھەق. مەن قازاق قىرلىرىنى، قىرغىز دالىلىرىنى، موڭغۇل يايلاقلىرىنى ... چارۋىچى ئاھالىلەر توپلىرىنى زىيارەت قىلغىنىمدا، ئاۋۇل ئاقساقاللىرىدىن تارتىپ سەبىي بالىلارغىچە، ئەر ـ يىگىتلەردىن تارتىپ، خوتۇن ـ قىزلارغىچە يەتتە سوڭەكى (يەتتە ئەجدادى)نى مارجاندەك تىزىپ دۇدۇقلىماي ئېيتىپ بېرەلەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا ھەۋەس قوزغالغان ئىدى. بىزدە يەتتە ئەۋلادىنى ساناپ بېرەلەيدىغانلار زادى قانچىلىكتۇ؟! مېنىڭ كۆزىتىشىمچە كۆپ ئەمەس، ھەتتا مەنمۇ يەتتە ئەجدادىمنى ساناپ بېرەلمەيمەن. شۇڭا، بۇ ئاچچىق تارىخىي ساۋاق مېنى چوڭقۇر ئويغا سالغاچقا، يەتمىش يىلدىن كېيىن ئۆتمۈش ھايات مۇساپەمنى ئەسلەپ يېزىۋاتقان مەزكۇر چەلەڭگۇش خاتىرەمنىڭ «كىرىش سۆز»نگە نەسەبنامە ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى ئەسلىتىدىغان ئىجابىي ۋە سەلبىي مىسالدىن ئۈچ پارچە قىستۇرۇپ، ئوقۇرمەنلىرىمنىڭ ھوزۇرىغا سۇنۇشنى مۇۋاپىق تاپتىم. بۇ ئارقىلىق ھەممىمىزدە كېلىچەك ئەۋلادلار ئۈچۈن بىرەر نەمۇنە قالدۇرۇش قىزغىنلىقى قوزغالسا ئەجەب ئەمەس. گەپنى مىسالدىن باشلايلى: «خونەن ئۇيغۇرلىرى»[1]، «ئۇيغۇر ئالىمى جيەن بوزەن»[2] قاتارلىق ئەسەرلەردىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلارغا ئاساسلانغاندا، خونەن ئۆلكىسىنىڭ تاۋيۈەن ناھىيەسىدىكى جيەن فامىلىلىك ئۇيغۇرلار غەربىي يۇرت قوچۇ خانلىقى (قوچۇ ئىدىقۇتى)نىڭ سانغۇنى خېلىلنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرىدۇر. خېلىل جەمەتى قوچۇ ئىدىقۇت خانلىقىغا قاراشلىق ئۇيغۇر تۆرىلىرىدىن بولۇپ، لەقەبى «بارس» (يولۋاس)

[1] چېن زۇنۋاڭ، جيەن ۋېن، «خونەن ئۇيغۇرلىرى» (تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئابلەت نۇردۇن، جۇمەخۇن)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998ـ يىل.

[2] تەلئەت ئىبراھىم (تىلەك): «ئۇيغۇر ئالىمى جيەن بوزەن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002ـ يىل.

95% ىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلار ئاساسەن فېڭشۇ ئۇيغۇر - خۇيزۇ ئاپتونوم يېزىسى بىلەن چېڭلىن خۇيزۇ - ئۇيغۇر ئاپتونوم يېزىسىغا مەركەزلەشكەن. تاۋيۈەن ناھىيەسىدىكى بۇ ئىككى ئاپتونوم يېزا گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن 1986 - يىل 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى قۇرۇلغان). دېمەك، قوچۇ ئىدىقۇتىنىڭ تۇتۇق بېگى قومۇللۇق خېلىل باشنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ ھەربىي سانغۇن بولۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى رايونىغا كۆچۈپ بارغىنىغا ھازىر 800 يىلغا يېقىن ۋاقىت بولدى. خېلىل ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تاۋيۈەن ناھىيەسىدە ماكانلاشقىنىغىمۇ 650 يىلدىن ئاشتى. مەلۇمكى، جيەن جەمەتى 10 - ئەجدادقىچە (خېلىلنىڭ 10 - ئەۋلادقىچە) تاۋيۈەن ناھىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چاڭدې شەھىرى تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ باقاۋۇللىرى بولۇپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشىپ كەلگەن. ئۇندىن كېيىن ئۇلار ئەسكىرى ئەمەل - مەرتىۋىدىن مەھرۇم قىلىنىپ، «يات قەۋم» سۈپىتىدە ھەدەپ چەتكە قېقىلىشقا ۋە مىللىي كەمسىتىلىشكە ئۇچراپ كەلدى. جاھانگىرلىك، فېئودالىزم ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تاغنىڭ ئېغىر زۇلمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيەسىگە ئۇچراپ، ھاياتنىڭ قاتتىق سىناقلىرىنى بېشىدىن كەچۈردى. ئەلەمگىمۇ، قەلەمگىمۇ تەڭ ئېتىبار بېرىشتەك شەرەپلىك ئەنئەنىگە ئىگە تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ يەرلىك ئاھالىسىگە نىسبەتەن سانى ئىنتايىن ئاز بولسىمۇ، نەچچە يۈز يىللىق تارىخنىڭ بوران - چاپقۇنلىرى ئىچىدە قومغا سىڭگەن سۇدەك يوقىلىپ كەتمەي، مىللىي كىملىكىنى نامايان قىلىپ، جوڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ ھوقۇقلۇق بىر ئەزاسىغا ئايلاندى. ئۇزاق ئەسىرلىك جاپا - مۇشەققەت ئۇلارنى تاۋلىدى ۋە تاللىدى. ئۆزۈمگە ئۆزۈم سوئال قويىمەن؛ يات بىر مەدەنىيەت چەمبىرىكى

ئۇيغۇر قوشۇنلىرى مىڭ سۇلالىسىنىڭ بۈيۈك سانغۇنلىرى لى ۋېنجۇڭ، شۇيدا قاتارلىقلار بىلەن بىللە ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي جۇڭگوغا يۈرۈش قىلىپ، كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسەتكەچكە، 1371 ـ يىلى مىڭ تەيزۇ جۇيۈەنجاڭ قالىغا ۋە ئۇنىڭ قەۋمگە «جيەن» (剪) دېگەن فامىلىنى ئىنئام قىلغان. بۈگۈنكى تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرى قوللىنىپ كېلىۋاتقان «جيەن» فامىلىسى ئەنە شۇنداق بارلىققا كەلگەن. قالى ۋە ئۇنىڭ قەۋمىدىن تازا خاتىرجەم بولالمىغان جۇيۈەنجاڭ قالىنى ئاستانە يەنجىڭدىن يۆتكىۋېتىپ، جىڭ شياڭ (ھازىرقى خۇنەن ئۆلكىسى) تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ باش بۇغى قىلىپ تەيىنلىگەن ۋە خۇگۇاڭ، چاڭدې، چېنجۇ ئەتراپلىرىنى ساقلاشقا قويغان. 1389 ـ يىلى قالى باش يۇنەن، گۈيجۇ تەرەپلەردىكى مىللىي ئىسيانلارنى تىنچىتىش ئۇرۇشىدا ئۆلگەندىن كېيىن، پادىشاھ جۇيۈەنجاڭنىڭ يارلىقىغا بىنائەن ئۇنىڭ جەسىتىنى خۇنەنگە ئەكىلىپ، چاڭدې شەھىرىنىڭ شەرقىي قوۋۇقى سىرتىدىكى خۇاڭلۇگاڭ دېگەن جايغا دەپنە قىلىنغان. خېلىل سانغۇن ۋە قالى باشچىلىقىدىكى غەربىي يۇرت ئۇيغۇرلىرىنىڭ تاۋيۈەندە ماكانلىشىشى شۇنىڭدىن باشلانغان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ خېلىلىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئەمەل ـ ئىمتىيازدىن، ھەربىي تەمىناتتىن مەھرۇم بولۇپ، دېھقانچىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولغان ۋە خۇنەننىڭ چاڭدې، تاۋيۈەن ئەتراپىدا مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ، شۇ جاينىڭ يەرلىك ئاھالىلىرىگە ئايلىنىپ قالغان. جيەن فامىلىلىك بۇ ئۇيغۇرلار ھازىر 26 ـ ئەۋلادقا قەدەم قويۇپ، نوپۇسى 8000 غا يېقىنلاشتى (مەملىكەت بويىچە 1990 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان 4 ـ قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشتە، خۇنەن ئۆلكىسى تەۋەسىدە جەمئىي 7739 ئۇيغۇر بارلىقى ئېنىقلانغان. تاۋيۈەن ناھىيەسى ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار پۈتۈن ئۆلكىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ

ئابىدىسى (خېلىل باشىنىڭ قەبرىسى 1993 - يىلى 6 - ئايدا
چاڭدىي شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن
تاۋيۇەن ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن فېڭشۇ
مەسچىتىنىڭ ئىچىگە كۆچۈرۈلگەن)نىڭ ئوڭ تەرىپىگە «جيەن
جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسى» ئىچىدىكى 1 - ئەجداد خېلىل
باشىنىڭ ئۆمۈر تارىخى يېزىلغان. مەسچىت قورۇسىنىڭ
ئوڭ تەرىپىدىكى باغچە ئىچىگە جۇڭگو خەلقىنىڭ ھۆرمەتكە
سازاۋەر ئۇلۇغ ئالىمى، مەشھۇر تارىخشۇناس، پېداگوك. جيەن
فامىلىلىك تاۋيۇەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى - جيەن
بوزەن ئاقساقالنىڭ مەقبەرىسى تىكلەنگەن بولۇپ. ھەيۋەتلىك
قەبرە تېشىغا جيەن بوزەن ئەپەندىنىڭ - 1945 يىلى 1 - ئايدا
يازغان «مېنىڭ فامىلەم، مېنىڭ يۇرتۇم» دېگەن نەسەبنامە
خاراكتېرلىك ماقالىسىنىڭ قىسقارتىلمىسى ئويۇلغان. ئۇلار
بىر تارىخ، لېكىن ئېلىمىزنىڭ تارىخنامىلىرىدە زىكرى
قىلىنمىغان ئۆزلۈك شەجەرىسىنىڭ يارقىن مېلودىيەسى.
بۇ مېلودىيە تاۋيۇەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھاياتلىق يىپى، ئەجدادلار
بىلەن ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى بىر - بىرىگە مەھكەم باغلىغان
مۇھەببەت رىشتىسى، يۈرەككە ئويۇلغان كىملىك تامغىسى.
ئەنە شۇ مەنىۋى كۈچ ئۆزلىرىگە ناتونۇش ماكان ۋە زامان
ئىچىدە، ئۆزلىرىدىن سان جەھەتتە نەچچە - نەچچە ھەسسە
كۆپ بولغان يەرلىك ئاھالىلەر توپى ئىچىگە سىڭىپ كەتمەي،
ئەكسىچە تارىم توغراقلىرىنىڭ خىسلىتىنى نامايان قىلىشىغا
ئاساس بولغان. دەرۋەقە، تاۋيۇەن ئۇيغۇرلىرىدا جەمەت ۋە ئائىلە
بىرلىكى بويىچە نەسەبنامە قالدۇرۇش ئەنئەنىسى ئالللىقاچان
مىللىي ئۆدۈمغا ئايلىنىپ كەتكەن. ھالا بۈگۈنكى كۈندە
تاۋيۇەن ئۇيغۇرلىرىنى زىيارەت قىلساڭىز، ئۇلارنىڭ سىزگە
كۆرسىتىدىغان ئەڭ قىممەتلىك سوۋغىسى ئۆزلىرىنىڭ يېزىپ
قالدۇرغان ئائىلە شەجەرىسى - ئەجداد نەسەبنامىسىدىن

ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئۆزلۈكىنى ساقلاپ كەلگەن كۈچ زادى نېمىدۇر؟ تەقدىرنىڭ ئىرادىسى، ـ ياق، تارىخنىڭ شاپائىتى، ـ ياق، ياق! بۇ جاۋابلار پەقەت مەۋھۇم ۋە مەھكۇم روھىي تەسەللىيدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭ ھەقلىق جاۋابىنى قوچقۇلۇق خېلىل باش قەۋمىنىڭ روھىيەت قاتلىمىغا چوڭقۇر يىلتىز سورگەن مىللىي كىملىك ئېڭى بىلەن سوغىرىلغان نەسەپنامە قالدۇرۇشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىدىن ئىزدەش كېرەك. ئۇلار تارىخنىڭ مۇدھىش تونلىرىدىمۇ نەسەپنامە پۈتۈشنى زىنھار توختاتمىغان، ئەجداد ـ ئابالىرىنى ئۇنۇتمىغان. خوگۈۋنىڭ 22 ـ يىلى (مىلادى 1389 ـ يىلى) يېزىپ قالدۇرۇلغان «جىيەن جەمەتىنىڭ مەزھەپ ناخشىسى»دىن ئۇلاردىكى نەسەپ مۇھەببىتىنىڭ ئىزلىرىنى كۆرەلەيمىز:

*تاغ تەۋرىمەس تورار مەزمۇت،*
*كائىنات تورىدۇ زەپەر قوچۇپ.*
*گۈللىتەيلى ئەجدادلارنىڭ ئىشىنى،*
*شانۇ- شەرەپ چاقنىسۇن دەۋران سۈرۈپ.*
*يېتىلسۇن، گۈللىسۇن ئەخلاق- پەزىلەت،*
*ئىناقلىق، دىيانەت بولسۇن داۋامەت.*
*كەلگۈسى ئىستىقبالىمىز كەڭ ئېچىلىپ،*
*ياڭرىسۇن شۆھرىتىمىز ئەبەدىلئەبەد.*
*ئەل- يۇرتقا ھەممە چاغ بولغىن سادىق،*
*يەر- جاھان تىنچىسۇن، بولسۇن ئەمىن.*
*دوست- يارەنلەر ئىناق ئۆتكەي،*
*ئۆزۈلمىگەي يولۇڭ تۇتۇپ شاگىرتلىرىڭ.*

«بۈيۈك مىڭ سۇلالىسىنىڭ جەنۇبىنى ساقلاپ، ئەلنى ئەمىن تاپقۇزغۇچى سانغۇنى خېلىل باش» نامىدىكى قەبرە

شەھەر تۈركىيە تارىخىدا «پادىشاھلار ۋە شاھزادىلەر شەھىرى» دەپ سۈپەتلىنىدىكەن.

تاغ جىلغىسىدىكى بىلىق شەكىللىك بۇ شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر دەريا ئېقىنى بولۇپ، دەريانىڭ ئوڭ تەرىپى ئېگىز تاغ بىلەن قورشالغان. تاغنىڭ بۈيۈك چوققىسىغا جايلاشقان «ئاماسىيا قەلئەسى» بۇ شەھەرنىڭ «كۆزى» دېيىلىدىكەن. بۇ قەلئە بۈيۈك سالجۇقىيلار خانلىقى (1031 ـ 1157 ـ يىللار) دەۋرىدە رىم ۋىزانتىيە ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش مەقسىتىدە تۈرك سالجۇق خانلىرى تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان ئىكەن. دەريانىڭ سول تەرەپ لىۋىگە ئېگىزلىكى 2.5 مېتىر، كەڭلىكى 5.4 مېتىر كېلىدىغان بىر مەرمەر ھەيكەل ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا «FERHAT ILE SIRIN» (پەرھات ـ شېرىن) دېگەن ئالتۇن ھەللىك خەت ئويۇلغان. بۇ ھەيكەلدە جوتۇ تۇتقان باتۇر يىگىت ـ پەرھاتنىڭ بىستون تېغىنى يېرىپ ئۆستەڭ قېزىۋاتقان قىياپىتى بىلەن چىن مەلىكىسى شېرىنىنىڭ بىر ھېجىر سۇنى ئاشىقى پەرھاتقا ئىككى قوللاپ سۇنۇۋاتقان قىياپىتى سۈرەتلەنگەن. ھەيكەلنىڭ ئاستىدىكى خاتىرە تاشقا ئويۇلغان قۇرلاردا، چىن مەلىكىسى (تېكىستتە ئەرمەن مەلىكىسى دېيىلگەن) شېرىنغا ئاشىق بولغان پەرھات پادىشاھنىڭ شەرتىگە ئاساسەن قارا دېڭىز بويىدىكى قورام تاشلىق تاغنى يېرىپ ئۆستەڭ قېزىپ يۇرتقا سۇ باشلاش ئىرادىسى بىلەن بۇ جەڭگە ئاتلانغانلىقى ھەمدە ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ئازابىغا بەرداشلىق بېرىپ، مىڭبىر جاپادا بىستون تېغىنى يېرىپ، شەرتنى ئادا قىلغانلىقى، ئاماسىيانىڭ قان تومۇرى بولغان مۇشۇ دەريا پەرھات قازغان ئۆستەڭنىڭ نەق ئۆزى ئىكەنلىكى

---

III مۇرات (1587 ـ يىللار). سۇلتان I ئەھمەد (1617 ـ يىللار). سۇلتان II مۇستاپا (1699 ـ يىللار) سۇلتان III ئەھمەد (1709 ـ يىللار) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئىبارەت. نەسەپنامىنىڭ سېھرىي كۈچىدىن ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىملىكىنى يوقاتماي، زامانىمىزغا ئۇلاشقان يەنە بىر ئۇيغۇر توپىنىڭ رېئال ھېكايىسىنى قوشۇمچە قىلغۇم كەلدى:

2007 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى «ئاتا تۈرك كۇلتۇر، تىل ۋە تارىخ يۈكسەك قۇرۇمى» (تۈركىيە جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى) رىياسەتچىلىكىدە ئېچىلغان «6 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا ئاتا تۈرك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»غا قاتنىشىش جەريانىدا تۈركىيەلىك تارىخشۇناس كەمال گودە (KEMAL GODE)نىڭ «ئەرەتنالىلار» (ERATNALILAR) ناملىق بىر تارىخ كىتابىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولۇپ قالدىم. بۇ كىتابتا بىزدىن 20 نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئاناتولىيە ئېگىزلىكىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى ئاماسىيا ۋىلايىتىگە ماكانلاشقان «ئۇيغۇر بەلەدىيەسى» (ئۇيغۇر رايونى)دىكى ئۇيغۇر قەۋمىنىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى تونۇشتۇرۇلغان ئىكەن. مۇشۇ يىپ ئۇچىغا ئاساسەن تۈركىيە «تارىخ قۇرۇمى»نىڭ ياردىمى بىلەن بۇ رايوندىكى قېرىنداشلىرىمىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى ئىگىلەپ بېقىش ئىستىكىدە ئەنقەرەدىن 700 نەچچە كىلومېتىر ئۇزاقلىقتىكى قارا دېڭىز ئېتىكىگە جايلاشقان تاغلىق شەھەر ئاماسىياغا يۈرۈپ كەتتىم.

ئاماسىيا قارا دېڭىزدىن باشلانغان تاۋۇر تاغلىرىنىڭ يايلىغا جايلاشقان ئۆزى كىچىك، ئەمما ئىستراتېگىيەلىك ئورنى ناھايىتى مۇھىم بولغان تارىخىي شەھەر ئىكەن. جاھاننى زىلزىلىگە سالغان «ئوسمانىيلار ئىمپېرىيەسى»نىڭ توققۇز نەپەر شاھ ـ سۇلتانلىرى[1] مۇشۇ شەھەردىن چىققاچقا، بۇ

[1] ئاماسىيادىن چىققان شاھ ۋە شاھزادىلەر: بايازىد II (XV ئەسىرنىڭ باشلىرى)، مەھمەت پاشا (1458 ـ يىللار)، سۇلتان سەلىم I ياۋۇز (1519 ـ يىللار)، سۇلتان I سۇلايمان قانۇنى (1560 ـ يىللار)، سۇلتان II سەلىم (1573 ـ يىللار)، سۇلتان

تۈركىيە خەلقىنىڭ مىللىي قەھرىمانى گېنېرال مۇستاپا كامال پاشا سامسونغا كېلىپ، مىللىي مۇستەقىللىق ئىنقىلابى قوزغاپ، جاھانگىرلارنىڭ تۈركىيەنى مۇنقەرز قىلىش خەۋپىدىن ساقلاپ قالغان. ئاناتولىيە ئېگىزلىكىنىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى تارىخىغا شاھىد بولغان بۇ گۈزەل يۇرت بىلەن ئاماسىيا ۋىلايىتىدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ زىچ تارىخى ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى بارلىقى مەلۇم. مۇئەللىپ تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلغان «ئۇيغۇر بەلەدىيە»سىنىڭ باشلىقى ھەسەن ئەرنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ئاساسلانغاندا، ھازىر بۇ رايوندا 5200 نەپەر كىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى «ئۇيغۇر كىملىكى» بىلەن ياشايدىكەن. ئۇلارنىڭ قولىدا ئەجدادلىرىدىن تەۋەررۇك قالغان بىر پارچە جەمەت نەسەپنامىسى بولۇپ، بۇ شەجەرىنى مۇشۇ يۇرتنىڭ ئاقساقىلى ۋەلىيۇللا ئىمام ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كېلىۋېتىپتۇ. كەڭلىكى 60 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر ئۆپچۆرىسىدىكى «خوتەن قەغىزى»گە ئوخشايدىغان چىدامىلىق سامان قەغەزگە پۈتۈلگەن «ئۇيغۇر بەلەدىيەسى»نىڭ نەسەپنامىسىدىكى تارىخىي ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ رايوندا ھازىرغىچە «ئۇيغۇر ئېتنونىمى بىلەن ياشاپ كېلىۋاتقان بۇ قەۋمنىڭ ئەجدادلىرى تېمۇچىن (چىڭگىزخان) باشچىلىقىدىكى موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىكى ھاكىمىيەت تەشكىللى بىلغان ئېلخانىيلارنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە ئاناتولىيەدە قۇرۇلغان «ئەرەتنا ئۇيغۇر بەگلىكى» بىلەن بىۋاستە تۇتىشىدىكەن. ئەرەتنانىڭ كىملىكى ۋە ئۇنىڭ ئاناتولىيەگە بەگ بولۇش تارىخىنى بىلىشتە گەپنى چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىش تارىخىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىمالىي قۇملۇقتا يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن تېمۇچىن مىلادىيە 1206 ـ يىلى ھەرقايسى موڭغۇل ـ تاتار قەبىلىلىرىنى يىغىپ ئونون دەرياسى بويىدا چوڭ

رىۋايەت قىلىنغان، شوڭلاشقا ئاماسىيالىقلار بۇ ئۆستەڭنى «پەرھات ئۆستىڭى» دەپ ئاتىغان ئىكەن. شۇنداق قىلىپ، دۇنياغا كەڭ تارقالغان گۈزەل «پەرھات ـ شېرىن رىۋايىتى» بۇ تاغلىق شەھەردە رېئال تارىخقا ئايلىنىپتۇ. ئېھتىمال بۇ گۈزەل رىۋايەتنىڭ مۇ تېغىنى XIII ئەسىرلەردە تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىن ھالقىپ يىراق ئاناتولىيە ① گە كېلىپ يەرلىكلەشكەن ئۇيغۇر قەۋملىرى ئېلىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

مەن زىيارەت قىلماقچى بولغان «ئۇيغۇر بەلەدىيەسى» ئاماسىيا شەھىرىدىن 42 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، مۇشۇ ۋىلايەتكە قاراشلىق 29 بەلەدىيەنىڭ بىرى ئىكەن. «ئۇيغۇر بەلەدىيەسى» جۇغراپىيەلىك تۇرۇلۇش جەھەتتىن ئىككى تەرىپى ئېگىز قىيالىق خىلۋەت بىر جىلغا بولۇپ، شىمالدىن جەنۇبقا بولغان كەڭلىكى 5 ـــ 6 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە بولغان ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتىر ئەتراپىدىكى بۈك ـ باراقسانلىق بىر جىلغا ئىكەن. بۇ جىلغىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن ئاماسىيا ـ توكات ئاسفالت يولى بۇ رايوننى ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدىكەن. بۇ يول قارا دېڭىز ساھىلىغا جايلاشقان مەشھۇر تارىخي شەھەر سامسونغا تۇتىشىدىكەن. سامسوننىڭ قەدىمكى نامى «ئامىسسوس» (Amissos) دېيىلىدىكەن. بۇ شەھەر XIII ئەسىردىن بۇرۇن ۋىزانتىيەلىكلەرنىڭ باشقۇرۇشىدىكى سودا ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ، XIII ئەسىرنىڭ باشلىرى سالجۇن تۈركلىرى بۇ شەھەرنى ئىگىلىگەندىن كېيىن تۈركىيەنىڭ سودا، مەدەنىيەت مەركىزى پورتىغا ئايلانغان ھەمدە ئاماسىيا، توكات، سىۋاس قاتارلىق قارا دېڭىز ساھىلىدىكى شەھەر ـ رايونلارنىڭ مەركىزى بولغان. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرىدە بۇ شەھەر فرانسىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق سەككىز جاھانگىر دۆلەتنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى تەرىپىدىن بومباردىمان قىلىنىپ، ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان. 1919 ـ يىلى 19 ـ مايدا

قىلغان غەربىي ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش چوڭ قوشۇنىنىڭ غەربىي سەردارلىرىدىن بىرى بولىدۇ. ھىلاكو باشچىلىقىدىكى غەربىي ئاسىياغا يۈرۈش قىلىش چوڭ قوشۇنى 1253 - يىلى 10 - ئايدا ئوردوكەنت (كاشغەر)دىن يولغا چىقىپ، پىرسىيە (ئىران)نى بويسۇندۇرىدۇ.

1258 - يىلى ئۇلار باغداتنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، غەربىي ئاسىيا ۋە كىچىك ئاسىيانىڭ بىپايان زېمىنىدا 1285 - يىلدىن 1388 - يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ئېلخانىيلار ھاكىمىيىتىنى تىكلەيدۇ. بۇ دەۋرلەردە «ئەرەتنا» فامىلىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، ئېلخانىيلار تەۋەلىكىدىكى خوراسان قاتارلىق خېلى كۆپ رايونلارغا ئەرەتنا ئۇيغۇرلىرى بەگ بولغان. ئېلخانىيلار ئاناتولىيەنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئەھمەد بارچۇقنىڭ 2 - ئوغلى جاپپار ئەرەتنا قەيسەرنىڭ ھاكىم بەگلىكىگە تەيىنلەنگەن. ئەينى ۋاقىتتا ئەرەتناغا ئەگىشىپ كەلگەن كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار قەيسەرى شەھىرىگە ماكانلاشقان.

سالجۇقىيلارنىڭ ئاناتولىيەدىكى ھۆكۈمرانلىقى ئومۇميۈزلۈك ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئېلخانىيلاردىن ئەمىر چوبان ئوغلى ئەمىر تۆمۈر تاش ئاناتولىيە رايونىنىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن. ئۇ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن يەرلىك بەگلەر قارشىلىق قىلىپ ئاناتولىيەدە بىر مەيدان ئىچكى ئۇرۇش باشلىنىپ كەتكەن. ئەمىر تۆمۈر تاشنىڭ دادىسى ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلگەن، دادىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان تۆمۈر تاش 1327 - يىلى ئاناتولىيەدىكى ھاكىمىيەت ئورنىنى ئۆزىنىڭ قېيىن ئىنىسىنى ئەمىر ئەرەتناغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى مىسىر مەملۇك خانى مەلىك ناسىرنىڭ يېنىغا كەلگەن. مەلىك ناسىر تۆمۈر تاشتىن گۇمانلىنىپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ ئېلخانىيلارنىڭ شاھەنشاھى ئەبۇسەئىدگە ئەۋەتىپ

قۇرۇلتاي چاقىرىپ، «چىڭگىزخان» دېگەن بۈيۈك نامنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن موڭغۇل قەۋملىرى چىڭگىزخان بايرىقى ئاستىدا بىرلىككە كېلىدۇ. بۇ مەزگىللەردە پۈتۈن غەربىي رايوننى بويسۇندۇرغان غەربىي لياۋ سۇلالىسى (قىتان خانلىقى)[1] سىياسىي جەھەتتە كۈنسايىن چىرىكلىشىشكە يۈزلەنگەن بولۇپ، موڭغۇللارنىڭ قەد كۆتۈرۈشى ۋە ئۇلارنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى نەتىجىسىدە، غەربىي لياۋ سۇلالىسى گۇمران بولۇشقا باشلايدۇ. لېكىن غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى خانى كۈچلۈك خان مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، چىڭگىزخان بىلەن ئاخىرىغىچە قارشىلىشىدۇ. چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ كونا رەقىبى قىتان خانلىقىنى تەلتۆكۈس يوقىتىش نىيىتىدە كۈچلۈك خاننى قوغلاپ غەربكە جازا يۈرۈشى قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۈچلۈك خان قەشقەر ئارقىلىق بەدەخشانغا قېچىپ كېتىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا قەشقەرنىڭ بېگى ئىسمايىلخاننىڭ ھەربىي سەردارى ئەھمەد بارچۇق ئىسىملىك كىشى قوشۇننى باشلاپ بەدەخشانغا بېسىپ كىرىپ كۈچلۈكخاننى تىرىك تۇتۇۋالىدۇ ۋە ئۇنى چىڭگىزخانغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ خىزمىتى ئۈچۈن چىڭگىزخان ئەھمەد بارچۇققا نۇرغۇن ئىنئام بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭ جەمەتىگە «ئەرەتنا» فامىلىسىنى ھەدىيە قىلىدۇ، شۇنداقلا ئەھمەد بارچۇقنى غەربكە يۈرۈش قىلغان چىڭگىزخان قوشۇنىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلەيدۇ. «راتنا» ياكى «ئەرەتنا» فامىلىسى بىلەن ئاتالغان ئۇنىڭ ئوغلى تۆلۈخاننىڭ[2] ئۈچىنچى ئوغلى ھىلاكو باشچىلىق

[1] مىلادىيە 1128 ــ 1129- يىللىرى غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ شاھزادىسى يوللۇغ تاشىن غەربىي رايونغا يۈرۈش قىلىپ، ناھايىتى تېزلىكتە شىنجاڭ ۋە پۈتۈن ماۋارە ئۇننەھىر رايوننى بويسۇندۇرغان. 1141- يىلى ئۆزىنى «گورخان» دەپ ئاتىغان يوللۇغ تاشىن سالجوقىلارنىڭ سۇلتانى سۇلتان سانجارنى مەغلۇپ قىلىپ، XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بۇ رايونلاردا ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن.

[2] تۆلۈخان ـ چىڭگىزخاننىڭ 4- ئوغلى.

ئىملاسى بىلەن خاتىرىلىگەن بولۇپ، مەنىسى «قىممەتلىك ئۈنچە كەبى بەدەن ساھىبى» ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. «ئەرەتنا» نامى «ئۈنچە - مەرۋايىت» مەنىسىدىكى «راتنا»نىڭ ئۆزلۈك (ئىسىم) شەكلى بولۇپ، موڭغۇل تىلىدا «ئەردەنى» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

دېمەك، مەن زىيارەت قىلغان تۈركىيەنىڭ ئاماسىيا ۋىلايىتىدىكى «ئۇيغۇر بەلەدىيەسى»دە ياشاپ كېلىۋاتقانلار بۇندىن ئازغىنە كەم 800 يىل ئىلگىرى قۇرۇلغان «ئەرەتنا بەگلىكى» دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، ئۇلار ساقلاپ كېلىۋاتقان جەمەت نەسەبنامىسىدە ئۇلارنىڭ ئەجداد - ئەۋلاد مۇناسىۋەت چەمبىرى ئېنىق خاتىرىلەنگەن. بۇ نەسەبنامىنى كۆز قارىچۇقىدەك ساقلاپ كېلىۋاتقان «بەلەدىيە» ئىمامى ۋەلىيۇللاھ ئاقساقال ئەجدادى ھەققىدە قوشۇمچە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاتا - بوۋىلىرىمىز دائىم ‹بۇ تۇپراق بىزنىڭ ئىككىنچى ماكانىمىز، ئەسلى ۋەتىنىمىز چىنىنىڭ غەربىدىكى ھەيۋەتلىك تەڭرىتاغ ئېتەكلىرى. بىزگە بۇ ئانا ماكانىنى قايتا كۆرۈش نېسىپ بولمىدى. ئۆمۈرلۈك ئارزۇ - ئۈمىدلىرىمىز ئەۋلادلارغا ئامانەت قالدى...› دەپ ۋەسىيەت قالدۇراتتى. بەرھەق، تارىخ تولىمۇ رەھىمسىز ئىكەن. بىز گەرچە ئۆزىمىزنىڭ تەڭرىتاغ ئۇيغۇرلىرى نەسلىدىن ئىكەنلىكىمىزنى زادى ئۇنۇتمىغان بولساقمۇ، لېكىن بۇ ئانا - ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھازىر قەيەردە ۋە قانداق ياشايدىغانلىقىنى، تارىخنىڭ قانداق سوغۇق شامالLىرى بىزنى ئاسىيانىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگە ئۇچۇرۇپ كەلگەنلىكىنى ئېنىق بىلمەيمىز. پەقەت ئەرەتنا بوۋىمىزدىن قالغان شەجەرىمىزگە بولغان ئېتىقاد ۋە سۆيگۈ - مۇھەببەت بىزنى تەبىئىي ھالدا ئۇيغۇر ئېتنونىمىغا باغلاپ تۇرىدۇ».

دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ 800 يىللىق ھايات مۇساپىسى «ئۇيغۇر

بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەمىر تۆمۈر تاشنىڭ ئاناتولىيەدىكى ئون يىللىق ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلىشىپ، ئۇيغۇر ئەرەتنانىڭ يېڭى ھاكىمىيەت دەۋرى باشلانغان.

ئاناتولىيە سالجۇقلىرى زېمىنىدا ئىلخانىيلارنىڭ سىياسىي ۋارىسى سۈپىتىدە ئەمىر ئەرەتنا تەرىپىدىن قۇرۇلغان بۇ بەگلىك ئۆزىنىڭ قۇرغۇچىسىنىڭ نامى بىلەن «ئەرەتنا بەگلىكى» دەپ ئاتالغان. بۇ بەگلىك يۇقىرى ئاناتولىيەدە 1281 ـ يىلىدىن 1327 ـ يىلىغىچە 54 يىل ھۆكۈم سۈرگەن. ئۇيغۇر بېگى ئەرەتنا دەۋرىدە ئاناتولىيەدىكى ئىچكى نىزالارغا خاتىمە بېرىلىپ، بىر مەھەل تىنچ ۋەزىيەت شەكىللەنگەن، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردە كۆپلىگەن ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلىپ، يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان ئوسمانىيلارنىڭ پۈتۈن كىچىك ئاسىيانى بىرلىككە كەلتۈرۈشىگە پايدىلىق شارائىت يارىتىلغان. ئەرەتنا ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ جەمەتىدىن سېيىت بورھانىدىن ئەھمەد «ئەرەتنا بەگلىكى»نىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېگى بولغان. «ئۇيغۇر بەلەدىيەسى»دە ياشاۋاتقان بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار ئەنە شۇ سېيىت ئەھمەدنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەن. سېيىت ئەخمەت چىڭگىزخاننىڭ غەربىي ئاسىياغا يۈرۈش قىلغان چوڭ قوشۇنىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئەھمەد بارچۇقنىڭ ئەۋرىسى بولۇپ، ئىلخانىيلار دەۋرىدىن باشلاپ ئاناتولىيەدە يەرلىكلەشكەن بۇ جەمەتتىكىلەر «ئەرەتنا ئۇيغۇرلىرى» دېگەن ئورتاق نام بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن.

يۇقىرىدا ئىسمى زىكرى قىلىنغان «ئەرەتنا» دېگەن ئىسىمنىڭ يىلتىزى ئەسلىدە سانسكرىت تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن «راتنا» بولۇپ، مەنىسى «ئۈنچە ـ مەرۋايىت»، «جاۋاھىرات»، «دۇررى مارجان» دېمەكتۇر. بۈيۈك ئۇيغۇر تىلشۇناسى مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ئىسىمنى «ئەرتنى» (Ertini)

تۇركۇمدىكى كۆچمەنلەرنىڭ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە «ئۇيغۇر كىملىكى» يوقىلىپ، ئۆزبېك ياكى باشقا يەرلىك مىللەتلەر ئارىسىغا سىڭىپ كەتكەنلىكىدەك تارىخىي قىسمەتلەر چارروسىيەنىڭ ھەمدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت ئارخىپلىرىدىكى سانلىق مەلۇماتلار ئاساسىدا تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

مەلۇمكى، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئانا ۋەتىنى جۇڭگو بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى جۇڭگونىڭ غەربىي ئۆلكىسى بولغان شىنجاڭدا ياشاپ كەلگەن. بىراق، ئۇزاق تارىخىي جەريانلار ئىچىدە شىنجاڭدا يۈز بەرگەن سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى فورماتسىيەلىك ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە، ئۇيغۇرلار كۆپ قېتىم قوشنا ئەللەرگە، ھەتتا قىتئە ئاتلاپ يىراق دۆلەتلەرگە كۆچۈپ، مۇھاجىرلىق قىسمەتلىرىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن.

چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇر گېنالوگىيەسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئېتنىك مەنبە جەھەتتىكى يېقىنلىق ۋە جۇغراپىيەلىك جايلىشىش جەھەتتىكى قولايلىق شارائىت تۈپەيلىدىن ھازىرقى قازاقىستان، ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستاندىن ئىبارەت ئۈچ جۇمھۇرىيەتكە كۆپرەك تارقالغان. بۇنداق كۆچۈشنىڭ تارىخىي مەنزىلى ناھايىتى يىراق، تارىخىي دەۋرلەردىن باشلانغان: مىلادى XIII ئەسىرنىڭ باشلىرى قاراخانىيلار سۇلالىسى مۇنقەرز بولۇپ، تەخمىنەن ئون يىلدىن كېيىن ئېلىمىزنىڭ چاغچۇن شەھىرىدىن چىققان ئەۋلىيا چۇچوجى غەربكە سەپەر قىلغاندا، ئىلى دەريا ۋادىسى، يەتتىسۇ ۋادىسى ۋە ماۋەرائۇننەھىر (پەرغانە ۋادىلىرى)دە زور تۈركۈمدىكى ئۇيغۇرلارنى كۆرگەن، سەپەر جەريانىدا ئۇنى كۆپلىگەن ئۇيغۇر سەردارلىرى قوبۇل قىلغان. شۇڭا بۇ رايونلارغا قىتانلار (غەربىي لياۋ سۇلالىسى) ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا «ئۇيغۇر ئېلى» دەپ

يىپى» بىلەن مەھكەم باغلانغان. قىزىق يېرى شۇكى، چىڭگىزخاننىڭ شەرققە يۈرۈش قىلغان قىسىملىرىنىڭ سەردارى قۇچلۇق خېلىل باش سانغۇن باشچىلىقىدىكى «تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرى» بىلەن چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلغان قىسىملىرىنىڭ سەردارى ئەھمەد بارچۇق باشچىلىقىدىكى «ئەرەتنا» فامىلىلىك «ئۇيغۇر بەلەدىيە»سىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىشى زامان (ۋاقىت) ۋە ئىجتىمائىي شارائىت، مەنبە ۋە سان جەھەتلەردىن ئورتاقلىقتا (بىردەكلىكتە) ئىگە. قىسمەتلەرگە تولغان تارىخنىڭ بۇ ئۇزاق ئەسىرلىك مۇساپىسى ئىچىدە، ئۇلار گەرچە ئانا تىلىنى يوقىتىپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن «مىللىي كىملىك»تىن ئىبارەت ماھىيەتلىك دىل تۇمارىنى يوقاتمىدى. ئۇنىڭغا سەۋەب بولغان بىرلەمچى ئامىل — ئۇلاردىكى ئەجدادتىن - ئەۋلادقا داۋاملاشقان نەسەپنامە قالدۇرۇش ئەنئەنىسى. نەسەپنامە بىر قەۋم، جەمەت، ئائىلە ياكى شەخسكە نىسبەتەن ئۆزلۈكنى يوقاتماسلىقنىڭ بەلگىسى ۋە تامغىسى. بۇنى ئىسپاتلايدىغان يۇقىرىقى ئىككى تىپىك ئۆلگىدىن تاشقىرى، نەسەپنامىگە ئەھمىيەت بەرمەسلىكتىن كېلىپ چىققان مۇنداق بىر مىللىي پاجىئەنىمۇ ئەسكە ئالغۇم كېلىۋاتىدۇ:

يېقىندا موسكۋادىكى دۆلەتلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ تارىخ ئاسپىرانتورىيەسىدە ئوقۇپ، تارىخ پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەندىن كېيىن ئامېرىكىغا بېرىپ خىزمەت قىلىۋاتقان نەبىجان تۇرسۇننىڭ «پەرغانە ۋادىسىدا يوقىلىپ كەتكەن خەلق — ئۇيغۇرلار» ناملىق 50 مىڭ خەت ئەتراپىدىكى ماقالىسىنى ئوقۇپ قالدىم. ماقالىدە ئىچكى - تاشقى تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تارىم ۋادىسىدىكى قەشقەرىيە ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئانا ماكانى — شىنجاڭدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پەرغانە ۋادىسىغا كۆچۈپ ماكانلاشقانلىقى ۋە بۇ زور

ھۆكۈمرانلىرىنىڭ چېكىدىن ئاشقان زورلۇق - زۇمبۇلۇقلىرى، ئاقسۆڭەك خوجىلارنىڭ توختاۋسىز پاراكەندىچىلىكى، چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ قۇتراتقۇلۇقى ۋە بۆلگۈنچىلىكى قاتارلىق ئىچكى - تاشقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ پەرغانە ۋە يەتتىسۇ رايونلىرىغا كۆچۈش دولقۇنى كۆپ قېتىم تەكرارلاندى.

چاررۇسىيە 1876 - يىلى «قوقەنت خانلىقى»نى ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىپ، پۈتۈن پەرغانە ۋادىسىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، 1881 - يىلى پەرغانە ۋادىسى تەركىبىدە ئەنجان، نامەنگان، قوقەنت، چوست، ئىسفارىن، مەرغىلان ۋە ئوشتىن ئىبارەت يەتتە ناھىيە تەسىس قىلغان ئىدى. 1897 - يىلى چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى تۇنجى قېتىم نوپۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، پۈتۈن تۈركىستان ئۆلكىسىدە (ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ بىرلەشمە گەۋدىسى) 968 مىڭ 655 نەپەر سارت، 726 مىڭ ئۆزبېك، 34 مىڭ 908 نەپەر قەشقەرلىك ۋە باشقا خەلقلەر ياشايدىغانلىقىنى، پەرغانە ئوبلاستىدىكى سارتلارنىڭ سانى 788 مىڭ 989 نەپەر، ئۆزبېكلەرنىڭ سانى بولسا 153 مىڭ 780 نەپەر ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان. ئەينى ۋاقىتتا رۇسىيە دائىرىلىرى ۋە قىرغىز، قازاق قاتارلىق يەرلىك خەلقلەرنىڭ نەزىرىدە شەھەر - بازار ۋە ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى ئاللىقاچان يەرلىكلىشىپ بولغان ئۇيغۇرلار بىردەك «سارت» («سارت» — پارىسچە سۆز بولۇپ، «سودىگەر» دېگەنلىك بولىدۇ) دەپ ئاتالغان. ھۆكۈمەت تۈزگەن ئىستاتىستىكىلىق جەدۋەلنىڭ تەلىپى بويىچە، 1877 - يىلىدىن بۇرۇن قەشقەرىيەدىن پەرغانە ۋادىسىغا كۆچۈپ كېلىپ ماكانلىشىپ بولغان قەشقەرىيە ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنى «سارت» كاتېگورىيەسىگە تىزىملاتقان. 1878 - يىلىدىن كېيىن قەشقەرىيەدىن كۆچۈپ چىقىپ مۇھاجىر

ئاتالغان. (ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تەزىسلىرى»، خۇنەن مائارىپ نەشرىياتى، ـ 1986 يىل، خەنزۇچە، 408 ـ بەتكە قاراڭ). قىتانلار پەرغانە ۋادىلىرىنى ئىگىلىگەن مەزگىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ رايوندا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگىنىگە 300 يىلغا يېقىن ۋاقىت بولۇپ قالغان (لىيۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، 1 ـ قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل، 412 ـ بەتكە قاراڭ). تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيەسى (1370 ــ 1507) دەۋرىدە تۆمۈرلەڭنىڭ چوڭ ئوغلى ئۆمەر شەيخ هاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، 1370 ـ يىللىرى بىر قىسىم قەشقەرىيە ئاهالىسىنى ئەنجانغا كۆچۈرۈپ كەلگەن (غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇرلار شەرقتە ۋە غەربتە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىل، 352 ـ بەتكە قاراڭ).

يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى ئىسمائىل خان (1670 ــ 1678 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرىدە دىنىي مەزهەپ كۈرىشى بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ كەتكەن، ئىسمائىل خاننى هامىي قىلغان قارا تاغلىقلار كۈچىيىپ، ئاق تاغلىقلارنىڭ باشلىقى ئاپاق خوجىنى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىن قوغلاپ چىقاردى. چەت ئەللەرگە قېچىپ بېرىپ پاناھلىق تىلىگەن ئاپاق خوجا جۇڭغارلارنىڭ يۆلىشى بىلەن 1678 ـ يىلى جۇڭغار قوشۇنلىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا باشلاپ كىلىپ، يەكەن خانلىقىنى ئاغدۇرۇۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن قەشقەرىيەدە ئاپاق خوجا هۆكۈمرانلىقى تىكلىنىپ، 1759 ـ يىلغىچە داۋاملاشتى. ئۇ هۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردىكى قابىھەتلىك زۇلۇم ۋە جاھالەتلىك سىياسىي ۋەزىيەت نۇرغۇنلىغان قەشقەرىيە ئاهالىسىنى يۇرت ـ ماكانىنى تاشلاپ، ئۆزلىرى بىلەن چېگراداش بولغان پەرغانە رايونىغا كۆچۈشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىنتايىن مۇقىمسىز ۋەزىيەتتە، جەنۇبىي شىنجاڭدا كۈنسېرى كۈچەيگەن چىڭ سۇلالىسى

60 ـ يىللىردىن كېيىن پەرغانىگە يەنە يېڭىدىن كۆچۈپ كەلگەن قەشقەرىيەلىكلەرنىڭ سانىنى قوشساق، بۇ رايوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى بىر مىليوندىن ئېشىپ كېتىدۇ. مانا بۇ XIX ئەسىردىكى تارىخىي رېئاللىق ئىدى. ۋاھالەنكى، XX ئەسىردىن باشلاپ ئېلىپ بېرىلغان ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ نوپۇس تەكشۈرۈش مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا، پۈتۈن تۈركىستان ئۆلكىسىدىكى، جۈملىدىن پەرغانە رايونىدىكى ئۇيغۇر كىملىكى كۆرۈنەرلىك ئازىيىپ ماڭغان، ھەتتا يوقىلىش تەقدىرىگە دۇچ كەلگەن. مەسىلەن، 1910 ـ يىلىدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشتە چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى پەرغانە ئوبلاستىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىنى ئىككى مىليون 34 مىڭ 62 ئادەم دەپ ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ئەمما مىللىي كىملىك بىرلىكى بويىچە ئايرىمىغان. چاررۇسىيە ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1926 ـ يىلىدىكى تۇنجى قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشىدە بىر پۈتۈن ئۇيغۇر كىملىكىنى «تارانچى» (ئاساسەن يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرى)، «قەشقەرلىك» (پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار) ۋە «ئۇيغۇر» (ئاساسەن تاشكەنت قاتارلىق مەركىزىي شەھەرلەرگە يېڭى كۆچۈپ كېلىپ، تېخى مىللىي كىملىكىنى يوقاتمىغان) دەپ ئۈچ خىل مىللەت كاتېگورىيەسى بويىچە تىزىملاشنى يولغا قويغان. 1937 ـ يىلىدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشتە بولسا «تارانچى» ۋە «قەشقەرلىك» دېگەن بۇ سۈنئىي مىللەت ناملىرى پۈتۈنلەي يوقىلىپ، پەقەت «ئۇيغۇرلار» ئېتنونىمىلا پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئورتاق ۋە بىرلىككە كەلگەن نامى سۈپىتىدە تىزىملاش بېكىتىلگەن. شۇ پىرىنسىپ بويىچە 1937 ـ يىلىدىكى نوپۇس تىزىملاشتا ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىدە 61 مىڭ 180 ئۇيغۇر بارلىقى مەلۇم بولغان («ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ 1937 ـ يىلىدىكى نوپۇسى» www.demoscope.ru/weekiy). ئەمەلىيەتتە ئاشۇ

سۈپىتىدە ياشاۋاتقان، تىل شېۋىلىرىنى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ھەمدە ئانا ۋەتىنى بىلەن بولغان بىۋاسىتە باغلىنىشلىرىنى تېخى ئۇنتۇپ كەتمىگەن ئۇيغۇرلار «قەشقەرلىك» كاتېگورىيەسىگە كىرگۈزۈلگەن. شۇڭا، «سارت»، «قەشقەرلىك» دېگەن بۇ سۇنئىي ئاللىگورىيەلىكناملار بىردەك ئۇيغۇر ئېتنونىمىنى كۆرسىتەتتى. XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا قەشقەرگە كەلگەن چارروسىيەنىڭ ئېكسپېدىتسىيە خادىمى چوقان ۋەلىخانوفنىڭ ئېنىقلىشىچە، 1825 ـ يىلى جاھانگىر خوجا توپىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قەشقەرىيەدىن پەرغانە ۋادىسىغا كۆچكەن ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرىنىڭ سانى 324 مىڭ ئەتراپىغا يەتكەنلىكىنى، 1847 ـ يىلىدىكى قەشقەر قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنە 20 مىڭ قەشقەرىيەلىك مۇھاجىرلار توقەنتكە كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى بايان قىلغان («چوقان ۋەلىخانوف تاللانما ئەسەرلىرى»، 1986 ـ يىل، ئالمۇتا، ـ 190 بەت). سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېتنوگرافىيە ۋە سوتسىئولوگىيە ساھەسىدىكى ئالىملىردىن س. س. گوبايىۋا، ئى. ۋ. زاخوروۋا، ئا. قايداروۋ، ئابدۇللا روزباقىيېۋ، خوجەخمەت سەيدنۇاقاسوۋ، بورھان قاسىموۋ قاتارلىقلارمۇ XIX ئەسىردە قەشقەرىيەدىن پەرغانە ۋادىسىغا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى توغرىسىدا خىلمۇخىل سانلىق مەلۇماتلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇلار چوقان ۋەلىخانوفنىڭ سانلىق مەلۇماتىدىن ئانچە چوڭ پەرق قىلمايدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەككى، ئىلى دەريا ۋادىلىرىدىن يەتتىسۇ رايونىغا كۆچۈپ «تارانچى» نامى بىلەن ئاتالغان ئۇيغۇرلار يۇقىرىقى سانلىق مەلۇمات ئىچىدە يوق. 1897 ـ يىلىدىكى چارروسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ نوپۇس تەكشۈرۈشىدە مەلۇم بولغان پەرغانە ۋادىسىدىكى «سارت» ۋە «قەشقەرلىك» (ئۇيغۇر) لارنىڭ سانىغا چوقان ۋەلىخانوف مەلۇماتىدىكى XIX ئەسىرنىڭ

قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 50 مىڭ (2012 - يىل)، تۈركمەنىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 2000 (2010 - يىل) نەپەر، دەپ ئېلان قىلىنغان (ھەممىنى قوشقاندا 308 مىڭ 58 نەپەر). بۇ سانلىق مەلۇماتلاردىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، مۇھاجىر ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن ئىتنىك مەنبە، ئانتروپولوگىيەلىك ئالاھىدىلىك، تىل، ئۆرپ - ئادەت، ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، يېمەك - ئىچمەك، كىيىنىش، ئولتۇراقلىشىش، ھەتتا چىراي - تۇس جەھەتلەردە ئوخشاشلىقتا ۋە ئورتاقلىقتا ئىگە بولغان «ئۆزبېك توپى»غا سىڭىپ كېتىش ئېھتىماللىقى بىرقەدەر كۆرۈنەرلىك ۋە گەۋدىلىك بولغان. ئۇنداق بولمىغاندا تېخى 21 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى ئون يىلى ئىچىدىكى نوپۇس ئىستاتىستىكىسىدا ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ شۇنچىلىك ئازىيىپ كېتىشىنى تارىخىي رېئاللىق نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە بولمايدۇ، ھەتتا لوگىكىلىق تەپەككۇرىمىز بىلەنمۇ سىغىشالمايدۇ. چۈنكى بۈگۈنكى كۈنلەردە پۈتۈن پەرغانە ۋادىسىدا 12 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم ياشىماقتا، توپتوغرا بىر ئەسىر (100 يىل) جەريانىدا پەرغانە ۋادىسىنىڭ نوپۇسى ئالتە ھەسسە كۆپەيگەن. يۇقىرىقى مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلگەندەك، تەخمىنەن 150 يىل جەريانىدا بىرنەچچە قېتىملىق چوڭ تارىخىي كۆچۈشلەردە پەرغانە ۋادىسىغا ماكانلاشقان قەشقەرىيەلىك كۆچمەنلەرنىڭ سانىمۇ شۇ نىسبەتتە كۆپىيىدىغانلىقى بىر خىل مۇقەررەرلىك بولسىمۇ، ئەكسىچە يوقىلىش چېكىگە چۈشۈپ قالغان. بۇنىڭ سەۋەبى نېمىدۇر؟ بۇ يۈز نەچچە يىل ئىچىدە پەرغانە ۋادىسىدا «توپان بالاسى» يۈز بەرگەنمۇ؟ - ياق! ياكى مىرزاچول قۇملۇقىدا قىرغىن خاراكتېرلىك ئىككىنچى «كىرورەن پاجىئەسى» تەكرالانغانمۇ؟ ياق - ياق! پەرغانە ۋادىسىنىڭ يۈز نەچچە يىللىق تارىخىدا نەچچە يۈز مىڭ ئادەمنى بىراقلا يوقىتىۋەتكۈدەك بىرەر چوڭ تەبىئىي ئاپەتنىڭ

يىللاردا پەقەت ئۆزبېكىستان تەۋەلىكىدىكى پەرغانە ۋادىلىرىدىلا 60 ساپ ئۇيغۇر كولخوزى بولۇپ، بىر كولخوزدا ئاز دېگەندە 2000 دىن ئارتۇق ئاھالە ياشايتتى.

ئەمدى 1954 - يىلدىن 1963 - يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئاخىرقى قېتىملىق چوڭ كۆچۈشتە شىنجاڭدىن جەمئىي 468 مىڭ 198 نەپەر ئادەم ئاتالمىش «سوۋېت گىراژدانى» نامىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جۇمھۇرىيەتلىرىگە كۆچكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى 18 مىڭ 800 نەپەر رۇس گىراژدانلىرىنى چىقىرىۋەتكەندە، قالغانلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇرلار ئىدى (لى دەنشۇي: «شىنجاڭدىكى سوۋېت مۇھاجىرلىرى مەسىلىسىنى تارىخىي تەكشۈرۈش»، «تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 2003 - يىل، -3 سان، 90 - بەتكە قاراڭ). ئەگەر بۇ سانغا 1962 - يىلىدىكى «ئىلى - چۆچەك ۋەقەسى»دە قانۇنسىز ھالدا چېگرادىن قاچقان 66 مىڭ 500 ئادەمنى قوشقاندا، كۆچمەنلەرنىڭ سانى 500 مىڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ. ئەمما مۇشۇ يىللاردا شىنجاڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن كۆچمەنلەرنىڭ سانى ھەققىدە سوۋېت تەرەپتە تۈرلۈك ئۆچۈرلار مەۋجۇت: سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى ك گ ب سىنىڭ مەخسۇس شىنجاڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل خادىمى پولكوۋنىك توقان يوسۇباقونوفنىڭ ئۇچۇر بېرىشىچە، 1955 — 1963 - يىللىرى ئارىسىدا شىنجاڭدىن جەمئىي بىر مىليون ئادەم ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىگە كۆچۈپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىكەن. ۋەھالەنكى، ئاردىن 60 نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ نوپۇس ئىستاتىستىكىسىدا، ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 19 مىڭ 526 نەپەر (2000 - يىل)، قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 237 مىڭ 532 نەپەر (2012 - يىل)،

ئەسىرلىك تارىخىي ئورتاق ئىتتىپاق گەۋدە سۇنئىي يوسۇندا بىر ـ بىرلىرىدىن ئايرىۋېتىلدى. بۇنداق مىللىي ئايرىلىش ئەينى ۋاقىتتىكى ستالىنىزمنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئېهتىياجىنىڭ ھاسىلاتى ئىدى.

مەيلى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا ياشىغۇچى بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار بىلەن بۈگۈنكى ئۆزبېكلەرنىڭ ئۇزۇن مۇساپىلىق تارىخى ۋە ئىتتىپاق باغلىنىشلىق مۇناسىۋەتلىرى 18 ـ ئەسىردىن تارتىپ پەرغانە ۋادىسىغا كۆچۈپ يەرلەشكەن قەشقەرىيەلىكلەر، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر قەدەمدە يەرلىك خەلقلەرگە، يەنى بۈگۈنكى ئۆزبېكلەرگە سىڭىپ كېتىشىدىكى تارىخىي ئامىلدۇر.

(2) ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا، سوۋېت روسىيەسى تەركىبىدىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا ئابدۇللا روزىباقىيېۋ باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى ئېلىش ئارزۇلىرى پەيدا بولغان ئىدى. بىراق سوۋېت ھۆكۈمىتى بۇ تەلەپكە قەتئىي يول قويمايلا قالماستىن، ئۇيغۇرلارنى ئۆزبېكلەرگە قوشۇۋېتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ نوپۇس سانىنى ئازايتىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. سىياسىي جەھەتتىكى مەجبۇرلىنىشتەك بۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ دەسلەپكى چاغلاردىلا ئۆز كىملىكىنى ئۆزگەرتىشىدىكى مۇھىم تاشقى ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

B ئىچكى ئامىل (سەۋەب)

بۇ يەردە تارىخىي ساۋاق قىلىشقا ئەرزىيدىغان يەنە بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، دەسلەپكى چاغلاردا پەرغانە ۋادىسىغا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئىچىدىكى ئۇيغۇر مىللىي كىملىكى ئىدىيەسى ئېخى ئېكلەنمىگەن ئىدى. «مىللىتىم ـــ تۈرك،

يۈز بەرگەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق تارىخىي ئۇچۇر يوق، ئەكسىچە، يېقىنقى ئىككى ئەسىر ئىچىدە پەرغانە ۋادىسىنىڭ نوپۇسى 7 ـ 8 ھەسسە كۆپەيگەنلىكى ھەققىدە يېتەرلىك دەلىل ـ ئىسپاتلار بار، خالاس. ئەگەر پەرغانە ۋادىسىدا «يوقىلىپ كەتكەن» ئۇيغۇرلارنىڭ «يوقىلىش» سەۋەبىنى تېپىشقا توغرا كەلسە، ئۇنى بۇ رايوندا تەكرار يۈز بەرگەن ئىجتىمائىي، سىياسىي خاراكتېرلىك «سۇنئىي ئاپەت»لەردىن ھەمدە مۇرەككەپ ۋە كۆپ مەنبەلىك ئىچكى ـ تاشقى ئامىللاردىن ئىزدەش كېرەك. شۇ چاغدىلا بۇ ھەقتە ھەققانىي جاۋابقا ئېرىشەلەيمىز.

(A) تاشقى ئامىل

(1) تارىخىي ۋە ئېتنىك مۇناسىۋەت جەھەتتىكى ئورتاقلىق

ئېنىق بولغان تارىخىي مەنبەلەر بويىچە ئالغاندا، 5 ـ ئەسىرلەردىلا تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇر — تۈركىي قەبىلىلىرى بىلەن پەرغانە ۋادىسى، ئىسسىقكۆل ۋە يەتتىسۇ رايونلىرىدىكى تۈركىي قەبىلىلەر ئارىسىدا ئىنتايىن زىچ ئېتنىك باغلىنىشلار بولغان. قاغقىل خانلىقى دەۋرى، كۆك تۈركلەر دەۋرى، ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرى، قاراخانىيلار دەۋرى، چاغاتاي خانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۆمۈرىيلەر دەۋرى، يەكەن خانلىقى (سەئىدىيە خانلىقى) دەۋرلىرىدىمۇ مەركىزىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىكى تۈركىي قەبىلىلەر ئۇيغۇر مىللىي ۋە سىياسىي كىملىكى رامكىسىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ رايونلاردىكى يەرلىك ئاھالىلەر ئارىسىدا ئېتنىك كىملىك ۋە ئۆزلۈك ئېڭى پەرقى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. پەقەت چارروسىيە پادىشاھلىقىنىڭ 19 ـ ئەسىردىن باشلاپ يۈرگۈزگەن مىللىي شوۋىنىزملىق سىياسىتى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن ستالىنىزمنىڭ ھازىرقى زامان مىللەت كاتېگورىيەسى توغرىسىدىكى نەزەرىيەلىرى بويىچە، بۇ رايونلاردىكى ئۆزاق

قىلالماسلىقتەك مىللىي كىملىك تۇيغۇلىرىدىكى ئاجىزلىق خاھىشلىرى پەرغانە ۋادىسىدىكى خېلى كۆپ سانلىق قەشقەرىيەلىكلەرنىڭ ئۆز كىملىكىنى ئۆزبېك ياكى باشقا مىللىي كىملىككە ئۆزگەرتىشىدىكى ئىچكى ئامىلغا ئايلانغان ئىدى. ھەر خىل سىياسىي، ئىجتىمائىي بېسىملار، زورلۇق ۋە مەجبۇرلاش قاتارلىق تاشقى ئامىللار ئەنە شۇ ئىچكى ئامىل ئارقىلىق نىشانىغا يەتكەن.

پەرغانە ۋادىسىدىكى بىر مىليونغا يېقىن قەشقەرىيەلىك كۆچمەنلەرنىڭ بىر - ئىككى ئەسىر ئىچىدىلا يوقىلىپ كەتكەنلىكىدەك تارىخىي رېئاللىق بىلەن نوپۇس جەھەتتە 6000 ئەتراپىدىكى تاۋيۇەن ئۇيغۇرلىرى ۋە ئاناتولىيەدىكى «ئەرەتنا ئۇيغۇرلىرى»نىڭ 800 يىللىق تارىخىي مۇساپىلىرىدە مىللىي كىملىكىنى يوقاتماي زامانىمىزغا ئۇلاشقانلىقىدەك رېئاللىقنى ئۆزئارا سېلىشتۇرساقلا، ئۆزلۈك نەسەپنامە ئاساسىدا مىللىي كىملىك ئېڭىغا ۋارىسلىق قىلىشنىڭ قانچىلىك زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

دىنىم ــ ئىسلام» دېگەن ئەنئەنىۋى مەۋھۇم ئەقىدىنىڭ ئىسكەنجىسىدە ئۆزلىرىنىڭ «ئۇيغۇر» دېگەن ئېتىنىڭ نامىنى بىلمەيدىغانلار ياكى ئۇنۇتقانلارمۇ خېلى كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلاتتى. سوۋېت كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، 3 ـ ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئەزاسى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارمىقىدىكى مىللەتلەر سېكسىيەسىنىڭ باشلىقى، تۈركىستان ئىنقىلابىي ئۇيغۇر ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى، تونۇلغان سىياسىيون ئابدۇللا روزىباقىيېۋ باشچىلىقىدا 1921 ـ يىلى ئېچىلغان تاشكەنت قۇرۇلتىيىدا پەرغانە ۋادىسىدىكى «قەشقەرىيەلىكلەر» بىلەن يەتتىسۇ رايونىدىكى «تارانچىلار» بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىگە مەنسۇپ، دېگەن ئىدىيە قارارلاشتۇرۇلۇپ، «ئۇيغۇر» نامى بۇ ئىككى «گۇرۇپپا»نىڭ ئورتاق ئېتىنىڭ نامى ئىكەنلىكى بېكىتىلگەن ۋە قانۇنلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىككى گۇرۇپپىنىڭ زىيالىيلىرى ۋە ئاۋامىلىرى ئارىسىدا تاكى 1930 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە مىللىي كىملىك زىددىيىتى كەسكىن داۋاملاشتى، ھەتتا ئەينى ۋاقىتتىكى بۇنداق مىللىي پاجىئەلەرنىڭ شاھىدلىرىدىن بىرى بولغان مەنسۇر ئەپەندى (1935 ــ 1937 ـ يىللىرى سوۋېت كومپارتىيەسى تەرىپىدىن شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە ئەۋەتىلگەن مەسلىھەتچى) ئۆز ئەسلىمىسىدە يازغاندەك، بۇ ئىككى گۇرۇھ ئارىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلار تىللاش ـ ھاقارەتلەش، كوچىلاردا مۇشتلىشىش، كالتەكلىشىش دەرىجىسىگە يەتكەن. ئىككى گۇرۇھ ئارىسىدىكى بۇنداق بىھۇدە زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلار ئۇيغۇر مىللىي روھىنىڭ ئىچكى ئېنېرگىيەلىك كۈچىنى زور دەرىجىدە خورىتىۋەتكەن.

دېمەك، ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىي نەسەبنامىسىنى ئۇنتۇپ، مىللەت شەجەرىسىنى داۋاملاشتۇرالمىغان بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىملىكىنى ئومۇمىيۈزلۈك قوبۇل

بىرىنچى بۆلۈم

# يۇرت شەرىپى، هايات تەرىپى

بىرىنچى باب

## يۇرت شەرپى

*«ئانا ۋەتىنىمىزگە بولغان سۆيگۈ مۇھەببىتىمىزنى ئالدى بىلەن ئۆز ئائىلەمىزگە، يۇرتداشلىرىمىزغا بېغىشلىماي تۇرۇپ، كۆپكە ئورتاق بولمەن دېيىش، بىمەنە خاراكتېر، ياسالمىلىق ئەمەسمۇ؟!»*

*- («قىيادىكى ئۇۋۇچىنىڭ ئاھۇ - زارى»دىن)*

قەشقەر كوناشەھەرنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىدىكى «خانئۆي»نىڭ باغرىغا جايلاشقان «مېۋە - چېۋە ماكانى» دەپ ئاتالغان بەشكېرەم يۇرتىنىڭ قەشقەر شەھىرىگە تۇتىشىدىغان غەربىي پاسىلىدا سۇيى ئەلۋەك، زېمىنى تاۋارىنىڭ كېسىكىدەك، ئۈزۈك، ئامۇتلۇق باغلىرى كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان، قاتار - قاتار سۈۋادان تېرەكلىرى كوچىلىرىغا سايە تاشلاپ تۇرىدىغان، ھەر بىر ئائىلىدىن بىرەر ھۈنەر - كەسىپنىڭ شەپىسى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بىر بوستانلىق يۇرت بار. قان قېرىنداشلىق بىرلىكىدىن قۇرۇلغان مىڭغا يېقىن ئائىلىسى بار بۇ يۇرت ئۆزىنىڭ تەبىئىي ئەۋزەللىكى بىلەن قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىكى يېزا - مەھەللىلەرنىڭ «نۇرلۇق كۆزى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. بۇ يۇرتنىڭ شىمالىي قىسمى ئۈچ مىرۋان (ھازىرقى ئايرودرومنىڭ ئورنى) سايلىقى ئارقىلىق چاقماق دەرياسىغا، غەربىي قىسمى باغ يېزىلىرىغا، شەرقىي قىسمى

يۇرت ئىسمى ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەرگە تۇتىشىدىغانلىقى مەلۇم. ئىككىنچىدىن، چالغۇ ئەسۋابىنىڭ نامىنى يۇرت ئىسمى قىلغانلىقىدىن قارىغاندا، بۇ يۇرتتا چالغۇچىلىقتا ماھىر خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ كۆپ بولغانلىقى مەلۇم. چۈنكى، يەر ـ جاي ناملىرى مەلۇم نۇقتىدىن شۇ يۇرتنىڭ ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ. دەرۋەقە، مەن ئەقلىمنى تاپسام، يۇرتىمىزدىن چىققان روزەك باشى[1] دېگەن راۋاپچى قەشقەردە داڭ كۆتۈرگەن ئىكەن. يۇرت ئىچى ۋە قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىكى توي ـ تۆكۈن، ھېيت ـ بايراملار، مەشرەپ ـ سەيلە پائالىيەتلىرى روزەك باشىنىڭ ناخشا ـ مۇزىكا ئەترىتىسىز قىزىمايدىكەن. بۇ قەدىمكى ئەنئەنىنىڭ داۋامى، ئەلۋەتتە.

قەدىمكى چالغۇنىڭ نامىنى ئۆزگە ئىسىم قىلغان بۇ يۇرت يۈز يىللار ئىلگىرى ھازىرقى قازىرىق، چۈمبۈس، شاھ پادىشاھ («شاھپاچچا» دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) كەنتلىرى بىلەن بىرگەۋدە بولۇپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئايرىم تۆت كەنتكە ئايرىلىپ كەتكەن. ئەمما تۆتاش كەتكەن بۇ كەنتلەرنىڭ ئارىلىقى بەك يېقىن بولۇپ، ئاھالىلىرى ئارىسىدا تۇغقاندارچىلىق، قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت ناھايىتى قويۇق، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئالاقىلىرىمۇ خېلى بۇرۇنلا بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن. بولۇپمۇ قازىرىق بىلەن بۈچىنىڭ يەر ـ زېمىنلىرى تۇتاش بولۇپ، ئىككى بۆلەكتىن تەركىب تاپقان:

---

[1] روزەك باشى تەخمىنەن 1897 ـ يىلى قەشقەر شەھىرى نەزەرباغ يېزىسىنىڭ بۈچى كەنتىدە بىر تۆگمەنچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1973 ـ يىلى 76 يېشىدا قەشقەر شەھىرىدىكى ئۆيىدە ۋاپات بولغان. روزاخۇن باللىق دەۋرىدىن باشلاپ دادىسى مۇھەممەت تۆگمەنچىنىڭ تەسىرىدە راۋاپقا ئىشتىياق باغلاپ، 30 ياشقا كىرگەندە قەشقەردىكى داڭلىق راۋاپچى بولۇپ يېتىلگەن، ئۇنىڭدىن بۇرۇن قەشقەردە يەنە بىر «روزى باشى» (1864 ـ 1933) ئىسىملىك مەشھۇر راۋاپچى ۋە مۇقامچى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىنى باسقان بۇ راۋاپ ماھىرنى قەشقەر خەلقى ئىززەتلەپ، «روزەك باشى» دەپ ئاتاشقان.

قازىرىق كەنتىگە، جەنۇبىي قىسمى بۇرۇنقى قەشقەر ــ بەشكېرەم چوڭ يولى ئارقىلىق ھەزرەت يېزىسىغا تۇتىشىپ تۇرىدۇ. شۇڭا بۇ يۇرت 1954 ـ يىلىدىن بۇرۇن بەشكېرەم يېزىلىق ھۆكۈمەتكە، 1954 ـ يىلىدىن 1998 ـ يىلىغىچە كوناشەھەر ناھىيەلىك قوغان يېزىلىق ھۆكۈمەتكە، 1998 ـ يىلىدىن باشلاپ قەشقەر شەھەرلىك نەزەرباغ بازارلىق ھۆكۈمەتكە تەۋە بولۇپ كەلگەن. بۇ كەنت ئىچىدە 1960 ـ يىللارغىچە خۇددى ئادەم بەدىنىدىكى قان تومۇرلاردەك گىرەلىشىپ كەتكەن بەش ئۆستەڭنىڭ ئەلۋەك سۈيى ئۈچ پەسىل ئۈزۈلمەي ئېقىپ تۇرىدۇ. بۇ ئۆستەڭلەرگە 16 تاشلىق سەككىز سۇ تۈگمىنى قۇرۇلغان بولۇپ، مۇشۇ يۇرتنىڭ ھەمدە قوشنا يۇرتلارنىڭ ئۇن ئېھتىياجىنى تولۇق قامدايتتى. شۇڭا، يۇرت ئەھلى ئىچىدە «غۇر ـ غۇر شامال، پاشا يوق، تۈگمەن تولا، قورساق توق» دېگەن تەمسىل بار. بۇ يۇرتنىڭ ئادەملىرى تەگرىتاغ ۋە پامىرنىڭ مۇزلۇق چوققىلىرىدىن ئېقىپ كېلىدىغان «ئەركەك سۇ»نى ئىچىپ چوڭ بولغان، شىمالدىن سوققان ساپ ھاۋادىن نەپەسلىنىپ، پېشانىسى ئوك بولغان. مانا بۇ قەدىمىي تەلەيلىك يۇرتنىڭ نامى ــ «بۇچى» دەپ ئاتىلىدۇ. 11 ـ ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى، دۇنياغا مەشھۇر سېلىشتۇرما تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىتتۈرك» «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق قامۇسىدا: «بۇچى ــ ئاۋازى مۇڭلۇق بىر خىل ئۇد» (ئۇد ــ بىر خىل چەكمە چالغۇنىڭ ئىسمى. ئاپتوردىن) دەپ ئىزاھلىغان («دىۋان» ئۇيغۇرچە نەشرى، III ـ توم، ـ302 بەتكە قاراڭ). بۇ مەلۇمات بىزگە ئىككى يىپ ئۇچىدىن بىشارەت بېرىدۇ؛ بىرى، تۈرك چالغۇلىرىنىڭ ئېتنىك تارىخىدىن قارىغاندا، «ئۇد» چالغۇسىنىڭ «بۇچى» دېگەن يەنە بىر نامى ناھايىتى قەدىمىي ئاتالغۇ بولۇپ، 11 ـ ئەسىرلەردە ئاللىقاچان ئىستېمالدىن قالغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا، «بۇچى» دېگەن بۇ

«رابات مەسچىد» سۇتۇق بۇغراخان (مىلادى 887 ـــ 956 ـ يىللار) زامانىسىدا سېلىنغان بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئەڭ بۇرۇنقى مەسچىتلەرنىڭ بىرى، دەپ قارىلىدۇ.

دېمەك، جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىكىدىن قارىغاندا، بۇ يۇرت شىنجاڭدىكى ئىسلام مائارىپىنىڭ تۇنجى ئۇچىقى بولغانلىقى مەلۇم. بۇ ئەنئەنە ئىزچىل داۋاملىشىپ، قەشقەرنىڭ يېقىنقى زامان ۋە هازىرقى زامان تارىخىدىمۇ بۇ يۇرت مائارىپ مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلگەن. بۇ يۇرتنىڭ يېڭىچە پەننىي مائارىپى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكىدىن باشلاپ رەسمىي يولغا قويۇلغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ بۇ يۇرتتىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپاغا سودا ئىشلىرى بىلەن بېرىپ، زامانىۋى سانائەت ۋە يېڭىچە مەكتەپلەر بىلەن بىۋاسىتە ئۇچراشقان قاسىم هاجى بۇچى (پېقىرنىڭ چوڭ دادىسى)، ئىسمائىل هاجى، نىياز هاجى (قازىرىقتىن)، زاهىد هاجى (بۇچىدىن)، ئىيساهاجىم شېرىپ (چۇمبۇستىن) قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر بايلار ئۆز يۇرتىدا ئەنئەنىۋى دىنىي مەكتەپلەردىن پەرقلىنىدىغان يېڭىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا ئىگە مەكتەپلەرنى ئېچىشقا باشلىغان، ھەقىقىي مەنىدىكى هازىرقى زامان يېڭى مائارىپىنىڭ دەسلەپكى ئۈندۈرمىسى بولغان بۇنداق مەكتەپلەر 1870 ـ، 1885 ـ، 1913 ـ ۋە 1922 ـ يىللىرى تەكرار ـ تەكرار يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئارىلىقتا گاھ ئۈزۈلۈپ، گاھ تەكرارلىنىپ كۆلەملىشەلمىگەن. پەقەت 1934 ـ يىلى قەشقەر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى رەسمىي قۇرۇلغاندىن كېيىن، مائارىپ جەھەتتە بەلگىلىك ئاساسقا ئىگە بولغان بۇ يۇرتتا هاشىم هاجىم ئوغلى ئابدۇقادىرهاجى (1900 ـــ 1989) نىڭ باشلامچىلىقى بىلەن ئابدۇراهمان قاسىم هاجى (پېقىرنىڭ دادىسى)، ئۆمەرهاجى، ئىبراهىم ئىمام، سىدىق هاجى، ئىسمائىل هاجى، سادىق هاجى، هىدايەت هاجى، موللا قوناجىم،

مەركىزىي قىسمى قەشقەر ئايرودۇرومىنىڭ جەنۇبىغا (ئايرودۇروم بىلەن پويىز ئىستانسىسىنىڭ ئارىلىقىغا)، شىمالىي قىسمى (تۆتۆرۆك» (تۆتۆرگە، تېتىرگە دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) دەپ ئاتىلىپ، چاقماق دەرياسىنىڭ شىمالىي لېۋىدىكى قۇمالتاغ ئارقىلىق ئۇستۇن ئاتۇش يېزىسىنىڭ تاقۇت كەنتى بىلەن چېگرالىنىپ، تا «ئۈچبۇرھان مىڭئۆيى»، يەنى «توققۇز ھۇجرا»[1] غىچە بولغان يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۆتۆرۆكتە «ئۈچبۇرھان مىڭئۆيى» ۋە «ياۋۇلۇق قەدىمكى ئىزى» قاتارلىق يادىكارلىق ئورۇنلىرى بار بولۇپ، بۇلار تەخمىنەن 2000 يىللىق تارىخقا ئىگە. بۇلاردىن باشقا تۆتۆرۆكتىكى قەدىمكى ئىزلارنى كىشىلەر «دەقيانوس شەھىرى» («ئەفراسىياپ شەھىرى»)، «ئالتۇن توغ قاراخان پادىشاھىم شەھىرى»، «رابات مەسچىت»، «قاراخان پادىشاھىم مازىرى» دەپمۇ ئاتاپ كەلگەن. كەنتنىڭ مەركىزىي قىسمىدا يەنە «زەنجىرماجى غوجام» («سەنجىر مازى خوجام») مازىرى، «سۇلتان سىدىق بۇغراخان مازىرى»، «ئابدۇللا بۇغراخان مازىرى»، «ئوسمان بۇغراخان مازىرى» قاتارلىق ئاسار ئەتىقە ئورۇنلىرى بار. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «قاراخان» ۋە «بۇغراخان» دېيىلگەنلەر قاراخانىيلار زامانىسى (مىلادى 870 ـ 1212 ـ يىللار) بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەلۋەتتە.

يۇرت ئىچىدىكى «سەنجىرمازى خوجام مازىرى»غا دەپنە قىلىنغان كىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ بىر قىسىم ئالىملىرى تەرىپىدىن دەلىللەنگەندەك، ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۇستازى بولۇشى مۇمكىن. تارىخىي دەلىللەردىن قارىغاندا، تۆتۆرۆكتىكى

---

[1] «توققۇز ھۇجرا» ــ سىرتى تۆت چاسا ھالەتتىكى بىر بۇددا خارابىلىكى. فىرانسىيەلىك پائول پېللىئوت 1906 ـ يىلى 9 ـ ئايدا بەشكېرەمنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى خانىشۆي قەدىمكى شەھرىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا، مۇراتىم بۇددا ئىبادەتخانىسى بىلەن «توققۇز ھۇجرا» بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىلىرىنىمۇ تەكشۈرۈپ، بۇ جايدىن نۇرغۇنلىغان بۇددا يادىكارلىقىنى تاپقان.

مەكتىپى بولسا ئوغۇللار مەكتىپى دەرۋازىسىنىڭ قىيپاش قارشى تەرىپىدە بولۇپ، چوڭ ئىككى تۇپ رىدە سايە تاشلاپ تۇرىدىغان مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا چوڭ بىر كۆل بار ئىدى. بۇ كۆلنىڭ سۇ ئالىدىغان ئېغىزىدىن باشقا ھەممە ئەتراپىغا ياغاچ رىشاتكا بېكىتىلگەن. ئوغۇللار مەكتىپىنىڭ ئورنى ئون مودىن چوڭراق بولۇپ، ئۇ يەر ئابدۇقادىرھاجىنىڭ شەخسىي مۈلكىي زېمىنى ئىدى. مەكتەپ قۇرۇش پىلانلانغاندا، بۇ زات مەزكۇر يېرىنى ئۆزلۈكىدىن مەكتەپكە ئىئانە قىلغاندىن تاشقىرى، يەنە ئۆز يېنىدىن 1000 سەر كۆمۈش تەڭگە[1] ياردەم قىلغان. ئۇ يەنە يۇرت ئىچىدىكى مەرىپەتپەرۋەر بايلارنى، قەشقەر كوناشەھەر، يېڭىشەھەر، يېڭىسار، ھەتتا ئاقسۇدىكى يۇرت كاتتىلىرىنى، ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلىرىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، مەكتەپ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن زور مىقداردا ئىقتىساد توپلاپ، زامانىسىغا يارىشا كاتتا مەكتەپ سېلىشتا ئۆچمەس ئەجىر سىڭدۈرگەن. مۇشۇنچىۋالا چوڭ قۇرۇلۇشنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى يېتەكچىسى ھاشىم مەنسۇرھاجى ئوغلى ئابدۇقادىرھاجى ئەسلىي قازىرىقتىن بولۇپ، سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئالدىدا ئۆزبېكىستانغا چىقىپ، دەسلەپ تاشكەنتتە، كېيىن تۈركىيەدە ئوقۇغان. 1920 ـ يىلىدىن 1925 ـ يىلىغىچە موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇش جەريانىدا سوۋېت بولشېۋىكلەر پارتىيەسىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن تاشكەنتكە قايتىپ كېلىپ، بىر مەزگىل خىزمەت قىلغان. ئىككى يۈزلىمچى جاللات شېڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ «يەرلىك خاقانى» بولۇۋالغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش» سىياسىتىنى يولغا قويغان ۋە بىر مەزگىل ئۆزىنى ستالىننىڭ قويىنىغا ئاتقان. ئۇ

[1] ئەينى ۋاقىتتا ئىككى تەڭگىگە بىر تاغار (12 چارەك) بۇغداي بېرەتتى. 1000 سەر تەڭگە 6000 چارەك بۇغداي قىممىتىگە ئىگە ئىدى.

سىدىق خەتىپ قاتارلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەنىۋى ياردىمى بىلەن بۇچى، قازىرىق، چۇمبۇستىن ئىبارەت ئۈچ قوشنا يۇرتنىڭ مەركىزى بىلغان قازىرىقتا 1934 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئۆز دەۋرىگە يارىشا زامانىۋى ئازادە سېلىنغان ئالتە سىنىپلىق بىر ئوغۇللار مەركىزىي مەكتەپ ۋە ئۇنىڭ قىيپاش ئۇدۇلىدا تۆت سىنىپلىق بىر قىزلار مەكتىپى قەد كۆتۈرگەن. بۇ مەكتەپلەرنىڭ سىنىپ بىناسى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مەكتەپ قۇرۇلۇشلىرىغا ئوخشاش لايىھەلەنگەن بولۇپ، سىنىپلارنىڭ ئاستىغا پول ياتقۇزۇلغان، ئاستى ئامبار بولۇپ، كارىدورغا ۋە سىنىپلارنىڭ بۇلۇڭىغا تورۇس بىلەن تەك قىلىپ چەمبەر شەكلىدە قاڭالتىرلىق تام مەش ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە كاتتا قىشلىق كۇلۇپ سېلىنغان بولۇپ، كۇلۇپ زالىغا 500 كىشىلىك ئورۇندۇق قويۇلغان. زالنىڭ ئالدى تەرىپى پوللۇق سەھنە، ئارقا تەرىپى كىنو ئاپپاراتى قويۇش ئۆيى، سول تەرىپى كارىدور ئارقىلىق گىرىمخانا، ئىسكىلات، كۇتۇبخانا، ئالتە كىشىلىك هامام (مۇنچا)، دەم ئېلىش ئۆيى، زالنى باشقۇرۇش ئىشخانىلىرىدىن تەركىپ تاپقان. ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە مەكتەپ مەمۇرىيىتىنىڭ ئىشخانىلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پائالىيەت ئىشخانىلىرى سېلىنغان. ئوقۇتۇش بىناسىنى ئالدى ۋە سول تەرىپى كەڭ مەيدان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەنتەربىيە ۋە دەم ئېلىش پائالىيەتلىرى شۇ مەيداندا ئېلىپ بېرىلاتتى. مەكتەپ دەرۋازىسى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ يول (قەشقەر ـ بەشكېرەم يولى) تەرەپكە قارايتتى. يولنىڭ ئۇ قېتى كىچىك بازار بولۇپ، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ بازاردىن تېپىلاتتى. مەكتەپنىڭ ئالدى ۋە غەربى يان تەرىپىگە سىرلانغان ياغاچ رىشاتكىلىق تام قوپۇرۇلغان بولۇپ، ئىچ تەرىپىگە بىرنەچچە قاتار سوۋادان تېرەك قويۇلغان، قىزلار

- يىلىغىچە قەشقەر ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن باشقۇرىدىغان «خۇيلى» مەكتەپ بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى «شەنلى» مەكتەپ قىلىنىپ، تاكى 1949 - يىلىغىچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندىن قالسىلا باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچى تەربىيەلەيدىغان مەكتەپ قىلىنغان. مەكتەپ تۆت يىللىق ئوقۇتۇش تۈزۈمى ئاساسىدا يازلىق، قىشلىق تەتىل، ھېيت - بايراملاردا ۋە ھەپتىدە بىر كۈن دەم ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان. دەرس سېتكىسى تۈزۈلۈپ، تىل - ئەدەبىيات، ھېساب، تەبىئەت، جۇغراپىيە، تارىخ، تەنتەربىيە، غەزەل، ماتېماتىكا، بىرزانسكى، گېگىنا، گېئومېترىيە، قول ھۈنەر - سەنئىتى قاتارلىق دەرسلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن باشقا، يەنە قوشۇمچە دىنىي دەرسمۇ تەسىس قىلىنغان. چارەكلىك، مەۋسۇملۇق ۋە يىللىق ئىمتىھان تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. مەكتەپ قۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ خەنزۇچە ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلغان بولۇپ، مەكتەپتە بىر خەنزۇ ئوقۇتقۇچى ۋە شۆتاڭنى پۈتتۈرگەن ما جىڭشيا (ئەسلى ئىسمى مەمەتخان) ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئۇلار خەنزۇچە ئوقۇتۇشقا مەسئۇل بولغان. يىراق رايونلاردىن خەنزۇچە ئۆگىنىش كۇرسىغا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاق ۋە تاماقىنى مەكتەپ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرغان. قەشقەردە تۇنجى قېتىم قىزلارنىڭ ئاممىۋى تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىشى قازىرىق مەكتەپتىن باشلانغان. 1937 - يىلى قىزىل دەرياسىنىڭ شەرقىي جەنۇبى لىۋىدىكى كەڭ چىملىق مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلگەن قەشقەرنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدە قازىرىق مەكتەپنىڭ قىزلار كوماندىسى يۈگۈرۈش تۈرىدە بىرىنچى بولۇپ، شەخسىي ۋە كوللېكتىپ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

مەكتەپنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىمۇ كۆڭۈل قويۇپ

ئۆزىنىڭ مىللەتچىلىك ھۆكۈمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش مەقسىتىدە، 1937 - يىلى ئاتالمىش «توپىلاڭ كۆتۈرۈش ئەنزىسى»نى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، گۇمانلىق دەپ قارىغان ھۆكۈمەت ۋە ھەربىي ئەمەلدارلىرىنى، تەرەققىيپەرۋەر زاتلار ۋە بايلارنى مەخپىي تۇتقۇن قىلىپ، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشكە باشلىغان. مۇشۇنداق كەسكىن ۋەزىيەتتە، ئابدۇقادىرھاجى قەشقەردىن ئايرىلىپ تاشكەنتكە كەتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتى ھەققىدە قولىمىزدا ئېنىق مەلۇمات يوق. يۇرت - جامائەت ئارىسىدا «ئابدۇقادىرھاجىم مەكتىپى» دەپ ئاتىلىدىغان قازىرىق مەركىزىي مەكتەپ 1934 - يىلى قەد كۆتۈرگەندىن كېيىن، بىرىنچى تۈركۈمدە يۇرت ئىچى ۋە ئەتراپتىكى قوشنا يۇرتلاردىن، ھەتتا يېڭىسار، قاغىلىق قاتارلىق ناھىيەلەردىن 300 نەپەر ئوغۇل ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىغان. تۇنجى قېتىملىق ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا قەشقەرنىڭ مەمۇرىي، ھەربىي ئەمەلدارلىرى، ھەر ساھەدىكى يۇرت كاتتىلىرى تەكلىپ بىلەن قاتناشقان، جۈملىدىن ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەر گارنىزونىنىڭ باشلىقى مەھمۇد سىجاڭمۇ قاتنىشىپ، تەبرىك سۆزى سۆزلىگەن. شۇ كۈنى ھۆججەت تەييارلىنىپ، ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولغۇچى سەككىز ئورۇننىڭ تامغىسى بېسىلىپ، ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ تورۇسى ئۈستىدىكى لىم ياغاچقا مىخلىۋېتىلگەن. بۇ گۇۋاھلىق ھۆججىتىدە، مەزكۇر مەكتەپ پۈتۈنلەي ئاۋامنىڭ ئىئانىسى بىلەن سېلىنغانلىقى، كەلگۈسىدە ھەرقانداق ئورۇننىڭ ياكى شەخسنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنىڭ يوقلۇقى، ئومۇمنىڭ ئىشلىتىشىگە تاپشۇرۇلغانلىقى ئېنىق بايان قىلىنغان. مەركىزىي مەكتەپنىڭ قارمىقىدىكى تۆت سىنىپلىق قىزلار مەكتىپىگە 1935 - يىلى 200 نەپەر قىز - چوكانلار قوبۇل قىلىنىپ، رەسمىي ئوقۇش باشلىغان. بۇ ئىككى مەكتەپ بىر باشقۇرۇش سىستېمىسىدا بولۇپ، 1937

ئاربلىقىدا ياشىغان. قازىرىقتا بىر ھاللىق ئائىلىدە تۇغۇلغان. دېھقانچىلىقتىن باشقا تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆپ قېتىم چىققان. ئابدۇقادىرھاجى بىلەن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى سەۋەبىدىن قازىرىق قورۇلۇشىغا مەسئۇل كىشىلەردىن بىرى بولۇپ ئىشلىگەن) قاتارلىق تۆت كىشى بۇ مەكتەپنىڭ تۇنجى مۇدىرلىرى بولغان. شۇنداق قىلىپ، بۇ مەكتەپ قورۇلغاندىن باشلاپ ھازىرغىچە قەشقەرنىڭ مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان.

1950 ـ 1951 ـ يىلىدىكى «ئىجارە كېمەيتىش ھەرىكىتى ۋە 1952 ـ 1953 ـ يىلىدىكى يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى مەزگىلىدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ھەربىي قىسىمنىڭ رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ جېن، ۋاڭ ئېنماۋ، سەيپىدىن ئەزىزى، سەيدۇللا سەيپۇللايوپ، ئىمىنوف، سەۋدانوف قاتارلىقلار بۆچى ۋە قازىرىقتا ئىلگىرى ـ كېيىن بىر يىلچە تۇرۇپ، بۇ يۇرتنى سىناق نۇقتىسى قىلىپ ئىشلىگەن. مۇشۇ سىناق ئاساسىدا ئىجارە كېمەيتىش ۋە يەر ئىسلاھات خىزمىتىنى شىنجاڭ بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرغان. مۇشۇ مەزگىللەردە بۇ رەھبەرلەر قازىرىق مەكتەپنى كۆپ قېتىم زىيارەت قىلىپ، بۇ مەكتەپنىڭ مائارىپ ساھەسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئالاھىدە مۇئەييەنلەشتۈرگەن. بۇ مەكتەپنىڭ تارىخىي تەپسىلاتىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مۇشۇ مەكتەپتە مۇئەللىم ۋە مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن پېشقەدەم مائارىپچى مەرھۇم ئوسمان قاسىم، ئايالى ياقۇتخان خانىم ۋە ئۇلارنىڭ ئوغلى غەيرەتجان ئوسمان (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى)لار بىرلىشىپ يازغان «قازىرىقتا مائارىپ ۋە سەنئەت» («قەشقەر تارىخ ماتېرىياللىرى» 1999 ـ يىل، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە 4 ـ سان) دېگەن ماقالىسىدىن كۆرۈڭ.

ئورۇنلاشتۇرۇلغان، مەكتەپ مەمۇرىيىتىدە مۇدىر ئىشخانىسى، ئىلمىي بۆلۈم، سىياسىي يېتەكچى بۆلۈم، خوجىلىق بۆلۈم، تەنتەربىيە بۆلۈمى قاتارلىق باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىنغان. تۇرغۇن ئىيسا (تۇرغۇن ئاخۇن خەلپىتىم — 1890 — 1951 - يىللاردا ياشىغان، ئەسلىي ھەززەتلىك ئۆلىما بولۇپ، چۇمبۇستىكى دىنىي مەكتەپتە خەلپەتلىك قىلغان)، ئابدۇرېھىم خەتىپ ئاخۇنۇم سوپى ھاجى ئوغلى (1897 — - 1954 يىللار) ئارىلىقىدا ياشىغان، قازىرىقتا بىر ئۆلىما ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ قەشقەر شەھىرىدىكى مەدرىسەلەردە ئوقۇغان). 1933 - يىلىدىن باشلاپ ئابدۇقادىرھاجىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا كونكرېت مەسئۇل بولغان)، ئابدۇرەھمان قاسىم ھاجى (1897 — - 1968 يىللار) ئارىلىقىدا ياشىغان. بۇچى كەنتىدىن بولۇپ، بالىلىق چاغلىرىدا، قەشقەر شەھىرىدىكى مەدرىسەلەردە ئوقۇغان. دادىسى قاسىم ھاجىم ئۆز دەۋرىنىڭ ھاللىق مەرىپەتپەرۋەر بايلىرىدىن بولۇپ، چەت ئەللەردە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. 1914 - يىللىرى قاسىم ھاجىم قازانغا تىجارەت بىلەن بارغاندا چوڭ ئوغلى ئابدۇرەھماننىمۇ بىللە ئېلىپ بېرىپ، قازاندىكى تاتار مەكتىپىدە ئىككى يىل ئوقۇتقان. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە قەشقەر خانلىق مەدرىسەدە ئۈچ يىل ئوقۇغان. قازان، پېتىربورگ، ئالمۇتا، شەمەي قاتارلىق شەھەرلەردە تىجارەت قىلغان مەزگىللىرىدە شۇ جايلاردىكى ئىلغار مائارىپنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان. 1920 - يىللاردىن كېيىن يۇرتى بۇچىدا قوشۇمچە دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشتىن تاشقىرى، دىنىي مەكتەپ ئاچقان ھەمدە بىر ئۆيىنى كۇتۇبخانا قىلىپ، نۇرغۇن كىتابلارنى جەملىگەن. 1934 - يىلى قازىرىق مەكتەپ ۋە ئۇنىڭ بۇچىدىكى شۆبىسىنى قۇرۇشقا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن كۆپ ياردەم بەرگەن)، ساۋۇت خەلپەت (1895 — 1958 - يىللار)

ئىككى قاتار ئۆزۈم تىكىلگەن بولۇپ، تەكلىرى ئېگىز بىدىشكە يامىشىپ تۇراتتى. باغنىڭ سەرخىل مېۋىلىرى تۆكمە بولغان ياز پەسلىدە 10 ـ 15 كۈندە بىر قېتىم ئۆمەر باينىڭ جەمەتلىرى ۋە شەھەرنىڭ كاتتىلىرى ئاشۇ شىپاڭدا بەزمە ئوينايتتى. مەن ئاكىلىرىم بىلەن بېغىمىزنىڭ تېمىغا چىقىۋېلىپ، بۇ بايۋەچچىلەرنىڭ تاماشاسىنى كۆرەتتۇق. ئېسىمدە قېلىشىچە، شىپاڭنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان چەت ئەل پاسونىدىكى ئۇزۇن شىرە مېۋە ـ چېۋە، ھەر خىل نازۇنېمەت، گېزەكلەر بىلەن توشۇپ كېتەتتى. ھەتتا بىز كۆرۈپ باقمىغان غاز بويۇنلۇق بوتۇلكىلارمۇ شىرە ئۈستىدە تۇراتتى. بىر تەرەپتە كاۋاپدان، ئۇنىڭ يېنىغا ئېسىلغان قازانلاردا شورپا، جەركوپ (قورداق)، پولو ۋە باشقا تائاملار قايناپ تۇراتتى. ئۇلار خىرىستال قەدەھلەرنى كۆتۈرۈشۈپ «خوشە!» دەپ ئىچكىنىگە قارىغاندا، بۇ بوتۇلكىلار چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلگەن كىنياك، شامپانىسكى ماركىلىق ۋىنولار بولسا كېرەك. بۇ ئىچىملىكلەر ئاشۇ يىللاردا تىجارەت ياكى باشقا ئىشلار بىلەن چەت ئەللەرگە كۆپ قېتىم چىققان بىر قىسىم ياش بايۋەچچىلەر ئۈچۈن تەييارلانغان بولسا كېرەك. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يەنە بىر قىسىم بەزمىداشلار بۇنداق پەيتلەردە شىرە ئەتراپىدىن ئاستا سوغۇرۇلۇپ باغنى ئارىلاپ سەيلە قىلاتتى ياكى تاھارەت ئېلىشىپ، ئۆينىڭ ئالدىدىكى پېشايۋاندا جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇشاتتى. بۇ سورۇندا يەنە بىرقانچە سازەندىلەرمۇ بولۇپ، ئۇلار ناخشا ـ مۇزىكا بىلەن بەزمىنى ئەۋجىگە كۆتۈرەتتى. ئۇلار شۇ يوسۇندا بىر كۈن باغ سەيلىسى قىلىپ، كەچتە ئات ياكى مەپىلىرىگە ئولتۇرۇپ شەھەرگە قاراپ يول ئالاتتى. بۇ مېنىڭ يەتتە ـ سەككىز ياش ۋاقتلىرىمدا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن رېئاللىق ئىدى. ئادەم قېرىغانسېرى تۈنۈگۈنكى ئىشلارمۇ ئېسىدىن چىقىپ كېتىدىكەنۇ، ئەمما باللىقتىكى ئەسلىمىلەر

مەن تۇغۇلغان بۆچى كەنتى يۇقىرىقىدەك جۇغراپىيەلىك ۋە گومانتارلىق ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە گۈزەل يۇرت. شۇڭا، ئۆتمۈشتە قەشقەردىكى نامدار بايلارنىڭ بىر قىسمى مۇشۇ يۇرتتىن ماكان تۇتقان. شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا تونۇلغان ئەڭ كاتتا باي ــ ئۆمەرباي (ئۆمەرباي ئاخۇنبايوف 1870 - يىلى مۇشۇ يۇرتتىكى بوۋىسى ئىسمائىل ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1937 - يىلى مىللەتچىلىك شىڭ شىسەي ئېلىپ بارغان 1 - قېتىملىق ئاتالمىش «چوڭ تازىلاش» ھەرىكىتىدە تۇتقۇن قىلىنىپ، شۇ يىلى تۈرمىدە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەن) ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان جەمەتلىرىدىن ئىسمائىل ئاخۇنۇم (ئابدۇراخمان ئاخۇنۇم)، ئابدۇخالىق ئاخۇنۇم قاتارلىق تونۇلغان بايلارنىڭ بۆچىدا كاتتا قورۇ - جاي، باغ ھويلىسى ۋە يەر - زېمىنى بولۇپ، بۇ بايلار ياز پەسلىنى بۆچىدا، قىش پەسلىنى قەشقەر شەھىرىدىكى ئۆيلىرىدە ئۆتكۈزەتتى. يەر - زېمىنلىرىگە ئۇلارنىڭ بۆچىدىكى ئوتاقچىلىرى ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. بىزنىڭ باغنىڭ يېنىدىلا ئۆمەر باينىڭ 20 مو ئەتراپىدىكى كاتتا باغ ھويلىسى بار ئىدى. بىر ئەنجان تام بۇ ئىككى باغنى ئايرىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بېغىدا مېۋە - چېۋىنىڭ ھەممە تۈرلىرى تېپىلاتتى. بۇ باغنىڭ تۆت ئەتراپى 11 قاتارلىق ئەنجان تام بىلەن قورشالغان بولۇپ، ئات ھارۋىلىرى بىمالال كىرەلەيدىغان قوش قاناتلىق چوڭ دەرۋازىسى بۆچى كەنتىنىڭ ئاساسلىق چوڭ يولى تەرەپكە قارايتتى. دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدا باغقا قارىتىپ سېلىنغان كارىدورلۇق ۋە قوش قانات دېرىزىلىك زامانىۋى تۇرالغۇ ئۆيى بولۇپ، ئۆينىڭ ئارقا تەرىپىدە مەخسۇس ئانارلىق ۋە ئەنجۈرلۈك بىر باغچىسى بار ئىدى. ئىمارەتنىڭ ئالدى تەرىپىدە بىر كۆل بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا 50 - 60 كىشى بىمالال سىغىدىغان ياغاچ لەمپىلىك ياغاچ رىشاتكا ئورنىتىلغان، شىپاڭنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىگە

ماتېرىياللىرى تىجارىتى بىلەن، 345 كىشى دوپپىچىلىق ۋە كەشتىچىلىك بىلەن، 50 تىن ئارتۇق كىشى يۇرت ئىچىدىكى ۋە شەھەرلەردىكى زاۋۇت - كارخانىلاردا ئىشچى - خىزمەتچىلىك بىلەن، 20 دىن ئارتۇق كىشى قاتناش - تىرانسپورت ۋە باغ - ئورمانچىلىق كەسپى بىلەن، 15 تىن ئارتۇق كىشى يېمەك - ئىچمەك ۋە باشقا مۇلازىمەت كەسىپلىرى بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىدىكەن. يۇرت ئىچىدە يەنە بىر ئوتتۇراھال پۇقراۋى پولات - تۆمۈر پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى، بىر ئۇن زاۋۇتى، بىر موزدوزلۇق كارخانىسى (شىزاڭنىڭ لاسا شەھىرىدە بۇ كارخانىنىڭ شۆبە سېتىش مەركىزى بار)، بىر باغۋەنچىلىك مەيدانى، بىر ئۇرۇقچىلىق تېخنىكا مەيدانى ھەمدە بۇچىدىكى دېھقان كارخانىچىلار قۇرغان «قەشقەر غەربىي يۇلتۇز مېتال ماتېرىياللىرى سودا چەكلىك شىركىتى»، «قەشقەر سەندەل ماددىي ئەشيا چەكلىك شىركىتى»، «ئانا دىيار دوختۇرخانىسى»، «قەشقەر كىرورەن پولات چىۋىق ھەسسىدارلىق شىركىتى»، «ئوردا پولوخانىسى» قاتارلىق زاۋۇت، كارخانا، شىركەت، دوختۇرخانا، رېستورانلارنى قۇرغان ۋە بىرقانچە باي بولغان بۇچى دېھقانلىرى شەھەر ئاتلاپ چوڭ ئۆي - مۈلۈك شىركەتلىرى قاتارلىق كارخانىلار بىلەن پاي ھەسسىدارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقان. ھازىر بۇ كىچىككىنە كەنتتە 25 ئائىلىنىڭ يۈك ئاپتوموبىلى، ئۇزۇن يوللۇق ئۈچ ئاپتوبۇسى، 30 غا يېقىن ئائىلىنىڭ 30 نەچچە ئالىي پىكاپى، 33 ئائىلىنىڭ قول تىراكتورى ... بار. يۇرت ئىچىدە 60 تىن ئارتۇق دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ 500 مىڭ يۈەندىن بىر مىليون يۈەنگىچە پۇل خەجلەپ سالغان ئازادە ۋە كۆركەم داچا (ئارامگاھ) لىرى بار. باشقا ئادەتتىكى ئائىلىلەرمۇ ئۆيلىرىنى قايتىدىن يېڭىلاپ، يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆيلەرنى سېلىۋالغان، ھەتتا قەشقەر شەھىرى ئىچىدىن قىممەت باھالىق قەۋەتلىك

خۇددى تاشقا موھۇر باسقاندەك ئەستە ساقلىنىدىكەن. يۇقىرىقى ئەسلىمە ئۆتمۈشنىڭ خاتىرىسى. بۈگۈنكى كۈندە بۇچى يېڭىچە روھ، يېڭىچە قىياپەت بىلەن تېخىمۇ مەپتۇنكار يۇرتقا ئايلاندى. بۇ يۇرتنىڭ خەلقى ناھايىتى تىرىشچان ۋە جەسۇر بولۇپ، ھەممە ئائىلە ئۆزىگە چۇشلۇق بىرەر ھۈنەر - كەسىپ بىلەن شۇغۇللىناتتى. بۇنداق تۇرمۇش ئەندىزىسى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. «قەشقەر گېزىتى»نىڭ پېشقەدەم مۇخبىرى توختىھاجى تۇرسۇن (يۇرتى بۇچىدىن)نىڭ 2007 - يىلى يازغان «بۇچىدىن چىققان ‹لاچىن›لار» (توختىھاجى تۇرسۇننىڭ «ئانا يۇرتتىن ئالتۇن پۇتوكلەر» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2008 - يىل نەشرى) ناملىق زىيارەت خاتىرىسىدە بايان قىلىنىشىچە، «ئەزىز يۇرتۇڭنى باغ ئەتسەڭ، مەرتىۋەڭ تاغ بولۇر» دېگەن تەمسىلنى كۆڭلىگە پۈككەن بۇچى دېھقانلىرى ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، يۇرتىنىڭ قىياپىتىنى تېخىمۇ يېڭىلاشقا ئاتلانغان. ئۇلار جاپالىق تىرىشىش، ئىزدىنىش ئارقىلىق 21 - ئەسىرگە قەدەم قويغاندا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغ - ئورمانچىلىق، قوشۇمچە ھۈنەر - كەسىپتىن قىلىنغان ئىقتىسادىي كىرىمنى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىغا سېلىشتۇرغاندا بىر نەچچە ھەسسە قاتلىغان. بۇ يۇرتنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 4800 مو بولۇپ، نوپۇس بېشىغا 1.2 مودىن توغرا كېلىدۇ. شۇڭا كۆپچىلىك دېھقانلار قوشۇمچە كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تېرىقچىلىققا تايىنىپلا باي بولۇش مۇمكىنچىلىكى يوقلۇقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان بۇچى دېھقانلىرى قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا خېلى بۇرۇنلار بەل باغلىغان. 2000 - يىللارنىڭ باشلىرىدىكى بۇ يۇرتتا ياشايدىغان 815 ئائىلە ئىچىدە 132 كىشى ياغاچچىلىق، تامچىلىق كەسپى بىلەن، 95 كىشى موزدوزلۇق، ۋاپۇرۇچلۇق كەسپى بىلەن، 110 كىشى قۇرۇلۇش

ئۆزگىرىشلەر «جاپانى كىم تولا چەكسە، گۆھەرنى شۇ ئالۇر تاشتىن»، «جاپانىڭ تېگى راھەت» دېگەن ھېكمەتلەرنىڭ قىممىتىنى نامايان قىلىدۇ. مانە بۇ مەن تۇغۇلغان ئانا يۇرتنىڭ تەرىپى، ئۆزۈم ھەر جايدا بولسامۇ، قەلبىمنى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدىغان يۇرت شەرىپى. شۇڭا بۇ كىچىككىنە يۇرتۇمنىڭ نامىنى ئۆزۈمگە تەخەللۇس قىلىۋالدىم.

تاۋار ئۆي سېتىۋالغان ئائىلىلەرمۇ خېلى بار.

ماددىي شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشى، يۇرت ئىقتىسادىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مائارىپ، مەدەنىيەت، ساقلىقنى ساقلاش، تەنتەربىيە ئىشلىرىمۇ راۋاجلانغان. يىلىغا 100 گە يېقىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، ھەر يىلى يەنە شۇنچىلىق ئوقۇغۇچىنى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ بېرىدىغان، 31 ئوقۇتقۇچىسى، 12 سىنىپى، 500 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى بار بۇچى باشلانغۇچ مەكتىپى كەنت ئىچىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. بىرنەچچە ئون يىلدىن بۇيان، چەت ئەل، ئىچكىرى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت، شەھەر تەۋەسىدىكى ھەرقايسى ئۇنىۋېرسىتېت، ئىنستىتۇت ۋە كەسپىي تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە بۇچى كەنتىدىن بېرىپ ئوقۇپ، ھەرقايسى جايلاردا خىزمەت قىلىۋاتقان ھەمدە ئوقۇۋاتقانلارنىڭ سانى 500 دىن ئاشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا تونۇلغان ئالىملار، يازغۇچىلار، دوختۇرلار، مۇھەررىرلەر ۋە رەھبىرىي كادىرلار بار. جەمئىيىتى مۇقىم، خەلقلىرى ئىناق، ئىجىل ياشايدىغان بۇ يۇرتتا، مەكتەپ، دوختۇرخانا سېلىش، يول، كۆۋرۈك ياساش قاتارلىق جامائەت ئەسلىھەلىرىگە خالىس ياردەم بېرىدىغان، يېتىم - يېسىرلار، ئاجىزلارنىڭ بېشىنى سىلايدىغان، يەر تەۋرەش، كەلكۈن قاتارلىق تەبىئىي ئاپەت يۈز بەرگەن جايلارغا ماددىي ياردەم بېرىدىغان ياخشى ئىستىل، ياخشى كەيپىيات يىلسېرى كۆپەيگەن. ھازىر كەنت ئىچىدىكى يوللارنىڭ ھەممىسى ئاسفالتلانغان بولۇپ، بۇ يوللارنى يۇرتتىكى ساخاۋەتلىك بايلار مەبلەغ چىقىرىپ ياساپ چىققان. ئەتراپتىكى يۇرتداشلار: «بۇچىلىقلار باي بولدى، قازان - چۆمۈچى ماي بولدى» دەپ بۇ يۇرتنى تەرىپلىشىدۇ، دەرۋەقە، بۇ كىچىككىنە يۇرتتىكى كىشىنى قايىل قىلىدىغان ئالەمشۇمۇل

## ئىككىنچى باب

# گۆدەكلىك تىۋىشلىرى

*تۇغۇلدۇم ئائىلەمدە سۈرىتىم بولدى.*
*قۇتۇلۇپ تولغاقتىن ئانام شاد كۆلدى.*
*«ئىڭگە»دىن باشقىنى مەن نەدىن بىلەي.*
*تەبىئەت خۇش ھىدى دىماغقا ئۇردى.*

دادام ئۆزىنىڭ «كۇتۇپخانا»[1]سىدىكى «دىۋانىي ھېكمەت» (قۇل خوجەئەھمەد يەسەۋىنىڭ ئەسىرى)نىڭ بىرىنچى ئاق بېتىگە يېزىپ قويۇشىچە، مەن ھىجرىيەنىڭ 1359 ـ يىلى زۇلھەججىنىڭ (12 ـ ئاي) ـ كۈنى (مىلادىيە ـ1940 يىل 12 ـ ئاينىڭ ـ18 كۈنى) چارشەنبە سەھەردە قوغاننىڭ باغئېرىق كەنتىدىكى ئانا جەمەت چوڭ ئانام ھەززىخېنىم (ئەزىزەخېنىم)نىڭ ئۆيىدە تەۋەللۇت بولغان ئىكەنمەن. شۇ كۈنلەردە سەييارە تىجارەت بىلەن چۆچەككە كەتكەن دادامنىڭ قايتىپ كەلگىنىگە بەش كۈن بولغان ئىكەن. باغئېرىقتىكى چوڭ ئانامنىڭ ئۆيى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ بۇچىدىكى ئۆيىمىزنىڭ

[1] مەن ئەقلىمگە كەلسەم، ئۆيىمىزنىڭ 2ـ قەۋىتىدىكى ئاددىي پېشايۋانلىق بالىخانا ئۆي دادامنىڭ كىتاب ساقلايدىغان كۇتۇپخانىسى ئىكەن. ئانامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، «تۇڭگان يىغىلىقى» (1933ـ يىلى) دەۋرىدە بىر توپ قاراقچىلار ئۆيىمىزدىكى يارامىلىق مال- مۈلۈكلەر بىلەن بىللە كۇتۇپخانىدىكى كىتابلارنىڭ كۆپ قىسمىنى بۇلاپ كەتكەن ئىكەن. قالغان كىتابلار 1966ـ يىلى ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىدە «قىزىل قوغدىغۇچى»لار تەرىپىدىن تالان- تاراج قىلىنغان.

مۇراسىمنى باشقۇرغۇچى ئانا قىرقىنى چىقىرىدىغان بوۋاقنى يالىڭاچلاپ، ئالدىن تەييارلانغان ئىشلەتمىگەن يېڭى كىر يۇيىدىغان تەشتەككە دۈم قىلىپ پەپىلەپ تۇتۇپ تۇرىدىكەن ۋە «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم! مېنىڭ قولۇم ئەمەس، ھاۋا ئانىمىزنىڭ قولى ...» دەپ دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، قىرق سۈيىگە قاتناشقان بالىلار ئىچىدىن يەتتە ئوغۇل بالىنى تاللاپ، ھەر بىرىگە ئۆرۈك ياغىچىدا ياسالغان بىر تالدىن قوشۇقنى تۇتقۇزۇپ، يىلمان تەڭشەلگەن يەتتە قاچىدىكى ئىرەملىك سۈنى بوۋاقنىڭ ئۈستىگە تەرتىپلىك قويۇشقا بۇيرۇلىدىكەن. «قىرق سۈيى» قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، «قىرق ئانىسى» بوۋاقنىڭ بېشىدىن تارتىپ تاپىنىغىچە يىلمان سۇدا چايقاپ، يۇمشاق لۆڭگە بىلەن سۈرتىدىكەن. ئاندىن ئۇندەك سوقۇلغان سېغىز بىلەن ئۇپىلاپ بولغاندىن كېيىن، «قىرق تويى»غا ئاتاپ تىكىلگەن ئىشتان - پايپاقلىرىنى كىيگۈزۈپ، «قىرق سۈيى مۇراسىمى»غا چاقىرىلغان چوڭ ئاياللار (ئاساسەن ئۇرۇق - تۇغقانلار) ئولتۇرغان ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ، چوڭ ئانىسى ياكى ئۆز ئانىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزىدىكەن. ئاندىن مۇراسىمغا قاتناشقان ئاياللار بوۋاقنى قولدىن - قولغا ئېلىشىپ، ياخشى تىلەكلەر بىلەن مۇبارەكلىشىدىكەن. قىرق سۈيى قويۇشقا قاتناشقان بالىلارغا ئۈستىگە بولىماق سۇۋالغان «قىرق توقىچى» تارقىتىپ بېرىلىدىكەن. بوۋاق ئوغۇل بولسا «قىرق سۈيى مۇراسىمى»غا ئوغۇل بالىلار، قىز بولسا قىز بالىلار قاتنىشىدىكەن. ئاخىرىدا «قىرق ئانىسى»نىڭ دۇئا - تەكبىرىدىن كېيىن، بۇ مۇراسىم ئاخىرلىشىدىكەن. مۇراسىمنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى ئورۇنلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئانا بولغۇچىنى ئۇرۇق - تۇغقانلار ھەمراھلىقىدا ئۆز ئۆيىگە كۆچۈرۈپ قويىدىكەن.

بىز بىر ئاتا، بىر ئانىدىن تۇغۇلغان يەتتە پەرزەنت بولۇپ،

ئارىلىقى تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىر كېلەتتى. مەن تۇغۇلۇپ 3 ـ كۈنى دادام ۋە بىر قورساق ئىنىسى ئابدۇرېھىم ئاخۇن ئاكام، تاغام (ئانام مەرەمنىساخېنىمنىڭ ئاكىسى) سەلەي ئاخۇنلار بىلەن بىرلىكتە ئەزان چىللاپ ماڭا «ئابدۇل كەرىم» («كەرەملىك ــ سېخى ئاللاھنىڭ بەندىسى» مەنىسىدە) دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. 40 كۈندىن كېيىن مەن تۇغۇلغان باغئېرىقتىكى ئۆيدە مەخسۇس ساتىراچ چاقىرىپ ئىشلەتمىگەن يېڭى ئۇستۇرا بىلەن چېچىمنى ئالدۇرغاندىن كېيىن، ئاكىلىرىمنى ۋە يەتتە ـ سەككىز ياشلىق بالىلارنى يىغىپ «قىرىق سۇيى مۇراسىمى» ئۆتكۈزۈپتۇ. بىزنىڭ يۇرتتا تۇغۇلۇپ 40 كۈنگە توشقان بالىنىڭ «قىرىق سۇيى مۇراسىمى» مۇنداق ئۆتكۈزۈلىدىكەن: مەھەللىلەردە يېشى چوڭراق، قولى ئۇدۇملۇق «كىندىك ئانىسى» بولىدىكەن، «قىرىق سۇيى مۇراسىمى»غىمۇ شۇ بوۋاقنىڭ كىندىكىنى كەسكەن ئاشۇ پېشقەدەم ئانا تەكلىپ قىلىنىدىكەن. مۇراسىمنىڭ ئالدىدا مۇنداق يەتتە خىل ئىرەملىك سۇ تەييارلىنىدىكەن: بالا ئېتىقادلىق، ئىمانلىق ئادەم بولسۇن دەپ ئازنا مەسچىتىنىڭ كاكۇل لېيى چىلانغان سۇ، قىلغان ئىش ـ ئەمگىكى، تاپقان بايلىقى ئەل ـ يۇرتقا پايدىلىق بولسۇن دەپ، يەتتە خىل مېۋىلىك دەرەخنىڭ يوپۇرمىقى چىلانغان سۇ، نەدە بولسا شۇ يەردە باشقىلارغا سايىۋەن بولسۇن دەپ، يەتتە خىل مېۋىسىز دەرەخنىڭ شاخچىسى سېلىنغان سۇ، سەپىرى بىخەتەر، ئوڭۇشلۇق بولسۇن دەپ، كۆۋرۈك ياغىچىنىڭ شېشىقى سېلىنغان سۇ، «يامان سۆز، يامان كۆز»دىن ساقلىسۇن دەپ، ئادراسمان چېچىكى چىلانغان سۇ، مېھرى ئىسسىق بولسۇن دەپ، يېڭى پىشۇرۇلغان بىر زىخ قوي گۆشى كاۋىپى چىلانغان سۇ، شېرىن سۇخەن، شېرىن سۆزلۈك بولسۇن دەپ، بىر كاللەك نوكچا ناۋات سېلىنغان سۇ ئايرىم ـ ئايرىم قاچىلاردا تەييارلىنىدىكەن.

شەھىرى چاسا باشقارما ئازات كوچىسىدىكى ئۆيىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئابدۇرېشىت ئاكام 1958 ـ يىلىدىكى «ئىستىل تۈزىتىش» ھەرىكىتىدە «ئوڭچى ئۇنسۇر» قىلىنىپ، سەمەننىڭ تىكەنلىك يېزىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە چۈشۈرۈۋېتىلگەن. بىرقانچە يىل نازارەتتە ئىشلىگەندىن كېيىن، نامى ئەسلىگە كەلگەن ۋە ئىزچىل مەكتەپتە ئىشلەپ، ... ـ يىلى پېنسىيەگە چىققان. ئۇزۇن ئۆتمەي ....ـ يىل ....ـ ئاينىڭ ... ـ كۈنى دوختۇرخانىدا داۋالىنىش ئۈنۈم بەرمە ۋاپات بولغان.

بىر تۇغقانلارنىڭ تۆتىنچىسى ئاكام ئابدۇشۈكۈر بولۇپ، 1936 ـ يىلى تۇغۇلغان. يەتتە يېشىدا قازىرىقتىكى داڭلىق ئۆلىما قادىرقارىمنىڭ قارىلىق مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن. قادىرقارىمنىڭ قولىدا تۆت يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، يەنە ھەزرەت چوڭ كۆلىنىڭ ئالدىدىكى ئابدۇرېھىم قارىمنىڭ دىنىي مەكتىپىدە ئۈچ يىل ئوقۇپ، 30 پارە قۇرئاننى تولۇق يادقا ئالغاندىن كېيىن، ئۆلىمالاردىن تەشكىل تاپقان دىنىي كومىسسىيەنىڭ ئالدىدا خەتمىدىن ئۆتۈپ، «قارىي» ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن (كونا دىنىي مەكتەپلەرنىڭ قائىدىسى بويىچە، 30 پارە قۇرئاننى ئۆز تەلەپپۇزى بىلەن يادلاپ تولۇق ئوقۇپ بېرەلىگەن تالىپلار «قارىي» دېگەن نامغا ئېرىشەتتى. بۇ نامغا ئېرىشىش خۇددى ھازىرقى ئاسپىرانتلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش دېسىرتاتسىيەسىنىڭ مۇراسىم شەكلىدە ئېلىپ بېرىلاتتى). شۇنداق قىلىپ قارىيلىققا ئۆتكەن بۇ ئاكىمىز تىككۈچىلىك ھۈنىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن قەشقەر شەھىرىدىكى بىر نەۋرە ئاكىمىز قاسىم ھاجىم (دادامنىڭ سىڭلىسى گۈلسۈن خېنىم ھامامنىڭ چوڭ ئوغلى)غا شاگىرتلىققا بېرىلدى. ماشىنىچىلىقنى ئۆگىنىپ دۇكان ئايرىغاندىن كېيىن، بىر مەزگىل ئۆز ئالدىغا تىككۈچىلىك قىلدى. 1955 ـ يىلى قاراماي نېفىتلىكىگە ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىنىپ، دەسلەپ

مەن ئالتىنچىسى ئىكەنمەن. ئەڭ چوڭ ئاچامنىڭ ئىسمى سەبرىنىساخېنىم بولۇپ، تەخمىنەن 1925 ـ يىلى تۇغۇلغان، 1935 ـ يىلىدىن 1938 ـ يىلىغىچە قازىرىقتىكى قىزلار مەكتىپىدە ئوقۇپ، شۇ يىلى قەشقەر شەھىرى ھېكىم ئاغچام كوچىسىدىكى تۇغقىنىمىز ... نىڭ ئوغلى ئىسمائىل ھاجىمغا ياتلىق قىلىنغان. ئىككىنچى ئاچامنىڭ ئىسمى پاشاخېنىم بولۇپ، 1928 ـ يىلى تۇغۇلغان، 1936 ـ يىلىدىن 1940 ـ يىلىغىچە قازىرىق قىزلار مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1941 ـ يىلى قازىرىقتىكى چوڭ ھامام ھېلىمخان (دادامنىڭ 2 ـ چوڭ ئاچىسى)نىڭ ئوغلى موللا ئابدۇللاغا ياتلىق قىلىنغان. موللا ئابدۇللا ئاكىمىز شۇ يىلى ئالتاي ۋە چۆچەكتە تىجارەت قىلىۋاتقان تاغام ئابدۇرېھىم ئاخۇن (دادامنىڭ ئىنىسى)نىڭ يېنىغا چىقىپ كېتىپ، قەشقەرگە قايتىپ كەلمىگەچكە، ئاچام ئىبرالىشىپ كەتكەندىن كېيىن، 1948 ـ يىلىغىچە تۇل ئولتۇرغان. شۇ يىلى قوغاننىڭ يىخسىن كەنتىدىكى 1 ـ چوڭ ھامام راھىلەخېنىم (دادمنىڭ بىرىنچى چوڭ ئاچىسى)نىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇرېشىت ئەھمەدشاھقا ياتلىق قىلىنغان (ئابدۇرېشىت ئاكامنىڭ 1 ـ ئايالى تۇغۇتتا قازا بولغان) ئابدۇرېشىت ئاكام كونا مائارىپچى بولۇپ، دەسلەپ يىخسىن باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1952 ـ يىلى قوغان موللازەدە باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولغان. شۇ يىللاردا پاشا ئاچاممۇ مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ خىزمەت قىلغان. 1953 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئابدۇرېشىت ئاكام قەشقەر شەھىرى ئوردا ئىشىكى 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇدىر بولغاندىن كېيىن پاشا ئاچاممۇ يۆتكىلىپ، قەشقەر شەھىرى قوناق بازىرى 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولۇپ، تاكى پېنسىيەگە چىققۇچە شۇ مەكتەپتە خىزمەت قىلىپ، ... ـ يىل ... ـ ئاينىڭ ... ـ كۈنى سەكتە كېسەللىكى بىلەن قەشقەر

مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، قەشقەر شەھىرىدە تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇپ، 1964 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنغان. ئىككى يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش توختىتىلغان. 1968 ـ يىلدىن 1969 ـ يىلغىچە كۈيتۈڭنىڭ شايادى دېگەن جايىدىكى ھەربىي يېزا ئىگىلىك مەيدانىدا «قايتا تەربىيە» ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىلى ۋىلايىتى سۈيدۈڭ ناھىيەسىنىڭ لوسىگو يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئوقۇتچىلىق خىزمىتىگە تەقسىم قىلىنغان (دەسلەپ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىگە تەقسىم قىلىنغان بولۇپ، لوسىگودىكى تاغام ئابدۇرېھىم ئاخۇننىڭ ئوغلى ئابدۇمىجىت بىلەن توي قىلغاچقا، ئۆزىنىڭ تەلىپى بويىچە خىزمەت تەقسىماتىنى ئالماشتۇرغان). خالىدەم دەسلەپ بۇ مەكتەپنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىلمىي مۇدىرى بولۇپ خىزمەت قىلغان. 1995 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالىنىپ، بېيجىڭغا بېرىپ، «ئەمگەك مېدالى»غا ئېرىشكەن. 2004 ـ يىلى شۇ مەكتەپتىن پېنسىيەگە چىقىپ، ... ـ يىل ... ـ ئاينىڭ ... ـ كۈنى دىئابېت ۋە يۈرەك تىقىلمىسى كېسىلى بىلەن دوختۇرخانىدا قازا بولغان. ئانامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، بىز ئەسلىي توققۇز بىر تۇغقان بولۇپ، 1933 ـ يىلى ۋە 1944 ـ يىلى ئىككى ئوغۇل بىر تۇغقىنىمىز ئۈچ ياش ۋە بىر يېرىم ياش مەزگىلىدە چەتنەپ كەتكەن ئىكەن. بىر تۇغقانلىرىمنىڭ ھايات شەجەرىسىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇش مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئاساسىي تېمىسى بىلەن ئانچە ئالاقىسى بولمىغاچقا، گەپنى ئۆزۈمنىڭ گۆدەكلىك دەۋرىمدىن باشلاي: مەن چوڭ بولسام

قاراماي نېفىت ئىشچىلار تېخنىكومىدا، ئۇنىڭدىن كېيىن قاراماي ماشىنىسازلىق زاۋۇتىدا ئىشلەپ، ... ـ يىلى شۇ زاۋۇتتىن پېنسىيەگە چىقتى. ھازىرمۇ قارامايدا بالا ـ چاقا، نەۋرىلىرى بىلەن بىللە ياشاۋاتىدۇ.

بىر تۇغقانلارنىڭ بەشىنچىسى ئاكام مۇھەممەت تۇرسۇن بولۇپ، 1938 ـ يىلى تۇغۇلغان. تاغام ئابدۇرېھىم ئاخۇننىڭ پەرزەنتى بولمىغاچقا، شۇ ئاكام تۆت ياشقا كىرگەندە ئابدۇرېھىم ئاخۇن تاغام بالىچىلاپ بېقىۋالغان. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ تاغام تىجارەت بىلەن ئالتايغا كېتىپ، قەشقەرگە قايتىپ كېلەلمىگەچكە، دادام بۇ ئاكامنى ئۆيىمىزگە ياندۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن، دەسلەپ قادىر قارىمغا، ئۇنىڭدىن كېيىن 1950 ـ يىلى قازىرىق باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا بەرگەن. 1954 ـ يىلى قاراماي نېفىتلىكى ئىچى ئېچىلمىغان پەيتتە، مايتاغ نېفىت ئىدارىسى تۇنجى تۈركۈمدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، شەھەرلىرىدىن ئىشچى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان. ئاكام مۇھەممەد تۇرسۇنمۇ شۇ قاتاردا تاللىنىپ مايتاغقا بارغاندىن كېيىن، ئالتە ئاي نېفىت تېخنولوگىيە مەكتىپىنىڭ مانتيورلۇق (ئېلېكتىر تېخنىكىسى) كەسپىدە ئوقۇغان. ئۇنىڭدىن كېيىن خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن مايتاغ نېفىت قېدىرىش باشقارمىسىنىڭ مانتيورى بولۇپ، مايتاغ، ئۈرۈمچى، قىزىلتاغ قاتارلىق نېفىت قېدىرىپ تەكشۈرۈش شۆبىلىرىدە 1961 ـ يىلغىچە تېخنىك ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1961 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى قاراماي نېفىت ئىدارىسىنىڭ جەرەنبۇلاق بۇرۇۋاي باشقارمىسىدا ۋە جەرەنبۇلاق دوختۇرخانىسىدا ئېلېكتىر تېخنىكى بولۇپ ئىشلەپ، 1998 ـ يىلى پېنسىيەگە چىققان، 2000 ـ يىلى دىئابىت ۋە قان بۇزۇلۇش كېسىلى بىلەن ۋاپات بولغان. بىر تۇغقانلارنىڭ ئەڭ كىچىكى سىڭلىم خالىدە بولۇپ، 1946 ـ يىلى تۇغۇلغان، 1958 ـ يىلى قازىرىق باشلانغۇچ

ئالمىساق بولمىغۇدەك.

ــ «سىلەر بىرەر يامان ئىش قىلمىغان تۇرۇپ يەنە نېمىدىن ئەنسىرەيلا، ‹جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان› دېگەندەك، سالامەت بولساق بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇيەدە ھەر ھالدا يەتكۈدەك روزىغارىمىز بارغۇ! باللارنىڭ ئامان - ئېسەنلىكىگە دۇئا قىلسىلا. ‹ھاسىسىدىن ئايرىغان خۇدايىم كوزىدىن ئايرىمايدۇ›» دېدىم. ــ دادىگىزغا تەسەللى بېرىپ.

ــ دېگىنىڭلار بەرھەق، شۇنداق بولسىمۇ تۆت - بەش كۈن باللارنى ئېلىپ ياپچانغا بېرىپ كېلەيلى.

مەن دادىگىزنىڭ كۆڭلىنى چۈشەندىم. ئۇ بىرقانچە كۈن بولسىمۇ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشنى ئويلىغان بولسا كېرەك. دەرۋەقە، يېڭىشەھەرنىڭ ياپچان دېگەن يېرىدە دادىگىزنىڭ «سۇلتانباي» ئىسىملىك يېقىن بىر تۇغقىنى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ باغ - ھويلىلىرى كەڭ بولۇپ، دېھقانچىلىق ۋە ئائىلە باقمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىناتتى. تۇخۇم، سۈت، قايماقلىرى مول ئىدى. بېغىنىڭ ئەتراپى قويۇق تىكىلگەن جىگدە كۆچەتلىرى ۋە چاتقال بىلەن قاپلانغان بولۇپ، نەچچە ئون توخۇلىرى چاتقاللىقلار ئارىسىدا تەبىئىي ئۇۋا ياساپ، شۇ يەرگە كاككىلايتتى. بىز باللار بىلەن ھەر قېتىم بارغاندا بىردەمدىلا نەچچە سېۋەت تۇخۇم يىغىۋالاتتۇق. بۇ ئائىلىدىن سەھرانىڭ گۈزەل مەنزىرىسى جىلۋىلىنەتتى. شۇڭا يازنىڭ ئەلۋەك ئايلىرىدا ھەممىمىز ياپچانغا بېرىشنى ئارزۇ قىلاتتۇق. ھازىرمۇ ياپچاننىڭ «قازىنى ماي» مەزگىلى بولغاچقا، مەن دادىگىزنىڭ ئوي - پىكرىنى قۇۋۋەتلەپ، ياپچانغا بېرىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلدۇق. ئەتىسى سەھەردە دادىگىز ئۆزىنىڭ ئېتىغا، ئىنىسىزنى قۇچىقىمغا ئېلىپ بىر ئېشەككە، ئابلىمىت ئاكىڭىز بىلەن ئابدۇشۇكۇر ئاكىڭىز يەنە بىر ئېشەككە مىنىپ،

سول بوغۇزۇمدا بىر تاتۇقنىڭ ئىزى بار ئىكەن، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئانامدىن سورىدىم.

— ئانا، بويىنۇمدىكى بۇ تاتۇق قاچان پەيدا بولغان؟

— ۋاي بالام! — دېدى ئانام ئىچىگە ئۇھ تارتىپ: ئىككى ياش ۋاقتىلىرىڭىز ئىدى، تېخى سىز ئەمچەكتىن ئايرىلمىغان، شۇ ئەنسىز يىللارنىڭ يالدامىسى بۇ، بالام.

مەن ئانامنىڭ گېپىگە تېخىمۇ قىزىقىپ يەنە چۈخچىلاپ سورىدىم.

— ئانا، ئەسلىرىدە بولسا نېمە بولغانلىقىنى تەپسىلىيرەك دەپ بېرەملا، — دېدىم سوئال نەزىرى بىلەن:

— سىز تۇغۇلغان يىللاردا قەشقەردە نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ئېنىق بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ بىر ئەنسىزچىلىك ئىچىدە قالغان ئىدۇق. دادىڭىز شەھەردىكى دۇكىنىنى تاقاپ، ئۆيدىن تالاغا چىقمايدىغان بولۇۋالدى. كەچكىچە ئۆگزىدىكى بالىخانا ئۆيدە كىتاب ئوقۇيدۇ، زېرىكسە باغقا كىرىپ كېتىدۇ، تامىقىمۇ ئازلاپ كەتتى. «نېمە بوللا، مىجەزلىرى يوقمۇ؟» دېسەم، «كۆڭلۈم تازا ئارامدا ئەمەس، مەندىن تولا گەپ سورىماڭلار» دەپ يەنە شۈك بولۇۋالاتتى. مەن: «زادى نېمە بولدى؟» دەپ كوچىلاپ سورىدىم. دادىڭىز مەيۈس قىياپەتتە: «قەشقەردە يوشۇرۇن ئادەم تۇتۇش تېخى تۈگىمەپتۇ. يېقىندا بىزنىڭ بىرقانچە بۇرادەرلەرنى ساقچىلار تۇتۇپ كېتىپتۇ، ئالتايدا ئېلىم - بېرىم مۇئامىلەم بار ئىدى، بېرىپ كېلەي دېسەم، جاھان تىنچ ئەمەسكەن. ئالتايدىمۇ توپىلاڭ چىقىپ قالايمىقانلىشىپ كېتىپتۇ. بازار باھاسى ئادەمنى چۆچۈتكۇدەك دەرىجىدە كۈندە نەچچە قېتىم ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتىدۇ. تۈنۈگۈن بىر تەڭگىگە بىر چارەك ئاش كېلەتتى. بۈگۈن بىر خالتا تەڭگىگىمۇ بىر چارەك ئاش تېپىلمايدۇ. «شامال» ئۆتۈپ كەتكىچە ئۆزىمىزنى دالدىغا

تەجرىبىلىك ۋە ئىنساپلىق ئايال ئىكەن، ئەتىسى سەھەردە سىزنى يوقلاپ كېلىپ، ئىششىقنىڭ ئېغىز ئالمىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، باغدىكى ئېرىقتىن بىر تال تىرىك پاقا تۇتۇپ كېلىشنى بۇيرۇدى. ئۆزى قازاندا ئازراق كىپەك قورۇدى. ھايال ئۆتمەيلا بالىلار بىر پاقىنى تۇتۇپ كەلدى، بۇۋۇم ئۆز قولى بىلەن پاقىنىڭ قورسىقىنى يېرىپ، ئىچىنى تازىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قىزىق كىپەكنى سېلىپ، ئىششىقنىڭ ئۈستىگە چاپلاپ تېڭىپ قويدى. ئەتىسى تېڭىقنى يېشىپ قارىساق، بوغۇزىڭىزدىكى ئىششىقنىڭ كۆزى يېرىلىپ، قان ئارىلاش زەردەپ سۇ ئېقىشقا باشلاپتۇ. سىزمۇ خېلى ئارام تېپىپ قالدىڭىز، ئەمما يارا خېلى چوڭ ئىدى. شۇنداق قىلىپ ياپچاندا بىر ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن ھەممىمىز ئۆيگە قايتىپ كەلدۇق. سىزنىڭ يارىڭىز بىر ئايدا ئاران ساقايدى، بوينىڭىزدىكى تاتۇق ئىككى ياش ۋاقتىڭىزدىكى ئاشۇ يارىنىڭ ئىزى، — دېدى ئانام ھېكايىسىنى تاماملاپ.

— ئانا، بۈگۈنكى كۈندە بۇنچىلىك يارىنى دوختۇرلار بىردەمدە ساقايتىدۇ، — دېدىم ئانامغا كۈلۈمسىرەپ.

— شۇنداق بالام! ھازىر دوختۇرلار بۇنداق بوغۇزدىكى ئىششىقنى ئوپېراتسىيە قىلىدىكەن.

يارىغا پىچاق تەگكەندىن كېيىن ئوخشاشلا ئىزى قالىدۇ، — دەڭە بالام.

بۇ گۈزەل ئەسلىمىلەر مېنى يەنە بالىلىق دەۋرىمگە قايتۇردى. ئادەم بالىسى يورۇق ئالەمگە كۆز ئاچقاندىن كېيىن مېھرىبان ئانىسىنىڭ «ئەللەيلىشى»، سېخى تەبىئەتنىڭ ئەركىن نەپەسلەندۈرۈشى بىلەن مۇدۇرۇپ - سوقۇلۇپ چوڭ بولىدىكەن. مەنمۇ شۇ يوسۇندا بەش — ئالتە ياشلارغا كىرىپ قالدىم. بەش يېشىمدا كىچىك مېھمانخانا ئۆيىمىزگە يېڭى

ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ يولى ئارقىلىق تەلۋۈچەك دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ، تازغۇندا بىرئاز دەم ئالغاندىن كېيىن، ناماششامغا يېقىن ياپچانغا يېتىپ كەلدۇق. سۇلتان ئاخۇن تاغىڭىز بالا - چاقىلىرى بىلەن بىزنى ناھايىتى قىزغىن قارشى ئالدى. ئەتىسىدىن باشلاپ سەھرا سەيلىسى باشلىنىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بېغىدىكى قوغۇن - قاپاق، قوتۇر ئامۇت تازا مەي باغلىغان مەزگىل بولغاچقا، ئىككى ئاكىڭىزغا ئەگىشىپ باغدىن چىقماي ئوينايتتىڭلار. سىز ئەمدى تەمتىرەپ ماڭغان چاغلىرىڭىز ئىدى. تاماق يېگىلى ئۇنىماي كەچكىچە قوغۇن - تاتاۋۇز يەيتتىڭىز. ئۈچ كۈندىن كېيىن بىرئاز قىزىپ قېلىپ، يىغلاڭغۇ بولۇپ قالدىڭىز. ئېمىتسەم ئەمگىلى ئۇنىمىدىڭىز. قارىسام بوغۇزىڭىز قىزىرىپ ئىششىپ قاپتۇ. ھەممىمىز پاتپاراق بولۇپ كەتتۇق. نېمە قىلارىمىزنى بىلمەي، بىر كېچە يېنىڭىزدا ئۇخلىماي تاڭ ئاتقۇزدۇق. سۇلتان ئاخۇن تاغىڭىز بامداتتىن يېنىپلا ئېغىلدىن بىر ئوغلاقنى ئېلىپ چىقىپ قان قىلماقچى بولدى، «بالىغا ئوچۇق تەگكەن ئوخشايدۇ، ئىمە داۋاسىنى قىلىپ قويايلى»، ـ دەپ، ئوغلاقنىڭ گېلىغا پىچاق سۇردى ـ دە، قىزىق قان يۇقى پىچاقنىڭ بىسىنى بوغۇزىڭىزدىكى ئىششىقنىڭ ئۈستىگە بىرقانچە قېتىم سۇۋاپ قويدى. لېكىن بوغۇزىڭىز بىر كېچە - كۈندۈز قان يۇقى ئىچىدە تۇرسىمۇ، ئىششىق زادى يانمىدى. ئاخىرى ئۇلار مۇشۇ مەھەللىدىكى «قولىنىڭ شىپالىق ئۇدۇمى بار» سالاپەتلىك بىر بوۋۇمنى چاقىرىپ كەلدى. بوۋۇم سىزنى قولىغا ئېلىپ، «سوفكوچ» قىلغاندىن كېيىن، بوينىڭىزنى ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا توغرىلاپ ياتقۇزۇپ، ئوڭ پۇتى بىلەن ئىششىپ قالغان سول بوغۇزىڭىزغا ناھايىتى يەڭگىل ئۈچ قېتىم دەسسەپ قويۇپ، دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، سىزنى مېنىڭ قولۇمغا تۇتقۇزدى، لېكىن بۇ «ئىرەم»مۇ سىزگە شىپالىق بەرمىدى. ھېلىقى بوۋۇم

راۋاج تېپىۋاتقان چاغلاردا چوڭ دادام ھەج قىلىش نىيىتى بىلەن جىددىي تەييارلىق قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇ زامانلاردا مەككە، مەدىنىگە بېرىپ ھەج قىلىش «شە ئالماق»تىنمۇ مۇشكۇل ئىش بولۇپ، زور ئىقتىسادىي بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر بولىدىكەن. تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن چوڭ دادام قەشقەردىن قاغىلىققا ماڭىدىغان بىر كارۋانغا قېتىلىپ سەپەرنى باشلاپتۇ. تاغام سىدىق ئاخۇن بىلەن دادام تۇغقانلارغا ۋاكالىتەن چوڭ دادامنى ئۇزىتىپ قاغىلىققىچە بىللە كەپتۇ. ئۇ چاغلاردا ھەجگە بېرىش ئۈچۈن قاغىلىقتىن ئۆتۈپ لاداخ كارۋان يولى ئارقىلىق كەشمىر، ھىندىستانغا كەلگەندىن كېيىن، پاراخوت بىلەن ھىندى ئوكيان، قىزىل دېڭىز («شور دەريا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)نى بېسىپ، ئاندىن سەئۇدىي ئەرەبىستانغا بارىدىكەن.

چوڭ دادام قاغىلىقتا چېگرادىن چىقىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرمەكچى بولۇۋاتقاندا، سىدىق ئاخۇن تاغىمىز «دادا، سەپەردە مەن خىزمەتلىرىنى قىلاي، ساۋابلىق ئۈچۈن مېنى بىرگە ئېلىۋالسىلا» دەپ يالۇۋۇرۇپ يىغلاپ تۇرۇۋاپتۇ. چوڭ دادام ئىلاجسىزلىقتىن «ماقۇل» بولۇپ، دادامغا قاراپ شۇنداق دەپتۇ: «بالام، ئۆيىنىڭ پۈتۈن يۈكى سىزنىڭ ئۈستىڭىزگە يۈكلەندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانىڭىز ھەمدە ئايالىڭىز ئېغىر ئۈستىخان، ئاي - كۈنلىرىمۇ يېقىنلىشىپ قالدى. خۇدا خالىسا بىز ھەجدىن سالامەت قايتىپ كەلسەك، كېلەر قېتىمدا سىزنى ھەجگە يولغا سالىمەن. ئاللاھ ھەممىمىزنى ئامان قىلسۇن!» ئۇلار قاغىلىقتا بىرقانچە كۈن تۇرۇپ، تاغامنىڭ رەسمىيەتلىرىنى تولۇقلاپ بېجىرگەندىن كېيىن، كەشمىرگە ماڭىدىغان كارۋاننى كىرا قىلىپ بەيتۇللاھقا قاراپ يول ئاپتۇ.

ئۇلارنى يولغا سېلىۋېتىپ، دادام قەشقەرگە قايتىپ كەپتۇ. چوڭ دادامىلار ھەج پائالىيىتىنى تۈگىتىپ، بارغان يولى بىلەن كەشمىرگە بىر سارايغا چۈشۈپتۇ. ئۇ يەردە بىرقانچە كۈن تۇرۇپ،

تىككەن يوتقان - كۆرپىلەر بىلەن ئورۇن راسلاپ خەتنەمنى قىلغانلىقى غۇۋا ئېسىمدە، لېكىن بۈگۈنكىدەك ھەشەمەتلىك «خەتنە توي مۇراسىمى» ئۆتكۈزۈش پۇرسىتى بولمىغان ئىكەن. ئائىلە نەسەبىمىز ئەسلىدە بۈچىدىكى «بايلار تەبىقىسى»گە مەنسۇپ بولسىمۇ، مەن تۇرغان يىللارغا كەلگەندە ئاستا - ئاستا سۇنۇشقا باشلاپتۇ. چوڭ دادام قاسىم ئاخۇنباي («ھەج» قىلغاندىن كېيىن «قاسىم ھاجىم» دېيىلگەن) 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ چەت ئەلدە تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولغان ئىكەن. بىر مەزگىل چارروسىيە تەۋەلىكىدىكى قازان شەھرىدە دۇكان ئېچىپ روناق تاپقاندىن كېيىن، «رابىيە» ئىسىملىك بىر نوغاي (تاتار)نى نىكاھىغا ئاپتۇ. ئىككى يىلدىن كېيىن نوغاي ئايالىنى ئېلىپ يۇرتى قەشقەرگە قايتىپ كەپتۇ. بۇ ئايالدىن قەشقەردە يەتتە پەرزەنتلىك بوپتۇ. چوڭى راھىلەخېنىم، ئىككىنچىسى ھېلىمخان، ئۈچىنچىسى دادام ئابدۇرەھمان، تۆتىنچىسى تۇرسۇنخان، بەشىنچىسى ئابدۇرېھىم ئاخۇن، ئالتىنچىسى گۈلسۈمخان، يەتتىنچىسى زۇمرەتخان بولۇپ، ئۇلار بىر - بىرىدىن ئىككى — ئۈچ ياش پەرق قىلىدىكەن. چوڭ دادام قاسىم ھاجىمنىڭ بۇ ئايالدىن باشقا بۇرۇن قەشقەردىن ئالغان «مۆمىنخان» ئىسىملىك يەنە بىر ئايالى بار ئىكەن. بۇ ئايالدىن «سىدىق» ئىسىملىك بىر ئوغۇل پەرزەنتى بولۇپ، دادامدىن بىر يىل بۇرۇن تۇغۇلغان ئىكەن. دادام 15 ياشقا كىرگەن مەزگىللىرىدە چوڭ دادام يەنە تىجارەت بىلەن روسىيەگە سەپەر قىلماقچى بولۇپ، دادامنى بىرگە ئېلىپ مېڭىپتۇ. قازانغا بارغاندىن كېيىن دادامنى تاتار مەكتىپىگە ئوقۇشقا بېرىپتۇ، ئىككى يىل ئوقۇغاندىن كېيىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ خانلىق مەدرىستە يەنە بىر مەزگىل ئوقۇپ، دىن ۋە ئىلىم - پەن ساھەسىدە خېلى يۇقىرى مەلۇماتلىق ئادەم بوپتۇ. ئىگىلىك ئىشلىرى تازا

مۇ ئىكەن يەر، 15 مولۇق مېۋىلىك باغ بار ئىكەن. بېغىمىزدا ئائىلىگە يېتىپ ئاشقۇدەك ئۈزۈم، ئانار، ئەنجۈر، شاپتۇل، گىلاس، قارا ئۆرۈك، شاتۇت قاتارلىق سورتلۇق مېۋىلەردىن باشقا، مۇتلەق كۆپ قىسمى ھەرخىل سورتلۇق ئۆرۈكزارلىق بولۇپ، بىزنىڭ باغنىڭ ئەنجان ئۆرۈكى قەشقەر بويىچە داڭلىق ئىكەن. ئۆرۈك پىشقان مەزگىللەردە ئائىلىمىزدىكىلەر ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كېتىدىكەن. ئەنجان ئۆرۈكنى يا قاق قۇرۇتۇشقا، يا ساقلاشقا بولمىغاچقا، بۇ ئۆرۈك پىشقان مەزگىلدە ھەركۈنى كەچتە بەش ــ ئالتە سۈكەن ئۆرۈك قاچىلاپ، ئەتىسى سەھەردە ئۈچ ئېشەككە سۈكەننى ئارتىپ، قەشقەر شەھىرى تۆشۈك دەرۋازا دوقمۇشىدىكى ئەڭ چوڭ باققالنىڭ دۇكىنىغا يەتكۈزۈپ بېرىدىكەن (دادام ئۆرۈكنىڭ باھاسىنى ئالدىنئالا دۈندۈر سۆزلىشىپ قويىدىكەن). خۇۋەينە ئۆرۈكنى سېۋەتلەرگە قاچىلاپ، باغدىكى ئىككى چوڭ خۇمدانىدا گۈڭگۈرت پوقى بىلەن ئىسلىغاندىن كېيىن ئۆگزىدىكى بورا ئۈستىگە يېيىپ، ئۈچكىسىنى ئاجرىتىۋېلىپ، سېرىق خورما قۇرۇتىدىكەن. بۇ خېلى كۆپ ئەمگەك كۈچى تەلەپ قىلىدىغان، سۈپەت ئۆلچىمى يۇقىرى ئەمگەك بولغاچقا، ھەركۈنى كەچتە مەھەللە، قولۇم ـ قوشنىلار (ئاساسەن ئاياللار) كېلىپ خالىسانە ياردەم بېرىدىكەن. ئاجراتقان ئۈچكىسى (مېغىزى) ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قالىدىكەن. شۇ يوسۇندا ھەر يىلى 20 ــ 30 تاغار خورما قۇرۇتىدىكەن. بۇ خورمىلارنى قىشلىقى ئۈرۈمچى، ئالتاي، چۆچەك، ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىگە يۆتكەپ ساتىدىكەن. بۇچىنىڭ زېمىنلىرى ناھايىتى سۇلۇق ۋە مول ھوسۇللۇق بولغاچقا، تېرىقچىلىقتىن ئالغان ھوسۇل ئائىلىمىزگە يېتىكەن. كىيىم ـ كېچەك، ياغ، گۆش ۋە باشقا ئائىلە لازىمەت چىقىملىرىنى باغنىڭ كىرىمى كۆتۈرىدىكەن. شۇ يوسۇندا دادام تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئائىلە ئىگىلىكىنى قايتا تىكلەۋاتقان مەزگىللەردە چوڭ دادام

سوۋغا ـ سالام ئۈچۈن يەنە ئىككى ـ ئۈچ تاي كەلگۈدەك لازىمەتلىك بۇيۇملارنى سېتىۋاپتۇ. ۋەتەنگە قايتىمىز دەپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، چوڭ دادامنىڭ كەشمىردە تىجارەت قىلىۋاتقان كونا بىر بۇرادىرى چوڭ دادامنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۆيى چوڭ دادام چۈشكەن سارايدىن خېلى يىراق ئىكەن. مېھماندارچىلىق بەك كەچ ئاخىرلاشقاچقا، ئۆي ئىگىسى چوڭ دادام بىلەن سىمدىق ھاجىم تاغامنى ئۆيدە قوندۇرۇپ قاپتۇ. ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن سارايغا قايتىپ كېلىپ ھۇجرىسىغا كىرسە، ئىشىك داغدام ئوچۇق تۇرغۇدەك، ھۇجرىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا بېسىپ قويغان يۈك ـ تاقلىرىنى كېچىسى ئوغرى بۇلاپ كېتىپتۇ. سارايۋەنمۇ ئىگە بولماپتۇ. ئاخىرى يەرلىك ساقچى ئىدارىسىگە مەلۇم قىلغان ئىكەن، ئۇلارمۇ بىر نەرسە دېيەلمەي: «ناۋادا ئوغرى تۇتۇلسا سىلەرگە خەۋەر بېرىمىز» دەپ يولغا ساپتۇ. «بالا كەلسە قوشلاپ كەپتۇ» دېگەندەك، چوڭ دادامنىڭ ئۆپكىسىگە سوغۇق تېگىپ يېتىپ قاپتۇ. ئون كۈن ئەتراپىدا داۋالىنىپ بىرئاز ساقايغاندىن كېيىن ھېلىقى تىجارەتچى بۇرادىرىدىن ئىككى سەر ئالتۇن قەرز ئېلىپ مىك بىر تەسلىكتە قاغىلىققا كېلىۋاپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان دادام دەرھال قاغىلىققا كېلىپ بۇ ئىككى «ھاجىم»نى ساق ـ سالامەت قەشقەرگە ئېلىپ كەپتۇ. بۇ قېتىمقى «ھەج سورۇقچىلىقى» بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتە ئائىلىمىزنىڭ بېلى ئۇشتىلىپتۇ. «ھەسەل ئالغان قاچىنىڭ يۇقى» بولغاندەك، دادام قولىدىكى دەسمايىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، چوڭ دادىمىزنىڭ ھەج سەپىرىدىكى چىقىم، قەرزلىرىنى تۈگىتىپتۇ. سودىگەرچىلىك بىلەن تاپقان پۇل «چېكىتى يوق جىڭ»دەك بىر ئىزدا تۇرمايدىكەن، ئاخىرقى ھېسابتا جانغا ئەسقاتىدىغىنى يەنىلا مۇقىم مۈلۈك، يەر ـ زېمىن ئىكەن، «يەر ـ ئالتۇن قوزۇق»تە. شۇ زامانلاردا ئائىلىمىزنىڭ ئىلكىدە 25

شېڭ شىسەي كۆنسېرى كۆچىيىۋاتقان بۇنداق تەسىرنى ئۆزىنىڭ مىللىتارىزملىق ھاكىمىيىتى ئۈچۈن خەۋپ دەپ قورقتى. ھېلىنگەر شېڭ شىسەي جۇڭگو كومپارتىيەسى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈچۈق - ئاشكارا ئۈزۈشكە پېتىنالماي، سۈيىقەستلىك ئۇسۇل بىلەن ئاتالمىش «سۈيىقەستلىك توپىلاڭ ئەندىزىسى»نى يەنە بىر قېتىم ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، كومپارتىيەنى قوللايدىغان شىنجاڭدىكى نوپۇزلۇق ئەربابلاردىن دۇجۇڭيۈەن (شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى)، جاڭ خۇيۇ (مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى)، ۋاڭ ياۋچىڭ (شەھەر مۇداپىئە يىغجاڭى)، ياۋ شىيۈڭ (ئىلى گارنىزون قىسىملىرىنىڭ قوماندانى، قوشۇمچە ئىلىنىڭ ۋالىيسى)، ئابلا داموللا (تەمىرات نازىرى)، قۇربان نىياز (ئۆلكىلىك ج خ باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شەرىپخان (ئالتاينىڭ ۋالىيسى) قاتارلىق نەچچە ئون ئاساسلىق باشلىقلار ۋە ئۇلارغا چېتىلغان نوپۇزلۇق ئەربابلارنى تۇتقۇن قىلدى. شۇ قېتىملىق ئاتالمىش «تازىلاش»تا شېڭ شىسەينىڭ سۈيىقەستىگە ئۇچرىغانلار 1200 دىن ئېشىپ كەتتى. شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن باشلاپ تاكى شىنجاڭدىن قوغلانغانغا قەدەر جەمئىي تۆت قېتىم چوڭ «تازىلاش» ئېلىپ بېرىپ، تەخمىنەن 5000 دىن ئارتۇق بىگۇناھ خەلقنى قىرىپ، شىنجاڭنى قانغا بويىدى، ئىقتىسادىنى خانىۋەيران قىلدى.
شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا ئېغىر پۇل پاخاللىقى يۈز بېرىپ، مال باھاسى شىددەت بىلەن ئۆرلەپ كەتتى. مەسىلەن، 1945 - يىلى 100 كىلوگىرام كۆمۈرنىڭ باھاسى ئىلگىرىكى 30 يۈەن (شىنجاڭ پۇلى)دىن بىراقلا 200 يۈەنگە كۆتۈرۈلۈپ، 6.6 ھەسسە، بىر كۆرە گۈرۈچ 80 يۈەندىن 1800 يۈەنگە ئۆسۈپ، 22.5 ھەسسە، 100 جىڭ ئۇن 80 يۈەندىن 450 يۈەنگە چىقىپ، 5.6 ھەسسە، بىر جىڭ ياغ 18 يۈەندىن 160 يۈەنگە ئۆسۈپ، 8.9

قاسىم ھاجىم مېڭىسىگە قان چۈشۈش كېسەللىكى بىلەن 1930 - يىلى قازا بوپتۇ. شۇندىن كېيىن دادامنىڭ يۈكى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپتۇ. 1933 - يىللىرى قەشقەردە «تۇڭگان يېغىلىقى» يۈز بېرىپ، قەشقەر ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت قاپلاپتۇ. ھەممە كىشى ۋەھىمە ئىچىدە قالغان ئاشۇ زۇلمەتلىك كۈنلەردە بىر توپ قاراقچىلار بىزنىڭ ئۆيىنى بۇلاپ، ئېغىلدىكى ئات، ئېشەك، كالا - قويلارنى، ئۆيدىكى قولغا چىققۇدەك مۈلۈكلەرنى ئېلىپ ئائىلىمىزنى قۇرۇقداپ قويۇپتۇ. «بارنى ئوغرى ئالدى، قالدى قېتىقنىڭ بەش پولى» دېگەندەك ئىش بوپتۇ. پۇقرا دېگەن نېمە قىلالىسۇن! ئائىلىمىزدىكىلەر ھايات قالغىنىغا شۈكرى قىلىپ، يەنە تىرىكچىلىكنى باشلاپتۇ. ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بولىدىكەن، دادام بۇنداق سورۇقچىلىقلارنى كۆپ كۆرگەچكە بەل قويۇۋەتمەي، بىر تەرەپتىن ئائىلە ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدا ھارماي - تالماي ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئابدۇقادىر ھاجىم باشچىلىقىدىكى يۇرت كاتتىلىرىنىڭ قازىرىقتا بىر پەننىي مەكتەپ قۇرۇش پىلانىغا ئاكتىپ ماسلىشىپ، مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا قولىدىن كەلگىنىچە ياردەم قىپتۇ. بۇ مەكتەپ پۈتكەندىن كېيىن 1934 - يىلى 9 - ئايدا دادام قاتارلىق تۆت ئۆلىما مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ تەيىنلىنىپتۇ (ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋاللار كىتابىمىزنىڭ 1 - بابىدا بايان قىلىندى).

مەن تۇغۇلغان يىللار شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى، جۈملىدىن خەلقئارا ۋەزىيەت ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ كەتكەن مەزگىللەر ئىكەن.

جۇڭگودا ياپونغا قارشى ئۇرۇش تىركىشىش باسقۇچىغا كىرگەن 1940 - يىللىرىدا شىنجاڭدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرى بارغانسېرى كېڭىيىشكە باشلىدى. شىنجاڭنىڭ «يەرلىك خاقانى»

پۈتۈن دۇنيا خەلقى، جۈملىدىن ئۇرۇش جەڭگاھى بولغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېقىن قوشنىسى — شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقى بولۇشىچە تارتتى. دەرد ئۈستىگە دەرد قوشۇلۇپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ئېغىر دەرىجىدە خارابلاشتى. باللىقىمدا يۈز بەرگەن بۇ ئىشلارنىڭ تېگى - تەكتىنى گەرچە چۈشەنمىسەممۇ، لېكىن جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كىچىك ھۈجەيرىسى بولغان ئائىلىمىزدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەردىن كۈنلەرنىڭ بارغانسېرى يامانلىشىۋاتقانلىقىنى ئاز - تولا ھېس قىلالايتتىم.

مەن زامانىنىڭ مۇشۇنداق غادىرىكسۈن چاغلىرىدا تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ، ئالتە ياشقا كىرگەندە ئىككىنچى ئاكام ئابدۇشۈكۈرگە ئەگىشىپ قازىرىقتىكى قادىرقارىم (1895 — 1958) دېگەن خەلپەتنىڭ قارىلىق مەكتىپىگە باردىم. بۇ مۆھتەرەم زات تۇغما ئەما بولۇشىغا قارىماي، ناھايىتى زېرەك ۋە بىلىملىك كىشى ئىدى، ئۇ نەچچە يېشىدىلا «قۇرئان» خەتمىسىدىن ئۆتكەن بولۇپ، «قارىم» نامى بىلەن يۇرت ئىچىدە يۇقىرى ئابرۇي قازانغان. ئۇ يىگىتلىك چاغلىرىدىن باشلاپلا ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ۋە «زەنجىرھاجى خوجام جامەسى» يېنىدىكى قارىخانىدا دىنىي مەكتەپ ئېچىپ، تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە دىنىي مائارىپتا بالا تەربىيەلىگەن. ئېسىمدە قېلىشىچە، مەن قادىرقارىمنىڭ تالىپى يېزىپ بەرگەن «ئەلىق، بە، تە، سە ...» تاختىسىنى بوينۇمغا ئېسىپ، ئىككى يىل بۇ «قارىخانا»دا ئەگىپ يۈرسەممۇ، تېخىچە «ھەپتىيەك»نى ئۆگىنىپ بولالماپتىمەن. سەييارە تىجارەت بىلەن بىر — ئىككى يىل ئالتايدا تۇرۇپ قالغان دادام قايتىپ كېلىپ، ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن: «ئىككى يىلدا ئېلىپىنىڭ سۇنىقىنىمۇ ئۆگىنەلمەپسەن، ھو كالۋا!» دەپ ماڭا كايىپ كەتتى. مەن يىغلاپ تۇرۇپ: «ئەمدى قارىخانىغا بارمايمەن» دېگەندىن كېيىن، دادام: «ئۇنداق

ھەسسە ئۆرلەپ كەتتى. بۇ مەزگىلدە ئادەتتىكى 3 ـ دەرىجىلىك ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ئايلىق مائاشى 600 يۈەندىن ئاشمايتتى («شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ئۈچ كىتاب، 640 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل، ئۇيغۇرچە) بۇنداق سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى قاتمۇقات بېسىم ئاستىدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ناھايىتى ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى.

خەلقئارا ۋەزىيەتمۇ ناھايىتى جىددىيلەشتى. 1941 ـ يىلى گېتلېر باشچىلىقىدىكى گېرمان فاشىزمى چاقماق تېزلىكىدە ياۋروپا قىتئەسىنىڭ كۆپ قىسمىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، شۇ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى يېقىن قوشنىمىز سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىدى. بۇنىڭ بىلەن رەسمىي ھالدا 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ۋەھىمىسى پۈتۈن دۇنيانى قاپلىغان بۇ يىللاردا نېمىسلار دەسلەپ موسكۋا بوسۇغىسىدا، ئاندىن ستالىنگىرات يېنىدا سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىنىڭ قاقشاتقۇچ زەربىسىگە ئۇچراپ، گېرمانىيە ئۇزۇل- كېسىل مەغلۇپ بولۇش ئاقىۋىتىگە دۇچ كەلدى. نەتىجىدە 1944 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا سوۋېت خەلقىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى بىلەن 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشتى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى تۆت يىل ئۈچ ئاي داۋام قىلىپ، ئۇنىڭغا 35 دۆلەت ۋە رايوندىن بىر مىليارد 500 مىليون ئادەم قاتناشقان، ئۇرۇش چىقىمى سەككىز مىليون 130 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتكەن. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىغا بولسا 61 دۆلەت ۋە رايون قاتناشتى، دۇنيا ئاھالىسىنىڭ 80% تىن كۆپرەكى ئۇرۇش قاينىمى ئىچىدە قالدى، 51 مىليون 200 مىڭ ئادەم ئۆلدى، ئۇرۇش چىقىمى بىر تىرىليون 100 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتتى. مانا بۇ دۇنيا كۆلەملىك ئۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى! ئۇرۇشنىڭ ئازابىنى

بولسا، قارىرىق مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرەي، بۇندىن كېيىن كەپسىزلىك قىلماي ياخشى ئوقۇ» دېدى. ئىچىمدە دادامدىن كۆپ مىننەتدار بولدۇم. چۈنكى، قارىرىق مەكتەپ مەن قاتىراپ يۈرگەن «قارىخانا»نىڭ يېنىدا بولغاچقا، مەن ھەر كۈنى دېگۈدەك بۇ مەكتەپنىڭ ئالدىغا ئوينىغىلى باراتتىم. مەكتەپ قورۇسىنىڭ چۆرىسىدىكى ياغاچ رىشاتكىغا ئېسىلىۋېلىپ، ئازادە مەيداندا بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئويناۋاتقان، غەزەل ئوقۇۋاتقان، ياغاچ تورنىككە چىقىپ پىلدىرلاتقان ئوقۇغۇچى بالىلارنىڭ شوخ ھەرىكەتلىرىدىن زوقلىنىپ، مەنمۇ شۇلارنىڭ سېپىگە قېتىلىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. بالىلىق دەۋرىدىكى قىزىقىش، ھەۋەس گوياكى باش باھارنىڭ ئاپتىپىدەك بىردەمدە قىزىپ، بىردەمدىلا سوۋۇيدىكەن، ئەمما بالىلىق ھەۋەس ئىشقا ئاشسا، ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ زور خۇشاللىق ۋە بەخت ئىكەن. شۇڭا دادامنىڭ: «سېنى قارىرىق مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرەي» دېگەن سۆزى ماڭا ياغدەك يېقىپ، چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدۈرگەن ئىدى.

مەن شۇندىن كېيىن مەرىپەت بۆشۈكىگە بۆلىنىپ، ھاياتلىق سەھىپەمنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتىم. خەير - خوش گۈدەكلىك چاغلار.

ئۈچىنچى باب

## تورنىلار سىيپىدە

«ئۇچۇما» بولۇپلا قېتىملىدىم سەپكە،
— «سەن قايان؟» سورىساڭ،
— كىتابقا— بەتكە.
بىر ئىللىق دۇنياغا كۆز ئاچتىم شۇ تاپ،
ھاياتنىڭ لەززىتى ئارزۇ — ھەۋەستە.

1949 ـ يىلىنىڭ سىنتەبىر ئايلىرى، مېنى دادام يېتىلەپ قازىرىق مەكتەپكە ئېلىپ كەلدى. دادام بۇ مەكتەپ بىلەن خېلى بۇرۇنلا تونۇشلۇق بولغاچقا، تەمتىرىمەي ئۇدۇللا شاۋجاڭ (مۇدىر) ئىشخانىسىغا مېنى باشلاپ كىردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — دەپ سالام بەردى دادام، ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ بېشىنى كۆتۈرمەي بىر نەرسە يېزىۋاتقان بۇغداي ئۆڭلۈك، دوغىلاق كەلگەن ئەپەندىگە قاراپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! ھوي، ئابدۇرەھمان ئىماماخونۇمغۇ بۇ! — دېدى ھېلىقى ئەپەندى چاققانلىق بىلەن دادامغا قول ئۇزىتىپ. بۇ ئىككىيلەن كونا قەدىناسلاردەك بىر ـ بىرىدىن ھال ـ ئەھۋال سوراشتى.

— سىلەر بىلەن يۇرتداش تۇرۇپ، بىر ـ ئىككى يىلدىن بۇيان كۆرۈشەلمىدۇق. يەنە رىسىي (روسىيەنى قەشقەرنىڭ

ئىسمى بارات مۇھەممەد بولۇپ، قازىرىقلىق ئىكەن. قازىرىق مەكتەپ يېڭى قۇرۇلغاندا چوڭ ئاچام سەبرىنىسا خېنىم بىلەن 1 ـ قاراردا ئوقۇپ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇپتۇ. ئۇندىن كېيىن مۇشۇ قازىرىق مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى بولۇپ ئىشلەپ، بىرقانچە يىلدىن بۇيان مەكتەپ مۇدىرى بوپتۇ. ئابدۇرۇسۇل ئابدۇراخمان بۆچىلىق بولۇپ، ئاكام ئابلىمىت ئاخۇننىڭ ئايالى ئامىنەخان يەڭگىمىزنىڭ ئاكىسى ئىكەن. ئابدۇرۇسۇل ئەپەندىمۇ قازىرىق مەكتەپنى تۇنجى قاراردا پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۈرۈمچىدە ئوقۇپ مۇشۇ مەكتەپتە مۇئەللىم بولۇپ ئىشلىگەن ئىكەن. مەن ئۆزۈم ئارزۇ قىلغان مەكتەپكە باردىغان بولغاچقا، شۇ كۈنلەردە ناھايىتى خۇشال ئىدىم. ئىككى كۈندىن كېيىن ئانام تىكىپ بەرگەن بوخچىنى بوينۇمغا ئېسىپ، قادىرقارىمدا ئوقۇۋاتقان ئىككىنچى ئاكامنىڭ ھەمراھلىقىدا مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىردىم. سىنىپقا كىرىپ تەڭتۇش تورنىلارنىڭ سېپىگە قېتىلدىم، سەبىيلەرنىڭ ھايات قاينىمىغا ئېتىلدىم.

بىرىنچى دەرس، ئېگىز بويلۇق، كۆزى كۆكرەك، ئۆڭى ئاق ـ سېرىق، تۈت يانچۇقلۇق كەمزۇل كىيگەن بىر مۇئەللىم سىنىپقا كىرىشى بىلەن تەڭ قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك ھەممىمىز جىمىدۇق. بۇ مۇئەللىم ئۆز يۇرت تۇغقان بولغاچقا، مەن تونۇيدىكەنمەن.

ـ ئەسسالامۇئەلەيكۇم بالىلىرىم! ـ دەپ سۆزىنى باشلىدى بۇ مۇئەللىم:

مېنىڭ ئىسمىم ئابدۇرۇسۇل ئابدۇراخمان، مەن سىلەرنىڭ سىنىپ مۇدىرىڭلار بولىمەن. سىلەر بۈگۈندىن باشلاپ مۇشۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بولدۇڭلار. مەن ھازىر يوقلىما قىلىمەن، ئىسمى چىققانلار «بار» دەپ ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار.

ئامما باب تىلىدا «رەسمىي» دەپ ئاتايدىكەن) تەرەپلەردە تۇرۇپ قاللىمۇ ـ يە؟

— يوقسۇن، بارات ئەپەندىم! — ھازىر ئۇياقلارغا بېرىش تەس بولۇپ قالدى. يېقىندا ئالتايغا بېرىپ، ئىنىمنىڭ قېشىدا ئۇزۇنراق تۇرۇپ قالدىم.

— ھە، مۇنداق دېسىلە. ئۇزلىرىنى بۇگۈن قايسى شامال مەكتەپكە ئۇچۇرۇپ كەلدى؟

— ئۇزلىرىگە سالام بەرگەچ، مۇنۇ كىچىك ئوغلۇمنى سىلىگە تاپشۇراي، دېگەن نىيەت بىلەن يانلىرىغا كەلدىم، ـ دېدى دادام مېنى كۆرسىتىپ. ئاز ـ تولا ئىمان ئۆگەنسۇن دەپ، بۇ بالىنى قادىرقارىمغا تۇتۇپ بەرسەك ئوقۇغىلى ئۇنىماي، ئىككى يىلنى بىكار ئۆتكۈزدى. ئۇزىنىڭ مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇغۇسى بار ئىكەن.

— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ. بۇ مەكتەپ ھەقاسلىرىدەك يۇرت كاتتىلىرىنىڭ بەرىكاتى بىلەن قۇرۇلغان، بىز ھەر ۋاقىت ئۇزلىرىنىڭ خىزمىتىگە تەييار.

— ئىنشائاللاھ، سىلىگە كۆپ رەھمەت، بۇ تەنتەكنىڭ قۇلىقىنى پات ـ پات چوجۇپ تۇرالا.

— خاتىرجەم بولسىلا، پېشانىسىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان ئوغۇلكەن بۇ. خۇدا خالىسا مۇشۇ ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۇنى يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى باشلىنىدۇ. مەن سىلىنىڭ تۇغقانلىرى ئابدۇرۇسۇل ئابدۇراخمانىنىڭ سىنىپىغا كىرگۈزۈپ قويىمەن. مۇشۇ شەنبە كۇنى بوخچىسىنى ئېلىپ كەلسە بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ خوشلاشقاندىن كېيىن، ئۇ كىشى بىزنى مەكتەپ دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. مەكتەپ بىلەن بىزنىڭ ئۆينىڭ ئارىلىقى ئىككى كىلومېتىرغىمۇ يەتمەيتتى. دادامنىڭ ئېيتىشىچە، بىز ئۇچراشقان ھېلىقى ئەپەندىمنىڭ

دەرس تۈگىگەندىن كېيىن، تۆت بالا نۆۋەت بىلەن دېژۇرنى بولۇپ سىنىپنى تازىلايدۇ. بۇنىڭغا سىنىپ باشلىقى مەسئۇل بولىدۇ. بەشىنچىدىن، دەپتەر - قەلەمنى تولۇقلاپ، پاكىز تۇتۇڭلار. ھەر كۈنى بېرىلگەن تاپشۇرۇقنى ۋاقتىدا ئىشلەپ، مۇئەللىمگە ۋاختىدا تاپشۇرۇڭلار. ئالتىنچىدىن، ھەر ھەپتىسى پەيشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن، سىنىپتا تۇرمۇش تەكشۈرۈش يىغىنى ئېچىلىدۇ. مەن شەخسىي تازىلىقىڭلارنى تەكشۈرىمەن، يۈز - قولۇڭلارنى پاكىز يۇيۇپ، رەتلىك كىيىنىشنى ئۆگىنىڭلار، «چۈشەندىڭلارمۇ؟» - دەپ سۆزنى توختاتتى مۇئەللىم.

- چۈشەندۇق، - دەپ ھەممىمىز تەڭ چۇرقىراشتۇق.

مانا، شۇ سائەتتىن باشلاپ پۈت - قولۇم، ياق، پۈتۈن جىسمانىيىتىم ۋە روھىيىتىم «تۈزۈم كىشەنلىرى» بىلەن مەھكەم باغلاندى. بۇ «كىشەن»دىن قاچان «ئازات» بولىدىغانلىقىمىزنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئەقىل تاپقاندىن كېيىن ئويلاپ باقسام، ئەقلىيە سۇيىدە يۇغۇرۇلغان ئادىمىزات نەسلى دۇنياغا ئاپىرىدە بولغاندىن باشلاپ، «ئەركىنلىك» ئىزدەپ بارلىقىنى تەقدىم قىلىدىكەنۇ، لېكىن، «ئەركىنلىك» گوياكى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ يىراق چېتىدە كۆرۈنىدىغان ئالۋۇندەك مەۋھۇم نەرسە بولغاچقا، ئۇنىڭغا مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدىكەن. بۇنداق ئاقىۋەتكىمۇ تەن بەرمىگەن ئىنسان جان ئالغۇچى ئەزرائىلنىڭ ئالقىنىدا تۇرۇپمۇ، يەنە «ئەركىنلىك» ئىستىكىدە «جەننەت»كە كىرىشنى ئاللاھتىن ئىلتىجا قىلىدىكەن. چۈنكى ئىنسان نەزىرىدە «جەننەت» ھەقىقىي مەنىدىكى «ئەركىنلىك ئالىمى» ئىكەن. ئەنە شۇنداق ئەركىنلىك ئالىمگە ئېرىشىش يولىدىكى ئۆزلۈكسىز تىرىشىش ۋە ئىزدىنىش قانچىلىك ئازاپلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتىگە پۈتۈلگەن تەبىئىي ئىقتىداركەن. مەڭگۈ نىسىپ بولمايدىغان بۇنداق ئىنسانى كامالەت مېنى، سىزنى

- تەۋەككۈل مامۇت؟

- بار، - دەپ ئارقا پارتىدا ئولتۇرغان ئىگىزرەك بويلۇق بىر بالا ئورنىدىن تۇردى.

- ئابدىكېرىم ئابدىرەھمان؟

- بار- دېدىم - دە، ئاستا ئورنۇمدىن تۇردۇم. شۇنداق قىلىپ مۇئەللىم يوقلىما دەپتەرگە ئىسمى يېزىلغان بالىلارنىڭ ئىسمىنى بىر - بىرلەپ تولۇق چىقتى.

- خوش! ھازىر 45 نەپەر، يەنە بەش ئوقۇغۇچى كېلىپ بولالمەپتۇ.

ئەتىگەن ئاچقان ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا، مەكتەپ مۇدىرى بارات مۇھەممەد مەكتەپنىڭ ئوقۇش تۈزۈمى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە - تۈزۈملىرىنى سىلەرگە تەپسىلىي تونۇشتۇردى. بۇ تەلەپلەر قولۇقۇڭلاردا مەھكەم تۇرسۇن.

- يەنە بىر گەپ، - دېدى ئابدۇرۇسۇل مۇئەللىم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

تەۋەككۈل مامۇت سىلەرگە ۋاقىتلىق سىنىپ باشلىقى بولىدۇ. ھەر قېتىم مۇئەللىم دەرسكە كىرگەندە، سىنىپ باشلىقى «ھۆرمەت!» دەپ كوماندا بەرگەندىن كېيىن، ھەممىڭلار ئورنۇڭلاردىن تۇرسىلەر، مۇئەللىم «ئولتۇرۇڭلار!» دېگەندىن كېيىن ئولتۇرسىلەر. ئىككىنچىدىن، دەرس ۋاقتىدا بىر نەرسە يېيىشكە، پاراڭ سېلىشقا، ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئۈچىنچىدىن، ھەر ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنى دەرسكە كىرىشتىن بۇرۇن مەيداندا بايراق چىقىرىلىدۇ. شۇ كۈنى يېرىم سائەت بۇرۇن كېلىپ، سىنىپ بويىچە مەيدانغا تىزىلىپ تۇرسىلەر. تۆتىنچىدىن، ھەر كۈنى

ئۆلتۈرۈپ، گېزىت - ژۇرنال كۆرۈش: ئالدىراپ - سالدىراپ نەۋرەڭنى ئەكىلىش ئۈچۈن. يەسلى ياكى مەكتەپكە يوگۇرۇش: «قەپەزدىن ئازات بولغان قۇشتەك» يوگۇرۇپ ئويناۋاتقان نەۋرەڭنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ يۈرۈش: نەۋرەڭگە كەچلىك تاماق يېگۈزۈش: تېلېۋىزورنى ئېچىپ كۈندىلىك خەۋەرلەرنى ئاڭلاش، ئەتراپىڭدىكى ۋە دۇنيادىكى قىسمەتلەردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇش: ئۈنتۈپ قالغان دورا - دەرمەكلىرىڭنى ئىچىش، ئايىغى چىقمىغان يازمىلىرىڭنى پۈتتۈش: دۆۋلىنىپ كەتكەن تۈۋى - تۈكۈن، نەزىر - چىراق باغاقلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش: ئۇيقۇسىزلىق ئازابىدا ئۆياق - بۇياققا نەچچە قېتىم ئۆرۈلۈپ - چۆرۈلۈپ، ئاخىرى ئۇيقۇ دېڭىزىغا غەرق بولۇش... مانا بۇ «ئارامغا چىققانلار»نىڭ رىتىمى، «تۇرمۇش»لەشكەن تۇرمۇش مەزمۇنى. شۇڭا ئارامغا چىققانلارنى «ئەركىنلىك ئالىمى» گە ئېرىشكەنلەر دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟! تۇرمۇش، تۇرمۇش يەنە شۇ تۇرمۇش!

- ئوھوي، مۇنداق دەڭ. - ئاراملىق كۈنلەرمۇ هارامىلىق تۈنلەردەك ئۆتۈدىكەندە!

- مەلۇم مەنىدە شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئەجدادلىرىمىز: «ئەتە ئۆلىدىغاندەك ئىبادەت قىل، مەڭگۈ ياشايدىغاندەك تىرىكچىلىك قىل» دېگەندەك ئىنسان بالىسى ياشاش يولىدا مەڭگۈ تىنىم تاپمايدۇ.

- دېهقانلارنىڭ تۇرمۇش - پۇرمۇش دېگەنلەر بىلەن ئانچە كارى يوق، شۇڭا ئۇلار بىزگە قارىغاندا ئەركىنرەك ياشايدىغۇ دەيمەن؟

- سەن «دېهقان كۈيچىسى» مەرھۇم شائىر روزى سايىتنىڭ «دېهقان بولماق تەس» دېگەن شېئىرىنى ئوقۇغانمۇ؟ ئەگەر ئوقۇغان بولساڭ، «ھەممىدىن ئۇلۇغ» دەپ تەرىپلىنىدىغان دېهقاننىڭ پۈت - قوللىرى «تۇرمۇش كىشەنلىرى» بىلەن ھەممىدىن چىڭ باغلانغانلىقىنى ھېس قىلىسەن. بەرھەقكى،

جۈملىدىن بارلىق ئەجداد ـ ئەۋلادلىرىمىزنى مۇئەييەن «تۈزۈم» ۋە «قائىدە» رامكىسى ئىچىدە ياشاشقا مەجبۇرلايدىكەن. شۇڭا «تۈزۈم ـ قائىدە» دىن ۋايساشنىڭ ئۆزىمۇ ئىنسان تەبىئىتىگە يات بولغان بىھۇدە ئەخمىقانىلىق ۋە ئاۋارىچىلىق ئىكەن.

مەن ئەتراپىمدىكى «ئاق ياقىلىق» لار (مائاشلىقلار) نىڭ ۋايساشلىرىنى داۋاملىق ئاڭلاپ تۇرىمەن:

ـ ۋاي ـ ۋۇي! نېمىدىگەن تۈگىمەيدىغان ئىشلار بۇ؟ قوشتىن چىقساق، سۈرەم تەييار، تۈزۈم ـ پۈزۈمنىڭ كۆپلىكىدىن «ئۇھ!» دېگۈدەك ھالىمىز قالمىدى. ئۈچ يېشىمىزدا يەسلىگە تۇتۇلۇپ، ئاتمىش يېشىمىزدا ئارامغا چىققۇچە ئۆز ئەركىمىز بويىچە ياشاش ساڭا نېسىپ بولمايدىكەن!

ـ بەرىبىر ئوخشاش، ئارامغا چىقساڭمۇ يەنىلا كۆزۈڭگە كۆرۈنمەيدىغان «تۈزۈم» ئىچىدە ياشايسەن. ماڭا قارا! ئارامغا چىققانلارنىڭ كۈنلۈك ھايات مەشغۇلاتىنى ساڭا ئېيتىپ بېرەي: ئەتىگەندە سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇش، ئاندىن سىرتقا چىقىپ جانسىز پۇتلىرىغىنى مەجبۇرلاپ، بىرەر سائەت «پو ـ پو»غا يۈگۈرۈش ياكى ئۆگىنىۋالغان ھەرىكەتنى تەكرارلاپ گىمناستىكا ئويناش؛ ئۇنىڭدىن كېيىن چالا ـ پۇچۇق ناشتا قىلىۋېلىپ، نەۋرىڭىنى يەسلى ياكى مەكتەپكە توشۇش؛ سەي ـ كۆكتات، گۆش ـ پۇش سېتىۋېلىش ئۈچۈن، تاللا بازىرىغا يۈگرەش؛ سېنى ئاتمىش يىل كۆتۈرۈپ جۇلقى چىقىپ كەتكەن پۇتلىرىڭغا شىپالىق ماي سۈرتۈپ، ماگنىتلىق توك ياكى كۇنگە قاقلىنىش؛ چۈشلۈك تامىقىڭنى ھاپىلا ـ شاپىلا يەپ، «مەنشىڭ بىڭ» (ئاستا خاراكتېرلىك كېسەل) دەپتىرىڭنى ئېلىپ، دوختۇرخانىنى تاۋاپ قىلىش؛ «ئۆگەنگەن كۆڭۈل ئۇجمە پىشقىچە» دېگەندەك، ئادىتىڭ بويىچە ئۆيۈڭدە ياكى «پىشقەدەملەر قىرائەتخانىسى»دا مۆكچىيىپ

رومى تەسەۋۋۇپىدىكى «ھەممىنى پەس بولۇش» «بىرلىكتە قەدەم تاشلاش» لارنىڭ ئىچكى مەنىسى يەنىلا «تۇزۇم» دېمەكتۇر.

شۇڭا تۇزۇمدىن زارلانما، ئۇ ئەركىنلىكنىڭ كاپالىتى.

ئوقۇرمەنلىرىم مېنى كەچۈرۈڭلار! تېمىدىن چەتنەپ كېتىپتىمەن. يەنە شۇ بىرىنچى دەرسكە قايتىپ كېلەي.

سىنىپقا ئاق سېرىق يۈزلۈك، زىلۋا بويلۇق، بۇرنى قاڭشارلىق بىر مۇئەللىم كىردى. ھەممىمىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ سالام بەردۇق. ئورنىمىزدا ئولتۇرغاندىن كېيىن، مۇئەللىم ئۆزىنى تونۇشتۇردى. ئىسمىنىڭ ياسىن ئابدۇراخمان ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدۇق. چىرايىدىن قارىغاندا ئاچچىقى يامانىدەك قىلىدۇ.

- ھازىر ئانا تىل دەرسىنى باشلايمىز. بۇ سىلەرگە نىسبەتەن ساۋات چىقىرىش دەرسى. ئۇيغۇر تىلىدا جەمئىي 32 ھەرپ بار، ھەر سائەتلىك دەرستە تۆت ھەرپنى ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگىنىسىلەر، - دېدى مۇئەللىم قولىغا بور ئېلىپ، دوسكىغا يېزىشقا باشلىدى.

- ئا، «ئالما»دىكى ئا، «ئاداش»تىكى ئا، «ئات»تىكى ئا...

ھەممىڭلار ماڭا ئەگىشىپ ئۈنلۈك ئوقۇڭلار، ئا، ئا، ئا...

ئاندىن «ئا»نىڭ ئۈچ خىل يېزىلىشىنى ئۆگەتتى. باش «ئـا»، ئوتتۇرا «ـئـا» ئاياق «ا»...

شۇ يوسۇندا تۆت ھەرپنى ئۆگىتىپ بولۇپ، ھەر بىر ھەرپنى ئون قېتىمدىن يېزىپ كېلىشنى تاپشۇردى. مەن قارىغاندا بۇ ھەرپلەرنى ئۆگىنىپ بولغاچقا، بۇ دەرس ماڭا ئانچە قىيىن تۇيۇلمىدى.

كۈنلەر شۇ تەرتىقىدە ئۆتۈپ بىر ئاي توشقاندا، ھەرپ (فونېما) لارنى پەرقلەندۈرۈپ ئوقۇيالايدىغان، ھەرپ بىلەن ھەرپنى قوشۇپ بوغۇم ياسىيالايدىغان، ھېساپ دەرسىدە ئىككى

تۈزۈمسىز ياشاشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ. بۇ قانۇنىيەت دۇنيادىكى ھەممە جاندارلارغا ئورتاق. پەقەت ئادەملەرلا «تۈزۈم»نى ئاڭلىق ھېس قىلالايدىغان ئەقلىي مەخلۇقات. شىمالىي قۇتۇپنىڭ قار - مۇزلۇقلىرىنى پاناھگاھ قىلغان يىرتقۇچ ھايۋانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ياشاش تەرزىگە ئەمەل قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇمۇ دەماللىققا ھېس قىلغىلى بولمايدىغان تۈزۈمدە!

دېمەكچىمەنكى «تۈزۈم» — بىر خىل ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق، ئازاپ ئىچىدىكى شاكىلات. ئىنسان ئەينەك بولمىسا ئۆز چىرايىنى كۆرەلمىگەندەك، «تۈزۈم» بولمىسا ئۆزىنىمۇ بىلەلمەيدۇ، ھەقنى كۆرەلمەيدۇ. ۋاھالەنكى، «بىر غاردا ئىككى ئارسلان بىللە تۇرالمىغان» دەك «تۈزۈم» بىلەن «ئەركىنلىك» بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان «رەقىپ»لەر.

«قەلبىنىڭ قايناق قازىنىدىن قانلىق كۆپۈك چاچقايمەن.

ئىككى ئالەم سىرىنى بىر سۆز بىلەن ئاچقايمەن» دەپ خىتاپ قىلغان بۈيۈك تەسەۋۋۇپچى شائىر مەۋلانا جالالىددىن رۇمى ئۆزىنىڭ ئوتوخىيلىك مەسنەۋىسىدە:

*ئالدىمدا تۇرسا قاچامدا قېتىق،*
*جاھان شەربەتلىرى نە كېرەك ماڭا.*
*گەرچە مەن ئاچ قىينار ئۇ مېنى،*
*تېگىشمەسمەن ئەركىمنى قۇللۇق ساڭا.*

دەپ «مۇتلەق ئەركىنلىك» نىڭ «ۋاكالەتچىسى» سۈپىتىدە مەيدانغا چىقسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا يەنە رېئال دۇنياغا يۈزلىنىپ، «ئېرىشكىنىڭگىلا قانائەت قىلىش - مەنۋى ئۆلۈم، زامان بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، بىرلىكتە قەدەم تاشلاش - ھاياتلىق.» ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. جالالىددىن

بولغان ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىنىڭ 5 - كورپۇس ئاتلىق پولكى مەكتىپىمىز ئالدىدىكى مۇشۇ چوڭ يول بىلەن شەھىرىمىزگە كىردى. پۈتۈن قەشقەر خەلقى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قىزغىن قارشى ئالدى. مەكتىپىمىزدىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارمۇ بەلگىلەپ بەرگەن ئورۇندا رەتلىك تىزىلىپ گۈلدۈراس ئالقىشلار بىلەن بۇ ھەيۋەتلىك قوشۇننى قارشى ئالىمىز. شۇڭا ئەتە سەھەر ھەممىڭلار ھېيت - بايراملىق كىيىملىرىڭلارنى كىيىپ مەكتەپكە كېلىڭلار. قالغان كونكرت تەييارلىق ئىشلىرىغا سىنىپ مۇدىرلىرى مەسئۇل بولىدۇ. ئەمدى سىنىپىڭلارغا قايتىپ قارشى ئېلىش مەشىقىنى قىلىڭلار، - دېدى. بىز سىنىپقا كىرگەندىن كېيىن ئابدۇرۇسۇل مۇئەللىم ئەتە ئۆتكۈزۈلىدىغان قارشى ئېلىش مۇراسىمىدا توۋلايدىغان شوئارلانى ئۆگىتىشكە باشلىدى.

- ياشىسۇن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى!

- ياشىسۇن جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى!

- ياشىسۇن رەئىس ماۋزېدۇڭ!

- ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىنىڭ قەشقەرگە كىرگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز!

بىز گەرچە بۇ شوئارلارنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىسەكمۇ، مۇئەللىمگە ئەگىشىپ قايتا - قايتا توۋلاپ ئاخىرى ئۆگىنىۋالدۇق.

ئۇنىڭدىن كېيىن مۇئەللىم بىزنى مەيدانغا باشلاپ چىقىپ، تۆتىمىزنى بىر قاتار قىلىپ تىزدى، «بىر، ئىككى، ئۈچ، بىر، ئىككى، ئۈچ...» دەپ كوماندا بېرىپ ماس قەدەم بىلەن رەتلىك مېڭىشنى تەكرار مەشىق قىلدۇردى. ھەممىمىزنىڭ پۈتى رىتىمغا چۈشكەندىن كېيىن، مۇئەللىم سۆز باشلاپ:

- ئەتە سائەت سەككىزدىن بۇرۇن چىرايلىق كىيىنىپ،

خانىلىق سانلارغىچە ئوقۇپ يازالايدىغان ھالەتكە يەتتىم. باشقا بالىلارغا قارىغاندا ساۋادىمنىڭ خېلى تېز چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سىنىپ مۇدىرىمىز مېنى سىنىپقا ئۆگىنىش باشلىقى قىلىپ قويدى. ۋەزىپەم ھەركۈنى ساۋاقداشلىرىمنىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرىنى يىغىپ مۇئەللىمگە تاپشۇرۇپ بېرىش ئىدى. مەن تۇنجى ئېرىشكەن بۇ «مەنسەپ»تىن ناھايىتى خۇش بولدۇم. شۇ «مەنسەپ»نىڭ ھىدايىتى بىلەن ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىمدا ئىزچىل مەنسەپدار بولۇپ ئۆتتۈم.

ھاياتىمدىكى ئەڭ ئۇنتۇلماس مىنۇتلار، ئېھتىمال 1949 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى بولسا كېرەك، بىز دەرسنى تۈگىتىپ ئۆيگە قايتىش ۋاقتىدا ئابدۇرۇسۇل مۇئەللىم سىنىپقا كىرىپ:

- ھازىر رەتلىك تىزىلىپ مەيدانغا چىقىڭلار، شوجاڭ (مەكتەپ مۇدىرى) مۇھىم خەۋەر يەتكۈزىدۇ، دېدى - دە، ئۆزى باش بولۇپ بىزنى قاتار تىزىپ مەيدانغا ئېلىپ چىقتى. مەيدانغا ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار لىق تولۇپتۇ. مەيداننىڭ ئالدىدىكى ئاددى سەھنىگە مەكتەپ مۇدىرى بارات مۇھەممەد چىقىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

- ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلماي، ھەممىڭلار تىنچلىنىڭلار، مەن ھازىر سىلەرگە بىر خۇشخەۋەر يەتكۈزىمەن. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەئىسى ماۋزېدۇڭ، باش قوماندان جۇدې باشچىلىقىدىكى جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى قان كېچىپ كۈرەش قىلىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى يوقىتىپ، پۈتۈن جۇڭگونى ئازات قىلدى. جۈملىدىن ئۆلكىمىز شىنجاڭمۇ تىنچلىق بىلەن ئازات بولدى. بۇ ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش ھەممىمىزنى چەكسىز خوشال قىلىدۇ. ئەتە چۈشتىن بۇرۇن جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ تەركىبى قىسمى

قىيپاش ئۇدۇلىدىكى قىزلار شۆبە مەكتىپىنىڭ ئالدىدىكى كۆل بويىغا ئورۇنلاشتى.

- شەھەردىن باشلىقلار چىقىپتۇ. - دېيىشتى ئەتراپىمدىكىلەر چوڭ يولنىڭ شەھەرگە سوزۇلغان تەرىپىگە باشلىرىنى سوزۇشۇپ.

راس دېگەندەك شەھەر تەرەپتىن كەلگەن ئىككى لاتا پىكاپ ئالدىمىزدىن ئۆتۈپ مەكتەپ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئارقىدىن ئات قوشقان ئۈچ - تۆت مەپە چىقىپ، ئۇلارمۇ مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىپ، مەيداندا توختىدى. مەكتەپ ئىچىدىمۇ سېرىق شەپكىلىك ئەسكەرلەر بىلەن قارا كۆك كىيىملىك ساقچىلار پوسقا تۇرۇپتۇ. شۇ ئەسنادا ئىككى ئاتلىق ئەسكەر شامپاچچا تەرەپتىن ئۇچقاندەك كېلىپ:

- ئۇلار سايغا (شامپاچچانىڭ ئۇ يېقىدا كەڭ سوزۇلغان تاشلىق جىلغىنى كىشىلەر ساي دەپ ئاتايتتى) كەلدى. يەنە 15 مىنوتقا قالماي بۇ يەرگە يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. شۇ ئەسنادا ئون نەچچە ھەربىي ۋە مۇلكى ئەمەلدارلار قوغدىغۇچى ئەسكەرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپ، قىزلار مەكتىپىنىڭ ئالدى تەرىپىگە قۇرغان چاجاڭ (قارشى ئېلىش سۇپىسى) تەرەپكە ماڭدى.

ھەربىي دۇخۇي ئەترىتى كاناي، مىزگانلىرىنى چېلىشقا باشلىدى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىن دۇمباق، ناغرا - سۇنايلارنىڭ ئاۋازى ياڭراپ، كۆكنى لەرزىگە كەلتۈردى.

- ئەنە، ئەنە، - كەپتۇ - دېيىشىپ ھەممىمىز بېشىمىزنى چاجاڭ تەرەپكە سوزۇشتۇق. قولىمىزدىكى ئۇچبۇرجەكلىك قەغەز بايراقلارنى لەپىلدىتىپ «قارشى ئالىمىز»، «ياشىسۇن، ياشىسۇن!» دەپ شوئار توۋلاشتۇق.

مەكتەپكە كېلىپ بولىشىڭلار كېرەك. ئاندىن مەيدانغا مۇشۇ رەت بويىچە تىزىلىسىلەر، بەلگىلەپ بەرگەن ئورۇنغا چىققاندىن كېيىن، تاكى قارشى ئېلىش ئاخىرلاشقۇچە سەپتىن قەتئىي ئايرىلمايسىلەر. ئۇياق ـ بۇياققا كېتىشكە رۇخسەت يوق، ئەمدى ئۆيۈڭلارغا قايتىڭلار، دېدى.

بىز تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن مىنۇتلار ئاخىرى يېتىپ كەلدى.

بۈگۈن سەھەردىلا قازىرىق مەكتەپنىڭ ئالدى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان ئىدى.

چوڭ يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئادەملەر توپىنىڭ قىستاڭچىلىق ۋە قالايمىقانچىلىقلىرىنى تەرتىپكە سالىدىغان ساقچىلار ۋە ئەسكەرلەر باپكانىڭ موكىسىدەك ئۇياندىن ـ بۇيانغا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ھۆكۈمەت تەشكىللىگەن قارشى ئېلىش سېپىنىڭ بېشى قازىرىقنىڭ يۇقىرىسىدىكى شامپاچچا (شاھ پاشا) دىن باشلىنىپ، قەشقەر شەھىرىگىچە تۇتاشقانىكەن. بىزنى سىنىپ مۇدىرلىرى يېتەكلەپ مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

ھەممىمىزنىڭ قولىدا مەكتەپ تارقىتىپ بەرگەن ئۈچ بولۇڭ شەكىلدىكى كىچىك قەغەز بايراق بار ئىدى. ئالدى رەتكە كىچىك ئەپەندىم (ئابدۇقادىر ئابدۇللا مۇئەللىم ياش جەھەتتە باشقا مۇئەللىملەردىن كىچىك بولغاچقا، ئۇ كىشىنى كىچىك ئەپەندىم دەپ ئاتايتتۇق) باشلامچىلىقىدا مەكتىپىمىزنىڭ مىزگان ـ دۇمباقچىلار ئەترىتى تىزىلدى. شۇ ئاردا شەھەر تەرەپتىن ھەربىيچە كىيىنگەن دوخۇي مۇزىكا ئەترىتى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا تۆتتىن قاتار تىزىلغان ئوفىتسېر جەڭچىلەر كاماندىرىنىڭ «يى، ئېر، سەن...» دەپ توۋلىغان ئاۋازىغا جور بولۇپ، ئالدىمىزدىن ئۆتتى. ئۇلار بىز تۇرغان دەرۋازىنىڭ

ئايرىدۇرۇمىنىڭ ئورنى) تەرەپتىن قەشقەرگە كىرگەن جوڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ كاماندىر، جەڭچىلىرىگە ئوخشىمايتتى.

بۇ ئاتلىق چەۋەندازلار ناھايىتى روھلۇق ۋە جاسارەتلىك ئىدى. ھەممىمىز ئۇلارنى تېخىمۇ ئېنىقراق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن، بىر - بىرىمىزنى قىستاپ، سېپىلنىڭ ئالدىغىراق ئۆتۈشكە تىرىشاتتۇق. تەرتىپ ساقلىغۇچى ساقچىلار ۋە يۇقىرى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن «ئىزچىلار» قالايمىقانچىلىق چىقىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، قارشى ئالغۇچىلارنىڭ چوڭ يولغا كىرىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلمايتتى. ئۇلار بىزنىڭ ئالدىمىزغا يېتىپ كەلگەندە، ئەتراپنى زىلزىلىگە سالغۇدەك بىر مارشنى توۋلىدى.

*كۆچلۈك قوللاردا مەدەنىي قورال،*
*كاڭغا ئايلاندى مۇشتۇملىرىمىز.*
*بىزدە يېڭىلىش يوق، ھەرگىز قايتمايمىز،*
*يەكسان بولمىغىچە دۈشمەنلەرىمىز.*

ئۇلارنىڭ ئارغىماقلىرىمۇ ئۇزۇن مۇددەت مەشىقلەندۇرۇلگەن بولسا كېرەك، ئاتلارنىڭ تەكشى قەدىمى ناخشىنىڭ رىتىمىغا ماس ئىدى. ئۇلار ئاستا - ئاستا قازىرىق مەكتەپ ئالدىدىن يىراقلىشىپ، ئايىغى ئۈزۈلمىگەن قارشى ئالغۇچىلارنىڭ سېپىگە سىڭىپ كەتتى.

كېيىنچە چوڭ بولۇپ ئەقىل تاپقاندا، بۇ مىللىي ئارمىيىنىڭ تەكتىنى ئاندىن چۈشەندۇق. 1940 - يىللارنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قېنىنى شورىغان جاللات شىڭ شىسەي مۇستەبىت ھاكىمىيىتى

تېخى چۈشىمىزدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان ھەيۋەتلىك ۋە جاسارەتلىك ئاتلىق ئەسكەرلەر كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولدى. «ئىزچىلار» بىزنى ئەرتىپلىك بولۇشقا چاقىراتتى.

سەپنىڭ ئالدىدا ئېگىز چىپار ئارغىماق مىنگەن، بېشىغا كۆك رەڭ ئاركولدىن تىكىلگەن، پېشانىسىگە بەش يۇلتۇز تاقالغان قولاقچا، ئۇچىسىدا ھەربىيچە نىلرەڭ سوكنا پەلتۇ، مۈرىسىدە ئالتۇن ھەللىك پاگون، كەلەپ شىم، پۇتىغا كاپكازچە چىگىرىن ئۆتۈك كىيگەن، بىلىدىكى جىگەررەڭ خۇرۇم كەمەرنىڭ سول تەرىپىگە قىزىل خۇرۇم قاپلىق ناگان (تاپانچا)، ئوڭ تەرىپىگە ئۇزۇن قىلىچ ئاسقان سۈرلۈك بىر قوماندان كېلىۋاتاتتى. (كېيىن ئاڭلىساق بۇ كىشى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ قەشقەرگە يۈرۈش قىلغان 13 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ قوماندانى مەتىمىن ئىمىنوپ ئىكەن) ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بەش يۇلتۇزلۇق دۆلەت بايرىقى كۆتۈرگەن، جەدە ئارغىماق مىنگەن، كىيىنىشى ئالدىمدىكى قوماندانىنىڭكىگە ئوخشايدىغان ئاق پىشماقراق، ئوتتۇرا بوي بىر ھەربىي (ئۇقۇشىمىزچە بۇ كىشى ئاشۇ ئاتلىق قىسىمنىڭ سىياسى كومىسسارى مامۇتوپ قۇربان ئىكەن) ئۇنىڭ كەينىدە قارا ئارغىماق مىنگەن ئۈچ ھەربىي سول قولىدا ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ، ئوڭ قولىدا قىلىچىنى كۆتۈرگەن ھالەتتە كەلمەكتە. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاق ئاتلىقلار، قارا ئاق قاشقىلىق جەدە ئارغىماقلىقلار... ئۆز رەڭ بويىچە تۆتتىن قاتار بولۇپ ئاتلىرىنى تەكشى قەدەمگە سېلىپ پاراتتىن ئۆتمەكتە. بۇ ئۇيغۇر جەڭچىلەرمۇ ئوخشاش كىيىنگەن بولۇپ، كۆكرىكىگە تەخسىلىك ئاپتومات ئېسىۋالغان ئىدى. بەزىلىرى مەيدىسىگە قەھرىمانلىق ئوردېنلىرىنى تاقىۋالغان بولۇپ، تولىمۇ ھەيۋەتلىك بۇ ئاتلىق ئەسكەرلەر توپى چىراي ـ شەكلى، كىيىۋالغان كىيىم ـ كېچەكلىرى، ناخشا ـ مارشلىرى مۇندىن بىر ئاي بۇرۇن زوڭقۇرۇل (قەشقەر

ھۆججەت ئىمزالىدى. تىنچلىق بىتىمىنىڭ روھىغا ئاساسەن 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىپ، گومىنداڭ غەربىي شىمال ئارمىيىسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ باش ئەمەلدارى جاڭ جىجۇڭ قوشۇمچە رەئىسلىكىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار مۇئاۋىن رەئىسلىكىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. 1947 ـ يىلى 8 ـ ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تىنچلىق بىتىمىگە خىلاپلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقى تۈپەيلى، بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلىنىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى تەرەپنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىدىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي بازىسى ئىلىغا قايتىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىككى تەرەپ ماناس دەرياسىنى چېگرا قىلغان ھالدا ئۆزئارا تىركىشىشتەك ۋەزىيەت شەكىللەندى.

1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى بىرىنچى نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، گېنېرال ئىسھاق بېك قاتارلىق بەش كىشى تەكلىپىگە بىنائەن يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا كېتىۋاتقان سەپىرىدە بەختكە قارشى ئايروپىلان ۋەقەسىگە ئۇچراپ قازا بولدى. ئۇلارنىڭ ئورنىدا سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق ئۈچ كىشى ۋەكىل بولۇپ، بۇ يىغىنغا قاتناشتى.

9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن «ئازات» بولغاندىن كېيىن، 10 ـ ئايدا جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى بۇيرۇقىغا ئاساسەن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا كىرىشكە باشلىدى. 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت

گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئاتقاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى زۇلمى تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلىغان. 1944 - يىلى 3 - ئايدا گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىك ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىغا، گومىنداڭ ئارمىيىسىگە ئون مىڭ تۇياق ھەربىي ئات ئىئانە قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈرگەنىدى. بۇ بۇيرۇق باج - سېلىقنىڭ ئېغىرلىقىدىن ھالى قالمىغان چارۋىچىلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ، ئالدى بىلەن ئىلى ۋىلايىتىنىڭ نىلقا ناھىيىسىدە ئات ئىئانە قىلىشقا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ پارتلىدى. قوزغىلاڭچىلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، ئۈچ چوڭ پارتىزان ئەترىتىگە تەرەققى قىلدى. 1944 - يىلى 10 - ئايدا ھەر مىللەتتىن تەشكىللەنگەن پارتىزانلار ئەترىتى نىلقا بازىرىنى ئىشغال قىلىپ، شىنجاڭ ھەرمىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوراللىق كۈرەشنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. 1945 - يىلى 4 - ئايدا ھەر قايسى جايلاردىكى پارتىزانلار ئەترەتلىرى بىر تۇتاش تەشكىللىنىپ، مىللىي ئارمىيە بولۇپ قۇرۇلدى. 1945 - يىلى 9 - ئايدا بۇ مىللىي ئارمىيە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى ئازات قىلىپ، مۇنتىزىم قۇدرەتلىك بىر قوشۇنغا ئايلاندى. 1945 - يىلى قىشتا ھەر قايسى ۋىلايەتلەردىكى مىللىي ئارمىيە ۋەكىللىرى ئىلىدا ۋەكىللەر يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بارغانسېرى كۈچىيىپ، پۈتۈن شىنجاڭغا كېڭىيىۋاتقان ھالقىلىق مەزگىلدە گومىنداڭ مەركىزى ھۆكۈمىتى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى» ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. نەتىجىدە 1946 - يىلى 1 - ئايدىن 6 - ئايغىچە ئىككى تەرەپ رەسمى 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى ۋە قوشۇمچە ئىككى

ئەسكەرلەردىن بىرەرسى «گۇن...» دەپ ۋارقىرىسا، ھەممىمىز ئارقىمىزغا بەدەر قاچاتتۇق. بۇ بىزگە ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئويۇن بولۇپ تۇيۇلاتتى.

بۇگۇنمۇ يەنە شۇ ئويۇننى ئويناش مەقسىتىدە ئۈچ - تۆت ئاداشلىرىم بىلەن تاشيولغا چىقساق، مەسچىتنىڭ ئالدىدا قاتار تۇرغان مىلتىقلىق ئەسكەرلەر بىزنى توسۇۋالدى. بىلىكىگە ئالقاندەك كەڭلىكتە قىزىل لاتا چىگىۋالغان بىرسى يېنىمىزغا كېلىپ خەنزۇچە بىر نېمىلەرنى دېدى. لېكىن نېمە دېگەنلىكىنى بىز بىلمىدۇق. ئۇلارنىڭ ئىشارىتى بويىچە بىز ئارقىمىزغا قايتىپ ئىشىك ئالدىغا كەلسەك، سەلەي تاغام (ئانامنىڭ ئاكىسى) ھويلىدىن چىقىپ:

- بالىلىرىم، ئەمدى يولغا چىقماڭلار، ئەتە مۇشۇ يول بىلەن ئازاتلىق ئارمىيە قەشقەرگە كىرىدىكەن. ئۇلارنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت ھازىردىن باشلاپ تەييارلىق قىلىۋېتىپتۇ. شۇڭا سىلەر باغقا كىرىپ ئويناڭلار، دېدى. ئەتە مەھەللىمىزدىن ئۆتىدىغان ئازاتلىق ئارمىينى كۆرۈشكە قىزىقىپ، بۇگۇن بوچىدىكى ئۆيگە كەتمەي چوڭ ئانامنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدىم. ئەتىسى سەھەردىلا باشلانغان ناغرا - دۇمباق، كاناي - سۇنايلارنىڭ ھەيۋەتلىك ئاۋازىدىن ئويغىنىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم.

ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىدىكى تاشيولنىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگىچە ئادەملەر سانجاق - سانجاق بولۇپ تىزىلىپتۇ. مەسچىتنىڭ ئۆگزىسىدە ناغرا - سونايلار ياڭرىماقتا. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئەسكەرلەر قاتار تىزىلىپ تەرتىپ ساقلىماقتا. بىزدەك كىچىك بالىلارنىڭ بۇ توپنىڭ ئارىسىغا كىرىشى زادىلا مۇمكىن ئەمەسكەن. مەن بىر قانچە ئاداشلىرىم بىلەن ئۆيىمىزنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىۋالدىم. كۆن نەيزە بويى

ئىنقىلابىنىڭ قوراللىق مىللىي ئارمىيىسى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى بىلەن ئۇچراشتى ھەمدە جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ 5 - جۇنى (كورپۇسى) قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىندى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئىستىبدات تۈزۈمىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازات بولۇشىغا زور تۆھپە قوشتى. شۇڭا رەئىس ماۋزېدۇڭ ئەخمەتجان قاسىمى ۋە سەبداشلىرىغا يازغان خېتىدە: «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو خەلق دېموكراتىيە ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى» دەپ باھا بەرگەن.

مەن تۇنجى قېتىم قارشى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولغان ئاتلىق ھەربى قىسىم ئاشۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن مىللىي ئارمىيىنىڭ ئىلىدىن بىۋاسىتە مۇز داۋان ئارقىلىق قەشقەرگە كىرگەن جەڭگىۋار ئاتلىق قىسمى ئىكەن. يەنە ئون - ئون بەش كۈنلەردىن كېيىن، باغئېرىقتىكى ھەززىخان (تولۇق ئاتىلىشى ئەزىزخېنىم) چوڭ ئانامنىڭ ئۆيىدە ئۆگزىسىدە تۇرۇپ، ئۆتكەنكىدىنمۇ داغدۇغىلىق قارشى ئېلىش پائالىيىتىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. ئېھتىمال 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى بولسا كېرەك، چوڭ ئانامنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن باغئېرىققا كەلگەن ئىدۇق. چوڭ ئانامنىڭ ئۆيى ئۈرۈمچى قەشقەر تاشيولىنىڭ بويىدا بولۇپ، ئۆيىنىڭ قارشىسىدا مۆيدىن بەگنىڭ چوڭ مەسچىتى بار ئىدى. ئوتتۇرىدىكى تاشيولدا ماشىنىلار گۈركىرەپ ئۆتۈپ تۇراتتى. مەسچىتتىن بەش يۈز قەدەم يىراقلىقتا گومىنداڭنىڭ بىر ھەربى گازارمىسى بار ئىدى. مەن ھەر قېتىم باغئېرىققا كەلگەندە، مەھەللىدىكى ئاداشلىرىم بىلەن بۇ گازارما تېمىنىڭ يوچۇقلىرىدىن مارىشىپ، ئەسكەرلەرنىڭ ھەرخىل ھەربىي مەشىقلىرىنى قىزىقىپ كۆرەتتۇق. ناۋادا بىزنى كۆرۈپ قالغان

ئۈچ نەپەر كوماندىر ھەربىيچە سالام بىلەن مەزمۇت قەدەم تاشلاپ يېتىپ كەلدى. قارشى ئېلىشنى كۈتۈپ تۇرغان ھەربىي باشلىقلار، قەشقەرنىڭ ۋالىيلىرى، يۇرت كاتتىلىرى ۋە دىنىي زاتلارنىڭ ۋەكىللىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. شۇ ئەسنادا ئۈچ قىز ئوقۇغۇچى بىر دەستىدىن گۈل كۆتۈرۈپ كېلىپ، قەشقەر خەلقىنىڭ كۆڭۈل سوۋغىسى سۈپىتىدە ئۇلارغا سوۋغا قىلدى. بۇ ئۈچ گېنېرالنىڭ ئارقىسىدىن بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى ئېگىز كۆتۈرگەن بىر بايراقچى، كەينىدە ئۈچ مىزگانچى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بويىنغا يېنىك ئاپتومات ئاسقان جەڭچىلەر تۆتتىن قاتار بولۇپ، «سەندا جىلۇ باشاڭ جۈيى» (ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەت) دېگەن قىزىل ئارمىيە مارشىنى ياڭرىتىپ ئالدىمىزدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. ئاپتوماتلىق ئەترەتنىڭ ئارقىسىدىن ئېغىر پىلىموت ئەترىتى (ئېغىر پىلىموتنى تۆت جەڭچى، يېنىك پىلىموتنى ئىككى جەڭچى مۈرىسىگە ئالغان) ئۇلارغا ئۇلىشىپ يەنە باشقا ئىككى قوراللىق ئەترەت خۇددى باھاردا ئۇچۇپ كەلگەن تورنىلاردەك سەپ تۈزۈپ ئالدىمىزدىن ئۆتمەكتە. ھەربىر ئەترەتنىڭ ئارقىسىدا قازان - قومۇچ، داس - چىلەك، قاسقان قاتارلىق تاماق ئېتىش قۇراللىرىنى ئەپكەش بىلەن كۆتۈرگەن ئارقا سەپ جەڭچىلىرى سەپ تۈزۈپ ئۆتتى. ئالاھەزەل بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. سەپنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا بىر نەچچە كوزۇپلۇق ماشىنا يول ئۈستىدە پۇتى يارىلىنىپ ماڭالماس بولۇپ قالغان ھەمدە تويۇقسىز ئاغرىپ ھالىدىن كەتكەن بىمار جەڭچىلەرنى سېلىپ كالا ھارۋىسىدەك ئاستا ئۆتۈشكە باشلىدى. بۇ جەڭچىلەر چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، باش - كۆزلىرى توپا - چاڭغا مىلەنگەن ھالدا ناھايىتى ھارغىن كۆرۈنسىمۇ، لېكىن روھى ئىنتايىن كۆتۈرەڭگۈ، جۇشقۇن ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى

ئۆرلىگەندە شەرق تەرەپتىن ئىككى جىپ ماشىنا چىقىپ، ئۇدۇل رۇڭخۇرۇل تەرەپكە ماڭدى. بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن يەنە ئىككى لاتا پىكاپ، ئىككى ئۈچ مەپە چىقىپ، مەسچىد يېنىدىكى كۆلنىڭ بويىدا توختىدى.

پىكاپ ۋە مەپىدىن بىر قانچە سالاپەتلىك ھەربىي باشلىقلار ۋە مۇلكى ئەمەلدارلار، يوغان سەللە ئورىغان يۇرت كاتتىلىرى چۇشۇپ مەسچىت قارشىسىدىكى مۆيدىن ھاجىمنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەتتى. مەسچىد دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىگە «ياشىسۇن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى» دەپ يېزىلغان قىزىل لوزۇنكا ئېسىلغان ئىدى. تاشيولنىڭ ئىككى قېتىغا ئىككى ئىگىز تۈۋرۈك قادالغان بولۇپ، «جوڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ قەشقەرگە كىرگەنلىكىنى قارشى ئالىمىز» دەپ يېزىلغان چوڭ لوزۇنكا ئىككى تۈۋرۈككە مەھكەم ئېسىلغان ئىدى. قارشى ئالغۇچىلارنىڭ سېپى ئۈچمىرىۋان (قەشقەر ئايرىدورۇمىنىڭ ئۈستى تەرىپى)دىن قەشقەر شەھىرىگىچە سوزۇلغان بولۇپ، قارشى ئالغۇچىلارنىڭ قولىدىكى بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقلار لەپىلدەپ تۇراتتى.

رۇڭخۇرۇل تەرەپتىن ئۇچقاندەك كەلگەن بىر لاتا پىكاپتىن ئىككى خەۋەرچىنىڭ «كەلدى، كەلدى...!» دېگەن ئاۋازلىرى بىلەن تەڭ داقا - دۇمباق، شوئار سادالىرى ياڭراشقا باشلىدى. مۆيدىن ھاجىمنىڭ ھويلىسىدىن ھېلىقى سالاپەتلىك باشلىقلار، يۇرت كاتتىلىرى چىقىپ، لوزۇنكا ئالدىدا ئۇلارنى كۈتۈپ تۇردى.

يىراقتىن ھەيۋەتلىك ناخشا ئاۋازى كۆتۈرۈلدى. ناخشىغا جور بولۇپ رەتلىك قەدەملەر بىلەن سەپ تارتىپ كېلىۋاتقان ئەسكەرلەر كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولدى.

سەپنىڭ ئالدىدا ماش رەڭلىك ھەربىي شىنىل كىيگەن

جەڭچىلەرنى يېتەكلەپ، ھەقىقەتكە قايتىدىغانلىقىنى، شۇ كۈندىن باشلاپ گومىنداڭ قالدۇق ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىدىن ئۈزۈل - كېسىل ئالاقىنى ئۈزۈپ، جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى باشچىلىقىدىكى خەلق دېموكراتىيە لاگېرىغا ئۆتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئەتىسى 26 - سىنتەبىر شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدىمۇ يۇقىرىقى مەزمۇندا بايانات ئېلان قىلىپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتكە تېلېگىرامما يوللىدى. ماۋزېدۇڭ بىلەن جۇدې بۇ تېلېگىراممىلارنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۇلارغا جاۋاب تېلېگىرامما يوللاپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازات بولغانلىقىنى جاكارلىدى ھەمدە شىنجاڭغا قاراپ يول ئالغان خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، خەلق دېموكراتىك ھاكىمىيىتىنى تىكلەپ، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىردى.

شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقاندىن كېيىن، نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى تېزرەك ئازاپ - ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، باش قوماندان جۇدې بىلەن مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەينىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن غەربىي شىمال دالا ئارمىيىسى 1 - بېڭتۇەننىڭ قارمىقىدىكى 2 - ۋە 6 - جۈن (كورپۇس) نى باشلاپ شىنجاڭغا قاراپ يول ئالدى. ئۇلار قومۇلغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىككى سەپكە ئايرىلدى. 2 - جۈننىڭ قوماندانى گوفېڭ، سىياسى كومىسسارى ۋاڭ ئېنماۋلار بۇيرۇققا بىنائەن 2 - جۈننى باشلاپ قومۇلدىن ئۇدۇللا قەشقەرگە، لويۈەنغا، جاڭ شىيەنيۆلەر باشچىلىقىدىكى 6 - جۈن ئۈرۈمچىگە ۋە شىمالى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى.

2 - جۈننىڭ كوماندىر جەڭچىلىرى ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن

ئۈچىنچىسىغا بىر قىلىپتا تىكىلگەن تۆت يانچۇقلۇق ماشرەڭلىك كىيىم، چىكىلىكىنىڭ ئۈستىگە نۇر چېچىپ تۇرغان بەش يۇلتۇزلۇق كاكار تاقالغان ئۇزۇن قولاقلىق پاختىلىق شەپكە، پۇتىغا پاختىلىق لاتا خەي ياكى چۇخەي كىيىپ، پاچىقىغا تىزىغىچە «گودەيزى» باغلىۋالغان ئىدى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا سەپراس تۇرغان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى جەڭچىلەرگە قوللىرىدىكى ئالما، ئانار، ئامۇت، تۇخۇم قاتارلىقلارنى سوناتتى... سەپنىڭ ئاخىرى ئۈزۈلگەندىن كېيىن، قارشى ئالغۇچىلار توپى ئۇلارغا ئەگىشىپ، شەھەر تەرەپكە ئاقتى. تەرتىپ ساقلىغۇچىلارمۇ قايتىشقا باشلىدى. ئۆگزىلەرگە چىقىۋالغان مەن دېمەتلىك باللارمۇ ئۆگزىدىن چۈشۈپ كوچىغا قاراپ ئېتىلدى. بۈگۈنكى بۇ ھاياجانلىق مىنوتلار باللىق قەلبىمنى لەرزىگە سالغان ئىدى. شۇڭا مۇشۇ خاسىيەتلىك كۈندىكى تەسىراتىم ھازىرغىچە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. ئەقىل تېپىپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ قەشقەرگە كىرىشىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئىشلارغا شاھىد بولغان پېشقەدەملەرنىڭ تارىخي ئەسلىمىلىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن باللىقىمدا ئۇچراشقان ئاشۇ جەڭچىلەرنىڭ كىملىكى ھەققىدە ئۇچۇرلارغا ئىگە بولدۇم. ئۇنىڭ جەريانى مۇنداق ئىكەن.

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي گارنىزون قوماندانلىق شتابىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال تاۋ سىيۇ بىلەن مۇئاۋىن باش قوماندانى، قوشۇمچە جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق شتابىنىڭ جوڭجىياڭ دەرىجىلىك قوماندانى جاۋ شىگۇاڭ بىرلىكتە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ۋە خەلق ئىنقىلابى ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋزېدۇڭغا، جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى جۇدېغا تېلېگرامما يوللاپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى 100 مىڭ كوماندىر -

2 ـ جۇن (كورپۇس) نىڭ قوماندانى گوفېڭ، سىياسى كومىسسارى ۋاڭ ئېنماۋ، مۇئاۋىن جۇن باشلىقى دۇن شىگيۇەن، مۇئاۋىن سىياسى كومىسسارى زىڭ گۇاڭمىڭ قاتارلىق ھەربىي باشلىقلار، 2 ـ جۇندىن ئون نەچچە كۈن بۇرۇنراق قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن مىللىي ئارمىيە 5 ـ كورپۇس 13 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ قوماندانى مەتتىمىن ئىمىنوپ، سىياسى كومىسسارى ماموتوپ قۇربان، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قاتارلىق باشلىقلار بىلەن بىرلىكتە قىسىمنىڭ ئالدىدا ماڭدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا («八一» 1 ـ ئاۋغۇست) خېتى يېزىلغان ئازاتلىق ئارمىيە بايرىقى ۋە بەش يۇلتۇزلۇق دۆلەت بايرىقىنى كۆتۈرگەن ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ ئوفېتسېر ـ جەڭچىلىرى، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ۋە گومىنداڭنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملىرى، ئاخىرىدا ھەر مىللەت خەلقىدىن تەشكىللەنگەن قارشى ئېلىش قوشۇنى ئايرىم سەپ بولۇپ تىزىلدى. يۇقىرىقى باشلىقلار ھېيتگاھ ئالدىدىكى رەئىس سەھنىسىگە چىقىپ بىر ـ بىرى بىلەن يەنە بىر قېتىم قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، ۋاڭ ئېنماۋ، جاۋ شىگۋاڭ ۋە ئابدۇكېرىم مەخسۇملار ناھايىتى قىسقا ئەمما تەسىرلىك قارشى نۇتقى سۆزلىدى. سەپ بولۇپ تۇرغان ئازاتلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى قىزىل ئارمىيە مارشى «ئۈچ چوڭ ئىنتىزام سەككىز دىققەت»نى كۆككە ياڭرىتىپ، رەتلىك ھالدا يىغىنغا تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. شۇ كۈنى كەچتە گېنېرال جاۋ شىگۋاڭ يىغىنغا ناھىيە بازىرىدىكى كولۇپتا ئازاتلىق ئارمىيە بىلەن ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارنىڭ بىرلەشمە دوستلۇق يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. سىياسىي كومىسسار ۋاڭ ئېنماۋ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، ماۋجۇشى، باش قوماندان جۇدېگە ۋاكالىتەن ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملاردىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەردىن

كونا يۇك ماشىنىلىرىدا بەزىدە ئۇلتۇرۇپ، بۇزۇلغان ماشىنىلارنى مۇرىسىدە ئىتتىرىپ مىڭبىر مۇشەققەتتە قاراشەھەر ۋىلايىتىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇيرۇققا بىنائەن قالغان يولنى پىيادە بېسىشقا مەجبۇر بولدى. چۈنكى كۆپ ماشىنىلار يولدا كېرەكتىن چىققان. رېمونت سايمانلىرى كەمچىل، ماي يېقىلغۇلار يېتىشمەسلىك قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاپتوموبىل ترانسپورتى بىلەن يول يۈرۈش مۇمكىنچىلىكى بولماي قالدى. شۇنىڭ بىلەن 2 ـ جۇندىن ئالدىن ئەۋەتىلگەن 4 ـ دېۋىزىيىنىڭ كەڭ كوماندىر جەڭچىلىرى تولۇپ تاشقان يۈكسەك ئىنقىلابىي جاسارەت، پولاتتەك ئىنقىلابىي ئىرادە بىلەن 26 كۈن پىيادە يۈرۈش ئارقىلىق 2390 چاقىرىم (1195 كىلومېتىر) ئۇزۇن سەپەرنى بېسىپ، 1949 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەركىزى شەھەر قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ، يۈز مىڭغا يېقىن ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. ئەنە شۇنداق داغدۇغىلىق قارشى ئېلىشقا ئېرىشكەن خەلقنىڭ بۇ پەرزەنت قوشۇنلىرى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ گۈلدۈرمامىدەك ياغدۇرغان ئالقىشلىرى، كۆككە ياڭرىغان ناغرا ـ سۇناي سادالىرى ئىچىدە مەزمۇت قەدەم تاشلاپ، قەشقەرنىڭ يۈرىكى ھېيتگاھ مەيدانىغا يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ شەھەرگە كىرىش مۇراسىمى باشلاندى. شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق شىتابىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى، جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق شىتابىنىڭ قوماندانى، قوشۇمچە قەشقەردە تۇرۇشلۇق تەرتىپكە سېلىنغان 42 ـ دېۋىزىيىنىڭ باشلىقى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى گېنېرال تاۋسىيۇ بىلەن بىرلىكتە ھەقىقەتكە قايتىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولۇشىدا ئۈچمەس خىزمەت كۆرسەتكەن گېنېرال جاۋ شىڭۋاڭ، جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى

مەيدانىغا قادالغان ئېگىز خادىنىڭ ئۈستىدىكى ئون ئىككى بايراقلىق كۆك يۇلتۇزنىڭ ئورنىنى بەشيۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق ئىگىلىدى. بايراق چىقىرىش مۇراسىمىدا بۇرۇنقى «سەنمىنجۇيى» نى ئېيتماي، دۆلەت گىمىنى «قوزغال قۇل بولۇشنى خالىمىغانلار، گۆش ۋە قېنىمىز بىلەن مەھكەم ئىستىھكام قۇرايلى!...» دېگەن ناخشىنى ئېيتىدىغان بولدۇق. مۇئەللىملىرىمىز دەرس باشلاشتىن بۇرۇن بىر نەچچە مىنۇت ۋاقىت ئاجرىتىپ، دەۋرنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازات بولغانلىقىنى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى باشچىلىقىدىكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى ئىشچى - دېھقانلارنى ئاساس قىلغان كەڭ جۇڭگو مېھنەتكەشلىرىنىڭ پەرزەنت قوشۇنى ئىكەنلىكىنى، بىزنىڭ ئەمدى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپ دەۋرىگە كىرگەنلىكىمىزنى... ناھايىتى ئاددى، چۈشىنىشلىك ھالدا سۆزلەپ بېرىدىغان بولدى. غەزەل مۇئەللىمىمىز ئابدۇقادىر ئابدۇللا بىر ھەپتە ئىچىدىلا «دۆلەت مارشى - «قوزغال» ناخشىسى بىلەن ئازاتلىق ئارمىيە مارشى - «ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەت» دېگەن ناخشىنى ئۆگىتىپ قويدى. تەنتەربىيە دەرسىدە بۇ ناخشىلارنىڭ رىتىمىغا پۇتىمىزنى كەلتۈرۈپ قەدەم تاشلاشنى مەشىق قىلاتتۇق. دەرۋەقە شۇ كۈنلەردىن باشلاپ بىزدەك مەكتەپ بالىلىرىدىن تارتىپ، مەھەللىمىزدىكى چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قىياپىتىدە يېڭى ئۆزگىرىش بولىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. ھەر كۈنى سەھەر ۋە كەچتە مەن باغئېرىقتىكى ئۆيىمىزنىڭ ئۆگزىسىدە تۇرۇپ، قارشى ئالغان ئازاتلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى ئۈچ - تۆتتىن بولۇپ مەكتىپىمىز ئالدىدىكى چوڭ يولدا، يۇرتىمىزدىكى كوچا - كوي، مەھەللىلەردە سۆگەت تېلىدا توقۇلغان ئىككى

ئەڭ سەممىي ھال سورىدى ھەمدە ھەقىقەتكە قايتقان كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەتىسى گېنېرال جاڭ شىڭۋاڭ ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارنىڭ ۋەكىللىرىنى يېتەكلەپ، ئازاتلىق ئارمىيە قوشۇنلىرىغا قوغۇن - تاۋۇز، سەي - كۆكتات، ئوتۇن - گۈرۈچ قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى ئاپىرىپ بېرىپ، ئۇلاردىن سەممىي ھال سورىدى. كېيىن 2 - جۇننىڭ 4 - دىۋىزىيىسىگە قاراشلىق ئارمىيە ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭ 12 - پولك مارالبېشى، پەيزاۋات، يوپۇرغا قاتارلىق ناھىيىلەرگە، 11 - پولك يەكەنگە جايلاشتى. بۇنىڭغا ئۇلىشىپلا 2 - جۇننىڭ قوماندانلىق شىتابى ۋە جۇنگە بىۋاسىتە قاراشلىق 1 - بۆلۈمى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن 2 - جۇننىڭ قەھرىمان پەرزەنت قوشۇنلىرى قارلىق تاغ، شىۋىرغانلىق چۆل - جەزىرىلەرنى پىيادە بېسىپ، ئارقا - ئارقىدىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى شەھەر، ناھىيىلىرىگە يېتىپ كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ شەرەپلىك بۇرچىنى ئادا قىلىشقا باشلىدى. 1950 - يىلى ئەتىيازدا گېنېرال جاۋ شىڭۋاڭ قەدىمكى شەھەر قەشقەردىن ئايرىلىپ، شىمالىي شىنجاڭغا بېرىپ، جوڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى 22 - دالا ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، قوشۇمچە 9 - جۇننىڭ باشلىقى بولدى. (يۇقىرىقى قىستۇرما بايانلار جوڭگو خەلق سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى قەشقەر شەھەرلىك تارىخ ماتېرىياللىرىنى تەتقىق قىلىش ھەيئىتى تۈزگەن «قەشقەر شەھىرى تارىخ ماتېرىياللىرى»نىڭ بىرىنچى توپلىمىدىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن ئېلىندى. 1986 - يىل نەشرى.)

ئازاتلىق ئارمىيە ئەنە شۇنداق داغدۇغا بىلەن قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. شۇ كۈندىن باشلاپ مەكتىپىمىزنىڭ

مەھەللىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ھېلىقى گازارما تەرەپتىن كەلگەن ئىككى ئەسكەر يېنىمغا دۈەيلەپ كەلدى. مەن ئۇلارنىڭ سۈرۈن چىرايىدىن قورقۇپ كېتىپ، «ۋايجان» دەپ ئىشەكتىن سەكرەپ چۈشتۇم ـ دە، ئارقامغا بەدەر قاچتىم. ئۇلار ئېشەكنىڭ ئۈستىدىكى قوغۇننى خۇرجۇنى بىلەن ئېلىۋېلىپ، قولىدىكى كالتەك بىلەن ئېشىكىمنى ئۇرۇپ مەن قاچقان تەرەپكە ھەيدىۋەتتى. ئۇلار ئولجىنى كۆتۈرۈشۈپ گازارمىغا قاراپ يول ئالدى. تاياقنىڭ زەربىسىدە چىيىپ كېلىۋاتقان ئېشەك مېنى تونىغاندەك يېنىمغا كېلىپ توختىدى. دېمىسىمۇ مەن بۇ ئېشەككە بەك ئامراق بولغانلىقىم ئۈچۈن. بۇ ئېشەكمۇ مەندىن ياتسىرىمايتتى. مەن دادامنىڭ يېنىغا يىغلاپ كىرىپ، ئەھۋالنى ئېيتىپ بەردىم.

ـ بوپتۇ بالام، ھېچ ۋەقەسى يوق. ئۇ كاپىرلار ناھايىتى ئەسكى، نەچچە قېتىم كېچىسى كېلىپ، ئېغىلدىكى قويلىرىمىزنى بۇلاپ كەتكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ئۇلار ئوچۇق ـ ئاشكارا بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان باندىتلار. ھېلىمۇ ساڭا خەۋپ ـ خەتەر يەتمىگىنىگە مىڭ شۈكرى، ئۇلار ھامان بىر كۈنى جاجىسىنى يەيدۇ، ـ دەپ تەسەللى بەردى، دادام. دەرۋەقە ئۈچ ئايدىن كېيىن، مەن كۆرگەن جەڭچىلەر بىلەن ئۇلار زادىلا ئوخشىمايتتى. ئالدىنقىسى چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان ئاشكارا بۇلاڭچىلار بولغاچقا، ئۇلاردىن ھەممە ئادەم قاچاتتى. تېخى يېقىندىلا يۇرتىمىزغا يېتىپ كەلگەن ئازاتلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى ئالدىغا ئالتۇن ئۈچراپ قالسىمۇ كۆز قىرىنى سالمايدىغان ھەقىقي پەرزەنت قوشۇن بولغاچقا، ھەممە كىشى ئۇلارغا كەڭ قۇچاق ئاچاتتى. «ياشىسۇن ئازاتلىق ئارمىيە» دەپ قوشاق قاتاتتى. ئۇلار شۇ يوسۇندا ئاددى ـ ساددىلىق، كەمتەرلىك، ئىشچانلىق، سەمىمىيلىك، جاسارەتلىك بولۇشتەك خىسلەتلىرى بىلەن ناھايىتى تېزلا خەلقنىڭ قەلبىگە سىڭىپ

سىۋەتنى ئەپكەش قىلىپ مۈرىسىگە ئارتىپ تېزىك تېرەتتى. بىز قىزىقىپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا ئەگىشىۋالاتتۇق. ئۇلار بىزنى كۆرۈپ خۇش تەبەسسۇم بىلەن «بالاگىزا، لەي،لەي...» دەپ قولىنى بىزگە ئۇزىتاتتى. بىز دەسلەپ بىر ئاز ھېيىقىپ ئۇلاردىن ئۆزىمىزنى قاچۇراتتۇق. كېيىنچە ئاستا ـ ئاستا ئۇلارغا يېقىنلىشىدىغان بولدۇق. ھەتتا ئۇلارنى مەھەللىمىزدە كۆرۈپ قالساق، ھويلىمىزغا باشلاپ كىرىپ، گۈلە ـ قاق، جىگدە ـ ياڭاقلارنى ئۆيدىن ئەچىقىپ بېرەتتۇق. لېكىن ئۇلار «راكېمەت، راكېمەت» دەپ بىزگە بېشىنى ئېگىپ تازىم قىلىپ، ھېلىقى قۇرۇق يېمىشلەرنى زادى ئالغىلى ئۇنىمايتتى.

بىز ئۇلارنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي بۇ قۇرۇق يېمىشلەرنى چاڭگاللاپ ئۇلارنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قوياتتۇق. ئىلاجىسىز قالغان بۇ جەڭچىلەر يانچۇقلىرىنى كولىشىپ، ھەر بىرىمىزگە ئۈچ، تۆت مىڭ كوي (ھازىرقى بىر موچەن مىڭ كوي دېيىلەتتى) دىن قەغەز پۇل بېرەتتى. بىز ئالمىساق كۆزىمىزنى غەلەت قىلىپ، كۆپىنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويۇپ خوشلىشىپ چىقىپ كېتەتتى.

مەن شۇ تاپتا بۇندىن ئۈچ ئاي بۇرۇن بېشىمدىن ئۆتكەن مۇنداق بىر ۋەقەنى ئەسلەپ قالدىم. بۇچىدىن باغئېرىققا بارىدىغان يولنىڭ يېقىدا «دۆڭ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەھەللە بار ئىدى. بۇ مەھەللىنىڭ چېتىدەرەك بىر ھەربىي گازارما بار ئىدى. ئەسكەرلەر گازارمىنىڭ ئەتراپىغا تىكەنلىك سىم بېكىتىپ، ئىچىگە سەي ـ كۆكتات تېرىيتتى، ئات ۋە خېچىر باقاتتى. بۇندىن ئۈچ ئاي بۇرۇن دادام ئىشىك ئالدىدىكى قوغۇنلۇقتىن تۆت قارا كۆكچىنى ئۈزۈپ، چوڭ خۇرجۇنغا قاچىلاپ، مېنى ئېشەك بىلەن باغئېرىقتىكى چوڭ ئانامنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىشنى بۇيرىدى. مەن ئېشەككە مىنىپ ئۇدۇل باغئېرىققا قاراپ يول ئالدىم. ئەمدى «دۆڭ» دېگەن

كېلىدىغان ئەسكەر ئاكىلىرىمىز يېنىمىزغا كېلىپ، بىزگە ياردەم قىلدى. ئۇلار يەر تۈزلەشكە ناھايىتى ماھىر ئىكەن. بىز ئۇلارنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ئۈچ - تۆت كۈن ئىچىدىلا يېرىم مو ئەتراپىدا تۈپتۈز بىر ئېتىز بەرپا قىلدۇق. ئەسكەر ئاكىلىرىمىز بىلەن بىللە توپلىغان ئوغۇتلىرىمىزنى تەكشى يېيىتىپ، يارنىڭ ئۈستىدىكى ئېرىققا ئۇلانغان ياغاچ ئارقىلىق سۇ باشلىدۇق. ئۇسسى كېلىشكەندىن كېيىن، بۇ ئېتىزغا سەۋزە تېرىماقچى بولۇپ، مەن ئۆيدىن سەۋزە ئۇرۇغىنى ئېلىپ چىقتىم. يېنىمىزدىكى جەڭچى ئاكىلىرىمىز بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، قوللىرىنى ئوڭ - سولغا پۇلاڭلىتىپ بىر نېمىلەرنى دېدى. بىز «بۇشىڭ» دېگەن سۆزدىن باشقىسىنى چۈشەنمىدۇق. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئىشارىتىدىن «بۇ يەر سەۋزە تېرىشقا ماس كەلمەيدۇ» دېگەن بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلدۇق. نېمە قىلىشىمىزنى بىلمەي بېشىمىزنى تاتىلاپ تۇردۇق. شۇ ئەسنادا ئۇلاردىن بىرسى «دۆڭ» تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى. قالغان ئۈچەيلەن بىزنى يېتەكلەپ يەرنى كەتمەن بىلەن ئاغدۇرۇشقا باشلىدى. ھايال ئۆتمەي ھېلىقى جەڭچى گازارمىسىغا بېرىپ بىر خالتا ئۇرۇقلۇق خام گازىرنى كۆتۈرۈپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يېرىمىزگە ئاپتاپپەرەس تېرىدۇق. شۇندىن كېيىن توپلىغان ئوغۇتلىرىمىزنى ئۇدۇللۇق ئاپتاپپەرەسنىڭ تۈۋىگە تۆكىدىغان بولدۇق. بۇ ئاپتاپپەرەس ناھايىتى ئوخشىدى، ئۈچ ئايدىن كېيىن ھەر بىر تۈپ ئاپتاپپەرەس سېرىق ئالتۇندەك چېچەكلەپ، كاكچا توقاچ چوڭلىقىدىكى باشلىرىنى كۆتۈرەلمەي، كۈنگە قاراپ ئېگىلىشكە باشلىدى. بىزنىڭ يۇرتتا ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلىۋالىدىغان ئوغرى - پوغرىلار بولمىغاچقا، بۇ ئاپتاپپەرەسلەر زىيان - زەخمەتسىز پىشتى. بىز ئۇلارنىڭ بېشىنى كېسىۋېلىپ، خامانلىقتا قۇرۇتقاندىن كېيىن، دىنىنى ئايرىپ ئاداشلىرىم بىلەن تەڭ بۆلۈشتۇق.

كەتتى. ئازاتلىق ئارمىيە شەنگە ئوقۇلغان مەدھىيەناملەر ھەممە جاينى قاپلىدى:

خەلقىم بىلەن چىن قەلبداش ئىناق ئارمىيەم،

ساڭا مەڭگۈ چىن مېھرىمىز قايناق ئارمىيەم.

خىسلەتلىرىڭ تا ئەبەتكە پارلاق ئارمىيەم،

سېنى دىلدىن سۆيگەن ئۇلۇغ خەلقىمدىن سالام.

بىزنىڭ يۇرتتا ئەزەلدىن يوللاردا تېزەك تېرىپ، ئوغۇت توپلايدىغان ئادەت يوق ئىدى. ئەتراپىمىزدىكى جەڭچى ئاكىلىرىمىزنىڭ ھەر كۈنى تېزەك تېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىزمۇ ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالدۇق. شۇنىڭ بىلەن مەھەللىمىزدىكى تەۋەككۇل قادىر، روزاخۇن، ھېكىم ئاخۇن (ھەر ئۇچەيلەن باقى ئالەمگە كېتىپ قاپتۇ) قاتارلىق تەڭتۇش ئاداشلىرىم بىلەن مەكتەپتىن قايتقاندىن كېيىن، بىردىن سېۋەت، بىردىن كىچىك كۈرەكنى كۆتۈرۈپ، تاكى «قاسساپ مەھەللىسى» گىچە بېرىپ تېزەك تېرىدىغان بولدۇق. بۇ تېزەكلەرنى بىزنىڭ ئۆينىڭ ئالدىدىكى يارنىڭ لېۋىگە كۆمۈپ قوياتتۇق. بۇ يارلىق ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىدىن ئاقىدىغان «تۆۋەن قازىرىق ئۆستىڭى» يېنىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستى تەكشى ئېكىنزارلىق يەر ئىدى. يارنىڭ ئېتىزلىق تەرەپتىكى لىۋى بىلەن ئۆستەڭنىڭ بويىغىچە ئون نەچچە غولاچ كەڭلىكتە ئېگىز - پەس بىر بوشلۇق بولۇپ، ھازىرغىچە ھېچكىم كۆز قىرىنى سالماي كېلىۋاتقان تىترىلىق يەر ئىدى. ئاداشلىرىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مۇشۇ بىنەم يەرنى تۈزلەپ سەي - كۆكتات ياكى كۆكباش قوناق تېرىماقچى بولدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئەتىگەن - ئاخشاملىرى كەتمەن بىلەن يارنىڭ لىۋىنى يوناپ بۇ يەرنى تۈزلەشكە باشلىدۇق. مەقسىتىمىزنى چۈشەنگەندەك ھەر كۈنى مەھەللىمىزگە ئوغۇت توپلاشقا

بىلەن رۇسۇل ئۆز ئارا بىرىكىپ كەتكەن سەيلىنى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا ئۇچرىتىش قىيىن بولسا كېرەك. دېمىسىمۇ ئەزىزانە قەشقەرنىڭ كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت كارامىتى مۇشۇ سەيلىگە مۇجەسسەملەشكەن ئىدى.

ئەنە، ئاپپاق خوجا گۈمبىزىنىڭ ئەتراپىدا مىڭلىغان ياشانغان ئايال تاۋاپچىلار گۈمبەزنىڭ كاھىشلىرىغا مەڭزىلىرىنى يېقىشىپ يىغا - زار قىلماقتا. ئىچىدە بىر نېمىلەرنى ئوقۇپ دۇئا - تىلاۋەت قىلماقتا. ئەنە شەربەتكۆل (كىشىلەر شەۋەتكۆل دەپ ئاتىشىدۇ) بىلەن چوڭكۆلنىڭ ئەتراپى تېخىمۇ قىزىپ كەتكەن. كۆلنىڭ بويىغا شال بىلەن لەمپە قىلىپ، سۇ يۈزىدىن كۆتۈرۈپ ياسالغان قاتار - قاتار چايخانىلار ناھايىتى ئاۋات بولۇپ، تاۋاپچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. ئەنە ھەزرەت جامەسىنىڭ ئوڭ قېتىدىكى ھەزرەت مەكتەپنىڭ يېنىغا جايلاشقان ئۈجمىلىك باغقا كىرسىڭىز گوياكى ئامېرىكىنىڭ ۋوللىۋوت كوچىسىغا كىرىپ قالغاندەك ھەيرانۇ - ھەس بولىسىز: بىر تەرەپتە يۇرت - يۇرتلاردىن كەلگەن ئەل ئىچى سەنئەتكارلار بىر - بىرى بىلەن مۇسابىقىلەشكەندەك راۋاپلىرىنى جاراڭلىتىپ ناخشا - قوشاق ئېيتسا، يەنە بىرلىرى مۇقام توۋلىماقتا. يەنە بىر سورۇندا قەشقەر خەلقىگە تونۇش ئاۋۇت راۋاپ «يۈسۈپ ئەھمەد» ۋە «سېيىت نوچى» داستانىدىن ئارىيە ئېيتماقتا. بىزنىڭ مەلىلىك روزەك باشىمۇ ئايرىم بىر سورۇن تۈزۈپ «ئاتۇشۇڭغا بارغۇنچە، چەكمەنىمنى سايە ئەتتىم، سايىسىدا ئۆزۈم يېتىپ، سەن يارىمنى ياد ئەتتىم» دېگەن ناخشىسىنى ئىنچىكە ئاۋازى بىلەن ياڭراتماقتا. باغنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە داڭلىق مەدداھلار سورۇن تۈزۈپ ئاجايىپ ماھارەت بىلەن ۋائىزلىق قىلماقتا. ئۇلارنىڭ يېنىدا مەمەتتاز دېگەن قىزىقچى قولىدىكى يۇملاق سوزۇق تاشنى ئاغزىغا سېلىپ يۇتىۋېلىپ، سورۇندىكى بىرسىنىڭ ئارقىسىدىن سۇغۇرۇپ

بىر قىسمىنى ئۆيلىرىمىزدە قالدۇرۇپ، قالغىنىنى مەكتىپىمىز ئالدىدىكى ھۇسەيىن گازىرچىغا ساتتۇق. ھەر بىرىمىز بەش يۈز مىڭ كوي (ھازىرقى بەش يۈەن) دىن پۇل تەگدى. بۇ پۇلنىڭ بىر قىسمىغا دەپتەر - قەلەم دېگەندەك ئوقۇش قوراللىرىنى سېتىۋالدۇق. قالغىنىنى ھەر كۈنلىكى «گوپەي مۇللاخۇن» نىڭ لەگپۇڭىنى يەپ تۈگەتتۇق. شۇ زامانلاردا غالتىكى بىلەن يۈرت مەھەللىنى ئارىلاپ لەگپۇڭ ساتىدىغان ناھايىتى سېمىز، قارىمۇتۇق بىر لەگپۇڭچى بار ئىدى. كىشىلەر ئۇنى «گوپەي مۇللاخۇن» دەپ ئاتىشاتتى. مەھەللىدىكى بالىلار بەزىدە ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئەگىشىۋېلىپ: «لەگپۇڭىنى يېمەيمىز گوپەي مۇللاخۇن» دەپ ۋارقىرىشىپ ئۇنىڭ چىشىغا تىگەتتۇق. ئۇ غالتىكىنى توختىتىپ قويۇپ بىزنى قوغلايتتى. بۇ بىزگە ناھايىتى قىزىق ئويۇن تۇيۇلاتتى. بالىلىق دېگەن ساراڭلىقتە!

بىزنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك تاماشايىمىز قوشنا يۈرت ھەزرەتتە ھەپتىدە بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان «ھەزرەت سەيلىسى» («ئاپاق خوجام سەيلىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) گە بېرىش ئىدى. ئۇجمە پىشقاندا باشلىنىپ، كەچكۈزدە ئاياقلىشىدىغان بۇ ھەشەمەتلىك سەيلە پائالىيىتىگە شەھەرلىكلەر، شەھەر ئەتراپىدىكى يېزا - قىشلاقلىقلار ھەتتا چەت ناھىيە - بازارلاردىن كەلگەن نەچچە تۈمەن كىشى قاتنىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاتلىق مەپىلەرگە ئولتۇرۇپ، شەھەردىن چىققان بايۋەتچىلەر، ھۈنەرۋەن كاسىپ، ھۆپىگەرلەر، ئۆلىمالار، مەدداھلار، سىرىكچىلەر، داپ، راۋاپلىرىنى كۆتۈرۈشكەن ئەل ئىچى سەنئەتكارلىرى، رەمباللار، غېرىپ - مۇساپىرلار، دوغچى، لەگپۇڭچى، ناۋاي، سامسىپەز، كاۋاپچى، يەل - يېمىشچى، كۆللىچى... قىسقىسى جەمئىيەت ھۇجەيرىسىدىكى ھەممە ساھەنىڭ چوڭ - كىچىك ئەزالىرى تېپىلاتتى. بۇنداق كۆلىمى چوڭ، داغدۇغىسى ھەيۋەتلىك، توخۇنىڭ سۈتىدىن باشقا ھەممە نىمە تېپىلىدىغان، ئۇسسۇل

بارئىدى. بىر ئاز ئاچچىقى يامانراق بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇغۇچىلىرىغا بەك مېھرىبان ئىدى. بولۇپمۇ ماڭا ناھايىتى كۆپ غەمخورلۇق قىلاتتى. ئۆيىدىن ماڭا ئاددى كىتاپلارنى ئەكىلىپ بېرەتتى. تىل دەرسىنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى كۆرۈپ، خاتا جۈملىلەرنى تۈزىتىپ بېرەتتى. بۇ مۇئەللىم بىزدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغاچقا، ھازىرغىچە زادى ئۇنتۇمىدىم. ئۇ قازىرىق مەكتەپنىڭ قۇرۇلىشىدىن تارتىپ، تاكى 1994 - يىلى ۋاقىتسىز ئەجەل ئۆز قوينىغا ئالغۇچە يۈرەك قېنىنى مىللىي مائارىپ ئۈچۈن سەرپ قىلغان بولۇپ، بۇ مۆھتەرەم ئۇستاز نەچچە ئون مىڭ ياش بوغۇنلارنى تەربىيەلەپ ئۈچۈرما قىلغان قازىرىق مەكتەپنىڭ تارىخى شەجەرىسىنىڭ بىردىنبىر گۇۋاھچىسى. ئۇ ھەقىقەتەن ئەل سۆيگەن ئۇستاز، ياراملىق پېداگوگ بولغاچقا، ئالتە پەرزەنتىنى ئالىي مەكتەپ بىلىم سەۋىيەسىگە ئىگە ئىختىساس ئېگىلىرى قىلىپ تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى مىجىت ئوسمان ئۇزۇن مۇددەت قەشقەر شەھەرلىك قوغان ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولۇپ، 2012 - يىلى كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولدى. ئىككىنچى ئوغلى مۇختەر ئوسمان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان چۇمبۇس باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرى، 3 - ئوغلى ئەنۋەر ئوسمان قارىماي جەرەنبۇلاق بورىۋاي باشقارمىسىدا، 4 - ئوغلى غەيرەتجان ئوسمان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنىستىتوتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ياش پروفېسسورى، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ مول ھوسۇللۇق تەتقىقاتچىسى، بەشىنچى قىزى ھاجىگۈل ئوسمان قەشقەر شەھەرلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىسى، ئالتىنچى پەرزەنتى ئايگۈل ئوسمان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى «بوگۇنكى شىنجاڭ» نىڭ باش مۇھەررىرى بولۇپ خىزمەت قىلماقتا. ئالتە پەرزەنتنى

ئالىدىغان سىرلىك ئويۇنلىرىنى كۆرسىتىپ ھەممە كىشىنى كۈلدۈرىۋەتتى. بۇ ئويۇنلار بىر - بىرىدىن قىزىقارلىق ئىدى.

ئەنە باغنىڭ ئالدىدىكى چوڭ مەيدانغا تۆت تەگشەكلىك ئېگىز دار باغلانغان، شىنجاڭدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ھەتتا ئەرەب دۇنياسىغىچە تونۇلغان داڭلىق دارۋاز ھاشىم ھاجىمنىڭ ئوغلى سىدىق ھاجى داۋاز دار ئۈستىدە كىشىنى چۆچۈتىدىغان ھەرىكەتلەر بىلەن ماھارەت كۆرسەتمەكتە.

ئەنە، ئۇجمىلىك باغنىڭ بۇلۇڭ تەرىپىدە قوچقار، خوراز سوقۇشتۇرۇلماقتا، ئىت تالاشتۇرۇلماقتا. بىر تەرەپتە ياشلار ۋە باللار يىغىلىشىپ تۇخۇم چېكىشتۈرمەكتە. دەرۋەقە «ھەزرەت سەيلىسى» دىكى ئويۇنلارنىڭ تۈرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. مەنمۇ ئاكامغا ئەگىشىپ، مەھەللىدىكى باللار بىلەن بىللە ھەر ھەپتىسى دېگۈدەك «ھەزرەت سەيلىسى»گە بېرىپ، قانغۇچە ئويناپ كەچتە قايتىپ كېلەتتۇق. ھازىر ئويلىسام ئاشۇ باللىق دەۋرىمدىكى سەيلە تەسىراتلىرى مېنى فولكلور تەتقىقاتىغا سۆرەپ كىرگەن بولسا كېرەك، ھەقىقەتەن شۇنداق.

سەيلە دېسەم ئەجدادلىرىم ئۇدۇمى،
نامايانىدۇر كۆرمىگەننى كۆيدۈرۈپ.
مۇجەسسەمدۇر ئۇندا جېمى كارامەت،
روھلاندۇرار ئەل - يۇرتۇمنى سۆيدۈرۈپ.
ئۈزۈلمەيدۇ مۇھەببەتنىڭ رىشتىسى،
چاچقۇسىدىن بۇخۇتلارنى ئۇندۇرۇپ.

ئاي - كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ، ئىككىنچى سىنىپنى پۈتتۈرگەندە خېلى ئوبدانلا خەت ساۋادىم چىقىپ قالدى. بىزنىڭ ئوسمان قاسىم ئىسىملىك بىر مۇئەللىمىمىز

قازا بولۇپ كەتتى) قاتارلىق مۇئەللىم ۋە مۇئەللىملەرنىڭ پەرۋىشى بىلەن قازىرىق مەكتەپنىڭ خېلى غوللۇق ۋە ئەتىۋارلىق ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرى ئىدىم. بىراق بۇ كۈنلەر ئۇزۇنغا بارمىدى.

1951 - يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى باشلاندى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا 1952 - يىلى كۈزدە يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى قانات يايدى. ھەر ئىككى سىياسىي ھەرىكەتنىڭ نىشانى ئۇزۇن مۇددەت ھۆكۈم سۈرگەن فېئوداللىق تۈزۈمنى ئۇزۇل - كېسىل بىكار قىلىپ، تەڭلىك - باراۋەرلىك ئاساسىدىكى يېڭى دېموكراتىك تۈزۈمنى بەرپا قىلىش. ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، دېھقانلارنى زومىگەرلەرنىڭ زۇلمىدىن ئازات قىلىش، يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دېھقانلارنى سىنىپىي تەرتىپكە ئايرىپ، يەر ئىسلاھاتىنى يۈرگۈزۈش، يېزىلاردىكى بەگ - بوجاڭلىق ھاكىمىيەت شەكلىنى بىكار قىلىپ، بارلىق ھوقۇقنى دېموكراتىك ئاساستا كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلاردىن قۇرۇلغان «دېھقانلار ئۇيۇشمىسى»گە ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ھەربىي رەھبەرلىك ئورگانلىرىدىن ئۇرغۇنلىغان كادىرلاردىن خىزمەت ئەترىتى تەشكىللىنىپ ھەر قايسى يېزا - كەنتلەرگە چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇ چاغلاردا مەركىزى مەكتەپ ئەتراپىدىكى بوچى، قازىرىق، چومبۇس، سۇزاق، قاراساقال، شاھ پاشا قاتارلىق يۇرتلارمۇ بەشكېرەم رايونىغا تەۋە بولۇپ، قازىرىق مەكتەپنىڭ يېنىدىكى ئابدۇقادىر ھاجىمنىڭ قورۇسى بەشكېرەم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت ئورنى ئىدى. بۇ رايون قەشقەر كونا شەھەرنىڭ ئىجارە كېمەيتىش ۋە يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىنىڭ نۇقتىسى قىلىنغاچقا، ئەينى ۋاقىتتىكى جەنۇبىي شىنجاڭ مەھكىمىنىڭ باشلىقى

ئەلگە سايە تاشلايدىغان يارامىلىق ئىزباسارلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈش ھەممىلا كىشىگە نېسىپ بولىۋېرىدىغان ئامەت ئەمەس، ئەلبەتتە. «ئەجىرنىڭ تېگى ئالتۇن» دېگەن شۇدە. بۇ تەلەپچان باغۋەننىڭ يەنە بىر ئۇنتۇلماس ئەجرى بار. ئۇ قازىرىق مەكتەپنىڭ قۇرۇلىشىغا ئائىت تەۋەرۈك تارىخى شەجەرىسىنى كۆز قارىچۇقىدەك ساقلاپ زامانىمىزغا يەتكۈزۈپ بېرىش بىلەن بىللە مۇشۇ يۇرتنىكى ئەھمىيەتلىك تارىخىي ئابىدىلەر توغرىسىدا ئەل ئىچىدە ئاغزاكى داۋاملىشىپ كەلگەن كۆپلىگەن رىۋايەت ۋە ھېكايىلەرنى توپلاپ ۋە ساقلاپ، تارىخىمىزنىڭ كەم بەتلىرىنى تولۇقلىغان ۋەقەشۇناستۇر. بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ ئىزباسارى پروفېسسور غەيرەتجان ئوسمان ئۇستىگە ئالغان دۆلەتلىك ئىجتىمائى پەن تەتقىقات تۈرى — «قازىرىقنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخى ۋە مەدەنىيىتى» نامىلىق يېرىك تەتقىقاتنىڭ روياپقا چىقىشىدا دادىسى ئوسمان قاسىم بىلەن ئانىسى ياقۇتخان يۇنۇس (قازىرىق مەكتەپنىڭ تۇنجى ئوقۇغۇچىسى ھەمدە تۇنجى ئايال ئوقۇتقۇچىسى، بىر ئۆمۈر مائارىپ سېپىدە ئىشلەپ 1998 - يىلى ۋاپات بولغان) خانىمنىڭ قىممەتلىك ئەجىر - مېھنىتى بار، بۇ ئاددى بىر جۈپ يېزا مۇئەللىملىرىنىڭ قەلبلىرىگە پۈتۈلگەن ئەزىز يۇرتنىڭ خاتىرىلىرى يۇقىرىقى يېرىك تەتقىقات تۈرىنىڭ ئىلھام بۇلىقى ۋە ماتېرىيال مەنبەئى بولغان. شۇڭا بۇ قەدىردان ئۇستازنى پەرزەنتلىرىگە ئوخشاشلا مەنمۇ ھۆرمەت بىلەن ئەسلەيمەن. مەن ئادىمىيلىك قىممەت، روھى مەدەت، ئىلىم - مەرىپەت ئاتا قىلغان ئوسمان قاسىم كەبى تۇنجى ئۇستازلىرىمدىن ئابدۇرۇسۇل ئابدىراخمان، بارات مەمەت، مامۇت قۇربان، ئىيسا مامۇت، داۋۇت مامۇت، زۇنۇن ھاشىر، ئىدرىس قادىر، ئابدۇقادىر ئابدۇللا، تۇرغۇن ھېكىم، ياسىن ئابدۇراخمان، ياقۇتجان يۇنۇس، ھاۋاخان سەلەي، ئايشەم تۇردى، ئاسىم ئىلى، ھاۋاخان ئىمىن (ئۇلارنىڭ ھەممىسى

- ئانا دادام بەك شوك بولۇپ قاپتۇ. زادى نېمە بولدى؟

- مەنمۇ ئېنىق بىلمىدىم بالام، - دېدى ئۇ ھ تارتىپ، يۇرت - مەھەللىدە داداڭلار بىر ئاز يەكلىنىپ قاپتۇ. كادىرلار ۋە يېزا ئاكتىپلىرى داداڭلارنى چاقىرىپ مەسىلىنى تولۇق تاپشۇرۇشقا قىستاۋېتىپتۇ. دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ يىغىنلىرىغا قاتناشتۇرماپتۇ. قارىغاندا داداڭلارنىمۇ ھېلىقى باي دېھقان، پومىشچىك دېگەن دۈشمەن سىنىپلارنىڭ ئىچىگە قېتىۋالغاندەك قىلىدۇ.

- ياق، ئانا ئۇنداق بولىشى مۇمكىن ئەمەس. مەكتەپكە كادىرلار كېلىپ، مەركەزنىڭ يەر ئىسلاھاتى ھەققىدىكى ھۆججەتلىرىنى بىزگە قايتا - قايتا چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆزىگە تەۋە يەر - زېمىن قىرىق مودىن ئاشسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزى ئىشلىمەي ئۆيىدە يىللىقچى يالالاپ، ئۇلارنى ئەزگەن بولسا، ياكى كەمبەغەل دېھقانلارنى خالىغانچە بوزەك قىلغان بولسا، ئاندىن دۈشمەن سىنىپقا ئايرىيدىكەن. بۇ ھەرىكەتتە «بىرمۇ ياخشى ئادەمگە ئۇۋال قىلماسلىق، بىرمۇ يامان ئادەمنى توردىن چۈشۈرۈپ قويماسلىق» دېگەن سىياسەت باركەن. دادام ھازىرغىچە ئاكاملار بىلەن بىللە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تېرىقچىلىق قىلىۋاتىدۇ، ئۆيىمىزدە ياللىغان يىللىقچىمۇ يوق، يەر - زېمىنىمۇ كۆپ ئەمەس، ئەھۋال ئېنىق تۇرسا يەنە نېمىدىن ئەنسىرەيدۇ؟

- ئاڭلىسام ئىككى ھاماڭلارنىڭ مىراس يېرىنىمۇ داداڭلارنىڭ نامىغا تىزىملاپ، جەمئىي 38 مو دەپ بېكىتىپتۇ. ئەگەر ھاماڭلارغا تەۋە سەككىزمو باغ يېرىنى چىقىرىۋەتسە، بىزگە تەۋە يەر - زېمىن 30 مو قالىدۇ. «بەگكە بارغۇچە بېلىڭ ئۈشتۈلار» دېگەندەك، بۇ توگۇن يېشىلگىچە داداڭلار ئازاپ چېكىدىغاندەك قىلىدۇ.

سەيدۇللا سەيپۇللايوف بىۋاسىتە مۇشۇ نۇقتىدا تۇرۇپ بۇ خىزمەتكە رەھبەرلىك قىلغان، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت، پارتكوم ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇھىم رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ جىن، ۋاڭ ئىنماۋ، سەيپىدىن ئەزىزى، ساۋدانوپ، مامۇتوپ قۇربان قاتارلىقلارمۇ يېزا - كەنتلەرگە بىر قانچە قېتىم چىقىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەن ۋە مۇھىم يوليورۇقلارنى بەرگەن. ئەل سۆيگەن تالانتلىق شائىرىمىز مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيوفمۇ ئىجارە كىمەيتىش ھەرىكىتىدە بۆچى كەنتىگە چۈشكەن «خىزمەت ئەترىتى»نىڭ تەركىبىدە بىر مەزگىل ئىشلەپ، بەشكېرەمگە بەگ بولغان بوچىلىق شىرىپبەگنىڭ زالىملىقىنى پاش قىلىدىغان «شىرىپبەگ» ناملىق داستاننى يازغان. «خىزمەت ئەترىتى» ھەر كۈنى كۈندۈزلىرى كەمبەغەل تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، ئۇلارنى ئويغىنىشقا، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ باي دېھقان، پومىشچىكلار بىلەن دادىل كۈرەش قىلىشقا دالالەت قىلسا، كەچلىرى ھەممە دېھقانلارنى يىغىپ، ئەزگۈچى سىنىپلارنى پاش قىلىش، ئۇلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش يىغىنلىرىنى ئويۇشتۇراتتى. ھەتتا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىمۇ خىزمەت ئەترىتىگە ياردەملىشىپ، ئاتا - ئانىلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا تەشكىللىگەن ئىدى.

ئىجارە كىمەيتىش ھەرىكىتى باشلانغاندىن بۇيان دادام بىر ئاز غەمكىن بولۇپ قالدى. شەھەردىكى دۇكىنىغىمۇ كىرمەي، باغۋاران، ئېتىز - ئېرىق ئەمگەكلىرى بىلەن بەند بولدى. مەسچىتنىڭ ئىماملىقىنىمۇ تاشلاپ، نامازنى ئۆيدە ئۆتەيدىغان بولىۋالدى. دادام ئىچ مىجەزلىك ئادەم بولۇپ، ئادەتتە خوشلىقىنىمۇ، خاپىلىقىنىمۇ بىزگە ھەتتا ئانامغىمۇ دېمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز دادامدىن قاتتىق ئەيمىنەتتۇق. ئاخىرى ئانامدىن سورىدىم:

ئىككىنچى ئايالى بۇھەجەر خېنىم ۋە ئۇنىڭدىن بولغان بالىلىرىنى ئېلىپ سۈيدۈڭنىڭ كۆكدالا دېگەن يېرىدىكى ھەربىي ئورۇنغا ماكانلىشىپتۇ. ئەمدى ئايشەم خانىممۇ ئىككى بالىسىنى ئېلىپ ھۆسەيىن ئەسكەرنىڭ يېنىغا كەتكۈدەك. «قازان يالىغان قوتۇلۇپ، چۆمۈچ يالىغان تۇتۇلدى» دېگەندەك ئەمدى ھەممە دەرت ـ ئەلەم ئايشەم خانىمغا قالىدىغان ئوخشايدۇ، ـ دېدى ئانام ئىچىگە تېنىپ.

شۇ ھامان ھۆسەيىن ئەسكەرنى تۇتۇپ كەتكەن مەنزىرە كۆز ئالدىمغا كەلدى. تېخى قازىرىق مەكتەپكە كىرمىگەن مەزگىلىم ئىدى. ھۆسەيىن ئەسكەرنىڭ مەن دېمەتلىك ئوغلى مۇھەممەد تۇردى بىلەن ئۇنىڭ ھويلىسىدا داچەن ئويناۋاتاتتۇق. تويۇقسىز دەرۋازا ئالدىدا ھارۋىنىڭ شەپىسى ئاڭلاندى. بىز داچەنلىرىمىزنى يانچۇقىمىزغا سېلىپ دەرۋازىغا يۈگۈردۇق. ئاڭغىچە قوشقاناتلىق دەرۋازىنى تاراق ـ تۇرۇق قىلىپ ئېچىپ، تاپانچىسىنى بەتلىگەن تۆت ئەسكەر ھۆسەيىن لەنجاڭنى يالاپ ھويلىغا كىردى. ئادىشىم مۇھەممەد تۇردى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ «دادا» دەپ ئالدىغا يۈگۈرگەن ئىدى. ئۇنى بىر ئەسكەر «گۇن» (يوقال) دەپ ئىتتىرىۋەتتى. مەن قورقىنىمدىن ھويلىدىكى ئۈزۈم بارىڭىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنىۋالدىم. تالنىڭ ئاراچلىرىدىن قارىغۇدەك بولسام، ھۆسەيىن لەنجاڭنىڭ قولىغا ئىشكەل (كويزا) سېلىپ قويۇپتۇ. ھېلىقى تۆت ئەسكەر ئۇ كىشىنى ئالدىغا سېلىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئاندىن ھەممە ئۆيلەرنىڭ پىشايۋانغا قارايدىغان دېرىزىلىرىنىڭ قوش قاناتلىرىنى ئېچىۋەتتى. ئۆي ئىچىدىن ئەسكەرلەرنىڭ ھۆسەيىن لەنجاڭنى دوشكۇشلەپ سوراق قىلىۋاتقان غەلىتە ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ تىلىنى ئۇقمىغاچقا، نېمە دېگەنلىكىنى بىلمەيتتىم. شۇ ئەسنادا ئۇلار بۇ ھەجەر خېنىم ئاچامنى چاقىرىپ ئۆيدىكى ساندۇقلارنى ئېچىپ بېرىشكە بۇيرۇدى. ساندۇقتىكى كىيىم ـ

- مۇئەللىم بىزگە «ھەق ئېگىلىدۇ، سۇنمايدۇ» دەپ ئۆگەتكەن. شۇڭا دادام ئەنسىرىمىسۇن. دادام قانداق مەسىلە بولسا يوشۇرماي ئەينەن تاپشۇرسۇن. بىز ئەزەلدىن باشقىلارنى دوستىمىز دەپ ياشاپ كەلگەن، شۇڭا ھۆكۈمەتمۇ بىزنى دوست قاتارى كۆرىدۇ، ھەرگىزمۇ دۈشمەن سېپىگە ئىتتىرىۋەتمەيدۇ.

- ئىلاھا، دېگىنىڭدەك بولا بالام! لېكىنزە، پۇقرا دېگەن قويغا ئوخشايدىكەن، قاياققا ھەيدىسە شۇ ياققا كېتىۋېرىدىكەن ئەمەسمۇ بالام، ماۋۇ قوشنىمىز ھۈسەيىن ئەسكەرنىڭ خوتۇن، بالا - چاقىلىرىنىمۇ «ئىشپىيوننىڭ بالىلىرى» دەپ يەكلەۋاتىدۇ ئەمەسمۇ.

- ئانا ھۈسەيىن ئەسكەر راست ئىشپىيونمىتى؟

- بالام، ئىشپىيون - پىشپىيون دېگەننى مەن بىلمەيمەن. مەن داداڭغا ياتلىق بولۇپ بۇچىغا كەلسەم، ئۇ كىشىنى مەھەللىدىكىلەر ھۈسەيىن لەنجاڭ دەپ ئاتايدىكەن. ئۇ كىشىنى بىز كۆپ ئۇچراتمايتتۇق. ئايدا - يىلدا بىر قېتىم بۇچىغا ئات بىلەن چىقىپ بالا - چاقىلىرىنى يوقلاپ كىرىپ كېتەتتى. ئايالى ئايشەم خانىمنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇ كىشى يېڭىشەھەرنىڭ سوخو دېگەن يېرىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ باشلىقى ئىكەن. دەرۋەقە ئۇ كىشى دائىم ھەربىي كىيىم بىلەن يۈرەتتى. ئۆزى ناھايىتى كېلىشكەن، ئېگىز بويلۇق، سۈرلۈك ئادەم ئىدى. مېنىڭ بىلىشىمچە ئۇ كىشى نۇرغۇن قېتىم تۈرمىگە ئېلىنغان ئىكەن. ئازاتلىق ئارمىيە قەشقەرگە كېلىشتىن بىر يىل بۇرۇن ئۇ كىشىنى يەنە تۇتۇپ كەتكەن ئىدى. ئۆتكەن يىلى يېڭى ھۆكۈمەت تۈرمىدىن ئازات قىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىزمەت كۆرسەتكەن دەپ مۇكاپاتلاپتۇ. ئۇلارنىڭ مۇشۇ باغ - ھويلىسىدىن باشقا يەر - زېمىنى يوق ئىدى. ئۆتكەن يىلى بۇ باغ - ھويلىسىنى چوڭ ئايالى ئايشەم خانىمغا قالدۇرۇپ،

ھەربىي تۈرمىگە قامىغاندىن كېيىن، «ئۆيىگە قۇرال يوشۇرۇپ قويغان بولىشى مۇمكىن» دەپ گۇمانلىنىپ ئۇلارنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرغان ئىكەن. بالىلىقىمدا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن بۇ ئەھۋالنى ھازىرغىچە ئۇنۇتمىدىم. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، بۇ كىشىنىڭ ھايات مۇساپىسىنى بىلىشكە قىزىقىپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن ھۇسەيىن لەنجاڭنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان 300 نەچچە بەتلىك «ئۆمۈر خاتىرىسى» نى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. بۇ خاتىرىنى يۇرتدىشىم ۋە كەسپدىشىم پروفېسسور غەيرەتجان ئوسمان ھۇسەيىن لەنجاڭنىڭ چوڭ قىزى ھەنىپە (مەندىن بىر ـ ئىككى ياش چوڭ بولۇپ، قەشقەر شەھىرىدىكى گىراژدانلار مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ تېببى ئالى تېخنىكومىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن نەنسەندە ۋە كادىرلار ساناتورىيىسىدە دوختۇر بولۇپ ئىشلەپ، پېنسىيىگە چىققان. ھازىر ئۈرۈمچى تەڭرىتاغ رايونى غالىبىيەت يولىدا ئولتۇرىدۇ.) دىن سوراپ ئېلىپ بىر نۇسخا كۆپەيتمۇالغان. بۇ «خاتىرە» دىن قارىغاندا، ھۇسەيىن تۇردى (ھۇسەيىن لەنجاڭ) 1910 ـ يىلى ھازىرقى چۆچەك ۋىلايىتىگە قاراشلىق شىخو ناھىيىسىنىڭ كويتۇن قىشلىقىدا تۇغۇلغان. دادىسى تۇرى بالا (بالادىن قورقمايدىغان باتۇر كىشى بولغاچقا «تۇردى بالا» دەپ ئاتالغان) ۋە ئۇنىڭ كىچىك ھاجى، ئىسلام كالتەك، مۇھەممەد باقى، مۇھەممەد كامال، مۇھەممەد ھېكىم، خالىدىخان قاتارلىق يەتتە ئەۋلادى ئەسلىدە قەشقەر كونىشەھەر بەشكېرەم رايونىنىڭ بۆچى يېزىسىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز دەۋرىنىڭ لەشكىرى قىسىملىرىدا ھەربىي سەركەردىلەردىن بولۇپ نوپۇسلۇق نەسەپلەردىن ئىكەن. دادىسى تۇردى بالا ياڭزىڭشىن زامانىسىدا ئۈرۈمچىدىكى كاتتا بايلارنىڭ بىرى بولۇپ، ھەربىي ئىشلار جەھەتتە بىر مەزگىل ياڭ زىڭشىنغا مەسلىھەتچى بولغان. ھۇسەيىن لەنجاڭ بالىلىق دەۋرلىرىدە ئۈرۈمچىدىكى

كېچەك ۋە باشقا نەرسىلەرنى بىر - بىرلەپ ئېلىپ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلاپ يايمىچىنىڭ دۆكىنىدەك قىلىۋەتتى. بىر ئەسكەر ھۇسەيىن لەنجاڭغا قۇرال تەڭلەپ يېنىدا قالدى. قالغان ئۈچ ئەسكەر ھەممە ئۆيلەرنى ھەتتا قازناق، ئاشخانىغىچە، ئوچاق موردىسى تارتىپ، ئاشلىق ساقلايدىغان كاتىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە، مەرەپتىكى يوتقان كۆرپىلەردىن تارتىپ، تەكچىلەردىكى لىگەن، قاچا - قومۇچ، گۈل تەشتەكلىرىنىڭ ئارىسىغىچە، ئۆينىڭ ئاستىدىكى ئامبار ئۆيدىن تارتىپ، ئات - ئېشەك ئېغىللىرىغىچە، ئۆگزىدىكى بالىخانىدىن تارتىپ كەپتەرخانىغىچە... ھەممە يەرنى ئاختۇرۇپ قېزىۋەتتى. ئۇلار ئىزدىگەن نەرسىسىنى تاپالماي، ھويلىغا چىقىپ ئۇياق - بۇياققا زەڭ سېلىشتى. ئۇلار ئۆزئارا كاراڭلىشىپ، پىشايۋاننىڭ ئالدىدىكى شاتۇت، ئانار، ئەنجۈر، ئۆرۈك، ئامۇت، شاپتۇل قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان باغنى سىنچىلاپ ئاختۇرۇشقا باشلىدى. ھەتتا باغنىڭ ئايىغىدىكى ئېگىز ئۆسكەن بىر تۈپ ئامۇتنىڭ ئاچىمىقىغا ياساپ قويغان قارا قۇچقاچنىڭ ئۇگىسىنىمۇ چۇۋۇۋەتتى. ھويلىدىكى ئۈزۈم بارىڭىنىڭ ئارقىسىدا بىر كۆلچەك بار ئىدى. كۆلنىڭ تۆت ئەتراپى قىزىلگۈل بىلەن قاپلانغانىدى. شۇنچە ئاقتۇرۇپ بىر نەرسە تاپالمىغان بۇ ئەسكەرلەر كۆلنىڭ بويىغا كېلىپ، قويۇق ئۆسكەن بۇ گۈللەرنىڭ ئارىسىنى بىر بادرا ياغاچ بىلەن مالتىلاشقا باشلىدى. ئۇ يەردىنمۇ ھېچنىمە تاپالمىدى. ئاخىرى ناھايىتى خاپا بولغان قىياپەتتە ھۇسەيىن لەنجاڭغا تاپانچىلىرىنى تەڭلەپ، ئالدىغا سېلىپ ھويلىدىن تالاغا چىقتى. بۇ «مەھپۇس»نى ئىككى چاقلىق مەپە هارۋىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئىككى يېنىدىكى تار ئورۇندۇقتا ئىككىدىن ئەسكەر ھۇسەيىن لەنجاڭنى يالاپ كەلگەن يولى بىلەن شەھەر تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. كېيىن مۇھەممەدتۇردىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، دادىسىنى «ئېسيان كۆتۈرمەكچى بولغان» دېگەن گۇناھ بىلەن

ئېچىلاتتى. لېكىن بۇ يىغىنلارغا بىزنىڭ ئائىلىلەردىكىلەرنى قاتناشتۇرمايتتى. 1952 - يىلىنىڭ دەسلەپكى كۈز ئايلىرىدا مەكتەپ رەھبەرلىكى 3 - ۋە 4 - سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئايرىپ، كەنتلەر بويىچە يەر ئىسلاھاتى ھەققىدە تەشۋىق - تەربىيە ئىشلىرىغا ياردەملىشىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. مەنمۇ شۇ قاتاردا بار ئىدىم. ئابدۇقادىر ئابدۇللا مۇئەللىم بىزگە قەشقەر پاختەكلە دېھقانلىرىنىڭ ماۋجۇشىغا يازغان خېتىنى ئوقۇپ بەردى ھەمدە بۇ ئىككى پارچە خەتنى يېزىۋېلىپ ئىككى كۈن ئىچىدە ھەممىمىزنىڭ تولۇق يادلاپ كېلىشىنى تاپشۇردى. پاختەكلە دېھقانلىرىنىڭ ماۋجۇشىغا يازغان خېتى شېئىر بولغاچقا ئۇنىڭ ئىچىدىن بەش كوپلېتىنى تاللاپ، ئۇنى دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇش قائىدىلىرىنى ئۆگەتتى. مۇئەللىمنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، شېئىر شەكلىدىكى بۇ خەتنى پاختەكلە يېزىسىغا چۈشكەن «خىزمەت ئەترىتى» نىڭ ئەزاسى شائىر تېيىپجان ئېلىيوف دېگەن شائىر ئاكىمىز دېھقانلار نامىدىن يازغان ئىكەن. بۇ «خەت»كە پاختەكلە يېزىسىدىكى بارلىق دېھقانلار ئىمزا قويۇپ 1952 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ماۋجۇشىغا ئەۋەتىپتۇ. ماۋجۇشى بۇ خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئۆز ئىمزاسى بىلەن «جاۋاب خەت» يېزىپ پاختەكلە دېھقانلىرىغا تېلېگراما ئارقىلىق يوللاپ بېرىپتۇ. بۇ «جاۋاب خەت»نى ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مائاۋىن رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى پاختەكلە يېزىسىغا كېلىپ ئۆز قولى بىلەن دېھقانلارغا يەتكۈزۈپ بېرىپتۇ. بۇ «خەت» ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدۈرگەن ۋە ئىلھاملاندۇرغان، بولۇپمۇ جاھانگىرلىك، فېئودالىزم ۋە مىللىي زۇلۇم دەستىدىن دىلى سۇنغان، بىلى مۈكچەيگەن چەت چېگرا رايوندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت ئەمگەكچىلىرىنىڭ ماۋجۇشى

دىنىي ۋە پەننى مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1925 - يىلى ئۇ ياڭ زېڭشىن ئاچقان ھەربىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەندىن باشلاپ تاكى 1962 - يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزبېكىستان رېسپوبلىكىسىغا چىقىپ كەتكەنگە قەدەر ئازغىنە كام 40 يىل ھەربىي قىسىملاردا ئەسكەر، بەنجاڭ، پەيجاڭ، ليەنجاڭ، تۈەنجاڭ دەرىجىلىك خىزمەتلەرنى ئۆتىگەن، شۇ دەۋرلەردە يۈز بەرگەن 60 نەچچە قېتىملىق ئۇرۇشقا قاتناشقان ۋە بۇ جەرياندا 20 نەچچە قېتىم تۇرمىگە ئېلىنغان، شىڭ شىسەي دەۋرىدىن تاكى 1949 - يىلىغىچە گومىنداڭنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق 42 - جۇن (بېرىگادا) دە ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەن. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن «ئازات» بولغاندىن كېيىن ھەقىقەتكە قايتقانلار قاتارىدا شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىيىسى (بىڭتۈەن)نىڭ قورغاس كۆكدالادىكى 4 - دىۋىزىيىسىدە ليەنجاڭ دەرىجىلىك خىزمەت ئىشلەپ، 1962 - يىلى سوۋېت گراژدانلىق پاسپورتى بىلەن ئىككىنچى ئايالى بۇھەجەر خېنىم ۋە ئۇنىڭدىن بولغان ئىككىنچى پەرزەنتىنى ئېلىپ ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت شەھىرىگە چىقىپ ماكانلاشقان، 1990 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ۋاپات بولغان. «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ قەھرىمانى سوپاخون سوۋۇروپ يازغان «مەن كەچكەن كېچىكلەر» ناملىق بېبلوگرافىك رومانىدا بايان قىلىنىشىچە، سوپاخون ماموت سىجاڭ قىسىملىرى بىلەن قەشقەردە ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىللەردە ھۇسەيىن لەنجاڭنىڭ قول ئاستىدىكى پەيجاڭ دەرىجىلىك ئوفىتسېر ئىكەن. يۇقىرىقى ئارتۇقچە «ئەسلىمە» دىن مەن يەنە ئۆزلۈكمگە قايتىپ كېلەي. شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ يۇرتتا يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى قىزغىن داۋاملىشىۋاتىدۇ. ھەر كۈنلىكى كەچتە بۇچىنىڭ تېتىرباغ مەھەللىسىدىكى ھىبىبۇللا ئاكامنىڭ ھويلىسىدا «دېھقانلار ئويۇشمىسى» باشچىلىقىدا دېھقانلارنىڭ «شىكايەت قىلىش - دەرت تۆكۈش» يىغىنلىرى

دەردىمىز ھەم بەختىمىز،
پۈتۈلگەن شۇ ھۆججەتنى.
...............

بۇ خەتنىڭ ئاخىرقى كوپلېتى مۇنداق تاماملانغان:

سەن ياراتقان بۇ زامان،
ھۆر زامانە كەڭتاشا.
داھىمىز ماۋجۇشىمىز،
بول ئامان، مىڭ ـ مىڭ ياشا.

يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ پاختەكلە يېزىسى دېھقانلىرىغا يازغان «جاۋاب خېتى» مۇنداق:

*قەشقەر كونىشەھەر پاختەكلە يېزىسىدىكى بارلىق دېھقانلار يولداشلار: بۇ يىل 3 ـ ئايدا يەر ئىسلاھاتى غەلىبىسىنى تەنتەنە قىلىۋاتقىنىڭلاردا ماڭا خەت يازغىنىڭلارغا رەھمەت. سىلەر پومىشچىكلار سىنىپىنىڭ فېئوداللىق يەر مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئاسارىتىدىن ئازات بولدۇڭلار، سىلەرنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، مول ھوسۇل ئېلىش شوئارى ئاستىدا تېخىمۇ ئىتتىپاقلىشىپ تىرىشىپ ئىشلەپچىقىرىپ، ماددى تۇرمۇشۇڭلارنى ياخشىلىشىڭلارنى ھەمدە شۇ ئاساستا مەدەنىيەت سەۋىيەڭلەرنى قەدەممۇ قەدەم يۇقىرى كۆتۈرۈشۈڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.*

*ماۋ زېدۇڭ*
*1952 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى*

بۇ ئىككى پارچە خەت تارىخنىڭ ئۈنتۇلماس يالدامىسى، شۇ

باشچىلىقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە بولغان ئوتتەك مۇھەببىتى ۋە چەكسىز مىننەتدارلىقى روشەن ئەكس ئېتىلگەن.

پاختەكلە دېھقانلىرىنىڭ ماۋجۇشىغا يازغان خېتى مۇنداق باشلانغان:

*سالام ساڭا ماۋجۇشى،*
*پاختەكلە دېگەن يەردىن.*
*زامانەڭدە كۆچ تاپقان،*
*ئازات دېھقان خەخلەردىن.*

*بىزنى دەرتتىن قۇتقۇزۇپ،*
*ئازاتلىقنى سەن بەردىڭ.*
*سەن بولمىساڭ بۇ كۈننى،*
*تاپالايتتۇق بىز نەدىن؟...*

*بۈگۈن سېنىڭ دەۋرىڭدە،*
*يېزىمىزدە توي بولدى.*
*بىزلەر كۈلدۇق، دۈشمەنلەر،*
*بىتچىت بولدى، خوي بولدى.*

*بۇ ئازاتلىق زاماندىن،*
*ھوزۇر ئالدى يۈرەكلەر.*
*تېرىكتاپنى بېقىشتىن،*
*ئازات بولدى بىلەكلەر.*

*ئازات قولدا يازدۇق بىز،*
*ساڭا ئاتاپ بۇ خەتنى.*

يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك گۈپۈلدەپ سوقاتتى. ھېچنىمىگە قارىماي، مەس ئادەمدەك دەلدەڭشىپ مېڭىپ ئۆيۈمگە كەلدىمدە، ھويلىغا كىرىپلا ھۆكىرەپ يىغلاپ كەتتىم. ئۆيدىن ئانام ۋە ئاكىلىرىم يۈگرەپ چىقىپ مېنىڭ ھالىتىمنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى.

-نېمە بولدۇڭ بالام؟- دەپ ئانام بېشىمنى سىلاپ يېشىمنى سۈرتتى.

-سېنى كىم ئۇردى؟-دەپ سورىدى ھېمىت ئاكام.

-ئېيتە! سېنى كىم بوزەك قىلدى؟ زادى كىم؟؟...

ئىچ - ئىچىمدىن چىقىۋاتقان يىغا بوغۇزۇمغا قاپلىشىپ قالغاندەك گەپ قىلىشقا مادارىم يوق ئىدى. شۇ ئەسنادا دادام ئۆگزىدىكى كىتابخانا قىلغان مەنزەر ئۆيدىن چۈشۈپ يېنىمغا كەلدى- دە:

ھە، نېمىشكە يىغلاۋېرىسەن! كۆزۈڭنىڭ يۇندىسىنى ئاقتۇرىۋەتمەي گەپ قىلمامسەن!- دېدى دادام ئاچچىقلىنىپ.

مەن ئىسەكەپ تۇرۇپ ناھايىتى تەسلىكتە:

-مېنى مۇسا تۈگمەنچى يېغىندىن قوغلاپ چى... چىقىرىۋەتتى.

-ھە، خوپ بوپتۇ. مەن شۇنداق بولۇشىنى بىلەتتىم. شۇڭا «بارما» دەپ يولۇڭنى توسسام بېشى چوڭلۇق قىلىپ چىقىپ كەتتىڭ. ھېچ ۋەقەسى يوق، بۇ كۇنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ماڭ، تامىقىڭنى يەپ ئۇخلا!- دېدى دادام ماڭا بۇيرۇق قىلىپ.

- سەن تېخى كىچىك، ئاقساقاللىق قىلماي ئوقۇشۇڭنى ئوقۇ. يۈر، ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى،- دەپ، ئانام قولۇمدىن تۇتۇپ ئۆيگە باشلاپ ماڭدى.

دەۋرنىڭ مىلودىيىسى ئىدى. بىز مۇئەللىمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئىككى كۈن ئىچىدە بەلگىلەپ بەرگەن بەش كوپلېت شېئىرنى يادلاپ بولدۇق. مەن قارىخانىدا ئاز - تولا ئوقۇغاچقا يادلاش ماڭا ئانچە قىيىن تۇيۇلمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇئەللىم بىزنى كەنت - مەھەللىلەر بويىچە گۇرۇپپىلاپ ئايرىم - ئايرىم دېكلىماتسىيە قىلدۇردى. بىزنىڭ كەنتىمىز يۇقىرىقى بۆچى، تېتىرباغ، پارچە بۆچى (جانلىق تىلدا «پاچۇچا» دېيىلىدۇ) دەپ ئۈچ بۆلەك (هازىرقى «شياۋدۈي» گە تەڭ) كە بۆلىنەتتى. مېنىڭ ئۆيۈم تېتىرباغقا تەۋە بولۇپ، بۇ گۇرۇپپىدا 3 - ۋە 4 - سىنىپتا ئوقۇۋاتقانلاردىن سەككىزىمىز بار ئىدۇق. ئەتە كەچتە مەھەللىمىزدە ئېچىلىدىغان «دېھقانلار ئۇيۇشمىسى»نىڭ يىغىنىدا سەككىزىمىز سەھنىگە چىقىپ ئالدى بىلەن دۆلەت شېئىرى - «قوزغال»نى ئوقۇپ بولۇپ، ئاندىن بىزگە مەشق قىلدۇرغان «خەت»نى دېكلىماتسىيە قىلىدىغان بولدۇق. «خىزمەت ئەترىتى»نىڭ كادىرى ماۋجۇشىنىڭ يۇقىرىقى «جاۋاب خېتى»نى ئوقۇپ بېرىپ، ئۇنى دېھقانلارغا چۈشەندۈرىدىغان بولدى. ئەتىسى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ، دادامنىڭ «بارمىغىن» دەپ توسقىنىغىمۇ پەرۋا قىلماي، ساۋاقداشلىرىم بىلەن يىغىن ئاچىدىغان هويلىغا قاراپ ماڭدۇق. هويلىغا دېھقانلار تولۇپتۇ. مەكتەپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە يىغىن باشلىنىشتىن بۇرۇن سەككىزىمىز قاتار بولۇپ سەھنىگە چىقتۇق. ئەمدى ناخشىنى باشلايلى، دەپ تۇرساق يىغىننى باشقۇرىۋاتقان مۇسا ئەمەت دىگەن تۇگمەنچى مېنى كۆرۈپ قېلىپ زەردە بىلەن: «سەن بۇ يەردە نېمە قىلىسەن، دەرهال چىقىپ كەت!» دەپ مېنى قوغلىدى، تۆۋەندە ئولتۇرغان بىر قانچە ياش ئاكتىپلارمۇ «چىقىپ كەتسۇن» دەپ تەڭ ۋارقىراشتى. مەن قاتتىق ئىزا تارتقىنىمدىن ئوقتەك يۈگرەپ دەرۋازىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. كۆزۈمدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلاتتى.

كوچىغا تايىنىپ ئىشلىدى. شۇنداق تۇرسا يەنە نېمىگە «دۈشمەن» بولۇپ قالىدىكەن؟... شۇنداق ئايىغى چىقماس خىياللار بىلەن بىر كىچىنى ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۆتكۈزدۈم.

سەھەردە ئانام مېنى ئويغىتىپ، «چىيىڭنى ئىچىپ مەكتەپكە ماڭ»- دېدى.

مەن «مەكتەپكە بارمايمەن» دەپ ئورنۇمدىن تۇرمىدىم.

- نېمىشقا بارمايسەن؟

- ئەمدى مېنى ساۋاقداشلىرىممۇ يەكلەيدۇ.

- ياق، ئۇنداق قىلمايدۇ. ئىشەنمىسەك ئالدى بىلەن مەكتەپكە بېرىپ باق.

بارمايمەن دېدىم، بارمايمەن. دادام بىلەن ئەمگەك قىلىمەن،- دېدىم دە، ئۈچ كۈنگىچە باغنىڭ ئىچىدىن چىقمىدىم. ئۈچىنچى كۈنى ئوسمان قاسىم مۇئەللىم مېنى ئىزدەپ ئۆيىمىزگە يوقلاپ كەپتۇ. دادام بىلەن كۆڭلى يېقىن بولغاچقا ئۇزۇن ھال مۇڭدىشىپ، مېنى باغدىن چاقىرىپ چىقتى. مۇئەللىم ماڭا ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن:

- سېنى ئاغرىپ قاپتۇ. دەپ ئاڭلاپ يوقلاپ كەلدىم. ساقايغان بولساڭ ئەتىدىن باشلاپ مەكتەپكە بارغىن. سەن دېگەن سىنىپىڭنىڭ ئۆگىنىش باشلىقى،- دېدى.

يۈزۈم ۋىللىدە قىزاردى- دە، ھېچنەرسە دېيەلمەي دېلىغۇل بولۇپ قالدىم. ئەتىسى دادام: «مەكتىپىڭگە ماڭ» دېۋىدى، غىڭ - پىڭ قىلماي بوخچامنى ئېسىپ مەكتەپكە يول ئالدىم. لېكىن ھەممە كىشى مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك كۆڭلۈم بىئارام. راستىنى ئېيتسام بۇ يۇرتتىن كۆڭلۈم بەك سوۋۇپ كەتكەندەك قىلىدۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىككىنچى چوڭ ئاچام پاشاخېنىم دادام ۋە ئانام بىلەن مەسلىھەتىشىپ،

بۇ كېچە زادى ئۇخلىيالمىدىم. چۈنكى يوق خىياللار مېنى چۇلغىۋالغان ئىدى. ئاخشامقى ئىش ئۆمرۈمدە دۇچ كەلگەن ئەڭ ئېغىر زەربە ئىدى. «تۇۋا!» دەيتتىم ئۆز- ئۆزۈمگە پىچىرلاپ. - ئادەملەر نېمىشقا بىر - بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىدىغاندۇ؟ مەنمۇ چوڭ بولسام ھېلىقى مۇسا تۇگمەنچىگە ئوخشاش ئەتراپىمدىكى كىشىلەرنى «دۈشمەن» دەپ قارايدىغان بولۇپ قالارمەنمۇ؟ چوقۇم شۇنداق بولىدۇ. ئانام بىر كۈنى ماڭا «ئوتتۇرىدا بۇرۇن بولمىسا ئۇ كۆز بۇ كۆزنى يەۋېتىدۇ.» دېگەن ئىدى. بۇ گەپ راست ئوخشايدۇ. ئىنساننىڭ ماھىيىتى شۇكەندە! ياق، ئۇنداق ئەمەس! بۇ جاڭگال، تاغ - جەزىرىلەردە ياشايدىغان يولۋاس، شىر، بۆرە قاتارلىق يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ماھىيىتى. ئادەم ئاتام بىلەن ھاۋا ئانامدىن تۆرەلگەن ئىنسانلار ئاشۇ ياراتقۇچىسىدەك مېھرى - شەپقەتلىك، مۇھەببەت - مۇرەۋۋەتلىك، سىخى - ساخاۋەتلىك بولۇشى كېرەكتە. مەن چوقۇم شۇنداق بولىمەن. ئىنسانلىقنىڭ قىممىتىمۇ شۇدە! مېنىڭدەك تېخى ئاغزىدىن سۈت تېمىپ تۇرىدىغان سەبىي بالىلارنىڭ خەلقى - ئالەم ئالدىدا «قوغلاندى» قىلىنىشى بەلكىم دادامنىڭ «كاساپىتى» دىن بولسا كېرەك. چۈنكى دادام مەھەللىمىزدىكى باشقىلارغا قارىغاندا باياشاتراق ياشىغان. ئاڭلىسام ھۆكۈمەتنىڭ بايلار بىلەن خوشى يوق ئىمىش. شۇڭا سىياسەتمۇ بايلارنى يەكلەيدىكەن. «سىياسەت» دېگەن مەيلى توغرا ياكى خاتا بولسۇن، بەرىبىر ھۆكۈمەتنىڭ قورالى- دە. دادامنىمۇ ئاشۇ باي - پومشىچىك دېگەنلەرنىڭ سېپىگە قېتىۋەتسە، بىز قانداق قىلارمىز؟ شۇنداق بوپقالسا ئۇ چاغدا مېنىمۇ مەكتەپتىن چىقىرىۋېتىدۇ- دە. ياق- ياق! ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، دادام ھازىرغىچە ئۆزى ئىشلەپ ئۆزى تېپىپ يېدى، باشقىلارغا زۇلۇم سالمىدى، باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېۋالمىدى. ئىتىز - ئېرىقنىڭ ئەمگىكىنى ئۆز

خەلق سىنىپى تەركىبىگە ئايرىپتۇ. كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار يەر ئىسلاھاتىدىكى تايانچ كۈچ، ئوتتۇرا ۋە ھاللىق ئوتتۇرا دېھقانلار ئىتتىپاقلىشىدىغان كۈچ. باي دېھقان، پومىشچىكلەر سىنىپى يوقىتىش ئوبيېكتى ئىكەن. ئاز يېرىنى ئىجارىگە بەرگۈچى بىلەن ئاز يېرىنى ئىدارە قىلغۇچى سىنىپلار ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ بولۇپ، ئىتتىپاقلىشىشقا مايىلراق سىنىپ ئىكەن. بىزنىڭ ئائىلىمىز «ئاز يېرىنى ئىدارە قىلغۇچى» دېگەن سىنىپقا ئايرىلىپتۇ. شۇڭا ئاز - تولا ئارتۇق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ئىختىيارى ھالدا «دېھقانلار ئۇيۇشمىسى»غا تاپشۇرغاندىن باشقا ئۆي - زېمىنلارنى مۇسادىر قىلماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئائىلىمىزنىڭ ئەندىشىسى تۈگەپتۇ. يۇقىرىدىن كەلگەن «خىزمەت ئەترىتى» دىكىلەرنىڭ خىزمەتتىكى ئادىللىقىدىن ھەممە كىشى مىننەتدار بولۇپتۇ. كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ قەددى روسلىنىپ، قەلبى شادلىققا تولۇپتۇ. خاتىرجەملىك ئەڭ زور بايلىق ئىكەن. ئىجارە كىمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ئىنقىلاپ سۈپىتىدە فېئوداللىق تۈزۈمنى يېمىرىپ تاشلاپ، بۇ چىرىك تۈزۈمنىڭ يۆلەنچۈكى بولغان پومېشچىك، زومىگەرلەر يوقىتىلغاندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى تەشكىللىنىپ، كەڭ خەلق ئاممىسى دۆلەتنىڭ ھەقىقىي خوجايىنلىرىغا ئايلانغان، شۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئازات بولۇپ، خەلق ئىگىلىكى يۈكسىلىشكە باشلىغان. مەسىلەن، 1950 - يىلى شىنجاڭنىڭ يەرلىك مالىيەسى 22 مىليون 180 مىڭ يۈەن ئىدى، 1952 - يىلىغا كەلگەندە 73 مىليون 600 مىڭ يۈەن گە يېتىپ، 3.3 ھەسسە ئاشقان. مانا بۇ تىنچلىق، ئىناقلىق، باراۋەرلىكنى نىشانلىغان يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ تۇنجى غەلىبىسى - دە، شۇنداق! ئالدىمىزدا بىز ئاشىدىغان داۋانلار تېخىمۇ ئېگىز،

مېنى مەكتەپىنگە يۆتكەپ كەتمەكچى بوپتۇ. پاشاچام شۇ يىللىرى چوڭ ئانامنىڭ ئۆيىگە يېقىن مالالازادە («موللازادە» بولسا كېرەك) مەركىزى باشلانغۇچ مەكتەپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. يولدىشى ئابدۇرىشىت ئەھمەتشاھ (مەن بىلەن بىر نەۋرە تۇغقان) شۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولۇپ، ئاشۇ يىلى خارىبىندا ئېچىلغان بىر قىسىم مەكتەپ مۇدىرلىرىنى تەربىيەلەيدىغان بىر يىللىق كۇرسقا ئەۋەتىلگەن. بىلىشىمچە مېنى مالالازەدە مەكتەپكە يۆتكەشتىكى سەۋەب ئىككى ئىكەن: بىرى، ئۆتكەنكى ئىشتىن كېيىن مېنىڭ روھىم چۈشۈپ قارىزىق مەكتەپكە بېرىشتىن رايىم قايتىپ قاپتۇ، ئىككىنچىسى، ئابدۇرىشىت ئاكام ئوقۇشقا كەتكەچكە، پاشاچام تۆت قىز بالىسى بىلەن ئۆيدە يالغۇزلۇق تارتىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە خىزمىتى ئالدىراش بولغاچقا، مەن بىر تەرەپتىن مالالازەدە مەكتەپتە ئوقۇپ، ئەتىگىنى- ئاخشىمى ئاچامغا ھەمرا بولۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلۇپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ مەن ئىچ- ئىچىمدىن خوش بولدۇم. چۈنكى مەن پاشاچامغا بەك ئامراق ئىدىم. شۇنداق قىلىپ 4 - سىنىپقا چىققاندا مالالازەدە مەكتەپكە يۆتكەلدىم. بۇ مەكتەپكە ناھايىتى تېزلا سىڭىشىپ كەتتىم. يېڭى ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى مېنىڭ «پاشاخانىمنىڭ ئۇكىسى» دەپ ئالاھىدە ھۆرمەتلەيتتى، باغلىرىغا باشلاپ ئوينىتاتتى. ئاچام مەكتەپنىڭ يېنىدىن بىر دېھقاننىڭ ئارتۇق ئۆيىنى ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرغان ئىكەن. مەن دەرستىن بىكار بولغاندا ئۇكىلىرىمنى يىتىلەپ مەكتەپنىڭ كەڭ سەيناسىدا ئوينىتاتتىم. شۇ كۈنلەردە دادام ۋە ئاناملارمۇ خېلى خاتىرجەم بوپقاپتۇ. يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىدە سىياسەت بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنى كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان، ئوتتۇرا دېھقان، ھاللىق ئوتتۇرا دېھقان، ئاز يەرنى ئىجارىگە بەرگۈچى، ئاز يېرىنى ئىدارە قىلغۇچى، باي دېھقان، پومىشچىك دەپ ساككىز

تۆتىنچى باب

## ئۇچقۇر خىياللار

*«ئىېرىشكىنىڭگىلا قانائەت قىلىش - مەنىۋى ئۆلۈم، زامان بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، بىرلىكتە قەدەم تاشلاش - ھاياتلىق.»*

*- جالالىدىن رومى*

*خىياللار ئىلكىدە «ئۇچار گىلەم» مەن،*
*«ئىېچىل سۇپرام» غا يۆگەلدى تىېنىم.*
*قانائەت - ئۆلۈمدۇر،*
*يىراقمەن - يىراق،*
*تىنرگىن سىرىيدۇ ئون ئىككى يىېشىم.*

مەن نازو - نىېمەتلەرگە تولغان سىخى يازنىڭ ئاخىرقى ئىېيىدا قەشقەر ۋىلايىتىدە تۇنجى قۇرۇلغان قەشقەر 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ (ئادەتتە «سەمەن ئوتتۇرا مەكتەپ» دەپ ئاتىلاتتى) كە قوبۇل قىلىنىغانلىقىم ھەققىدە ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئىېلىپ چەكسىز خوشاللىقا چۆمۈلدۇم. ئەمدىلا ئون ئىككى باھار، ئون ئىككى ياز، ئون ئىككى كۈز، ئون ئىككى قىشنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكەن سەبى قەلبىم گوياكى «ئۇچار گىلەم» دە ئۇچقانىدەك ھاياجان ئىلكىدە تىپچەكلەيتتى. چۈنكى، مەن ئوتتۇرا مەكتەپنى ھاياتلىقنىڭ بوسۇغۇسى، ئادەم بولۇشنىڭ بىرىنچى

تېخىمۇ مۇشكۈل.

*داۋان ئاشتۇق داۋانلار،*
*بىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا.*
*بورانقۇشى يۈرەككە،*
*يېڭى چاڭگا قۇرماقتا.*

مەنمۇ ئاشۇ بوران - چاپقۇن ئىچىدە بىرىنچى داۋان - باشلانغۇچ مەكتەپنى «ئەلىيۇلئەلا» پۈتتۈرۈپ، ئىككىنچى داۋان - ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆتۈشنى كۈتۈپ ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن. مېنى يەنە قايسى ياڭلىغ قىسمەتلەر كۈتمەكتە؟

يېزىلغان چوڭ قىزىل لوزۇنكا ئېسىلغان. بىز دەرۋازىدىن كىرىشىمىزگە ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى ئالدىمىزغا كېلىپ:

-سىلەر مەكتەپكە تىزىملاتقىلى كەلدىڭلارمۇ؟- دەپ سورىدى.

-ھەئە،- دەپ جاۋاب بەردۇق.

-ئۇنداق بولسا يۈرۈڭلار، مەن تىزىملاش ئورنىنى كۆرسىتىپ قوياي.

بىز ئۇ كىشىگە ئەگىشىپ سەمەن يولىغا پاراللېل سېلىنغان ئىككى قەۋەتلىك چوڭ بىنانىڭ ئىچىگە كىردۇق. 1 - قەۋەتتىكى ئۇدۇل ئۆيگە باشلاپ كىردى. بۇ يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى تىزىملاش ئىشخانىسى ئىكەن. ئىشخانىنىڭ دېرىزە تەرىپىگە قاتار ئۈچ ئۈستەل قويۇلغان بولۇپ، بىر ئەر ئىككى ئايال مۇئەللىم يېڭى كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى تىزىملاۋېتىپتۇ.

ئۇلارنىڭ ئالدى بوشىغاندىن كېيىن مەن ئەر مۇئەللىمنىڭ ئالدىغا كەلدىم.

-ھە، تىزىملىتامسەن؟- دېدى مۇئەللىم ماڭا تىكىلىپ قاراپ.

-ھەئە،- دەپ جاۋاب بەردىم.

-مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغانلىق ئوقتۇرۇش قېنى؟

-مانا،- دەپ بوخچامدىكى «ئوقتۇرۇش» نى ئېلىپ مۇئەللىمگە سۇندۇم. مۇئەللىم بۇ «ئوقتۇرۇش» نى كۆرۈپ، ئالدىدىكى تىزىملىككە سېلىشتۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر ۋاراق گىراپلىق جەدۋەلنى ئۈستەل تارتمىسىدىن ئېلىپ، مەندىن سوراشقا باشلىدى.

پەلەمپىيى، كىشىلىك قەدىر ـ قىممەتنىڭ مۇقەددەسلىكى، ئەقىل ـ ئىدراكنىڭ ھامىلىسى دەپ چۈشىنەتتىم. شۇڭا بۇ مەكتەپكە بۇرۇنىراق بېرىشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتۈم.

كۈتكەن كۈنلەر يېتىپ كەلدى. 1953 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى دادام يېڭى تىكتۈرتىپ بەرگەن تۈت يانچۇقلۇق چىپەرقۇت شىم ـ كەمزۇلنى كىيىپ، مۇرەمگە بوخچامنى ئېسىپ مەكتەپكە مېڭىشقا تەييار بولدۇم.

ـ توختا بالام،ـ دەپ چاقىردى ئانام،ـ ماۋۇ بادام دوپپىنى سەبرىنىسا خېنىم ئاچاڭ ساڭا ئاتاپ تىكىپ قويۇپتۇ، ھېممىت ئاكاڭ ئۆز قولى بىلەن تىككەن ماۋۇ سەندەل كەشىمۇ بار. بۇلارنىمۇ كىيىۋال. بۈگۈن ساڭا ھېيت بولدى ـ دە.

مەن كىيىنىپ تەخ بولدۇم. بىزنىڭ كەنتتىن ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان ئىككىلا ئوقۇغۇچى بار ئىدى. بىرى مەن، يەنە بىرى مەندىن بىر يىل بۇرۇن قازىرىق باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئوتتۇرا مەكتەپكە تاللانغان بىزنىڭ مەھەللىدىكى ئىلاخۇن ئۇستام (موزدوز) نىڭ قىزى ھەمراگۈل ئىدى (1952 ـ يىلى قەشقەر سەمەن 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ۋىلايەت بويىچە ئالدىنئالا بىر سىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان ئىكەن. مەكتەپنىڭ قورۇلۇشى تېخى پۈتمىگەچكە، ئۇلار ۋىلايەتلىك مەمۇرى مەھكىمىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئاق ئوردىدا ۋاقىتلىق ئوقۇپ تۇرغان. ئالدىن كېلىشىپ قويغاچقا، ھەمراگۈل بىلەن ئىككىمىز كېرەمباغقا تۇتىشىدىغان يول بىلەن پىيادە ئۇدۇل مەكتەپكە يول ئالدۇق. بىزنىڭ ئۆيى بىلەن بۇ مەكتەپنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن ئون چاقىرىم (5 كىلومېتىر) كېلەتتى. بىز ئىگىز سۇۋادان تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرغان سەمەن يولى بىلەن مېڭىپ مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدۇق. دەرۋازا ئۇستىگە «يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز» دەپ

تامغۇسىنى باستۇرۇپ، بىزگە ئەكىلىپ بەر. ئۆگىنىلۈككە، يەنى 3 - چىسلا چۈشتىن بۇرۇن سائەت توققۇزدا مەكتەپ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئېچىلىدۇ. چوقۇم ۋاقتىدا كەل. ئۇقتۇڭمۇ؟

- ئۇقتۇم.

- ھە، راس، تاس قاپتىمەن ئۇنتۇپ قالغىلى.- يوتقان - كۆرپەڭنى ئەكەلدىڭمۇ؟

- ياق.

- مەكتەپتىن ساڭا ياتاق، تاماق بېرىدۇ. مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇيسەن. شۇڭا ئۆيۈڭدىكىلەر ساڭا يوتقان - كۆرپە، كىگىز ياكى ئەديال، قاچا - قومۇچ، لۆڭگە - سوپۇن قاتارلىق لازىمەتلىكلەرنى تەييارلىسۇن. مۇراسىمدىن كېيىن سىلەرنى سىنىپلارغا ئايرىپ ياتاققا ئورۇنلاشتۇرىمىز. شۇڭغىچە لازىمەتلىكلەرنى تەييارلاپ داداڭ ياكى ئاكاڭ سەن بىلەن بىللە كەلسۇن. بوگۇن باشقا ئىش يوق، ئۆيۈڭگە قايتساڭ بولىدۇ.

مەن مۇئەللىمگە رەھمەت ئېيتىپ، ئىشخانىدىن چىقتىم. كارىدوردا ھەمراگۈل مېنى ساقلاپ تۇرغان ئىكەن. بىز مەكتەپ قورۇسىغا چىقىپ ئەتراپنى كۆزەتتۇق. مەكتەپ قورۇسى ناھايىتى چوڭ ئىدى، يولغا قارىتىپ سېلىنغان ئىككى قەۋەتلىك ئوقۇتۇش بىناسى ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن قەشقەردىكى ئەڭ چوڭ، كۆركەم بىنا بولۇپ، ئىككىنچى قەۋىتى تېخى تولۇق پۈتمىگەچكە، قورۇلۇش ئىشچىلىرى ناھايىتى جىددى ئىشلەۋېتىپتۇ. بىنا بىلەن چوڭ يول ئارىلىقى 50 مېتىرچە كەڭلىكتىكى بوشلۇققا گۈل - گىياھ ۋە دەل - دەرەخلەر تىكىلگەن بولۇپ، يول تەرىپى ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتىكى مەزمۇت ياسالغان ياغاچ رىشاتكا بىلەن قاشالانغان، يول بويىدا ئېگىز ئۆسكەن سۆۋادان تېرەكلەر ئىككى تەرەپكە سايە تاشلاپ تۇرىدۇ. بىنانىڭ ئالدى تەرىپى 20 - 30 مو چوڭلۇقتىكى

- ئىسمىم فامىلەڭ نېمە؟

- ئابدۇكېرىم ئابدۇراھمان.

- قانچە ياش؟

- ئون ئىككى ياش.

- مىللىتىڭ نېمە؟

- ئۇيغۇر.

- داداڭنىڭ سىنىپى تەركىبى نېمە؟

- ئاز يېرىنى ئىدارە قىلغۇچى.

- ئۆيۈڭدە قانچە جان بار؟

- توققۇز جان.

- سەن قەيەردىن؟

- بۇچىدىن.

مۇئەللىم كۈلۈپ كەتتى.

- «بۇچى» دېگەننى بىز ئۇقمايمىز، قايسى ناھىيە، قايسى رايون، قايسى كەنت ئىكەنلىكىنى تولۇق ئېيتىپ بەر.

- قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى بەشكېرەم رايون بۇچى يېزىسى.

- ھە، ئەمدى تولۇق بولدى. سەن قازىرىق مەكتەپتە ئوقۇپسەندە.

- ھەئە، 3 - سىنىپقىچە قازىرىق مەكتەپتە ئوقۇدۇم، 4 - سىنىپنى موللازەدە مەكتەپتە پۈتتۈردۈم.

- ھە، بولدى. سەن ماۋۇ جەدۋەلنى ئېلىپ، رەتلىك تولدۇرغاندىن كېيىن، كەنت «دېھقانلار ئۇيۇشمىسى» نىڭ

دېگەن خەلق ناخشىسى بىكار ئېيتىلمىغان ئىكەن ـ دە!

شۇنداق قىلىپ مەن سەمەن ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تۇنجى قارارلىق ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالدىم. ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدىن كېيىن، بىزنى سىنىپلارغا تەقسىم قىلدى. بۇ يىل مەكتەپكە 200 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنى بەش سىنىپقا ئايرىپتۇ. مەن بىرىنچى يىللىق بىرىنچى سىنىپقا تەقسىم قىلىندىم. بىزدىن بۇرۇن ۋاقىتلىق ئاق ئۆردىدا ئوقۇپ تۇرغان ئوقۇغۇچىلار بىر سىنىپ بولۇپ، «ئىككىنچى يىللىق» دېيىلىدىكەن. بىزگە ئابدۇرىشىت قاسىم دېگەن مۇئەللىم سىنىپ مۇدىرى بوپتۇ. 40 ياشلار ئەتراپىدىكى ئوتتۇرا بويى، دومىلاق يۈزلۈك، بوغداي ئۆڭلۈك بۇ مۇئەللىم ناھايىتى خۇشخۇي كۆرۈنەتتى. ئۇ ئالدى بىلەن سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنى بىر ـ بىرىمىزگە تونۇشتۇردى. سىنىپىمىزدا قەشقەر شەھەر ئىچى، كونىشەھەر، يېڭىشەھەر، يېڭىسار، ئاقتۇ، ئاتۇش، مارالبېشى قاتارلىق ۋىلايەتنىڭ كەلپىن ناھىيىسىدىن كەلگەن ئوغۇل ـ قىز ئوقۇغۇچىلار بار ئىكەن. ياش پەرقىمىزمۇ ئوخشىمايدىكەن. كەلپىنلىك ياسىن خوداقۇل، يېڭىسارلىق ئابلىز غازى، كونىشەھەر سوغانلىق مىجىت مۇسا، دۆلەتباغلىق ھېساملىن، قوغانلىق رەھمىتۇللاھ قاتارلىق ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ بۇرۇتلىرى خەت تارتقان بولۇپ، بوي تۇرقى ۋە كېيىنىشلىرىدىن قارىغاندا باشقىلىرىمىزدىن خېلى چوڭ كۆرۈنەتتى. مەن غولام ھىدايوف ئىسىملىك بىر ئۆزبېك بالا بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇراتتىم. بويى ۋىجىكرەك، قاش ـ كىرپىكلىرى يارىشىملىق، قۇش بۇرۇن بۇ ساۋاقدىشىم كىشىنىڭ مەسلىكى كەلگىدەك رەتلىك كىيىنەتتى. ئۇنىڭ دادىسى تاموژنا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىكەن. ئۇ كىشى بۇرۇن ئورۇس كونسۇلخانىسىنىڭ خادىمى بولغاچقا، ئۇلار كونسۇلخانا قورۇسىدا تۇرىدىكەن. مەكتەپ

ئەڭ كەڭ مەيدان بولۇپ، تېخى تولۇق تۈزلەنمىگەن، مەيداننىڭ كۈن چىقىش تەرىپىگە ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسى ۋە بىر زال سېلىنغان، كۈن پېتىش تەرىپىگە بىر قەۋەتلىك بىر قانچە كورپۇس ياتاق بىناسى سېلىنغان بولۇپ، تېخى ئۈستى يېپىلمىغان هالەتتە تۇرۇپتۇ. مەيداننىڭ ئاياغ تەرىپى شامالباغ يېزىسىدىكى دېهقانلارنىڭ ئېكىن يەرلىرى ئىكەن. بۇ تەرەپكە بىر ئارقا دەرۋازا قويۇلغان بولۇپ، دەرۋازىنىڭ ئۇ قېتىدا بىر ئۆستەڭ سۇ ئېقىپ تۇرىدىكەن. ئۇ يەردىن قارىسا مەجنۇن تاللار ئارىسىدىن يىلاندەك تولغىنىپ ئېقىۋاتقان تۈمەن دەرياسى كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن. مەكتەپنىڭ ئارقا ئىشىكى بىلەن زالنىڭ ئارىسىغا ئوتتۇراهال بىر كۆل كولانغان بولۇپ، سۈپسۈزۈك سۈيى مەيىن شامالدا هالغىنىپ تۇراتتى. بىر مەكتەپنىڭ ئالدى دەرۋازىسىدىن چىقىپ، مەكتەپنىڭ قىپاش ئۇدۇلىدىكى ئورۇس كونسۇلخانىسىغا كۆزىمىز چۈشتى، ئاپپاق ئاقارتىلغان كونسۇلخانا تېمىنىڭ ئىچىدە رىدە، ئاكاتسىيە، سۆۋادان تېرەكلەر باراقسان ئۆسكەن بولۇپ، قارا قۇچقاچ، تورغاي، تېۋىلغا، پاختەك، كەپتەر قاتارلىق قۇشلار ۋىچىرلىشىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. دەرەخلەر ئارىسىدا ئۈستى كۆندىلەڭ شەكىللىك قىزىل قاڭالتىر بىلەن قاپلانغان دوم ئۆيلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قارىغاندا سۆۋادان تېرەك بۇ يۇرتنىڭ سىمۋولى ئوخشايدۇ، دەرۋەقە، يول بويىدىن تارتىپ كوچا - كويلەرنىڭ قاناقلىرىغىچە ئەلنى قوغداۋاتقان جەڭچىلەردەك تىك ئۆسكەن سۆۋادان تېرەكلەر كۆزگە تاشلىنىدۇ.

*شامال چىقسا لىڭشىيدۇ،*
*سەمەن يولىدا تېرەك.*
*ئانچە - مۇنچە كەپ تۇرسىلا،*
*چىدىمايدىكەن يۈرەك.*

سۈپىتىدە بۇ سېھىرلىك زېمىننى يىپەك يولى بويىدىكى «يېشىل مەرۋايىت» قا ئايلاندۇرغان. تۇمەن دەرياسى بولاق سۇلىرىدىن ھاسىل بولغان دائىملىق دەريا ئېقىنى بولۇپ، ئۇ قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ لەنگەر يېزىسىنىڭ ئاقتام كەنتىدىن باشلىنىپ، قەشقەر شەھەر رايونىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى شامالباغ يېزىسى ئارقىلىق شەھەر رايونىغا كىرىدۇ. ئاندىن يارۋاغ كۆۋرۈكى ۋە تۆشۈك دەرۋازا كۆۋرۈكلىرىدىن ئۆتۈپ، گاھ جەنۇبقا، گاھ شەرققە بۇرۇلۇپ، ھازىرقى قەشقەر ۋىلايەتلىك كالا فېرمىسىغا بارغاندىن كېيىن قىزىل دەرياغا قۇيۇلىدۇ. «تۇمەن دەرياسى» دېگەن ئاتالغۇ ناھىيە دەرىجىلىك بىر مەمۇرى ئورۇننىڭ دەرياسى، دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان. دېمىسىمۇ بۇ دەريانىڭ سۈيى بۇرۇنقى قەشقەرنىڭ كونىشەھەر ناھىيىسى تەۋەلىكىدىكى مىڭلىغان قۇرىماس بۇلاقلاردىن ھاسىل بولغان. ئەينى يىللاردا بۇ دەريانىڭ سۇغىرىش مەيدانى ئىككى مىليون 200 مىڭ مودىن ئاشاتتى، نەچچە يۈزمىڭ ئاھالىنىڭ ئىچىملىك سۇ مەنبەئى ئىدى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇ دەريانىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغا 32 مىڭ كىلوۋات سائەت توك بېرەلەيدىغان تۆت سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ، دەريا ۋادىسىدىكى قەشقەر شەھىرى، قەشقەر كونىشەھەر، قەشقەر يېڭىشەھەر، پەيزاۋات ناھىيىسى ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى ئاتۇش، ئاقتۇ ناھىيىلىرىنى توك بىلەن تەمىنلىيەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولغان.

قەشقەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىنى ئوراپ تۇرغان قىزىل دەرياسى قىرغىزىستاننىڭ ئالاي تېغى (تەڭرىتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىي ئۇچى) دىن باشلىنىدۇ. بۇ غول ئېقىن مەملىكىتىمىز تەۋەسىگە كىرگەندىن كېيىن، غەربتىن شەرققە قاراپ ئېقىپ، ئۇلۇغچات، قەشقەر كونىشەھەر، قەشقەر شەھىرى، يېڭىشەھەر،

شەھەر ئىچىدە ئۆيى بار ئوقۇغۇچىلاردىن باشقا ھەممىمىزنى ياتاققا ئورۇنلاشتۇردى. ئوقۇتۇش ۋە ياتاق بىنالىرى تېخى پۈتمىگەچكە، ياتاقتا ياتىدىغانلار چوڭ زالغا سېلىپ قويغان بىرزىن ئۈستىگە كېگىز - كىچەكلىرىمىزنى يېيىپ، 100 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئالتە رەت بولۇپ ياتاتتۇق. ئورۇن - كۆرپىلەرنى ھەربىيچە رەتلىك قاتلاشنى ئۆگەتتى. ئەتىگىنى سائەت ئالتىدە چېلىنغان قوڭغۇراق ئاۋازى بىلەن ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، مەيداندا سېنىپ بويىچە تىزىلاتتۇق. تەنتەربىيە مۇئەللىمىنىڭ قوماندانلىقىدا گىمناستىكا ئويناپ بولۇپ، بىزنى «پو- پو» غا دەسسىتىپ تۇمەن دەرياسى بويىغا يۈز يۈيۈشقا ئېلىپ باراتتى. ئاشۇ كۈنلەردىن باشلاپ تۇمەن دەرياسى بىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. بىز ھەر كۈنى يۈز يۈيۈشقا بارىدىغان دەريانىڭ بۇ بۆلىكى شامالباغ يېزىسىنىڭ سىركىچى كەنتىگە تۇتىشىدىغان بولۇپ، دەريانىڭ لىۋىدىكى دوڭغاق سوگەتلەرنىڭ تاللىرى سۇ ئۈلاھىغا سېغىنغان ئۇماي ئانىمىزدەك دەرياغا تازىم قىلىپ تۇراتتى. دەريانىڭ سۈيى كۆل سۈيىدەك تېنىق ۋە سۈپسۈزۈك بولۇپ، شاۋقۇنسىز ھالدا يېيىلىپ ئاقاتتى. بىز تېخى دېڭىزنى كۆرۈپ باقمىغاچقا، بالىلىق دەۋرىمىزدە مۇشۇ دەريا ئېقىنىنى «دېڭىز» دەپ ھېس قىلاتتۇق. ئۇنداق دېسەم بەلكىم بۇ دەريانىڭ ئۆتمۈشتىكى ئېقىن مىقدارىنى كۆرمىگەنلەر مېيىقىدا كۈلىشى مۇمكىن. دەرۋەقە، بۈگۈنكى دەۋرىمىزگە كەلگەندە تەبىئى ۋە ئىجتىمائى بۇزغۇنچىلىقلار تۈپەيلىدىن بۇ دەريانىڭ سۈيى قۇرۇپ، ئايىغى چىقمايدىغان يۇندە ئېرىقىغا ئايلىنىپ قالدى. باشقا يۇرتلاردىن قەشقەرگە كەلگەن زىيارەتچىلەرنىڭ «ئېرىقنى دەريا دەيدىغان قەشقەرلىكلەر» دەپ مەسخىرە قىلىشلىرىدىن ئانچە ئەجەپلىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئەسلىدە قەشقەرنى ھالقىسىمان ئوراپ تۇرغان تۇمەن دەرياسى بىلەن قىزىل دەرياسى قەشقەر بوستانلىقىنىڭ قېنى ۋە جېنى

تارىختىكى مەدەنىيەتلىك شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى دەريا بويىغا قۇرۇلغان بولۇپ، دۇنيادىكى قەدىمى يىرىك مەدەنىيەت تىپلىرى ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان دەريا ناملىرىنى سىمۋول قىلغان ھالدا «نىل مەدەنىيىتى»، «مىسسوپوتامىيە مەدەنىيىتى»، «ماۋەرائۇننەھىر مەدەنىيىتى»، «خۇاڭخې - چاڭجياڭ مەدەنىيىتى»، «ھىندۇ- كانگې مەدەنىيىتى»، «ئورخۇن - يىنسەي مەدەنىيىتى» دەپ ئاتالغان. دېمەك، بۇ قەدىمكى مەدەنىيەت تىپلىرى دەريانى بەلگە قىلغان. قەشقەرمۇ ئىككى دەريا ئارىلىقىدا بىنا بولغاچقا، ئۆزگىچە مەدەنىيەت ئەۋزەللىكىگە ئىگە بولغان. بەلكى ئەجدادلار ئۇدۇمىدىن ئۈلگە ئالغان بولسا كېرەك، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەرگە نىسبەتەن ئالىي بىلىم يۇرتلىرى دەپ سانىلىدىغان قەشقەر ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن، قەشقەر سەمەن 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ قاتارلىق ئۈچ ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەر تۈمەن بىلەن قىزىل دەريا بويىدا قۇرۇلغان.

*ئەۋرىشىم ياشلىق چېغىم، گۈللەش چېغىم، ئۆرلەش چېغىم،*
*ئىلمۇ - ئىرپان بۆشۈكى ئول - مەكتەپ دېگەن گۈلگۈن بېغىم.*
*بىلمىگەننى بىلدۈرەر ھەم ئەما - نادانني كۆلدۈرەر،*
*زور جاۋاھىر كانىدۇركى - پەللىسى يۈكسەك تېغىم.*

ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتى مېنى چەكسىز خوشاللىقا چۆمدۈردى. چۈنكى مەن تېخى چۈشىنىشكە قادىر بولالمىغان «ئىجارە كېمەيتىش»، «يەر ئىسلاھاتى» دېگەن ھەرىكەتلەرنىڭ سەۋەبى قەلبىمدە قالدۇرغان يارىلىرى ساقايغان ئىدى. ئۇنىڭ ئورنىنى كوللېكتىپ ھاياتىنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى ئىگىلىدى. ئوقۇتۇش بىناسى تېخى تولۇق پۈتمىگەچكە،

پەيزاۋات قاتارلىق ناھىيە - شەھەرلەردىن ئۆتۈپ، ئاۋات ناھىيىسىدىكى ماتان دېگەن جايغا بارغاندا يەكەن دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ ئانا دەريا - تارىم دەرياغا قۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 778 كىلومېتىر، دۆلىتىمىز چېگرىسى ئىچىدىكى قىسمى 600 كىلومېتىر بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەشھۇر دەريالارنىڭ بىرى. قىزىل دەرياسى تەگرىتېغىنىڭ ئىگىز ئۆتكەللىرىدىن بىرى بولغان مەشھۇر تېرەك داۋان (دېڭىز يۈزىدىن 3962 مېتىر ئېگىز) دىكى قار - مۇزلاردىن ھاسىل بولۇپ، شەرققە سوزۇلغان شىددەتلىك ئېقىنى قىزىل تۇپراق قاتلىمىنى يالاپ ئېقىتىپ كەلگەچكە «قىزىل دەريا» دەپ ئاتالغان. بۇ ئىككى دەريا بىزنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىمىز بىلەن بىۋاسىتە باغلانغاچقا، بىزدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرغان. شۇڭا بۇ ئىككى دەريانىڭ نامى تىلغا ئېلىنسا، 1950 - يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى قاينام - تاشقىنلىققا تولغان ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىمىز كۆز ئالدىمىزدا ئىكراندەك نامايەن بولىدۇ. چۈنكى بىز ئاشۇ ئىككى دەريا سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان، سۈيىگە قانغۇچە چۆمۈلۈپ پىشانىمىز ئوڭ بولغان، قەلبىمىز دەريا سۈيىدەك مەۋج ئۇرۇپ، شاتلىققا تولغان.

*قەشقەرلىقنىڭ قەلبىدە پەرھات قازغان، ئەي تۈمەن.*
*ساھىلىڭدا گۈل - چىمەن ئېتەك يايغان، ئەي تۈمەن.*
*رابىئە ھەم سەئىدىنىنىڭ لەبزى تامغان، ئەي تۈمەن.*
*مەجنۇن تىلىڭ ئىگىلىپ ساما سالغان، ئەي تۈمەن.*
*بۇلبۇللىرىڭ سايرىشىپ ھۇزۇر ئالغان، ئەي تۈمەن.*
*تومۇرۇمدا سۈيىڭنىڭ تەمى قالغان، ئەي تۈمەن.*

دەرۋەقە، دەريا دېگەن شەھەرنىڭ زىننىتى ئىكەن. شۇڭا

دەرىجىدە سورتلۇق مېۋىلىشى باغۋەن بولمىش ئوقۇتقۇچىنىڭ كەسپى ماھارىتىگە باغلىق. مانا بۇ ھەقىقەتنى سەمەن ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئاشۇ يىللاردىكى ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى تولۇق ئىسپاتلىغان ئىدى. بۇ ۋاقىتلاردا تېخى رايونىمىزدا ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مىللى دەرسلىكلىرى تۈزۈلمىگەن بولۇپ، ئاساسەن ئۆزبېكىستان ۋە قازاقىستان س س ر ئوقۇش - پىداگوگىكا تەركىبىدىكى ئۇيغۇر بۆلۈمى ئىشلىگەن دەرسلىك قوللانمىلار قوللىنىلاتتى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، تاشكەنت ۋە ئالمۇتا «دۆلەت ئوقۇش - پىداگوگىكا نەشرىياتى» ئۇيغۇر كونا يېزىقى ۋە سىلاۋيان ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشر قىلىنغان «بوتانىكا»، «تەبىئەت»، «ھېساب»، «بىرزانىسكى»، «ئالگىبرا»، «زوئولوگىيە»، «تارىخ»، «جۇغراپىيە»، «ئۇيغۇر تىلى»، «ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلۇقى»، «ئەدەبىيات ئوقۇشلۇقى»، «ئەدەبىيات خروستوماتىيىسى»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خرىستوماتىيىسى» ... قاتارلىق قاتتىق مۇقاۋىلىق دەرسلىكلەر بىزنىڭ ئوقۇش قوراللىرىمىز ئىدى. مۇشۇ دەرسلىكلەرنىڭ بىر قىسمىنى 60 يىلدىن بۇيان كىتاب ئامبىرىمدا «تەۋەررۇك» قىلىپ ساقلاپ كېلىۋاتىمەن. «ئونتۇش ئۈچۈن ئەسلەش» مەقسىتىدە مۇنداق ئىككى دەرسلىكنىڭ مۇندەرىجىسىنى ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەرگە سۇنغۇم كەلدى. بىرى، 5 - سىنىپ ئۈچۈن تۈزۈلگەن «ئەدەبىيات خرىستوماتىيىسى» (قازاق س س ر ئوقۇش - پىداگوگىكا نەشرىياتى، 1955 - يىل تۆتىنچى نەشرى. قادىر ھەسەنوف تۈزگەن) مۇنداق مەزمۇنلاردىن تەركىپ تاپقان:

1 - خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتىدىن ئۆرنەكلەر

*ئاكا - ئۇكا ئۈچ باتۇر (چۆچەك)*
*بوۋاي بىلەن موماي (چۆچەك)*

مەكتەپنىڭ كەڭرى مەيدانىغا خام كىسەكتىن ۋاقىتلىق تام قوپۇرۇپ ئۇنى «سىنىپ» قىلىدۇق. «ئورۇندۇق»، «پارتىلار» مۇ خام كىسەكتىن ياسالغان ئىدى. لېكىن دەرسلەر ناھايىتى قىزغىن ۋە جەلپكار بولغاچقا، بۇ ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقلار كۆزىمىزگە كۆرۈنمىدى. بىز دەريا ـ كۆللەر قەغەزدەك مۇز تۇتۇشقا باشلىغان نويابىر ئايلىرىنىڭ باشلىرىغىچە ئۆزىمىز ياسىۋالغان كەپىلەرنى «سىنىپ» قىلىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرغاندىن كېيىن، ئازادە ۋە كۆركەم ياسالغان يېڭى ئوقۇتۇش بىناسىغا كۆچتۇق. شۇنىڭ بىلەن مەكتەپنىڭ پۈتۈن خىزمەتلىرى تەرتىپكە سېلىندى، مەكتەپ قىرائەتخانىسى ۋە دوختۇرخانىسىمۇ ئىشقا چۈشتى. مەكتەپنىڭ مۇدىرى غۇلامجان ئاكا ۋە ئىلمىي مۇدىر ھامىت سابىر ئەينى يىللاردا قەشقەردە يۇقىرى يۈز ـ ئابرويلۇق پېشقەدەم پىداگوكلار بولغاچقا، ئەتراپىغا ناھايىتى ئىقتىدارلىق ۋە سالاپەتلىك سەرخىل مۇئەللىملەرنى توپلىغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ كەلگەن «تاشكەنتچىلەر»، سابىق شىنجاڭ ئىنىستىتوتىنىڭ ھەرقايسى كەسىپلىرىنى پۈتتۈرگەن ياش ئوقۇتقۇچىلار، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى مائارىپ تارماقلىرىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن تايانچىلار، قەشقەر ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىننىڭ تولۇق كۇرسلىرىنى پۈتتۈرگەن ئەلاچىلار، مۇھەممەد رېھىم ئاكا، مۇھەممەتجان سادىقوف قاتارلىق داڭلىق شائىرلار، خالىس خانىم، مۇھەممەد رېھىم قاتارلىق مەشھۇر سەنئەتكارلار قاتارلىق دوختۇرلار، ئارقا سەپ ساھەسىدىكى كەسپلەشكەن تەجرىبىلىك بوغالتىر ـ كاسسىرلار... بار ئىدى.

دەرۋەقە، سەرخىل ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ ھازىرلىنىشى مائارىپنىڭ گۈللىنىشىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل ئىكەن.

مەكتەپنى بىر مەرىپەت بېغى دېسەك، ئوقۇغۇچى ئۇنىڭدىكى كۆچەتلەردۇر، كۆچەتلەرنىڭ ياخشى ئاينىشى، جەلپ قىلارلىق

مەسەل ھەققىدە
ت. گ. شېۋچېنكونىڭ تورمۇش - ھاياتى
شېۋچېنكو - رەسسام ۋە شائىر
سۈرگۈندە (خاتىرە)
ۋەسىيەت (شېئىر، شېۋچېنكو)
ئۆتەر كۈنلەر (شېئىر، شېۋچېنكو)
ئى. ئا. گونچاروف
ئوبلوموۋنىڭ كىچىك ۋاقتى (ھېكايە، گونچاروف)
ن. ئا. نېكراسوۋ
سولدات ئانىسى (ھېكايە، نېكراسوۋ)
باھار (شېئىر، ھ. ھېزىموف)
ل. ن. تولىستوي
ئەتىياز (ھېكايە)
كاككۇك بىلەن خوراز (كىرىلوف، مەسەل)
ئەينەك بىلەن مايمۇن (كىرىلوف، مەسەل)
تەمسىل ھەققىدە چۈشەنچە
ئا. پ. چېخوۋنىڭ تۇرمۇش - ھاياتى
كاشتانكا (چېخوۋ، ھېكايە)
ئا. م. گوركىنىڭ تۇرمۇش - ھاياتى
كىشىلەر ئىشىكىدە (ھېكايە)
قۇش ئوۋلاش (ھېكايە)
سەدىردىن ئەينى
كونا مەكتەپ (ھېكايە)
ئۆمەر موھەممەدى
ئېغىر كۈنلەردە (ھېكايە)
ئىسمائىل ساتتاروۋ
ئايدىڭ كېچە (شېئىر)
گۈللەر تېرىدۇق (ئۆمەر موھەممەدى، شېئىر)

ئولا بىلەن قاغا
چۆچەكلەر ھەققىدە
تېپىشماقلار (ئۆرنەك)
تېپىشماقلار ھەققىدە
ماقاللار (ئۆرنەك)
ماقاللار ھەققىدە
خەلق ئېغىز پوئېزىيىسى
جامبۇل ھەققىدە
جامبۇل قوشاقلىرى
سادىر پالۋان قوشاقلىرى

2 ـ تۇس ۋە سوۋېت ئەدەبىياتى (ۋەتىنىمىزنىڭ ئۆتمۈشىدىن)

ئا. س. پوشكىننىڭ تۇرمۇش ھاياتى
دىرژاۋىن بىلەن ئۇچرىشىش (پوشكىن خاتىرىسىدىن)
پوشكىننىڭ مخايلوۋسكى يېزىسىدىكى ئۆيىدە (پوشكىن خاتىرىسىدىن)
پوشكىننىڭ شېئىرىي چۆچەكلىرى توغرىسىدا ـ ئا. م. گوركىي
دالىدىكى شىۋىرغان (پوشكىننىڭ «كاپىتان قىزى» پوۋېستىدىن پارچە)
رىۋايەت، تەسۋىر ۋە دىئالوگ توغرىسىدا
تۇتقۇن (پوشكىن)
ئى. ن. تۇرگېنېۋنىڭ تۇرمۇش ـ ھاياتى
مومۇ (تۇرگېنېۋ)
تۇرگېنېۋنىڭ ھېكايىلىرى ھەققىدە
ئوخشىتىش ھەققىدە
ئى. ئا. كىرىلوۋ ھەققىدە
بۆرە بىلەن قوزىچاق (مەسەل)

ناخشا ۋە قوشاقلار
ماقال ھەم تەمسىللەر
1916 - يىل قوشاقلىرى
سادىر پالۋان قوشاقلىرى
خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى توغرىسىدا چۈشەنچە
ئا. سادىروف، ج. ئاسىمون- «ئانارخان» (دراما، پارچە)
XIX ئەسىر روس ئەدەبىياتى
ئى. ئا. كىرىلوف
يىڭناغوچ بىلەن چۈمۈلە (مەسەل)
ئا. س. پۇشكىن
«دوبروۋىسكى» پوۋىستتىن پارچە
پوۋىست توغرىسىدا چۈشەنچە
ت. گ. شىۋچىنكونىڭ تەرجىمىھالى
ۋەسىيەت (پارچە)
ئى. س. تورگىنىېۋ
ئۇۋچىنىڭ خاتىرە دەپتىرىدىن
ن. ۋ. گوگول
تاراس بولبا (پارچە)
پىزاژ توغرىسىدا چۈشەنچە
خاراكتېرىستىكا توغرىسىدا چۈشەنچە
ئا. ف. چىخوۋنىڭ تەرجىمىھالى
خامىلىيون (ھېكايە)
كومپوزىتسىيە ھەققىدە چۈشەنچە
سوۋېت ئەدەبىياتى
ئا. م. گوركىينىڭ تەرجىمىھالى
مېنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتلىرىم (پارچە)
جامبول ۋە ئۇنىڭ تەرجىمىھالى
ياز (شېئىر)

جامبۇل (ئالا ـ تاغ، شېئىر)
پارتىزانلار ناخشىسى (شېئىر)
ئالېكساندىر فادېيېۋ
«ياش گۋاردىيە» رومانىدىن پارچە
ئىليا بەختىيار
ئۆكتەبىر تىڭى (شېئىر)
خىزمەت ئابدۇللىن
تىنچلىق يېڭىدۇ (شېئىر)
شېئىر توغرىسىدا چۈشەنچە
ئىسمائىل ساتتاروۋ
كەل يېڭى يىل (شېئىر)
ئىستىئارە (مېتافورا) توغرىسىدا
بارىس پولېۋوي
ھەقىقىي ئىنسان توغرىسىدا ھېكايە (پارچە)
باتۇر يىللار (ئۆمەر مۇھەممىدى، ھېكايە)
كولخوز قىزى (ر. يونۇس، شېئىر)
ئەمگەك تويى (ئىليا بەختىيار، شېئىر)
ب. كاتانوف
پولك ئوغلى (پوۋېستتىن پارچە)
لېنىن بوۋام (خىزمەت ئابدۇللىن)
(ئەسكەرتىش: ھەر بىر ماۋزۇنىڭ ئاخىرىغا تەكرارلاش سوئاللىرى قوشۇمچە قىلىنغان)
ئىككىنچى دەرسلىك ـ 6 ـ سىنىپ (تولۇقسىز 2 ـ يىللىق) ئۈچۈن
«ئەدەبىيات ئوقۇشلۇقى» (ق. ھەسەنوف تۇزگەن. قازاق س س ر ئوقۇش ـ پېداگوگىكا نەشرىياتى، ـ1995 يىل)
خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى
چۆچەكلەر (ئۈچ پارچە چۆچەك ئۆرنەك قىلىنغان)

جەلپ قىلىدۇ. ئۇنىڭدىكى جەلپكارلىق مېنىڭچە تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇ دەرسلىكلەر ئەينى يىللاردا دۇنيا ئېتىراپ قىلغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلغار پېداگوگىكىلىق قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسلىنىپ تۈزۈلگەچكە، مەزمۇن قۇرۇلمىسى ۋە سىستېمىسى ئوبيېكت (ئوقۇغۇچى) نىڭ ياش ئالاھىدىلىكى، پسىخىك ئۆزگىچىلىكى، بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى قاتارلىقلارغا ماس كەلگەن.

ئۇ دەرسلىكلەر مەۋھۇم ئابستراكت چۈشەنچىلەردىن خالىي بولۇپ، كونكرېت مىساللار ئارقىلىق سىرلىق نەزەرىۋىي چۈشەنچىلەرنى تەبىئىي ھېس قىلغىلى بولىدىغان ئەملىي بىلىم قىممىتىگە ئىگە قىلغان.

ئۇ دەرسلىكلەرنىڭ قىزىقتۇرۇش ۋە جەلپ قىلىش كۈچى ئالاھىدە يۇقىرى بولغاچقا خۇددى قۇمغا سۇ سىڭگەندەك ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاللىسىغا تەبىئىي سىڭىپ كېتىدۇ.

شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان دەرسلىرىمنى ئانچە كۆپ ئەسلەپ كېتەلمىسەممۇ، لېكىن ئاشۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرىدىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۆرنەكلىرى، پوشكىننىڭ شېئىرىي چۆچەكلىرى، تورگېنېفنىڭ «مومو» قاتارلىق ھېكايىلىرى، كىرىلوۋنىڭ «بۆرە بىلەن قوزىچاق» قاتارلىق مەسەللىرى، چېخوپنىڭ «خامېلېيون» ناملىق ھېكايىسى، گوگولنىڭ «تاراس بولبا» سى، لېۋ تولستوينىڭ «ئاننا كارېنىنا» سى، گوركىنىڭ «مېنىڭ دارىلفۇنۇنۇم» ى، فورمانوۋنىڭ «چاپايوف»ى، ئوستروۋسكىنىڭ «پولات قانداق تاۋلاندى» سى، مۇختەر ئەۋېزوفنىڭ «ئاباي» رومانى، ئۆمەر مۇھەممىدىنىڭ «ئۆمەر ئۆلدى» شېئىرى بىلەن «ئېغىر كۈنلەردە» ناملىق ھېكايىسى، ق. ھەسەنوف، ئى.

ن. ئا. ئوستىروۋسكى
پولات قانداق تاۋلاندى (پارچە)
مۇختەر ئاۋېزوف
ئابايىنىڭ بالىلىق چېغى («ئاباي» رومانىدىن پارچە)
ئۆمەر مۇھەممىدىنىڭ تەرجىمىھالى
گۈللەر تېرىدۇق (شېئىر)
مۇڭلانما سىڭلىم (شېئىر)
ئۆمەر ئۆلدى (شېئىر)
يەنە يانارمەن (شېئىر)
ئۆكتەبىر تېڭى (شېئىر)
قادىر ھەسەنوف
ۋەتەن تۈيغۇلىرى (شېئىر)
رىزۋانگۈل (پوئېمىدىن پارچە)
بىزنىڭ ياشلىق (شېئىر)
شائىر دوستۇمغا (شېئىر)
ئىسمائىل ساتتاروف
ئۆكتەبىر تېڭى (شېئىر)
لېنىن خاتىرىسى (شېئىر)
ئۆمەر مۇھەممىدى خاتىرىسى (شېئىر)
لوتفۇللا مۇتەللىپ
يىللارغا جاۋاپ (شېئىر)

گەرچە مۇندىن 60 يىل بۇرۇن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى يىللىقلىرى ئۈچۈن تۈزۈلگەن بۇ دەرسلىكلەرنى ھازىر ئۆزىمىز تۈزگەن ۋە تۈزىۋاتقان مۇناسىپ دەرسلىك قوللانمىلارغا سېلىشتۇرغاندا ئۇنچىلىك مۇكەممەل ۋە سىستېمىلىق دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۆزگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكى بىلەن ھازىرمۇ بىزنى

تەرتىپلەر تولۇق تۈرگۈزۈلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن مەكتەپنىڭ ئىلمىي ھاۋاسى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن ئىدى. ئاشۇ يىللاردىلا سەرخىل ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ باشلامچىلىقىدا ئەدەبىيات كۇرژوكى، فىزىكا ـ ماتېماتىكا كۇرژوكى، بىئو- خىمىيە كۇرژوكى، تارىخ ـ جۇغراپىيە كۇرژوكى، سەنئەت كۇرژوكى، رەسىم كۇرژوكى، تەنتەربىيە كۇرژوكى قاتارلىق سالونلار قۇرۇلۇپ، «ئىككىنچى دەرسخانا» پائالىيىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى ھەۋەس قىلغان ئىلمىي كۇرژوكلەرگە قاتنىشىش پۇرسىتى يارىتىلغانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەسىرى ھەممىدىن چوڭ بولغىنى ئەدەبىيات كۇرژوكى بولۇپ، مۇھەممەدئەلى زۇنۇن، مىرزاھىت كېرىم، مىركامىل ياقۇپ، ئۆمەر ئوسمان، ئابدۇكېرىم ئەھمەد قاتارلىق بىزدىن بىر سىنىپ يۇقىرى ئوقۇيدىغان ئاكا ساۋاقداشلار بۇ كۇرژوكنىڭ غوللۇق ئەزالىرى ئىدى. كېيىنچە ئۇلارنىڭ سېپىگە ئەھەت تۇردى، ھوشۇر ئەھمەت، ئابلىمىت ئىسمايىل، ئابلىز ئۆمەر، ئىمىن ئەھمىدى، ئابدۇقادىر (گاۋسەن)، ئىزىز مەتىلى قاتارلىق ساۋاقداشلىرىم قېتىلدى. بۇ كۇرژوكنىڭ كەسپىي پائالىيەتلىرىگە تونۇلغان ئەدەبىياتشۇناس مۇھەممەد رېھىم، مۇھەممەتجان سادىقوپ، ئابلىمىت ئابلىز قاتارلىق ئۇستازلار يېتەكچىلىك قىلاتتى. ئىنسان ئۆزىنىڭ ھايات تەقدىرىنى ئالدىنئالا بەلگىلىيەلمىسىمۇ، لېكىن بالىلىق دەۋرىدىكى ئىنتىلىش ۋە ھەۋەس بىر پۈتۈن ئۆمۈر داستانىنىڭ ھەم مۇقەددىمىسى ھەم خاتىمىسى بولالايدىكەن. «ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىش» دېگەن ئىدىيومنىڭ مەنىسى شۇ بولسا كېرەك. ھاياتنىڭ مانا شۇنداق رەھىمسىز، ئەمما تولىمۇ شېرىن دەقىقىلىرىنى ئويلىسام قەدىناس بورادىرىم مەرھۇم مۇھەممەد ئەلى زۇنۇن كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. مەن مۇھەممەد ئەلى زۇنۇن بىلەن 1953 ـ يىلى تونۇشقان، ئۇ گەرچە مەندىن بىر

ساتتاروف، ئىليا بەختىيار، خ. ئابدۇللىن، خ. ھەمرايوۋ، ھ. ئىسكەندەروۋ قاتارلىق سوۋېت ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ تاڭسىق شېئىرلىرى ھازىرغىچە ئىسمىدىن كۆتۈرۈلمەيدۇ. دەرۋەقە «ياشلىقتىكى تەسىرات تاشقا موھۇر باسقاندەك» ئەبەدىي ئىز قالدۇرىدىكەن. مېنىڭچە، مائارىپنىڭ ئۆزىكى ـ دەرسلىك قۇرۇلمىسى بىلەن ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت. ئەگەر مۇشۇ ئىككى ھالقا پېداگوگىكىلىق قانۇنىيەتلەرگە ئۇيغۇنلىشالىسا مائارىپ مىسلىسىز كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە بولىدۇ ۋە بىز تەكىتلەۋاتقان ساپا مائارىپمۇ كۆتكەن نىشانىغا يېتەلەيدۇ. بولۇپمۇ ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپ باسقۇچى ئەقلىي، ئەخلاقىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن تەڭ يېتىلگەن ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەشنىڭ ئەڭ ئەۋزەل، ئىگىزلىك باسقۇچى، ئونىۋېرسال ئەمەلىي بىلىم ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىشنىڭ ھالقىلىق پەيتى بولغاچقا، بۇ مەزگىللىك مائارىپنىڭ ئۈنۈمىگە ھەرگىز سەل قارىماسلىق كېرەك. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرى دۇنيادىكى مائارىپ ئەندىزىسىدە سابىق سوۋېت مائارىپىنىڭ ئۈلگىلىك تىپ بولۇپ قېلىشى ئاشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك. دەرۋەقە، زامانىمىزدا ئىلىم ـ پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە شۆھرەت تاپقان مەشھۇر شائىرلار، ئەدىپلەر، ھۆرمەت ۋە ئىناۋەتكە سازاۋەر ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆپچىلىكى 1950 ـ يىللاردىكى ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىنىڭ شېرىن بولىقىدىن سۇ ئىچكەنلەر، بولغانىمىغان ئىلىم ھاۋاسىدىن نەپەسلەنگەنلەردۇر. ھازىرمۇ قەلب ئىكرانىمدا نامايانكى، بىز 1953 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمە مائارىپ ئىدارىسى باشقۇرىشىدىكى سەمەن 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوچۇما بولغان مەزگىلىمىزدە تېخى سەبى باللار بولساقمۇ، لېكىن «خورىكىمىز» خېلىلا چوڭ ئىكەن. گەرچە 1950 ـ يىللارنىڭ دەسلەپىدە يېڭىچە ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي

تۇرمۇش مۇشكۈلاتلىرى ھېچنېمىگە ئەرزىمىدى. ھەتتا ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى پەسىللىرىدە رەھىمسىز كېسەل ئۇنىڭ جىسمىغا نەشتىرىنى سانجىغان بولسىمۇ قىلچە ۋايسىماي دۇنياغا ئۈمىد بىلەن قارىدى. ھەقىقىي ئىشىق - مۇھەببەت ئىنسانغا يېڭىلمەس كۈچ ئاتا قىلىدىغان گۈزەللىك ئىلاھى ئىكەن. مانا، ئەلسۆيەر شائىرىمىز مۇھەممەدئەلى ھاياتتا تەشنالىق بىلەن ياشىغاچقا ناھايىتى ئوبرازلىق ھالدا «تەشنائى» تەخەللۇسىنى تاللىغان. كۆڭۈللەر قىيامىنى مەستخۇش قىلىدىغان ئېتىملىق غەزەللىرىمۇ ئۇنىڭ جان ھەلقۇمىغا يەتكەن مەزگىللىرىدە كۆككە ياڭرىغان، ئۇ يازغان «مەشرەپ» ناملىق غەزەل ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئاپىرىدەگاھى بولمىش ئۇيغۇر مەشرىپىنىڭ بايراق چىقىرىش مارشى سۈپىتىدە تېلېۋىزىيە «مەشرەپ» پروگراممىسىنىڭ مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدىغان مۇقەددىمىسىنى ئاچقان. ئون نەچچە يىلدىن بويان ئۈزۈلمەس دولقۇندەك ئۆركەشلىگەن 150 قىسىملىق «مەشرەپ» ئاشۇ غەزەل بىلەن كامالەت تاپقان ۋە بۇ غەزەلنىڭ ساھىبى - «تەشنائى» نىڭ نامى مەشرەپكە باغلىنىپ مەڭگۈ ئۆلمەس ئابىدىگە ئايلانغان. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ غەزەلنى ھەممىمىز بىرلىكتە يەنە بىر قېتىم ئوقۇيلى:

*ئانا يۇرتۇم ئارا تۆھپە - مىراس بىباھا، مەشرەپ،*
*بوغۇلغان دەم - نەپەسلەرگە شىپالىق ساپ ھاۋا، مەشرەپ.*

*كامالەت تاپتى قوينۇڭدا مۇقام - ئەلنەغمە، جانبازلىق،*
*ئەزەلدىن زاتى ئۇيغۇرغا ئىجازەتسىز راۋا، مەشرەپ.*

*بېغى سەن قان قېرىنداشلىق، ئىناقلىق قان كۆيەرلىكنىڭ،*
*ھوسۇل - بەھرىڭ ئاداۋەتلىك جاراھەتكە داۋا، مەشرەپ.*

سىنىپ يۇقىرى ئوقىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى سەممىلىك، كەمتەرلىك، ساداقەتمەنلىك، كەمسۆزلۈك، ئاددى ـ ساددىلىق، ھېس ـ تۇيغۇغا باي بولۇشتەك ئادىمىي خىسلەتلىرى مېنى رام قىلىۋالغان. ئۇنىڭ قەشقەر شەھىرى ئەۋرىشىمكا كوچىسىدىكى ئۆيىدە تالاي قېتىم مۇڭداشقان، زىكرى ـ سۆھبەتلەردە بولغان، ئۇنىڭغا بولغان ئەقىدەم تۇپەيلىدىن 1955 ـ يىلى ئۆزىنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا ئاتاپ يازغان «خوشلىشىش» ناملىق ئالتە كوپلېتلىق قەلب قەسىدىسىنى ھازىرغىچە ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن.

*ئانا مەكتەپ ھەم ئۇستازىم دائىم مېنىڭ دىلىمدا،*
*ھەر مۇشكۈللەر باشقا كەلسە مەدەت بېرەر يېنىمدا.*
*سىز چوقۇم بار ۋۇجۇدۇمدا ھەر خوشاللىق چېغىمدا،*
*ھەم سۆزىڭىز يەلكەن بولۇپ ئۆزەر قىزىل قېنىمدا.*

*سىزگە مەھكەم رىشتە باغلاپ ھەممىنىڭ پاكىز دىلى،*
*ئايرىلىش چاغ سۆزلىيەلمەس مېھرىنى كۆپلەر تىلى.*
*تەربىيەلەپ سىز ئۇستۇرگەن بىز ۋەتەن پەرزەنتلىرى،*
*تەندە جان سىزنى يادلار ئوغلىڭىز مۇھەممەدئەلى.*

«بولغۇسى ھوسۇل كۆكىدىن مەلۇم» بولغىنىدەك، ئەمدىلا 15 ياشقا كىرگەن سەبى قەلبتىن ئەنە شۇنداق شېئىرى دوردانىلەر تۆكۈلگەن. ئۇ شۇندىن باشلاپ شېئىرىيەتنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئاقتى، ئۇ بىر ئۆمۈر پەقىرلىق ۋە ھەقىرلىق ئىچىدە ياشىغان بولسىمۇ، لىكىن شېئىرىدىن خۇشاللىق تاپتى، شېئىرنىڭ سۆز بىلەن ئىپادىلەش قېيىن بولغان سېھرى كۈچى ئۇنىڭ قەلب ئاسمىنىنى يورۇتتى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى چۇلغىغان شېئىرىي مۇھەببەت ـ ئىشىق ئالدىدا كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان شىددەتلىك بوران ـ چاپقۇنلار،

يارامىلىق باغۋەندىن يارامىلىق كۆچەت يېتىشىپ چىقىدىكەن. دەرۋەقە، ئاشۇ يىللاردا قەشقەردىكى سەرخىل مائارىپچىلار، كەسپى تايانچىلار، ھۆرمەتكە سازاۋەت ئۇستازلار مۇشۇ مەكتەپكە توپلانغان ئىكەن. شۇڭا 60 يىلدىن بويان مەكتەپ مۇدىرى غولامجان مىرزا، ئىلمىي بۆلۈم باشلىقلىرى ھامىت سابىرى، ئابدۇسوپۇر سەئىدى، ئۆز كەسپىنىڭ ئىخلاسمەن ئىختىساسلىقلىرىدىن بولغان سامىت كەنجى، ئوبۇلقاسىم ئىمىن ھاجى، ئابدۇرشىت قاسىمھاجى، ئەخمەتجان خوداۋەردى، رىشات مۇسا، غوجەخمەت ئابدۇرېھىم شاھابىدىن، رەھىم كېرىم، مىجىت ئىسمائىل، تۇنىسا ئۆمەر، ئابلىز ھوشۇر، لىيوۋمىن، گوشاۋجۇ، ئەمەت بەختى، مۇھەممەت رېھىم، سۇلتان مامۇت، سارە تۇردىيېۋا، ھامىتجان خوجايوف، ئابلىمىت ئابلىز، زىلەيبوۋى، زولھايات، ئاتىكەم ئابباسوۋا، ئايشەم سىدىقوۋا، خالىس قادىروۋا، ئابدۇسالام داۋۇت، مامۇت قاسىم، مۇھەممەتجان سادىق قاتارلىق مەرىپەتچى باغۋەنلەر قەلب تۆرىمىزدە نامايان بولىدۇ. ئەپسۇس، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى، «ياتقان يېرىڭلار جەننەتتە بولسۇن!» دېگەن ياخشى تىلىكىمىزلا قالدى.

*«سىزگە مەڭگۈ رىشتە باغلار ھەممىنىڭ پاكىز دىلى،*
*سىزنى يادلار تائەبەتكە يۇرتىڭىز ئۇيغۇر ئېلى.»*

بىز تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىغا ئەمدىلا قەدەم تاشلىغان 1954 - يىلىنىڭ ئالتۇن كۈز پەسلىدە «يەر ئىسلاھاتى» ھەرىكىتىدىن كېيىنكى 2 - قېتىملىق چوڭ ئىنقىلاب، يەنى مەملىكەت مىقياسىدا «سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش» دولقۇنى قوزغالدى. شەھەر، يېزىلاردىكى قول سانائەتچىلەر، ھۈنەرۋەن كاسىپلار، ئۇششاق تىجارەتچىلەر ئۆزگەرتىلىپ دۆلەت ياكى كوللېكتىپ

*يەنە سەن كاتتا سەيناسى ئۇلۇغ ئىنسانىي خسلەتنىڭ،*
*سېنىڭدە ئەتئەنە رەسمى ـ يۇسۇن، شەرمى ـ هايا، مەشرەپ.*

*يەنە يۈكسەل، قوياشتەك پارلىسۇن پاك روھى مىللەتنىڭ،*
*باغاش ئەتسۇن بۇ ئالەمنى ئىسىل نەغمە ـ ناۋا، مەشرەپ.*

مەن ھەر قېتىم «مەشرەپ» پروگراممىسىنى كۆرگەندە، بۇ 60 يىللىق قەدىناس دوستۇمنىڭ ھاياتىدا ئۆزىگە مۇناسىپ يارىشىقىنى قىلالمىغانلىقىم ئۈچۈن پۇشايمان ئىلكىدە پۇچۇلىنىمەن. بەلكىم بۇ ئەپسۇسلۇق ھېسسىيات ھەممىمىز ئۈچۈن ئورتاق بولۇشى تەبئىي. «ئۆلگەندىن كېيىن ياسىن ئوقۇش» ئۇيغۇر پىسخىكىسىنىڭ «ئەجەللىك ئەزەلىيىتى» بوپقالغىنىغا مىڭ لەنەت! ۋاھالەنكى، مەشرەپ، مۇقام پىرچەڭگىلىرى ھامان سەن بىلەن مەڭگۈلۈك ھەمرا. بۇنىڭغا ئورپاقلىرىڭ گۇۋاھ. سىنىڭ مۇزىكىغا جان بەرگەن شېئىر ـ تېكىستلىرىڭ سادىر پالۋان ناخشىلىرىدەك ئەل ئىچىدە مەڭگۈ جاراڭلايدۇ. سەن ۋە بىز ئىلىم ـ مەرىپەت ئۇرۇقىنى چاچقان، تومەن دەريا بويىدا قانات قاققان سەمەن 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ سەندەك ئەلگە نەپ بەرگەن ئوغلانلىرىدىن پەخىرلىنىدۇ.

ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىدا مەنمۇ ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلغۇچىلاردىن بىرى بولساممۇ، لېكىن بوتانىكا بىلەن زوئولوگىيە دەرسلىرى مېنى ئۆزىگە خەلپ قىلىۋالغان ئىدى. بۇ دەرسلىكلەرمۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىدا بىر تۇتاش قوللىنىلىدىغان دەرسلىك قوللانما بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر كونا يېزىقتىكى نۇسخىسى قازاق س س ر ئوقۇش پىداگوگىكا نەشرىياتى (ئالموتا) تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. بۇ دەرسلىكلەر دونيادىكى ئۆسۈملۈكلەر ۋە ھايۋاناتلارنىڭ بىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ھېكايىلەشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن تونۇلگەچكە، ھەرقانداق كىشىنى ئۆزىگە مايىل قىلىۋالاتتى.

دولقۇنى قوزغالدى. 1956 - يىلىنىڭ باشلىرىدا دېھقانلارنى كوپېراتىسىيىلەشتۈرۈش تولۇق ئەمەلگە ئېشىپ، نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن خۇسۇسىي دېھقانچىلىق ئىگىلىكى يىمىرىلىپ، سوتسىيالىستىك كوللېكتىپ ئىگىلىك سىستېمىسى بارلىققا كەلدى. بۇ ئىلىمىزگە نىسبەتەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قالسىلا دۇنيادا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان بۈيۈك سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ئىدى. 1955 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەردە يەنە بىر خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىش بولدى. يەنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 6 - يىللىقىنى تەنتەنە قىلىۋاتقان 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى دۇنيادىكى تۆت چوڭ مەدەنىيەتنىڭ گىرەلەشكەن ئېغىزى قەشقەرنىڭ سوتسىيالىستىك شەھەر بولۇپ قۇرۇلغانلىق خوشخەۋىرى تارقالدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن قەشقەر خەلقى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئوقۇغۇچىلار قەشقەر خەلق باغچىسىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ مەيدانغا جەم بولۇپ، ئىككى بايرام بىرلىكتە داغدۇغىلىق قارشى ئېلىندى. جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى سەيدۇللا سەيپۇللايوف مەركەزنىڭ قەشقەر شەھەرلىك ھۆكۈمەت قۇرۇش توغرىسىدىكى تەستىقىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەبرىك خېتىنى ئوقۇدى. مەيداندىكى نەچچە ئون مىڭ كىشىنىڭ گۈلدىراس ئالقىشلىرى ئىچىدە بۇگۈندىن باشلاپ سوتسىيالىستىك قەشقەر شەھىرى قورۇلغانلىقى جاكارلاندى. ئارقىدىن ھەيۋەتلىك ھەربىي پارات باشلاندى. مىڭلىغان تىنچلىق كەپتەرلىرى ئۇچۇرۇلۇپ، قەشقەر ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلدى. قەشقەر ئۈرۈمچى شەھىرىدىن كېيىنلا ئاپتونوم رايونىمىزدا قورۇلغان ئىككىنچى چوڭ شەھەر بولغاچقا، داغدۇغىسى ھەقىقەتەن چوڭ بولدى. شۇندىن كېيىن قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى بىۋاسىتە باشقۇرىدىغان

ئىگىلىكىدىكى ھەمكارلىق كوپېراتىپى بولۇپ تەشكىللەندى. بۇ ساھەدىكىلەر بارلىق دەسمايىسىنى ھەتتا ئۆي - جاي قاتارلىق مۇقىم مۈلۈكلىرىنى پايغا ھېسابلاپ، ھەسسىدارلىق شىركەتلەرنى قۇردى. بۇ ئاتالمىش «كاپىتالىستىك ئىگىلىكنى سوتسىئالىستىك ئىگىلىككە ئۆزگەرتىش» دولقۇنى ئۇششاق تىجارەت ۋە ھۈنەر - كەسىپكە تايىنىپ جېنىنى باقىدىغان قەشقەرنىڭ نامرات تىجارەتچىلىرىنى قېيىن ئەھۋالغا دۇچار قىلدى. شەخسى ئېلىم - سېتىمنىڭ ھەممىسى چەكلەنگەچكە، قەشقەر شەھىرىنىڭ ئاۋات بازارلىرى چۆلدەرەپ قالدى. بۇ «شامال» دىن داداممۇ چەتتە قالمىدى. ئاشۇ يىللاردا دادام يېزا بازارلىرىدا سەييارە يايما ئېچىپ رەخت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى. بارلىق دەسمايىسىنى يىغسا ھازىرقى بەش مىڭ يۈەنگىمۇ يەتمەيتتى. لېكىن كونىشەھەرنىڭ «سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش»كە رەھبەرلىك قىلىش ئورگىنى دادامغا ئون مىڭ يۈەن سەرمايە قوشۇشنى بەلگىلەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دادام بارلىق دەسمايىسىنى تاپشۇرۇپتۇ. لېكىن ھۆكۈمەت بەلگىلەپ بەرگەن ئۆلچەمگە يەتمىگەچكە ئىلاجسىز بىر ئېشەك، بىر سېغىن كالىسىنى ھەمدە شەھەر ئىچى ئەگلەكچى كوچىسىدىكى ئانامغا مىراس قالغان تۆت ئېغىزلىق ئۆينى سېتىپ ئاران تەسلىكتە يۇقىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىپتۇ. ئاشۇ سەرمايە ھېسابىغا دادىدە كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدىكى كىچىك بىر چەرچىن ماللار دۇكىنى ئېچىشقا ئىجازەت بېرىلىپتۇ. لېكىن سودا يۈرۈشمىگەچكە بىر - ئىككى يىلدىن كېيىن بۇ دۇكاننى تاقاشقا مەجبۇر بوپتۇ، قاتقان سەرمايىسىمۇ «سوتسىيالىزمنىڭ چوڭ قازىنى» دا كۆيۈپ تۈگەپتۇ.

سودا - سانائەتچىلەرنى «سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش» دولقۇنىغا ئەگىشىپ، 1955 - يىلى يېزا - قىشلاقلاردا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇش

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1 ـ، 2 ـ يىللىقلىرىدا ئوقۇغان دەرس مەزمۇنلىرىدىن يىراقلاشمىغاچقا، ھېچقانداق قىينالمايلا ئىمتىھاننى ياخشى بەردىم. فىزىكا ـ ماتېماتىكا ئىمتىھانىنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىگە ئورۇنلاشتۇرغاچقا، مەن شەھەردىكى چوڭ ئاچامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپلا، ئىمتىھان مەيدانىغا كەلدىم. ئىمتىھان ئەمدى باشلىناي، دېگەندە تۇيۇقسىز مەكتىپىمىزنىڭ ئىلمىي مۇدىرى ھامىت سابىر سىنىپقا كىردى. بىز بۇ سالاپەتلىك ئىلمىي مۇدىرىمىزدىن بەك ھېيىقاتتۇق. شۇڭا سەمەن ئوتتۇرا مەكتەپتىن بۇ مەيداندا ئىمتىھانغا قاتنىشىۋاتقان سەككىزىمىز دەرھال بېشىمىزنى جوزىغا قويۇۋېلىپ ئۆزىمىزنى يوشۇرۇشقا تىرىشتۇق. چۈنكى بىز مەكتەپنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي مەخپىي ھالدا ئىمتىھانغا تىزىملاتقان ئىدۇق. شۇئاندا مايتاغدىن كەلگەن رەھبەر: «سەمەن 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى دەرھال سىرتقا چىقىڭلار.» دېدى. بىز بىر ـ بىرىمىزگە قارىشىپ خوشياقمىغان ھالدا ئىمتىھان مەيدانىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدۇق. ئىلمىي مۇدىرىمىز ھامىت سابىر سەككىزىمىزنى باشلاپ بىر بوش ئىشخانىغا ئېلىپ كىردى. بىز گۇناھكاردەك بېشىمىزنى ساڭگىلىتىپ جىم ئولتۇردۇق. «بىزنى مەكتەپتىن چىقىرىۋېتەمدۇ؟» دېگەن ئەندىشە ئىچىدە تۇرساق ئىلمىي مۇدىرىمىز سىپايىلىق بىلەن سۆز باشلىدى:

ـ ساۋاقداشلار! ھازىر نېمە ئويلاۋاتىسىلەر؟ بىز بۇ سوئالغا ھېچقايسىمىز زۇۋان سۈرمەي يەرگە قاراپ جىم تۇردۇق.

ـ شۇنداق، ھېسسىياتىڭلارنى چۈشىنىمەن، دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئىلمىي مۇدىرىمىز. سىلەرنىڭ بۇرۇنراق خىزمەتكە چىقىپ نېفىت ئىشچىسى بولۇش ئارزۇيۇڭلارنى خاتا دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما سىلەر تېخى كىچىك، ئوتتۇرا مەكتەپنىمۇ تېخى پۈتتۈرمىدىڭلار. سىلەر كېلەچەكنىڭ

سەمەن ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ نامى «قەشقەر شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ»كە ئۆزگىرىپ، شەھەرنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. بىز ئەمدىلا تولۇقسىز 3 - يىللىققا قەدەم قويغان مەزگىلىمىزدە بىر قىسىم «ئۇزۇن قولاق» ئوقۇغۇچىلاردىن «مايتاغ نېفىت ئىدارىسى ئىشچىلار تېخنىكومىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدىغان، بىر يىل ئوقۇتۇپ يۇقىرى مائاش بىلەن خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرىدىكەن» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدۇق. بۇ خەۋەر مېنىمۇ قىزىقتۇردى. ئۆتكەن يىلى 3 - ئاكام مۇھەممەد تۇرسۇن شۇ مەكتەپكە تاللىنىپ مايتاغقا ماڭغان. ئالتە ئاي مانتىيورلۇقنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، نېفىتلىكنىڭ تېخنىك ئىشچىسى بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا ئىچىمدە «ئاكامنىڭ قېشىغا بېرىپ ئوقۇسام ھېچنەرسىدىن قىينالمايمەن.» دەپ ئويلاپ، شۇ مەكتەپكە تىزىملىتىشنى قارار قىلدىم. ئاتا - ئانامغىمۇ ۋە مەكتەپكىمۇ ئېيتماي بىر قانچە ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ تىزىملاش ئورنى بولغان قوناق بازىرىدىكى شەھەرلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپكە بېرىپ ئاران تەسلىكتە تىزىملاتتۇق. تىزىملاش ئورنىدىكى مايتاغدىن كەلگەن سالاپەتلىك بىر رەھبەر بىزگە 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «مەدەنىيەت دەرسى» (تىل ئەدەبىيات) ۋە فىزىكا - ماتېماتىكىدىن ئىمتىھان ئالىدىغانلىقىنى، نەتىجىسىگە قاراپ تاللاپ قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. «ئىمتىھان» دېسە، قورقمايدىغان كىشى يوق. بىزمۇ بىرئاز چۆچىدۇق. ئەمما تىزىملاتقانلار ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ يوقىرى ئۆرلەپ ئوقۇيالمىغانلارنىڭمۇ بارلىقىنى بىلىپ، «بىز چوقۇم ئىمتىھاندىن ئۆتەلەيمىز» دەپ ئۆزىمىزگە ئىشىنەتتۇق. ئۇلار ئورۇنلاشتۇرغان ئىمتىھان ۋاقتىمۇ يېتىپ كەلدى. بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئىمتىھان مەيدانىغا كىرىپ مەدەنىيەت دەرسىدىن قەغەزچە يېپىق ئىمتىھان بەردۇق. چىقىرىلغان سوئاللار بىز

ئۇقتۇرۇش تاختىسىغا چاپلاپ قويۇپتۇ. 60% ئەتراپىدىكى ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر قەشقەردە تونجى قۇرۇلغان ۋىلايەتلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىلىنىپتۇ. ياش قورامى چوڭراق، چەت يېزا - قىشلاقلاردىن كەلگەن ھەمدە ئائىلە قىيىنچىلىقى بار، دەپ قارالغان ساۋاقداشلارنىڭ تەقسىمات تىزىملىكى تېخى ئېلان قىلىنمىغان بولۇپ، ئىچكى جەھەتتىن ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمىنى مائارىپ ياكى مەمۇرلۇق خىزمىتىگە تەقسىم قىلغان، قالغانلىرىنى شەرقىي شىمالدىكى شىنياڭ، خاربىن ، غەربىي شىمالدىكى شىئەن، لەنجۇ قاتارلىق شەھەرلەردىكى تۆمۈر يول، قاتناش، ئاشلىق كەسپى تېخنىكوملىرىدىن تارتىپ ئۈرۈمچىدىكى ھەرقايسى كەسپى تېخنىكوم مەكتەپلىرى (4 يىللىق ۋە ئۈچ يىللىق) گە تەقسىملەپتۇ. مېنىڭ ئىسمىم تولۇق ئوتتۇرىغا تەقسىملەنگەنلەر قاتارىدا ئىدى. بۇ تەقسىماتنى ئاڭلاپ ئىچكىرىگە بارالمىغانلىقىمدىن كۆڭلۈم بىرئاز يېرىم بولدى. ئەمما ئەڭ يېقىن ساۋاقداشلىرىم، دوست - بۇرادەرلىرىمنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تولۇق ئوتتۇرىغا ئايرىلغاچقا، مەنمۇ بۇ رىياللىقنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدىم. قەشقەر ۋىلايەتلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئورنى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى قىزىل دەرياسىنىڭ چوڭ كۆۋرىكى يېنىدىكى قەشقەر ئۇن زاۋۇتىنىڭ قارشى تەرىپىدە بولۇپ، زامانىۋى تۇستىكى مەكتەپ قۇرۇلۇشى تېخى پۈتمىگەن ئىدى. شۇڭا قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى بىزنى ۋاقىتلىق قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇپ تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇردى. بىز دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىر قورۇدا تۇرساقمۇ، پائالىيەتلىرىمىز ئايرىم ئىدى. «ئۆي مۈشۈكى تالا مۈشۈكىنى قوغلىغان» دەك. بىز كۆپ ئىشلاردا دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرى تەرىپىدىن يەكلىنىپ قالاتتۇق. سىنىپ ۋە ياتاقلىرىمىزمۇ مەكتەپنىڭ بىر بۆلۈكىدىكى كونىراپ

ئۇمىدى. جەمئىيەت يۇقىرى بىلىم سەۋىيىسىگە ئىگە بولغان ئىختىساس ئىگىلىرىگە موھتاج. شۇڭا ياشلىقىڭلاردا پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ داۋاملىق يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇشنى نىشان قىلساڭلار ئىستىقبالىڭلار تېخىمۇ پارلاق بولىدۇ. بىز ياشىغان دەۋرلەردە ئوقۇش شارائىتى بولمىغاچقا كۆپ ئوقۇيالمىغان. سىلەر مەكتىپىمىزنىڭ ئەلاچى ئوقۇغۇچىلىرى. مەكتەپ سىلەردىن چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتىدۇ. شۇڭا مەكتەپ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، مايتاغدىن ئوقۇغۇچى ئېلىشقا كەلگەن خادىملار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، سىلەرنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە داۋاملىق ئوقۇشىڭلارنى مۇۋاپىق تاپتۇق. مەكتەپ ۋە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ قارارى بويىچە سىلەرنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن، بۈگۈن مەن بۇ يەرگە كەلدىم. قالغان گەپلەرنى مەكتەپكە قايتقاندىن كېيىن سۆزلىشەيلى. ھازىر سىلەر دەرھال مەكتەپكە قايتىپ دەرسكە قاتنىشىڭلار. ئىلمىي مۇدىرىمىزنىڭ بۇ سەمىمىي نەسىھىتى بىلەن كۆڭلىمىز يورۇپ قالدى، يەنە بىر تەرەپتىن دەسلەپكى ئارزۇلىرىمىز كۆپۈككە ئايلانغاچقا بىرئاز بىئاراملىق ھېس قىلدۇق. نېمىلا دېگەن بىلەن «تەشكىلسىزلىك قىلدىڭ» دەپ مەكتەپتىن چىقىرىۋەتمىگەنگە شۈكرى قىلىپ مەكتەپكە قايتتۇق.

شۇنداق قىلىپ، 1956 ـ يىلى سېخى يازنىڭ ئالتۇن پەسلىدە بەش سىنىپ ئوقۇغۇچى سەمەن تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ، كۆزىمىز قىيمىغان ھالدا بۇك باراقسانلىق ئۇ ئانا مەكتىپىمىزدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدۇق. بۇ يىللاردا خىزمەت قىلىش ياكى ئىنىستىتۇت، تېخنىكوملاردا ئۆرلەپ ئوقۇش پۇرسىتى خېلى كەڭ ئىدى. بىز ئۆزىمىزنى تاللا بازىرىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدۇق. مەكتەپ يەنە 15 كۈندىن كېيىن بىر تۇتاش تەقسىماتنى ئېلان قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. دېگەن قەرەلدە مەكتەپكە كەلسەك، تەقسىمات تىزىملىكىنى

ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئىناق - ئىجىل ئۆتۈشىڭلار كېرەك. بىز بۇ مەكتەپكە ۋاقىتلىق مىھمان. مىھمان دېگەن ئۆي ئىگىسىگە ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. سىلەرنىڭ مەكتىپىڭلارمۇ پۈتۈنلەي قالمىدى. ھازىر بۇ مەكتەپنىڭ ئۈچ قەۋەتلىك زامانىۋىي ئوقۇتۇش ۋە ياتاق بىناسىغا پاراۋاي تۈرۈبىا لىنىيىسى ئورنىتىۋاتىدۇ. بۇنداق زامانىۋى مەكتەپ قەشقەردە پەقەت بىرلا. شۇڭا مەكتىپىڭلار پۈتكىچە ئاز - تولا جاپا تارتساڭلار ھېچگەپ ئەمەس. «جاپانىڭ تېگى ئالتۇن» ئىكەنلىكىنى چۈشىنىسىلەرغۇ؟

مەن «پاراۋاي تۈرۈبىا لىنىيە» دېگەن گەپنى تۇنجى ئاڭلىغاچقا، مەنىسىنى بىلەلمەي يېنىمدىكى ھەبىبۇللا (ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەر شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى مۇھەممەد سىجاڭنىڭ ئوغلى) دېگەن ساۋاقدىشىمدىن سورىدىم. شۇنىمۇ بىلمەمسەن، تۈرۈبىا ئارقىلىق ئۆينى ئىسسىتىدىغان قورۇلما، دېگەن گەپ.- دەپ جاۋاب بەردى ھەبىبۇللا.

ئىلمىي مۇدىرىمىز روزىھاجىم ئاكىنىڭ مۇلايىم تەربىيەسى كۆڭلىمىزنى بىرئاز ئېرىتكەن بولسىمۇ لېكىن ئارىمىزدىكى غۇلغۇلا بېسىقمىدى.

- پۈتمىگەن مەكتەپكە بىزنى نېمىشقا قوبۇل قىلىدۇ.

- ئەمدى چىدىغۇچىلىكىمىز قالمىدى. بىزنى مۇنداق قىيىنچىلىققا ئۆيىمىزگە تارقىتىۋەتسۇن.

- بىز مۇشۇ پۇرسەتنى قولدىن مەرمەي، ئوقۇش تاشلاپ ۋالى مەھكىمىسىگە كىرەيلى.

- ئۇنداق قىلساق ئىش چوڭىيىپ كېتەرمىكىن.

- بالا يىغلىمىسا ئانا ئەمچەك سالمايدۇ. قالايمىقانچىلىق

كەتكەن بىر قەۋەتلىك ئەسكى ئۆيلەر ئىدى. ئايرىم تەنتەربىيە مەيدانىمىزمۇ يوق ئىدى. شۇڭا توپ مەيداندا دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن گار تالىشىپ جېدەللىشىپ قالاتتۇق. ھەتتا ئىككى تەرەپكە ئايرىلىپ چۆجە ـ خورازلاردەك سوقۇشۇپ قالغان چاغلىرىمىزمۇ بولغان. ياشلىق دېگەن لاۋۇلداپ تۇرغان ئوت ئىكەن: يېقىن تۇرساڭ كۆيدۈرىدىكەن، يىراق تۇرساڭ سۆيدۈرىدىكەن. «ياشلىق ـ بەخۋاشلىق» دېگەندەك، «غۇرۇر» ئۇچۇن سەبرى ـ تاقەتنى قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرىدىكەن. كۇنلەرنىڭ بىرىدە توپ تالىشىپ دارىلمۇئىللىمىن ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن يەنە توقۇنۇشۇپ قالدۇق. ئۇلار سان جەھەتتە بىزدىن كۆپ بولغاچقا، رەسمى بوزەك قىلدى. ئۇلار: «ھۇ ماكانسىز چۇپرەندىلەر، بۇ مەيداندا سىلەرنىڭ ھەققىڭلار يوق، دەرھال مەكتىپىڭگە كېتىش، بولمىسا كۆرگىلىكىڭنى كۆرىسەن...» دەپ بىزگە پوپوزا قىلدى. بىزمۇ بوش كەلمەي «دارىلمۇئەللىمىننىڭ تازلىرى، ئەسكى چاپانىنىڭ مازلىرى» دەپ ئۇلارنىڭ چىشىغا تەگدۇق. شۇنىڭ بىلەن جېدەل چوڭىيىپ كەتتى. شۇ ئەسنادا دارىلمۇئەللىمىننىڭ مۇدىرى يۇسۇپجان ئاكا بىلەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا مەسئۇل بولۇپ تۇرىۋاتقان روزىھاجىم ئاكا مەيداندا پەيدا بولۇپ، جېدەلنى تەسلىكتە بېسىقتۇردى. روزىھاجىم بىزنى مەكتەپنىڭ بىر يىغىن زالىغا باشلاپ كىرىپ، سىنىپ مۇدىرلىرىمىزنىڭ ھەمراھلىقىدا يىغىن ئاچتى.

ـ ساۋاقداشلار،ـ دەپ سۆز باشلىدى، بىزنىڭ رەھبىرىمىز روزىھاجىم: مۇشۇ مەكتەپكە كىرگەندىن بۇيان بۇگۇنكىدەك كوڭۇلسىزلىك جېدەل چىقىرىش بىر قانچە قېتىم تەكرارلاندى. سىلەر كىچىك بالىلاردىن ئەمەس، بەلكى قەشقەردىكى ئاساسلىق بىلىم يۇرتى بولغان تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى. شۇڭا ئاڭلىق ھالدا ئېغىر ـ بېسىق بولۇپ، دارىلمۇئەللىمىن

بىكتۇەنىنىڭ مۇئاۋىن سىياسى كومىسسارى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسى مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن) ئاكا ئىكەن.

ھە، نېمە ئىش بىلەن بۇ يەرگە كەلدىڭلار؟ - دەپ سۆز باشلىدى ئىسمائىل مەقسۇت ئاكا. بىزنىڭ ئالدىن بەلگىلەنگەن ۋەكىللىرىمىز ئورغۇپ تۇرغان ياشلىق قىزغىنلىقى بىلەن دەرس تاشلاپ بۇ يەرگە كېلىشتىكى سەۋەبلەرنى تەپسىلى دوكلات قىلدى، ئاخىرىدا تۆۋەندىكى تەلەپلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1. بىزنى دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرى «ماكانىسىزلار» دەپ ھەممە ئىشتا يەكلەپ كەلدى. شۇڭا تېز ئارىدا بىزگە ئايرىم مەكتەپ ھەل قىلىپ بەرسۇن.

2. ئەگەر ئايرىم مەكتەپ ھەل قىلىپ بېرەلمىسە بىزنى ئۆيىمىزگە قايتۇرۇۋەتسۇن.

ئىسمائىل مەقسۇت ئاكا ناھايىتى سورلۇك، كەمسۆز، ئەمما بازغاندەك گەپ قىلىدىغان كىشى ئىكەن. ئۇ كىشى سۆز باشلىدى:

- بالىلىرىم، مەقسىتىڭلارنى چۈشەندىم. سىلەر دەرۋەقە، نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىۋاتىسىلەر. لېكىن بۇ قىيىنچىلىقلارنىڭ ھەممىسى ۋاقىتلىق ھادىسە. پارتىيە، ھۆكۈمەت سىلەردىن ناھايىتى چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتىدۇ. دۆلەت ۋە خەلق سىلەردەك يارامىلىق ئىختىساسلىقلارغا موھتاج. ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقلار ئالدىدا بەل قويۇۋەتمەي ياشلارغا خاس جاسارەت بىلەن ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىسەڭلار سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن نى - نى ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر، شائىر - ئەدىپلەر يېتىشىپ چىقىدۇ. بىزمۇ شۇ نىشان ئۈچۈن ۋىلايىتىمىزدە تۇنجى قېتىم تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇۋاتىمىز.

چىقارماي تەرتىپلىك هالدا يۇقىرىغا ئەرزىمىزنى سۇنساق ھېچ گەپ بولمايدۇ.

ــ ئۇنداق بولسا ۋالى مەھكىمىسىگە ۋەكىل سايلاپ ئەۋەتەيلى.

ــ ياق، ھەممىمىز كىرىمىز...

ئارىمىزدا كۆپ غۇلغۇلا بولدى. ئاخىرى ئەتە سەھەردە ھەممىمىز جەم بولۇپ ۋالى مەھكىمىسىگە بېرىش قارارىغا كەلدۇق. بۇ مەسىلىھەتنى مۇئەللىملىرىمىزدىن سىر تۇتتۇق. ئەتىسى سەھەردە تولۇق ئوتتۇرا تەركىبىدىكى ئۈچ سىنىپ ئوقۇغۇچىلار تومەن دەريا بويىدا تىزىلىپ يامول ئالدىدىكى ۋالى مەھكىمىسىگە قاراپ يول ئالدۇق. ۋالى مەھكىمىسىنىڭ جەنۇبقا قارايدىغان چوڭ دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە بىزنى ئىشىك باقار توسىۋالدى. بىز بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىمىزنى ئوقتۇرغاندىن كېيىن خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدىن بىر خىزمەتچى چىقىپ :

-سىلەر بىرئاز تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار، مەن سىلەر كۆرۈشمەكچى بولغان رەھبەرگە تېلېفون قىلاي،- دەپ تېلېفوننىڭ قولىقىنى چۆرۈشكە باشلىدى.

ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئىككى قەۋەتلىك ئىشخانا بىناسى تەرەپتىن ئىگىز بويلۇق، بوغداي ئۆڭلۈك، 20 نەچچە ياشلىق نەۋقىران بىر يىگىت بىلەن دىقماققىنا كەلگەن، يوغانباش سالاپەتلىك بىر كىشى يېنىمىزغا كېلىپ بىزنى ۋالى مەھكىمىسىنىڭ بىر قەۋەتلىك يىغىن زالىغا باشلاپ كىردى ۋە رەتلىك ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. بىزنى قوبۇل قىلغان بۇ ئىككى «رەھبەر» نىڭ بىرسى ۋالى مەھكىمىسىنىڭ ئىشخانا مەسئۇلى ئىمىنجان ئاكا، يەنە بىرسى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىسمائىل مەقسۇت (كېيىن ئۇرۇمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ قورۇلۇش

بۇ ئەمگەكلەردىن ھېچقايسىمىز ۋايسىمىدۇق. چۈنكى مۇشۇ يىللاردا ھەممىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدىن جۇشقۇنلۇق ۋە جاسارەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. كېيىنچە ئويلىسام تولۇق ئوتتۇرا مەزگىلى بىر ئىنساننىڭ بىلىم ئىگىلەش تارىخىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان دەۋر بۆلگۈچ ھالقىسى ئىكەن. دۇنيا قاراش، ھاياتلىق نىشان، ئونىۋېرسال ئىقتىدار ئاشۇ تولۇق ئوتتۇرا مەزگىلىدە بېخلىنىدىكەن. ئاشۇ يىللاردا بۇ مەكتەپتە يالغۇز قەشقەر ۋىلايىتىگە تەۋە بىر شەھەر، توققۇز ناھىيىدىن تاشقىرى خوتەن ۋىلايىتى، ئاقسۇ، ئاتۇش ئوبلاستىلىرىدىن كەلگەن سەرخىل ئوقۇغۇچىلار جەم بولغاچقا، قاينام تاشقىنلىق ئۆگىنىش مەنزىرىسى ھەممىمىزنى جەلپ قىلىۋاتقان ئىدى. قەشقەر دائىرىسىدىكى ئەڭ يارامىلىق، مۆتىۋەر ئوقۇتقۇچىلارمۇ مۇشۇ مەكتەپكە توپلانغاچقا، دەرسلەرمۇ ناھايىتى جانلىق، قىزىقارلىق ۋە ئەتراپلىق ئۆتۈلەتتى. بىزنىڭ دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلىرىمىزمۇ كۆپ ئىدى. مەكتەپتە سەنئەت كورژىكى، ئەدەبىيات كورژىكى قاتارلىق كورژىكلەرنىڭ تەسىرى قەشقەر دائىرىسىدە خېلى چوڭ ئىدى. مەكتەپ نامىدا بىر پەسىلدە بىر سان خېلى چوڭ ھەجىملىك «بەخت چېچەكلىرى» ناملىق ئەدەبىيات مەجمۇئەسى ئىشلەيتتۇق. ئەينى يىللاردا مەن مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئويۇشمىسىنىڭ ئۆگىنىش باشلىقى ئىدىم. شائىر ئىمىن ئەھمىدى بۇ مەجمۇئەنى ئىشلەشكە مەسئۇل ئىدى. تاللانغان ئەسەرلەرنى ئىككىمىز لازا قەغەزگە مىخ قەلەم بىلەن يېزىپ چىقىپ، شېپىگراپتا بېسىپ كۆپەيتىپ، ژورنال ھالىتىگە كەلتۈرەتتۇق. ماي قەغەزدە خەتنىڭ ئىزىنى قالدۇرۇش ئۈچۈن مىخ قەلەمنى قاتتىق بېسىشقا توغرا كېلەتتى. ھازىرغىچە ئىزى يوقالمىغان ئوڭ قولۇمنىڭ ئوتتۇرا بارمىقىنىڭ يېنىدىكى قوناقتەك قاداق ئاشۇ يىللارنىڭ «گول تامغىسى» ئىدى. بۇ مەجمۇئەگە ئاشۇ يىللاردىلا پۈتۈن ئىشقى

يېڭى، ئازادە مەكتەپىڭلار پۈتۈش ئالدىدا تۇرىۋاتىدۇ. شۇڭا بىر نەچچە ئاي تەخىر قىلىپ دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئىناق - ئىجىل ئۆتۈشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. بىز دارىلمۇئەللىمىنگە يەنە خىزمەت ئىشلەپ، سىلەرگە تېخىمۇ ياخشى ئوقۇش مۇھىتى يارىتىپ بېرىشكە تىرىشىمىز. بۈگۈنكىدەك دەرس تاشلايدىغان ئىش ئىككىنچى قېتىم تەكرارلانمىسۇن. دەرھال مەكتەپكە قايتىپ ئوقۇشىڭلارنى داۋاملاشتۇرۇڭلار.

بىز باشلىقنىڭ مۇشۇنداق دەيدىغانلىقىنى بىلەتتۇق. شۇنداق بولسىمۇ مەكتەپ قۇرۇلۇشىنىڭ تېزرەك پۈتۈشىگە ھەيدەكچىلىك بولىدۇ، دەپ ئويلاپ، ئازراق «ھەيۋە» قىلىپ قويغان ئىدۇق. دەرۋەقە، بۇ «ئىسيان»نىڭ بەلگىلىك ئۈنۈمىمۇ بولدى. ئاستا - ئاستا دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن دوست - بۇرادەرلەردىن بولۇپ قالدۇق. مەكتەپنىڭ قىرائەتخانا ۋە تەجرىبىخانىلىرىدىن ئورتاق مەنپەئەتلەندۇق. شۇنداق قىلىپ بىرىنچى يىللىق ئوقۇشنى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە تاماملاپ، 1957 - يىلى 9 - ئايدا قىزىل دەريا بويىدىكى ئەسكى ھېساردا قەد كۆتۈرگەن ۋىلايەتلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىمىزگە كۆچۈپ چىقتۇق.

بۇ مەكتەپنىڭ ئورنى خېلى كەڭرى بولۇپ، ئوقۇتۇش بىناسى، تەجرىبەخانا، تاماقخانا قاتارلىق ئاساسلىق ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىرى پۈتكەن بولسىمۇ، مەكتەپ ئىچىدىكى يوللار، گۈللۈكلەر، تەنتەربىيە مەيدانلىرى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆي - ياتاقلىرى تېخى ياسالمىغان ھالەتتە ئىدى. «مېنىڭ ئېتىم شادەريا، نەگە بارسام ئىش تەييار» دېگەندەك بىز ئىككى - ئۈچ ئاي نۆۋەت بىلەن خالىس ئەمگەككە قاتنىشىپ، مەكتەپ قورۇسىنى خېلى تەرتىپكە سېلىۋالدۇق. «ئۆز ئۆيۈمنىڭ خوشلۇقى، پۇت - قولۇمنىڭ بوشلۇقى» دېگەندەك،

قويۇپ بېرەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە ئىدى. بۇ كورژىككە مەن بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرىدىغان ئەڭ يېقىن دوستۇم سادىر قادىر باشچىلىق قىلاتتى. سادىر ئوردا ئىشكى 1 - باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا مەكتەپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كەسپى چالغۇچىلىرىغا شاگىرت بولۇپ ئىسكىرىپكا ئۆگەنگەن. ئۇ يالغۇز ئوغۇل بولغاچقا دادىسى قادىر ئاخون (شۇ مەزگىللەردە قەشقەر شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ پىشقەدەم ئىشچىسى ئىدى) بىلەن مېھرىبان ئانىسى ئايىمخان ئاپا (كېرەمباغ دوختۇرخانىنىڭ ئىشچىسى) سادىرنى بەكمۇ ئارزۇلاپ باقاتتى. 12 يېشىدىلا ئۇنىڭغا مەخسۇس ئىسكىرىپكا ئېلىپ بەرگەن. سادىر بىلەن مەن سەمەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىمۇ ئۈچ يىل بىر سىنىپتا ئوقۇغان، بۇ جەرياندا ئىككىمىز قوشكېزەك بالىلاردەك بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلمايدىغان يېقىن دوستلاردىن ئىدۇق. سادىرنىڭ ئۆيى شەھەر ئىچى ئەرشىمكار كوچىسىدا بولغاچقا، دەم ئېلىش كۈنلىرى ياكى ھەپتە ئارىلىقدا مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە داۋاملىق بېرىپ تۇراتتىم. قادىر ئاخۇن ئاكا ئۆگزىسىدە كەپتەر باقاتتى. بىز ئۆگزىگە چىقىپ كەپتەر ئۇچۇراتتۇق. بىر تەرەپتىن موللاقچى كەپتەرلەرنىڭ تاماشىسىنى كۆرگەچ، يەنە بىر تەرەپتىن سادىر چالغان ئىسكىرىپكىنىڭ مۇڭلۇق ساداسىدىن ھۇزۇرلىناتتۇق. مەن سادىرنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىقتىدارىغا قايىل ئىدىم. ئۇ ئۆگىنىشتىمۇ مەكتەپ بويىچە ئەلىيۇلئەلا ئىدى، رەسىم سىزىش، ھۆسنى خەت يېزىش، شېئىر يېزىش، ئىجادىي مۇزىكا ئىشلەش قاتارلىق ماھارەتلىرى بىلەن ئوقۇتقۇچى ئۇستازلار ۋە ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى. 1957 - يىلى قەشقەردە ئومۇميۈزلۈك «ئاتېئىزم تەربىيىسى» ئېلىپ بېرىلدى. بىز تولۇق ئوتتۇرا ئوقۇغۇچىلىرى شەھەر ئىچى مەھەللە باشقارمىلاردا «ئاتېئىزم»

مۇھەببىتىمنى ئەدەبىياتقا ئاتىغان شىنجائەتلىك ھەۋەسكار ئەدىپلەرنىڭ باشلامچىلىرىدىن ئەخەت تۇردى، ئابلىمىت ئىسمائىل، ھوشۇر ئەھمەد، سادىر قادىر، ئابدۇقادىر ئىلى ( ئۇلار مەن بىلەن بىر سىنىپتا ئىدى)، ئابلىز ئۆمەر، ئۆمەر ئوسمان شىپائى، ئىمىن ئەھمىدى، مۇھەممەد تۇرسۇن ئىبراھىمى قاتارلىقلار يازغان شېئىر، ھېكايە، نەسىر، دراما ھەتتا كىنو سىنارىيىلىرى بېسىلىپ تۇراتتى. بۇ مەجمۇئەدىن باشقا يەنە ھەر بىر سىنىپ ھەپتىدە بىر سان تام گېزىتى چىقىراتتى. ئەخەت تۇردىنىڭ 1958 ـ يىلى شىنجاڭدىكى بىردىنبىر نوپۇسلۇق ئەدەبى ژورنال ـ «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» (ھازىرقى «تارىم») دە ئېلان قىلىنغان تۇنجى ھېكايىسى «گورۇج» مۇ ئاشۇ يىللاردا دەسلەپ «بەخت چېچەكلىرى» دە ئېلان قىلىنغان. بىزنىڭ سىنىپتىكى ئەخەت تۇردى باشلىغان ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى ھەركۈنى دېگۈدەك كەچلىك مۇزاكىرىدىن كېيىن سىنىپتا قېلىپ، ئاتا ـ ئانىلىرى بەرگەن بىرەر موچەن پۇللىرىنى خەژلىمەي شام سېتىۋېلىپ، شام يورۇقىدا ئوقۇغان يېڭى كىتابلىرىدىن ئالغان تەسىراتلىرىنى مۇنالىئە قىلىشاتتى، يازغان ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ پىكىر ئالماشتۇراتتى. ئۇ چاغلاردا سىنىپنىڭ ئېلېكتىر چىرىغىنى كەچ سائەت توققۇزدا بىر تۇتاش ئۆچۈرۈۋېتەتتى. ئۇلار كەچتە ئىككى ـ ئۈچ سائەتلەپ شام يورۇقىدا ئولتۇرغاچقا، ئەتىگىنى كىمناستىكىغا چىقالماي ئانچە ـ مۇنچە تەنقىدلىنەتتى. لېكىن بۇنداق «تەنقىد» لەر ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى بوشىتالمايتتى. ياشلىقتىكى ھەۋەسنى ھېچقانداق كۈچ بويسۇندۇرالمايدۇ ـ دە. مەكتەپنىڭ سەنئەت كورژىكى ئاشۇ يىللاردا قەشقەردىكى كەسپى ئۆمەكلەر بىلەن رىقابەتلىشەلەيدىغان دەرىجىدە تەرەققى قىلغان بولۇپ، ئۇلار مەكتەپتىن ھالقىپ قەشقەر ھېيتگا خەلق كۈلۈبىدا جەمئىيەتتىكىلەرگىمۇ بىر كېچىلىك ئويۇن

ئۆزگەرتمۇەتتى. 1959 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندە ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ تەقسىماتى ۋە دۆلەتلىك مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن سادىر قەشقەر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشقا تەقسىملەنگەن تۆت ئەلاچى ئوقۇغۇچىنىڭ بىرىنچىسى بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئونىۋېرسىتېتى (ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت شەھىرىدە) نىڭ ئاتوم فىزىكا كەسپىگە ئوقۇشقا كىردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىش پۇرسىتى بولمىدى. كەسپچانلىقى كۈچلۈك بۇ يىگىت شۇنىڭ بىلەن ئاتوم فىزىكىسىنىڭ مۇرەككەپ قاينىمىغا شۇڭغۇپ كەتتى. كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى بولۇپ، ئەمەلدارلىق تاجىسىنى كېيگەندىن كېيىن پۈتۈن زېھنىنى شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىياتىغا بېغىشلىدى. ئۇ ھازىرقى ئاراملىق كۈنلىرىدىمۇ كومپيۇتېرنىڭ يېنىدىن كەتمەي فىزىكىلىق مەشغۇلات بىلەن كۈنلىرىنى مەنىلىك ئۆتكۈزمەكتە. بىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ھاياتىمىزنى ئەسلىسەك، سادىرغا «سەن ئەسلىدە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ماتېرىيالى ئىدىڭ» دەپ چاقچاق قىلىمىز. دەرۋەقە، مۆھەت بەزىدە كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنمايدىكەن.

1957 ـ يىلى 9 ـ ئايدا يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى باشلىنىش بىلەن تەڭ، مەملىكەت بويىچە قانات يايدۇرۇلغان «ئىستىل تۈزىتىش»، «چوڭ ئېچىلىپ چوڭ سايراش»، چوڭ خەتلىك گېزىت چىقىرىش» شامىلى بىزنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىمۇ يېتىپ كەلدى. ئەمما بۇ ھەرىكەتلەر يىپىق ھالەتتە ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلىپ، ئوقۇغۇچىلار قاتناشتۇرۇلمىدى. شۇنداق بولسىمۇ «پالانچى مۇئەللىم ‹يەرلىك مىللەتچى› قالپىقىنى كىيىپتۇ.»، «پوستانچى مۇئەللىم

ھەققىدە تەشۋىق، تەلىم - تەربىيە ئېلىپ باردۇق. بۇ تەشۋىقات سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا 1955 - يىلى ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان «ئاتېئىزم ھەققىدە» ناملىق كۆك تاشلىق كىتابنى مەزمۇن قىلغان. بۇنىڭ تەسىرىدە دەسلەپكى قەدەمدە قەشقەردە چېكىدىن ئاشقان دىنىي ئەسەبىيچىلىك ئىدىيىلەر ئاشكارا تەنقىدلىنىپ، قەشقەر ئاياللىرى ئاق پېچە - پەرەنجىدىن ئازات بولغان. «ئىدىيىنى ئازات قىلىپ، خوراپاتلىققا قارشى تۇرۇش» مەزمۇن قىلىنغان بۇ ھەرىكەتكە بېغىشلاپ سادىر قادىر «خوراپاتلىققا ئوت ئېچىش» تېمىسىغا بىرخور ئىشلىگەن. خورنىڭ تېكىستىنىمۇ، مۇزىكىسىنىمۇ سادىر يازغان. بۇ خور ئەينى ۋاقىتتا ھېيگا خەلق كۇلۇبىدا ئوينىلىپ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان. ئويلىسام، بۈگۈنكى كۈنىمىزدە بۇنداق رىيال تېمىلاردىن ئۆزىمىزنى قاچۇرىدىغان بولۇپ قالدۇق. شۇ يىللاردىكى جاسارەت، جەڭگىۋارلىق نەلەرگە كەتتىكىن - تاڭ؟!

يېقىندا ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئەلبومىمنى كۆرۈۋېتىپ دوستۇم سادىر يېزىپ قالدۇرغان مۇنداق بىر كوپلىت شېئىرغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى.

*دوست - يارەنلەر ئىككى ئالەم ئۇلپىتى،*
*ساداقەتتۇر ئۇنىڭ زىبۇ - زىننىتى.*
*يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى بارۇ، دېڭى يوق،*
*دوستلۇق بىلەن ئاشار ئۆمۈر قىممىتى.*

16 - 17 ياش مەزگىلىدە يازغان بۇ پارچىدىكى تىرەن شېئىرىي پىكىرلەردىن سادىرنىڭ كەلگۈسىدە يارامىلىق بىر شائىر بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بايقاش مۇمكىن ئىدى. ۋاھالەنكى، ئالى مەكتەپتىكى ئۆگىنىش مۇھىتى ئۇنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىنى

«چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» نىڭ بىرىنچى قەدىمى ئىدى. بۇ دولقۇنغا ئەگىشىپ قەشقەردە «تۆت زىيانداشنى يوقىتىش» (ئەمەلىيەتتە «قۇچقاچ» يوقىتىش) جېڭى باشلاندى. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ھەركۈنى دەرستىن كېيىن شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلارغا تارقىلىپ قۇچقاچ تۇتاتتۇق. ھەر بىرىمىزنىڭ بەلگىلەنگەن قۇچقاچ نورمىسى بار ئىدى. بۇ نورمىنى تولغۇزۇش ئۈچۈن قۇچقاچ ئۇگىلىرىنى ئوغرى مۈشۈكتەك مارىلاپ ياتاتتۇق، ھەتتا قۇچقاچ تاپالمىساق، دەرەخ كاۋاكلىرىدا ئوگا ياساپ تۇخۇم بېسىپ ياتقان قاراغوجا (قارا قوچقاچ)، پاختەك، ھۆپۈپ قاتارلىق زىيانسىز ئۇچار قاناتلارنىمۇ تۇتۇپ، پۇتىنى كېسىۋېلىپ، «قۇچقاچ» قاتارىدىدا تەشكىلگە ساناپ ئۆتكۈزۈپ بېرەتتۇق (سىنىپىمىزنىڭ تۇرمۇش باشلىقلىرى ھەر بىر ئوقۇغۇچى تۇتۇپ كەلگەن قۇچقاچلارنىڭ پۇتىنى ساناپ تىزىملايتتى ۋە ھەپتىدە بىر قېتىم خۇلاسە چىقىراتتى). مانا، بىزنىڭ تەبىئەتتىن ياتلىشىپ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى بۇزۇش جىنايىتىمىز ئاشۇ يىللاردىن باشلانغان. مۇشۇ «گۇناھ» بەدىلىگە بۈگۈنكى ئەۋلادلار تەبىئەتنىڭ جازاسىغا ئۇچراپ ئېغىر بەدەل تۆلەۋاتىدۇ. چۈنكى دۇنيادىكى بارلىق جانلىق ۋە جانسىز شەيئىلەر ھاياتلىق ئېكولوگىيىسىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ھۆجەيرىلىرى- دە.

‹ئوگچى› بولۇپ تەنقىدلىنىپتۇ.»، «XX لار ‹شيۇجىڭجۇيىچى ئۇنسۇرلار› ئىكەن.» دېگەندەك مىش - مىش پاراڭلارنى ئاڭلاپ قالاتتۇق. «ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرسە ئالا بوپتۇ» دېگەندەك، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىمۇ «چوڭ خەتلىك گېزىت چىقىرىش» ئارقىلىق ئۆز ئارا بىر - بىرىنى پاش قىلىش باش كۆتۈرۈپ چىقىشقا باشلىدى. شۇنداق ھالقىلىق بىر پەيتتە مەملىكەت مىقياسىدا «كۈچنى ئۇرغۇتۇپ، تىرىشىپ يۇقىرى ئۆرلەپ، كۆپ، تېز، ياخشى، تېجەشلىك ئىشلەپ سوتسىيالىزم تۇرۇش» تىن ئىبارەت «پارتىيەنىڭ باش لۇشيەنى» نى ئۆگىنىش دولقۇنى قوزغىلىپ كەتتى. بۇ دولقۇن يېزا - قىشلاقلارغىمۇ يامراپ، دېھقانلارنىڭ كوپىراتسىيىگە قوشقان يەر - زېمىن، قوي - كالا، ئات - ئېشەك، سوقا - سەندەل، ھارۋىلىرىنى ھەتتا ھويلا ئاراملىرىدىكى ئالقانچىلىك كۆكتاتلىرىنىمۇ قالدۇرماي يىغىۋېلىپ «خەلق كوممۇناسى قۇرۇش» تىن ئىبارەت 12 بال «كوممۇنىزم شامىلى» نى چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن «كوممۇنا قۇرۇش» - «كوممۇنىزم قۇرۇش» دېمەكتۇر، دېگەن سەپسەتە كۆككە كۆتۈرۈلدى، ئائىلىنى بىرلىك قىلغان ئوچاق ۋە قازان - قومۇشلار چېقىلىپ، كوممۇنانى بىرلىك قىلغان كوللېكتىپ «كوممۇنا ئاشخانىسى» قۇرۇلۇپ، ھەممە كىشى شياۋدۇيجاڭنىڭ قولىدىكى چۆمۈچكە سەجدە قىلىدىغان ھالەت شەكىللەندى. گەرچە «كوممۇنا ئاشخانىسى» دا قورساق تويغۇدەك تاماق، ئېغىز تېتىغۇدەك تەم بولمىسىمۇ «كوممۇنىزم - جەننەت، خەلق كوممۇناسى - ئاي، جامائەت ئاشخانىسى - كوممۇنىزم كۆۋرۈكى» (كوممۇنىزم - تيەنتاڭ، خەلق كوممۇناسى - يۆلياڭ، جامائەت ئاشخانىسى - چياۋلياڭ) دېگەن ناخشا ساداسى جاھاننى قاپلىدى. بۇ كۈنلەر كۆڭۈل ئىكرانىمدا ئايان بولسا يا كۈلۈشنى، يا يىغلاشنى بىلەلمەي، ئىچىمدە «تۇۋا!» دېيىشكە مەجبۇر بولىمەن. مانا بۇ جاھاننى لەرزىگە سالغان

بەشىنچى باب

## توغراق يىغلايدۇ

توغراق يىغلىدى ئۆكسۈپ ئەلەمدە،
باغرىنى تىلغاچ جوتۇ، قەلەمدە.
كەتمەن سىپىمۇ قالمىدى كۆيۈپ،
پولات ئويۇقۇدا، داشقال سەنەمدە.
«سەكرەپ ئىلگىرىلەش» كەسكەچ ئەقىلنى،
باغلار تىپتىرلىق، بولدۇق قەلەندەر.
قاتقانتى باشنىڭ ئىچى ـ تىشىمۇ،
شوئار پەلەكتە، كۆچ يوق بەدەندە.
شاھىتلىرى بىز ئاشۇ كۈنلەرنىڭ،
ئاشلىق بولمىسا نەدە رەۋەندە؟
داغدام يولنىڭمۇ ئاچىلى باردۇر،
ئىشەنچ ۋە ئۈمىد چاقنار ۋەتەندە.
يىنىش يوق ئەسلا تاللىغان يولدىن،
ئەركەك سىنىلار چىلشتا، جەڭدە.

ـ (خاتىرەمدىن)

1957 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى باشلانغان «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» دولقۇنىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى پۈتۈن مەملىكەت كۆلەملىك «پولات تاۋلاش جېڭى» بولدى. بۇ جەڭنىڭ نىشانى سانائەتلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىش جەھەتتىن

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئۆزىنىڭ يان قوشنىسى بىڭتۈەن 3 - دىۋىزىيىسى مۇستەقىل ماشىنا 3 - باتالىيونى (دۇچپېسەنىڭ) بىلەن «پولات تاۋلاش جېڭى» دە ھەمكارلىق ئورناتقان ئىكەن. بىز 100 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى، ئۈچ نەپەر يېتەكچى مۇئەللىم، ئىككى نەپەر ئاشپەز قازان - قومۇچ، يوتقان - كۆرپە ۋە باشقا «جەڭ» قوراللىرىمىزنى بىڭتۈەن ئاجرىتىپ بەرگەن «جىيې فاڭ» ماركىلىق ئۈچ يۈك ئاپتوموبىلىغا بېسىپ، «توفا» دېگەن جايدىكى تاقىرباش «دارا تېغى» باغرىغا يېتىپ كەلدۇق. تاغ باغرىدىكى ئۈچبولۇڭ غەكىللىك جىلغىغا بىڭتۈەندىكى سەپداشلار بىز ئۈچۈن تۆمۈر جازىلىق چېدىر ئۆي تەييارلاپ قويغان ئىكەن. بىز ئاستىغا بىرزىن سېلىپ قويغان ئاشۇ «ئۆي» لەرگە ئورۇنلاشتۇق. تاغنى تۈنجى قېتىم كۆرگەچكە، بىر - بىرىگە مىنگەشكەن ئاقۋاش چوققىلار، كۈن نۇرىدا بىلىيارتتەك پارقىراق كۆرۈنىدىغان مۇزلۇقلار، جىلغىلاردىن شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان زىلال سۇلار، ئوتلاقلاردا ئەركىن يايراپ يۈرگەن كالا، قويلار، يىراق - يىراقتىن ئاڭلىنىپ تۇرغان قىرغىز چارۋىچىلارنىڭ «ئىمىر - جىمىر» لىرى، قىيا تاشلاردىن ئەگىپ يۈرگەن بۈركۈت، قاراقۇش، لاچىن، ئۇلاش قاتارلىق تاغ قۇشلىرىنىڭ پەرۋازلىرى بىزنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. بىز تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولۇپ، تاغنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن قانغىچە نەپەسلەندۇق. بىز بۇ بىر كۈننى «جەڭ» تەييارلىقى بىلەن ئۆتكۈزدۇق. تەشكىلى تۈزۈملەرنى بېكىتتۇق. ئون ئوقۇغۇچى بىر «بەن» بولۇپ ئايرىلدۇق. ھەر بىر «بەن» گە بىر «بەنجاڭ» ۋە بىردىن «فۇبەنجاڭ» سايلىدۇق. بىزدىن بۇرۇن بۇ جىلغىغا ئورۇنلاشقان بىڭتۈەن 3 - دىۋىزىيە مۇستەقىل 3 - باتالىيونىنىڭ ئوفىتسېر - جەڭچىلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ھەر بىر بەن ئۆزىگە تەقسىم بولغان «رودا قىزىش» نۇقتىلىرىنى كۆردۇق. كەچتە

بىزدىن نەچچە ئون يىل ئىلگىرى كەتكەن ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا بىلەن بەيگىگە چۈشۈپ، «10 يىلدا ئەنگلىيىگە يېتىشىۋېلىپ ئۆتۈپ كېتىش»، «15 يىلدا ئامېرىكىغا يېتىشىۋېلىپ ئۆتۈپ كېتىش» ئىدى. دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىستىكىدە قوزغالغان بۇ دولقۇننىڭ غايەت زور ئېنېرتسىيە كۈچى بىلەن مەركەزدىكى چوڭ باشلىقتىن تارتىپ تۆۋەندىكى ئاددى دېھقانغىچە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، «غەيرىتى زىيادە ئۇرغۇپ» كېتىپ، «بىر منۇتنى بىر سائەتكە، بىر سائەتنى بىر كۈنگە، بىر كۈننى بىر يىلغا، بىر يىلنى يىگىرمە يىلغا تەڭ» كەلتۈرىدىغان ئاتالمىش «يۈگۈرۈك روھى» دىنمۇ يۇكسەك «روھ» پەيدا بولدى. بۇ «روھ» بارلىق ئىدارە، جەمئىيەت، ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەرنى، ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى، چوڭ ـ كىچىك، ياش ـ قېرى، ئەر ـ ئايال، ئاقساق ـ چولاق دەپ ئايرىماي بىردەك سەپەرۋەر قىلىپ، قوللىرىغا جوتو بىلەن لوم تۆمۈرنى تۇتقۇزۇپ، تاغ ـ ئېدىرلاردىكى قورام تاشلارنىڭ باغرىنى تېلىش «جېڭى» غا سىگنال بەردى. بۇ «جەڭ» دىن ھېچقانداق كىشى چەتتە قالمىدى. ھەتتا ئات ـ ئېشەك، تۆگە، كالا، ماشىنا، تراكتور دېگەندەك «ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئىگە» پۈتۈن قاتناش ۋاستىلىرىمۇ بۇ «جەڭ» نىڭ پىداكار قوربانلىرى ئىدى.

بىزدەك «يۇرىكىدە ئوت يېنىپ تۇرغان» ئەزىمەتلەرمۇ «چىشىمىزنى ئىككەك، قولىمىزنى كورەك، پۇتىمىزنى يۈگرەك» قىلىپ بۇ «جەڭ» گە ھارىزلاندۇق. 2 ـ يىللىقنى تاماملاپ 3 ـ يىللىققا چىقىش ئارىلىقىدىكى بىر ئايلىق يازلىق كانىكۇل مەزگىلىدە بىز بىلەن پاراللىل ئۈچ سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنى مەكتەپ بىر تۇتاش تەشكىللەپ قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ قىرغىزىستان بىلەن تۇتىشىدىغان چېگرا ئېغىزىدىكى «توپا» رايونىغا «رودا كولاش» قا ئېلىپ باردى. شۇ مەزگىلدە

كەچتە رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى بەنجاڭلارغا يېغىن ئېچىپ بىر كۈنلۈك «جەڭ» ئەھۋالىنى خۇلاسە قىلدى. ھەممە «رودا» بىلەن ئادەتتىكى تاشلارنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئۇسۇللىرى، رودا قاتلىمىنى تېپىش ۋە قىزىشتىكى تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى تەپسىلى چۈشەندۈردى. مەنمۇ 3 - بەننىڭ بەنجاڭى بولغاچقا بۈگۈنكى «دەرس»نى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدىم. ئەتىسىدىن باشلاپ ئاشۇ كۆرسەتمە بويىچە تاغ باغرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر قىزىشقا باشلىدۇق. ئۆلچەمگە لايىق تاش ئۇچرىسا، ئۇنى ئايرىم دۆۋىلەيتتۇق. «ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس» دېگەندەك، باشقا بەنلەردىن ئارقىدا قالماسلىق ئۈچۈن بارچە ئامال بىلەن تىرىشاتتۇق. تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن رودىلارنى زەمبىل بىلەن پەسكە يۆتكەپ بېرەتتۇق. بۇ «رودا»لارنى بىڭتۇەننىڭ ماشىنىلىرى «دومنا پېچ» كە توشۇيتتى. كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ «جەڭ»نىڭ توققۇزىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن دىققەتسىزلىكتىن سول پۇتۇمغا بىر قورام تاش چۈشۈپ كەتتى. چۇخەينى تەسلىكتە سېلىپ قارىسام پۇتۇمنىڭ دۈمبىسى كۆكىرىپ ئىششىپ كېتىپتۇ. جوتۇنىڭ سىپىنى ھاسا قىلىپ، سول پۇتۇمدا يەرگە دەسسىمەي پەي - پەي ئېتىپ ئاران تەسلىكتە ياتاققا كېلىۋالدىم. ماڭا ھەمرا بولۇپ كەلگەن ساۋاقدىشىم ئەمەت كەنجى بىڭتۇەننىڭ دوختۇرىنى چاقىرىپ كەلدى. دوختۇر پۇتۇمنى كۆرۈپ «سۆڭەك سۇنماپتۇ، ئەمما دەز كېتىپتۇ. ماڭساڭ بولمايدۇ. مەن تېڭىپ قوياي.» دەپ، ئىسپىرت ۋە يوت سۈرتۈپ ئاق بىنت بىلەن تېڭىپ قويدى ۋە بىر نەچچە تال ئاغرىق توختىتىدىغان دورا بەردى. مەن شۇندىن كېيىن «ئالدىنقى سەپ» كە بارالمىدىم. ئۈچ - تۆت كۈنگىچە پۇتۇمنىڭ ئىششىقى يانمىدى. 3 - يىللىق 3 - سىنىپتا بەشكېرەملىك داۋۇت سەلەي ئىسىملىك بىر ئاغىنەم بار ئىدى. ئۇنىڭ قولى ھەممە ئىشقا ناھايىتى

ھەر بىر بەنگە بىر مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئىككى لوم تۆمۈر، ئىككى دانە تۆمۈر ساپلىق بولقا، ئىككى جوتو، ئىككى ياغاچ ساپلىق تۆمۈر كۆرەك ۋە ھەر بىرىمىزگە بىردىن پاختىلىق لاتا پەلەي تارقىتىپ بەردى. ئۇلار بىزنىڭ ئەتىۋارلىق «جەڭ» قوراللىرىمىز ئىدى.

بىز بىڭتۇەن بىلەن ھەمكارلاشقاچقا، ھەر ھالدا تۇرمۇشىمىز ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ يەردىكى بارلىق ھەرىكىتىمىز يېرىم ھەربىي تۈزۈم بىلەن باشقۇرۇلاتتى. شۇنداق قىلىپ ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئورنىمىزدىن تۇرۇپلا بەلگىلەنگەن «جەڭ» نۇقتىسىغا باردۇق، تاغ باغرىدىكى قورام تاشلارنى بازغان، جوتۇ بىلەن قومۇرۇشقا باشلىدۇق. بىرەر مېتىر چوڭقۇرلۇقتا «ئېغىز» ئاچقاندىن كېيىن بىزگە ئالدىن كۆرسىتىپ بەرگەن ئۇسۇل بويىچە «رودا» قاتلىمىنى ئىزدىدۇق. ئادەتتىكى تاشلاردىن بىرئاز پەرقلىنىدىغان قارامتۇل رەڭلىك تاش ئۇچراپ قالسا «مانا، رودا چىقتى» دەپ سەكرىشىپ، جەڭدە غالىپ كەلگەن ئەسكەرلەردەك خوشاللىقتا چۆمەتتۇق، بۇ «جەڭنىڭ مېۋىسى» نى گۆھەردەك ئەتىۋارلاپ، ئايرىم جايغا لىفاڭلاپ تىزاتتۇق. كەچتە «جەڭ» دىن قايتىشتىن بۇرۇن «رودا قىزىش قوماندانلىق شتابى» دىكى مەسئۇللار ھەر بىر بەنىنىڭ بىر كۈنلۈك قازغان رودىسىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزىۋالاتتى. نورمىغا يەتكۈزەلمىگەن بەنلەر ئىشتىن چۈشمەي ۋەزىپە توشقىچە ئىشلەيتتى. بۈگۈن بىزنىڭ بەن نورمىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىغان بولسىمۇ، لېكىن سۈپەت ئۆلچىمىدىن ئۆتەلمىدى. بىڭتۇەننىڭ «رودا قىزىش» تېخنىكى بىز قازغان «رودا» لارنى بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ: «بۇ رودا ئەمەس، كۆپچىلىكى تاش ئىكەن. سىلەر تېخى رودا قاتلىمىغا كىرەلمەپسىلەر.» دەپ تەنقىدلەپ بىر كۈنلۈك جاپالىق ئەمگىكىمىزنى بىكار قىلىۋەتتى. كېيىن ئاڭلىسام باشقا بەنلەرمۇ بىر كۈنلۈك جەڭدە مەغلۇب بوبتۇ.

هامىتجان خوجايوففقا: «پوتۇم خېلى ياخشى بوپقالدى، ئەمدى ساۋاقداشلىرىم بىلەن ‹رودا قېزىش› مەيدانىغا باراي» ـ دەپ ئىلتىماس قىلدىم.

ـ پۇتۇڭ سەللىمازا ساقايماي تۇرۇپ تاغقا چىقساڭ بولمايدۇ. ئاشخانىغا ئادەم يېتىشمەيدىكەن. ھازىرچە سەن ئاشخانا خىزمىتىگە ياردەملىشىپ، سەي ـ كۆكتات ئادالىشىپ بەر. بۇمۇ ئالدىنقى سەپكە ئوخشاش مۇھىم خىزمەت.

ھامىتجان مۇئەللىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماسلىققا ھەددىم ئەمەس ئىدى. بىز بۇ مۇئەللىمنى بەك ياخشى كۆرەتتۇق. كەمتەر، چىقىشقاق، سەمىمى، خۇشپېئىل، مەردانە مىجەزى ھەممىمىزنى قايىل قىلاتتى. يۇرتى غولجىلىق بولسىمۇ ئۆزىنىڭ ئالىيجاناپ تەبىئىتى بىلەن قەشقەرنىڭ باغرىغا سىڭىپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا قەلبىمىز تۆرىدىن ئورۇن ئالغان بۇ مەرھۇم ئۇستازىمىزنى مەڭگۇ سېغىنىمىز، ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن ياد ئېتىمىز، «ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي!» دەپ دۇئا قىلىمىز.

مەن شۇندىن كېيىن ئاشخانىغا چىقىپ ياڭيۇ، سەۋزە، كاللەك سەي ئادالىدىم. ھەسەنجان ئۇستام مېنى ئېغىر ئىشلارغا سالمىدى. ئاشخانا ئەتراپىغا بەزىدە ئەتراپتىكى قىرغىز چارۋىچىلارنىڭ بالىلىرى پەيدا بولۇپ قالاتتى. بۇ يەردىكى قىرغىزلار تېخى سەي ـ كۆكتات تېرىشنى بىلمىگەچكە، سەي ـ كۆكتاتلارنى بەك ئەتىۋا بىلىدىكەن. مەن بۇ بالىلارغا بىر ـ ئىككى تالدىن سەۋزە، ياڭيۇ بېرىپ قويسام، ئۇلار يانچۇقلىرىدىكى يۇمغاق قۇرت، ئېرىمچىكلەرنى ماڭا بېرەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۆز ئارا بىر ـ بىرىمىزگە ئۆگىنىپ قالدۇق. بىزنىڭ ئارقا سەپ تەمىناتىمىز ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلغاچقا قول كۈچىگە تايىنىپ رودا قېزىشتەك ئېغىر ئەمگەكمۇ بىزگە

ئەپلىك بولغاچقا، ئاشپەز ھەسەنجان ئۇستامغا يارەملىشىپ بىزنىڭ تامىقىمىزغا مەسئۇل «خۇشپىيەن» (تاماق ھەيئىتى) ئىدى. ئۇ پۇتۇمنىڭ ئىششىقىنى كۆرۈپ:

-ئاداش پۇتۇڭنى تۇز ئارىلاشتۇرۇپ تۇخۇمدا تاڭايلى. ناۋادا توگە يۇڭى تاپالىساق بىر قانچە قېتىم تۇز بىلەن قاينىتىپ «شور پاختا» دا تاڭساق تېز ساقىيىدۇ» - دېدى.

-توگە يوڭنى تاپقىلى بولارمۇ؟- دەپ ئۇنىڭغا سوئال نەزىرىمدە قارىدىم.

-تېپىلىدۇ. مەن بۇ تاغدا بىر قانچە قىرغىز چارۋىچىلار بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇلارغا بىر نەچچە تال ياڭيۇ، سەۋزە بەرسەك، توگە يوڭنى ھازىرلا ئەكىلىدۇ. يوڭنى تاپقىچە تۇخۇم بىلەن شاقىداپ تېڭىپ قوياي، دەپ بۇ مېھرىبان ئاغىنەم ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى. راست دېگەندەك، قىرغىز چارۋىچىلارنىڭ ساخاۋىتى بىلەن توگە يۇڭمۇ تېپىلىپتۇ. ئىككىنچى كۈنى ساۋاقداشلىرىمنى «ئالدىنقى سەپ» كە يولغا سېلىپ بولۇپ، بۇ ئاغىنەم تۇز بىلەن قاينىتىلغان يۇڭنى قاچىغا سېلىپ يېنىمغا كىردى. پۇتۇمنىڭ تېڭىقىنى يېشىپ:

- مانا، تۇخۇم پايدا قىپتۇ. تۆنۈگۈنگە قارىغاندا پۇتۇڭدىكى ئىششىق يېنىشقا باشلاپتۇ. ئەمدى ئىككى - ئۈچ كۈن بۇ يۇڭدا تاڭساق ماڭغۇدەك بولىسەن.

ساۋاقداشلىرىمدىن ئايرىلىپ قېلىپ چېدىر ئۆيدە ھوقۇشتەك يالغۇز قېلىش ماڭا بەك زېرىكەرلىك بىلىندى. بىكارچىلىقتا دوستۇم ئەخەت تۇردىنىڭ ياستۇقى ئاستىدىكى قاتتىق مۇقاۋىلىق «پولات قانداق تاۋلاندى» دېگەن رومانىنى قولۇمغا ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدىم. بەش كۈندىن كېيىن سول پۇتۇم بىلەن يەرگە ئاۋايلاپ دەسسىگۈدەك بولدۇم. سىنىپ مۇدىرىمىز

كۆيگەندىن كېيىن «رودا» لار ئېرىپ تۆمۈرگە ئايلىنىدىكەن. ۋەھالەنكى بىز بۇ قۇدۇقتا بىرەر پارچە تۆمۈرنى كۆرەلمىدۇق. ھەممىسى دېگۈدەك كۆل. شاخار ۋە داشقاللارنىڭ «غۇژمەك قېتىشمىسى» ئىدى. بىر قانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بۇ «قېتىشما مۆجىزات» نى قۇدۇق ئۈستىگە چىقارغىلى بولماي شۇ پېتى يەر ئاستىغا «دەپنە» قىلىۋەتتۇق.

بۇ تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن «جەڭ» تېخى ئاخىرلاشمىغان ئىدى، بەلكى بارغانسېرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، تېخىمۇ كۆپ پوقرا بۇ «جەڭ» گە سەپەرۋەر قىلىنىدى. يېزا ـ قىشلاق، شەھەر ـ بازارلارنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشقان مەجنۇن تاللار، شەھەر قاراۋۇلىدەك كۆككە باش سوزغان سوۋادان تېرەكلەر، ئۆرۈك ـ ئامۇت، چىلان، ياڭاق، بادام ... قاتارلىق شېرىن شەربەتكە تولغان ساخاۋەتلىك مېۋىلىك دەرەخلەر، تارىم گۈزەللىكىنىڭ سىمۋوللىرى بولغان توغراق، يۇلغۇنلار كېسىلىپ «دومنا پېچ» لارنىڭ كۆلىگە ئايلاندى. بۇ «جەڭ» نىڭ ئارقا سەپ تەمىناتىنى توشۇشقا ئاجرىتىلغان ئات ـ ئېشەك، كالىلارنىڭ جەسەتلىرى تاغ يوللىرىنى قاپلىدى. شۇنداق قىلىپ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دۇنيادا تۇنجى قېتىم يەر شارىنىڭ «سۈنئىي ھەمراھى»نى قويۇپ بېرىپ گاگارىننى ئاسمانغا چىقارغان ئاشۇ خاسىيەتلىك يىللاردا بىز ئەڭ قەدىمى، قالاق ئۇسۇللار بىلەن مۇنبەت يەرلەرنى، گۈزەل تاغ ـ ئېدىرلارنى كەتمەن ـ كۈرەكلەر بىلەن قىزىپ، تەبىئەت ئېكولوگىيىسىنى بۇزۇش بەدىلىگە «پولات تاۋلاش» تا ئاتالمىش «سۈنئى ھەمرا» قويۇپ بەردۇق. ئاشۇ پەيتلەردە ھەرقايسى سەپلەردىكى «سۈنئىي ھەمرا» قويۇپ بېرىش «خوشخەۋەر» لىرى گېزىت ـ ژورناللارنىڭ بېتىنى قاپلىغان ئىدى. ئىسىمدە قېلىشىچە «نۇر گېزىتى» دە مۇنداق بىر «خوشخەۋەر» پۈتۈن مەملىكەتنى زىلزىلىگە سالغان ئىدى. خەۋەردە ئېيتىلىشىچە، «شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ

ھېچقانچە بىلىنمىدى. شۇ تەرىقىدە بىر ئاي تاغ بىلەن «جەڭ» قىلىپ، سىنتەبىر ئايلىرىنىڭ بېشىدا مەكتەپكە قايتىپ كەلدۇق. بىر قانچە كۈندىن كېيىن يەنە بىر كۆڭۈلسىز خەۋەر تارقالدى.

«ئالتە ئاي ئاتقان پاختىمىز بىر چاپانغا يارىمىدى» دېگەندەك، بىر ئاي قاتتىق «جەڭ» قىلىپ، دارا تېغىدىن قازغان رۇدىمىزدىن «پولات» ئەمەس، كېرەكسىز «داشقال» چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىدىن: «تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ پولات تاۋلاش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمىدى.» دەپ تەنقىدلەپتۇ. نەتىجىدە مەكتەپ رەھبەرلىكى بىزنى يەنە سەپەرۋەر قىلىپ، ئاقتۇ قىرغىز ئاپتونوم ناھىيىسىگە تەۋە «بۇلۇڭ كۆل» گە بېرىپ رودا قېزىشقا تەشكىللىدى. بۇ يەر پامىر ئېگىزلىكىگە جايلاشقاچقا، 9 ـ ئايدىكى ھاۋاسىمۇ خېلى سوغۇق ئىدى. بىز ئالدىنقى قېتىملىق «جەڭ» تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، بىر ئاي لىۋىمىزنى چىشلەپ قاتتىق ئىشلىدۇق. گەرچە قازغان رودىلىمىز ئازراق بولسىمۇ، سۈپىتى خېلى ياخشى ئىدى. بىز بىر ئايلىق ۋەزىپىنى تامام بۇلۇڭكۆل قىلىپ مۇز بىلەن قاپلانغان 11 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا يەنە مەكتەپكە قايتىپ كەلدۇق. ئىككى قېتىملىق «جەڭ» نىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈپ بېقىش ئىستىكى قوزغالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر قانچىمىز مەكتەپنىڭ غەربىدىكى ئېگىز دۆڭلۈككە سېلىنغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئائىلە قورۇسىنىڭ بىكتۇۋەن 3 ـ دىۋىزىيە مۇستەقىل ماشىنا 3 ـ باتالىئونى بىلەن تۇتىشىدىغان دۆڭلۈككە كولانغان چوڭقۇر قۇدۇق (دومنا پىچ) لارنىڭ يېنىغا كەلدۇق. تونۇر شەكلىدە قېزىلغان بۇ «دومنا پېچ» لەر ناھايىتى چوڭقۇر ۋە كەڭ كولانغان بولۇپ، ھەر بىر قودۇققا نەچچە يۈز توننىلاپ ئوتۇن، كۆمۈر ھەم قازغان «رودا» لارنى قەۋەتلەپ تېزىپ ئاندىن ئوت ياقىدىكەن. ئىككى ـ ئۈچ كۈن

ئارزۇلار بىلەن تولغان قەلبىمىز ھاياجان ئىلكىدە تەۋرەنمەكتە. تەقدىر - ئىرادە بىزنى يەنە قانداق «سوۋغات»لار بىلەن كۈتمەكتە؟ چوقۇمكى، كېيىنكى ھايات ئىزنالىرى تېخىمۇ قەدىرلىك ۋە قىممەتلىك بولغۇسى.

مەلۇم بىر يېزىسىدىكى بىر مو تەجرىبە ئېتىزىدىن ئون مىڭ كىلوگرام شال ئېلىنغان. بۇ ئېتىزدىكى شاللار مايسا بولغاندا، مايسىنىڭ قىلىنلىقىدىن ئون ياشلىق بالىنى كۆتۈرۈپ تۇرالىغان» ئىكەن. بۇ خەۋەر ئىلىمىمىزنىڭ نوپۇسلۇق گېزىتىدە ئېلان قىلىنغاچقا، ھېچقانداق كىشىنىڭ گۇمانلىنىشىغا يول قويۇلمايتتى. تەشۋىقات دېگەن مىسلىسىز كۈچلۈك سېھرى قورال ئىكەن. ئۇ بەزىدە كالا پوقىنى ھالۋىغا ئايلاندۇرسا، بەزىدە ھالۋىنى كالا پوقىغا ئايلاندۇرۇپ قويالايدىكەن. لېكىن ھەق بىلەن ناھەقنى، راست بىلەن يالغاننى ئاخىرقى ھېسابتا تارىخنىڭ ئادىل تارازىسى ئايرىپ چىقىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، 1958 - يىلى باشلىنىپ، 1960 - يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشقان مەملىكەت كۆلەملىك «پولات تاۋلاش»نى مەركەز قىلغان «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ھەرىكىتىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا چىكىدىن ئاشقان قىزىق قانلىق ۋە تەجرىبىسىزلىك تۈپەيلىدىن نۇرغۇن مەسخىرىلىك ۋە ئەخمىقانە ئىش - ھەرىكەتلەر يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى يىللاردا تەجرىبە - ساۋاقلار توغرا يەكۈنلىنىپ، ئىشلار تەرتىپكە سېلىنندى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ قوماندانلىقىدا «كۆچنى ئۇرغۇتۇپ، تىرىشىپ يۇقىرى ئۆرلەپ، كۆپ، تېز، ياخشى، تېجەشلىك ئىشلەپ سوتسىيالىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش» تىن ئىبارەت پارتىيىمىزنىڭ باش لۇشيەنى غەلىبە قىلىش ئاساسىنى تىكلىدى. ھېچ بولمىغاندا جۇڭگولۇقلارنىڭ قىيىنچىلىقتىن قورقماي، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى تاۋلىدى.

ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئۆتكىنىش ۋە ھەرخىل ئىجتىمائىي - سىياسىي كۈرەشلەرنىڭ جەڭگاھى بولغان ئۈچ يىللىق تولۇق ئوتتۇرا ھاياتىمىز ئاخىرلىشىپ، ياشلىق مەنزىلىمىزنىڭ ئالتۇن سەھىپىسى ئېچىلىشقا باشلىدى. يېڭىچە ئۈمىد -

ئىككىنچى بۆلۈم

# بەرق ئۇرغان ياشلىق

ئالتىنچى باب

## ئون سەككىز يېشىم ــ قاتماقتا بېشىم

*بىلىم يۇرتىغا يول ئالدى بېشىم،*
*ئەمدى باشلاندى ئۆمۈرلۈك ئىشىم.*
*«جىگدە پۇرىقى» دىماقىقا ئۇردى،*
*بىر توپ مەجنۇنتال مېنىڭ سىردىشىم.*
*ئۇمىدلىك كۆزنىڭ ۋىسالى شېرىن،*
*تىنىگىن سىرىيىدۇ ئون سەككىز ياشىم.*

*ـ (خاتىرەمدىن)*

1959 ـ يىلى ئىيۇل ئايلىرىدا تولىمۇ مەزمۇنلۇق ۋە مەنىلىك ئۆتكەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئۆزىمىزنى قەپەزدىن بوشانغان قۇشتەك ئەركىن سېزىشكە باشلىدۇق. ئۈچ يىل ھەتتا ئالتە يىل بىر قازاننىڭ تامىقىنى يەپ، بىر ئائىلىنىڭ باللىرىدەك بىر ـ بىرىمىزگە ئىجىل بولۇپ كەتكەن ساۋاقداشلار ئەمدى ئايرىلىشقا كۆزىمىز قىيماي، ئوقۇغۇچىلىق ئەلبوملىرىمىزنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ، كۆڭۈل ئىزھارلىرىمىزنى ئەڭ ھاياجانلىق مىسرالار بىلەن ئىپادىلەپ، بىر ـ بىرىمىزگە سوۋغا قىلىشقا باشلىدۇق. ھايات تىۋىشلىرى كەلگۈسى تەقدىرىمىز ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇر ئويلىنىشقا يېتەكلەۋاتقان مۇشۇ ئاراملىق كۈنلەردە، بېيجىڭدىكى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرگە

تەجرىبىخانىلىرى سۈرەتلىك تونۇشتۇرۇلغان. بىز بەس - بەس بىلەن بۇ ئېلان گېزىتلىرىنى كۆرۈپ، ئارزۇ قىلغان مەكتەپلەرنى كۆڭلىمىزگە پۈكۈشكە باشلىدۇق. شۇ ئېلانلار ئىچىدە مېنى ھەممىدىن جەلپ قىلغىنى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ يېڭىدىن قۇرۇلغان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بولدى. بۇ مەكتەپ ئۆزىنى تونۇشتۇرغان ئېلان گېزىتىدىن قارىغاندا، ئۇ 1924 - يىلى قۇرۇلغان شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئاساسىدا 1959 - يىلى شىنجاڭدا قۇرۇلغان تۇنجى ئۇنىۋېرسىتېت بولۇپ، تارىخى ئۇزۇن، كەسىپ تۈرى كۆپ، ئوقۇتقۇچىلىرى سەرخىل، مەكتەپ مۇھىتى كەڭ ۋە ئازادە، باشقۇرۇش جەھەتتە دۆلەتلىك مائارىپ مىنىستىرلىكىگە بىۋاسىتە قارايدىغان شىنجاڭدىكى بىردىنبىر ئالىي بىلىم يۇرتى ئىكەن. مەكتەپ كۆلىمى 3000 مۇ بولۇپ، ھازىرقى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئورنىغا جايلاشقان. ئاساسىي ئوقۇتۇش بىناسى 18 قەۋەت، 50 مىڭ پىڭپاڭ قىلىپ لايىھەلەنگەن بولۇپ، موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىدىكى ياۋروپاچە بىنا ئىكەن (ئەسلىدە ئېلان گېزىتىدىكى بۇ سۈرەت قۇرۇلماقچى بولغان بىنانىڭ مودېلى ئىكەن). ھەتتا بۇ ئۇنىۋېرسىتېتقا كەلگۈسىدە چەت ئەللەردىنمۇ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدىغانلىقى تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، مۇشۇ ئېھتىياج تۈپەيلىدىن مەكتەپ ئىچىگە سېلىنىدىغان ھەيۋەتلىك بىر مەسچىدنىڭ مودېلىمۇ قىستۇرما قىلىنغان. شۇڭا بۇ مەكتەپنىڭ ئېلان گېزىتى كۆپچىلىك ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان ئىدى. بۇ يىل قەشقەردىن ئوقۇغۇچى ئېلىشقا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ئەۋەتكەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتۇش باشقارمىسىدىن ئىبراھىم مۇھىتى بىلەن شىنجاڭ مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسىنىڭ

ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى مىش - مىش خەۋەرلەر تارقىلىشقا باشلىدى. بىز ئۇنىۋېرسىتېت، ئىنستىتۇتلار ئالىم، مۇتەخەسسىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتى دەپ قارايتتۇق. شۇڭا مۇتلەق كۆپچىلىك ساۋاقداشلار ئاشۇنداق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا بېرىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار ھەمدە ياش قورامى چوڭراق بىر قىسىم ساۋاقداشلار بولسا ئەمدى ئوقۇشنى توختىتىپ، خىزمەت قىلىشنى ئويلايتتى. دەرۋەقە، مۇشۇ پەيتلەردە خىزمەتكە چىقىشنىڭمۇ ئىمكانىيىتى بار ئىدى.

ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن مىش - مىش خەۋەر راستقا ئايلىنىپ، مەكتەپنىڭ مەيدانىدىكى خەۋەر تاختىسىغا بۇ يىل تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىدىغان ئالىي مەكتەپلەر تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان ئېلانلار چاپلاندى. قوبۇل قىلىنىدىغان مەكتەپلەر ئىچىدە بېيجىڭ مەركىزى مىللەتلەر ئىنستىتۇتى، بېيجىڭ پىداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، دالىيەن سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتى، لەنجۇ غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ پىداگوگىكا ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ بىرىنچى ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى (ھازىرقى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى)، شىنجاڭ كان - مېتاللورگىيە ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ نېفىت ئىنستىتۇتى قاتارلىقلار بار ئىدى. ھەر بىر مەكتەپ ئۆزىنى تونۇشتۇرغان ئېلان گېزىتى رەڭلىك ۋە سۈرەتلىك ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ باش قىسمىدا شۇ مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، تارىخى، تەسىس قىلىنغان كەسىپلەر ۋە فاكۇلتېتلار تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان. گېزىتنىڭ ئوتتۇرىسىدا شۇ مەكتەپنىڭ ئاساسلىق ئوقۇتۇش بىنالىرى ۋە مەكتەپ مۇھىتىنىڭ كۆركەم سۈرەتلىرى، ئوقۇتۇش

ھەۋەس قىلىدىغان بىر قانچە ساۋاقداشلىرىم شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى تاللىدۇق. شۇ ئەسنادا سىنىپ مۇدىرىم ھامىتجان خوجايوف مېنى ياتىقىغا چاقىرىپ سۆھبەتلەشتى.

— سەن ئارزۇ جەدۋىلىگە قايسى مەكتەپنى يازدىڭ؟ — دەپ سورىدى مۇئەللىم.

— شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى يازدىم.

— مەن سېنىڭ شىنجاڭ مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى مېدىتسىنا ھەممىدىن ئىستىقباللىق كەسىپ، سېنىڭ خاراكتېرىڭمۇ دوختۇر بولۇشقا لايىق كېلىدۇ.

— مەن... شۇ... ئۇزاقتىن بۇيان يازغۇچى بولۇشنى كۆڭلۈمگە پۈككەن ئىدىم.

— شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، ئەدەبىيات فاكۇلتېتى مەخسۇس يازغۇچى يېتىشتۈرىدىغان زاۋۇت ئەمەس. ئۇلۇغ يازغۇچى لۇشۇنمۇ مېدىتسىنا كەسپىدە ئوقۇغان. «ئىش باشقا، ھەۋەس باشقا» دېگەندەك، ئالدى بىلەن بىرەر ھۈنەر كەسىپنى ئۆگىنىۋېلىپ، ئاندىن ئەدەبىي يېزىقچىلىقنى قوشۇمچە ئىشلىسەڭ تامامەن مۇمكىنغۇ!

— مۇئەللىم! سىزنىڭ ماڭا زىيادە كۆيۈنۈۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىمەن. لېكىن كۆڭلۈمدىكى ئارزۇيۇمدىن ئالدىراپ ۋاز كېچەلمەيمەن، مېنى كەچۈرۈڭ!

— بۇ تەشكىلنىڭ قارارى ئەمەس. كېيىن پۇشايماندا قالماسلىقىڭ ئۈچۈن ساڭا مەسلىھەت بەرگىم كەلدى. يەنىمۇ چوڭقۇرراق ئويلىشىپ باقارسەن.

باشلىقى غوپۇر رېھىم ئەپەندىلەر مەكتىپىمىزگە كېلىپ، بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن بىر تۇتاش يېپىق ئىمتىھان ئالىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئۇ چاغلاردا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ھازىرقىدەك مۇكەممەل سىستېمىلاشقان بولمىسىمۇ، لېكىن ئىمتىھاننىڭ سۈر - ھەيۋىسىدىن قورقۇپ، ھەممىمىز دەرسلىكلىرىمىزنى قايتىدىن ۋاراقلاپ، مۇستەقىل تەييارلىق قىلىشقا باشلىدۇق. ئىمتىھان كۈنلىرىمىز يېتىپ كەلدى. مەكتەپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ھەممىمىز قەغەز - قەلەملىرىمىزنى تەييارلاپ ئىمتىھان مەيدانىغا ھازىر بولدۇق. مائارىپ نازارىتىدىن ئەۋەتكەن ئىككى رەھبەر ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ بۆلۈمىدىن چىققان ئۈچ نەپەر كادىردىن تەشكىللەنگەن ئىمتىھاننى نازارەت قىلىش كومىسسىيەسى ئىمتىھاندا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە - تۈزۈملەرنى تەپسىلىي ئۇقتۇرغاندىن كېيىن، ھەر بىرىمىزگە ئالدىن بېسىپ تەييارلىغان سوئاللارنى تارقىتىپ بەردى. بىز چۈشتىن بۇرۇن تىل - ئەدەبىيات ۋە تارىخ - جۇغراپىيەدىن ئىبارەت ئىككى دەرستىن ئىمتىھان بەردۇق. چۈشتىن كېيىن تەبىئىي پەن يەنى ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيەدىن ئىمتىھان بېرىپ، ئالىي مەكتەپكە تاللاش ئىمتىھانىنى غەلىبىلىك تاماملىدۇق. مەن بۇ قېتىملىق ئىمتىھاندا ھېچقانداق قىينالمىدىم. 90 دىن نومۇر ئېلىشقا ئىشەنچىم كامىل ئىدى. ۋاھالەنكى، بىز شۇنچە تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن ئىمتىھان نومۇرىمىز ئاشكارا ئېلان قىلىنمىدى. قارىغاندا بۇ ئىمتىھان شەكىل ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇلغاندەك قىلاتتى. ئېھتىمال، بۇ ئىمتىھان ئارقىلىق ھەر ئوقۇغۇچىنىڭ كەسپى ئالاھىدىلىكىنى ئىچكى جەھەتتىن ئىگىلەپ بېقىش مەقسىتىدە قىلىنغان بولسا كېرەك. ئىمتىھاندىن كېيىن ھەر بىرىمىزگە ئارزۇ تولدۇرۇش جەدۋىلى تارقىتىپ بېرىلدى. مەن ۋە ئەتراپىمدىكى ئەدەبىياتقا

مەن سېنىڭ شىنجاڭ مېدىتسىنا ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇپ، بىر ياخشى دوختۇر بولۇپ چىقىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. كەلگۈسىدە ئابدۇرېشىت قارىمدەك چوڭ دوختۇر بولۇپ كېرەمباغ دوختۇرخانىسىدا ئىشلەپ قالارسەن، — دېدى.

مەن دادامنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەندىم. ئابدۇرېشىت قارىم قەشقەردە داڭقى چىققان ئەڭ پېشقەدەم دوختۇر بولۇپ، دادام بىلەن كونا بۇرادەرلەردىن ئىدى. دادامنىڭ ئۈمىدى بىلەن سىنىپ مۇدىرىمىز ھامىتجان مۇئەللىمنىڭ مەسلىھەتى بىر يەردىن چىقىپ قالغاچقا تېگىرقاپ قالدىم. ئون سەككىز يېشىمدىكى تۇنجى باش قېتىمچىلىق مېنى ھەقىقەتەن گاڭگىرىتىپ قويدى. مېنىڭ نەزىرىمدە «دوختۇرلۇق ئاياللارغا يارىشىدۇ. مېدىتسىنا مەكتەپلىرىدە ئوقۇش خانىم - قىزلارغا مۇناسىپ» دەپ قارىغاچقا، راستىنى ئېيتقاندا، مېنىڭ بۇ كەسىپتە ئوقۇشقا رايىم يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەدەبىياتنىڭ مېھر - مۇھەببىتى قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالغان قىزنىڭ كۆيۈك ئوتىدىنمۇ كۈچلۈك بولىدىكەن. شۇڭا مېنىڭمۇ سۆيگەن ئاشىقىمدىن ۋاز كېچىشكە ھەددىم ئەمەس. ئۆچكەن ئوتنىڭ چوغى قالسا، ئۇنى ياندۇرۇش ئاسان بولغىنىدەك، تېگىرقاش ئوتنىڭ پۈتۈنلەي ئۆچكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا تەشكىلنىڭ تەقسىماتىنى كۈتمەكتىن باشقا ئامالىم يوق. دەرۋەقە، ئاشۇ يىللاردا تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى قانۇن ھۆكمىدەك مۇتلەق كۈچكە ئىگە بولۇپ، تەشكىل ئوتقا كىر دېسە ئوتقا، سۇغا كىر دېسە سۇغا، چۆلگە دېسە چۆلگە، تاغقا دېسە تاغقا چىقىدىغان ئىتائەتمەنچىلىك ئېڭى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە ئىدى. مەنمۇ «ئەلھۆكمۇلىللاھ» دەپ تەشكىلنىڭ تەقسىماتىنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولدۇم.

بىر ھەپتىدىن كېيىن، بىز تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن

مەن بۇ كۆيۈمچان ئۇستازغا چەكسىز رەھمىتىمنى ئېيتىپ ياتىقىدىن چىقتىم. ئاخشام ئۆيۈمگە چىقىپ ئالىي مەكتەپكە بېرىپ داۋاملىق ئوقۇش ھەققىدە دادام بىلەن ئانامنىڭ مەسلىھەتىنى ئالغان ئىدىم. شۇ چاغدا ئانام مەندىن سورىدى.

— ئالىي مەكتەپتە يەنە قانچە يىل ئوقۇيدىكەنسەن؟

— بەش يىل.

— ۋاي-ۋۇي، نېمە دېگەن ئۇزاق يىل بۇ! ھازىر ئون سەككىز ياشقا كىردىڭ، يەنە بەش يىل ئوقۇساڭ 23 ياشقا كىرىپ قالىسەن. ئۆمرۈڭنىڭ يېرىمىگىچە ئوقۇپ نېمە ھالاۋەت تاپارسەن. بىزمۇ قېرىپ قالدۇق، بالىلىرىمنىڭ ئەڭ كىچىكى سەن. ئون يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، ساڭىمۇ يۇرتىمىزدىن بىرەر خىزمەت چىقىپ قالار. شۇڭا يېنىمىزدا تۇرساڭ بىزنىڭمۇ كۆڭلىمىز خاتىرجەم بولىدۇ. دادام شۇئاندا قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى نۇرلۇق كۆزلىرىنى ئانامغا تىكىپ:

— بولدى قىلىڭلار، بىزنىڭ مۇشۇنچىلىك ۋاقتىمىزدا ئوقۇۋالسۇن. بىلىم دېگەن ئىنساننىڭ نۇرلۇق چىرىقى. بالىلىرىمىز «يەنە ئوقۇيمەن» دېسە، بىز ئۇنى قوللىماق گۇناھ بولىدۇ، — دېدى-دە، ماڭا قاراپ سورىدى:

— قايسى مەكتەپتە ئوقۇيدىكەنسەن؟

— تېخى مەكتەپلەرگە بۆلمىدى. بۇ يىل بىزنى قوبۇل قىلىدىغان ئالىي مەكتەپلەر ناھايىتى كۆپ ئىكەن. مەن دادامغا مەكتەپلەرنىڭ تىزىملىكىنى كۆرسەتتىم.

دادام تىزىملىكنى تەپسىلىي كۆرگەندىن كېيىن:

— ئىككى ئاكاڭ قارامايدا خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا سەنمۇ ئۇلارغا يېقىنراق بولغان ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغىنىڭ ياخشى. ئۇلار سەندىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدۇ.

ئىنستىتۇتىغا تەقسىم قىلىنىپتۇ. ئۇ ئىلاجىسىز لەنجۇدا بەش يىل ئوقۇپ، تۆمۈر يول ئىدارىسىنىڭ قومۇل شۆبىسىگە تەۋە چىچەنخو پونكىتىدا ئون نەچچە يىل تېخنىك بولۇپ ئىشلەپ، ئات ئوقۇرنى تاپقانغا ئوخشاش، 1980 ـ يىللارنىڭ بېشىدا شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىنى مۇھەررىرلىك خىزمىتى بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق سەمەن ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلار چېيىدا، ئۇنىڭ بىلەن ھەمداستىخان بولۇپ ئۆتۈۋاتقان كۈنلەردە رەھىمسىز ئەجەل ئۇنى بىزدىن ئايرىۋەتتى. بىز قايغۇ ئىچىدە ھەمىشە ئۇنى ئەسلەپ تۇرىمىز.

تەقسىمات ئېلان قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا كەلگەن ئىككى نەپەر رەھبەر بىزگە ئايرىم يىغىن ئېچىپ مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئۇقتۇردى.

— ئالدى بىلەن سىلەرنىڭ شەرەپلىك ھالدا نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتكەنلىكىڭلارنى تەبرىكلەيمەن، — دەپ سۆز باشلىدى ئىبراھىم مۇھتى ئەپەندى.

— سىلەر تەقسىم قىلىنغان ئىچكىرىدىكى ۋە ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى 1 ـ سىنتەبىر ئوقۇش باشلايدۇ. دەرس باشلاشتىن بىر ھەپتە بۇرۇن، مەكتەپلەردە يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى تىزىملاش باشلىنىدۇ. شۇڭا بىز ۋاقىتنى ئويلىشىپ، سىلەرنى 20 ـ ئاۋغۇست كۈنى ماشىنا بىلەن كوللېكتىپ ئېلىپ ماڭماقچى بولۇۋاتىمىز. مۇشۇ بىر ھەپتە ئىچىدە سىلەر سەپەر تەييارلىقىنى قىلىڭلار. ھازىرچە ھەر بىرىڭلار بىردىن يوتقان ـ كۆرپە، ئەديىال، ياستۇق ۋە نەرسە ـ كېرەكلىرىڭلارنى سالىدىغان چامدان ياكى ساندۇق تەييارلىساڭلار بولىدۇ. ماشىنا كىراسى ۋە ياتاق، تاماق

مىنۇتلار يېتىپ كېلىپ، تەقسىمات ئېلان قىلىندى. ھەممىمىزنىڭ دۈمبىقى يېرىلدى. ئارىمىزدىن ئون نەچچە ساۋاقداش قەشقەرگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىزنىڭ سىنىپنىڭ سىنىپ باشلىقى بولغان يېقىن دوستۇم تۇرسۇن قادىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئۆزگە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىندى. ئۇ ناھايىتى ئىقتىدارلىق بولغاچقا خىزمەتتە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ، كېيىنچە ئانام كېتىپ تولۇق ئوتتۇرىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەپ، شەرەپ بىلەن پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن، كېسەللىك سەۋەبى بىلەن داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي بىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىلدى. ئالتە يىللىق ساۋاقدىشىم ۋە دوستۇم ئابلىز ئۆمەر قەشقەر گېزىتىگە تەقسىم قىلىنىپ، گېزىتخانا ۋە قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى. پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىنمۇ ئىزچىل يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدىبلىرىمىزنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. يەنە ئەڭ يېقىن دوستۇم سادىر قادىر، ئابلەت مۇھەممەد، تىللاقىز، مۇھەممەد قادىر قاتارلىق تۆت نەپەر ساۋاقدىشىم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رېسپۇبلىكىلىرىدىن ئۆزبېكىستان ۋە قازاقىستاندىكى دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇشقا تەقسىم قىلىنىپتۇ. مەكتىپىمىز تارىخىدىكى بۇ خۇشاللىنارلىق ئىش ھەممىمىزنى شەرەپ تۇيغۇسىغا چۆمدۈردى. قالغان ساۋاقداشلار قىسمەن ئۆزگىرىشلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان ئالىي مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلىندى. مەنمۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا تەقسىملەنگەنلىكىمنى ئاڭلاپ خۇش بولدۇم. سىنىپىمىزدا جۇغى كىچىك، ئەمما تىلى چۇچۇك بىر ئەدەبىيات ھەۋەسكارى بار ئىدى. ئۇ يېتىم ئوغۇل بولۇپ، ھەممىمىز ئۇنىڭغا ئامراق ئىدۇق. نېمە ئۈچۈنكىن، ئۇنىڭ تەلىيى كاج كېلىپ لەنجۇدىكى غەربىي شىمال تۆمۈر يول

تەييار قىلدى. دادام يېڭى كىيىم - كېچەكلەرنى تەخلەپ، ئارزۇلۇق سەپەر چامدانىغا رەتلىك سېلىپ بەردى. دادام سودا بىلەن كۆپ قېتىم سەپەر قىلغاچقا، سەپەردە لازىملىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەييارلىدى. ھەتتا قاچا، قوشۇقلارنىمۇ ئۇنتۇمىدى. بىز بەلگىلەنگەن قەرەلدە خەلق باغچىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى قەشقەر ۋىلايەتلىك ماشىنا بېكىتىنىڭ مەيدانىغا يىغىلدۇق. مەيدان ئۇزۇمچىگە ماڭىدىغان ئوقۇغۇچىلار ۋە ئۇلارنى ئۇزىتىشقا كەلگەن ئاتا - ئانىلار، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن لىق تولغان ئىدى. شۇ ئاندا بىزنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ ماڭىدىغان ئۈچ قارا ماشىنا مەيدانىغا ھازىر بولدى. بۇ ماشىنىلارنىڭ ئىككى يان تەرىپىگە ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتە لوم تۆمۈر ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستى ماش رەڭلىك بىرزېنت بىلەن قاپلانغان ئىكەن. بىز قاتناش خادىملىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ھەر بىر ماشىنا كوزۇپىغا 20 ئوقۇغۇچىنىڭ يۈك - تاقلىرىنى تۆت رەتتىن تەرتىپلىك تىزىپ، ئولتۇرىدىغان «ئورۇندۇق» تەييارلىدۇق. چامدان - ساندۇقلارغىمۇ ماشىنىنىڭ ئالدىدىن مۇۋاپىق ئورۇن ھازىرلىدۇق. ھەممە تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن بەلگىلەنگەن ماشىنىغا چىقىپ رەتلىك ئولتۇرۇشقا ئىجازەت قىلىندى. باللىرىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ئاتا - ئانىلار ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلار باللىرىنى چىڭ قۇچاقلاپ كۆز يېشى قىلاتتى. «بالام، سېنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم. تىرىشىپ ئوقۇپ ياخشى ئادەم بولۇشۇڭنى تىلەيمەن.» دەپ ياخشى تىلەكلەر بىلەن ئالدىن تەييارلىغان سەپەر توقىچى ۋە قەنت - گېزەكلەرنى يوللۇق تۇتىشاتتى. ماشىنىنىڭ ئالدىغان ①، ②، ③ دەپ نومۇر چاپلانغان ئىكەن. مەن بىرىنچى گۇرۇپپىدا بولغاچقا ① نومۇرلۇق ماشىنىغا چىقتىم. ئارىمىزدا قىز ئوقۇغۇچىلارمۇ بولغاچقا، ئۇلار ئايرىم ② نومۇرلۇق ماشىنىغا چىقتى. بىزنى يېتەكلەپ ماڭىدىغان ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئىككى رەھبەر ① ۋە ③ نومۇرلۇق

راسخوتلىرى ھۆكۈمەت تەرەپتىن بېرىلىدۇ. ئاتا - ئانىڭلارغا ئارتۇقچە ئېغىرچىلىق سالماڭلار. ناۋادا ئالاھىدە سەۋەب بىلەن كوللېكتىپ قاتارىدا ماڭالمايدىغانلار بولسا ئۆزى ماشىنا كىرا قىلىپ بارسىمۇ بولىدۇ. كىرا بېلىتى مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن مەكتەپ مالىيەسى ئاتچوت قىلىپ بېرىدۇ. ئەڭ ياخشىسى كوللېكتىپ بىلەن بىرگە ماڭساڭلار ھېچنېمىدىن قىينالمايسىلەر، دەپ سۆزىنى توختاتتى. ئارقىدىن غۇپۇر رېھىم ئاكا سۆز قىستۇرۇپ، يولغا چىقىش ۋاقىت - سائىتىنى ۋە ئورنىنى ئۇقتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنە قانداق پىكىرىڭلار بار، — دەپ بىزگە سوئال تاشلىدى. بىز «پىكرىمىز يوق» دەپ چۇقىراشتۇق. شۇ ئەسنادا ھەممىمىزنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرغان خۇشچاقچى، زوراۋاندىراز بىر ساۋاقدىشىمىز «پىكىر!» دەپ قولىنى كۆتۈرۈپ:

— ئەپەندىم، ماشىنىغا ئۇلگۇرەلمەي، ئىشەك مىنىپ بارساق، ئىشەكنىڭ تىلىدىن ھۆججەت ئالىمىزمۇ؟ — دەپ ھەممىمىزنى پاراققىدە كۈلدۈرۈۋەتتى. بىزگە ئاتىدارچىلىق قىلىۋاتقان بۇ ئىككى سالاپەتلىك رەھبەر بەك ئېغىر بېسىق بولغاچقا، يۇقىرىقى تەنە ئارىلاش چاقچاقتىن رەنجىپمۇ كەتمىدى. ئەكسىچە مۇلايىملىق بىلەن:

— ئۇكا، قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە ئىشەك مىنىپ يېرىم يىلدىمۇ يېتىپ بارالمايسەن، ئىشىكىڭمۇ چىدىمايدۇ. شۇڭا ئىشەككە ئازاپ سالما، ئېغىرىڭنى ماشىنا كۆتۈرسۇن، — دەپ جاۋاب بېرىشتى. بىز بىر ئاز ئوڭايسىزلىق ھېس قىلدۇق. ئەمما ساۋاقدىشىمىزنىڭ مىجەز - خۇلقى بىزگە ئايان بولغاچقا، ئۇ چاقچاقنى قايتا تەگمىدۇق.

ھەممىمىز سەپەر تەييارلىقى بىلەن ئۆيىمىزگە قايتتۇق. رەھمەتلىك ئانام ئۆز قولى بىلەن يېڭى يوتقان - كۆرپە تىكىپ

شۇنداق قىلىپ بىز تەڭرىتاغ باغرىنى بويلاپ، ئالتە ئۆتەڭدە يەرنى سىيلىنچا، ئاسماننى يىپىنچا قىلىپ قونۇپ، يەتتىنچى كۈنى كەچتە ئۈرۈمچىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى دۆڭكۆۋرۈككە جايلاشقان سابىق شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ «قىزىل بىنا»سى ئالدىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ بىنانىڭ 1 - قەۋىتىگە مائارىپ نازارىتىنىڭ يېڭى ستودېنتلارنى كۈتۈۋېلىش ۋاقىتلىق ئورنى جايلاشقان ئىكەن. بىزنىڭ ماشىنا بىنا ئالدىغا كەلگەن ھامان ئىشخانىدىن ئىككى خادىم چىقىپ بىزنى كۈتۈۋالدى ھەمدە يۈك - تاقلىرىمىزنى 1 - قەۋەتتىكى بوش سىنىپلارغا ئەكىرىپ قويۇشنى ئېيتتى. بىزنى يېتەكلەپ قەشقەردىن ئېلىپ كەلگەن ئىككى رەھبەر بىزنى يورۇق كارىدورغا يىغىپ:

— بىز يەتتە كۈنلۈك جاپالىق سەپەرنى تۈگىتىپ، ساق - سالامەت ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىۋالدۇق. «يول ئازابى — گۆر ئازابى» دېگەندەك، يولدا كۆپ جاپا چەكتىڭلار. بۈگۈن بىر كېچە مۇشۇ بىنانىڭ سىنىپلىرىدا يوتقان - كۆرپەڭلارنى يېشىپ خاتىرجەم ئۇخلاڭلار. ئەتە سەھەردە سىلەر تەقسىملەنگەن ھەر قايسى مەكتەپلەردىن مەخسۇس خىزمەتچىلەر كېلىپ، سىلەرنى مەكتەپىڭلارغا ئېلىپ بارىدۇ. ھازىر ئاشخانىدا سىلەر ئۈچۈن «ھاردۇق ئېشى» تەييارلاپ قويۇپتۇ. ئالدى بىلەن تاماقنى يەۋېلىپ بەھۇزۇر دەم ئېلىپ ئۇخلاڭلار، — دېدى.

بىز كۈتۈۋېلىش ئىشخانىسىدىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ ھەمرالىقىدا مەكتەپ ئىچىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسىغا كىردۇق. ئوخشىتىپ ئېتىلگەن قوچقاچ تىلى سۇيۇقئاش ۋە قورۇما، ھورنان بىلەن قورساقنى راسا تويغۇزۇپ، ئورنىمىزغا قايتىپ كەلدۇق. سىنىپ كەڭ ۋە ئازادە بولۇپ، ئاستى قىپقىزىل سىرلانغان پول ئىكەن. بىز يوتقان - كۆرپىلىرىمىزنى پول ئۈستىگە يېشىپ، ھەر بىرىمىز ئۆزىمىزگە ئورۇن تەييارلىدۇق. 1 - قەۋەتتىكى سۇخانىغا چىقىپ يۈز

ماشىنىنىڭ كوزوپىدا شوپۇرغا ھەمرا بولۇپ ئولتۇردى. قىيا - چىيا ۋە يىغا - زارە ئىچىدە ماشىنا ئۆز تەرتىپى بىلەن ئاستا قوزغىلىپ، گىرازنىڭ دەرۋازىسىغا قاراپ يول ئالدى.

ئۇزاتقىلى چىققان ئاتا - ئانىلار ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلار ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ چوڭ يولغىچە ئۇزىتىپ چىقىشتى. قاتناش ئورۇنلىرى ئالاھىدە ئېتىبار قىلىپ، بىزگە خېلى يېڭى ماشىنىلارنى ئاجراتقان ئىكەن. شۇنداق بولسىمۇ قەشقەر - ئۈرۈمچى تاشيولى ھازىرقىدەك ماي يولى ياكى ئاسفالتلىق يول بولمىغاچقا، چىغىر، توپا يوللاردا ماشىنىنىڭ سائەتلىك سۈرئىتى 20 كىلومېتىردىن ئاشمايتتى. ماشىنا ھەر بىر سىلكىنسە بىز يەل توپتەك ئىغاڭلاپ، بىر - بىرىمىزنىڭ ئۈستىگە يىقىلاتتۇق. ئاستىمىزدىكى يۈك - تاقلىرىمىزمۇ ئۇيان - بۇيانغا يۇرۇشۇپ كېتەتتى. ماشىنىنىڭ ئۈستىدىكى بىرزېنت ياپقۇچمۇ مازارلاردىكى تۇغ - ئەلەمدەك لەپىلدەپ تېخىمۇ شامال چىقىراتتى. لېكىن قەلبىمىزدە ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىق جاسارىتى ئالدىدا توپا - چاڭ، بوران - چاپقۇنلار، ئۇسسۇزلۇق ۋە ھېرىپ - چارچاشلار ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى. دەرۋەقە:

*ياشلىق دېگەن بىر پارچە ئوت، كۆيۈپ - كۆيۈپ ئۆچمەيدىغان،*
*شۇ قوتۇپ يۇلتۇزىدەك نىشانىدىن ئۆچمەيدىغان.*
*ئۇچرىسا گەر بېستون تاغلار فەرھاد كەبى كۆكرەك كېرىپ،*
*تاپماق ئۈچۈن نىگارىنى كۆككە قاراپ ئۆرلەيدىغان.*
*ياشلىق دېگەن باھار پەسلى، چېچەك ئېچىپ بىخلايدىغان،*
*قىش - زىمىستان جۇدۇنلارنى كويىقاپقا مىخلايدىغان.*
*ئىرادىدىن قورۇپ سېپىل، كۈچ - قۇدرىتى قاپلان كەبى،*
*مىسران قىلىچ قوللىرىدا، ياۋنى كۆرسە تىغلايدىغان.*

ئۆلسەن.» دەپ بىزگە تەسەللىي بېرەتتى دادام. مەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان مەزگىللەردە، دادام خاتىرىلەپ قويغان بىر پارچە «سەپەرنامە»نى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان. مەنمۇ بۇ قوشاققا قىزىقىپ، خاتىرەمگە كۆچۈرۈۋالغان ئىدىم. ئۇيقۇم كەلمىگەنسېرى بىللە ئېلىپ يۈرگەن بۇ خاتىرە ئېسىمگە كېلىپ، سومكامدىن ئۇنى سۇغۇرۇپ ئالدىمدا ئىچىمدە ئوقۇشقا باشلىدىم. بۇ «سەپەرنامە» مۇنداق پۈتۈلگەن ئىدى.

*قەشقەر دېگەن ئۆزى پەستە،*
*ئوتتۇرىسىدا رەستە ـ رەستە.*
*قەشقەردىمۇ بار مۇشتى يوغانلار،*
*شۇڭا ئۆز يۇرتىغا سىغمىدى نى ـ نى ئوغلانلار.*
*باي ـ غوجاملار چىقىدۇ ئىلىغا سەيلە ـ ھەۋەستە،*
*يېتىمچىلار پاناھ ئىزدەپ چىقار بەس ـ بەستە.*
*قەشقەردىن چىقساڭ يېڭىشەھەر،*
*لويىلىرى دارىن غوجامغا ئېگىشەر.*
*ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ياندۇرما،*
*خۇدا ساقلا! ئاتا ـ ئانىدىن تاندۇرما.*
*ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ قىزىللىق[1]،*
*خورجۇن، خالتاڭ مۇرىلىرىڭگە ئېسىغلىق.*
*ئۆيدىن ئايرىلىپ باستى سېنى خىجىللىق،*
*ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ شاپتۇللۇق[2].*
*خۇرجۇنىڭدىكى زاغرائىنى غاجاپ ماڭىسەن ئۇدۇللۇق،*
*ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ پەيزاۋات.*
*پەيزاۋاتنىڭ قوغۇنلىرى قەن ـ ناۋات،*
*پۈلى بارلار ناشپىكەر يەر، پۇلى يوقلار پەندىيات.*

---

[1] پەيزىۋاتتا نەۋە يېزا ـ يۇرت ئىسمى: «قىزىلبۇي» يېزىسىنى كۆرسىتىدۇ.

[2] پەيزىۋاتتا نەۋە يېزا ـ يۇرت ئىسمى: «شاپتۇل» يېزىسىنى كۆرسىتىدۇ.

- كۆزلىرىمىز ۋە پۇت - قوللىرىمىزنى پاكىز يۇيۇپ «ياتاق»قا كىرىپ راھەتلىنىپ ياتتۇق. بەزى ساۋاقداشلار ھارغىنلىقتىن ياستۇققا بېشىنى قويۇپلا خاقىراپ خورەككە چۆشۈپ كەتتى. مەن ئۇياققا ئۆرۈلۈپ، بۇياققا ئۆرۈلۈپ زادى ئۇيقۇمنى تاپالمىدىم. ئۇيقۇ قاچقانسېرى كاللامنى ئوي - خىيال چۇلغىۋالدى. يەتتە كۈنلۈك سەپىرىمدىكى كۆز يەتمەس چۆل - جەزىرىلەر، ماشىنا چىرىغىنىڭ نۇرىدا يىراقتىن كۆرۈنىدىغان يول قاراۋۇلىدەك قولاقلىرىنى دىڭ قىلىپ تۇرغان تاغ جەرەنلىرى، تاشيولنى كېسىپ ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرەۋاتقان قارا قۇيرۇق توشقانلار، گاھ يېقىن گاھ يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان تەڭرىتېغىنىڭ ئاقباش چوققىلىرى، يېشىللىققا پۈركەنگەن كۆجۈم مەھەللە - كويلار، ئاۋات بازارلار، تاغ باغرىدىن شاقىراپ ئېقىۋاتقان دەريا - ئۆستەڭلەر، يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى قىزىل ياپراقلىق توغراقلىقلار ۋە يۇلغۇنلۇقلار كۆڭۈل ئېكرانىمدا ئايان بولدى. «نېمە دېگەن كەڭ، نېمە دېگەن گۈزەل يۇرت بۇ!» دەيتتىم ئۆز - ئۆزۈمگە پىچىرلاپ.

شۇنچە پايانسىز ئۇزۇن يوللارنى دادام ئات - ئېشەك بىلەن قانداق بېسىپ تۈگەتكەن بولغىدى؟ دەپ دادامنىڭ جاسارىتىگە قايىل بولاتتىم. دادام 1930 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ تاكى 1950 - يىللارغىچە سەييارە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئات - ئېشەك كارۋانلىرى بىلەن بۇ ئۇزۇن يوللارنى بەش - ئالتە قېتىم باسقان ئىكەن. ھەتتا ئەڭ خەتەرلىك مۇز داۋاندىن ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپ ئۆتۈپ ئىلى، ئالتاي، چۆچەك ۋە ئۈرۈمچىدە سەييارە تىجارەت قىلغان. دادام ھەر قېتىم سەپەردىن قايتىپ كەلگەندە يولدا ئۇچرىغان بالايى - خەتەلەرنى بىزگە سۆزلەپ بېرەتتى.

«ئەجىلىڭ پۈتمىسە پىلسىراتنىڭ كۆۋرۈكىدىنمۇ ئامان - ئېسەن ئۆتىسەن. ئەجىلىڭ پۈتسە تۈز يولدا مۈدۈرۈپ كەتسەڭمۇ

ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ كەلپىن ئاچىلى.
بۇ يەر بەك تار ئىكەن، دەرھال قاچىلى.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ يانتۇدۇق.
بۇ يەرگە كەچ بېرىپ ھەممە ئىشىككە بىر قېتىمدىن دوقۇردۇق.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ غالدا.
كېچىسى مىڭغۇال بۇ يولنى، ئۆزۈڭگە پايدا.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ چىلان.
نەلەردە قالدى، ئۇيدە توقىغان پىلان.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ شوتا قۇدۇق.
ئالدىمىزنى توسقان ئىككى ئوغرىنى تونۇۋېلىپ راسا ئۇردۇق.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ خانگوك.
خانگوكلۇق كۆرۈپ بىزنى: قەشقەرلىك سېيت گانگوك.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ئايكۆل.
ھەر مەھەللىدە بار ئىكەن بىردىن چوڭ كۆل.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ئاسوق.
باش يېرىلدى، بولدى تارتۇق.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ئاقسۇ.
پۇلۇڭ بولمىسا تېپىلمايدىكەن بىر چىنە قايناقسۇ.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ كېلىسەن جامغا.
جامدا زار بولدۇق بىر چىشلەم نانغا.
ئەجەپ پاتتىغۇ يول ئازابى جانغا.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ قارا يۇلغۇن.
خېيىم - خەتەر ئالدىڭدا تېخى نۇرغۇن.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ توگان مازار.
سانىمۇ كەپتىغۇ مۇشۇ چۆلدە قازا.
ئۆلۈكۈڭ چۆلدە قاپتۇ كىم تۇتقاندۇر ھازا.

ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ داش،
بۇ چۆلدىن «قانداق چىقارمىز» دەپ قاتتىق باش.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ لۇڭكو،
يۇرت - ماكاندىن بىزنى ئايرىغان سىڭكو.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ جاڭزا،
جاڭزىغا بېرىپ قونار يېرىڭ ئەسكى پاڭزا.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ غولتوغراق،
غولتوغراقتا غەم يېدىڭ يۇرتۇڭدىكىدىنمۇ ئارتۇقراق.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ئۆردەكلىك،
يۇرتتىن ئايرىلغان بەكمۇ گۆدەكلىك.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ قارا قىلچىڭ،
ئىلىخودىمۇ پۇل چىڭ.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ مارالبېشى،
ھەركىشى ئۆز جېنى بىلەن -
كىم بىلەن كىمنىڭ ئىشى،
ئىسىت، ئانامنىڭ ئېتىپ بەرگەن ئۆگرە ئېشى،
ئالدىرىماڭ بۇ تېخى دەردنىڭ بېشى.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ تۇمشۇق،
مۇساپىرلارنىڭ ئالدىنى توسقان چېرىكلەرنىڭ ھەممىسى ئۇششۇق.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ چارباغ،
تەرىڭنى سۇرتۇشكە ئەسقاتتى بېلىڭدىكى بەلۋاغ.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ئوي قوتان،
ھەجەپمۇ كۆپ ئىكەن بۇ يەردە ئوتان (ئوتۇن).
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ئوقۇمازىرى،
بېشىڭدا قاينايدۇ قىيامەتنىڭ بازىرى.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ تەڭ توغراق،
پۇشايمان قىلغىچە، مەشەدىن قايتقىنىڭ ياخشىراق.

ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ توغراسۇ.
كىمنىڭ چاپىنى كونا بولسا ئوغرى شۇ.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ پاراس قارىغاي.
يالغۇز يولۇچى بارمىغىن دەپ ئوغرى مارىغاي.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ كېلىسەن شوتىغا.
تېز كەتمىسەڭ لوپىنىڭ توقمىقى تېگەر پوتىغا.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ تېكەس.
ھەممە يېرىدە ئېگىز ئۆسكەن ئوت - خەس.
تېكەس دېگەن بىر تۈز.
يۇرتۇڭ يىراقتا قالدى ئۈمىدىڭنى ئۈز.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ئىلى دەريا.
تۆت تەڭگە بەرسەڭ ئۆتكۈزىدىغان سالچىلار تەييار.
دەريادىن ئۆتسەڭ پايتىما زەڭگە.
بىر چىلىمغا ئۇلىشىپتۇ بەش - ئالتە بەڭگە.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ كورە،
ئىلىغا كەلدۇق دەپ بەزىلىرى يىغلار، بەزىلىرى كۈلە.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ئوروكلۇك.
نېنى تۈگەپ خورجۇن ئاغزى پۈرۈكلۈك.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ كېلىسەن كانىغا.
خورجۇن - خالتاڭ يېڭى بولسا تېگىشىپ يەيسەن نانىغا.
بولمىسا ئەزرائىل تىكىلىدىكەن شېرىن جانىغا.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ چىغلاڭ.
چىغ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ مۆڭلىنىپ يىغلاڭ.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ تاشلەپكە.
جان ھايات قالدى، بازارغا بېرىپ نان تېپىپ كە (ل).
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ خەنزۇ بازىرى،
كۆرۈۋال يېتىمچى باللار، مۇشۇ ئىلىخونىڭ ئاۋات

ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ كېلىسەن زىلغا،
يانار سەنمۇ كېلەر يىلغا.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ چۇشۇرگە،
پۇلۇڭ بولمىسا بولىسەن سۇپۇرگە.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ تالاشۇر،
قانداق قىلىسەن بېشىڭغا كەلگەن بالا شۇ!
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ يېڭىئاۋات،
ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەنگە سۇيى ئىككەن قەنت - ناۋات.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ قىزىلبۇلاق،
يول ئازابىدا ئانا سۈتى بولدى بۇرنىمىزدىن بۇلاق.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ قوغان،
قوغاننىڭ لوپىسى «قەرزنى تۆلە» دەپ ئالدىمىزنى تورىغان.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ قېيىنلىق،
يېتىمچى باللار قولغا ئالدى بىردىن تېيىنلىق (ھاسا مەنىسىدە).
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ تامغۇ تاش،
مۇز داۋاننى كۆرۈپ قاتتى باش.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ «مۇزات» دەپ داۋان بار،
ئۆتەلەمدۇق، ئۆتەلمەمدۇق كۆڭلىمىزدە گۇمان بار.
قەدەم قويدۇق مۇزاتقا تاڭدا،
سىرىلىپ ئۆلگەن ئات - ئۇلاغ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ ھاڭدا.
داۋاندىن چۈشسەك شىپالىق،
كۆتۈرۈلدى كۆڭۈلدىكى دىشۋارلىق.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ يار ئالدى،
ئات - ئېشەك ھاڭدا قالدى، خورجۇن قاچاڭنى ئوغرى ئالدى.

مەن ئاشۇنداق شېرىن خىياللار دېڭىزىدا ئۈزۈپ يۈرۈپ، ئاخىرى ئۇيقۇغا غەرق بولدۇم. ئەگەر ئەتىسى سەھەردە ساۋاقداشلىرىم ئويغاتمىغان بولسا يەنە بىر قانچە سائەت ئۇخلاپ ئۇيقۇ راھىتىنى سۈرەتتىم. بىز بۈگۈن ئەتىگەندە مەكتەپلىرىمىزگە بېرىپ تىزىملىتىدىغان بولغاچقا، ئورنىمىزدىن تۇرۇپلا يوتقان - كۆرپىلىرىمىزنى تېڭىپ، يۈك - تاقلىرىمىزنى تەقلىدۇق. يەنە ئاخشامقى ئاشخانىدا سوغۇق سەي، پىشۇرۇلغان توخۇم ۋە سۈتلۈك چاي بىلەن ناشتا قىلىۋالغاندىن كېيىن، قىزىل بىنا ئالدىدا ماشىنا ساقلىدۇق. بىرىنچى بولۇپ شىنجاڭ 1 - ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى ۋە شىنجاڭ مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىنىڭ ماشىنىلىرى يېتىپ كېلىپ، ئۆزلىرىگە تەۋە ئوقۇغۇچىلىرىنى ئېلىپ ماڭدى. ئارقىدىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماشىنىسىمۇ يېتىپ كەلدى. بۇ مەكتەپكە تەقسىملەنگەن ئون نەچچىمىز شوپۇر باقى ئۇستامنىڭ ياردىمى بىلەن يۈك - تاقلىرىمىزنى ماشىنىغا رەتلىك بېسىپ، قالغان ساۋاقداشلىرىمىز بىلەن قىزغىن خوشلىشىۋالغاندىن كېيىن، مەكتەپكە قاراپ يول ئالدۇق. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاشۇ يىللاردىكى ۋاقىتلىق ئورنى بۇرۇنقى ئۇچتاشتىكى ئورنىدىن 20 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ھازىرقى شىنجاڭ مالىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئورنىدا ئىدى. بىز ئۇ يەرگە بىر سائەتچە يول يۈرۈپ يېتىپ باردۇق. مەكتەپ قورۇسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، تېخى دائىرىگە ئېلىنمىغان ئىكەن. ماشىنا شىمالىي بېيجىڭ يولىدىن سولغا قايرىلىپ، ئۇدۇل مەمۇرى بىنانىڭ ئالدىدا توختىدى. بىنانىڭ 1 - قەۋىتىدىكى تىزىملاش ئۆيىگە كىرىپ، مۇناسىۋەتلىك تىزىملاش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتكەندىن كېيىن ياتاقلارغا ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقنى ئۇقتۇردى. تىزىملاش ئۆيىدە ھەر بىر فاكۇلتېتلارنىڭ تىزىملاش ئورنى ئايرىم ئىكەن. بىزنى قەشقەردە تېخى كونكېرىت كەسپلەرگە بۆلمىگەن.

بازىرى.
شۇ ئەسنادا بىر تارانچى كېلىپ دەيدۇ:
— «ھەي ئالتە شەلىك بۇياققا ئۆت،
نەگە بارساڭ قازاننىڭ قۇلىقى تۆت.
چىقىپ ئىشلىسەڭ بولمامدۇ خاڭدا،
ئۆمىدىڭ بارمۇ - يوقمۇ جاندا؟!
يېتمۈپىرىمسەن ئىشلىمەي جاقاڭدا.»
دېدى - يۇ، كەتتى.
بۇ گېپى جېنىمىزدىن ئۆتتى.
خۇرجۇننى ئالدۇق،
ئۆشنىمىزگە سالدۇق.
چىقتۇق خاڭغا،
خاڭدىكىلەرمۇ زار ئىكەن بىر بۇردا نانغا.
خاڭدا ئىشلەيمىز دەپ چۈشۈپتۇق بىر چوڭقۇر ھاڭغا.
ساق چىقساق يۇرتقا كېتەۋالارمىز،
قازا قىلساق يۇرتىمىزغا سالام دەڭلا.

مانا بۇ تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە قەشقەر - ئىلى كارۋان يولىدا سەپەر قىلغان يېتىمچىلەرنىڭ يول سەرگۈزەشتىسى. بۇ كارۋان يوللىرىدىكى ئۆتەڭ - قونالغۇ ناملىرى شىنجاڭنىڭ توپوگېئولوگىيە تەتقىقاتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھازىرغۇ بۇ كارۋان يوللىرىنىڭ ئىزى ئۆچۈپ كەتتى. ئەمما دادام باسقان مۇشۇ چىغىر يوللارنى مەنمۇ ئات - ئېشەك بىلەن بىر نۆۋەت بېسىپ بېقىشنى ئارزۇ قىلىمەن. چۈنكى ئۇنىڭدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇبارەك ئىزى بار. ئۇ شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرغان قەدىمكى «يىپەك يولى» مەدەنىيىتىنىڭ تاشقاتمىسى.

— ئەمسە مەن قانداق قىلىمەن؟

— ئالدى بىلەن قايسى فاكۇلتېتقا تەقسىملەنگەن بولسىڭىز شۇ فاكۇلتېتقا تىزىملىتىڭ. ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا كەسىپ ئالماشتۇرۇشقا توغرا كەلسە ئوقۇش باشلانغاندىن كېيىن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

باشتىلا تەلىيىمنىڭ ئوڭ كەلمىگەنلىكىدىن بەك ئەپسۇسلاندىم. «بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.» دەيتتىم ئۆز - ئۆزۈمگە پىچىرلاپ. چۈنكى مەن ئىزچىل ھالدا ئەدەبىيات كەسپىنى تاللىغان. ئەگەر سانائەت پەنلىرىدە ئوقۇش نىيىتىم بولسا، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۇستازىم ھامۇتجان خوجايوفنىڭ سەمىمىي تەكلىپىنى رەت قىلمىغان بولاتتىم. ناۋادا ئالمىشالمىسام بۇ كۆيۈمچان ئۇستازىمغىمۇ يۈز كېلەلمەيمەن - دە! شۇڭا ھەر قانچە چوڭ بەدەل تۆلىسەممۇ ئارزۇيۇمدىن قايتماسلىقىم كېرەك.» مەن ئىلاجىسىز تىزىملاش بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلىنى تېپىپ يەنە يالۋۇرۇشقا باشلىدىم.

— كەسىپ ئالمىشىشنى ھازىر بېجىرمەيدىغانلىقىنى چۈشەندىم. لېكىن مەن بەربىر ئالمىشىمەن. شۇڭا مېنى ھازىرچە ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ياتىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسىڭىز.

— بۇ تەلىپىڭىزنى ئورۇنلاشقا بولىدۇ. مەن ياتاق باشقۇرۇش بۆلۈمىدىكى خادىملارغا ئېيتىپ قوياي. قالغان ئىشلىرىڭىزنى ئوقۇش باشلانغاندىن كېيىن بېجىرەيلى، — دەپ ماڭا ئاز - تولا ئۈمىد ئاتا قىلدى.

بىز بەش قەۋەتلىك ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ماشىنىدىكى يۈك - تاقلىرىمىزنى چۈشۈردۇق. قەشقەردىن كەلگەن باشقا ساۋاقداشلىرىم ياتاق باشقۇرۇش بۆلۈمىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا بىر - بىرلەپ ياتاقلىرىغا

قەشقەرگە ئوقۇغۇچى ئېلىشقا كەلگەن ئىبراھىم مۇھىتى ئاكا:

— سىلەرنى تېخى كەسىپ، فاكۇلتېتلارغا بۆلمىدۇق. ئارخىپ ۋە باشقا ماتېرىياللىرىڭلارنى ئالدىن مۇناسىۋەتلىك مەكتەپلەرگە ئەۋەتتۇق. ھەر قايسى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش باشقارمىلىرى ماتېرىياللىرىڭلارنى كۆرۈپ، دۆلەت پىلانىغا ئاساسەن سىلەرنى فاكۇلتېتلارغا تەقسىم قىلىدۇ. تىزىملاش باشلانغۇچە مەكتەپ بۇ تەقسىمات خىزمىتىنى پۈتتۈرىدۇ، — دېگەن ئىدى. دەرۋەقە، تىزىملاش ئۆيىنىڭ ئىشىكى يېنىغا قويۇلغان ئۇستەلدە ئولتۇرغان كۆزەينەكلىك بىر خىزمەتچى قولىمىزدىكى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىگە قوبۇل قىلىنغانلىق ئۇقتۇرۇشى» (باۋ داۋجىڭ)نى قولىغا ئېلىپ، ئومۇمىي تىزىملىككە سېلىشتۇرغاندىن كېيىن، «سىز XX فاكۇلتېتنىڭ تىزىملاش ئورنىغا بېرىڭ.»، «سىز ئۇياققا، سىز بۇياققا» دەپ ھەر قايسى ئوقۇغۇچىلارغا بۆلۈنگەن فاكۇلتېتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. نۆۋەت ماڭا كەلگەندە، «سىز ماشىنا سازلىق فاكۇلتېتىنىڭ تىزىملاش ئورنىغا بېرىڭ.» دېدى. بۇنى ئاڭلاپ مېڭەمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. «مەن باشتىن - ئاخىر تىل - ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇيمەن، دەپ بۇ مەكتەپكە كەلگەن تۇرسام، ئۇلارنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ قاققان قوزۇقتەك ئورنۇمدا مىدىرلىماي تۇرۇپ قالدىم. مېنىڭ چىرايىمغا نەزەر تاشلاپ تۇرغان تىزىملاش خادىمى:

— ھە، سىزگە نېمە بولدى؟ سىزنى تىزىملايدىغان ئورۇن ئاۋۇ 5 - ئۇستەل، — دەپ قولى بىلەن ئاشۇ ئۇستەلنى ئىشارە قىلدى.

— مەن ماشىنا سازلىق كەسپىدە ئوقۇمايمەن. ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا تىزىملاپ قويسىڭىز.

— بىزنىڭ تەقسىماتنى ئالماشتۇرۇش ھوقۇقىمىز يوق.

كۆرپىلىرىمنى يېشىپ رەتلىك ئورۇنلاشتۇردۇم. چامىدان قويىدىغان ئورۇن قالمىغاچقا، ئۇنى كارىۋاتنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى تار بوشلۇققا قويۇپ قويدۇم. سومكامدىكى لۆڭگە، سوپۇن ۋە چىش چوتكىسى قاتارلىق تازىلىق سايمانلىرىمنى ئېلىپ، سۇخانىدا پاكىز يۇدۇم ۋە يەتتە كۈنلۈك سەپەردە تۇپا - چاڭغا مىلىنىپ كەتكەن كىر كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرۇۋالدىم. شۇ ئەسنادا مەن تونۇمايدىغان ئۈچ ياتاقدىشىم ئارقا - ئارقىدىن ياتاققا كىرىپ مەن بىلەن قىزغىن سالاملاشتى. ئۆزئارا تونۇشتۇق. ئۇلار تونۇگۈن كەلگەن ئىكەن. بىر كۈندىلا يېقىن دوستلاردەك بىر - بىرىگە ئىجىل بوپكېتىپتۇ.

— مەن خوتەن ئىلچىدىن، ئىسمىم مەتروزى ھېيت، — دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى مېنىڭ قارشى تەرىپىمدىكى كارىۋاتتا ياتقان مۇلايىم بىر يىگىت.

— مېنىڭ ئالتاينىڭ قازاغى، ئاتىم غالىم.

— مېنىڭ ئىلى ئوبلاستىدىن، سۆيەگىم قازاق، ئاتىم جەكەن ئوڭالباي. سېنىلەردىن جاسىم ئۈلكۈن بولغاچقا «جەكەن چال» دەۋېرىڭلار.

— مەن قەشقەردىن كەلدىم. ئىسمىم ئابدۇكېرىم ئابدۇ-راھمان.

— ھە، بولاي دە! قاشقار ئۈلكۈن يۇرت، ئاتىڭ سارت لەغمىنىدەك جۇدا ئۇزۇن ئىكەن. بىز سەنى «ئەبەك» دەپ چاقىرايلى، — دېدى جەكەن «چال».

— كېل ئەبەك، شاي ئېچەيلى، — دەپ غالىم سومكىسىدىن قۇرت، ئىرىمچىك، بوغۇرساق قاتارلىق ئالتاينىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئۈستەلدىكى گېزىت ئۈستىگە يايدى. مەنمۇ قەشقەرنىڭ سەپەر توقچى، گۆلە - قاق، ياڭاق، بادام مېغىزى

چىقىپ كەتتى. مەن يالغۇز قالدىم. بىر ئازدىن كېيىن بىر ناتونۇش خىزمەتچى چىقىپ:

— سىز ماشىنا سازلىققا تەقسىملەنگەن «ئابدۇكېرىم ئابدۇراھمان»مۇ؟ — دېدى.

— ھەئە.

— ئاكوجاڭ بىزگە تېلېفون قىلدى. سىزنى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ياتىقىغا ئورۇنلاشتۇردۇق. شىڭلىنى ئېلىپ بىز بىللە يۈرۈڭ.

مەن بىر قولۇمدا شىڭلىنى، بىر قولۇمدا چامداننى كۆتۈرۈپ ئۇلارغا ئەگەشتىم. ئۇلار يول - ياتاقلىرىمىزنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆرۈپ:

— چامدان، سومكىلىرىڭىزنى بىزگە بېرىڭ، بىز كۆتۈرۈۋالايلى، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، بىز ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ بىنانىڭ 5 - قەۋىتىگە چىقتۇق. ياتاقلارنىڭ ھەممىسى تۆت كىشىلىك بولۇپ، تۆت دانە سىم كارىۋات قويۇلغان. پاراللېل قويۇلغان كارىۋاتلارنىڭ ئارىسىدىكى بوشلۇقتا تام ئىشكاپ بار ئىكەن. ئۇنىڭغا كىتاب ۋە قاچا - قۇمۇچ قويىدىكەنمىز. قارشى تەرەپتىكى ئىككى كارىۋاتنىڭ ئارىلىقىدىكى بوشلۇققا پاكارراق ئۈستەل قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چامدان - ساندۇقلىرىمىزنى قويۇشقا بولىدىكەن. دېرىزە ئالدىدا يەنە بىر ئېگىز ئەرەك بىر ئۈستەل بار ئىكەن. ئۇنىڭدا خەت - پەت يېزىشقىمۇ، تاماق - پاماق يېيىشكىمۇ بولىدىكەن. ھەر ھالدا ياتاقلىرىمىز ئازادە بولۇپ، خېلى ياخشى سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئىكەن. مېنى ئورۇنلاشتۇرغان بۇ ياتاققا ئالدىن ئۈچ ئوقۇغۇچى ئورۇنلىشىپ بولغان ئىكەن. ئىشىك تەرەپتىكى بوش كارىۋاتقا يوتقان -

ئوغلى، ئىلھامجان شەمسىدىن، بارات قانارلىق ئالتاي، چۆچەك، ئىلى، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، سانجى رايونلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك ساۋاقداشلار بار ئىدى. بىز بىر قانچە كۈن ئىچىدىلا بۇ يېڭى ساۋاقداشلار بىلەن ئىجىل دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. يۇرت، مىللەت ئايرىيدىغان ئىدىيە - خاھىشلار بىزدىن خالىي ئىدى. چۆچەكلىك ساۋاقدىشىمىز گارمونىنى چالسا، تاتارچە جىرلارنى بىلسەك - بىلمىسەك تەڭ جىرلايتتۇق. ئابايىنىڭ «جارق ئەتمەس قارا كۆڭلۈم» دېگەن قازاقچە ئۆلەڭنى بىر ھەپتىگە قالماي ئۆگىنىۋېلىپ، قازاق ساۋاقداشلار بىلەن تەڭ ئېيتاتتۇق. ئىلىنىڭ سادىر پالۋان ناخشىلىرىنى، قەشقەرنىڭ «لەيلىگۇل»، «تېرەك بوستان»لىرىنى ئېيتساق، قازاق ساۋاقداشلارمۇ تەڭ جور بولاتتى. بىر - بىرىنى يەكلەيدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمەيتتى. گەرچە بۇ يىللاردا «مىللەتلەر دوستلۇقى» كۈچەپ تەشۋىق قىلىنمىسىمۇ، ناھايىتى تەبىئىي ھالدا بىرىكىش، سىڭىشىش ئېڭى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە ئىدى. مانا بۇ ئاشۇ دەۋر ياشلىرىنىڭ روھىيەت شەجەرىسى ۋە تەلپۈنىشى. مانا بۇ تاكى 1980 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر ئالىي مەكتەپلەردە ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاجىك، تاتار، ئۆزبېك قاتارلىق ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئۇيغۇرچە ياكى قىسمەن قازاقچە تىلدا دەرس ئۆتۈلسە ھېچقانداق قارشىلىقسىز بىمالال قوبۇل قىلالىغانلىقىنىڭ ئىچكى سەۋەبى. ھالا زامانىمىزغا كەلگەندە بۇ روھ كىرزىسقا دۇچ كەلدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن يېشىپ بېرىش بەك قىيىن. مېنىڭچە، ئاشۇ روھنى قايتۇرۇپ كەلمىگۈچە، مىللىي بۆھراندىن قۇتۇلۇش تەس. دۇنيادا تەبىئىيلىكتىن ئارتۇق گۈزەللىك بولمىسا كېرەك. بۇنداق گۈزەللىكنىڭ ئىچكى ئېنېرتسىيەسى كۆڭۈل ئازادىلىكىنى نىشانلايدۇ.

قاتارلىق سەپەر يوللۇقلىرىنى ئېلىپ ئۈستەلگە تۆكتۈم. تۆت يۈرتنىڭ يەرلىك سارقىتلىرى بىلەن ئۈستەل تولۇپ كاتتا زىياپەت سورۇنىغا ئايلاندى. ھەر ياناقتا بىردىن چايدان بولغاچقا، مەتروزى ھەر بىرىمىزنىڭ كۈرۈشكىلىرىغا قىزىق چاي قويۇشقا باشلىدى. جەكەن «چال» كۈرۈشكىلارغا قوشۇق بىلەن تار ۋە جەنت (سېرىق ماي، شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ قورۇلغان تېرىق) سېلىشقا باشلىدى. بىز بىر تەرەپتىن سۆزلەشكەچ، بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر - قازاقنىڭ ئېسىل نېمەتلىرىنى بەھۇزۇر يېيىشكە باشلىدۇق.

مەن قىرغىزلار بىلەن خېلى كۆپ ئۇچراشقان، ھەتتا بالىلىق چاغلىرىمدا دادامنىڭ بىر قىرغىز بۇرادىرى بىر مەزگىل بىزنىڭ ئۆيىمىزدە قوشنا ئولتۇرۇپ كىگىز ئەيلەپ ساتاتتى. ئۇنىڭ «قاپىسلاڭ» ئىسىملىك مەن دېمەتلىك ئوغلى بىلەن بىللە ئويناپتتۇق. شۇڭا قىرغىز تىلىغا قۇلىقىم خېلى پىششىق ئىدى. قازاقلار بىلەن مانا مۇشۇ سائەتتە تۇنجى ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ تىلى ۋە ئادەتلىرى قىرغىزلارغا يېقىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم ۋە بۇ قازاق ساۋاقداشلىرىمنىڭ تىلىنى ئاساسىي جەھەتتىن چۈشەندىم. مۇڭدىشىش ئارقىلىق بىلدىمكى، تۆتىمىزنىڭ ياش قورامى كۆپ پەرقلەنمەيدىكەن. گېپىدىن قارىغاندا، جەكەن توي قىلغان ئىكەن. شۇڭا ئۇ ھەدىسىلا «بىزنىڭ كەمپىر» دەپ سۆزلەيتتى.

بىزگە قوشنا ياتاقلاردىكى ساۋاقداشلارمۇ يېڭى كەلگەنلەر بىلەن تونۇشماق بولۇپ، بىزنىڭ ياتاققا كىرىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەن بىلەن بىللە كېلىپ، باشقا ياتاققا ئورۇنلاشقان ئابلىمىت ئىسمائىل، ھېمىت مەقسۇت، سەمەت قاۋۇل، تۇرسۇن قۇربان قاتارلىق كونا ساۋاقداشلىرىمدىن باشقا، قۇماربىك، ئېرىسبىك، ئوراز بىلە، قاۋسىلقان، ئوبۇل نامەت، ساۋۇت داۋۇت، ھەمدۇللا، ئاقاباي، سالى سادىۋاقاس

ئاساس» بىلەن كەسپىي خەنزۇ تىلى دەرسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ھەممىمىز دۆلەت تەمىناتىدىن تولۇق بەھرىمەن بولاتتۇق. ياتاق، تاماق، ئوقۇتۇش قوراللىرى، يازلىق ۋە قىشلىق كىيىم - كېچەك ھەقسىز بولغاندىن باشقا، ئايدا ئىككى يۈەندىن تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرەتتى. ئۇ چاغلاردا ئىككى يۈەننىڭ قىممىتى خېلى چوڭ بولۇپ، ئۇششاق - چۈششەك خىراجىتىمىزگە يېتەتتى. ناۋادا شەھەرگە كىرمەكچى بولسا ماشىنا كىراسى بەش پۇڭ ئىدى. بەش موچەنگە يېرىم كىلو تاماكا ئالساق بىر ئايغا يېتەتتى. مەكتەپ ساتىراچخانىسىدا چاچ ئالدۇرساق بىر مو كېتەتتى. كىتاب - ژۇرناللارمۇ بەك ئەرزان ئىدى. «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ژۇرنىلى» (ھازىرقى «تارىم ژۇرنىلى»)نى بىر موچەنگە سېتىۋالاتتۇق. قىسقىسى، قورساق توق، كىيىم پۈتۈن بولغاچقا، ئىككى يۈەن تۇرمۇش خىراجىتىمىزگە يېتەتتى. لېكىن بۇنداق باياشات كۈنلەرمۇ ئۇزۇن داۋاملاشمىدى. «پولات تاۋلاش» جېكى ئۈرۈمچىدە تېخى ئاخىرلاشمىغان ئىكەن. بىر ئاي دەرس ئوقۇغاندىن كېيىن، 10 - ئاينىڭ بېشىدا «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پولات تاۋلاشقا قوماندانلىق قىلىش شتابى»نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ھەممىمىزنى مىچۈەن ناھىيىسىگە تەۋە شياۋخۇاڭسەن دېگەن تاغلىق رايونغا ئېلىپ باردى. بىز تاغ ئارىسىدىكى شارقىراپ سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان ياپيېشىل جىلغا ئىچىگە ئورۇنلاشتۇق. «شتاب»نىڭ مۇئاۋىن قوماندانى مەرھۇم ئۇستاز ئابلىز بۇرھانىنىڭ رەھبەرلىكىدە 15 كۈن رودا قازدۇق. بۇ تاغلاردا ھەقىقەتەن رودا كۆپ ئىكەن. شۇڭا بۇ قېتىملىق «رودا قېزىش» جېكى قەشقەردىكىگە قارىغاندا خېلى ئۈنۈملۈك بولدى. تۇرمۇش - مەئىشەتلىرىمىزمۇ مەكتەپتىكىدىن ياخشىراق بولغاچقا، روھىمىز كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. تاغدىن مەكتەپكە قايتقان ھامان ئۈرۈمچى بىلەن سانجى ئارىلىقىدىكى تۆمۈر يول قۇرۇلۇشىغا

*سۇغا سالسا سۇ كۆتۈرمەس مىسقال تۆمۈرنى،*
*ئالتۇن بېرىپ ئېلىپ بولماس قالغان كۆڭۈلنى.*

ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ ھېكمىتىدىمۇ كۆڭۈل ئازادىلىكىنىڭ ئەڭ چوڭ بەخت ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ.

بىز يېڭى ستۇدېنتلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر ھەپتىلىك ھەربىي تەلىم - تەربىيە مەشقىنى تاماملىغاندىن كېيىن، رەسمىي ئوقۇش باشلىدۇق. مېنىڭ كەسىپ ئالماشتۇرۇش ئىشىم تېخى ھەل بولمىغاچقا، ۋاقىتلىق ماشىنا سازلىق سىنىپىدا ئوقۇپ تۇردۇم. بۇ كەسىپكە ناھايىتى سەر خىل باللار تاللانغان ئىكەن. بۇ سىنىپقا نېمە ئۈچۈنكىن قىز ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىنماپتۇ. تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقداش دوستلىرىمدىن ئابدۇرېھىم ھامىت ۋە ئابدۇرۇسۇل قاتارلىقلار مۇشۇ سىنىپتا ئىكەن. مەن ئۇلار بىلەن بىر ھەپتە بىللە ئوقۇدۇم. بۇ جەرياندا مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنى ئىزدەپ يۈرۈپ ئاخىرى كەسىپ ئالماشتۇرۇش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتۈشلۈق بېجىرىۋالدىم. چۈنكى ماشىنا سازلىق مەكتىپىمىزدە يېڭى ئېچىلغان سانائەت كەسپى بولغاچقا، باشقا كەسىپلەردىن ماشىنا سازلىققا ئالمىشىشمەن دەيدىغانلار كۆپ ئىكەن. بۇ مەن ئۈچۈن پايدىلىق پۇرسەت بولدى.

ياتىقىم ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا بۇ يىل قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە بولغاچقا، بۇ سىنىپقا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، مەندە ھېچقانداق ياتسىراش بولمىدى.

ھەممە ئىشلىرىمىز بىر قەدەر تەرتىپكە چۈشتى. دەسلەپكى بىر يىل يۈكى (تەييارلىق) سىنىپتا خەنزۇتىلى ئۆگىنىش ئاساس قىلىنغاچقا، ھەپتىدە ئىككى سائەت سىياسىي نەزەرىيە دەرسىدىن باشقا ھەر كۈنلۈكى ئالتە سائەت «خەنزۇ تىلىدىن

باشلاپ ھەممە تۇرمۇش بۇيۇملىرى (ئاشلىق، تۇز، گۆش، سەي - كۆكتات، ياغ، جاڭيۇ - ئاچچىقسۇ، لازا - پىنتوزا، ، سەرەڭگە، سوپۇن، چىش پاستىسى، بىڭگەن، كەمپۈت، قەنت - شېكەر، رەخت، سائەت، ۋېلىسىپىت، ئوتۇن - كۆمۈر.. ۋە باشقىلار) نورمىلىق بېلەتلىك بولۇپ كەتتى. ئايلىق نورما ئاساسىدا تارقىتىلغان بىلەن بولمىسا، بۇ تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ ھېچقايسىسىنى سېتىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان دېھقانلارمۇ كوممۇنا ئايدا بىر قېتىم تارقىتىپ بېرىدىغان سەككىز جىڭ بۇغداي، 20 جىڭ قوناق نورمىسىغا تەلمۈرەتتى. يېزا ئاھالىلىرىگە تېخى گۆش، ياغ نورمىسى بېرىلمەيتتى. دېھقانلارنىڭ سەي - كۆكتات ياكى قوشۇمچە يېمەكلىك ئۆستۈرىدىغان پۆڭلۈك يېرىمۇ بولمىغاچقا، كوممۇنادىن بېرىدىغان ئاشۇ ئازغىنا يېرىك ئاشلىق نورمىسىغىلا قاراشلىق ئىدى. ئاي توشماي تۇرۇپلا ئاچلىقتىن كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن دېھقانلار كوممۇنانىڭ ئاشلىق ئامبىرى ئالدىدا ئۆچەيدەك ئۇزۇن ئۆچىرەت بولۇپ، نۇرسىز كۆزلىرىنى ئامبارغا تىكەتتى. يانچۇقىدا بەش - ئالتە موچەن پۇلى بارلىرى شەھەرگە كىرىپ قاراڭغۇ بازاردىن گىردە ياكى بىرەر زاغرا سېتىۋېلىپ، سۇغا چىلاپ يەپ قايتىپ چىقاتتى. شەھەر ئاھالىلىرى ۋە بىزدەك داشقازاننىڭ تامىقىنى يەيدىغان ستودېنتلارنىڭ تۇرمۇشىمۇ يېزىلاردىن قېلىشمايتتى. «پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا» دېگەن گەپ مۇشۇ قەھەتچىلىك يىللىرىغا ماس كەلمەي قالدى. چۈنكى شەھەردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە تىجارەتچىلەرنىڭ قولىدا ئاز - تولا پۇل بولسىمۇ، چۆلدەرەپ قالغان بازاردا نورمىدىن تاشقىرى بېلەتسىز سېتىۋالىدىغان ھېچنەرسە يوق ئىدى. «ئارپا، قوناق ئاش ئىكەن، ئۈنچە - مارجان تاش ئىكەن.» دېگەندەك، پۇل بولغان بىلەن ئاش بولمىسا، پۇلمۇ قىممىتى يوق بىر تۇتام قەغەزگە

تۇتۇلدۇق. «قوشتىن ئېلىپ سۈرەمگە سالغان»دەك ئىش بولدى. بۇمۇ «پولات تاۋلاش» جېڭىنىڭ داۋامى ئىكەن. بىز قازغان رودىلار مۇشۇ يەرلىك تۆمۈر يول ئارقىلىق باگاڭ پولات تاۋلاش زاۋۇتىغا توشۇلىدىكەن. بىز بىر ھەپتە قاتتىق ئىشلەپ بۇ «جەڭ»نىمۇ تۈگەتتۇق. بىزنى يەنە قانداق «جەڭ»لەر كۈتۈپ تۇراركىن؟

دەرۋەقە، مەكتەپكە قايتىپ كېلىپلا ئۇچراشقىنىمىز «ئاسماندىن ئاچارچىلىق ياغقان» دەك «قورساق غەملەش جېڭى» بولۇپ قالدى. شۇ يىلى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، «پولات تاۋلاش» جەڭلىرى يېزا ئىگىلىكىگە چوڭ ۋەيرانچىلىق ئېلىپ كەلدى. تەبىئەت ئېكولوگىيەسى بۇزۇلۇپ، ئېتىز - ئېرىقلار پېشىللىقتىن مەھرۇم بولدى. ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىمۇ بۇ «جەڭ»لەرنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلىنىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئاشلىق مەھسۇلاتى كېمىيىپ، دۆلەتنىڭ زاپاس ئاشلىق ساڭلىرى قورۇقدىنىشقا باشلىدى. «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك، خروششوف باشچىلىقىدىكى سوۋېت شيۇجىڭجۇيىچىلىرى ئېلىمىزدىن يۈز ئۆرۈپ «جۇڭگو - سوۋېت ھەمكارلىق شەرتنامە»لىرىنى پۈتۈنلەي بىكار قىلدى. ئېلىمىزنىڭ مۇھىم زاۋۇت - فابرىكىلىرىدە ئىشلەۋاتقان سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ھەممىسىنى مەجبۇرى قايتۇرۇپ كەتتى. ئۇنى ئاز دەپ «قارىغۇنى ياردا قىستىغان»دەك جۇڭگوغا بەرگەن ئۆسۈمسىز قەرزلىرىنى دەرھال قايتۇرۇشقا قىستىدى. بۇنداق ئىچكى - تاشقى «سىياسي ئاپەت»لەر تۈپەيلىدىن جۇڭگو ئېغىر ئىقتىسادىي قەھەتچىلىككە دۇچ كەلدى. ئېتىزلاردىن بەرىكەت كېتىپ، ھوسۇل چىقمىدى. كۆپلىگەن زاۋۇت - فابرىكىلار تاقىلىپ قالدى. دۆلەتنىڭ مالىيە كۈچى ئاجىزلىشىپ كەتتى. نەتىجىدە 1959 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن

چارسى ئۆزۆقلۆقنى ياخشىلاش بولغاچقا، مەكتەپ رەھبەرلىكى بۇنىڭ چارىسىنى ئىزدەپ، قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى تېپىش ئۈچۈن تەرەپ ـ تەرەپكە قاتردى. تەنتەربىيە كافىدراسى ۋە مەكتەپنىڭ قوغداش بۆلۈمىدىكى خىزمەتچىلەرنى تەشكىللەپ، مەكتەپنىڭ تەلىم ـ تەربىيەسىدە ئىشلىتىلىدىغان مانابولقا، قارامىلتىق، تاپانچىلار بىلەن قوراللىنىپ جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە توڭغۇت چۆللىرىدە ئوۋ ئوۋلاش جېڭى ئېلىپ باردى. بۇ «ئاۋانگارت ئەترەت» توشقاندىن تارتىپ، كېيىك، ئارقار، بۆغا ـ مارالغىچە، كەپتەر، پاختەكتىن تارتىپ، كەكلىك، قىرغاۋۇل، ئۆردەك، ئۆلايغىچە. . .ئۈچرىغانلىكى جاندارلارنىڭ ھەممىسىنى ئېتىپ «غەلىبىلىك» قايتىپ كەلدى. بىز «قورساق غېمى» بىلەن بولغاچقا، ھەممە ئورگان ـ ئىدارىلار، ھەتتا ھەربىي قىسىملار بىردەك ھەرىكەتكە كېلىپ ئېلىپ بارغان «ئوۋ ئوۋلاش جېڭى»نىڭ تەبىئەت ئېكولوگىيەسىگە قارشى ئەڭ چوڭ بۇزغۇنچىلىق ئىكەنلىكىنى ئويلىشىپمۇ كەتمىدۇق. كۆز تويمىسا قورساقمۇ تويمايدىكەن. گەرچە ئاچارلىق يىللىرىدىكى ئاشلىق نورمىسى ھازىرقى ئاشلىق ئىستېمالىمىزدىن كۆپ بولسىمۇ، كۆزىمىز ئاچ بولغاچقا، ھەر قانچە يېسەكمۇ قورساقنىڭ تويغىنىنى بىلمەيتتۇق. بىر قېتىمدا مونەك تاشتەك قاتتىق پىششىق قارا گاۋلىياڭ (پىپچەكلىك قارا قوناق ـ سۆك) نىڭ مومىسىدىن ئىككى، ئۈچنى يەپ، قەۋزىيەت دەردىدىن قورساق مۆجۈپ ئاغرىسىمۇ، كۆزىمىز يەنە ئۇماچقا تىكىلەتتى. كۆنلەرنىڭ بىرىدە xx ساۋاقدىشىمنىڭ شىنجاڭ مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇيدىغان ئۆكىسى مەكتەپ ئاشخانىسىدىكى ئىككى تال قويماق، بىر تەخسە ياڭيۇ سەي ئېلىپ يەكشەنبە كۈنىدە ئاكىسىنى يوقلاپ كەپتۇ. xx ساۋاقدىشىم بۇنىڭدىن خەۋەرسىز بولغاچقا، مەكتەپنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى بىكتۇەن ماشىنا رېمونت زاۋۇتىنىڭ ماگزىنىدىن ئۆزلىرى شال پاخلىدا

ئايلىنىپ قالىدىكەن. بىزدەك قورامىغا يەتكەن ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ بىر ئايلىق نورمىسى 29 جىڭ ئاشلىق (80% قارا ئاشلىق) بىر جىڭ گۆش، بىر جىڭ چىگىت مېيى ئىدى. ھەر بىرىمىزگە مۇشۇ ئايلىق نورما بويىچە تاماقا بېلىتى تارقىتىپ بېرىلەتتى. ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەمدە بېكىتىلگەن ئاشلىق نورمىسى «قورساققا ئەستەر»مۇ بولمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ كۆپچىلىكىمىز تاماق بېلىتىمىزنى كۈندە نەچچە قېتىم ساناپ يۈرۈپ ئايدىن ئايغا ئاران ئۇلىشاتتۇق. بەزى ئىشتەيلىك ساۋاقداشلار بېلىتىنى يەتكۈزەلمەي، يېنىمىزدىكى بېكتۇەننىڭ ئېتىزلىقلىرىدىن سەۋزە، ياڭيۇ ئوغۇرلاپ يەپ، بىر قانچە كۈننى ئۆتكۈزەتتى. بەزىدە قىز ساۋاقداشلار ئىقتىساد قىلغان تاماق بېلەتلىرىنى بېلىتى تۈگەپ كەتكەن ساۋاقداشلىرىغا ئۆتۈنۈپ بېرەتتى. مەكتەپ رەھبەرلىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قورسىقىنى تويدۇرۇشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى. ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ كۈز پەسىللىرى ئەتراپىمىزدىكى دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىدىن قوناق شېخى، مەدەك يىغاتتۇق. ۋاشاڭ قىلغان سەۋزە، ياڭيۇ ئېتىزلىرىنى كۈرەك، بەلچىلەر بىلەن قېزىپ چالا قالغان سەۋزە، ياڭيۇلارنى يىغاتتۇق. ئەتىياز پەسلىدە قارا ياغاچ پوستىنى، بېدە كۆكى ۋە مامكاپ قاتارلىق ياۋا گۈللەرنىڭ ياپراقلىرىنى يىغىپ تاماق بۆلۈمىگە تاپشۇرۇپ بېرەتتۇق. ئۇ «سەي»لەرنى ھەر كۈنى بىر ۋاخ يەيدىغان ئۇماچقا ئارىلاشتۇرۇپ قورساقنىڭ كەم يېرىنى تولدۇراتتۇق. ھالبۇكى، بۇ خىل ئۇسۇللار بىلەن گەرچە قورساق لىق(توق) تۇرسىمۇ، لېكىن ئاقسىل ئوزۇقلۇقى يېتىشمەي، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا ئىششىق كېسەللىكى يامراپ كەتتى. بۇ كېسەللىك پەيدا قىلغان ماغدۇرسىزلىق تۈپەيلىدىن ھەتتا دەرس توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ۋەھىمىنى تۈگىتىش، ئىششىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ بىردىنبىر

بىز سالا ـ سۇلھە بىلەن ئۇنىڭغا قېنىق دەملەنگەن چاي ئىچەردۇق. غالىم ساۋاقداش ياتىقىدىن يېرىم قوتا سېرىق مايىنى ئەكىلىپ مەجبۇرى يېگۈزۈشكە باشلىدى. ئۇكىسى X X سومكىسىدىن ھېلىقى قۇيماق بىلەن ياڭيۇ سەيىنى ئاكىسىغا تۇتقۇزدى. بۇ يېمەكلىكلەرنى يېيىشكە ھەممىمىز زورلىدۇق. ئاشقازىنى يىلىڭداپ كەتكەن بولسا كېرەك. بىر قۇيماقنى سېرىق مايغا مىلەپ يېگەندىن كېيىن «ھۆ...ھۆ...» قىلىپ يېگەن ـ ئىچكەننىڭ ھەممىسىنى قۇسۇۋېتىپ، مەسىلىكتىن بىر ئاز يېشىلگەندەك بولدى ـ دە، كارۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ئۇيقۇغا كەتتى. بىز ئۇنى دەم ئالدۇرۇش ئۈچۈن ياتاقلىرىمىزغا چىقىپ كەتتۇق. ئۇنىڭ ئۇكىسى ئاكىسىنىڭ قۇسۇقلىرىنى تازىلاپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپتۇ. ئالاھەزەل ئىككى سائەتتەك ئۇخلاپ مەستلىكتىن يېشىلگەندىن كېيىن:

ــ سەن قاچان كەلدىڭ ئۇكام؟ ــ دەپ ئۇكىسىدىن تىنچلىق سوراپتۇ.

مەن كەلگىلى ئىككى ـ ئۈچ سائەت بولدى. ئاكىسىنىڭ نومۇسچان، ئاچچىقى يامانلىقىنى بىلگەچكە، بولغان ئىشلارنى ئۇنىڭ يۈزىگە سالماپتۇ. ئاكا ـ ئۇكىلار خېلى مۇڭداشقاندىن كېيىن، ئۇكىسى X X:

ــ ئاكا، كەچ بوپقالدى، ئەمدى مەن قايتاي، بولمىسا ئاپتوبۇسقا ئۈلگۈرەلمەيمەن، ــ دەپ خوشلىشىپتۇ.

بۇ ئاكا ـ ئۇكىلار قەشقەرنىڭ چەت يېزىسىدىكى بىر ئاددىي دېھقاننىڭ پەرزەنتلىرى بولۇپ، بىر ـ بىرىگە ناھايىتى مېھرىبان ئىدى. ئۇلار ياش جەھەتتىن بىر ـ ئىككى ياش پەرقلەنگەچكە، باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ تاكى ئالىي مەكتەپكە چىققۇچە بىر مەكتەپتە پاراللېل سىنىپلاردا بىرگە ئوقۇغان. پەقەت ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا چىققاندا ئىككى

ياسىغان سارغۇچ رەڭلىك پارچە هاراقتىن بەش موچەنگە بىر جىڭ سېتىۋاپتۇ (ئەتراپىمىزدا مۇشۇ ماگزىنىدىلا بەزىدە نورمىسىز پارچە هاراق سېتىلاتتى. بۇ هاراقنىڭ ئارىسىدا ھەتتا شال پاخىلىنىڭ قالدۇقلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئىسپىرىت تەركىبى 60%دىن يۇقىرى ئىدى.). ئارقىدىن بىر موچەنلىك دادۇر ئېلىپ ياتاققا قايتىپ كەپتۇ. ياتاقداشلىرى چۈشلۈك تاماققا چىقىپ كەتكەن، لېكىن xxنىڭ تاماق بىلىتى تۈگىگەچكە، ئاشخانىغا چىقماي غىرىپسىنىپ ياتاقتا يالغۇز ئولتۇرۇپتۇ. ئىچى پۇشۇپ بىر نەچچە تال دادۇر يەپتۇ. ئاخىرىدا ھېلىقى هاراقنى ۋۇسۇڭدەك بىر قېتىمدىلا غۇتۇلدىتىپ ئىچىۋېتىپتۇ- دە، هاراق قاچىسىنى 5 - قەۋەت دېرىزىسىدىن يەرگە ئېتىپتۇ. ئارقىدىن هاراقنىڭ كەيپى بىلەن دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ ھۆڭرەپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. دەل مۇشۇ پەيتتە مېدىتسىنا ئىنىستىتۇتىدىن يوقلاپ كەلگەن ئۆكىسى x x ياتاققا كىرىپ: «ئاكا نېمە بولدۇڭ؟» دەپ، دېرىزە يېنىدىن ئاكىسىنى تارتىپ كارىۋاتقا ياتقۇزۇپتۇ. ئۇنىڭغىچە بىزمۇ ئاشخانىدىن قايتىپ كەلدۇق. يېنىمىزدىكى ياتاقتا بولۇۋاتقان ۋارى - ۋارىنى ئاڭلاپ ئۇ ياتاققا چىقتۇق. xx ساۋاقداش غەرق مەست ئىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن يىغلاپ، بىر تەرەپتىن ئۆكىسىغا يالۋۇراتتى:

— ئۆكام مېنى هازىرلا يولغا سال.

— نەگە؟

— نەگە دەيسەنغۇ!؟ شۇ... يۇرتۇمدىكى ئۆيۈمگە. بول، تېز بول...

— ماقۇل. ئالدى بىلەن مەستلىكتىن يېشىلگىن.

— مەن مەست ئەمەس. مېنى مەست دېگەن كىم؟ ھۇ ئاناڭنى...

چوڭ زالدا تانسا بار ئىكەن. ۋالىسقا بىر - ئىككى پىرقىرىساق ھەممە خاپىلىق تۇگەيدۇ. مەن بۇ ساۋاقدىشىمنى مەجبۇرى ئېلىپ چىقىپ، باشقا ساۋاقداشلار بىلەن بىللە ئاشخانىغا قاراپ ماڭدۇق.

بۈگۈن يەكشەنبە بولغاچقا، ئاشخانىمىز خېلى ياخشى تاماق تەييارلاپتۇ. كالىلەك بەسەي ئارىلاشتۇرۇلغان قۇچقاچ تىلى سۇيۇقئاشتىن بىر قاچا ئېلىپ، بىر دانە «ۋۇۋۇتۇ» (سېرىق قوناق مومىسى) بىلەن قوشۇپ يەپ سىرتقا چىقتۇق. چۈنكى تانسا باشلىنىشقا يەنە بىر ئاز ۋاقىت بار ئىدى. ھەر ھەپتىسى يەكشەنبە ئاخشىمى مەكتەپ ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى باش بولۇپ ئىككىنچى قەۋەتتە تانسا ئۇيۇشتۇراتتى. ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئىشتىن سىرتقى مۇزىكانتلار خېلى كۆپ ئىدى. ئۇرۇمچى، چۆچەك ۋە غۇلجىلىق ساۋاقداشلار ئارىسىدا ئاكاردىيون، بايان ۋە گېتارنى تەڭكەش قىلىپ روس ۋە ياۋروپانىڭ دۇنياغا تارقالغان «دونايىسكى ۋالىس»تەك داڭلىق مۇزىكا ئاھاڭلىرىنى بىمالال چالالايدىغانلار بار ئىدى. يەنە باشقا شەھەرلەردىن كەلگەنلەر ئارىسىدا ئىسكىرىپكا، غىجەك، راۋاپ، تەمبۇر، داپنى بىرلەشتۈرۈپ تانسىغا ماس كېلىدىغان مىللىي ئاھاڭلارنى چالىدىغان ۋە ئېيتىدىغان ھەۋەسكار مۇزىكانتلارمۇ كۆپ بولۇپ، ئۇلار بەس - بەس بىلەن مۇزىكا چېلىپ تانسا مەيدانىدىن ئوت چىقىرىۋېتەتتى. ئاشۇ يىللاردىكى ستۇدېنتلار گەرچە قورسىقى تويمىسىمۇ، مەنىۋى جەھەتتىن توق ۋە شوخ ياشايتتى. دەرۋەقە، مەنىۋى توقلۇق ياشلىق باھارىغا جۇشقۇنلۇق ۋە جاسارەت بېغىشلىغۇچى روھىي ئەڭگۈشتەر ئىكەن. شۇڭلاشقا ھەممە جاينى ئاچارچىلىق قاپلىغان ئاشۇ يىللاردا، بىر - بىرىدىن يىراق جايلاشقان ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرەسىدە «تانسا بار»لىقى مەلۇم بولسا، باشقا قېرىنداش مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوغۇل - قىز تونۇش - بىلىش

مەكتەپكە ئايرىلىپ كەتكەن.

— ئاداش، سەن بەختلىك ئىكەنسەن. يېنىڭدا يارامىلىق بىر ئوكاڭ بار. ئۈرۈمچىدەك چوڭ شەھەردە بىزدەك مۇساپىرچىلىقنىڭ دەردىنى تارتمايسەن، — دەيتتى ئۇنىڭغا. دېمىسىمۇ مۇشۇ مۇساپىرچىلىق كۆڭلەردە ئۆكسى ھەر يەكشەنبە كۈنى ئاكىسىنى يوقلاپ تۇراتتى. بىر دېھقان ئائىلىسى ئىشقا ياراپ قالغان ئىككى ئوغلىنى بىرلا ۋاقىتتا ئالىي مەكتەپكە ئۆزىتىش ئوڭاي ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇلار بىرلىكتە تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەندە مەكتەپ رەھبەرلىكى مۇشۇ كونكرېت ئەھۋاللارنى ئويلىشىپ ئاكىسى XX نى مۇۋاپىق خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرماقچى بولغاندا، ئۇ كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلىپ:

— مەن ئاچ - يالىڭاچ قالسامۇ يەنە ئوقۇيمەن. ماڭا ھازىر خىزمەتنىڭ لازىمى يوق. ئەدەبىياتنىڭ كوچىسىغا كىرگەن ئىكەنمەن، بۇ كوچىنىڭ ئاخىرىغا چىقمىسام بولمايدۇ. «جاپا تارتمىغىچە ھالاۋەت يوق، ۋىسالغا يەتمىگىچە شاپائەت يوق.» دەپ خىزمەت قىلىشنى رەت قىلغاچقا، ئاخىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا تەقسىملەنگەن. شۇڭا ئىككى سائەت بۇرۇن ئۇنىڭ ئېيتقان «ئوقۇمايمەن، ئۆيگە قايتىپ كېتىمەن.» دېگەن ئالاجوقا سۆزلىرى ھاراقنىڭ كۈچىدىن پەيدا بولغان بىردەملىك پوپوزا ئىدى.

كەچلىك تاماق ۋاقتى توشتى. مەندە ئارتۇق تاماق بېلىتى بار ئىدى. شۇڭا ئاللىبۇرۇن مەستلىكتىن يېشىلگەن ساۋاقدىشىمنى بىللە تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلدىم.

— رەھمەت ئاداش، بېشىم بىر ئاز ئاغرىۋاتىدۇ. تاماققىمۇ زوقۇم يوق، شۇڭا ياتاقتا دەم ئالاي.

— ئۇنداق تەكەللۇپ قىلما. بىرەر قاچا سۇيۇق - سەلەڭ ئىچسەڭ ياخشىلىنىپ قالىسەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە 2 - قەۋەت

ئاز ئەستەرلەنگەندىن كېيىن «مېھمان ساھىبى» پوكەي ئالدىغا بېرىپ، يەرلىك پارچە ھاراقتىن لىپمۇ - لىپ تۆت ئىستاكان ئېلىپ كەلدى.

— ھوي ئاداش، بۇ قازاقنىڭ ئايرانى ئەمەس، مۇنچە كۆپ ھاراقنى قانداق ئىچىپ بولىمىز؟

— 50 گىرادۇسلۇق جۇن ئىكەن، ئايرانچىلىكمۇ كۈچى يوق دېگىنە، — دەپ ساھىپخان ئىستاكاننى قولىغا ئېلىپ «خوشە!» دەپ ھەممىمىزنى ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى.

مەن تېخى ھاراق ئىچىشنى ئۆگەنمىگەچكە، ئۈچ قېتىم سۇمۇرۇپ يېرىم ئىستاكاننى ئاران ئىچەلىدىم. كۆپ يالۋۇرۇپ يۈرۈپ قالغان يېرىم ئىستاكان ھاراقنى ئۈچ ساۋاقدىشىمغا تەڭشەپ بۆلۈپ بېرىپ، بىر يۇتۇمنى ئۆزۈمگە قالدۇردۇم.

— ئۆزۈڭگە شەيتاننىڭ سۈيدۈكچىلىكمۇ قالماپتۇ. ئەكە، بىر ئاز تەڭشەپ بېرەي.

— ئاغىنىلەر، سىلەر بىلىسىلەر، مېنىڭ نورمام شۇنچىلىك، مېنى يەنە زورلىساڭلار زىيان تارتىسىلەر، تاماق بېلىتىڭلارنى كەم بېرىمەن جۇمۇ — دەپ چاقچاق قىلدىم.

مەن سىنىپنىڭ كىلاسكوچى بولغاچقا، ساۋاقداشلارنىڭ تاماق بېلىتىنى مەن تارقىتىپ بېرەتتىم. شۇ ئاي، شۇ كۈنلەردە بۇ بەك چوڭ «ھوقۇق - ئىمتىياز» ئىدى. بىز بۇ ئاشخانىدا ئىككى - ئۈچ سائەت ئولتۇرۇپ ئالدىمىزدىكى تاماقنى تويۇپ ئاشقۇچە يېدۇق. ئاخىرىدا يەنە ئىككى موما ئېشىپ قاپتۇ. ھەممىمىزنىڭ قورسىقى ناغرىدەك چىڭقىلىپ كەتكەچكە، بۇ ئىككى تال مومىنى قورساق بوشىغاندا يەيمىز دەپ ياغلىققا ئوراپ ئېلىۋالدۇق. بىزنى مېھمان قىلغان ساۋاقدىشىم شۇنچە باياشات داستىخانغا سەككىز يۈەن تۆلەپ، يەنە تۆت تال يۈگىمە

ساۋاقداشلار ئارىلىقىنى يىراق كۆرمەي، شۇ مەكتەپكە بېرىپ تانسىغا ئىشتىراك بولاتتى. تانسا ئاخىرلاشقاندا مەكتىپىگە پىيادە قايتاتتى. چۈنكى ئۇ يىللاردا كوچا ئاپتوبۇسى ناھايىتى چەكلىك بولۇپ، كەچ سائەت بەشتە توختايتتى. «تاكسى» ماشىنىلىرى تېخى «تۆرەلمىگەن» ئىدى. مەنمۇ بىر قانچە قېتىم شىنجاڭ مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى ھەتتا بىزنىڭ مەكتەپتىن 20 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدىكى دوستلىرىمنى ئىزدەپ بېرىپ، كەچتە پىيادە مەكتىپىمگە قايتىپ كەلگەن. قايسىبىر شائىرنىڭ «پۇتىمىز ئات، قولىمىز قامچا ئىدى ئۇ چاغلار» دېگەن مىسرالىرى بىزگە بەكمۇ ماس كېلەتتى.

ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئاچارچىلىق داۋاملىشىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مەن بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان بىر قازاق ساۋاقدىشىمنىڭ يازغان بىر پارچە ھېكايىسى «شوغىلا» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىپتۇ. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ژۇرنال تەھرىراتى بۇ ئەسەرگە 18 يۈەن قەلەم ھەققى ئەۋەتىپتۇ. بۇ ئاقكۆڭۈل دوستۇم تۇنجى قەلەم ھەققىنى ئالغاندىن كېيىن ئىككى - ئۈچىمىزنى مېھمان قىلماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن سەي بېلىتى ۋە ئاشلىق بېلىتى ئىشلەتمەيدىغان ئاشخانا ئىزدەپ ھازىرقى شىنجاڭ ھەربىي رايون سىلىكبوسىنىڭ ئارقىسىدىكى بىكتۇەنگە تەۋە بىر ئاشخانىنى تەسلىكتە تاپتۇق. بۇ ئاشخانىدا ئاق ئۇننىڭ ھورنىنى (موما) بىلەن ھەر خىل قورۇمىلار بار ئىكەن. ئۇ دوستۇم كالا گۆشى بىلەن ياڭيۇ ئارىلاشتۇرۇپ قورۇلغان تۆت تەخسە قورۇما ۋە ھەر بىرى تۆت سەر (200 گىرام)لىك ئاق مومىدىن 15نى ئېلىپ جوزىنى تولغۇزىۋەتتى. «بولدى» دېسەك ئۇنىماي يەنە ھەر بىرىمىزگە بىر چىنىدىن پەمىدۇر ئارىلاشتۇرغان تۇخۇم شورپىسى زاكاس قىلدى. بىز ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدۇق. قورساق بىر

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.

بىز ئەھۋالنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ:

— ئاغاي، بىزگە ياردەم قىلىپ، دوختۇرخانىغا جەتكۈزۈپ قويسىڭىز، دەپ يالۋۇردۇق. ئۇنىڭغىچە ماشىنىدىن ئىككى خەنزۇ ۋە بىر قازاق يولداش چۈشتى. ئۇلار ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن شوپۇرغا:

— نى يىيوەن سوڭ يىشا، — دېدى.

بىز بۇ ساۋاقدىشىمىزنى تەسلىكتە كۆتۈرۈپ ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىغا ئولتۇرغۇزدۇق. ئۈچىلىمىز ماشىنىغا قىستىلىپ چىقتۇق. ماشىنىدىكى ئۈچ باشلىق كىشى مۇشۇ يەردە ماشىنىنى ساقلاپ تۇرماقچى بولدى. بىلىشىمىزچە بۇ ماشىنا ئالتاي سۇ ئىدارىسىنىڭ بولۇپ، سۇ نازارىتىگە ماڭغان ئىكەن.

بىز بەش مىنۇتقا قالماي مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى دوختۇرخانىسىنىڭ جىددى بۆلۈمى ئالدىغا كەلدۇق. نۆۋەتچى دوختۇرلار كېسەلنى ناسولكىغا سېلىپ تەكشۈرۈش ئۆيىگە ئەكىردى. بىز شوپۇرغا رەھمەت ئېيتىپ ئۇزىتىپ قويۇپ، تەكشۈرۈش ئۆيىنىڭ ئالدىدا ئولتۇردۇق. تەكشۈرۈش تۈگىگەندىن كېيىن، دوختۇر يېنىمىزغا كېلىپ:

— سوقۇر ئۈچەي يېرىلىپتۇ، دەرھال ئوپېراتسىيە قىلمىسا بولمايدۇ. بىرىڭلار كېسەلنىڭ يېنىدا قېلىپ، ئىككىڭلار مەكتەپكە قايتىپ، دوختۇرخاناڭلاردىن داۋالىنىش رەسمىيەتلىرىنى ئېلىپ كېلىڭلار، — دېدى.

بىز بىر قازاق ساۋاقداشنى كېسەلنىڭ يېنىدا قويۇپ، ئىككىمىز ئۇچقاندەك مەكتەپكە يول ئالدۇق. بۇ كېچىدە مەكتەپ دوختۇرخانىسىدا ئادەم يوق ئىدى. بىزنىڭ سىنىپ

قۇيماق ئېلىۋاپتۇ. بىز گۇگۇم قاراڭغۇسىدا سېمىز ئۆردەكتەك ئىرغاڭلاپ مەكتەپ تامان يول ئالدۇق. مۇشۇ تاپتا كىمرا ماشىنىسى بولسا قانچە پۇل ئالسىمۇ چۈشەتتۇق. قورساق تويۇپ كەتكەندە پىيادە يول يۈرمەك ناھايىتى ئېغىر زۇلۇم ئىكەن.

*قورساق ئاچسا ئاچلىق ئازابى،*
*تويۇپ كەتسە قىينار ئىكەن توقلۇق.*
*كۈن قىزىسا ئىسسىق ئازابى،*
*يەر مۇزلىسا قىينايدۇ سوغۇق.*
*ھېچقايسىغا چىدىمايدىكەن،*
*ئادەم دېگەن ئاجايىپ مەخلۇق.*

بىز خۇش كەيىپ ئىچىدە ئەلەڭ - سەلەڭ دەسسەپ مېدىتسىنا ئىنىستىتۇتىنىڭ ئەتراپىغا ئىككى سائەتتە ئاران كېلەلىدۇق. شۇ ئارىدا بىزنى مېھمان قىلغان ئادىشىم «ۋايجانلاپ» چوڭ يولدا يېتىۋالدى. بىز قورقىنىمىزدىن «نېمە بولدۇڭ؟» دەپ چۇقۇراشتۇق. ئۇنىڭ جاۋاب بەرگۈدەك مادارى يوق ئىدى. پېشانىسىدىن مۇزدەك تەر چىقاتتى. نېمە قىلىشىمىزنى بىلەلمىدۇق. بۇ ئاغىنىمىز ناھايىتى بەستىلىك بولغاچقا، ھېچقايسىمىز كۆتۈرەلمەيتتۇق. زەمبىل بولسىغۇ بىر ئامال قىلىپ يېنىمىزدىكى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باراتتۇق. بىز جىددىيلىشىپ ئاغىنىمىزنى يۆلىسەك، ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرغۇدەك ماجالى يوق. شۇ ئەسنادا مېدىتسىنا ئىنىستىتۇتى تەرەپتىن بىزگە قاراپ بىر لاتا پىكاپ كەپقالدى. ئۇچىمىز غاز قانىتىدەك كېرىلىپ يولنى توستۇق. ماشىنا ئالدىمىزغا كېلىپ شىپپىدە توختىدى. تەلىيىمىزگە شوپۇر قازاق يىگىت ئىكەن. ئۇ كېپىنكىدىن چۈشۈپ:

ئوقۇغۇچىنىڭ 64 يۈەن پۇلى مۇشۇ كاسىدا بولۇپ، ئالاھىدە قىيىنچىلىققا يولۇققان ۋە كېسەل بولۇپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان ساۋاقداشلارغا مۇشۇ كاسىدىن مۇۋاپىق ياردەم بېرىش قارارلاشتۇرۇلغان ئىدى. بۇ «كوممۇنىزم شامىلى» بىر يېرىم يىل داۋاملاشقاندىن كېيىن ئۆزلىكىدىن ئەمەلدىن قالدى.

بۇ كېسەل ساۋاقدىشىم دوختۇرخانىدىن چىقىپ مەكتەپتە يەنە بىر ھەپتە دەم ئېلىپ دەرسكە قاتنىشىپ كەتتى. مەكتەپ ئىچىدە بەش ئاي خەنزۇ تىلى ئۆگەنگەندىن كېيىن، خەنزۇچە ئۆگىنىشنى تېخىمۇ كۈچەيتىش مەقسىتىدە بىزنىڭ سىنىپتىكى ستۇدېنتلارنى ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈپ، بىر گۇرۇپپىنى بېيجىڭدىكى خەنزۇ 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە، يەنە بىر گۇرۇپپىنى خەنزۇ دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپكە (ھازىرقى شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئورنىدا) ئەۋەتتى. ۋاقتى بىر ئايلىق بولۇپ، دەرستە، ياتاقتا، تاماقتا خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە بولۇپ، ئەۋزەل تىل مۇھىتى ئارقىلىق خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش مەقسەت قىلىندى. بىزنى ھەر بىر سىنىپقا ئىككىدىن تەقسىم قىلىۋەتكەچكە، تاماقتىن باشقا (مەكتەپتە خۇيزۇ ئوقۇغۇچىلارمۇ بولغاچقا، بىز ئۇلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئاشخانىسىدا تاماق يەيمىز.) ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسىدە خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە بولغاچقا، بىر ئاي ئىچىدە خەنزۇچە سەۋىيەمىز كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇقكى، ھەر قانداق بىر غەيرىي تىلنى ئۆگىنىشتە ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىدىن باشقا، ئەۋزەل تىل مۇھىتى ناھايىتى چوڭ رول ئوينايدىكەن. بىز بۇ بىر ئايلىق تىل ئۆگىنىش پراكتىكىسىنى تۈگىتىپ مەكتەپكە قايتقاندىن كېيىن يەنە ئوقۇتۇش پىلانى بويىچە خەنزۇچە ئۆگىنىش بىلەن بەند بولدۇق. دەرستىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا بىر تۈتاش ئورۇنلاشتۇرۇلغان «ۋەزىيەت تەربىيەسى»گە

مۇدىرىمىز ۋاھاپ سۇلايمان بويتاق بولغاچقا، ياتىقىنى چېكىپ ئۇنى ئويغاتتۇق. ھەممە بۇ ئەھۋالنى دوكلات قىلدۇق. ئۇ بىزگە:

— ئەتە ئىشقا چۈشكەن ھامان مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلەرنى ئۆتەيلى. ئۇنىڭدىن كېيىن كېسەلنىڭ يېنىغا بىرگە بارايلى، — دېدى.

ئەتىسى مەكتەپ دوختۇرخانىسىنىڭ ئىسپات قەغىزى بىلەن مەكتەپ مالىيە بۆلۈمى كېسىپ بەرگەن پىيۇ (پۇل چېكى)نى ئېلىپ، سىنىپ مۇدىرىمىز بىلەن بىللە شاۋجاڭ جاڭدۇگيۇ ئولتۇرىدىغان ۋاڭ داتۇ (شوپۇر ۋاڭنىڭ بېشى يوغان بولغاچقا ھەممىمىز «ۋاڭ داتۇ» دەيتۇق.)نىڭ «موسكوۋىچ» پىكاپىغا ئولتۇرۇپ كېسەلنىڭ قېشىغا كەلدۇق. بۇ ساۋاقدىشىمنى دوختۇر كېچىدە ئوپېراتسىيە قىلىپ جىددىي بۆلۈمنىڭ كۆزىتىش ياتىقىغا ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلغاچقا، كېسەلنىڭ ئەھۋالى خېلى ياخشى ئىكەن. مەسئۇل دوختۇر بىزگە:

— خەتەرلىك ئەمەس. بىر ھەپتە بالنىستا يېتىپ، قورساقنى تىككەن يىپىنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن دوختۇرخانىدىن چىقسا بولىدۇ، — دېدى.

سىنىپ مۇدىرىمىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ھەر كۈنى كۈندۈزدە بىر ساۋاقداش، كېچىسى بىر ساۋاقداش نۆۋەت بىلەن كېسەلگە ھەمرا بولۇش ھەممە سىنىپتىكى «كوللېكتىپ ھەمكارلىق كاسسى»دىن ئون يۈەن ياردەم قىلىشنى كېڭەشتۇق. بىزنىڭ سىنىپتىكى ساۋاقداشلار ئۆتكەن ئايدىن باشلاپ مەكتەپتىن بېرىلىدىغان ئىككى يۈەن تۇرمۇش پۇلىنى سىنىپ بويىچە بىر تۇتاش باشقۇرۇپ «كوللېكتىپ ھەمكارلىق كاسسى» قۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئايدا 32

«تۆت زىيانداشنى يوقىتىش ئىنقىلابى»غىمۇ قاتناشقان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنقىلابقۇ؟

ئۇنىڭ سۆزى بىلەن تەڭ زالدا گۈلدۈراس كۈلكە ساداسى كۆتۈرۈلدى. شۇندىن باشلاپ «تۇرسۇن قۇربان» دېگەن ئىسىم «تۇرسۇن ئىنقىلاب»قا ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇ راس گەپ قىلغان ئىدى. دەرۋەقە، بۇ «ھەرىكەت»لەرنىڭ ھەممىسى «ئىنقىلاب»قۇ!

ئىش قىلىپ بۇ قېتىملىق «ۋەزىيەت تەربىيەسى»نىڭ مەقسىتى «ئۈچ قىزىل بايراق»نىڭ شانلىق نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ھەر بىر ئادەمنىڭ كاللىسىدا «ۋەزىيەت چوڭ ياخشى، بەلكى كۈندىن - كۈنگە ياخشى» دەيدىغان «ئورتاق تونۇش»نى ئېنىق ھەم مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش. «ۋەزىيەت»تىن، «ئۈچ قىزىل بايراق»تىن نارازى بولىدىغان، گۇمانلىنىدىغان، ئىككىلىنىدىغان خاتا ئىدىيە، كۆز قاراش ۋە سۆز - ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش ئىدى.

مەكتىپىمىزدە «ۋەزىيەت تەربىيەسى» ئاشۇنداق ئەۋجگە كۆتۈرۈلۋاتقان كۈنلەردە، بىزنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر پىشقەدەم فاكۇلتېت مۇدىرىمىز مەتتىمىن خۇداۋەردى ئاكا بىر ئامال ئويلاپ، بىزنىڭ سىنىپنى تۆۋەنگە بېرىپ «ۋەزىيەت تەربىيىسى» ئەمەلىيىتىگە قاتنىشىش ھەققىدە مەكتەپ رەھبەرلىكىگە دوكلات سۇنۇپتۇ. فاكۇلتېت مۇدىرىمىز بىرىنچى قېتىم 1936 - يىللىرى سەيپىدىن ئەزىزى، سەيدۇللا سەيپۇللايوف قاتارلىقلار بىلەن تاشكەنت ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان «تاشكەنتچى»لارنىڭ بىرى بولۇپ، ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن چۆچەكتە مائارىپ ساھەسىدە ئىشلىگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا مۇدىر بولغان پىشقەدەم، ئىقتىدارلىق مائارىپچى بولغاچقا، مەكتەپتە يۈز - ئابرۇيى چوڭ ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ گەپ - سۆزىنى مەكتەپ

قاتنىشاتتۇق. بۇ «تەربىيە» ھەربىكتىدە «ماركسىزم كافىدىراسى»دىكى تونۇلغان ئۇستازلاردىن ئامانۇللا مۇسا، زارىپ دولاتوف قاتارلىق «ماركسىزمچى» پەيلاسوپلارنىڭ ۋەزىيەت ھەققىدىكى دوكلاتلىرىنى ئاڭلايتتۇق. مەكتەپ پارتكومىنىڭ سېكرتارى ۋىن خوخۋا، مەكتەپنىڭ دائىمىي ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭدۇگيو، فاكۇلتېت مۇدىرى ئابباس بۇرھان قاتارلىقلار مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك «قىزىل باشلىق ھۆججەت»لىرىنى يەتكۈزەتتى. ۋە بۇ ھەقتە ئوقۇتقۇچىلار - ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان «مۇنازىرە» پائالىيەتلىرىگە قاتنىشاتتۇق. «مۇنازىرە» خېلى ئەركىن ئېلىپ بېرىلاتتى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتىنىڭ جەنۇبىي قورۇسىدا (ھازىرقى پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئورنى) ئۆتكۈزۈلگەن مەكتەپ كۆلەملىك مۇنازىرە يىغىنىدا ئابباس بۇرھان ئاكا 1 - قېتىملىق «ۋەزىيەتنىڭ چوڭ ياخشى» ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ:

— سىلەر ياش ئوقۇغۇچىلار ھازىرغىچە ئىنقىلابقا قاتنىشمىغاچقا، ئىنقىلابنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر... — دەپ سۆزلەۋاتاتتى، شۇ ئارىدا مۇنازىرە زالىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان جۇغى كىچىك ساۋاقدىشىم تۇرسۇن قۇربان «پىكىر» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئابباسكامنىڭ سۆزىنى بۆلىۋەتتى.

— سىلىنىڭ دېگەنلىرى خاتا. بىز ھەممىمىز ئىنقىلابقا قاتناشقان جەڭچىلەر.

— قېنى ئېيتىپ باقە. سەن قايسى ئىنقىلابقا قاتناشتىڭ؟

— «پولات تاۋلاش ئىنقىلابى» بىلەن «تۆمۈر يول ياساش ئىنقىلابى»غا قاتناشتۇق. تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمىزدا يەنە تېخى «كوممۇناللىشىش ئىنقىلابى» بىلەن

غۇلجا شەھىرىنىڭ ئۈچ باشقارمىسى (قازانچى مەھەللىسى، قارادۆڭ، سايبويى مەھەللىسى)گە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزى قالغان ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلەپ غۇلجا ناھىيىسى (توپان يۇزى)گە چىقىپ كەتتى. مەن ساۋاقدىشىم ساۋۇت داۋۇت بىلەن قارادۆڭ مەھەللىسىگە بېرىپ، مەھەللە كومىتېتىنىڭ بىر ئىشخانىسىغا ئورۇنلاشتىم. بۇ يەر شەھەر ئىچى بولغاچقا، باغ - ۋاراننىڭ ئەمگىكىدىن باشقا ئېتىز - ئېرىق ئەمگىكى ئاساسەن يوق ئىكەن.

مەن تۇنجى قېتىم تونۇشمايدىغان يۇرتتىكى خەلق ئارىسىدا مۇستەقىل خىزمەت ئىشلەش شەرىپىگە ئېرىشكەن بولساممۇ، لېكىن تەجرىبىسىز بولغاچقا، بىر ئاز گاڭگىراپ قالدىم. يېنىمدىكى سەپدىشىم ساۋۇت داۋۇتنىڭ خېلى مۇكەممەل يېزىقچىلىق ئىقتىدارى بولغىنى بىلەن ئۆزى ناھايىتى يۇۋاش، ئۇنىڭ ئۈستىگە بالا ۋاقتىدا مېڭگىت كېسىلىگە دۇچار بولۇپ، كېسەل ئاسارىتى بىلەن تىلى كالۋا بولغاچقا، باشقىلار ئالدىدا سۆزلەشتىن بىر ئاز خىجىل بولاتتى. شۇڭا ئالاقىلىشىش جەھەتتىكى ئېغىرچىلىق ماڭا چۈشتى. مەن مەھەللە كومىتېتىدىكى مۇناسىۋەتلىك كادىرلارنى ئىزدەپ، ئۇلارغا بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسەتنى ئۇقتۇردۇم. ھەمدە تامىقىمىزنى مۇۋاپىق بىر ئائىلىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدىم. كومىتېت باشلىقى ھۇسەنجان 40 ياش چامىسىدىكى تەمبەل كىشى بولۇپ، خۇشچاقچاق ئادەم ئىكەن.

— ئۇكا، سىلەر قايسى يۇرتتىن؟ — دەپ سورىدى ئۇ كىشى بىزدىن.

— ھەر ئىككىمىز قەشقەردىن. ماۋۇ بۇرادىرىم ساۋۇت يەكەنلىك. مەن قەشقەرنىڭ قوغان يېزىسىدىن.

— بەللى، بەللى. ئىككىمىز بىر پىلەكنىڭ خەمەكلى -

رەھبەرلىكى ھەرگىز رەت قىلمايتتى.

بىزنى «تۆۋەنگە يۆزلەندۈرۈش» پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا فاكۇلتېت مۇدىرىمىزنىڭ مۇنداق ئىككى ئوي - پىكرى بولسا كېرەك. بىرى، مۇشۇ كۇنلەردىمۇ ئۇرۇمچىدە ئاچارچىلىق داۋاملىشىۋاتاتتى. ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار يەنىلا «قورساق غېمى» بىلەن ئاۋارە ئىدى. شۇڭا بىر قەدەر باياشاتراق ۋىلايەتلەرگە بېرىپ، بىر تەرەپتىن ئىشلىگەچ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قورسىقىنى «ئەستەرلەش». يەنە بىرى، ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان زىرىكەرلىك سىياسىي ھەرىكەتلەردىن يىراقراق تۇرۇش. چۈنكى فاكۇلتېت مۇدىرىمىز سىياسىي بىلەن ئانچە ھەپىلەشمەيتتى. مېنىڭچە، مۇشۇ ئىككى ئىچكى ئامىل بىزنى ئاشۇ چىرايلىق نام بىلەن «تۆۋەنگە يۆزلەندۈرۈش»كە سەۋەب بولغان بولۇشى ئېھتىمال. بۇ ھەقتىكى دوكلات تەستىقلانغاندىن كېيىن ھەممىمىز خۇش بولدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىزنى ئىككى چوڭ گۇرۇپپىغا ئاجراتتى. بىرىنچى گۇرۇپپىغا پىشقەدەم ئۇستازىمىز مىرسۇلتان ئوسمانوف مەسئۇل بولۇپ، تۆت ئوقۇتقۇچى 16 ئوقۇغۇچى غۇلجىغا بارىدىغان، ئىككىنچى گۇرۇپپىغا فاكۇلتېت مۇدىرىمىز ئۆزى باشچىلىق قىلىپ بىر قانچە ئوقۇتقۇچى ۋە قالغان ئوقۇغۇچىلار بىلەن چۆچەك ۋە تولى ناھىيىسىگە بېرىش بېكىتىلدى. ھەر ئىككى گۇرۇپپىدا خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلاردىنمۇ بىر - ئىككىدىن بار ئىدى. بۇ «پاراكتىكا» نامدا «ۋەزىيەت تەربىيەسى» دېيىلسىمۇ، لېكىن دېھقانلار بىلەن «ئۈچتە بىللە» (تاماقتا، ياتاقتا، ئەمگەكتە) بولۇش ئالدىنقى شەرتى بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش مەقسەت قىلىنغان ئىدى. يازلىق كانىكۇلغا يەنە ئۈچ ئاي قالغاچقا «پاراكتىكا» ۋاقتى ئۈچ ئاي قىلىپ بېكىتىلدى. مەن غۇلجا گۇرۇپپىسى بىلەن بىللە قارا ماشىنىدا ئولتۇرۇپ ئۈچ كۈندە مەنزىلگاھقا يېتىپ كەلدىم. مىرسۇلتان مۇئەللىم مەن باشلىق ئالتىمىزنى

— ئۇنداق بولسا ئاياغ مەھەللىدىكى روزىلەم ئاكىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قوياي. ھازىر كوممۇنا دەۋرى، تاماقنى كوممۇنا ئاشخانىسىدىن يەڭلا. روزىلەم ئاكىنىڭ ھال ئوقىتى خېلى ياخشى. سىلەرنى ئاچ قويمايدۇ. قالغان ئىشلىرىڭلارغا بىز تەييار، خاتىرجەم بولۇڭلار.

شۇنىڭ بىلەن بىز خىزمەتكە چۈشۈپ كەتتۇق. بىر تەرەپتىن ئېكىنزارلىقنى ئارىلاپ ئەمگەك سورۇنلىرىنى ئىزدەيمىز. يەنە بىر تەرەپتىن كومىتېت كادىرلىرى تونۇشتۇرغان خەلق سەنئەتكارلىرى ۋە ياشانغان بوۋاي، مومايلارنى ئىزدەپ ئۇلار بىلەن مۇڭدىشىمىز. ئۇلار سۆزلەپ بەرگەن ھېكايە - چۆچەك، ئەپسانە - رىۋايەت، بېيىت - قوشاقلارنى نەخ مەيداندا دەپتەرگە خاتىرىلەيمىز. قارادۆڭ مەھەللىدە بىر قانچە پىشقەدەم ئەلنەغمىچىلەر بار ئىكەن. كۆپرەك ئۇلارنى ئىزدەيمىز. چۈنكى بۇ بىزنىڭ ئاساسلىق خىزمىتىمىز. مەن «بالا كادىرلىق» سالاھىيىتىمنى پەش قىلىپ زىيارەت ئوبيېكتلىرىنى ئۆزۈمگە ئاسانلا رام قىلىمەن، دەپ ئويلاپتىمەن. لېكىن ئىلى خەلقى ئەزەلدىن قوساۋ ئاتتەك ئەركىن ياشاشنى ئادەت قىلغاچقا، بىزدەكلەرگە ئانچە تەكەللۇپ قىلىپ كەتمەيدىكەن. مېنىڭ يۇرتۇمدىكى دېھقانلار كادىر سۈپەت كىشىنى كۆرسە تەمتىرەپ يىراقتىن «تازىم» قىلاتتى. بىر ئىشنى سورىسىڭىز بىلمىسىمۇ ھۆرمەت - ئىكرام بىلەن ئۆزرىسىنى ئېيتىپ ئۇياتچان كېلىندەك ئوڭايسىزلىناتتى. غۇلجىلىقلار ئۇنىڭ ئەكسىچە خېلى چوڭ ئىشلارنىمۇ ئويۇن - چاقچاققا ئايلاندۇرۇپ، نەسىردىن ئەپەندىدەك يۇرت - كاتتىلىرى ئالدىدىمۇ تەمتىرىمەي ئۆز گېپىنى قىلالايدىكەن.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ئۆزلىرىنى «قوشاقچى» دەپ ئاڭلىدۇق. بىزگە بىر ئاز قوشاق ئېيتىپ بەرگەن بولسىلا.

ركەنمىزغۇ. مېنىڭ دادام ئېلاخۇن موزدوزمۇ قاشقارنىڭ قوغان يېزىسىغا قاراشلىق پېخسىن دېگەن كەنتتىن ئىكەن. پېخسىننى بىلدىغانسەن؟

— ئەلۋەتتە بىلىمەن. چوڭ هامما رايىلە خېنىمنىڭ ئۆيى پېخسىندا بولغاچقا، ئۇ يەرگە بالىلىق ۋاقتىمدا كۆپ باراتتىم.

— مۇنداق دە ئۇكا. سۇرۇشتۇرسەڭ توغقان چىقىپ قالىمىز تېخى. لېكىن بەش يېشىمدا دادامغا ئەگىشىپ ئىلىغا چىقىپ، مۇشۇ قارادۆڭ مەھەللىگە ئورۇنلىشىپ قالغان. مۇندىن بەش يىل بۇرۇن دادام بىلەن ئانام ئارقا ـ ئارقىدىن قازا بوپكەتتى. دادامنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە، 1956 ـ يىلى قەشقەرگە بېرىپ يۇرت ـ مەھەللىگە خالىس نەزىر بەرگەندىن كېيىن، يەنە دۆڭ مەھەللىگە قايتىپ كەلدىم. بۇ يەردە 40 نەچچە يىل ياشىغاچقا ئۆز يۇرت بوپقالدى دېگىنە. ئىلىنىڭ بىر تال دېنىنى يېگەن تورغايمۇ ھەرگىز باشقا جايغا ئۇچۇپ كەتمەيدۇ. ئىلى دېگەن بۇ دۇنيانىڭ «جەننىتى» دېگىنە ئۇكا. ئىلىغا چىققان مۇساپىرلار: «جەننەت دېگەن نەدىكىن؟ ئىلى دېگەن يەردىكەن.» دەپ بىكار ئېيتمىغان ـ دە! خوش، ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى، مەن سىلەرگە نېمە قىلىپ بېرىمەن.

— بىز «ئۇچتە بىرگە بولىمىز.» شۇڭا مۇۋاپىق بىر ئائىلىگە تونۇشتۇرۇپ قويسىڭىز. ئەڭ ياخشىسى كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقاننىڭ ئائىلىسى بولسۇن.

— ۋاقتىڭلار قانچىلىك.

— ئىككى ھەپتە.

— ۋاقتىڭلار بەك قىسقا ئىكەن. ئىككى ھەپتىدە توخۇنىڭ كۇركىمۇ يېشىلمەيدۇ.

— تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى شۇنداقكەن.

يۈزۈم ۋىلىلىدە قىزاردى. دېمىسىمۇ ئۇيغۇر بار يەردە ناخشا - قوشاق، مۇزىكا - ئۇسسۇل بولىدىغانلىقى ئەقەللىي ساۋات.

— ھۆسنەنجان ئاكا، سەۋەب ئۆزىمىزدە ئىكەن. خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاشنىڭ چارە - ئۇسۇللىرىنى بىلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن ئەل ئارىسىغا چۆكۈشكە ئۈلگۈرەلمەپتۇق.

— ھېچ ۋەقەسى يوق. «قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە» دېگەندەك ئاستا - ئاستا ئىشنىڭ يولىنى تېپىۋالىسىلەر. ھە، راست، مەن سىلەرگە بىر يىپ ئۇچىنى دەپ بېرەي. مۇشۇ مەھەللىنىڭ ئايىغىدىكى بىر توپ ئۈجمىلىك قورۇدا ئولتۇرىدىغان «مۇساخانىڭ» ئىسىملىك بىر چال بار. ئۇ كىشى ياش چېغىدا قاشقاردىن ئىلىغا چىقىپ بىلچى خانىدا ئون نەچچە يىل ئىشلىگەن. ئاشۇ چاغلاردا ئۇ ئاتاقلىق ناخشىچى ھەم قىزىقچى ئىكەن. ئۇزۇن يىل كۆمۈر قېزىپ ئۆپكىسى زەخمىلەنگەچكە خانىدىن قايتىپ كېلىپ مۇشۇ مەھەللىگە ماكانلىشىپ قالغان. ھازىر بۇرۇنقىدەك ناخشا ئېيتالمىسىمۇ لېكىن بىلىدىغانلىرى ناھايىتى كۆپ. شۇ چالنىڭ ئۆيىگە مەن باشلاپ باراي. ئۇ چايخۇمار ئادەم، بىرەر كېسەك چاي ئېلىۋېلىڭلار.

— سىلىنى كۆپ ئاۋارە قىلدۇق. رەھمەت ئاكا.

— مېنىڭ تەكەللۇپ بىلەن خوشۇم يوق. چۈشتىن كېيىن بارايلى. تەييار بولۇڭلار.

— بولىدۇ. دېدىم-دە. ھۆسنەنجان ئاكىنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ، چوڭ كوچا دوقمۇشىدىكى چەرچىن ماللار دۇكىنىدىن ئالتە يۈەنگە بىر كېسەك قارا چاي، ئىككى پاچكا چاقماق قەنت سېتىۋالدىم. بۇ كۈنلەردە بازاردا چاي، قەنتلەرمۇ ئاسان تېپىلمايتتى. خۇداغا شۈكۈر، بۈگۈن تەلىيىم ئوڭدىن كەلدى.

ــ ها...ها... نېمە دەۋاتسەن ئۆكا؟ مۇشۇ كۈنلەردە «قوشاق - پوشاق»نىڭ گېپىنى قىلماي «قورساق - پورساق»نىڭ گېپىنى قىلە ئۆكا. «چەككىلى تاماكا يوق، مۇڭداشقىلى نەدە كىشى؟» دېگەن ناخشىنى ئاڭلىغانمۇ سەن؟

شۇنداق قىلىپ ئۈچ كۈن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. بىزگە تونۇشتۇرغان زىيارەت ئوبيېكتلىرىدىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى. شۇندىلا ئەل ئىچىدە خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاش ئۈستەڭ قېزىش، زەيكەش چېپىشتىنمۇ ئېغىر ئەمگەك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق.

ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك؟ بېشىمىزنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ يەنىلا ھۆسەنجان جۇرىنىدىن ياردەم سوراشقا مەجبۇر بولدۇق.

ــ ھەي ئۆكىلار، مۇندىن ئىككى - ئۈچ يىللار بۇرۇن قاينۇقتا مەشرەپ بولىدىكەن دېسە، ئىچىۋاتقان ئەتكەن چېيىنى تاشلاپ مەشرەپكە يۈگۈرەيدىغان سەنئەتخۇمار بۇ خەلق ھازىر ھامىلدار ئايالدەك ئۆيدىن چىقماس بولىۋالدى. «توقلۇقتىن شوخلۇق چىقىدۇ.» دېگەن گەپ بىكار چىقمىغان ئىكەن - دە.

ــ ئۇنداق بولسا بىز باشقا يۇرتقا يۆتكىلەمدۇق - يا؟ مەن ھۆسەنجان ئاكامغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدىم.

ــ ئالدىرىماڭلار، ناخشا - قوشاق دېگەن ئېغىتىنىلا يەرگە تۆكۈلىدىغان جىرغىلاڭنىڭ ئاق ئۆرۈكى ئەمەس. پىشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە، مۇندىن يۈز نەچچە يىل ئىلگىرى پانتاسوپ دېگەن ئورۇس مۇشۇ يۇرتلارنى كېزىپ يۈرۈپ «تارانچى ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» دېگەن ئالتە جىلدلىق توپلام تۈزگەن ئىكەن. بۈگۈنكى كۈندە «قارادۆڭدە ناخشا - قوشاق يوقكەن.» دېسە، يۇرتىمىزغا ھاقارەت ئەمەسمۇ؟ ھۆسەنجان ئاكىنىڭ بۇ سۆزى ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلدى. خىجىللىقتىن

يىلتىزى يوق ۋاقىتلىق ئىش ئىكەن. ئاخىر كۈن ئالماقنىڭ تەسلىكىدە پىلچى خاڭغا تۇتۇلدۇق. خاڭدا ساق 18 يىل ئىشلەپ، يېشىم قىرىقتىن ئاشقاندا ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ مۇشۇ مەھەللىگە ئورۇنلىشىپ قالدىم. شۇندىن كېيىن ئۆيۈمدە راۋاپ، دۇتتار، تەمبۇر ياساپ كۈن ئۆتكۈزۈپ ئازادلىققا ئۇلاشتىم. باشقىلار مېنى «مۇساخاڭ» بەزىدە «مۇسا نەغمە» دەپ ئاتىشىدۇ. «خاڭ»، «نەغمە» دېگەن ناملار ماڭا لەقەم بولۇپ سىڭىپ قالغان.

— هازىرمۇ راۋاپ چالامىلا؟

— هەۋەسقۇ بار. لېكىن هەۋەسكە لايىق مادار يوق. بەزىدە يىغانىم ئۆرلەپ راۋاپنى قولغا ئالسام يەڭگەڭلار چالۋاقاپ: «ئوهوش، قېرىغاندا قىرىق تاتۇق، قىلىقلىرى ئۇندىن ئارتۇق، دېگەندەك، ئەمدى، بولدى قىلسىلا» دەپ راۋاپنى قولۇمدىن تارتىۋالىدۇ.

— خاڭچىلارنىڭ ناخشا ـ قوشاقلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىغانلا؟

— يوقسۇ! «تامىقىنى يەپ تاۋىقىنى چاقىدىغان»لاردىن ئەمەسمىز «خاڭ قوشاقلىرى»نىڭ هەممىسىنى بىلمىسەممۇ، لېكىن ئۆزىمىز ئىجاد قىلغان قوشاقلار هازىرمۇ ئېسىمدە بار.

— بىز ئاڭلاپ باقساق قانداق؟

— بولىدۇ. سىلەرنى نائۇمىدتە قويماي، دېدى ـ دە، مۇسا ئاكا قوزۇققا ئىلىپ قويغان دۇتارنى قولغا ئېلىپ سازلاشقا باشلىدى.

*ئىلىخونىڭ تاغلىرى،*
*تاغلىرىدا خاڭلىرى.*
*خاڭلىرىدا ئىشلەيدۇ،*
*يوقسۇللارنىڭ باللىرى.*

بىز چۈشتىن كېيىن، مۇساخاڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپ سالاملاشتۇق. ھۆسەنجان ئاكا بىزنى بۇ بوۋايغا تونۇشتۇردى.

— مۇساكا، بۇ كادىرلار ئۇرۇمچىدىن سىزنى يوقلاپ كەپتۇ. قورسىقىڭىزدىكى ناخشا - قوشاقلىرىڭىزنى سېتىپ قالمىسۇن. بۇ باللارغا ئېيتىپ بەرسەڭ ئۇلار كىتاب قىلىپ چىقىرىدۇ.

ئۇنىڭغىچە مەن بىر كېسەك چاينىڭ ئۈستىگە ئىككى پاچكا قەنتنى قويۇپ:

— ئاز بولسىمۇ بىزنىڭ كۆڭلىمىز، قوبۇل قىلغايلا، — دېدىم.

— ھەي، كۆڭلۈمدىكىنى تېپىپسىلەرغۇ، ئۆيدە چاي - تۇز تۈگەپ قالغان ئىدى. ھاي خوتۇن! شامىسىنى چاينىغىدەك قىلىپ قېنىق چاي دەملە.

— مېنىڭ بىر ئاز ئىشىم بار، سىلەر ئەركىن - ئازادە پاراڭلىشىڭلار، — دېدىدە ھۆسەنجان ئاكام بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

بىز مۇسا ئاكا بىلەن قانغۇچە پاراڭلاشتۇق.

— مەقسىتىڭلارنى چۈشەندىم بالام، — دەپ سۆز باشلىدى مۇسا چال چالا ساۋات بولسامۇ، خۇداغا شۈكۈر ئەقلى - ھۇشۇم جايىدا. 16 ياش ۋاقتىمدا قەشقەر يېڭىشەھەرنىڭ ياپچان دېگەن يېزىسىدىكى سۇلتان بەگنىڭ كارۋىنىغا ئەگىشىپ ئىلىغا چىقىپ قالغان ئىدىم. رىسقىم مۇشۇ يەردە بولسا كېرەك. 60 يىلدىن بۇيان مۇشۇ شەھەردە يەرلىكلىشىپ قالدىم. مۇساپىرچىلىقنىڭ دەردى يامان ئىكەن. بىر قانچە يىل خەنزۇ بازىرىدىكى ھۇشۇر سامسىپەزنىڭ تونۇرىغا ئوت ياقتىم. ئۇنىڭدىن كېيىن رەھمەتلىك دادامدىن ئۆگىنىۋالغان ھۈنىرىمنى ئىشقا سېلىپ تۆي - تۆكۈن، مەشرەپ - باراۋەتلەردە نەغمىكەشلەرگە قېتىلىپ راۋاپ چېلىپ كۈن ئۆتكۈزدۇم. ئەلنەغمىچىلىكنىڭمۇ

«ۋاڭ خولو قوشىقى»، «ئۈستەڭ ناخشىسى»، «ھارۋىكەش ناخشىسى»... قاتارلىق بىر يۈرۈش تارىخىي ناخشىلارنى ئۆگەنگەن. بۇ ناخشىلارنى ئوقۇغانسېرى يۈرىكىمدە پىغان ئۆرلەيتتى. قايغۇسىنىمۇ، خۇشاللىقىنىمۇ ناخشىسىدا ئىپادىلەيدىغان ئىلى خەلقىنىڭ جاسارىتىگە قايىل بولاتتىم. بۇۋام سادىرنىڭ تىز پۈكمەس روھى ماڭا كۈچ - قۇۋۋەت بېرەتتى. ئەپسۇس، ياخشى كۆنلەرگە ئېرىشكەندە قېرىلىق ئازابىدىن ھاسىراپ قالدۇق - دە.

— مۇساكا، يۇقىرىقى قوشاقلارنى ئۇنتۇپ قالمىغانلا؟

— يوقسۇ، ئۇنتۇش ئاسىيلىقتىن دېرەك بېرىدۇ ئەمەسمۇ. لېكىن ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق - تە.

— ئەگەر ئۆزلىرىگە مالال كەلمىسە «كۆچ - كۆچ قوشىقى»نى ئاڭلاپ باقساق بولامدۇ؟

— بۇ قوشاق مەن تۇغۇلۇشتىن سەل بۇرۇن چارروسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ئىلىنى بېسۋېلىپ، ئىلى پۇقرالىرىنى روسىيە تەۋەلىكىگە مەجبۇرى كۆچۈرۈش جەريانىدا پەيدا بولغان ئىكەن. بۇ تارىخىي قوشاقنىڭ ئېسىمدە قالغانلىرىنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرەي:

*ئاق پاشا لەشكەرلىرى،*
*ئالتۇن كولاپ تاش كەستى.*
*پۇقرالارنى كۆچ - كۆچ دەپ،*
*قىلىچ بىلەن باش كەستى.*

*ئۇرۇس ھارۋىسى دەيدۇ،*
*ئالدى چاقى پەس ئىكەن.*
*خەقنىڭ يۇرتىدا يۈرۈپ،*
*كۈن ئالماقمۇ تەس ئىكەن.*

*قەشقەردىن چىققان باللا،*
*تەڭدىن تولىسى خالىڭدا.*
*يۇرتقا كېتەي دېسە،*
*بىردىن چاپىنى دالىڭدا.*

*ئىلىخودا يېتىمچى،*
*ئىشلەر يېرى پىلچى.*
*ئۈچيۈز ئاتمىش كۈن ئىشلەپ،*
*ئوتتۇز ياماق ئېلىشى.*

*كېچىلەپمۇ ئىشلەيمىز،*
*خالىڭلاردا كۆمۈر تاشقا.*
*بوتۇلۇك كېلىپ ئۇرىدۇ،*
*سىم قامچا بىلەن باشقا.*

*باغقا سەبزە تېرىسام،*
*ئېچىلماي تۇزۇپ كەتتى.*
*خالىڭدا ئىشلىگەن باللا،*
*ياش تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتتى.*

— ھەي باللىرىم، مانا بۇ ناخشىلار ئۆتمۈشتىكى خالىڭ ئىشچىلىرىنىڭ يۈرەك ساداسى. ئۇ چاغلاردىكى خالىڭ ئازابى — گۆر ئازابى ئىدى. شۇڭا خالىڭ ئىشچىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ماڭا ئوخشاش شى پى (كۆمۈركان ئىشچىلىرىدا بولىدىغان كەسىپى كېسەللىكنىڭ نامى) بولۇپ، ئىشتىن چىقىپ كېتىدۇ. ئىلى ناخشىلىرىنىڭ ھەر بىرى خەلقىنىڭ كۆز يېشىدىن پۈتۈلگەن بىر تارىخ. مەن ئىلىخوغا چىقىپلا «كۆچ ـ كۆچ قوشىقى»، «سادىر پالۋان قوشىقى»، «نۇزۇگۇم قوشىقى»، «گۈلەمخان قوشىقى»،

*ئىلىدىن چىقىپ كېلىپ،*
*يانبولاقتىن قايىرىلدۇق.*
*توغۇلۇپ ئۆسكەن جايلاردىن،*
*ئۆلمەي تىرىك ئايرىلدۇق.*

— ھەي بالىلىرىم، ئادەم قېرىغاندا ئۇنتۇغاق، دۆڭغاق ھەم توڭغاق بولۇپ قالىدىكەن. قالغانلىرىنى ياش ۋاقتىمدا پۈتۈپ قويغان خاتىرە دەپتىرىمدىن كۆچۈرۈۋالساڭلار، دېدى-دە، مۇساكام ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، تاكچىدىكى كىچىك ساندۇقىدىن پۇرلىشىپ كەتكەن بىر دەپتەرنى ئېلىپ بىزگە بەردى. بىز ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ كەتتۇق. بۇ دەپتەرنى ئەتە قايتۇرۇپ بېرىشكە ۋەدە بېرىپ ئورنىمىزدىن تۇردۇق. ئۆيىمىزگە قايتىپ كېلىپلا مۇساكامنىڭ بۇ دەپتىرىدىكى ناخشا - قوشاقلارنى يېزىۋېلىپ، ئەتىسى سەھەردە بۇ خاتىرىنى مۇساكامغا تاپشۇرۇپ بەردۇق. مۇساكام بىزگە يەنە مۇشۇ مەھەللىدىكى بىر قانچە پىشقەدەم قوشاقچىلارنى تونۇشتۇرۇپ بەردى. بىز شۇ كۈندىن باشلاپ پۈتمەس خەزىنىگە ئېرىشكەندەك خۇش بولۇپ كەتتۇق.

بىز بۇ مەھەللىدىكى خىزمىتىمىزنى غەلىبىلىك تاماملاپ، تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسىگە تەۋە بولغان قەدىمىي ئۇيغۇر يۇرتى جاغىستايغا يۆتكەلدۇق. جاغىستاي دىلموك تېخى باغرىغا جايلاشقان تولىمۇ گۈزەل، كوجوم يۇرت ئىكەن. جاغىستايلىقلار تېخىمۇ خۇشچاقچاق، ئاددىي - ساددا، مەردانە خەلق ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھەر بىر قەدىمى، ھەر بىر سۆزىدە ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ خاراكتېرى تولۇق گەۋدىلىنىپ تۇرىدىكەن. ئاشۇنداق ئۆزگىچە تەبىئىتى بىلەن «ھەقىقىي تارانچى دېگەن مانا بىز» دەپ ئۆزلىرىدىن پەخىرلىنىدىكەن. مەنمۇ ئۇ چاغلاردا «تارانچى»

ئالمۇتىغا كۆچ دەيدۇ،
بارار يېرىمىز قۇملۇق.
راست گېپىنى ئېيتمايدۇ،
كۆزى كۆك، بېشى يۇڭلۇق.

يەركەنتنىڭ يولى دەيدۇ،
كۆۋرۈكىدە يوغان تاش.
بىزنى يۇرتتىن ئايرىغان،
نىكولاي دېگەن باغرى تاش.

ئوقنى ئاتتى يۇرەككە،
يېنىپ تەگدى بىلەككە.
ئاق پاشانىڭ قىلغىنى،
ئورناپ كەتتى يۇرەككە.

ئۇششاق باللار ئوينايدۇ،
تال چىۋىقنى ئات قىلىپ.
مۇساپىرلار يىغلايدۇ،
ئۆز يۇرتىنى ياد ئېتىپ.

بىز ئىلىدىن چىققاندا،
ئالتىنچى ئاي روزىدى.
باشقا ئەلەم كەلگەندە،
يۇرت ـ قېرىنداش بولىسدى.

ئىلى يولىدا تاللار،
ھەر تاللاردا مارجانلار.
ئورۇسنىڭ شەھىرىدە ئىشلەپ،
ئۆپراپ كەتتى بۇ جانلار.

جاۋاب» ناملىق ماقالىسىدە، ئەينى ۋاقىتتا سابىرجان شاكىروۋپ باشچىلىقىدىكى يەتتە سۇ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئەۋج ئالغان «تارانچى» بىلەن «قەشقەرلىك» ئايرىم مىللەت دەيدىغان قاراشقا كەسكىن رەددىيە بېرىپ: « ‹تارانچى› ۋە ‹قەشقەرلىك› ھېچقاچان ئايرىم ئىككى خەلق ۋە ئىككى مىللەت ئەمەس. بەلكى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىككى جۇغراپىيىلىك رايون تارمىقىدىكى ئاھالىلارنىڭ ئاللىگورىيەلىك نامى. ئۇنى مىللەت نامى دەپ قاراش تارىخقىمۇ، رېئاللىققىمۇ زىت. چۈنكى ‹تارانچى› دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئانا ۋەتىنى قەشقەرىيە بولۇپ، ئېتنونىمى ئۇيغۇردۇر.» دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن. لېكىن ئۇيغۇر زىيالىلىرى ئارىسىدا «تارانچى» جېدىلى بۇنىڭلىق بىلەن پەسەيمەي يەنە ئون نەچچە يىل داۋاملاشقان.

1935 ـ 1937 ـ يىللىرى سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىككى يۈزلىمىچى مىللەتارىست شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە ئەۋەتىلگەن مەسلىھەتچى خادىم مەنسۇر ئەپەندى ئۆز ئەسلىمىسىدە: «‹تارانچى› — ‹قەشقەرلىك› كۈرىشى 1920 ـ يىللاردىن كېيىن تاشكەنتتە ستودېنتلار ھەتتا پوقرالار ئىچىدە راسا ئەۋج ئالدى. تالاش ـ تارتىشلار، تىللاش ـ ھاقارەتلەشلەر كوچىلاردا مۇشتلىشىش، كالتەكلىشىشكە ئوخشاش توقۇنۇشلار دەرىجىسىگە يەتتى.» دەپ يازغان (م.روزىيوف: «ئۇيغۇر زېمىنىدا»، ئالمۇتا، 2007 ـ يىل، ـ65بەت.).

گەرچە «تارانچى» غەۋغاسى 1937 ـ يىلى ئالمۇتادا ئېچىلغان ئۇيغۇر تىلى ۋە ئىملا يىغىنىدىن كېيىن بىر ئاز پەسكويىغا چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن سوۋېت ھاكىمىيىتى ھامىيلىقىدىكى ئۇيغۇر رايونلىرىدا بولسا ئاتالمىش «تارانچى مىللىتى»نى ئۇيغۇر مىللىتى بىلەن تەڭداش ئورۇنغا قويۇش يەنە داۋاملىشىۋەردى. ستالىنچە مىللەت ياساش سىياسىتىنىڭ نوقۇل مەھسۇلى بولغان تارانچى مىللەت قارىشى

دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ تەبىرىنى ئېنىق بىلمەيتتىم. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن مەزگىللىرىمدە ئوقۇغان بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا «تارانچى» ياساپ چىقىرىلغان سۈنئىي مىللەت نامى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان. ھەتتا قازاقىستان ۋە ئۆزبېكىستاندا تۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىدە «تارانچى قوشاقلىرى»دىن ئۆرنەكلەر بېرىلگەن. مىللىي شوۋىنىزمنى كۆچەپ بازارغا سالغان چارروسىيە ئىمپېرىيالىزمى جۇڭگونىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر گەۋدىسىنى پارچىلاپ ئۆزلىرىگە بويسۇندۇرۇش مەقسىتىدە ئويدۇرۇپ چىققان بۇ سۈنئىي «مىللەت» نامى 19 - ۋە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ جاھانگىرلارنىڭ «ئۆزىنى ئۆزىگە سېلىش» تەدبىرىنىڭ دەستىكىگە ئايلىنىپ قالغان. شۇ ۋەجىدىن چارروسىيە دائىرىلىرى ئېلىپ بارغان 1917 - يىلىدىكى ئاخىرقى قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈش جەدۋىلىدە يەتتە سۇدىكى تارانچىلارنىڭ سانىنى 60 مىڭ 988 ئادەم دەپ ئېلان قىلغان. بۇ سان ئەمەلىيەتتە 1881 - يىلىدىكى «كۆچ - كۆچ دەۋرى»دە ئىلىدىن يەتتەسۇغا مەجبۇرى كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان. ئۇيغۇر ئېتنونىمىنى بۇنداق پارچىلاش ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى دەۋرىدىمۇ داۋاملاشقان. مەسىلەن: سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1926 - يىلىدىكى تۇنجى قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنى «تارانچى»، «قەشقەرلىك» ۋە «ئۇيغۇر» دەپ ئۈچ خىل ئايرىم مىللەت كاتېگورىيەسىگە ئايرىپ تىزىملاش تەشەببۇس قىلىنغان. شۇ زاماندىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىلى ئاتاقلىق سىياسىيون ۋە جامائەت ئەربابى ئابدۇللا روزىباقىيوف «كەمبەغەللەر ئاۋازى» گېزىتىدە 1926 - يىلى 8 - مارت ئېلان قىلغان. «بۇرادەر سابىرجاننىڭ تەنقىدىگە

تىلىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ ئاتالغۇ ئىستېمالدىن قېلىپ «دېھقان» دېگەن ئىسمغا ياكى مەنىسى بويىچە «يەر تېرىغۇچى» دېگەن پېئىلغا ئۆزگىرىپ كەتكەچكە. «تارانچى» ئاتالغۇسىنى موڭغۇلچە سۆز دېگۈچىلەرمۇ بار. ئىش قىلىپ بۇ ئاتالغۇنىڭ ئېتمولوگىيەسى قەدىمكى ئالتاي تىللىرىغا مەنسۇپتۇر.

«تارانچى» سۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا قايتىلىنىش جەريانى مۇنداق: 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى يەكەن خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇللاخان (مىلادىيە 1639 ـ يىللىرى خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان.) دەۋرىدە ئۆزلىرىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى دەۋالغان مەخدۇم ئەزەم (مىلادى 1461 ـ 1543)نىڭ بىرىنچى ئوغلى ماموت ئەمىن (ئىشان كالان) باشچىلىقىدىكى ئاق تاغلىقلار (ئاق تەقىيەلىكلەر) بىلەن مەخدۇم ئەزەمنىڭ تۆتىنچى ئوغلى ئىسھاق ۋەلى باشچىلىقىدىكى قارا تاغلىقلار (قارا تەقىيەلىكلەر) ئارىسىدا ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشى ئەۋج ئالدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى يەكەن خانلىقىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ئىسھاق ۋەلى گوروھىدىكى قارا تاغلىقلار يەكەندە كۈچىيىپ، باشقا گوروھتىكىلەرنى يەكەندىن قوغلاپ چىقىرىپ يەكەننىڭ خانلىق تەختىنى ئىگىلىۋالدى. 17 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى ئاق تاغلىقلار قايتا كۈچىيىپ، ئۇلارنىڭ تەسىرى يەكەنگە كىرىشكە باشلىدى.

بۇ مەزگىلدە قۇمۇلغا قېچىپ بېرىۋالغان ئاق تاغلىقلار گوروھىنىڭ باشلىقى ئىشان كالاننىڭ تۆتىنچى ئوغلى مەمەت يۇسۇپ (ئۇ قۇمۇلدا دىنىي مۆتىۋەر سەئىد جېلىلىنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھىدايىتۇللا يەنى ئافاق خوجا تۇغۇلغان.) 17 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى ئوغلى ئافاق خوجا بىلەن بىللە قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، ئابدۇللاخاننىڭ قەشقەردە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان يولۋاسخاننىڭ قوينىغا

ھەتتا شىنجاڭغىمۇ تەسىر كۆرسىتىپ، جاللات شىڭ شىسەي سوۋېت كومپارتىيەسى بىلەن دوستلۇق ھەمكارلىقى ئورناتقان مەزگىللەردە ستالىنىزمنىڭ مىللىي ئېتنىك ئومۇملىقىنى پارچىلاش نىشانلانغان. «مىللىي تەركىپ»نى بېكىتىش ئۆلگىسىنى قوبۇل قىلىپ، شىنجاڭ رايونىدا «تارانچى»نى قوشۇپ 14 يەرلىك مىللەتنى رەسمىيلەشتۈرۈشنى يولغا قويماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر زىيالىلىرى ۋە ئاۋام خەلق ئېڭىدىكى مىللىي كىملىك ۋە ئۆزلۈك تۇيغۇلىرىنىڭ ئاجىزلىقى تۇپەيلىدىن چەتتىن ئىمپورت قىلىنغان بۇ خەتەرلىك «تارانچى» مۇقامىنىڭ تەسىرى گاھ كۈچىيىپ، گاھ پەسىيىپ 1950 ـ يىللىرىغىچە داۋاملىشىپ كەلدى. پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ توغرا مىللىي سىياستى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر گەۋدىسىدىن سۈنئىي ئۈستۈرۈلگەن «تارانچى» غەۋغاسى ئۈزۈل ـ كېسىل رەت قىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇنلۇق نامى تولۇق ئېتىراپ قىلىندى. بىز ئەسلىدە «تارانچى» دېگەن ئاتالغۇنىڭ پەيدا بولۇش ئاساسى ۋە ئۇنىڭ تەبىرىنى ئىلمىي ھالدا ئەسلەپ ئۆتسەكلا، بۇ ھەقتە بەس ـ مۇنازىرە قىلىشنىڭ ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدىغان تۈترۈقسىز مەسىلە ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيمىز.

«تارانچى» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئەسلىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «tariy ـ تارىي ـ تارىغ» (يەر) دېگەن تۈپ سۆزگە ئۇيغۇرچە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە chi, chin نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان سۆز بولۇپ «تارىغچى ــ يەر تېرىغۇچى، دېھقان» دېمەكتۇر. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ ئاتالغۇ موڭغۇل تىلىدا «تارانچى» ياكى «يار يىلچىن» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان ۋە ئەسلىي مەنىسى بويىچە «يەر تېرىغۇچى، دېھقان» مەنىسىدە ئىستېمال قىلىنىپ كەلگەن. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر

يەنە غەربتىكى قازاق، قىرغىز دالالىرىغا يۈرۈش قىلىپ قارا دېڭىز ساھىلىغىچە يېتىپ باردى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي مەركىزىنى ئىلى دەريا ساھىلىغا يۆتكەپ ھەدەپ كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى ئېلىپ باردى. ئۆزلىرىنىڭ زور ئەسكىري كۈچىنى بېقىش ۋە بۆلۈنمە ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرىدىن نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر دېھقانلارنى ئىلى قاتارلىق جۇڭغار رايونلىرىغا مەجبۇرى كۆچۈرۈپ، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ يەرلىرىنى تېرىش ۋە بىنام يەر ئېچىش ئەمگىكىگە سېلىپ قۇل ئورنىدا ئىشلەتتى.

چىيەنلۇڭنىڭ 33 ـ يىلى (مىلادى 1668 ـ يىلى)غا كەلگەندە جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىلىغا مەجبۇرىي كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇر دېھقانلىرى 6383 تۈتۈندىن ئېشىپ كەتتى. (شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخىي ماتېرىياللىرىدىن تاللانما، مىللەتلەر نەشرىياتى، خەنزۇچە، 1987 ـ يىل، 280 ـ بەت) ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەجبۇرى كۆچۈرۈش ئىزچىل داۋاملاشتى. ب د ت مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى تۈزگەن «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى»نىڭ خەنزۇچە، 5 ـ توم، ـ105، ـ106، ـ134، ـ135، ـ144، ـ145بەتلىرىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، جۇڭغار خانلىقى دەۋرىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىلى ۋادىسىغا مەجبۇرى كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇرلار ئۈچ تۈركۈمگە ئايرىلغان.

بىرىنچى تۈركۈمدىكىلەر، «تارانچىلار» جۇڭغار ھاكىمىيىتىنىڭ ۋە جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئىلكىدىكى يەرلەرگە ئوتاقچى سۈپىتىدە ئىشلەيدىغان ۋە بوز يەر ئاچىدىغان ئۇيغۇر دېھقان كۆچمەنلىرى جۇڭغارلار تەرىپىدىن «تارانچى» دەپ ئاتالغان. «تارانچى»لارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئورنى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ، جۇڭغارلارنىڭ ئېغىر ئېكسپىلاتسىيە

ئۆزىنى ئاتتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ يەكەننىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش كويىدا بولدى.

1667 - يىلى ئاق تاغلىقلار گورۇھىغا باشچىلىق قىلىۋاتقان ئافاق خوجا قارا تاغلىقلارغا باشپاناھ بولىۋاتقان يەكەن خانلىقىنى گۇمران قىلىش مەقسىتىدە يەكەنگە قوشۇن تارتىپ باردى. بۇ مەزگىلدە يەكەن خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇللاخان خانلىق تەختىنى ئوغلى يولۋاسخانغا قالدۇرۇپ «ھەج قىلىش» باھانىسىدە ھەرەمگە كەتكەن ئىدى.

ئافاق خوجا باشچىلىقىدىكى ئاق تاغلىقلار يولۋاسخاننىڭ ھامىلىقىدا قارا تاغلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ جەمەتلىرىنى رەھىمسىز باستۇردى ۋە قوشۇن تارتىپ ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلدى. ئۈچ يىلدىن كېيىن يەكەن خانلىقىنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق ۋالىسى ئىسمائىلخان (يولۋاسخاننىڭ تاغىسى) قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ قوللىشى بىلەن يەكەننى ئىشغال قىلىپ خان بولدى. ئافاق خوجا باشچىلىقىدىكى ئاق تاغلىقلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، ئۇلارنى يەكەن خانلىقى تەۋەسىدىن قوغلاپ چىقاردى. مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمىگەن ئافاق خوجا قەشقەرنى تاشلاپ كەشمىر ئارقىلىق تىبەتكە بېرىپ دالاي لامادىن مەدەت تىلىدى. بۇ ۋەتەنسىز خائىن دالاي لامانىڭ قوللىشى ۋە يول كۆرسىتىشى بىلەن ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ جۇڭغار (ئوگقانات) ئاقساقىلى غالداننىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئاتتى. غالدان (1644 - 1697) 1680 - يىلى ئافاق خوجىغا ئەگىشىپ، 120 مىڭ ئاتلىق قوشۇن بىلەن تارىم ئويمانلىقىغا يۈرۈش قىلدى. ئافاق خوجا باشچىلىقىدىكى ئاق تاغلىقلارنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن ماسلىشىشى ئارقىسىدا ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان ئارقىلىق قەشقەر، يەكەن ۋە خوتەن ۋىلايەتلىرىنى ئوڭايلا ئىشغال قىلىۋېلىپ، 165 يىل ھۆكۈم سۈرگەن يەكەن خانلىقىنى ئۇزۇل - كېسىل يىمىرىپ تاشلىدى. ئارقىدىنلا جۇڭغارلار

ساۋاقدىشىم ساۋۇت بىلەن جاغىستايدا تۇرۇۋاتقىنىمغىمۇ بىر ھەپتىدىن ئېشىپ قالدى. بۇ جەرياندا جاغىستايغا تەبىئەت ئاتا قىلغان سېھىرلىك، بۈك - باراقسان ئورمانلىق بولۇپمۇ بەخشەندە قىلىشۇەتكەن بارچە گۈزەللىكنىڭ باشقا يۇرتلاردا تېپىلمايدىغان سېھرى كۆڭلۈمنى قانغۇچە ھۇزۇرلىنىشتىن باشقا، خىزمەت كۈنتەرتىپىگە لايىق ئۇنۇمگە ئېرىشەلمەيۋاتقانلىقىمدىن ئىچىم پۇشاتتى. ھەر كۈنلىكى دەپتەر - قەلەمنى ئېلىپ ئېتىز - قىرلارغا بېرىپ، ھويلا - ئاراملارغا كىرىپ كىشىلەرنى زىيارەت قىلاتتىم.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم تاغا. سالامەت تۇرامىلا؟ ئۆي ئىچى، بالا - چاقىلار تىنچلىقمۇ؟ سىلە بىلەن مۇڭدىشاي دەپ ئىزدەپ كەلگەن ئىدىم، — دەپ ھۆرمەت - ئىكرام بىلەن بوۋايغا تىكىلدىم.

— تۇزۇت - تەكەللۇپلىرىڭدىن قارىغاندا ئالتە شەلىك ئوخشىمامسەن بالام.

— شۇنداق تاغا، مەن قەشقەردىن.

— ھە... مۆلچەرىم توغرا ئىكەن. قاشقارنىڭ باللىرى قىز بالىدەك تۈزۈتلۈك بولغىنى بىلەن كالا ھاۋرىسىدا توشقان ئوۋلايدۇ دېگىنە. ھەقىقەتەن پاراسەتلىك، بىز چاينىغان شامدىن قايماق سۈزۈۋالايدۇ.

بوۋاينىڭ يۇمۇرلۇق گەپلىرى مېنى تەمتىرىپ قويدى. چاقچاقچا چاقچاق بىلەن بەرگىدەك قورسىقىم بولمىغاچقا، مەقسەتنى ئۇدۇللا دېيىشكە مەجبۇر بولدۇم.

— بىز ئەل ئارىسىدىكى ناخشا - قوشاق، ھېكايە - چۆچەك، ماقال - تەمسىل، لەتىپە، يۇمۇرلارنى توپلىغىلى كەلگەن. ئۆزلىرى مۇشۇ ساھەدە بىلىدىغانلىرىنى بىزگە تارتىنماي سۆزلەپ بەرگەن بولسىلا.

قىلىشىغا ئۇچرىغان. ئىككىنچى تۈركۈمدىكىلەر، «بەدرەگ» (فارسچە سۆز) دەپ ئاتىلىپ «تېگى پەس» دېگەن كەمسىتىش مەنىلىرىنى بىلدۈرگەن. ئۇلارمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىن كۆچۈرۈلگەن ھۇنەرۋەن - كاسىپلار ۋە ئۇششاق سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى نامرات تەبىقىنى كۆرسىتەتتى. ئۈچىنچى تۈركۈمدىكىلەر، «ئۇششاق» بۇ ئەرەبچە «ئاشىق» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئىلىغا كۆچۈرۈلگەن خوجىلار جەمەتىنىڭ چاپارمەنلىرىگە قارىتىلغان. «ئۇششاق»لار ئادەتتە خوجىلار جەمەتىنىڭ يۈگۈر - يېتىم ئىشلىرىغا قاراشقان ۋە كۆچمەن خوجىلارنىڭ خىزمىتىنى قىلغان.

دېمەك، يۇقىرىقى ئۈچ خىل نام جۇڭغارلار ھاكىمىيىتى دەۋرىدە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرىدىن ئىلى ۋادىسىغا مەجبۇرىي كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ دەرىجە نامى بولۇپ، ئۇ ھېچقانداق مىللەت توپىغا ۋەكىللىك قىلمايدۇ. ئەكسىچە ئەينى تارىخى شارائىتتا بارلىققا كەلگەن بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتى گەۋدىسىنىڭ ئايرىلماس ئەزالىرىغا بېرىلگەن دەرىجە پەرقىنىڭ ناملىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا «تارانچى» ھېچقانداق پەخىرلىك مىللەت ئەمەس. شۇڭا بۇ ھەقتىكى تالاش - تارتىشلار ئاللىقاچان ئىنكار قىلىنغان ۋە تارىخقا ئايلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قارا كۆلەڭگىسىنىڭ يەنە بەزى بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا سايە تاشلاپ تۇرۇشى تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ۋە ئەخمىقانىلىق خاھىش ھېسابلىنىدۇ. شۇ ۋەجىدىن مەن 1960 - يىللاردا جاغىستايدا ئاڭلىغان «تارانچى» ئوقۇمىنىڭ پەيدا بولۇش ئاساسلىرى ھەققىدە يۇقىرىقى بايانلارنى قىستۇرما قىلىشقا (گەرچە ئەسەرنىڭ ئاساسىي تېمىسى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ) توغرا كەلدى.

مەن يەنە ئىش ئورنى — جاغىستايغاقايتىپ كېلەي:

شۇڭا كىشىلەر ئارىسىدا «لەقەمسىز ئۆيگە خىزىر يولىماس» دېگەن نەقىل كەڭ تارقالغان ئىكەن. دەرۋەقە، لەقەم تاش مىجەزلىك ئۇيغۇر پىسخىكىسىدىن ئاپىرىدە بولغان فولكلورلۇق ئىككىلەمچى نام بولۇپ، تەبىئىيلىككە ۋە سىڭىشىشچانلىققا ئىگە. مېنىڭ يۇرتۇمدىمۇ لەقىمى بار كىشىلەر ئاز ئەمەس. لېكىن يۈز تۇرانە لەقىمىنى قوشۇپ چاقىرىشنى «ئەيىبلىك ئىش» دەپ قارىغانلىقىمىز ئۈچۈن، مەنمۇ بۇ كىشىنىڭ لەقىمىنى قوشۇپ چاقىرىشقا پېتىنالماي سۆزۈمنى ئەگىتىپ سوراشقا مەجبۇر بولدۇم.

— سەلىمجان ئاكا «غاينۇق» دېگەن نېمە گەپ.

— ها...ها...ها... مېنىڭ لەقىمىمنى بىلىۋاپسەن-دە ئۇكا، كالا بىلەن قوتازدىن تۇغۇلغان كۈچتۈڭگۈر نەسلىنى بىزنىڭ يۇرتتا «غاينۇق» دەپ ئاتايدۇ. بەزىلەر «قاينۇق» دېگەن يۇرت نامىمۇ «غاينۇق»تىن كېلىپ چىققان، دېيىشىدۇ.

— بۇ نام سىلىگە قانداق سىڭىپ قالغان؟

— ھەي ئۇكا، «ئاتقا بېدە تاشلاڭلار، گاچۇر - گۈچۈر چاينىسۇن، تايانچىنى سويۇڭلار، مەشرەپ - ئويۇن قاينىسۇن» دەپ مەشرەپ قوغلىشىپ يۈرگەن ياشلىق دەۋرلىرىمدە، بىر قېتىملىق «بۇقا بىلەن كۈچ سىنىشىش» مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ قالدىم. مەيداندا ھېچقايىسى ئەزىمەتلەر بويسۇندۇرالمىغان بۆكەن مۈڭگۈزلۈك بىر چىپار بۇقا ھۆكۈرەپ تۇراتتى. «يىقىلساڭمۇ دارنىڭ ئېگىزىگە ئېسىل» دەپتىكەن، مەن ئاشۇ بۇقا بىلەن «چېلىشماقچى» بولدۇم. تېخى قوشقا كۆندۈرۈلمىگەن بۇ بۇقا سۈرلۈك كۆزىنى ماڭا تىكىپ، ئالدى پۇتى بىلەن چىملىق يەرنى تىرنىلاپ، يولۋاستەك ماڭا ئېتىلاتتى. مەنمۇ بوش كەلمەي پۈتۈن كۈچۈمنى ئىككى بىلىكىمگە يىغىپ، رۇستەمى داستانىدەك جاسارەتكە تولۇپ بۇقا

— ھا... ھا... بۇ يۇرتنىڭ ئادەملىرى توگول ئات - ئىشەكلىرىمۇ «ۋادەرىخا»نى ئېيتالايدۇ. يۇمۇر - چاقچاق توكۇلۇپ تۇرىدۇ، دېگىنە. ئۇنىڭ قايسى بىرىنى يېزىپ توگىتىسەن. دەپتەر - قەلىمىڭنى دېۋەيتىپ كەلسەك، ناخشا - قوشاقلارمۇ ئادەمدىن ھۆركىگەن بورسۇقتەك ئۆگىسىغا كىرىۋالىدۇ-دە، ئۇنىڭدىن قۇرۇق قالىسەن. ئەڭ ياخشىسى جاغىستاي، قاينۇق مەشرەپلىرىگە بار. دىلموك باغرىدىكى خاڭلارغا كىر، دەريا بويىدىكى سالچىلارنىڭ تاۋكالىرىغا ھەمدەم بول، سېغىنچى مومايلارنىڭ سۈت چېلىكىنى كۆتۈرۈشۈپ بەر، كوممۇنا ئاشخانىسىغا كىرىپ چاقچاقتىن ھۇزۇرلان. ئەنە شۇ چاغدا، قوينۇڭ قوشاققا، تىلىڭ ئوشاققا («ئۇششاق مۇقامى»نى دېمەكچى) توشىدۇ. مۇسۇلمانچىلىق ئاستا - ئاستا دېگەندەك، قالغان ھېكايىلەرنى كېيىن سۆزلەيلى. مېنىڭ كالا - سېيىرلارنى يايلاققا ئېلىپ بېرىش ۋەزىپەم بار. خالىساڭ بىللە بارايلى، دېدى-دە، بوۋاي قوتان تەرەپكە ماڭدى. مەن بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي بوۋايغا ياردەملىشىپ يايلاققا بېرىشنى قارار قىلدىم.

بۇ بوۋاي ئۆزىنىڭ موزايلىق سېيىرىغا قولۇم - قوشنىلىرىنىڭ كالىلىرىنى قوشۇپ يايلاققا ھەيدەپ ماڭدى. مەنمۇ بوۋايغا ئەگىشىپ مەھەللىنىڭ چېتىدىكى دىلموك تېغى باغرىدىكى ئېگىز - پەس چاتقاللىققا قاراپ يول ئالدىم. كالىلار ھەر كۈنى ئاشۇ دالىدا بېقىلىدىغان بولغاچقا، باشقا ياققا چاپچىماي ئۇدۇل شۇ تامانغا قاراپ مۆرىشىپ يۈگۈرەتتى. 60 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ كىشىنىڭ ئىسمى سەلىمجان بولۇپ، يۇرتداشلىرى «سەلىم غاينۇق» دەپ ئاتايدىكەن. «غاينۇق» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلمىسەممۇ، لېكىن بۇ سۆزنىڭ لەقەم ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدىم. چۈنكى باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ يۇرتتا لەقەمسىز كىشى تېپىلمايدىكەن.

ياكى دۆنەن، تۇۋلەشتىن قالغان (ئېلىنماي قالغان) ئىنەك — قىسراۋ ئىنەك... دەپ ئاتىلىدۇ. ھەممە ھايۋان تۈرلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق خاس ناملىرى بار. بۇ ناملار ئەجدادلىرىمىز چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان زامانلاردا پەيدا بولغان. زامان تەرەققىي قىلغانسېرى بۇ ناملار ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنداق بايلىقلىرىمىزنى قېزىپ ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرۇش سىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلار، ئۇكا.

مەن سەلىم ئاكىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغانسېرى يېڭى بىلىمگە ئىگە بولغاندەك ئىچ - ئىچىمدىن ھاياجانلاندىم. نەزەر دائىرەم تېخىمۇ كەڭ يېيىلدى. قىزغىن پاراڭلارغا مەست بولۇپ، ھەش - پەش دېگىنىچە يايلاققا يېتىپ كەلدۇق. كالىلارنى چاتقاللىققا قويۇۋېتىپ، سەلىم غاينۇق بىلەن بىللە بىر تۈپ تاغ سۆگىتىنىڭ سايىسىدە كۆلكە - چاقچاقلىشىپ ئولتۇرغان پادىچىلارنىڭ يېنىغا باردۇق.

— بۇ كادىر يىگىت ئۈرۈمچىدىن بىزنى يوقلاپ كەپتۇ، — دەپ سەلىمجان ئاكا مېنى بۇ پادىچى يىگىتلەرگە تونۇشتۇردى.

— بىزنى يوقلاپ كەلگەن بولسا قولىدا تاۋۇقى يوققۇ؟ — دېدى ئاق مالخاي كېيىۋالغان بىر پادىچى.

— ئەنسىرىمە. يانچۇقىدا سەن تويغۇدەك تېرىق بار.

ھا... ھا... ھەممىسى تەڭ كۈلۈشتى. مەن نېمىگە كۈلگەنلىكىنى بىلەلمىدىم. كېيىن ئۇققۇشۇمچە ئاق مالخاي كېيىۋالغان يىگىتنىڭ ئىسمى ھەسەن لەقىمى «كەكلىك» ئىكەن. تېرىق كەكلىكنىڭ دېنى بولغاچقا، بۇ چاقچاق ئۇنىڭغا قارىتىلغان ئىكەن. دەرۋەقە، ئوبيېكتىپنىڭ لەقىمنى بىلمىسە لەقەملىك چاقچاقنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگىلى بولمايدىكەن. بۇ سورۇندىكى چاقچاقلارنىڭ كۆپى لەقەملىك چاقچاق بولغاچقا، مەن ھاڭۋېقىپ يالغاندىن باشقىلارنىڭ

بىلەن ئېلىشتىم. ئىككى مۈڭگۈزىنى ئىككى قولۇمدا مەھكەم قامالللۈۋېلىپ بوينىنى ئوڭ تەرەپكە قايرىشقا باشلىدىم. شۇ يوسۇندا بىر ھازا ھەپىلەشكەندىن كېيىن بۇقىنىڭ بوينىدىن قاراس ـ قۇرۇس ئاۋاز چىقتى ـ دە، كۈچ بېرەلمەي ھۆكىرگىنىچە يەرگە يىقىلدى. ئەتراپتىكىلەر گۈلدىراس ئالقىش بىلەن مېنى تەبرىكلەشتى. شۇ كۈندىن باشلاپ كۈچتۈڭگۈر مەنىسىدىكى «غاينۇق» مېنىڭ لەقىمىم بولۇپ قالدى. بىزنىڭ يۇرتتا «كالىسى يوقنىڭ بالىسى يوق.» دېگەن نەقىل بار. شۇڭا ھەممە ئۆينىڭ قوتىنىدىن بىرەر كالا ئۈزكىسمەيدۇ. ئېيتىپ باقىنە، كالىنىڭ خاس ناملىرىدىن قايسىلارنى بىلىسەن؟

مەن ھۇدۇقىنىمدىن سەلىمجان ئاكىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمىدىم. دېمىسىمۇ «كالا»، «ئىنەك»، «موزاي» دېگەنلەردىن باشقىنى بىلمەيتتىم. ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىمنى سەزگەن سەلىم غاينۇقنىڭ ئاغزى ئېچىلدى.

— دەرۋەقە، سىلەردەك شەھەر بالىلىرىنىڭ بۇنى بىلمىشى ناتايىن. «كالا» دېگەن «ئادەم» دېگەندەك ئومۇمىي ئىسىم. لېكىن «كالا» دېگەن بۇ ھايۋان جىنسى پەرقى، ياش پەرقىگە قاراپ ئايرىم ـ ئايرىم خاس ناملىرى بولىدۇ. مەسىلەن: كالىنىڭ ئەركىكى — بۇقا دېيىلىدۇ. قېرىپ قالغان، پۇراقىا چىققان بۇقىنىڭ نامىنى «ئازما بۇقا» دەيمىز. كالىنىڭ چىشىسى — سىير ياكى ئىنەك، يېڭى تۇغۇلغىنى — موزاي، بىر ياشقا توشمىغان موزاي — قوناجىن، بىر ياشتىن ئاشقان چىشى موزاي — غوناجىن، ئۈچ ياشلىق چىشى كالا — غۇنجىن، ئىككى ياشلىق ئىنەك — تازون، تېخى ساپانغا، هارۋىغا قوشمىغان، شۇنداقلا ئىككى ياشقا توشمىغان ئەركەك موزاي — توپاق، ئىككى ياشقا توشقان ئەركەك موزاي — تايانچە، تۆت ياشتىن ياشقان كالا — دۆنەجىن، پىچۋېتىلگەن كالا — ئۆكۈز (ئۆي)، ئىشتىن قالغان ئۆكۈز — قوتان ئۆكۈز

تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن شۇنداق دەيدۇ: «ئۆتكەن يىلى ھويلامغا كاۋا تېرىسام. دېدىشكە ياماشقاندىن كېيىن قىرغىزنىڭ كىگىز ئۆيىدەك چوڭلۇقتا بىر كاۋا چۈشۈپتۇ. پىشايۋانغا تۇتاشقان بىدىش بۇ كاۋىنى كۆتۈرەلمەي پىشايۋان بىلەن قوشۇلۇپ يەرگە غۇلاپ چۈشتى. مەھەللىمىزنىڭ ياشلىرى توپلىشىپ ھەر قانچە ئامال قىلىپمۇ بۇ كاۋىنى ئورنىدىن مىدىرلىتالمىدى. ئاخىرى چوڭ كىران بىلەن كۆتۈرۈپ 30 توننىلىق يۈك ماشىنىغا بېسىپ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمىسىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا چۈشۈرۈپ قويدۇق، — دەپ پو ئاتتى.

مەنمۇ بوش كەلمەي ئۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دېدىم: مىس كاندا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە ئۆيدەك چوڭلۇقتا بىر ئۇيۇل رودا چىقىپ قالدى. ئۇنى ئېرىتىپ 50 مىسكەر بىر ئاي ئىشلەپ بىر مىس قازان ياساتتىم. قازاننىڭ ئاستىغا ئون ۋاخىنلىق تۆت شوتا بىلەن 200 نەپەر ئادەم چۈشۈپ بىر ھەپتە تازىلىدى. بۇ ئادەملەر قازاننىڭ ئىچىدە ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ، ھازىرغىچە ياشاۋاتىدۇ... شۇ ئاندا ھېلىقى ئاقسۇلۇق كاۋىچى گېپىمنى بۆلۈۋېتىپ:

— قۇرۇق پو ئاتما، دۇنيادا ئۇنداقمۇ يوغان قازان بولامدۇ؟
— دەيدۇ.

— ھەي ئاغىنە ماڭا قارا، سېنىڭ ئاشۇنداق يوغان كاۋاڭنى پۇشۇرۇشقا مۇشۇنداق چوڭ قازان بولمىسا قانداق قىلىسەن؟ دېسەم كۆزىنى چەكچەيتكىنىچە گەپ قىلالماي لاسسىدە بوشاپ كەتتى.

ھېلىم پوچىنىڭ لاپلىرىنى ئاڭلاپ ھەممىمىز تەڭ كۈلۈ-شۈپ كەتتۇق.

— ئۇكا، ئاقسۇلۇقنى گەپتە چۈشۈرۋالغىنىڭ بىلەن

كۆلكىسىگە جور بولۇپ ئۇلتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم.

— ھەي ئۇكىلار، كەچكىچە كۆۋلەپ قالغان ئۆچكىدەك مەرۋەرمەي، ناخشا ـ پاخشا بىلەن ئويۇن تۈزمەمسىلەر.

— غاينۇق ئاكا، قاينۇقتا ئەزان ئېيتسا، دىلموكنىڭ ئۈستىگە چىقىپ سەنەمگە دەسسىگەندەك، ساز بولمىسا قانداق ناخشا ئېيتقىلى بولىدۇ؟

— نېمىشقا بولمايدۇ؟ سادىر بوۋىمىزمۇ تاغلاردا مانجۇلار بىلەن سوقۇشۇپ يۈرۈپ «تىيانشان تاغلىرى دەيدۇ، مېنىڭ ياتقان ماكانىمدۇر، نېمە قىلساڭ قىل شەنگەن، سېنىڭ سورار زامانىڭدۇر.» دەپ ناخشا ئېيتقان ـ غۇ! تېخى ئۇنىڭ يامۇلغا سولانغان چاغلىرىدىمۇ ئېيتقان ناخشىلىرى ئاز ئەمەس. يامۇل ئىچىدە نەدە دۇتتار، تەمبۇر بولسۇن؟

— ئۇ دېگىنىڭغۇ راست. ئەمما...

— «ئەمما»سىنى قويۇپ ئېيتە ناخشاڭنى.

— مەن ئاغزىمدا غىجەك چېلىپ بېرىمەن. «مۇساپىرلار ناخشىسى»دىن باشلا.

*ئىلىغا چىقالامدۇ،*
*يول بىلمەيدىغان بالىلار.*
*سودىسىنى قىلالامدۇ،*
*سودا قىلمىغان بالىلار.*

بىر كالون ناخشا تۈگىگەندىن كېيىن يەنە چاقچاق باشلىنىپ كەتتى. گەپنى ھېلىم پوچى باشلىدى.

— كاندا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە ئاقسۇلۇق بىر مۇساپىر بىلەن ئاشپۇزۇلدا ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ ماڭا ئۆزىنى

جۇرۇڭلار، كالىلارنى ھەيدەپ مەھەللىگە قايتايلى، دەپ سېلىمجان ئاكا ئورنىدىن تۇردى.

پادىچىلارنىڭ پاراڭلىرى مېنى ناھايىتى قىزىقتۇردى. بۇ مەزگىللەردە تېخى ئۈنئالغۇغا ئوخشاش زامانىۋى خاتىرىلەش ئۈسكۈنىلىرى بولمىغاچقا، ئەل ئارىسىدىكى بۇنداق تېتىملىق پاراڭلارنى ئاڭلىغاندا كاللامغا «يېزىۋېلىش»تىن باشقا ئامال يوق ئىدى. ياشلىق مەزگىلىدە ئادەمنىڭ كاللىسى ئۈنئالغۇدىنمۇ قېلىشمايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولىدىكەن. مەنمۇ جاغىستايىدا تۇرغان بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، كۈندۈزلىرى ئەل ئارىسىدا قىدىرىپ يۈرۈپ تېخى مۇشۇ يېشىمغا كەلگىچە ئاڭلاپ باقمىغان قىزىقارلىق ۋە كۆپ قاتلاملىق ئەل ئىچى فولكلور نەمۇنىلىرىنى مېڭەمگە خاتىرىلەپ، كەچلىكى شامنىڭ يورۇقىدا ئۇنى خاتىرە دەپتەرگە قايتىلاپ يېزىۋالاتتىم. چالا ياكى خاتا يېزىلىپ قالغانلىرىنى ئەتىسى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەردىن قايتا سوراپ تولۇقلاپ ئالاتتىم. ئەمدىلا 20 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان مەندەك بىر گۆدەك ستودېنت ئۈچۈن بۇ تۇنجى قېتىملىق ئەمەلىيەت پاراكتېكىسى قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا خەلق ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىغا قارىتا يۈكسەك قىزىقىش ھېسسىياتىنى قوزغىدى. ئىلىلىقلارنىڭ ئادىمىيلىك خىسلەتلىرى، ئوچۇق - يورۇق خاراكتېرى، ناخشا - مۇزىكىغا ھېرىسمەنلىكى، كىشىگە مەنىۋى ئوزۇق ۋە ئېستېتىك زوق بېغىشلايدىغان چاقچاق ۋە كۇلدۇرگىلىرى، ئىلى دىيارىدىكى تىز يۈكمەس قەھرىمانلار شەنىگە ئوقۇلغان تارىخىي داستان - قىسسىلىرى مېنى ئىختىيارسىز مەھلىيا قىلىۋالغان ئىدى. مۇشۇ يېشىمغىچە تېخى «ئالپامىش» دېگەن ئىسىمنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان ئىدىم. جاغىستاينى زىيارەت قىلىش جەريانىدا، بىر قانچە پىشقەدەم داستانچىلارنىڭ ئاغزىدىن «ئالپامىش» ناملىق ئېپوسنىڭ پارچىلىرىنى ئاڭلاپ،

قاشقارلىققا تەڭ كېلەلمەيسەن جۇمۇ، دەپ ئاغزىنى تاتلىدى سەلىمجان ئاكا.

— راست دەيسەن غاينۇق ئاكا، قاشقارلىق چاقچاققا مۇش تەڭلەپ يۇمشاق گەپ بىلەن ئادەم تىللايدىكەن ئەمەسمۇ؟

— ئېيتە، نېمە دەپ تىللىدى؟

— بىر كۈنى تۈت، بەش ئاغىنە بىلەن شەھەرگە كىرىپ داگەنزىدە راسا قىزىۋالغاندىن كېيىن، دۆڭكۆۋرۈكنىڭ لەنگەنزىسگە چىقىۋېلىپ يولدىن ئۆتكەنلەرنى مەسخىرە قىلىپ ئولتۇراتتۇق. شۇ ئارىدا بادام دوپپىسىنى چېكىسىگە قوندۇرۇۋالغان شاپ بۇرۇتلۇق بىرسى ئېشىكىنى ھەيدەپ بىز تەرەپكە كەلدى. ئاغىنىلەر مېنى دەيدەيگە سېلىپ: «ئاداش، ئاۋۇ ئېشەكلىك قاشقارلىق مۇساپىرغا ئوخشاۋاتىدۇ. تازا كېلىشتۇرۇپ گەپ بىلەن جاجىسىنى بېرىپ قويمامسەن.» دېيىشتى. دەل شۇ پەيتتە ئۇنىڭ مادا ئېشىكى يېنىمىزغا كېلىپ ئاغزىنى ماكچايتىپ سىيىشكە باشلىدى. مەن بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ:

— ھەي قاشقارلىق مادا («مىدە ئېشىكىڭ» دېمەكچى) ئاغزىنى ماكچايتىپ نېمە قىلىۋاتىدۇ؟» دېسەم، بىزگە قاراپ كۈلۈپ قويۇپ:

— ھە، ئېشكىم ئاچاڭنىڭ شاما چايناۋاتقىنىنى دوراۋاتىدۇ، دەيدۇ.

— قاشقارلىقنىڭ ئاغزىنى تاتلىمايلى دېسەم ئۇناشمايسەن، مانا خوپ بولدىمۇ، — دەپ ئاغىنىلىرىمگە تاپا - تەنە قىلدىم.

— «كورەك تۇماقنىڭ ئىچىدىمۇ ئادەم بار.» دېگىنە، ھېچ ۋەقەسى يوق. «گەپكە كەلگەندىمۇ ئاتاڭدىنمۇ قايتما» دېگەن شۇ. ھەي ئۆكىلار، كالىلارنى ساغىدىغان ۋاقىت بوپقالدى.

بولغان ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلەر ئۈچۈن، ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ باشقۇرۇشىدا مەخسۇس «كېسەللەر ئاشخانىسى» قۇرۇلغان ئىدى. بۇ ئاشخانا ئالاھىدىرەك بولۇپ، كېسەللەرنىڭ ئېممۇنىت كۈچىنى تولۇقلاشقا ياردەم بېرىدىغان قۇۋۋەتلىك تائاملارنى تەييارلاپ كېسەللەرنى ياخشىراق ئوزۇقلاندۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى. مەكتەپتىكى كوللېكتىپ ئاشخانىلارنىڭ ھەممىسىنى بۇرھان ئاكا (ئەينى يىللاردا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىئو - خىمىيە فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولغان بىئولوگىيە ئالىمى مەرھۇم ئابباس ئەپەندىنىڭ دادىسى) يالغۇز باشقۇراتتى. بۇرھان ئاكا 1940 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا دادام بىلەن بىللە ئىشلەپ يېقىن بۇرادەرلەردىن بولۇپ قالغان ئىكەن. شۇ سەۋەبلىك دادامنىڭ خەت ئارقىلىق تونۇشتۇرۇشى بىلەن مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، بۇ كىشىگە دادامنىڭ سالامىنى يوللاپ تونۇشلۇق بەرگەن ئىدىم. شۇندىن باشلاپ، بۇ مۆلايىم كىشى ئاتا ئورنىدا بېشىمنى سىلاپ ئەھۋالىمدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى. ھېلىقى «كېسەللەر ئاشخانىسى» قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇرھان ئاكىنىڭ خىزمەت يۈكى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەچكە، مېنى بۇ ئاشخانىنىڭ خىزمەتلىرىگە خالىس ياردەم بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. مېنىڭ ۋەزىپەم تاماق ۋاقتىدا بۇ ئاشخانىدىن تاماق يەيدىغان كېسەللەرنىڭ تاماق بېلىتىنى يىغىش ئىدى. مۇشۇ ئىمتىياز بىلەن بۇرھان ئاكىنىڭ شاپائىتى ئاستىدا، مەنمۇ مۇشۇ ئاشخانىدىن تويغىچە تاماق يەپ، بىر يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان ئېغىر كۈنلەردىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈۋالدىم. ئەمما شىنجاڭنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىدا كوممۇنانىڭ داشقازىنىغا تەلمۈرۈپ، بىر قاچا ئۇماچ ئۈچۈن نەچچە سائەت

بۇ ھەقتە دەسلەپكى ئۇچۇرغا ئىگە بولغانىدىم. ۋاھالەنكى، نادانلىقىم سەۋەبلىك ئۇنى چوڭقۇر قېزىپ تولۇق خاتىرىگە ئالمىغانلىقىمدىن ھازىرغىچە ئەپسۇسلىنىمەن. كېيىنچە چەت ئەل فولكلورشۇناسلىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن بىلدىمكى «ئالپامىش باتۇر» ھەققىدىكى بىر ئېپوس ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن ئوغۇز گۇرۇپپىسىدىكى تۈركىي قەۋملەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان قەدىمكى باتۇرلۇق داستانلىرىنىڭ شاھىنشاھى ئىكەن. شۇڭا قايسىبىر ئالىم «پۈتكۈل خەلق داستانلىرىنى تارازىنىڭ بىر تەرىپىگە قويۇپ، يەنە بىر پەللىسىگە ئالپامىشنى قويساق، تارازىنىڭ مۇشۇ پەللىسى بېسىپ كېتىدۇ.» دېگەنلىكى ئېسىمدە. بۇ داستان ھازىرغىچە ئۆزبېكلەر ۋە ئەزەرى تۈركلىرى ئارىسىدا بىر قەدەر تولۇق ساقلىنىپ قالغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى روسىيەلىك فولكلورشۇناس ن. ن. پانتاسوف ئىلىغا كېلىپ خەلق ئەدەبىياتىنى توپلىغان مەزگىللىرىدە، «ئالپامىش» داستانىنىڭ ئۇيغۇر ۋارىيانتى يوقىلىپ كەتكەن.

ئىلىدىكى جاپالىق ئەمما تولىمۇ مەنىلىك ئۆتكەن خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاش پارائىتىكىسى ئاخىرلاشتى. ئىلىدىكى خىزمەتلەرنى خۇلاسە قىلغاندا، مەن باشلىغان گۇرۇپپىنىڭ ئەمەلىي خىزمەت ئۇنۇمى كۆرۈنەرلىك ياخشى بولغاچقا رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىسمىمنى ئاتاپ تەقدىرلىدى. ساخاۋەتلىك كۆز پەسلىنىڭ دەسلەپكى ئايلىرىدا مەكتەپكە قايتىپ كەلسەك. ئۇرۇمچىدىكى «ئاچارچىلىق» مەزگىلى تېخى ئاخىرلاشمىغان ئىكەن. ھەممە كىشى قورساق غېمى بىلەن روھىي سۇنۇق ياشاۋاتقان بۇ كۈنلەردە مېنىڭ تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ، قورساقتىن ئانچە غەم قىلمايدىغان خېلى ياخشى پۇرسەتكە ئېرىشىپ قالدىم.

بۇنىڭ جەريانى مۇنداق ئىدى: 1961 ـ يىلىنىڭ ئاخىرقى مەۋسۇمىدىن باشلاپ مەكتەپتە «ئىششىق كېسىلى»گە گىرىپتار

دەپ ئاتالغان بۇ چەتكە قېچىش ۋەقەسىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رېسپۇبلىكىلىرى بىلەن يېقىن چېگراداش ئىلى، چۆچەك رايونلىرىدىن چېگرا ئېغىزلىرى ئېچىۋېتىلگەن ئۈچ كۈن ئىچىدە 60 مىڭدىن ئارتۇق قايمۇققان جۇڭگو پۇقرالىرى (ئاساسەن ئۇيغۇر، قازاق) كوللېكتىپ ۋە يەككە هالدا چېگرادىن قېچىپ، سوۋېت شيۇجىڭجۇيىچىلىرىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. بۇ ۋەقە ئۇرۇمچىدىكى ئالىي ـ ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان شىمالىي شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلار ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئارىسىدا چوڭ داۋالغۇش پەيدا قىلدى. بۇنىڭ تەسىرى بىلەن ئاتا ـ ئانا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى چېگرادىن قېچىپ كەتكەن ۋە قېچىش ئالدىدا تۇرغانلارنىڭ ئۈرۈمچىدىكى پەرزەنتلىرى ئۆيلىرىگە قايتىش هەققىدە هۆكۈمەتكە بېسىم ئىشلەتتى. مەكتەپ رەھبەرلىكلىرى يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئوقۇشتىن چېكىنىپ يۇرتىغا قايتىشنى تەلەپ قىلغان ئىككى ۋىلايەتتىكى ئوقۇغۇچىلارغا رۇخسەت قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

شۇنىڭ بىلەن مەكتەپلەردە «يۇرتقا قايتىش دولقۇنى» قوزغىلىپ، ئالدانغان بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار يۇرتلىرىغا قايتىشتى. شۇ قاتاردا بىزنىڭ سىنىپتىن يەتتە نەپەر، بىز بىلەن پاراللېل ئوقۇيدىغان تارىخ ـ جۇغراپىيە سىنىپىدىن تۆت نەپەر ساۋاقداش بىزدىن ئايرىلىپ يۇرتىغا كەتتى. بىزنىڭ ئىككى سىنىپتا ئوقۇغۇچى سانى ئازلاپ كەتكەچكە، تارىخ ـ جۇغراپىيە كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى بىزنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات سىنىپىغا قوشۇۋەتتى. يۇرتقا قايتقان ئوقۇغۇچىلار ئۆيىگە يېتىپ بارغۇچە، مەركەزنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن چېگرا ئېتىلىپ، پۇقرالارنىڭ قانۇنسىز چەتكە قېچىش هەرىكىتى ئۈزۈل ـ كېسىل چەكلەنگەچكە، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى چېگرادىن ئۆتەلمەي يۇرتىدا قالدى. ئۆزلىكىدىن ئالىي

ئۆچرەت تۇرىدىغان ۋەسۋەسىلىك كۈنلەر يەنە داۋاملىشىۋاتاتتى. بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا ئاچارچىلىق ئازابى ئېغىر ئىدى. گەرچە كوممۇنانىڭ ئامبارلىرىدا خېلى كۆپ زاپاس ئاشلىق بولسىمۇ، يەرلىك كادىرلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان بىيوگراتلىقى، ئاشلىق سىياسىتىنىڭ دوگمىلىقى تۈپەيلىدىن، ئاقسۇنىڭ باي ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن نەچچە مىڭ دېھقاننىڭ ئاچلىق ئازابىدا ئۆلۈپ كېتىشىدەك ئېغىر پاجىئەلەر باشقا ناھىيىلەردىمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە يۈز بەردى. شىنجاڭدەك تۇپرىقى مۇنبەت، سۈيى ئەۋزەل، باغۇ - بوستان، گۈل - گۈلىستان زېمىنىدا «ئاچارچىلىقتىن ئادەم ئۆلدى» دېسە كىممۇ ئىشىنەر؟ ئەمما بۇ ئاشۇ يىللارنىڭ رېئاللىقى، تارىخىي قىسمەتلەرنىڭ ئۇنتۇلماس يالدامىسى ئىدى.

ستودېنتلىق ھاياتنىڭ ئۆزلۈك دىيالوگلىرى ئىمكانىيەتلىك سوئال - جاۋابقا ئېرىشەلمەي، ئۆزلۈك كوچىسىدىكى غېرىبانە مۇڭ - زارلاردىن، نەپسىنىڭ ۋەسۋەسە ۋە بالالىرىدىن قۇتۇلالماي كامالەت بىلەن پالاكەت جىلغىلىرىدا تەڭقىسلىقتا قالغان ئاشۇ گۇگۇملۇق يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، يەنە بىر ئازغۇن قويۇن كۆتۈرۈلدى.

1961 - ، 1962 - يىللىرى مەملىكەت بويىچە «شيۈجېڭجۇيىغا قارشى كۈرەش»، «لۇشيەن تەربىيەسى»، «بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى» قاتارلىق سىياسىي، پەلسەپىۋى مەسىلىلەر بويىچە ئاممىۋى بەس - مۇنازىرە قىزغىن داۋاملىشىۋاتقان پەيتلەردە، شىنجاڭدا پۈتۈن مەملىكەتنى زىلزىلىگە سالغان 1962 - يىلى «15 - ئاپرېل ۋەقەسى» يۈز بەردى. سوۋېت شيۈجېڭجۇيىچىلىرىنىڭ پىلانلىق، مەقسەتلىك تەشكىللىشى ۋە قۇترىتقۇلۇق قىلىشى بىلەن ئىلى، چۆچەك ۋىلايەتلىرىدە يەرلىك مىللەت جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ چېگرادىن قېچىشتەك ئېغىر سىياسىي ۋەقە يۈز بەردى. «ئىلى، چۆچەك ۋەقەسى»

قۇرۇلمىسىدىكى بىر قېتىملىق تارىخىي چېكىنىش ئىدى.

ئىككى مەكتەپ بىرلەشتۇرۇلگەندىن كېيىن فاكۇلتېتلار تەرتىپكە سېلىنىپ، كەسىپ قۇرۇلمىلىرى كۆچەيتىلدى. بىز ئوقۇۋاتقان جۇڭگو تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى، خەنزۇ تىل - ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر تىلى، خەنزۇ تىلىدىن ئىبارەت تۆت كەسىپ تەسىس قىلىندى. ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى كەسپىدە 1959 - يىلى قوبۇل قىلىنىپ 1964 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان تولۇق كۇرۇستىن ئىككى سىنىپ بولۇپ (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەۋەلىكىدىكى پىرىنسىپ بىلەن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىغا تەۋە سىنىپ) 50 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بار ئىدى.

ئىككى مەكتەپ بىرلەشكەندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى تېخىمۇ سەر خىللىنىپ، دەرس تۈرلىرى كۆپەيتىلدى. بولۇپمۇ كەسپكە ئائىت تاللانما دەرسلەر بىلەن خەنزۇ تىلىدا ئۆتۈلىدىغان دەرسلەرنىڭ سالمىقى ئاشتى.

1953 - ، 1954 - يىللىرى بېيجىڭ ۋە شاڭخەينىڭ نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ تىل ۋە ئەدەبىيات ئاسپىرانتورىيەلىرىنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئالىي مائارىپ سىنىپىغا ئەۋەتىلگەن يۇقىرى مەلۇماتلىق زىيالىلار، شىنجاڭنىڭ ئەينى يىللىرىدىكى مىللى تىل - ئەدەبىيات كەسپىدە كۆزگە كۆرۈنگەن مىللى زىيالىلىرى ۋە پىشقان تىلشۇناسلىرى، ئىككى تىللىق پېداگوكلىرى مۇشۇ فاكۇلتېتقا جەملەنگەچكە، تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مەكتەپ ئىچى ۋە جەمئىيەتتىكى ئىناۋىتى يۇقىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە فاكۇلتېتىمىزنىڭ باشلامچىسى مەرھۇم مەمتىمىن خۇدابەردى ئەپەندى بىلەن فاكۇلتېتنىڭ سېكرىتارى جاڭ چۇنخا ئەپەندىن ۋە يۈز - ئابرۇيلۇق پىشقەدەم رەھبەرلەر بولغاچقا، شۇ يىللىرى شىنجاڭ

مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىدىن ئايرىلىپ قالغان ئوقۇغۇچىلار ئاشۇ سىياسىي ۋەقەنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلار بولۇپ، ئۆمۈرلۈك پۇشايمان ئوتىدا پۇچىلاندى. شىنجاڭ تارىخىدىكى ئاخىرقى قېتىملىق بىر چوڭ «كۆچ - كۆچ»نىڭ سىرى تېخى ھازىرغىچە يېشىلگىنى يوق.

«سۇ كېتىدۇ تاش قالىدۇ، ئۇسما كېتىپ باش قالىدۇ.» دېگەندەك، بىز دولقۇنلار ئىچىدە ئۈزۈپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردۇق. ھەر بىرىمىزنىڭ قەلبىدە ستودېنتلىق ئىپتىخارىدىن توغۇلغان ئۇمىد - غايە جۇشقۇنلىناتتى. تەلەپچان باغۋەنلىرىمىزنىڭ تۈجۈپىلەپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن ئىلمۇ - ئىرپان كېمىسىدە دولقۇن يېرىپ ئۈزەتتۇق.

1962 - يىلى 7 - ئايدا، مەملىكەت بويىچە ئالىي مەكتەپلەرنى ئىخچاملاش ۋە قايتا تەرتىپكە سېلىش دولقۇنى قوزغالدى. نەتىجىدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شىنجاڭ پىداگوگىكا ئىنستىتۇتى بىلەن بىرلىشىپ، بېيجىڭ يولىدىكى مەكتەپ ئورنى (ھازىرقى مالىيە - ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئورنى) دىن ئۈچتاشتىكى شىنجاڭ پىداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئورنىغا كۆچۈپ كەلدۇق. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى سانائەت پەنلىرى كەسپى (ماشىنىسازلىق، ئېلېكتېر ئېنېرگىيە، گېئولوگىيە فاكۇلتېتلىرى) شىنجاڭ كان مېتاللورگىيە تېخنىكومىغا قېتىۋېتىلىپ «شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى» بولۇپ قۇرۇلدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇنىۋېرسال كەسپلەرنىڭ گەۋدىسى بولغان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سانائەت پەنلىرى كەسپىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىئىي پەنلەردىن تەركىپ تاپقان ئىككى پۇتلۇق «داڭقان»غا ئايلىنىپ قالدى. ئەلۋەتتە، بۇ شىنجاڭدىكى ئۇنىۋېرسال ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كەسىپ

مۇھەممەت زۇنۇن (ئوقۇتقۇچى، ئەدەبىي تەنقىدچى)، ئەنسەردىن موسايوف (ئوقۇتقۇچى، تىلشۇناس، لوگىكىچى)، تۇردى ئەھمەد (ئوقۇتقۇچى، تىلشۇناس)، نەسرۇللا يولبولدى (ئوقۇتقۇچى، تىلشۇناس)، سۇلتان مەخمۇت (ئوقۇتقۇچى، شائىر)، ئەخمەتبېك كىرشبايوف (ئوقۇتقۇچى، ئەدەبىي تەنقىدچى)، ئەۋەلقان (ئوقۇتقۇچى، يازغۇچى)، نۇرمۇھەممەد زامان (ئوقۇتقۇچى، يازغۇچى)، ئەخەت تۇردى (ئوقۇغۇچى، يازغۇچى)، مۇھەممەد پولات (ئوقۇغۇچى، ئەدەبىي تەنقىدچى)، ئىرسبەك (ئوقۇغۇچى، يازغۇچى)، جەكەن ئوڭالباي (ئوقۇغۇچى، شائىر)، ئابدۇسېيت (ئوقۇغۇچى، شائىر)، قۇماربەك (ئوقۇغۇچى، شائىر)، بۇغدا ئابدۇللا (ئوقۇغۇچى، شائىر)، زەينۇرە ئەيسا (ئوقۇغۇچى، شائىر)، ئوسمانجان ساۋۇت (ئوقۇغۇچى، شائىر)، يۇسۇپجان ئەھمىدى (ئوقۇغۇچى، شائىر)، سالى سادىۋاققاس (ئوقۇغۇچى، شائىر)، قاۋسىلقان قامىجان (ئوقۇغۇچى، ئەدەبىي تەنقىدچى)، تۇرسۇن قۇربان (ئوقۇغۇچى، شائىر)... ۋە يەنە ئىسمى ئۇنتۇلغان (مېنى كەچۈرۈڭلار) بىر توپ ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى مۇشۇ فاكۇلتېتقا جەملەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشتىراكىدا ھەر دائىم ئەدەبىيات ئەنجۇمەنلىرى قىززىپ كەتتى. شۇڭا ژۇرنالىستلارنىڭ نەزەرى ۋە ئۈمىدى مۇشۇ فاكۇلتېتقا تىكىلگەن ئىدى. 1963 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»غا تاللانغان توققۇز پارچە ماقالىنىڭ يەتتە پارچىسىنى جۇڭگو تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى يازغانلىقىدەك ئەمەلىيەتمۇ يۇقىرىدىكى نۇقتىلارنى ئىسپاتلايدۇ.

1950 - يىلدىن كېيىنكى 14 يىل ئىچىدە (تاكى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى بىلەن بىرلەشكەنگە قەدەر) مەكتەپ ئورنى، كۆلىمى، كەسىپ قۇرۇلمىسى، فاكۇلتېت، بۆلۈملەرنىڭ فونكسىيەسى قاتارلىقلار ھەر يىلى دېگۈدەك ئۆزگىرىپ تۇردى.

ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىككى مىڭدىن ئارتۇقراق ئوقۇغۇچى 600 گە يېقىن ئوقۇتقۇچى خىزمەتچى بولۇپ، ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلاتتى. شۇڭا ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ سىنىپ ۋە ئىشخانىلىرى ئۈچ قەۋەتلىك مەخسۇس بىر بىناغا، ئوقۇغۇچىلار ياتىقى شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ چوڭ ۋە ئازادە بىنالىرى بولغان «سەن سىڭ بەن لو» (ئۈچ يېرىم قەۋەت)غا ئورۇنلاشقان بولۇپ، دەرستىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا قايناق ھاياتنىڭ شاۋقۇنلىرىغا چۆمۈلگەن بۇ بىنا شۇ زامانلاردا «شاڭگاڭلو» دېگەن نام بىلەن داڭق چىقارغان.

قىسقىسى، ئىككى مەكتەپ بىرلىشىپ تاكى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»غىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى قايتا تەكرارلانمايدىغان بىر گۈللىنىش باسقۇچىغا كىرگەن بولۇپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەسپى ۋە ئەخلاقىي ساپاسىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن باشقىلارنى قايىل قىلغان جەلپكار بازا ئىدى. ئەينى دەۋرنىڭ نوپۇسلۇق ئەدىبلىرىدىن بولغان مۇھەممەتجان سادىق (ئوقۇتقۇچى، شائىر)، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن (ئوقۇتقۇچى، شائىر، فىلولوگىيە ئالىمى)، شەرىپىدىن ئۆمەر (ئوقۇتقۇچى، فىلولوگ، ئەدىب)، مىرسۇلتان ئوسمانوف (ئوقۇتقۇچى، تىلشۇناس، فىلولوگ)، شىيا دىڭگۈەن (ئوقۇتقۇچى، فىلولوگ)، شۈي سىيبى (ئوقۇتقۇچى، تىلشۇناس)، جاڭ چۇنما (ئوقۇتقۇچى، ئەدەبىي تەنقىدچى)، ياڭ شىياۋمى (ئوقۇتقۇچى، تىلشۇناس)، ۋاڭ باۋ (ئوقۇتقۇچى، تىلشۇناس)، شۇن شۇخۇەن (ئوقۇتقۇچى، ئەدەبىي تەنقىدچى)، ۋېي سۈيىي (ئوقۇتقۇچى، تىلشۇناس)، جاڭ شۈيۈەن (ئوقۇتقۇچى، نەسرچى)، ليۇ ماكۈي (ئوقۇتقۇچى، ئەدەبىي تەنقىدچى)، شۈي ۋىنيۈەن (ئوقۇتقۇچى، قەدىمكى يېزىقشۇناس)، ئابلەت ئۆمەر (ئوقۇتقۇچى، ئەدەبىي تەنقىدچى)،

قىسقىسى، بۇ مەنىلىك ھاياتتىن رازىمەنلىك ھېس قىلالىتتۇق.

يازلىق كانىكۇلغا ئۇلگۇرۇپ تۇرپاندىن قايتىپ كەلدۇق. لېكىن كانىكۇلدا ماڭا يېڭى بىر ۋەزىپە يۈكلەندى. 1961 - يىلىدىن باشلاپ، بىزنىڭ سىنىپ مۇدىرىمىز بولغان مۇھەممەت زۇنۇن مۇئەللىم فاكۇلتېت تەرىپىدىن. بۇ قېتىمقى ئىككى سىنىپنىڭ پاراكتىكىسىغا مەسئۇل قىلىنغان بولۇپ، پاراكتىكا ئاخىرلاشقاندىن كېيىن تۇرپاندا توپلىغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئائىت خام ماتېرىياللارنى 9 - ئايغىچە رەتلەپ چىقىشنى ماڭا تاپشۇردى. بۇ ناھايىتى شەرەپلىك، ئەمما مەن ئۈچۈن ئېغىر خىزمەت ئىدى. ئەسلىدە، بۇ يىلقى يازلىق كانىكۇلدا قارامايدىكى ئىككى ئاكامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ دەم ئېلىپ كېلىشنى ئويلىغان ئىدىم. مۇئەللىمگە بۇ ئەھۋالنى ئېيتقاندىن كېيىن، ماڭا بىر ھەپتىلىك رۇخسەت بەردى. شۇنىڭ بىلەن قارامايغا بېرىپ، ئىككى ئاكامنىڭ ئۆيىدە بىر ھەپتە دەم ئالدىم. ھەر ئىككى ئاكام قاراماي نېفىتلىكىنىڭ بىرىنچى تۈركۈم تېخنىكلىرى بولغاچقا تۇرمۇش ئەھۋالى ياخشى ئىدى. شۇڭا ئوقۇغۇچىلىق مەزگىلىمدە، ئۇلار ئىقتىسادىي جەھەتتىن كۆپ غەمخورلۇق قىلاتتى.

بۇ يىللاردا يازلىق كانىكول ۋاقتى بىر ئاي بولغاچقا، كۆپچىلىك ئوقۇغۇچىلار ئۆيىگە قايتماي مەكتەپتە ئىختىيارى ئۆگىنىش قىلاتتى. ياكى مەكتەپتە ۋە ئەتراپتىكى قورۇلۇش ئورۇنلىرىدا ھەقلىق ئىشلەپ، تۇرمۇش لازىمەتلىرى ئۈچۈن ئازدۇر - كۆپتۇر پۇل غەملەيتتى. مەنمۇ بەش يىل جەريانىدا قەشقەرگە بىر قېتىم قايتالىغان.

مەن قارامايدىن قايتىپ كېلىپلا سىنىپ مۇدىرىمىنىڭ قولىدىن تۇرپاندا توپلىغان خام ماتېرىياللارنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، ئۇنى تۈرلەرگە ئايرىپ رەتلەشكە باشلىدىم. تۇرپاننىڭ

1962 - يىلىدىن كېيىن ئاساسىي جەھەتتىن تۇراقلىشىپ، مەكتەپنىڭ سىياسىي - ئىجتىمائىي ھاۋاسى ۋە ئوقۇ - ئوقۇتۇش كەيپىياتى جانلىنىشقا باشلىدى. مەركەزنىڭ «سىنىپى كۆرەشنى تۇتقا قىلىپ ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش» توغرىسىدىكى يوليورۇقلىرىنىڭ ئىلھامى ۋە تۈرتكىسى بىلەن 1963 - يىلى باھاردىن باشلاپ، سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى قانات يايدى. نەتىجىدە 1963 - يىلى 5 - ئايدا 64 - يىللىق ئىككى سىنىپ (تەخمىنەن 50 نەپەردىن ئارتۇق) ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىلار يېتەكچى مۇئەللىملەرنىڭ ھەمراھلىقىدا تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ يارغول يېزىسىغا ئىككى ئايلىق پاراكتىكىغا كەلدۇق. پاراكتىكىدا بىزگە ئىككى ۋەزىپە يۈكلەندى. بىرى دېھقانلار بىلەن تاماقتا، ياتاقتا، ئەمگەكتە، ئۆگىنىشتە بىللە بولۇپ، سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىنى تەشۋىق قىلىش، يەنە بىرى «تۆتتە بىللە بولۇش» ئاساسىدا تۇرپاندىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلاش، ھەر ھالدا 1961 - يىلى ئىلىدا ئېلىپ بېرىلغان خەلق ئەدەبىياتىنى يىغىش جەريانىدا ئازدۇر - كۆپتۇر تەجرىبە - ساۋاققا ئىگە بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ قېتىمقى توپلاش، ئۆگىنىش ئۈنۈملۈك ۋە كۆڭۈللۈك ئۆتتى. تۇرپاننى «ئوت ماكانى» دېسە ئىشەنمەپتىكەنمەن، 6 - ئايدا بىز تۇرغان يارغول يېزىسىنىڭ تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن يۇقىرى قىرىق سىلسىيە گىرادۇس ئەتراپىدا ئىدى. كېچىسى ئۆيدە ئۇخلاش مۇمكىن بولمىغاچقا، يېنىمىزدىكى قۇم دۆۋىسىگە چىقىپ، ئاينى يېپىنچا، قۇمنى سېلىنچا قىلىپ ئۇخلاشنى ناھايىتى راھەتلىك ھېس قىلاتتۇق. قۇم ئۈستىدە بەھۇزۇر ئېغىناپ، تۇرپاندىن توپلىغان موللا زەيدىن لەتىپىلىرىنى ھېكايە قىلىشاتتۇق. «ئالىمخان»، «نازىركوم» قاتارلىق تۇرپاننىڭ يەرلىك ناخشا - قوشاقلىرىنى ئېيتىشاتتۇق.

ئايدىن كېيىن، ساۋاقدىشىم ئابلىمىت ئىسمائىل سالاپەتلىك بىر كىشى مېنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. مەن ياتىقىمغا چىقىپ مېنى ساقلاپ تۇرغان بۇ كىشى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇم.

— سىز ئابدۇكېرىم ئابدۇراھمان بولامسىز؟ — دەپ ئىللىق كۈلۈمسىرىدى ئۇ كىشى.

— ھەئە.

— مېنىڭ ئىسمىم رەھىم قاسىم. «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلىدا ئىشلەيمەن. سىز بىلەن تونۇشاي دەپ كەلدىم.

— رەھمەت، دېدىم-دە، ھودۇقىنىمدىن باشقا گەپ قىلالمىدىم. مەن بۇ كىشى بىلەن يۈز كۆرۈشمىگەن بولسامۇ، لېكىن تاتلىق شېئىرلىرى ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرى ئارقىلىق بۇ خوش پېئىل كىشى ماڭا تونۇش ئىدى. مەن سۆيۈپ ئوقۇغان جاڭ جۇمىنىڭ «دەسلەپكى مۇھەببەت» ناملىق شېئىر توپلىمىنىمۇ مۇشۇ كىشى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان. بۇنداق ئىقتىدارلىق قەلەم ساھىبىنىڭ مەندەك بىر ئاددىي ھەۋەسكار ئوقۇغۇچىنى ئىزدەپ كېلىشى مېنى قاتتىق تەسىرلەندۇردى ۋە قەلبىمدە ھۆرمەت تۇيغۇسى ئويغاتتى. ئوقۇغۇچى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن مېھمانىنىڭ ئالدىغا يايغىدەك داستىخىنىمىز يوق ئىدى. «قايناقسۇ ئىچ — كۆڭلۈڭ تىچ» دېگەندەك، چىغ قاپلىق چايداندىن بىر پىيالە قايناقسۇ قۇيۇپ بۇ مېھمانغا سۇندۇم.

— كايىماڭ ئۇكا. مەنمۇ ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىنى بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن. بىز ئەركىن پاراڭلىشايلى، — دەپ مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، ئۇ كىشى.

ھېكايە ـ چۆچەكلىرى بىلەن «موللا زەيدىن لەتىپىلىرى»نى ئايرىپ چىقىپ بىر توپلام قىلدىم. ناخشا ـ قوشاقلارنى مەزمۇن تۈرى بويىچە رەتلەپ يەنە بىر توپلام تۈزدۈم. ماقال ـ تەمسىللەر، ھېكمەتلىك پارچىلار، سۆز ئويۇنلىرى، تېپىشماق قاتارلىقلارنى ئايرىم خاتىرىلەپ يەنە بىر ئەبجەش توپلام قىلدىم. بۇ خىزمەتكە ئۆزۈم قىزىققاچقا خېلى تۇججۇپىلەپ ئىشلەپ 20 نەچچە كۈندە تاماملىدىم. فاكۇلتېت رەھبەرلىكى بۇ تۇنجى قېتىملىق خىزمىتىمدىن رازى بولۇپ، 50 يۈەن نەخ پۇل بىلەن مۇكاپاتلىدى.

بىز 9 ـ ئايدا ئۇنىۋېرسىتېتتىكى بەش يىللىق ئوقۇشنىڭ ئاخىرقى يىلىغا قەدەم قويدۇق. ئەدەبىياتقا يېقىندىن تەسىر قىلىنغان تاللانما دەرسلەر بىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، ئۆزلۈك ئېڭىمىزدا سىلكىنىش پەيدا قىلاتتى. ھەر بىرىمىز ئۆزىمىز قىزىققان تېمىلارنى تاللاپ سىناق مەيدانىدا بەسلىشەتتۇق. مەنمۇ دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا بىر قانچە پارچە ئەدەبىي ئوبزور يېزىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن «جاك جۇمىنىنىڭ ‹دەسلەپكى مۇھەببەت› ناملىق شېئىر توپلىمىنى ئوقۇغاندىن كېيىنكى تەسىراتىم» سەرلەۋھىلىك ماقالەمنى تاللاپ ئۆزۈمنى سىناپ بېقىش مەقسىتىدە، رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى بىردىنبىر نوپۇسلۇق ژۇرنال بولغان «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» (ھازىرقى «تارىم») ژۇرنىلى رىداكسىيەسىگە ئەۋەتتىم. بۇ يىللاردا بىزدەك ھەۋەسكار ئوقۇغۇچىلار بۇنداق ئالىي ژۇرنال تەھرىراتىغا بىۋاسىتە بېرىپ، مويسىپىت تەھرىرلەر بىلەن كۆرۈشۈشتىن ئەيمىنەتتۇق. چۈنكى بىزنىڭ نەزىرىمىزدە بۇنداق مۆتىۋەر ژۇرنالدا ئىشلەيدىغانلار گوياكى «سەنئەت ئىلاھى»دەك سىرلىق كۈچكە ئىگە ئىدى. شۇڭا ئەدەبىيات كوچىسىدا تەمتىرەپ يۈرگەن بىزدەك «تەنتەك»لەر ئۇلاردىن قانداقمۇ ئەيمەنمىسۇن؟! مەن ماقالەمنى ئەۋەتىپ بىر

دۇنياسىدا مۇئەييەن غايە تىكلەش، ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان كەسىپكە ئېتىقاد تۇرغۇزۇش، ئوبيېكتىپ دۇنيا ئۈستىدە ئۈزۈكسىز ئىزدىنىش، يېڭىلىققا ئىنتىلىش ۋە ھەقىقەت ئۈچۈن جانپىدالىق كۆرسىتىشتە ئىپادىلىنىدۇ. زۆرۈر ماددىي تۇرمۇش شارائىتى ئاساسىدا مۇشۇنداق ساغلام مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ بولۇشى بەخت ئىستىكىدىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلىدۇر. مەن ئەنە شۇنداق ھاياجانلىق خىياللار ئىلكىدە بۈگۈنكى سۆھبەتتىن تويغىنچە لەززەتلەندىم. كەسپى ئۇستاز ئالدىدا مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرمەي ئەپسۇسلۇق ئىچىدە خوشلاشتىم. لېكىن بۇ سۆھبەت ماڭا ئىلھام ۋە قۇۋۋەت بەردى. شۇنىڭدىن بۇيان مەن بۇ ژۇرنالنىڭ دائىملىق ئاپتورىغا ئايلىنىپ قالدىم.

مەن مۇشۇ دەقىقىدە ئەنۋەر تاشتۆمۈرنىڭ «ئۆزلۈك دىيالوگى»دىكى مۇنۇ بىر ئابزاس پەلسەپىۋى پىكىرنى تەكرارلىغۇم كەلدى.

«ئىنسان ئۆزلۈكىنىڭ ئۈزۈكسىز دىيالوگى. ھەر بىر دىيالوگ ئىنساننىڭ خاس ئۆزلۈكىنى ئۇنىڭ خاس پەللىسى بىلەن قوشۇپ تەپسىر ئېيتىدۇ. شۇڭا ئىنساندىن ئىبارەت بۇ دىيالوگ سوئالدىن باشلىنىپ جاۋابتا ئاخىرلىشىدۇ. يەنە مۇشۇ خىل ھالەتتە جاۋاپتىنمۇ كېسىپ ئۆتۈپ، سوئال شەكلىدە تۇغۇلۇپ بارىدىغان چەكسىز جاۋاب ئىمكانىيەتلىرىگە تۇتىشىدۇ. ۋاھالەنكى، ئىنسان ماھىيەت چىمەنزاردىن كۆرە، ھادىسە باياۋانىدا كۆلۈشى قائىدىلەشتۈرۈپ، چەكسىزلىك ئوقۇمىدىن نىسپىي مۇستەسنا تۇرىدىغان بولغاچقا، سوئالدىن باشلىنىدىغان ئۆزلۈك دىيالوگىنىڭ جاۋابىنى ئىنساننىڭ چىقىش نۇقتىلىرى بىلەن غايە مەنزىللىرى ئارىسىغا قاتلاملار بويىچە قويۇپ ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، بۇ دىيالوگدا ھەر بىر ئىنسان سوئالنى ئۆز ـ ئۆزىدىن سورايدۇ. جاۋابىنىمۇ ئۆز ـ ئۆزىدىن ئالىدۇ. دىيالوگ داۋامىدا سوئال بىلەن

— سىزنىڭ ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتكەن ماقالىڭىزنى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە كۆرۈپ چىقتىم. ماقالىڭىز ناھايىتى ياخشى چىقىپتۇ. كۆز قاراشلىرىڭىز ئىجادى، نەزەرىيە جەھەتتىمۇ يېڭىلىق بار ئىكەن. ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدا ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئەڭ ئاجىز ھالقىلارنىڭ بىرى. ماقالىڭىزدىن قارىغاندا سىز مۇشۇ ساھەدە يېزىقچىلىق قىلسىڭىز ئۇزۇپ چىقالايدىكەنسىز. بولغۇسى ھوسۇل كۆكىدىن مەلۇم بولىدۇ. تەھرىر بۆلۈم مەسئۇللىرىمۇ بۇ ماقالىڭىزنى كۆرۈپ قايىل بولدى. ھەمدە كېلەر سانلىق ژۇرنالدا ئېلان قىلىشنى قارارلاشتۇردۇق. بۇنىڭدىن كېيىن ژۇرنىلىمىز بىلەن كۆپرەك ھەمكارلىشىڭ. سىلەردەك ياش ھەۋەسكارلار ئۈچۈن تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ ئىشىكى ھەر ۋاقىت ئوچۇق.

مەن قاتتىق ھاياجانلانغاچقا: «مېنى قوللىغانلىقىڭلارغا رەھمەت!» دېگەندىن باشقا گەپ قىلالمىدىم. ئەدەبىي يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئىككى چوڭ خۇشاللىقى بولىدۇ. بىرى، بىر ئەسەر يېزىشنى پىلانلاپ، ھارغان - ئاچقىنىغا قارىماي ئۇنى يېزىپ تاماملىغاندا «ئۇھ» دەپ ئۆز - ئۆزىدىن خۇشاللىنىدۇ. يەنە بىرى، شۇ يازغان ئەسىرى بىرەر مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنسا، ئەمگەك مېۋىسىدىن ھاياجانلىنىپ يەنە بىر خۇشاللىققا چۆمىدۇ. مېنىڭچە، ئەدىب دېگەنلەرنىڭ بۇنىڭدىن ئارتۇق خۇشاللىقى بولمىسا كېرەك. ئادەم دېگەن ئاجايىپ سىرلىق مەخلۇق ئىكەن. بەزىدە ماددىي جەھەتتىكى تويۇنۇش ئۇ كىشىگە خاپىلىق ئېلىپ كېلىدىكەن. بەزىدە مەنىۋى جەھەتتىكى بىردەملىك ئاددى تويۇنۇشمۇ ئۇ كىشىگە ئالەمچە خۇشاللىق بېغىشلاپ ئۆزىنى بەخت قوينىدا ھېس قىلىدىكەن. دېمەك، «بەخت» بىلەن «بەختسىزلىك» ئىككى ياقىلىققا ئىگە قىممەت قارىشىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، مەنىۋى ئىنتىلىشنى ھەقىقىي مەنىگە قىلىش ئالدى بىلەن ئۆزلۈك

ئاخىرقى يىلىغا قەدەم باسقاندىن بۇيان «كەچ قالغان بازارچى»دەك ھەممە ئىشقا ئالدىرايتتۇق. بۇ يىلمۇ ئالدىنقى يىلغا ئوخشاش مەركەزنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن ئالىي مائارىپ ھەققىدىكى «60 ماددا»نى ئۆگىنىش، «تۆتنى ئېنىقلاش»، «سوتسىيالىستىك تەربىيە» قاتارلىق ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان سىياسىي ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىشتىن سىرت، ئاساسىي زېھنىمىزنى كەسپى ئۆگىنىشكە قارىتىپ، كەچتە چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتمىگىچە سىنىپتىن ئايرىلمايتتۇق. شۇنداق جىددىي ئۆگىنىش پەيتلىرىدە، مەن بىلەن قېرىشقاندەك بىر كېسەل چاپلاشتى. بۇ دەل يېڭى يىل ئاخشىمى ئىدى. مەكتەپتە ئۆتكۈزۈلگەن يېڭى يىلنى قارشى ئېلىش پائالىيىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ماتېماتىكا فاكۇلتېتىدا مەن بىلەن پاراللېل ئوقۇيدىغان دوستۇم بىر قانچە ئاغىنىلەرنى مېھمان قىلماقچى بولۇپ، سەنشىخاڭزىدىكى ئىككىنچى ئاشخانىغا ئېلىپ باردى. بۇ كۈنى ئۆرۈمچىدە جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇق بولغان ئىكەن. «ياشلىق ــ بەڭۋاشلىق» دەپ، مەن تانسىغا كېيىنگەن يىلىڭ كىيىم بىلەنلا پىيادە يولغا چىقىپتىمەن. بىز ئاشخانىدا راسا قىزىۋېلىپ، يېرىم كېچىدە ئەلەڭ ـ سەلەڭ دەسسەپ مەكتەپكە قايتىپ كەلدۇق. شۇ كېچىسى قىزىتمام ئۆرلەپ پەقەت ئۇخلىيالمىدىم. ئەتىسىمۇ قىزىتمام قايتمىدى. ھالسىزلىنىپ ئورنۇمدىن تۇرالمىدىم. ساۋاقدىشىم مەتروزى بىلەن غالىم مېنى يۆلەشتۈرۈپ، يېنىمىزدىكى دوستلۇق دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ باردى. دوختۇرخانىدا قان ۋە سۈيدۈكنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق دوختۇر ماڭا «جىددىي خاراكتېرلىك بۆرەك ياللۇغى» دەپ دىياگنوز قويۇپ، دەرھال بالنىستتا يېتىپ داۋالىنىشنى ئۇقتۇردى. شۇنىڭ بىلەن 45 كۈن مىدىرلىماي بالنىستتا يېتىپ داۋالاندىم. ماڭا مەسئۇل بولغان پاتەم دوختۇر ئاجايىپ ئەستايىدىل، مەسئۇلىياتچان

جاۋاب يېرىم ئارقىلىق بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ، ئىنساننىڭ ھاياتتىكى ئاساسىي بۇرچى بىلەن ئاساسىي قىممىتىنى تەپسىر ئېيتىدۇ. دىيالوگ چوڭقۇرلاشقانچە چەكسىزلىكنىڭ پايانى شۇنچە روشەنلىشىپ، ئىنساننىڭ يەنىمۇ يۈكسەك مەنىۋىي پەللىلەرنىڭ ھالقىشىغا كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىلىدۇ.»

دېمەك، ئىنسان مۇئەمماسى ھامان ئۆزلۈك تورىدىن ئۆتكۈلۈك توپىغا ھالقىغاندا يېشىلىدۇ. شۇ چاغدا، ئۆزلۈك ئىنسانلىققىچە يۇتۇنلۇك قىممىتى قوشۇلۇپ، ھەممەتلىرىنىڭ قىممەتكە، قىممەتلىرىنىڭ ھەقىقەتكە، ھەقىقەتلىرىنىڭ سائادەت ۋە كامالەتكە ئىمكانىيەت يارىتىدۇ. چۈنكى ئىنسان ئەينەك بولمىسا ئۆز چىرايىنى كۆرەلمەيدۇ. ئۇ ئۆتكۈلۈكسىز ئۆزلۈكىنىمۇ بىلەلمەيدۇ. شەمسىدىن تەبرىزى تەبىرلىگەندەك «ھەممىنىڭ يۈزى كەئبىگە قارىغان، كەئبىنى ئېلىۋەتسەك مەلۇم بولىدىكى، ئىنسانلار بىر ـ بىرىنىڭ قەلبىگە سىغىنىدۇ. بىرىنىڭ قەلبى — باشقىسى ئۇچۇن سەجدىگاھ.» شۇڭا ئادالەت يۈكىنى ئۆزلۈكنىڭ تارازىسىدا ئەمەس، ئۆتكۈلۈكنىڭ تارازىسىدا تارتىش كېرەك. بىز شۇ پەللىگە يەتكەندە ئادەم بىلەن ئالەمنىڭ تۇپلۇك ماھىيىتىنى زاھىرەن چۈشىنىپ، ئۆزلۈك كوچىسىدىكى ئۇچ ـ ئاداۋەتلەردىن، ۋەسۋەسىلىك قاباھەتلەردىن، قىممىتى يوق تاپاۋەتلەردىن، زەھەر يالىتىلغان «شاپائەت»لەردىن خالىي ھالدا ئىناقلىق باغرىدىكى ئالەملىك ھەقىقەتلەرگە جور بولالايمىز. مانا بۇ «مەن» ۋە «سەن» ئارزۇ قىلغان ياشاش يولى، ئارىغلىق مۇقامىنىڭ مەنزىلگاھى.

مەن شۇ تاپتا نېمىلەرنى دېگەنلىكىمنى ئاڭقىرالمايمەن. «جەڭچىنىڭ كەمىرىدىكى شەمشەر غىلابىدا تۇرۇپمۇ ئۇنىڭغا كۈچ بېغىشلىغان.»دەك، مەنمۇ ستودېنتلىق ھاياتىمدىكى ئازغىنە خۇشاللىقتىن ھاياجانلانغان بولسام كېرەك. ھايات شۇنداق داۋاملىشىدۇ. ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ھاياتىمىزنىڭ

ئوقۇتۇشى شۇ ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇ ئۇسۇلنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئەۋزەللىكى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈش، ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش، مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، يېزىقچىلىق سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئەستە قالدۇرۇش فىزىنومىيەسىنى تاۋلاش قاتارلىق جەھەتلەردە پايدىلىق رول ئوينايتتى. مەن ھازىرغىچە شەخسى كۇتۇبخانامدا ساقلاپ كېلىۋاتقان لىكسىيە خاتىرىلىرىم نەچچە ئون مىڭ بەتتىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ ھەممىسى قەلەم تۇتۇپ قاداق بولۇپ كەتكەن ئوڭ قولۇمدا يېزىلغان. گەرچە بۈگۈنكى ئۇچۇر دەۋرىدە مىليونلىغان كىتاب، خاتىرىلەرنى تىرناقچىلىك ئېلېكتىرون دىسكىلىرىغا سىغدۇرۇش ئىمكانىيىتى يارىتىلغان بولسىمۇ، ھالال تەرىمدىن پۈتۈلگەن بۇ «توقام خاتىرە»لىرىمنى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋېتىشكە كۆزۈم قىيمايدۇ. ھازىرمۇ قەلەمگە تايىنىپ يېزىقچىلىق قىلىش ئادىتىمنى تاشلىيالمىدىم.

ئاخىرقى ئوقۇش يىلىنىڭ ئىككىنچى مەۋسۇمىدا، ئوقۇتۇش پىروگراممىسىدىكى ئاساسىي دەرسلەر ئاخىرلىشىپ قالغاچقا، بەزى تاللانما لېكسىيەلەرنى ئاڭلاشتىن باشقا ۋاقىتلاردا، ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيەسى يېزىش تېخى بۇ يىللاردا رەسمىي يولغا قويۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىمتىھاننىڭ سۈرى يامان بولغاچقا، ھەممىمىز «كىتاب بەندىسى» بوپكەتتۇق. شۇنداق قىلىپ ئىمتىھان مەزگىلىمۇ يېتىپ كەلدى. ئىككى ھەپتە ئىچىدە بەش يىل ئوقۇغان دەرسلەردىن قەغەزچە ۋە ئېغىزچە ئىككى خىل شەكىلدە ئىمتىھان بېرىپ چوڭ «يوك»تىن يەڭگىللىدۇق. ھازىرقى ئالىي مائارىپ تۈزۈلمىسىدە ئىمتىھان شەكلىمۇ ئىسلاھ قىلىنىپ، ئېغىزچە ئىمتىھان ئەمەلدىن قالدى. ئەينى يىللاردا ئېغىزچە ئىمتىھان شەكلى (سوئال چېكىنى مەخپىي تارتىش ئۇسۇلى بىلەن قولىغا چىققان

بولۇپ يېنىمدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرەتتى.

— كېسىلىڭىزنى سەل چاغلىماڭ، بىزگە ماسلىشىپ ياخشى داۋالانسىڭىز تېز ساقىيىپ كېتىسىز. بولمىسا كېسەلنىڭ ئاسارىتى قىلىپ، كېيىنچە سىزنى قىينايدۇ، دەپ دائىم روھىي جەھەتتىن ماڭا ئىلھام بېرەتتى. پاتەم دوختۇر ئەسلىدە شىنجاڭ مېدىتسىنا ئىنىستىتۇتىنى 1962 - يىلى پۈتتۈرگەن 2 - قارارلىق ئوقۇغۇچىسى ئىكەن. كەسىپچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا، ئىككى يىلدىلا مۇشۇ دوختۇرخانىنىڭ غوللۇق ۋراچى بوپتۇ. «ئاق خالاتلىق پەرىشتە» دېسە، مەن مۇشۇ دوختۇرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىمەن. ماڭا قىلغان غەمخورلىقىنى زادى ئۇنتالمايمەن. ھۆرمەتكە سازاۋەر بۇ دوختۇر، يەنە كېلىپ مېنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئاقكۆڭۈل سىنىپ مۇدىرىم مۇھەممەت زۇنۇن بىلەن مۇھەببەتلىشىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ بوران - چاپقۇنلۇق يىللىرىدا توي قىلىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز ناھايىتى قويۇق ئارىلىشىپ ئۆتتۇق. دۇنيا ياخشى ئىنسانلارغا بىۋاپا ئىكەن. بۇ «ئاق خالاتلىق پەرىشتە» تېببىي ساھەدە نام - شۆھرەتكە ئېرىشىپ، تازا ۋايىغا يەتكەن مەزگىللىرىدە، شۇم ئەجەل ئۇنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ كەتتى. ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن!

مەن بۇ مەرھۇمە دوختۇرنىڭ شىپالىق قولىدا ساقىيىپ بالنىستتىن چىققاندىن كېيىن، قاتنىشالمىغان دەرسلەرنىڭ كونسىپكىلىرىنى كۆچۈرۈش بىلەن بەند بولۇپ، كۆڭلىرىم ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتتى. بۇ يىللاردا تېخى ئۇيغۇر تىلىدا تۈزۈلگەن بىر تۇتاش قوللىنىدىغان دەرسلەر، قوللانمىلار بولمىغاچقا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ لېكسىيەنى تولۇق خاتىرىلەپ ئېلىشقا تايىناتتۇق. بۇ گەرچە بۈگۈنكى دەۋر ئالىي مائارىپ ئوقۇتۇشىدا «قالاق ئۇسۇل» دەپ قارالسىمۇ، لېكىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن بۇرۇن ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ

بۇ نامنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى مۇنداق ئىككى «قىزىل»نى ئىپادىلىگەن. بىرى، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى قىزىل ئىز باسارلارنى تەربىيەلەيدىغان مەكتەپ قىلىپ قۇرۇپ چىقىش» شوئارىدىكى «قىزىل» (红)نى گەۋدىلەندۈرۈش. يەنە بىرى، شۇ يىللاردا پۈتۈن مەملىكەتتە كەڭ كۆلەمدە قويۇلۇپ زىلزىلە پەيدا قىلغان «خۇڭخۇ چى ۋېدۈي» (洪湖赤卫队) ناملىق ئىنقىلابى كىنونىڭ سىمۋوللۇق بەلگىسى سۈپىتىدە «洪湖» نامىنى قوللىنىش، «红» بىلەن «洪» خەنزۇچىدا ئوخشاش تاۋۇش بولغاچقا، ئىككى ئىنقىلابى نامنى بىرىكتۈرۈپ، بۇ كۆلگە «红湖» دېگەن سىياسىي نامنى بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن يېرىم ئەسىردىن بۇيان «خۇڭخۇ» دېگەن بۇ نام يەر ـ جاي ئىسمى سۈپىتىدە بىزنىڭ تىلىمىزغا سىڭىپ كەتتى.

كۆلنىڭ ئىسمى قويۇلغاندىن كېيىن، 1964 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن مەكتەپ پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋېن خوخۋا پۈتۈن ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلارغا «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى خۇڭخۇ كۆلىنى چوقۇم ياخشى قۇرۇپ چىقايلى.» دېگەن دوكلاتىنى بېرىپ، پۈتۈن مەكتەپنى سەپەرۋەر قىلدى. ھەممە نەق مەيداندا لېنتا كېسىلىپ ئىش باشلاندى. بۇ ھەقىقەتەن ئۆز كۈچىگە تايىنىپ خالىس ئىشلەيدىغان، كېيىنكىلەرگە بەخت يارىتىدىغان، ئۈمىد ۋە ئىشەنچكە تولغان ئۇلۇغۋار قۇرۇلۇش ئىدى. بۇ قۇرۇلۇشقا ھەر كۈنى 1000 ئەمگەك كۈچى ئىشلەيتتى. جەمئىي 25 مىڭ ئەمگەك كۈچى بىلەن كۆلنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى پۈتتۈرۈش پىلانلانغان ئىدى. بىزمۇ تەقسىمات ئېلان قىلىنغىچە 20 كۈن مۇشۇ كۆل قۇرۇلۇشىدا ئىشلىدۇق. چىم بىلەن قاپلىنىپ كەتكەن سازلىقنى كەتمەن، ئىشاڭ بىلەن ئاغدۇرۇپ، ئۇنى زەمبىل بىلەن كۆتۈرۈپ 15 مېتىر ئېگىزلىككە ئېلىپ چىقاتتۇق. ھازىر كۆلنىڭ جەنۇپ

چەكتىكى سوئاللارغا ئاغزاكى جاۋاب بېرىش) ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي بىلىش ئىقتىدارىنى سىنايدىغان «مەرتنى مەيداندا سىناش»تىن ئىبارەت جانلىق ئۇسۇل، دەپ قارىلاتتى. ھازىرقى ئالىي مەكتەپ دەرسخانىلىرىدا مۇئەللىم سوئال سورىسا كىتابقا قارىماي تۇرۇپ ئىككى ـ ئۈچ مىنۇت ئەركىن سۆزلىيەلمەيدىغان «ستودېنت»لىرىمىز ئاغزاكى ئىمتىھان ئۇسۇلىنىڭ نۇتۇق سەنئىتىدىكى ئەۋزەل رولىنى ھېس قىلالمايدۇ. دەۋرەقە، نۇتۇق سەنئىتى ئىنسانلىق قىممىتىدىكى بىر ماھارەت.

ئىمتىھاننى تۈگىتىپ خىزمەت تەقسىماتىنى تۈت كۆز بىلەن كۈتۈپ تۇرغان مەزگىللەردە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخىدا يەنە بىر چوڭ قۇرۇلۇش باشلاندى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەكتەپ قوروسى ئەينى يىللاردا 1500 مودىن ئارتۇق كۆلەمگە ئىگە بولۇپ، مەكتەپ دۆڭچاڭى (دېھقانچىلىق مەيدانى) بىلەن ئوقۇتۇش رايونى ئارىسىدا كۆپلىگەن تەبىئىي بۇلاقلاردىن تەركىب تاپقان چوڭ سازلىق بار ئىدى. لېكىن بۇ سازلىق ئەسىرلەردىن بۇيان ھېچقانداق پايدىلىنىلمىغان. مەكتەپتىكى كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ تەكلىپ ـ پىكىرلىرى ئاساسىدا قۇرت ـ قوڭغۇز، پاشىلارنىڭ ئۇۋىسى بولغان بۇ سازلىقنى ئۆزگەرتىش مەكتەپ خىزمىتىنىڭ كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈلۈپ، 1964 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى مەكتەپ خوجىلىق باشقارمىسى مەسئۇللۇقىدا بۇ 55 مو كۆلەمدىكى سازلىقنى ئۆزگەرتىشنىڭ كونكرېت پىلان لايىھەسى ئىشلىنىپ مەكتەپ پارتكومىغا سۇنۇلدى. مەكتەپ رەھبەرلىكى 1964 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى بۇ لايىھەنى تەستىقلاپ «سازلىقنى ئۆزگەرتىپ كۆل ياساش» خىزمەت پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەممە ئەستايىدىل ئويلىشىپ بۇ كۆلگە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى خۇڭخۇ كۆلى» (新疆大学红湖) دەپ سىمۋوللۇق ئات قويدى. سىياسىي تۈسكە ئىگە

مەندە ئەزەلدىن چوڭلار ئالدىدا تەمتىرەپ ئاغزىمدىن گەپ چۈشۈپ قالىدىغان بىر خىل پىسخىك ئادەت ئېغىر ئىدى. ھەددىدىن تاشقىرى تارتىنچاقلىق ئادەمنى جۈرئەتسىز قىلىپ قويىدىغانلىقىنى چۈشەنسەممۇ، لېكىن ئائىلە تەربىيەسىدىن سىڭگەن بۇ ئادەتتىن ئالدىراپ قول ئۈزەلمەيتتىم. ماڭا بەش يىل ئىلىم بېرىپ دىلىمنى يورۇتقان ئوقۇتقۇچىلىرىم بىلەن بىر سەپتە ئىشلەشتىن ۋاز كېچىش تېخىمۇ ئەخمىقانىلىق، «ۋاپاغا جاپا قىلغانلىق». مەن ئەنە شۇنداق قاتمۇ - قات زىددىيەتلەر ئىچىدە ئاخىرى بۇ رېئاللىقنى قوبۇل قىلدىم.

چوڭ تەقسىماتتىن كېيىن، فاكۇلتېت مۇدىرىمىز مەتىمىن خۇدابەردى ئاكا بىزگە ئايرىم يىغىن ئېچىپ ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈردى. ھەمدە يېڭى خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن، تىل - يېزىق تەتقىقات ئورگانلىرى، قېرىنداش ئالىي مەكتەپلەرگە ۋە ئاز بىر قىسمى ھەر قايسى ۋىلايەتلەرگە تەقسىم قىلىندى. بۇ يىللاردا، ھەر قانداق سەۋەب بولۇشتىن قەتئىينەزەر دۆلەت تەقسىماتىغا مۇتلەق بويسۇنۇش ھەممىمىزنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلانغان. شۇڭا شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئىلى، چۆچەك، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىن كېلىپ ئوقۇغان ئۇيغۇر، قازاق ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قىسمى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەر، خوتەن قاتارلىق چەت رايونلىرىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ، گۈزەل ياشلىق باھارىنى چەت ياقا يۇرتلارغا تەقدىم قىلغان. قىسقىسى، ئاڭ جەھەتتە ۋەتەننىڭ ھەممە يېرى ئۆز ئائىلىمىزدەك مېھرى - مۇھەببەتلىك ئىدى.

دېمەك، بىز شېرىن ھېس - تۇيغۇ بىلەن ئارزۇ - غايە بىر گەۋدىلىك ھاياتنىڭ بىرىنچى داۋنىدىن ھالقىپ «مەرتنى مەيداندا سىنايدىغان» ئىككىنچى داۋانغا ياماشتۇق. خىزمەت تەقسىماتىدىن كېيىن، ئۆزۈمنى چۈش كۆرگەندەك ھاياجان ئىچىدە ھېس قىلدىم. قەلبىمنى ھەم شەرەپ ھەم ئەنسىرەش

تەرىپىدە قەد كۆتۈرگەن ئېگىز تاغ ئەنە شۇ يىللاردا قېزىلغان كۆلنىڭ تولىسىدىن ھاسىل بولغان. ئىش قىلىپ، بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا گۈزەل ھۆسۈن قوشۇپ، پۈتۈن مەكتەپتىكى ھەتتا ئەتراپتىكى كەڭ ئامىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئارامگاھى بولۇپ قالغان «خۇڭخۇ» كۆلىنىڭ بىرىنچى كەتمىنىنى بىز چاپقانلىقىمىز ئۈچۈن ئۆزىمىزدىن پەخىرلىنىش ھېس قىلىمىز. بۇ بىزنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرغان ئاستانىمىز، ھالال ئەمگەكتىن پۈتۈلگەن داستانىمىز.

كۈتكەن مىنۇتلارمۇ يېتىپ كەلدى. 1964 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تولۇق كۇرس ئىككىنچى قارارىنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ خىزمەت تەقسىماتى ئېلان قىلىندى. بىزنىڭ سىنىپتىن تۆت نەپەر (مەن، مەتروزى ھېيت، ھېيمىت مەخسۇت، تۇرسۇن قۇربان)، پاراللېل سىنىپتىن بىر نەپەر (مەمتىمىن)، خەنزۇ تىلى كەسپىدىن ئۈچ نەپەر (ئۇرازبىك، قىرزىكېرىم، رەيھان) قاتارلىق سەككىز نەپەر ئوقۇغۇچىنى ئانا مەكتىپىمىزنىڭ جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلدى. قالغان ساۋاقداشلىرىمنى بېيجىڭ مەركىزى مىللەتلەر نەشرىياتىدىن تارتىپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت، نەشرىيات، گېزىتخانا قاتارلىق ئورۇنلارغا تەقسىم قىلدى. مەن بىر تەرەپتىن يېڭىچە بەخت تۇيغۇسىغا چۆمدۈم. يەنە بىر تەرەپتىن بىر خىل ئوڭايسىزلىق ئىچىدە ئەنسىرەش ئوتىدا پۇچىلاندىم. شەرەپ ئىچىدە گاڭگىراش ئىنسان تەبىئىتىنىڭ خاسلىقى، ئەلۋەتتە.

چۈنكى، مەن تېخى «پىشمىغان غورا» بولسامۇ تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ ئالىي مائارىپ سېپىنىڭ شوڭقارلىرى بولغان ئوقۇتقۇچىلىرىمنىڭ سېپىگە قېتىلىپ قالدىم. ئادەتتە ئالدىن توغرا ئۆتەلمەيدىغان سالاپەتلىك ئوقۇتقۇچىلىرىم ئالدىدا مەن تەمتىرىمەي قانداقمۇ دەرس مۇنبىرىگە چىقالايمەن؟

بەشىنچى باب

## ھايات سىنىقى

*ئوغلان سىنىلار چېلىشتا ـ جەڭدە،*
*شۇڭقار قەپەزگە بولمايدۇ بەندە.*
*ئۆلۈم يا كۆرۈم تەقدىر ـ پېشانەڭ،*
*بىرسىنى تاللاش ھوقۇقى سەندە.*

«سۇ ئىلاھى»نىڭ قەھرى تاشسا كۆككە باش سوزغان قورام تاشلىق «تاغ ئىلاھى»نىمۇ، تەبىئەتكە ھۆسن ئاتا قىلىدىغان «يېشىللىق ئىلاھى» شەمشاد، چىنارلارنىمۇ، جەننەت ياڭلىغ گۈل ـ گۈلىستان مىرغىزارلىق باغلارنىمۇ، قىلىچىنىڭ كۈچى بىلەن دۇنيانى بويسۇندۇرغان جاھانگىرشاھ شاھەنشاھلارنىڭ تەختى ـ بەختىنىمۇ «توپان بالاسى»نىڭ يېمىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەندەك، بىر ھۆكۈمران ھاكىمىيەتمۇ بىرەر خىرىسنىڭ شەپىسىنى سەزسە «ئىنقىلاب» ناملىق بۇ جەلبكار «كۇزۇر» ئارقىلىق ئاۋامنىڭ دىلىنى رام قىلىپ «رەقىپ»لىرىنى چەيلەيدۇ. بۇ ئەلمىساقتىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان «يېشىل ياقىلىق» جەمئىيەت ئېكولوگىيەسى، «قىلىپى» ئوخشىمىسىمۇ «ئۆرۈقى» رەڭداش بولغان ھوقۇق پەلسەپىسى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى. مەنمۇ ئەقلىمنى تاپقاندىن باشلاپ كۆنلىرىم «ئىنقىلاب» ئىچىدە ئۆتتى. سەمەندەر ئوتقا ئاشىق بولغاندەك، مەنمۇ ھاياتلىق يېپى

تۆيغۇسى چىرمىۋالدى. ئۆزى ئوقۇغان مەكتەپكە، يەنە كېلىپ شىنجاڭدىكى ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتى سۇپىتىدە، ھەممە كىشى تەلپۈنىدىغان نوپۇسلۇق ئالىي مەكتەپ — شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇتقۇچى بولۇشتىن كىممۇ شەرەپ ھېس قىلمىسۇن دەيسىز؟! ... مېنى ئەدەبىيات نەزەرىيەسى كافېدراسىغا بۆلدى. مەن ئۆزۈم قىزىققان كەسىپكە بۆلۈنگەنلىكىمدىن خۇش بولدۇم. ھەمدە شۇ يەردىلا دىلىمغا مۇنۇ نەزمىنى پۈتتۈم.

*ئىلىم ـ ئىرپان يولىدا مەشئەل بولۇپ يانماقتا،*
*ئەۋلادلارنىڭ دىلىغا زەمزەم بولۇپ تامماقتا.*
*سوقسا بوران ـ چاپقۇنلار ھەقنى بويلاپ ئاقماقتا،*
*قەسىمىم شۇ، بەيگىدە ئالغا قاراپ چاپماقتا.*

يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى باشلىنىپ، تېخى ئوقۇتۇش مۇنبىرىگە چىقىش نىسىپ بولمايلا، شۇ يىلى شىنجاڭدا قانات يايدۇرۇلغان «سوتسىيالىستىك تەلىم ـ تەربىيە ھەرىكىتى»گە قاتنىشىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە ئېچىلغان 15 كۈنلۈك ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتنىشىپ، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «سوتسىيالىستىك تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى» ھەققىدىكى مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىنى ئۆگەندىم. كۇرس ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى مەسئۇلى بولۇپ ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلاردىن «سوتسىيالىستىك تەربىيە» خىزمىتىگە ئاجرىتىلغان كادىرلارنى ھەر قايسى ۋىلايەت شۆبە خىزمەت ئەترەتلىرىگە تەقسىم قىلدى. شۇ قاتاردا مەن قەشقەر خىزمەت ئەترىتىگە تەقسىملەندىم. بۇ مەن ئۈچۈن بىر قېتىملىق سىناق ئىدى.

ھەرىكىتى»گە چۈشكەن كادىرلارغا قويۇلغان تەلەپمۇ ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، كەمبەغەل، تۆۋەن ـ ئوتتۇرا دېھقانلار بىلەن «تۆتتە بىرگە بولۇش» (ئەمگەكتە، يېتىپ ـ قوپۇشتا، تاماقتا، ئۆگىنىشتە) تۈزۈمى ئىجرا قىلىنغان. ھەتتا كادىرلار ئۆز پۇلىغا بازاردىن يېمەك ـ ئىچمەك سېتىۋېلىپ يېيىشكىمۇ رۇخسەت قىلىنمىغان. ناۋادا بۇ تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار سېزىلسە كەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ۋىلايەت بويىچە ئىسمىنى ئاتاپ تەنقىدلىگەندىن باشقا يەنە ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەمۇرىي جازا بېرىلەتتى. شۇڭا «سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى»گە قاتنىشىۋاتقان كادىرلار ئۆزى چۈشكەن ئائىلىدە دېھقان نېمە يېسە، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە شۇنى يېيىشكە مەجبۇر ئىدى. بۇ چارە مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، يېزا خىزمىتىگە چۈشكەن كادىرلارنىڭ ئىدىيە ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتەك «قوش ئۈنۈم» يارىتىشقا پايدىلىق ئىدى.

قۇمباغ بەشكېرەم يېزىسىدىكى شارائىتى بىر قەدەر ياخشى بولغان كەنتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بەش شىياۋدۇيدىن تەركىب تاپقان. بۇ كەنتكە جەمئىي 25 كادىر چۈشكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ 23 نەپىرى مارالبېشى ناھىيەسىدىن كەلگەن كادىرلار ئىدى. مېنى كەنت خىزمەت ئەترىتىنىڭ كاتىپلىقىغا بەلگىلىگەچكە، خىزمەت ئەترىتىنىڭ باشلىقى ۋۇشۇجى (مارالبېشى يېزا ئامانەت قەرز كوپېراتىپ ئىدارىسىنىڭ سېكرېتارى) ۋە ئۇنىڭ تەرجىمانى ھەمدە ئىككى نەپەر ئايال كادىر بىلەن جەمئىي بەش نەپەر كادىر ئائىلىلەرگە چۈشمەي كەنت ئىشخانىسىغا ماكانلاشقاندىن باشقا، قالغان 20 نەپەر كادىرنىڭ ھەممىسى شىياۋدۇيلەرگە چۈشۈپ، دېھقانلار بىلەن «تۆتتە بىللە» بولدى. مەن ھەممىدىن ئالدىراش ئىشلەيتتىم. ھەر كۈنلىكى شىياۋدۇيلەرگە بېرىپ، كۈنلۈك ئۆگىنىش ۋە خىزمەت ئەھۋالىنى ئىگىلەپ،

ئۈزۈلگىچە «ئىنقىلاب ئاشنالىقى»دا ياشايدىغانلىقىم بەرھەق. شۇڭا ئەر ئاتىلىپ ئۇستۇمگە يۈكلەنگەن ئەل خىزمىتىنىڭ تۈنجى قەدىمى ئىنقىلاب قوشۇنى بىلەن «سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى»نىڭ بىرىنچى سېپىگە تاشلانغانلىقىدىن ھېچ قانداق تاسادىبىيلىق ھېس قىلمىدىم. ئەكسىچە مەن ئۆچۈن زۆرۈر «چېنىقىش پۇرسىتى» دەپ خۇشاللىق بىلەن قەشقەر يېزا - قىشلاقلىرىغا سىڭىپ كەتتىم.

يېزا - قىشلاقلاردا سىناق تەرىقىسىدە بىرىنچى قارار ئېلىپ بېرىلىدىغان «سوتسىيالىستىك تەربىيە» ھەرىكىتىگە ئاجرىتىلغان كادىرلار ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ۋە ناھىيەدىن ئىبارەت ئۈچ قاتلامدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك خىزمەت ئەترىتىگە ئەينى ۋاقىتتىكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تۆمۈر داۋامەت مەسئۇل ئىدى. مەن قەشقەر مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ خىزمەت ئەترىتى تەركىبىدە قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەسىنىڭ بەشكېرەم يېزىسىغا تەۋە قۇمباغ كەنتىگە تەقسىم قىلىندىم. بۇ قېتىمقى «تەربىيە ھەرىكىتى»نىڭ مەقسىدى «تۆتنى ئېنىقلاش» (يېزا ئاساس قاتلام كادىرلىرىنىڭ سىنىپى تەركىبىنى ئېنىقلاش، سىياسىي پوزىتسىيەسى ۋە سىنىپى مەيدانىنى ئېنىقلاش، كۆپ يەپ، كۆپ ئىچىش، كۆپ ئىگىلىۋېلىش ئەھۋالىنى ئېنىقلاش، خىزمەت ئىستىلى ۋە تۇرمۇش ئىستىلىنى ئېنىقلاش)نى قانات يايدۇرۇپ، توردىن چۈشۈپ قالغان «بەش خىل ئۇنسۇر» (پومىشچىك، باي دېھقان، ئەكسىلئىنقىلابچى، بۇزۇق ئۇنسۇر ۋە چەتكە باغلانغان ئۇنسۇر)لارنى تازىلاپ، ھوقۇقنى كەمبەغەل، تۆۋەن - ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇش ئىدى. شۇڭا بۇ قېتىمقى «تەربىيە ھەرىكىتى»نىڭ تىغ ئۇچى ئاساسەن ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا قارىتىلغان بولۇپ، ۋەزىپە ناھايىتى كەسكىن ۋە جىددىي ئىدى. «سوتسىيالىستىك تەربىيە

قىلىش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ «سوتيالىستىك تەربىيە» جەريانىدا، قايتا باش كۆتۈرۈپ قالغان «سولچىل» خاھىش تۈزىتىلىپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئازاد قىلىندى. پەقەت خەلقنىڭ غەزىپى كۈچلۈك بولغان ھەمدە ئىقتىسادىي ۋە ئىدىيە جەھەتتە ناپاك كادىرلار ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ، رەسمىي بېكىتىلگەن خىيانىتى تولۇق قايتۇرۇپ ئېلىندى. «تۆتنى ئېنىقلاش» باسقۇچى باشلىنىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ كەنتتە ئىجارە كېمەيتىش ۋە يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىدە «توردىن چۈشۈپ قالغان» دەپ قارالغان بىر ھاللىق ئوتتۇرا دېھقان ئائىلىسىنى «باي دېھقان» تەركىبىگە تولۇقلاپ ئايرىپ بىر «دۈشمەن»نى كۆپەيتىش بىلەن بۇ باسقۇچنى تاماملىدۇق.

شۇنداق قىلىپ، بەشكېرەم يېزىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئالتە ئايلىق «سوتسىيالىستىك تەربىيە» ھەرىكىتىنىڭ «ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىش»، «تۆتنى ئېنىقلاش»، «سىنىپى كۆرەش قاپقىقىنى ئېچىش»، «سىنىپى قوشۇنىنى تازىلاش»، «ئۆتمۈشنى ئەسلەپ بۈگۈننىڭ قەدرىگە يېتىش»، «يېڭى رەھبەرلىك بەنزىسىنى تىكلەش» قاتارلىق باسقۇچلىرى تاماملىنىپ، بۇ ھەرىكەت ئۆزىنىڭ كۆزلىگەن نىشانىغا يەتتى.

ئىككىنچى قارارلىق «تەربىيە» ھەرىكىتى باشلىنىشتىن بۇرۇن قەشقەر ۋىلايەتلىك «سوتسىيالىستىك تەربىيە» ھەرىكىتى قوماندانلىق شتابى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپىگە بارلىق «تەربىيە» كادىرلىرىنى يىغىپ، بىرىنچى قارارلىق خىزمەتنى خۇلاسە قىلدى. ئىككىنچى قارارلىق «تەربىيە ھەرىكىتىنىڭ كونكرېت خىزمەت تەرتىپلىرى ۋە تەشكىلى تۈزۈملىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. مەن ۋىلايەت بويىچە بىرىنچى قارارلىق «سوتسىيالىستىك تەربىيە» خىزمىتىدىكى «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ مۇكاپاتلاندىم. خىزمەتتىكى بۇ

كەنتنىڭ خىزمەتلىرىدىن دوكلات يازاتتىم. يۇقىرىدىن كەلگەن دۆۋە - دۆۋە ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىنى گۇرۇپپىلارغا يەتكۈزۈپ تۇراتتىم. تەرجىمانلىقنىڭ يېزىق سەۋىيەسى تۆۋەنرەك بولغاچقا، قوشۇمچە يېزىق تەرجىمانلىقىنىمۇ مەن ئىشلەيتتىم. خىزمەت شۇنچىلىك ئالدىراش بولغاچقا، ئاتا - ئانامنىڭ ئۆيى بۇ كەنتتىن سەككىز كىلومېتىرچە يىراقلىقتا بولسىمۇ، ئايدا بىر قېتىم يوقلاپ بېرىشقىمۇ پۇرسەت چىقمايتتى. «سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى»نىڭ ئەڭ قىزىق نۇقتىسى ئاساسى قاتلام كادىرلىرىنىڭ «چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىش» ئەھۋالىنى دېلو تۇرغۇزۇپ ئېنىقلاش باسقۇچى ئىدى. بۇ كەنت ئاساسەن ئۈزۈمچىلىكنى ئاساس قىلغان باغ - ۋاران ئىگىلىكى بىلەن مەشغۇل بولغاچقا، كادىرلارنىڭ «خىيانىتى»گە ئائىت پاش قىلىنغان «ئەنزە»لەرمۇ كۆپرەك مېۋە - چېۋىگە چېتىلاتتى. «XX كادىر پالانچىنىڭ بېغىدىن بەش ساپاق ئۈزۈمنى ھەقسىز يەپ كەتتى.»، «شياۋدۇينىڭ بېغىدىن بىر سېۋەت ئۈزۈم بىلەن ئون دانە ئانارنى ئۈزۈپ كەتتى...» دېگەندەك پارچە - پۇرات «يەپ ئىچىش، ئىگىلىۋېلىش» پاش قىلىنغان «ئەنزە»لەرنىڭ ئاساسى سالمىقىنى ئىگىلەيتتى. بىز ھەر كۈنلىكى تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان مۇنداق پارچە «خىيانەت»لەرنى ئايغا، يىلغا كۆپەيتسەك نەچچە خانىلىق چوڭ سان ھاسىل بولاتتى- دە. ئۇ ئەنە شۇ دادۈيجاڭنىڭ گەدىنىگە يېزىلىپ، «تۆتتە ئېنىقسىز كادىر» سېپىگە قېتىلىپ كېتەتتى. «تۆتنى ئېنىقلاش» خىزمىتىنىڭ «پاش قىلىش» باسقۇچى ئاشۇ قېلىپتا ئېلىپ بېرىلغاچقا، ئاساسي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك «خىيانەتچى» قالپىقىنى كېيىپ چەتكە قېقىلدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرى «خىيانەت»كە سۇندۇرۇلۇپ مۇسادىرە قىلىندى. كېيىنچە، «ئەمىلىيلەشتۈرۈش» باسقۇچىغا كەلگەندە تەكشۈرۈپ تەتقىق

ئويناۋاتقانلارنىڭ ماھارىتىدىن لەززەتلىنەتتۇق. شۇ ئەسنادا مۇزىكانتلار رىتىمى ناھايىتى تېز بولغان چەت ئەلنىڭ بىر مۇزىكىسىنى باشلىدى. بۇ ئاھاڭغا تەڭكەش قىلىپ تانسا ئوينىيالايدىغانلار بولمىغاچقا، مەيدان بىر پەس بوش قالدى. شۇ پەيتتە ئالدىنقى رەتتە قىزغىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان بىر ئايال ئوقۇتقۇچى (مەكتىپىمىزگە يېڭى كەلگەن ئوقۇتقۇچى بولغاچقا، بىز تېخى تونۇمايتتۇق.) يېنىدىكى بىر قىزنىڭ قولىدىن تارتىپ مەجبۇرى تانسىغا تارتتى. ئۇلار بىر دەم بەل تۇتۇشۇپ كېپىنەكتەك رەتلىك پىرقىرىسا، بىردەم تاتار قىزلىرىدەك قول تۇتۇشۇپ، بىر قولىدا قولياغلىقنى پۇلاڭلىتىپ «ئاندۇشكا» ئۇسسۇلىنى دورايتتى. ئىش قىلىپ تېخى بىز كۆرمىگەن رىتىملىق تانسا ماھارەتلىرى بىلەن تاماشابىنلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. كېيىنىشى قەشقەر قىزلىرىغا ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدىغان جۇغى كىچىك، ئەمما ھەرىكىتى چەبدەس، چىرايىدىن كۈلكە تېمىپ تۇرىدىغان بۇ قىزنىڭ كىملىكىنى بىلىشكە قىزىقىپ، بىر - بىرىمىزدىن سوراشتۇق. مۇزىكا ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ھەممىمىز چاۋاك چېلىپ بۇ قىزلارنى يەنە بىر ئويۇن كۆرسىتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن بۈگۈنكى تانسا كېچىلىكىنى باشقۇرغۇچى قەييۇم مۇئەللىم (مەكتىپىمىزنىڭ تەنتەربىيە ۋە سەنئەت ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى) ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ بىر ئاز پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئۇلارنى «ئاندۇشكا» ئۇسسۇلىغا تەكلىپ قىلدى. باشقۇرغۇچىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە بۇ قىزلارنىڭ بىرى ئەسلى يۇرتى ئالتايلىق بولۇپ، بۇ يىل شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ قەشقەر تولۇق ئوتتۇرىغا تەقسىملەنگەن زۇلھايات ئىسىملىك ئوقۇتقۇچى قىز ئىكەن. يەنە بىرسى ئۇنىڭ ئالتاي ئوتتۇرا مەكتەپتە بىرگە ئوقۇغان دوستى بولۇپ، بۇ يىل ئالتاي ۋىلايەتلىك تولۇق ئوتتۇرىنى

تۈنجى نەتىجەم ماڭا ئىلھام ۋە مەدەت بولدى. ئىككىنچى قارارلىق «تەربىيە» خىزمىتى باشلىنىشتىن بۇرۇن كادىرلارنى بىر ئايلىق دەم ئېلىشقا قويۇپ بەردى. شۇڭا ئۈرۈمچى ۋە باشقا يىراق - يېقىندىن كەلگەن كادىرلار ئۆيلىرىگە قايتىشتى. مەن ئۈرۈمچىگە قايتماي قەشقەردىكى ئائىلەمدە دەم ئالغاچ، توي قىلىش تەييارلىقىغا چۈشتۈم. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلىمدە، خىمىيە فاكۇلتېتىدا بىز بىلەن بىر قاراردا ئوقۇيدىغان ئالتايلىق قىز مەريەم بىلەن تونۇشۇپ، ئاخىرىدا شېرىن مۇھەببەتنىڭ ئۈزۈلمەس رىشتىسى بىلەن بىر - بىرىمىزگە مەھكەم باغلانغان ئىدۇق. «قانداقچە قەشقەرلىق بىر ‹سارت› ئالتايلىق بىر ‹چالا ئۇيغۇر› بىلەن تونۇشۇپ قالدىڭلار؟» دەپ سورىشىڭلار مۇمكىن. دەرۋەقە، تۇرمۇشنىڭ ئۆزى بىر «تېپىشماق»، بەزىدە بىر قېتىملىق تاسادىپىي ئۇچرىشىش ئىككى جىنسنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆزى سەزمىگەن ھالدا چاقماق تېزلىكىدە «ياخشى كۆرۈش» تۇيغۇسىنى قوزغىتىپ قويىدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى نىكاھ مۇناسىۋىتىدىن قورۇلغان ئائىلە مۇقەددەسلىكى ھەمىشە «پەرھاد - شېرىن» ياكى «غېرىب - سەنەم»لەردەك مۇھەببەت مەجنۇنلىقىنىڭ تاشقاتمىسى ئەمەس. بەلكى مۇتلەق كۆپ ئائىلە بىرلىكى تاسادىپىلىقتىن تۇغۇلغان ناتونۇش مېھرى بىرلىكىنىڭ شېرىن مېۋىسى، خالاس. مېنىڭ 50 يىللىق تارىخ مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتكەن جۈپتى ھالال نىكاھ مۇناسىۋىتىنىڭ ئۇندۇرمىسىمۇ 1959 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن مەكتەپتە ئويۇشتۇرۇلغان بىر قېتىملىق كەچلىك كۆڭۈل ئېچىش يىغىلىشىدىكى تاسادىپىي «ئۇچرىشىپ قېلىش»تىن بىخلانغان. ئۇ يىللاردا مەن تېخى تانسا ئويناشنىمۇ تولۇق بىلمەيتتىم. شۇڭا ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىللە زالنىڭ بىر چېتىدە ئولتۇرۇپ، مەيداندا رىتىملىق تانسا ۋە ئۇسسۇل

ناھايىتى تېزلا سىڭىشىپ كەتكەن. قەشقەرلىكلەرنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى شۇكى، باشقا يۇرتتىن كەلگەنلەرنى «مېھمان» ئورنىدا كۆرۈپ، ئۆزىدىنمۇ بەك ئەزىزلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەريەم قەشقەرگە كېلىپلا، مەن تەمىنلىگەن ئادرېس بويىچە مېنىڭ شەھەردىكى ئىككى ئاچامنىڭ ئۆيىنى يوقلاپ، ئۇلار بىلەن «ئۇرۇق - تۇغقان»دەك چىقىشىپ كېتىپتۇ.

مەريەم خىزمەت ئورنىدا بىر مەۋسۇم خىمىيە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەندىن كېيىن، ئۇنىمۇ 2 - قارارلىق «سوتسىيالىستىك تەربىيە» خىزمىتىگە ئاجراتتى. بىز ئەنە شۇ پۇرسەتتە توي قىلىشنى مەسلىھەتلەشتۇق. مەريەمنىڭ ئاتا - ئانىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئالتايدا بولغاچقا ئۇلارنى چاقىرىشقا ئۈلگۈرەلمىدۇق. ئەمما ئاتا - ئانىسىغا ۋاكالىتەن ئاتۇشنىڭ شورۇق يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق دادا تەرەپ ھاممىسىنىڭ ئۆيىگە چىقىپ ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئالدۇق. قەشقەرنىڭ ئەنئەنىۋى توي رەسمىيەتلىرى ناھايىتى مۇرەككەپ بولسىمۇ، بىز ئۇنىڭغا قارىماي ۋەزىيەتكە ماس ھالدا ئاددى - ساددا توي قىلىشقا پۈتۈشتۇق. ھەمدە مەريەمنىڭ مەكتېپنىڭ ئىسپات - تونۇشتۇرۇشى بىلەن «نىكاھ خېتى»نىمۇ ئوڭۇشلۇق ئالدۇق. توي مۇراسىمىنى شەھەردىكى ئىككى ئاچامنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزمەكچى بولدۇق. قەشقەرنىڭ قائىدىسى بويىچە دادام باش بولۇپ چوڭ ئاچامنىڭ ئۆيىگە قازان ئېسىپ، بامداتتىن كېيىنلا «توي نەزىرسى»نى تۈگەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ ئۆيدە ئىككىمىزنىڭ ئۆمۈرلۈك نىكاھى ئوقۇلدى. بۇ «نىكاھ مۇراسىمى»غا قىز تەرەپ ۋەكىلى سۈپىتىدە قەشقەر يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىنىڭ مۇدىرى تۇردى قادىر ۋە ھوشۇر ئىيسا، ئاخۇنجان ئابلا ئەلا، ئابدۇمىجىت دوختۇر قاتارلىقلار قاتناشتى. ئەلۋەتتە، مەريەمنىڭ يېنىدا ئالتايلىق تۇغقىنى ئىسلامخان ئاچا باشچىلىقىدىكى قەشقەردە خىزمەت قىلىدىغان

پۈتتۈرۈپتۇ. ئۇ قىز تەتىل پۈرسىتىدە ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن پامىر چوققىسىغا چىقىش ئىشتىن سىرتقى كوماندىسىغا تاللىنىپ «ئالپىنىستلار ئەترىتى» بىلەن بۇگۈن قەشقەرگە كېلىپتۇ. دوستى زۇلھايات مۇئەللىمنى ئىزدەپ بۇ مەكتەپكە چىققان «مېھمان» ئىكەن. بۇ گەپنى ئاڭلاپ «مەريەم» ئىسمىلىك بۇ قىزنىڭ پامىر چوققىسىغا چىقىشىغا جۈرئەت قىلىشتەك جاسارىتىگە ھەۋەسلەندۇق. لېكىن بۇ قىزنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالاملىشىش پۈرسىتى بولمىدى. كېيىن تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بۇ قىزمۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىمىيە فاكۇلتېتىغا تەقسىملىنىپ ئالتايدىن ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن بىز مەكتەپداش بولۇپ قالدۇق. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۇيۇشتۇرۇلغان تانسا كېچىلىكىدىكى غايىۋانە كۆرۈشۈش بىزنىڭ كېيىنكى سۆيگۈ تارىخىمىزنىڭ يىپ ئۇچى بولۇپ قالدى.

1964 - يىلى ھەر ئىككىمىز ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مەريەمنى قەشقەرگە تەقسىم قىلىنىۋەتتى. بۇ يىللاردا دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش تەقسىماتىغا بويسۇنماقتىن باشقا بىزنىڭ ھېچقانداق ئامالىمىز يوق ئىدى. ئىنقىلاب ئېھتىياجى ئالدىدا شەخسىي مۇھەببەت، ئائىلە ئۇقۇملىرى جىڭغا ئولتۇرمايدىغان ئاڭ ھۆكۈمرانلىقى بىزنى ۋاقىتلىق ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەريەمنى مېنىڭ يۇرتۇم قەشقەرگە ئۇزىتىپ قويدۇم. ئۇ قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى تەرىپىدىن يەنە بىر قېتىم تەقسىملىنىپ، قەشقەر يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىغا بۆلۈندى. بۇ مەكتەپتە 1962 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن يۆتكىلىپ بارغان ئالتايلىق ھۇشۇر ئىيسا ۋە ئۇنىڭ ئايالى ئىسلامخانلار بولغاچقا، بۇ مەكتەپتە يېتىمسىراش ھېس قىلماي قەشقەرگە

ئابدۇقادىر چالغان ئاكاردىيون ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ شوخ ناخشىلارنى ئېيتىشاتتى. بەزىدە مېنى ئورۇنۇپلىپ قەشقەرچە «ئاللاۋلا» توۋلاشتى. شۇ يوسۇندا تويىمىز ئاخىرلاشتى. بىز بىر ھەپتىدىن كېيىن مەريەمنىڭ مەكتىپىدىن بەرگەن بىر ئېغىزلىق ئۆيگە كۆچۈپ چىقتۇق. ئۇ ئۆيدە يەنە بىر ھەپتە ياشىغاندىن كېيىن «سوتسىيالىستىك تەربىيە» خىزمەت ئەترىتى بىلەن مەن يۇپۇرغا ناھىيىسى تېرىم گوڭشىسىنىڭ ئەڭ چەت يېزىسى بولغان قارا توغراق كەنتىگە قاراپ يول ئالدىم. مەريەم يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ ئەگۇس يېزىسىغا كەتتى. شۇ ئايرىلغانچە بەش ئاي ئۆيگە قايتالمىدۇق. مەن بۇ قېتىم قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ خىزمەت ئەترىتىدە يەنە شۇ كاتىپلىق خىزمىتىنى ئىشلىدىم. مەن چۈشكەن بۇ يېزا يۇپۇرغا ناھىيەسىنىڭ ئەڭ چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، ئەتراپى قۇم - باياۋان ئىكەن. ئەمما يېرى مۇنبەت، ئاھالىلىرى تارقاق يۇرت بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە «كوممۇنا ئاشخانىسى» ساقلىنىپ قالغان بىردىنبىر كەنت ئىكەن. ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ يۇرت ۋاڭ ئېنماۋ شۇجىنىڭ سىناق نۇقتىسى بولغاچقا، «كوممۇناللىشىش»نىڭمۇ تىپىك ئۆلگىسى ئىكەن. شۇڭا «تەربىيە» كادىرلىرىمۇ «كوممۇنا ئاشخانىسى»نىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە داشقازاننىڭ ئۇمۇچىغا تەلمۈرۈپ خىزمەتلەرنى داۋاملاشتۇردۇق. تېرىمنىڭ بازىرى بۇ يۇرتقا يىراق بولغاچقا، ئوغۇرلۇقچە ئېغىزنى مايلاشقىمۇ پۇرسەت يوق ئىدى. بىزنىڭ خىزمەت ئەترىتىدە جەنۇبىي شىنجاڭ كان - مېتاللورگىيە ئىدارىسىنىڭ ۋاقىتلىق باشلىقى ھوشۇرۇپ ئىسلام دېگەن بىر پىشقەدەم رەھبەر بار ئىدى. بۇ كىشى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى»نىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن پولك كوماندىرلىرىدىن بىرى بولۇپ، 1950 - يىلىدىن كېيىن بىر مەزگىل يېڭىسارغا ھاكىم بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاپتونوم

بىر قىسىم خانىم - قىزلار بار ئىدى. ئوغۇل تەرەپتىن ماڭا «يىگىت قولداش» بولغان ساۋاقدىشىم، دوستۇم مەرھۇم رىشات ياقۇپ، ئەلى مۇھەممەد ھەمدە دادام باشچىلىقىدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلار نىكاھنىڭ گۇۋاھچىلىرى بولدى. قارىم نىكاھ خەتمىسىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، شاكىراپقا مىلەنگەن ئىككى بۇردا نان ئىككىمىزنىڭ ئاغزىغا سېلىنغاندىن كېيىن، ئىككىمىز ھالال بىر جۇپقا ئايلاندۇق.

يىگىت ۋە قىز ئولتۇرۇشىنى ئىككىنچى ئاچامنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرغاچقا، مەريەم ۋە مەن چاقىرغان دوستلار بۇ ئۆيگە جەم بولدى. بۇ ئۆينىڭ ساھىبى پاشا ئاچام ۋە يولدىشى ئابدۇرېشىت ئەھمەد (مەن بىلەن بىر نەۋرە تۇغقان) ھەر ئىككىسى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ پىشقەدەم ئوقۇتقۇچىلىرى بولغاچقا، توي بەزمىسى شاد - خوراملىق ئىچىدە ناھايىتى قىزغىن ئۆتكۈزۈلدى. بىڭتۇەن سەنئەت ئۆمىكىنىڭ داڭلىق راۋاپچىسى ئۇبۇل بىلەن كونا بۇرادەرچىلىكىمىز بولغاچقا، (شۇ كۈنلەردە قەشقەرگە ئويۇن قويغىلى كەلگەن) ئۇ يەنە قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەيدىغان ئىككى نەپەر مۇزىكانت دوستىنى ئېلىپ تويىمىزغا قاتنىشىپ، ناخشا - مۇزىكا بىلەن توي بەزمىسىنى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈردى. توي كەيپىياتىنىڭ جانلىنىشىغا ئەگىشىپ، داستىخانغا بىر قانچە بوتۇلكا ھاراق - شاراپمۇ ھازىر بولدى. (بۇنى ماڭا ئۇقتۇرماي رىشات قاتارلىق دوستلىرىم تەييارلاپ قويغان ئىكەن.) شۇنداق قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە قاش قارايغاندا «يىگىت ئولتۇرۇشى» ئاخىرلاشتى. يېنىمىزدىكى مېھمانخانا ئۆيدە ئايرىم ئولتۇرغان قىزلارنى ئېلىپ، ھەممىمىز پىيادە قىزنى كۆچۈرۈپ ماڭدۇق. ماڭا تەييارلانغان ھۇجرا چوڭ ئاچامنىڭ قورۇسىدا ئىدى. ئىككى ئۆينىڭ ئارىلىقى 500 مېتىر ئەتراپىدا كېلەتتى. يولدا «قىزىپ قالغان» دوست - بۇرادەرلەر ساۋاقدىشىم

دېگەن تامىقى، ماڭا ئوخشاش ئاشقازىنى بۇزۇلغانلارنىڭ ئەڭ ياخشى دورىسى.

ــ لەڭپۇڭدەك لىغىلداپ تۇرىدىكەنغۇ؟

ــ شۇنداق. ئەمما ماھىيىتى ئوخشىمايدۇ. مەن بۇ تاماققا بەك ئامراق. ئۇنى مۇنداق تەييارلايمىز: مۇزاينىڭ پاچىقىنى پاكىز ئۈكلەپ سۇ بىلەن تاكى سىڭىرلىرى سۆڭەكتىن ئايرىلغىچە ئۇزاق قاينىتىمىز. گۆشىدىن ئايرىلغان سۆڭەكلىرىنى ئېلىۋېتىپ، سىڭىر ـ گۆشلىرىنى يەنە قاينىتىمىز. گۆشلىرى تېلىپكە ئايلانغاندىن كېيىن سامساق، ياڭيۇ ياكى چامغۇرنى ئۇششاق چوقۇپ ئۇنىڭغا ئارىلاش سوقۇلغان ئاقمۇچنى ئارىلاشتۇرۇپ گۆشنىڭ ئۈستىگە تۆكۈپ، تۇز ـ تەمىنى تەڭشىگەندىن كېيىن، قازاندا لەڭپۇڭدەك ئۇيىغىچە قاينىتىمىز. ئۇندىن كېيىن كاستىرۇلكىغا قۇيۇپ سوۋۇتساق لەڭپۇڭدەك ئۇيۇيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن پىچاق ياكى قوشۇقتا كېسىپ يېسەك بولىدۇ. قەشقەر كان ـ مېتاللورگىيە ئىدارىسىدە ئىنژېنېر بولۇپ ئىشلىگەن مۇختەر ئىسىملىك بىر يىگىت بار ئىدى. ئۇ 50 ـ يىللاردا لېنىنگرات كان ـ مېتاللورگىيە ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ، بۇ يەرگە خىزمەتكە چۈشكەن. سوۋېتتە ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن «تۆت ئىنقىلاش» خىزمىتىدە ئۇنى «شيۇجېڭجۇيىچى ئۇنسۇر» دەپ، مۇشۇ تېرىم يېزىسىغا تۆۋەنگە چۈشۈرۈۋەتتى. ھازىر مۇشۇ يېزىنىڭ «يۇگۇر ـ يېتىم» ئىشلىرىنى قىلىپ «ئىدىيە ئۆزگەرتىۋاتىدۇ.» ئۇ مېنىڭ قول ئاستىمدا ئىشلىگەچكە، مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىۋاتىدۇ. بۇ تاماقنىمۇ ئۇ تەييارلاپ ئېلىپ كەپتۇ. سىزنىڭمۇ رىسقىڭىز چۈشۈپتۇ. بىللە يەيلى. ھوشۇرۇپ ئاكام بۇ تاماقتىن ماڭا بىر تەخسە كېسىپ بەردى. مەن بۇ تاماقنى تۇنجى قېتىم كۆرگەچكە، بەك ھوزۇرلىنىپ يېدىم.

رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا رەئىسمۇ بولغان. «ئىستىل تۈزىتىش» ھەرىكىتىدە ئاتالمىش «ئوڭچى، يەرلىك مىللەتچى» قالپىقىنى كىيىپ، بىز مەزگىل ئۇ ئىدارە، بۇ ئىدارىلەردە «ئۆرۈندى - سوقۇندى باشلىق» بولۇپ يۈرگەن. شۇڭا بۇ قېتىم «سوتسىيالىستىك تەربىيە» خىزمىتىگە ئادەتتىكى كادىر سۈپىتىدە قاتناشتۇرۇلغان. بۇ كىشى ناھايىتى خۇش پېئىل، كەمتەر، چىقىشقاق، بىلىملىك بولغاچقا، ھەممىمىز ياخشى كۆرەتتۇق. ئىككىمىزنىڭ مىجەزى قاملاشقاچ، مەن پۇرسەت بولسىلا ئۇ كىشىنى يوقلاپ تۇراتتىم. ھۇشۇرۇپ ئاكا «تۆتتە بىللە» بولغان ئائىلە مەن تۇرغان كەنت «تەربىيە باش ئەترىتى»نىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئارىلىقى تۆت - بەش كىلومېتىر بولغاچقا، ئالاھىدە چوڭ يىغىن بولمىسىلا بىز تەرەپكە كەلمەيتتى. ھۇشۇرۇپ ئاكام بىلەن مۇڭداشقۇم كېلىپ ئۇ تۇرغان ئۆيگە باردىم.

— ھە، كېلىڭ ئامىشۇ! (مەن خىزمەت ئەترىتىنىڭ كاتىپى بولغاچقا، مېنى «ئامىشۇ» دەپ ئاتايتتى.) «ياخشى مېھمان ئاش ئۈستىگە» دېگەن شۇدە، بۈگۈن سىزنى سېغىنىپ قاپىقىم تارتقان ئىدى. چاقىراي دېسەم تېلېفون بولمىغاچقا، ئىچىم تىت - تىت بولۇپ ئولتۇرغان ئىدىم. — دېدى ھۇشۇرۇپ ئاكام ئىللىق چىراي بىلەن ماڭا بېقىپ.

— مېنى سېغىنغىنىڭىزغا رەھمەت ئاكا، خىزمەت ئالدىراشچىلىقى بىلەن سىزنى كۆندە يوقلاپ تۇرالمىدىم.

— تەكەللۇپ قىلماي، داستىخانغا كېلىڭ. — دېدى-دە، ھوشۇرۇپ ئاكا. تەكچىدىكى كىچىك كاستىرلكىنى ئېلىپ داستىخانغا قويدى.

— بۇ لەڭپۇڭنى ئۆزىڭىز ئۇيۇتتىڭىزمۇ؟

— بۇ لەڭپۇڭ ئەمەس ئۇكا، ئۇرۇسلارنىڭ «خالورۇپنى»

— ئۇ دېگىنىڭىزغۇ توغرا. مەنمۇ شۇنداق چۈشىنىمەن. ئەمما بىر ئىش زادى كاللامدىن ئۆتمەيدۇ.

— قايسى ئىشنى دەيسىز؟

— مۇشۇمۇ «كوممۇنالىشىش شامىلى» بولامدۇ؟ — دېدى ھۇشۇرۇپ ئاكام قوشۇمىسىنى تۈرۈپ. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ماركسىزم نەزەرىيەسىنىڭ تۈرتكىسىدە دۇنيادا تۇنجى قېتىم «پارىژ كوممۇناسى» قۇرۇلۇپ بىر ئاي ھۆكۈم سۈرۈپ مەغلۇب بولغان. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا لېنىنىزم يېتەكچىلىكىدىكى سابىق سوۋېت كومپارتىيەسىمۇ «كوممۇنالىشىش» شوئارىنى سىناق قىلغان، لېكىن ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان. خەلقئارادا ئاشۇنداق ئاچچىق ساۋاقلار تۇرسىمۇ، بىز يەنە شۇ شامالغا ئۇسسۇل ئويناپ «كوممۇنالىشىش» دولقۇنىنى قوزغىدۇق. ھەتتا ئائىلىۋى ئىگىلىكنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىپ، «كوممۇنا ئاشخانىسى» ئارقىلىق ھەممىمىزنىڭ قازان - چۆمۈچنى بىرلەشتۈرۈپ، «كوممۇنانىڭ داشقازىنى»غا تەلمۈرۈپ ياشايدىغان ئىپتىدائىي ياشاش ئۇسۇلىنى شەكىللەندۈردۇق. بۇ تارىخىي خاتالىق ئەمدى تۈزىتىلىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە مەملىكەت بويىچە پەقەت مۇشۇ بىر كەنتتە «كوممۇنا ئاشخانىسى»نى ساقلاپ قېلىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟ شۇڭا، مېنىڭچە مۇشۇ ئاتالمىش «سىناق»نى ئەمەلدىن قالدۇرۇش بۇ قېتىمقى «سوتسىيالىستىك تەربىيە» ھەرىكىتىنىڭ تۈپ نىشانى بولۇشى كېرەك.

— توغرا دېدىڭىز ئاكا. ھازىر «تەربىيە» خىزمەت ئەترىتى ئىچىدە مۇشۇ توغرىسىدا غۇلغۇلا بولىۋاتىدۇ. بىزمۇ كەنت نامىدىن يۇقىرىغا دوكلات سۇندۇق. ئېھتىمال يېقىن ئارىدا بۇ يېزىدىكى «كوممۇنا ئاشخانىسى»نى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەققىدە ھۆججەت چۈشۈشى مۇمكىن.

— ۋاھ، نېمىدېگەن تەملىك تاماق بۇ!

— كوئېلوندىن («كوئېلون» ناملىق ھاراقنى دېمەكچى) 100 گىرام بولسا تېخىمۇ راھەت ھېس قىلاتتىڭىز.

— ئۇنىڭسىزمۇ تەمى ئاغزىمدا قالدى.

— بۇ تاماقنى كۆپ ماختىماڭ. بولمىسا سىزمۇ «شيۇجىڭجۇيىچى» بولۇپ قالىسىز، — دەپ چاقچاق قىلدى ھۇشۇرۇپ ئاكا.

— مۆشۈكتىن قورققان ساچقاندەك قورقۇنچاق بولۇپ كېتىپسىز غۇ!

— ھاي، قاراپ تۇرۇپ مېنى تىللىماڭ، ئۇكا.

شۇندىلا ھۇشۇرۇپ ئاكامنىڭ «مۆشۈك» دېگەن لەقىمى ئېسىمگە كەلدى-دە، ھېلىقى ئويلىماي دەپ سالغان چاقچىقىمدىن خىجىللىق ھېس قىلدىم. بىز تاماقنى يەپ بولۇپ بىر تال تاماكا چەككەچ قىزغىن پاراڭلاشتۇق.

— ھۇشۇرۇپ ئاكا، سىز قان كېچىپ ئىنقىلاب قىلغان پېشقەدەم رەھبەر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر يېشىڭىزمۇ چوڭ بوپقالدى. شۇڭا بۇ جاپالىق خىزمەتنى بىزگە قالدۇرۇپ، سىز بالا-چاقىلىرىڭىز يېنىدا دەم ئېلىشىڭىز كېرەك ئىدى-غۇ!

— ئۇغۇ شۇنداق، «ئەللىك — يىگەنلىرىڭ يەللىك.» دېگەن تەمسىل بار. ئەمما ماناس دەرياسى بويىدا بىر قىش مەيدىمىزنى مۇزغا يېقىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن قانلىق جەڭ قىلغان «گۇناھىمىز» ئۈچۈن «ئىدىيە ئۆزگەرتىش» زۆرۈر ئىكەن.

— ياق. سىلەرنى خەلق ھۆرمەتلەيدۇ. تارىخنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. بۇ «شامال»مۇ يولۇچىدەك ئۆتۈپ كېتىدۇ. سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز بىز ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىم.

— ئۇ دېگىنىڭىزغۇ توغرا. مەنمۇ شۇنداق چۈشىنىمەن. ئەمما بىر ئىش زادى كاللامدىن ئۆتمەيدۇ.

— قايسى ئىشنى دەيسىز؟

— مۇشۇمۇ «كوممۇنالىشىش شاملى» بولامدۇ؟ — دېدى ھۆشۇرۇپ ئاكام قوشۇمىسىنى تۈرۈپ. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ماركسىزم نەزەرىيەسىنىڭ تۈرتكىسىدە دۇنيادا تۇنجى قېتىم «پارىژ كوممۇناسى» قۇرۇلۇپ بىر ئاي ھۆكۈم سۈرۈپ مەغلۇب بولغان. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا لېنىنىزم يېتەكچىلىكىدىكى سابىق سوۋېت كومپارتىيەسىمۇ «كوممۇنالىشىش» شوئارىنى سىناق قىلغان، لېكىن ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان. خەلقئارادا ئاشۇنداق ئاچچىق ساۋاقلار تۇرسىمۇ، بىز يەنە شۇ شامالغا ئۇسسۇل ئويناپ «كوممۇنالىشىش» دولقۇنىنى قوزغىدۇق. ھەتتا ئائىلىۋى ئىگىلىكنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىپ، «كوممۇنا ئاشخانىسى» ئارقىلىق ھەممىمىزنىڭ قازان - چۆمۈچنى بىرلەشتۇرۇپ، «كوممۇنانىڭ داشقازىنى»غا تەلمۈرۈپ ياشايدىغان ئىپتىدائىي ياشاش ئۇسۇلىنى شەكىللەندۇردۇق. بۇ تارىخىي خاتالىق ئەمدى تۈزىتىلىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە مەملىكەت بويىچە پەقەت مۇشۇ بىر كەنتتە «كوممۇنا ئاشخانىسى»نى ساقلاپ قېلىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟ شۇڭا، مېنىڭچە مۇشۇ ئاتالمىش «سىناق»نى ئەمەلدىن قالدۇرۇش بۇ قېتىمقى «سوتسىيالىستىك تەربىيە» ھەرىكىتىنىڭ تۈپ نىشانى بولۇشى كېرەك.

— توغرا دېدىڭىز ئاكا. ھازىر «تەربىيە» خىزمەت ئەترىتى ئىچىدە مۇشۇ توغرىسىدا غۇلغۇلا بولىۋاتىدۇ. بىزمۇ كەنت نامىدىن يۇقىرىغا دوكلات سۇندۇق. ئېھتىمال يېقىن ئارىدا بۇ يېزىدىكى «كوممۇنا ئاشخانىسى»نى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەققىدە ھۆججەت چۈشۈشى مۇمكىن.

قېنى؟ ــ دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

ــ كىچىككىنە قاپسەن ئۇكا، ئۇنى ئەترەتتىكىلەر سويۇپ، گۆشىنى ئەزالارغا تارقىتىپ بەردۇق. ئۇزاقتىن بۇيان گۆش كۆرمىگەن دېھقانلار خوش بولۇپ كەتتى دېگىنە!

ــ ۋاي ئاكا، توڭگۇزنىڭ گۆشىنى دېھقانلار نېمە قىلىدۇ؟

ــ پىشۇرۇپ يەپ ئۇچەينى مايلايدۇ-دە.

ــ توڭگۇز دېگەن هارام تۇرسا، بىزنىڭ دېھقانلىرىمىز ئۇنى قانداق يەيدۇ؟

ــ مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان ئىدىم. بىراق ئۇنىڭغىمۇ «پەتىۋا» چىقتى. جاڭگاللارنى ماكان قىلغان ياۋا توڭگۇز ئۆيدە بېقىلىدىغان چوشقىلارغا ئوخشىمايدىكەن. يەيدىغىنى سۈت قوناق ئىكەن. كۇندۇزلىرى سۇ كۆلچىكىدە ياشايدىكەن. ھەر قانداق گۆشخور ھايۋانلاردىن پاكىز ئىكەن. شۇڭا ئادەم يېسە «ھالال» بولارمىش.

ــ بەربىر توڭگۇزدە. بىزنىڭ ئېتقادىمىزدا «ھارام» دېيىلگەن.

ــ دېھقانلار ئۆزلىرى خالاپ ئېلىپ كەتتى. بىزدە نېمە چارە؟

ــ ئابلىز ئاكا، سىزمۇ يېدىڭىزمۇ؟

ــ ياق. ئەزالاردىن بىرگە ئاشمىدى. مەنمۇ يېيىشكە قىزىقمىدىم.

«تۇۋا» دېدىم ئىچىمدە. ئاچارچىلىق ئادەمنى ھەر كويغا باشلايدىكەن. دېھقانلار مۇشۇ «كوممۇنا ئاشخانىسى»نىڭ بىر قاچا ئۇمىچىغا تەلمۈرمىگەن بولسا، بۇ ھارامنى يەپ ئىماننى بۇلغاشقا ھەرگىز جۈرئەت قىلمايتتى. دەرۋەقە، بۇ گۇناھنىڭ

— شۇنداق. ئۆزۈڭ لايىق كۆرمىگەننى خەلقمۇ راۋا كۆرمەيدۇ. تارىخنىڭ قاتتىق سىناقلىرىدىن ئۆتكەن ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ھامان بىزنى توغرا ۋە پارلاق يولغا باشلايدۇ. خەلققە بەخت يارىتىش سەپىرىدىكى ھەر قانداق ئېزىتقۇ شامالLارنى چۇرۇپ تاشلايدۇ.

مەن ھۇشۇرۇپ ئاكامنىڭ ھەقنى سۆزلەشتىن قورقمايدىغان، ئۆزى ۋە كۆزى پاك ئىنساني خىسلىتىگە قايىل ئىدىم. شۇڭا تىلى بىلەن دىلى بىردەك بولغان بۇ پىشقەدەم ئۇستاز بىلەن پاراڭلىشىشنى ياخشى كۆرەتتىم. بىز ئۇزاق مۇڭداشقاندىن كېيىن، خوشلىشىپ خىزمەت ئورنۇمغا قايتىپ كەلدىم. ئەتىسى يېنىمىزدىكى شىياۋدۇي ئەزالىرىنىڭ بىر ياۋا توڭگۇزنى تۇتۇۋالغانلىقىنى ئاڭلىدىم. بۇ كەنت ئەتراپى چۆل - باياۋان بولغاچقا، ئەتراپتا ياۋا توڭگۇز كۆپ ئىكەن. بۇ ياۋا توڭگۇزلار كۈندۈزلىرى قومۇلۇق ئارىسىدىكى كىچىك كۆلچەكلەر ئىچىدە دەم ئېلىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە دېھقانلارنىڭ كۆممەقوناق ئېتىزلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، زىيان سالىدىكەن. بولۇپمۇ قوناق سۈت بولغان مەزگىلدە، توڭگۇزلار توپلىشىپ كېلىپ قوناقلىقنى چەيلەپ، ئەمدى دان تۇتۇشقا باشلىغان قوناقنى مەدىكى بىلەن قوشۇپ يەپ كېتىدىكەن. مەن ياۋا توڭگۇزنى كۆرۈپ باقمىغاچقا، ئۇنى كۆرۈشكە ھەۋەس قىلىپ، چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا بۇ شىياۋدۇيگە كېلىپ، خىزمەت ئەترىتىمىزنىڭ مۇشۇ دۇيدە تۇرۇشلۇق ئەزاسى ئابلىز جۇڭيانىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئابلىز شىنخۇا ئاگېنتلىقى شىنجاڭ پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ، بۇ قېتىم «سوتسىيالىستىك تەربىيە» خىزمىتىگە قاتناشقان پىشقەدەم مۇخبىر ئىدى. ئۇنىڭ خىزمەت ئورنى بىۋاسىتە مەركەزگە قارىغاچقا، ھەممىمىز ئۇ كىشىنى ئابلىز «جۇڭيانىڭ» دەپ ئاتايتتۇق.

— ئابلىز ئاكا، سىلەرنىڭ ئەترەت تۇتۇۋالغان ياۋا توڭگۇز

گەرچە ئوخشىمىغان پايدا - مەنپەئەت مۇناسىۋىتى تۈرى ئىچىدە ياشايدۇ. ئەمما دېھقاننى ئەزىزلەشتەك ئورتاق قىممەت قارىشى تىكلەنمىگۈچە، دۇنيا ئىتتىپاقلىقتا ۋە ئەمىنلىككە ئېرىشەلمەيدۇ. كۈللى جانلىق دېھقان ئۆزلۈكىنى تۈپكى چىقىش نۇقتىسى قىلىش ۋە ئالاقىدار تەرەپلەرگە خاس ئىنكاس قايتۇرۇش ئاساسىدا تاكامۇللۇق تاپىدۇ ۋە بۇ ئۆزلۈك قەدىر - قىممىتى بىلەن دۇنياغا ھۆرلۈك لىباسى ياپىدۇ. بۇ نۇقتىدا دېھقان (تېرىمچى) ماددىي ۋە مەنىۋىي ئەمىنلىكىنىڭ بۆشۈكى. خالاس. بىزنىڭ بۇ قارارلىق «سوتسىيالىستىك تەربىيە» خىزمىتىمىز بۇ يېزىدىكى دېھقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بوغۇچلانغان ئىنسانىي ئەركىنلىكىنى قىسمەنلىك ئىچىدە قايتۇرۇپ بېرىشتەك ئەمەلىي نەتىجە بىلەن خۇلاسىلەندى. مەن بۇ خىلۋەت ماكاندىكى ئالتە ئايلىق جاپالىق خىزمەتنى تاماملاپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك «سوتسىيالىستىك تەربىيە» ھەرىكىتى باش قوماندانلىق شتابىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئۆيگە قايتىپ 15 كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن، 3 - قارارلىق «تەربىيە» ھەرىكىتىگە يۈرۈش قىلدىم. بۇ قاراردا مەن يەنىلا قاغىلىق ناھىيەسىدىن كەلگەن خىزمەت ئەترىتى تەركىبىدە پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ قىزىلبۇي يېزىسىغا كەلدىم. قىزىلبوي پەيزاۋاتنىڭ تۆتىنچى يېزىسى بولۇپ، غەرب تەرىپى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەسىنىڭ يېڭىئۆستەڭ يېزىسىغا تۇتىشىدۇ. بۇ يېزا نۇرغۇنلىغان كۆچۈم مەھەللىلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئاھالىلىرى دېھقانچىلىقتىن باشقا قول - ھۈنەر ئىگىلىكى ۋە سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كۆپچىلىك ئائىلىلەرنىڭ ماتا ۋە تاغار، خورجۇن توقۇيدىغان دوكان جازىلىرى بار ئىدى. بۇ يۇرتنىڭ خەلقلىرىمۇ ئىش - ئوقەتنىڭ يولىنى بىلىدىغان بولغاچقا، خېلى تېمەن روھلۇق ياشايتتى. ئەمما ئاھالىسى زىچ، ياشلىرى كۆپرەك بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە قىمارغا ئۆگىنىپ

جاۋابكارى دېھقانلارنىڭ گېلىنى بوغۇپ قويغان «كوممۇنا ئاشخانىسى». شۇڭا ھۇشۇرۇپ ئاكام دېگەندەك، «كوممۇنا ئاشخانىسى»نى دەرھال تاقاپ، خەلقىمىزنىڭ «ئىمان» ۋە «ئېتقاد» ئەركىنلىكىنى قوغدىشىمىز زۆرۈر ئىكەن. مەن مۇشۇنداق خاراموش ئوي - خىياللار ئىچىدە پۇچىلىنىپ ياتىقىمغا قايتىپ كەلدىم.

بۇ يېزىدىكى «تەربىيە» خىزمىتى ئاخىرلىشىش باسقۇچىغا كەلگەندە، يۇقىرىنىڭ «كوممۇنا ئاشخانىسى»نى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەققىدىكى بۇيرۇقى يېزىمىزغا يېتىپ كەلدى. بۇ خەۋەردىن ھەممىمىز خۇشاللىقتا چۆمدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن، ھەر بىر ئائىلىنىڭ مورىسىدىن ئىس چىقىدىغان بولدى. ئەمما مورىسىدىن ئىس چىققان بىلەن قازىنىدىن بوس چىقىشىغا يەنە خېلى ۋاقىت كېتەتتى. خىزمەت ئەترىتىدىكىلەر ئۆيمۇ - ئۆي قاتراپ ئەترەتلەرنىڭ ئامبىرىدىكى ئاشلىق ۋە ماي - كۆكتاتلارنى ئائىلىلەرگە مۇۋاپىق تەقسىم قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قىشتىن چىقىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. دېھقان دېگەن چىدامىلىق، سەۋرى - تاقەتلىك، كۆكسى - قارنى كەڭ، شۈكرى - قانائەتلىك، ئىچى ۋە تېشى بىردەك بولىدىكەن. ئەجەپلىنەرلىكى، سېنى ۋە مېنى، بەلكى پۈتۈن كۆللى ئالەمنى چۇمۇلىدەك تىرىشچانلىق بىلەن بېقىپ كېلىۋاتقان بۇ جاپاكەش دېھقانلىرىمىزنىڭ تەقدىرى خورلۇق ۋە زەبۇنلۇق ئىچىدە ئۆتۈپتۇ. ئۇلارنىڭ شاتلىقى ئاز، پۈتۈن ۋۇجۇدى قايغۇ ماكانى بولۇپ كەپتۇ. بىلگىنىكى قاچان ۋە قايسى ئەلدە دېھقاننىڭ ئورنى تۆر بولغاندا، جەمئىيەت ھۆر بولىدۇ. دۇنيادا مېڭىپ يۈرگەن ئىنسان تۈركۈملىرى ناھايىتى كۆپتۇر. ئەمما توغرا، چىن ۋە ھەق ئادەم يەنىلا دېھقانلار تۈركۈمىدۇر. شۇڭا ئۇلار بىز ئۈچۈن ئەزىز ۋە قەدىرلىكتۇر. مانا بۇ ئىنسانىيەت ئالىمى موھتاج بولىۋاتقان ئورتاق قىممەت قارىشى. ئىنسان

ئۆلاردىن بەش نەپىرى قومۇلدىن قېچىپ كەپتۇ. قالغانلىرى بىر مەزگىللىك جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ ئىش ئورنىدىن ئايرىلماي ئىشلەپ، كۆمۈركان ئىشچىلار قوشۇنىنىڭ يارامىلىق ئەزالىرىغا ئايلاندى.

بۇ قارارلىق «سوتسىيالىستىك تەربىيە» ھەرىكىتى ئاخىرقى باسقۇچقا قەدەم قويغان مەزگىللەردە، مەملىكىتىمىزدە يەنە بىر مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ئىنقىلاب قوزغالغانلىق خەۋىرى بۇ خىلۋەت يېزىلارغىمۇ يېتىپ كەلدى. باشلىقلىرىمىز ھەدېسە قەشقەردە ئېچىلىۋاتقان يىغىنلارغا قاتنىشىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. بىز بۇ «ئىنقىلاب»نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تېخى چۈشەنمەيتتۇق. يېزىلاردا «تۆت كونا»نى يوقىتىش نامى بىلەن باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتىن بىر قىسىم «قىزىل قوغدىغۇچىلار قوشۇنى» قۇرۇلۇپ، ئۆيمۇ ـ ئۆي تەكشۈرۈپ ئاتالمىش كونا كىتابلارنى يىغىشقا باشلىدى. ھەتتا بۇ «قىزىل قوغدىغۇچىلار» چوڭ يوللارنى توسۇپ يولدىن ئۆتكەن ساقاللىق كىشىلەرنىڭ ساقىلىنى، ئۇزۇن چاپاننىڭ پېشىنى، ئۇزۇن چاچلىق ئاياللارنىڭ چېچىنى قايچا بىلەن كېسىشتەك ئەخمىقانە «ئىنقىلاب» باشلىنىپ كەتتى. بۇ ھەرىكەتلەرگە ھېچكىممۇ قارشىلىق قىلالمايتتى. بىزنىڭمۇ سۈكۈت قىلماقتىن باشقا ئامالىمىز بولمىدى. شۇنداق غەليان ئەۋجىگە چىققان كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىزىلبوي ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى چوڭ مەيداندا خەلقتىن يىغىۋالغان «كونا كىتاب»لارنى كۆيدۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلمەكچى بولدى. خىزمەت ئەترىتى بىر قانچىمىزنى ئايرىپ، كىتابلارنى كۆيدۈرۈشتىن بۇرۇن، بۇ كىتابلارنى بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى «قۇرئان كەرىم» قاتارلىق مۇقەددەس كىتابلارنى ئايرىپ چىقىپ، ئۇنى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىشنى تاپشۇردى. تېخى «ئىنقىلاب»نىڭ بورىنى يېتىپ كەلمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭ سۇر ـ

قالغانلار، يوقىلاڭ باھانىلەر بىلەن ئۆزئارا جېدەل تېرىيدىغانلار خېلى كۆپ ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ «قىزىلبويلۇق پىچاقچىلار» دېگەن لەقىمى بار ئىدى. بىز «تەربىيە» ھەرىكىتىنىڭ كۈن تەرتىپى بويىچە خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش بىلەن بىرلىكتە، دېھقانلارنىڭ ئۆزئارا ئىتتىپاقلىق خىزمىتىنىمۇ نۇقتىلىق ئىشلەپ، بۇ ھەقتىكى تەشۋىقاتنى كۈچەيتتۇق. «تۆتنى ئېنىقلاش» خىزمىتى تازا قىزىۋاتقان كۈنلەردە، قۇمۇلدىكى سەندالوڭ ئۈستى ئوچۇق كۆمۈر كانىغا يېزا ياشلىرىدىن ئىشچى قوبۇل قىلىش ھەققىدىكى ۋىلايەتنىڭ ئوقتۇرۇشى يېتىپ كەلدى. بۇ يېزىدا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئىش كۈتۈپ تۇرغان دېھقان ياشلىرى خېلى كۆپ ئىدى. لېكىن ئۇلار يۇرتىدىن ئايرىلىپ باشقا يۇرتلاردا ئىشچى بولۇپ ئىشلەشكە قىزىقمايتتى. خىزمەت ئەترىتىدىكىلەر بۇ پايدىلىق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن، ئائىلە سۆھبىتىنى قانات يايدۇرۇپ، يېزىدىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئىشچىلىققا تىزىملىتىش ھەققىدە سەپەرۋەر قىلدۇق. بىزنىڭ دېھقانلىرىمىز ئەنئەنىۋى بېكىنمىچىلىككە كۆنۈپ قالغاچقا، يۇرتىدىن ئايرىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتىنى ئۆزگەرتىشنى ئانچە خالاپ كەتمەيتتى. مىللىي ئىشچىلار قوشۇنىنىڭ يېتىلىشى شۇ مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى ئۇلار تېخى چۈشىنىپ يەتمىگەن ئىدى. بىز دېھقانلار ئېڭىدىكى بۇ قاتماللىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن كۆپ خىزمەت ئىشلەپ، ئاخىرى بۇ كەنتتىن 15 نەپەر ياشنى تاللاپ، قۇمۇلغا يولغا سالدۇق. بىر كەنتتىن 15 كىشىنىڭ ئىشچى بولۇشى بۇ يېزىغا نىسبەتەن چوڭ ئىلگىرىلەش ئىدى. ۋاھالەنكى، ئىككى ئايدىن كېيىن «كۆنەلمىدۇق»، «ئىش ئېغىر ئىكەن.» دېگەن يوقىلاڭ باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن

فادىيوفنىڭ «تارمار»، سەدىردىن ئەيننىڭ «قۇللار»، ئابدۇللا قادىرنىڭ «ئۆتكەن كۈنلەر»، سابىت مۇقانوفنىڭ «بوتا كۆز»، ئۆمەر مۇھەممەدىنىڭ «ئىغىر كۈنلەردە»... قاتارلىق رومان ۋە ھېكايە توپلاملىرى بار ئىدى. مەن باللىق دەۋرىمدە بىر - ئىككى يىل «قارىخانا»دا ئوقۇغاچقا، چاغاتاي يېزىقىدىكى يازمىلارنى ئانچە - مۇنچە ھەجىلەپ ئوقۇيالىغاچقا، دىققەت - نەزىرىم كۆپرەك قولىيازمىلارغا ئاغدۇرۇلدى. ئارىمىزدا مەندىن باشقا بۇ قولىيازمىلارنى تونۇيالايدىغان كىشى يوق ئىدى. شۇڭا بۇ كىتابلار دۆۋىسى ئىچىدىكى قولىيازمىلارنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە بولمايدىغان كىتابلار تەرەپكە ئايرىدىم. خىزمەتدىشىم ئابلىز «جوڭگياڭ»مۇ ماڭا ئوخشاش بۇ مىراسلارنى قوغداپ قېلىش تەرەپدارى بولغاچقا، ئۇمۇ خېلى كۆپ كىتابلارنى ئايرىدى. شۇنداق قىلىپ بىز ئىككى سائەتتىن ئارتۇق ئىشلەپ بۇ كىتابلارنى تۈرگە ئايرىپ چىقتۇق. نەتىجىدە كىتابلارنىڭ 80%تىدىن كۆپرەكى «ياخشى كىتاب»لار دۆۋىسىگە ئايرىلىپتۇ. بىز بۇ ئەھۋالنى يېزىمىزدا بىزگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان خىزمەت ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ليۇ ئەپەندىگە دوكلات قىلدۇق.

— ليۇ زوجاڭ، بۇ كىتابلارنى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، مۇتلەق كۆپچىلىكىنى ساقلاپ قېلىشقا تېگىشلىك ياخشى كىتابلار ئىكەن. ئۇنى كۆيدۈرۈۋەتسەك كەلگۈسىدە تارىخ ئالدىدا جاۋابكار بولىمىز. دۆلەت ۋە خەلقىمىز يۈز كېلەلمەيمىز. شۇڭا بۇ ئىشتا سوغۇق قان بولۇپ، بۇ كىتابلارنى ساقلاپ قالساق، — دېدىم مەن بىر خىل جىددى تەلەپپۇزدا.

— مەنمۇ شۇنداق قارايمەن، — دېدى ئابلىز مېنى قۇۋۋەتلەپ — مەركەزنىڭمۇ ئاسار ئەتىقىلەرنى قوغداش ھەققىدە مەخسۇس يوليورۇقى بار. بۇ كىتابلارمۇ شۇ قاتارغا كىرىدۇ.

هەيۋىسى يېزىمىزنى قاپلىدى. ھەممىمىزنىڭ ئىككى كۆزى ئوچۇق بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىمىز قارىغۇ بولۇپ قالغان مۇشۇ كۈنلەردە «زەھەرلىك چۆپ» بىلەن «خۇشپۇراق گۈل»لەرنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان جۇرئەتلىك كىشىلەر ئاز ئىدى. «زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق» دېگەن قوللۇق ئىدىيە ھۆكۈمران بولغاچقا، تىلىمىز بىلەن دىلىمىزمۇ بىر - بىرىدىن ياتلىشىپ كەتتى. لېكىن مەن كۆرۈنمەس ئۇچۇق ھامان پارلاپ سۈزۈك ئاسمان ھاسىل بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. چۈنكى بۇ ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ مۇپەسسەل قانۇنىيىتى. شۇڭا كۆڭلۈمدىكى گۇمانلىق تۈگۈچلەرنى ئىشەنچ خەنجىرىدە يېشىپ، بار ئاماللار بىلەن خەلقتىن مەجبۇرىي يىغىۋالغان تەۋەررۈك كىتابلارنى ساقلاپ قېلىشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم. خىزمەت ئەترىتىدىن كىتابلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا بەلگىلەنگەن بەش خادىم (مەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) قىزىلبۇي ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مەيدانىغا دۆۋىلەپ قويغان كىتابلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، تاللاشقا باشلىدۇق. بۇ كىتابلار ئىككى - ئۈچ مىڭ پارچىدىن ئاشاتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە كونىراپ قاتلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن قولىيازمىلار، ھەپتىيەك، «قۇرئان»لار، كۆچۈرۈلگەن ھەدىس ۋە دۇئا - تەكبىر توپلاملىرى، دىنىي جەڭنامە ۋە قىسسەلەر، ھەر خىل پالنامە ۋە رىسالىلەر، «مىڭ بىر كېچە»، «بەختىيارنامە» قاتارلىق ھېكايەتلەر، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا پۈتۈلگەن «يۇسۇپ - زىلەيخا»، «لەيلى - مەجنۇن»، «فەرھاد - شېرىن»، «سەنۇبەر»، «ھۆرلىقا - ھەمراجان»، «گۆر ئوغلى»، «غېرىپ - سەنەم»... قاتارلىق خەلق داستانلىرى، ھەتتا ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە تاشكەنت ۋە ئالمۇتادىكى نەشرىياتلار ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلغان ماكسىم گوركىنىڭ «ئانا»، «كىشىلەر ئىشكىدە»، تولستوينىڭ «ئاننا كارىنىنا»،

دېگەن بولسا، ئاللىقاچان بۇ كىتابلار كۆيدۈرۈلۈپ كۈلى كۆككە سورۇلاتتى. لىۇ ئەپەندى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ سىياسىي تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ بۆلۈم باشلىقى دەرىجىلىك كادىرى بولۇپ، ئەسلىدە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ سىياسىي نەزەرىيە فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە قاتناشقاچقا خېلى سالماق، دۇرۇس ئادەم ئىدى. شۇڭا مۇشۇ ئادەمنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ مىراسلارنى قوغداپ قالدۇق. كاۋاپمۇ كۆيمىدى، زىخمۇ كۆيمىدى. بۇ ئىشتىن كېيىن كۆڭلۈمدە يەنە بىر ئەندىشە پەيدا بولدى. ئۆيىمىزدە نەچچە ئون يىلدىن بۇيان دادام ساقلاپ كېلىۋاتقان كۆپلىگەن كونا كىتابلار بار ئىدى. «ناۋادا كىتاب كۆيدۈرۈش شاملى بىزنىڭ يۇرتقىمۇ يېتىپ كەلگەن بولسا قانداق قىلارمىز؟» دەپ ئەنسىرەشكە باشلىدىم. «ياق، بۇ تەۋەرۈك كىتابلىرىمىزنى ساقلاپ قېلىش كېرەك.» دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە خىتاب قىلىپ ئامال ئىزدىدىم. تېلېفون بولمىغاچقا دادام بىلەن ئالاقىلىشىش مۇمكىنچىلىكى يوق ئىدى. ئاخىرى يالغان سەۋەب بىلەن ئىككى كۈنلۈك رۇخسەت سوراپ قەشقەرگە بېرىش قارارىغا كەلدىم. دەرھال ماشىنا تاپقىلى بولمىغاچقا، قىزىلبۇيى بازىرىدىن قەشقەرگە قاتنايدىغان بىر ئات هاۋۇسىنى كىرا قىلىپ، ئالتە سائەتتە قەشقەرگە يېتىپ كەلدىم-دە، شەھەردىكى توققانلارنىڭ ۋېلىسىپىتىگە مىنىپ بۇچىدىكى ئۆيۈمگە چىقتىم. خۇداغا شۈكۈر، بۇ «شامال» تېخى بىزنىڭ يېزىمىزغا يېتىپ كەلمەپتۇ. دادامنىڭ كىتابلىرىمۇ ئۆز ئورنىدا ئامان - ئېسەن تۇرۇپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ خاتىرجەم بولالماي، دادام بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بۇ كىتابلارنىڭ ئىچىدىكى مۇھىملىرىنى تاللاپ شەھەردىكى ئىككى ئاچامنىڭ ئۆيىگە يۆتكىۋەتمەكچى بولدۇق. ئەتىسى تاڭ سەھەردە بۇ كىتابلارنى خورجۇنغا سېلىپ ئېشەك بىلەن شەھەرگە ماڭدۇق. ئاچامغا بۇ كىتابلارنى مەھكەم ساقلاشنى تاپشۇرۇپ ئۆزۈمنى

— مېنىڭچە، بۇ كىتابلار ئىچىدىكى ئاشكارا نەشر قىلىنغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئۆز ئىگىسىگە ياكى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ قىرائەتخانىسىغا بېرەيلى. قالغان قولىيازمىلار ۋە كونا كىتابلارنى ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىغا تاپشۇرۇپ بېرەيلى. ئىش قىلىپ بىزنىڭ قولىمىزدا بۇ كىتابلار كۆيۈپ كەتمىسۇن.

ليۇ زوجاڭ بىزنىڭ پىكرىمىزنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن:

— مەنمۇ سىلەرنىڭ پىكرىڭلارغا ھېسداشلىق قىلىمەن. لېكىن ئۆز ئالدىمغا قارار چىقىرالمايمەن. مەن بۇ ئەھۋالنى دەرھال باش ئەترەت باشلىقلىرىغا دوكلات قىلاي. ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئالغاندىن كېيىن، بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلايلى، — دەپ، يېنىمىزدىكى باش ئەترەت ئىشخانىسىغا يول ئالدى. بىز كىتابلارنىڭ قېشىدا قالدۇق. بۇ پايدىلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ «يۇلتۇزلار پالنامىسى»، «ھۆكمەتلەر» (ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ شېئىرلىرى)، «چاھار دىۋان» (ئەلشىر نەۋايىنىڭ) ناملىق ئۈچ پارچە قولىيازمىنى ئوغۇرلاپ يانچۇقۇمغا ۋە قوينۇمغا سېلىۋالدىم. «كىتاب ئوغرىسى ئوغرى ئەمەس.»تە! بىرەر سائەتتىن ئارتۇقراق ۋاقىتتىن كېيىن بۇ كىشى يېنىمىزغا قايتىپ كېلىپ، باشلىقلارنىڭ يوليورۇقىنى يەتكۈزدى.

— سىلەرنىڭ پىكرىڭلارنى «سوتسىيالىستىك تەربىيە» باش ئەترىتىدىكى رەھبەرلەر «مۇۋاپىق» دەپ قاربدى. ھەممە كىتابلارنىڭ ئارىسىدىكى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەپتىيەكلەرنى ئايرىپ ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىشتىن باشقا بارلىق كىتاب ۋە قولىيازمىلارنى پىچەتلەپ، پەيزاۋات ناھىيەلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورگىنىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى ھاۋالە قىلدى، — دېدى.

مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىچ - ئىچىمدىن خۇشال بولدۇم. «خاننىڭ ئاغزى مايماق» دېگەندەك، ناۋادا ليۇ زوجاڭ «بولمايدۇ»

سەككىزىنچى باب

## «چۈش»مۇ يا «قىيامەت»مۇ

نېمە بۇ، بىر چۈشمۇ يا دەھشەت «قىيامەت» بولدىمۇ،
ياكى ئەلنىڭ ئەجىلى ـ پەيمانىسى لىق تولدىمۇ؟
ئاندا قىقاس، مۇندا ئۇر ـ چاپ، قول سۇنۇق، باش ـ كۆز يارا،
نى يىگىت ـ قىزلار ياتۇر جان تالىشىپ مەيدان ئارا.
بولدى مەكتەپ زاللىرى قىرغىنچىلىق قورغانلىرى،
تەجرىبە ئەسۋابلىرى، بومبا ياساش سايمانلىرى.
كارخانا نەيزە ياسار، ئورغاق سوقۇشنى توختىتىپ،
كىيدى قالپاق بەزىلەر گېپىلىر سارائىغا ئوخشىتىپ.
ئاقتى قان، ئاقتى قېرىنداش ھەم بۇرادەر قېنى،
نېمە دەپ يەكۈن ياساركەن ئاڭا تارىخ بىر كۈنى.
توۋا دەپ تۇتتۇم ياقا، ھەر كۈنلىكى قانغا قاراپ،
شۇنچە قانغا كىم خەلقىنىڭ ئالدىدا ئېيتار جاۋاب.

ـ (ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «خاتىرىسى»دىن)

مانا بۇ تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن جوڭگوچە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ رېئال كارتىنىسى.

راستىنى ئېيتقاندا، سەككىز يىل داۋاملاشقان بۇ «ئىنقىلاب»نى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەنلەرنىڭ نەزىرىدە، ئۇ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ئەمەس «مەينەت ئىنقىلاب»

خاتىرجەم ھېس قىلدىم ـ دە، چۈشتىن كېيىن قاتناشنىڭ ماشىنىسى بىلەن پەيزاۋاتقا قاراپ يول ئالدىم. دەرۋەقە، بىر ـ ئىككى ئايدىن كېيىن بۇ «شامال» بىزنىڭ يېزىمىزغىمۇ يېتىپ كېلىپ، ئىسيانچىلار ئۆيىمىزنى ئاختۇرۇپ قالغان كىتابلارنى «مۇسادىرە» قىلىپتۇ. پەقەت شەھەرگە يۆتكىۋەتكەن كىتابلىرىمىزلا ساق قاپتۇ. بۇ كىتابلارنىڭ بىر قىسمىنى كېيىنچە مەن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېتىپ، دادامدىن قالغان تەۋەرۈك سۈپىتىدە ھازىرغىچە ساقلاۋاتىمەن.

1966 ـ يىلى 5 ـ ئايلاردا، «سوتسىيالىستىك تەربىيە» ھەرىكىتىگە قاتنىشىۋاتقان بارلىق كادىرلار دەرھال ئۆز ئورنىغا قايتىپ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غا قاتنىشىش ھەققىدە يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن يېزىلاردىكى «تەربىيە» كادىرلىرى ئىختىيارى ھالدا ئەسلىدىكى خىزمەت ئورۇنلىرىغا قايتىشقا باشلىدى. مەنمۇ ئىككى يىللىق جاپالىق چېنىقىشنى تاماملاپ، قەشقەردىكى ۋاقىتلىق ئۆيۈمدە ئايالىم مەريەم بىلەن بىللە 15 كۈن دەم ئېلىپ ئۈرۈمچىگە يالغۇز قايتىپ كەلدىم. ئويلىسام، يېزا ـ شەھەرلەردىكى «سوتسىيالىستىك تەربىيە» ھەرىكىتى ھازىر باشلانغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ مانىۋىرى ئىكەن. بۇ «مانىۋىر»دىن ھەر ھالدا سالامەت ئۆتتۈم. ئەمدى يەنە قانداق قىسمەتلەر كۈتىدىكىن ـ تاڭ!

ئىنقىلابقا ئاتلانغان يېقىن سەپداشلىرىدىن گۇمانلىنىپ، ئۇلارنى تۇنجۇقتۇرۇۋېتىشنىڭ كويىغا چۈشتى. «ئۇنتۇرىدا بۇرۇن بولمىسا، ئۇ كۆز بۇ كۆزنى يەيدۇ.» دېگەندەك ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش كويىدا ماۋزېدۇڭچە نىقابلىنىپ يۈرگەن بىر ئوچۇم سۇيىقەستچىلەر گۇرۇھى «پۇرسەت كەلدى» دەپ چوتنى خاتا سوقۇپ، «ئىلاھ»نىڭ بۇرنىدىن يېتىلەشكە باشلىدى. ماختاش، ئالقىشنى ياخشى كۆرمەيدىغان كىشى بولمىسا كېرەك. ئىنسان پسىخىكىسىنىڭ بۇ ئاجىزلىقى بەزىدە كىشىنىڭ ئۆز ئىرادىسىگە باقمىغان ھالدا كۆزىنى غەلەت قىلىپ «يامانلىق ئىلاھى — ئانگرامەييۇ»لارغا يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىشكە مەجبۇرلايدۇ-دە، ئۆزىنىڭ غېمى ئۆزگىلەرنى زىيان - زەخمەتكە گىرىپتار قىلىدۇ. بۇ بىر خىل ھايات مەنتىقىسى. دەرۋەقە، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ «مانىۋېرى»دىن باشلاپ، ئۇنىڭ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈش ۋە ئاخىرىدا گۇمران بولۇش جەريانلىرىدىكى پاجىئەلىك كۆرۈنۈشلەرنى ئەسلىسەك، بۇ مەنتىقىنىڭ كۆرۈنمەس ھۆججەيرىسىدىكى ماھىيەتلىك ئامىللارنى قىياس قىلالايمىز. مەن يەنىلا «ئۇنتۇش ئۇچۇن ئەسلەش» مەقسىتىدە ئارخىپقا ئايلانغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ «خاتىرىسى»نى ئوقۇرمەنلىرىمنىڭ سەمىگە سېلىشنى لايىق تاپتىم. بۇ ھەرگىزمۇ «يارا ئۇستىگە تۇز سېپىش» ئەمەس. بەلكى ئەۋلادلارنىڭ بۇ تارىخىي ئاچچىق ساۋاقنى مەڭگۇ ئۇنتۇماسلىقى ئۇچۇن، خالاس.

مەن ئىككى يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ھەممە ئۇچۇرلاردىن تېز خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىغان قاينام - تاشقىنلىق شەھەر مۇھىتىدىن ئايرىلىپ، قەشقەرنىڭ چەت يېزا - قىشلاقلىرىدا دېھقانچە ياشاپ كەلگەچكە، نۆۋەتتىكى كەسكىن ۋەزىيەتتىن بىخەۋەر ئىدىم. شۇڭا 1966 - يىلى ماي ئېيىنىڭ ئاخىرلىرى، مەكتەپكە قايتىپ كەلگەندىن بۇيان، باش كۆتۈرمەي «گېزىت -

سانلاتتى. شۇڭا، ئاللىقاچان تارىخ بېتىدىن ئۆچۈرۈلگەن بۇ سەككىز يىللىق مالىمانچىلىقنى تىلغا ئېلىشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ. شۇنداق بولسىمۇ «ئۇنتۇش ئۈچۈن ئەسلەش» كېرەك ـ تە!

مەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ شاھىتلىرىدىن بىرى بولسامۇ، لېكىن ھازىرغىچە بۇ «ئىنقىلاب»نىڭ تۈپ ماھىيىتى ۋە نىشانىنى، ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلىرىنى تېخى تولۇق چۈشەنمەيمەن. ھادىسەن قارىغاندا، جۇڭگو تارىخىدىكى چىن شىخۇاڭدىن باشلانغان فېئودال سۇلالىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھاكىمىيەت تالىشىشنى مەركەز قىلغان «ئوردا كۈرىشى»نىڭ باشقىچە شەكىلدىكى تەكرارلىنىشى، خالاس. پۇقرا دېگەن قايسى زامان، قايسى ماكاندا ياشىشىدىن قەتئىينەزەر گوياكى قوي توپىدەك رايىش بولۇپ، چوبان قاياققا باشلىسا شۇ ياققا مېڭىشقا مەجبۇر، ئەگەر چوبانغا ئەگەشمەي توپتىن ئايرىلسا، ھامان بۆرىگە «يەم» بولىدۇ. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»مۇ بۇ قانۇنىيەتتىن مۇستەسنا ئەمەس. بۇ «ئىنقىلاب» جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بۈيۈك رولچىسى. توغرا، شەرەپلىك جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئۇزاق سىناقلاردىن ئۆتكەن ئۇلۇغ داھىيسى ماۋزېدۇڭنىڭ 70 ياشتىن ئاشقان قېرىلىق مەزگىلىدە، بۇ يىللار ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇزۇن يىللىق جاپالىق ئىنقىلابقا باشچىلىق قىلغان ماۋجۇشىنىڭ ھارغىنلىقتىن دېۋەڭلىككە يۈزلەنگەن ھەمدە ئەقلىي ـ ئىدراكى كۈنسېرى ئاجىزلاشقان مەزگىللەر ئىدى. سوبيېكتىپ جەھەتتىن ئالغاندا، بۇ مۆھتەرەم زاتنىڭ پىسخىك ئالەمىدە «گۇمانخورلۇق»، «مەنمەنچىلىك»، «ماختانچاقلىق»، «ئۆزۈمچىلىك» خاھىشلىرى بېسىم ئورۇندا بولۇپ، «مۇتلەق ئىلاھ»لىق تەمەسى كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا قېرىپ قالغان مەزگىللىرىدىمۇ مۇشۇ «شەيتان» ۋەسۋەسىسىدە ئۆزى بىلەن بىر سەپتە قان كېچىپ ئىنقىلاب قىلغان، بارلىقىنى جۇڭگو

كېيىنكى ئەۋلادلار تىل-يېزىقىنى ئۆزگەرتىۋېتىپ، ئۆز تارىخىنى ئوقۇيالماس ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان.

كېڭەيدى. شۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى كۆرەشنىڭ تىغ ئۇچىنى يالڭ شەنجىڭ (مەركىزى ئالىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، مەملىكەت ۋە خەلقئارادا تونۇلغان ئاتاقلىق پەيلاسوپ). سۈن يىفاڭ (جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ باشلىقى، ئاتاقلىق ئىقتىسادشۇناس)، جيەن بوزەن، ۋۇخەن (بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى، مەملىكەت ۋە خەلقئارادا تونۇلغان داڭلىق تارىخشۇناس ئالىملار) قاتارلىق مەشھۇر زاتلارغا قارىتىپ، ئۇلارغا «شيۇجېڭجۇيىچى ئۇنسۇر»، «پارتىيەگە قارشى ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇر»، «كونىنى تىرىلدۈرگۈچى ئۇنسۇر» دېگەندەك سىياسىي قالپاقلار كىيدۈرۈلۈپ قاتتىق كۆرەش قىلىندى. بۇ تەتۈر شامالنىڭ «ئىلھامى» بىلەن ھەر قايسى ئۆلكە، شەھەرلەردىمۇ بەس - بەس بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىنى «توپقا تۇتۇش» باشلىنىپ كەتتى. چەت چېگرا رايون شىنجاڭمۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالمىدى. نەتىجىدە دەسلەپ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ شۇجىسى ليۇ شاۋۋۇ، تونۇلغان يازغۇچى ۋە رەھبەر ۋاڭ گولىن، تېيىپجان ئېلىيوف، ئابدۇكېرىم خوجايوف قاتارلىق بەش يازغۇچى «پارتىيەگە قارشى گۇرۇھ» دېگەن قالپاق بىلەن پىپەن قىلىندى. ھەتتا ليۇ شاۋۋۇنى پارتىيەدىن قوغلاپ چىقاردى. ئۇلارغا چېتىلدىغان بىر تالاي ئادەملەرمۇ ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى. ۋەزىيەت «چېكىتى يوق جىڭ»دەك بارغانسېرى ئەگەپۇگسىزلىنىپ كېتىۋاتقان شارائىتتا، بۇ كېڭەيمىچىلىكنى ئەرتىپكە سېلىش مەقسىتىدە، 1966 - يىلى فېۋرالدا ماۋزېدۇڭنىڭ تەكلىپى ۋە تەستىقى بىلەن پىڭ جېن (مەركىزى كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، شۇجىچۇنىڭ دائىمىي شۇجىسى، بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكومنىڭ بىرىنچى شۇجىسى)، لۇدىڭيى (مەركىزى كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ

ژۇرنال ۋە ھۆججەت كۆرۈپ ۋەزىيەتنى چۈشىنىش»، «ۋەزىيەتكە يېتىشىۋېلىش»نىڭ كويىدا يۈرەتتىم. بىردىنلا بۇرۇن مەتبۇئات ساھەسىدە كۆرۈلمىگەن ۋە «ئوردا مەشقاۋۇل»لىرىنىڭ ئارىسىدىمۇ تونۇلمىغان ياۋۇيىنۇەن ئاتلىق بىر مۇئەللىپنىڭ شاڭخەيدە چىقىدىغان «ئازادلىق» گېزىتىنىڭ باش بېتىگە بېرىلگەن «يېڭىدىن يېزىلغان تارىخى دراما ‹خەيرۇينىڭ مەنسەپتىن قالدۇرۇلۇشى›غا باھا» دېگەن بىر پارچە ماقالىسى قوزغىغان سىياسىي بەس - مۇنازىرىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. مەركەز مەقسەتلىك ئورۇنلاشتۇرغان بۇ سىياسىي بەس - مۇنازىرىگە داھىمىز ماۋ جۇشى تەستىق يېزىپ، مەملىكەت بويىچە ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە مەدەنىيەت خىزمىتىنى كەسكىن تەنقىدلەپ، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئورگانلىرىنى «پادىشاھ، خان - ۋەزىرلەر مىنىستىرلىكى»، «جىن - شەيتانلارنىڭ قارا ئۆگىسى» دەپ قاتتىق سۆكتى. مەن بۇ «تەستىق»نى ئوقۇپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم ھەمدە غەلىتىلىك ھېس قىلدىم. «بىر جۈملىسى مىڭ جۈملىگە تەڭ» دەپ قارىلىدىغان ئۇلۇغ داھىنىڭ بۇ بېشارىتى بىلەن چېكىدىن ئاشقان «سول» نەزەرىيە ئېقىمى جۇڭگونىڭ ئاسمىنىنى قاپلاپ، «ھەيۋەتلىك بىر ئىنقىلاب»نىڭ قوزغىلىشىغا سىگنال بولدى. شۇنىڭ بىلەن تىنچ شارائىتتىكى بارلىق ئەلەم ۋە قەلەم كۆرەشلىرىگە «پىلتە» بولىدىغان مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەلىرى داۋالغۇپ، بىر قىسىم داڭلىق تارىخىي رومان، ھېكايە، كىنو، تىياتىرلار ئۈستىدە «ئىنقىلابى چوڭ پىپەن»» قانات يېيىپ، بىر يۇمۇلاپلا ئۇنىڭغا «بۇرژۇئازىيەنىڭ سېسىق مېلى»، «زەھەرلىك چۆپ»، «شىيۇجىڭجۇيى»، «فېئودالىزمنىڭ تەرغىباتى» دېگەندەك قارا ماركىلار چاپلاندى. بۇ خىل شامال بارغانسېرى كۈچىيىپ، پەلسەپە، تارىخ، مائارىپ قاتارلىق ھەر قايسى ئىجتىمائىيەت قاتلاملىرىغىچە

چىقىرىپ «فېۋرال تېزىسى»غا قارشى مۇقام تۇتۇلىدى. بۇ «خاتىرە»مۇ 10 - ئاپرېلدا مەركىزى كومىتېتنىڭ «قىزىل باشلىق» ھۆججىتى شەكلىدە، پۈتۈن پارتىيەگە تارقىتىلدى. بۇ «خاتىرە»نىڭ بىۋاسىتە ئىجادكارى جاڭ چىڭ بىلەن لىن بياۋ بولسىمۇ، ئۇ ماۋزېدۇڭنىڭ كۆڭلىگە پۈككەنلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن ئىدى.

تولىمۇ قىزىق ھەم غەلىتە بولغىنى، دۇنيادا ئىسمى - جىسمىغا لايىق كاتتا نوپۇسلۇق «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزى كومىتېتى»نىڭ بىرلا ۋاقىتتا مەزمۇن ماھىيىتى جەھەتتىن بىر - بىرىگە زىت بولغان «فېۋرال تېزىسى» بىلەن «فېۋرال خاتىرىسى»دىن ئىبارەت ئىككى خىل ھۆججەتنىڭ ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىنىشى ئىدى. بۇ ھال ئەس - ھوشى جايىدا بولغان ھەر قانداق ئادەمنى ئەجەبلەندۈرمەي قالمايتتى.

جاڭ چىڭ تۈزگەن «فېۋرال خاتىرىسى» خۇددى «ئوت ئۈستىگە ياغ قۇيغان»دەك «ئىنقىلاب»نىڭ ئوتىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ «خاتىرە»نىڭ روھىغا ماس ھالدىكى تەنقىد ماقالىلىرى نۇقتىلىق گېزىتلەرنىڭ باش ستونلىرىنى قاپلىدى. دەسلەپ «بېيجىڭ گېزىتى»دە مەخسۇس «سەنجاسون» («ئۈچ ئائىلىك كەنت») نامىدا ستون ئاچىرىتىلىپ، ۋۇخەن، دېڭتو (بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكومىڭ شۇجىسى) ۋە لياۋ مۇشا (بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى) قاتارلىق «سەنجاسون» تەنقىدىنىڭ ئوبيېكتى قىلىندى. 8 - مايدا «ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى»نىڭ باش بېتىگە جاڭ چىڭنىڭ يېزىقچىلىق گۇرۇپپىسى «گاۋجۈ» دېگەن تەخەللۇس بىلەن «پارتىيەگە، سوتسىيالىزمغا قارشى قارا يىپقا ئوت ئاچايلى» دېگەن «سەنجاسون»نى ئاشكارا تەنقىد قىلىدىغان ئۇزۇن ماقالە ئېلان قىلىندى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتمەيلا

باشلىقى)، كاڭ شىڭ (مەركىزى كومىتېت سىياسىي ـ نەزەرىيە گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى)، جۇ ياڭ (مەركىزى كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) ۋە ئۇ لېڭشى («خەلق گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)لاردىن تەركىب تاپقان «بەش كىشىلىك مەدەنىيەت ئىنقىلابى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى» قۇرۇلۇپ، نۆۋەتتە قانات يايدۇرۇلغان چوڭ پىپەن ھەرىكىتىنى مۇۋاپىق چەكلەپ، ئۇنىڭ پۈتكۈل ساھەلەرگە يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولغانىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ نىشان ئاستىدا بۇ گۇرۇپپا 3 ـ فېۋرال يىغىن ئېچىپ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ يېتەكچى فاڭجىنى سۈپىتىدە بىر دوكلات تېزىسى تۈزۈپ مەركىزى كومىتېتقا سۇندى. «فېۋرال تېزىسى» دەپ ئاتالغان بۇ دوكلات ماۋزېدۇڭنىڭ تەستىقى بىلەن مەركىزى كومىتېتنىڭ مۇھىم ھۆججىتى سۈپىتىدە پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىتىلدى. ۋاھالەنكى چېكىدىن ئاشقان «سول»چىللىقنى كۆچەپ تەرغىب قىلىپ «توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاش» شېرىن چۈشكە مەستخۇش بولغان شۇم نىيەتلىك جاڭ چىڭ، جاڭ چۇنچاۋ قاتارلىق «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» بۇ تېزىسنىڭ تىغ ئۇچىنى ماۋجۇشىغا قارىتىلغان، دەپ دارۋاڭ كۆتۈرۈشكە باشلىدى.

«فېۋرال تېزىسى» تېخى بۆشۈكتىكى چاغدىلا ئۇنى تۇنجۇقتۇرۇۋېتىش مەقسىتىدە جاڭ چىڭ لىن بياۋ بىلەن تىل بېرىكتۈرۈپ شاڭخەيدە «ھەربىي قىسىملار ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەت يىغىنى»نى ئاچتى. لىن بياۋنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئېچىلغان بۇ يىغىن جاڭ چىڭ (بۇ مەزگىلدە جاڭ چىڭنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ھەربىي سەپتە ھېچقانداق رەھبەرلىك ۋەزىپىسى يوق ئىدى.)نىڭ رىياسەتچىلىكىدە «ھەربىي قىسىملار ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەت يىغىنىنىڭ خاتىرىسى» (قىسقارتىلىپ «فېۋرال خاتىرىسى» دەپ ئاتالدى.)نى قەپەزدىن

ئاساسەن قۇرۇلغان پېڭ جېن رەھبەرلىكىدىكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى» (بەش كىشىلىك گۇرۇپپا) ۋە ئۇنىڭ ئىش بېجىرىش ئورگانلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، چېن بودا، كاڭ شېڭ، جياڭ چىڭ، جاڭ چۈنچياۋ، گۇەن فېڭ، چى بېنيۈ، ياۋ ۋېنيۈەن قاتارلىق بىر ئوچۇم ئۇچىغا چىققان كاللا كېسەر «سول» چىلاردىن تەشكىل تاپقان «مەركىزى مەدەنىيەت ئىنقىلابى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى»نىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. شۇنىڭ بىلەن «ئىنقىلاب» تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن سۈرلۈك قىياپەت ۋە ھەيۋە بىلەن پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى.

شۇ يىلى 25 ـ مايدا ئالىي مەكتەپلەرنى بازا قىلغان بۇ «گۇرۇپپا»نىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پەلسەپە فاكۇلتېتىنىڭ باش ياچېيكا سېكرېتارى نيې يۈەنزى يەتتە «لەببەيچى»نىڭ بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكوم ۋە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومىنى «توپقا تۇتۇش» توغرىسىدىكى بىر پارچە دازىباۋى («چوڭ خەتلىك گېزىت») ئاشكارا چاپلاندى. جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرۋاتقان رەئىس ماۋزېدۇڭ كاڭ شېڭ ئارقىلىق بۇ دازىباۋدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بىرىنچى ئىيۇن كۈنى ئۇنىڭغا تەستىق يېزىپ «بۇ دازىباۋنى شىنخۇا ئاگېنتلىقى جۇملىدىن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر قايسى گېزىت ـ ژۇرنال ۋە ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ تولۇق ئېلان قىلىشى» لازىملىقىنى ئۇقتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بېيجىڭنى مەركەز قىلغان ھالدا مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى ماۋزېدۇڭنىڭ چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، نيې يۈەنزى قاتارلىقلارنى دوراپ «ئۈچ چوڭ» (چوڭ پاش قىلىش، چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلاش، چوڭ پىپەننى قانات يايدۇرۇش)نى بەس ـ بەستە قانات يايدۇردى. مەملىكىتىمىز تېخى بۈگۈنكىدەك زامانىۋى

شاگخەيدە چىقىدىغان «نۇر گېزىتى» بىلەن «ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى» بىرلا ۋاقىتتا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ غوللۇق ئاتامېنى ياۋۋېنيۈەننىڭ « «ئۇچ ئائىلىك كەنت›كە باھا» ناملىق ئۇزۇن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. بۇ تەتۇر شامالغا ماسلىشىپ چى بېنيۇ، گۇەن فېڭ (مەركەز «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ھۆججەت تۈزۈش گۇرۇپپىسى»نىڭ ئەزالىرى) قاتارلىق يۇرسەتپەرەس قارا پۈتۈكچىلەر سەكرەپ چىقىپ، شۇ كۈندىكى «نۇر گېزىتى» ۋە «قىزىل بايراق» ژۇرناللىرىدا ئارقا - ئارقىدىن چوڭ ھەجىملىك، يالان تىللىق ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ ئاكتىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. مەقسەت ئالدى بىلەن بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكومنى قورشاۋ ئىچىگە ئېلىپ، پېڭ جېن باشچىلىقىدىكى «ئوق يىلتىز»نى قومۇرۇپ تاشلاش ئىدى.

1996 - يىلى مايدا بېيجىڭدا پارتىيە مەركىزى كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ يىغىنى ئېچىلدى. بۇ يىغىنغا سىياسىي بيۇرونىڭ ئەزاسى، شۇجىچۇنىڭ شۇجىلىرىدىن بولغان پېڭ جېن، لورۇيچىڭ، ياڭ شاڭكۇن ۋە لودىڭيى قاتارلىقلار قاتناشتۇرۇلماي، بۇ تۆتەيلەنگە ھېچبىر ئاساسسىزلا ئاتالمىش «پارتىيەگە قارشى سۇيىقەستچىلەر گۇرۇھى» دېگەن سىياسىي قالپاق كىيدۈرۈلدى ھەمدە يىغىن ماقۇللىغان «16 - ماي ئۇقتۇرۇشى»نى ئېلان قىلدى. بۇ «ئۇقتۇرۇش»تا يۇقىرىقى تۆت كىشىگە «ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىي ئۆزگىرىش قىلماقچى بولغان دەپ تۆھمەت چاپلاپ، ئۇلارنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيەدىكى بارلىق ۋەزىپىلىرىدىن ئېلىپ تاشلانغانلىقى جاكارلاندى. شۇنداقلا يەنە بىر قىسىم سىياسىي بيۇرو ئەزالىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ پىپەن قىلدى ۋە تەشكىلى جەھەتتىن چارە كۆردى. «16 - ماي ئۇقتۇرۇشى» ماقۇللىنىش بىلەن تەڭلا ماۋزېدۇڭنىڭ يولىيۇرۇقى ۋە بۇيرۇقىغا

چىقىرىلىپ، پىپەن قىلىناتتى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا مەملىكەت بويىچە تۇنجى باشلانغان 1967 - يىلىدىكى «4 - ئاۋغۇست قالپاق كىيدۈرۈش ھەرىكىتى»دە بىر كۈن ئىچىدىلا 542 نەپەر ئاتالمىش «گېزەندى» تارتىپ چىقىرىلىپ، «قەغەز قالپاق كىيدۈرۈش»نىڭ رېكورتى بۇزۇلدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىگە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومدىن ئەۋەتكەن خىزمەت ئەترىتىنىڭ تەربىيەلىشى بىلەن يېتىلگەن ئاتالمىش «پرولىتارىيات ئىنقىلابچىلىرى بىردەمدىلا تەرەپ - تەرەپتىن سۆرەپ كەلگەن جاڭ دۇڭيۇ (قەغەز قالپىقىغا يېزىلغان نام - شەرىپى — بۇرژۇئازىيە مائارىپىنىڭ سادىق تەرغىباتچىسى، يەرلىك مىللەتچىلەرنىڭ پېشقەدەم ئۇستازى)، يۈن گاڭ (نام - شەرىپى — ئەكسىيەتچى بۇرژۇئا ئىلىم نوپۇزلىقى). بۇرھان شەھىدى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى نۇسرەت شەھىدى (نام - شەرىپى — گومىنداڭنىڭ داشقىلى، ئەكسىلئىنقىلابى شيۇجىڭجۇيىچى، چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر)، شى مىڭدەن (نام - شەرىپى — بۇرژۇئا مائارىپىنىڭ تەرغىباتچىسى)، ئىيسا نىياز (نام - شەرىپى — سوۋېتتىن تەلىم ئالغان ئەكسىلئىنقىلابى شيۇجىڭجۇيىچى ئۇنسۇر)، ئامانوللا (چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر، ئەكسىيەتچى بۇرژۇئا ئىلىم نوپۇزلىقى)، ئابباس بۇرھان (ئەكسىيەتچى بۇرژۇئا ئىلىم نوپۇزلىقى)، قەمەر ئاپپاي (مەمتىمىن خۇدابەردىنىڭ خانىمى)، مارىيە (ئابباس بۇرھاننىڭ خانىمى، مەكتەپ دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرى) قاتارلىقلار بىرىنچى سەپكە تىزىلىپ «قالپاق كىيگەن» بۇ «گېزەندى»لەر توپى ئىجتىمائىي پەنلەر مەيدانىدا كۈرەش قىلىنىدى. بۇ ھەقىقەتەن «چاشقانغا قىيىن، مۈشۈككە ئويۇن» بولغان كۈلكىلىك «كومېدىيە» بولدى. چۈنكى كىم كىمگە قالپاق كىيدۈرسە يوللۇق بولىۋېرەتتى. دەرۋەقە، تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن بۇنداق زور «ئىنقىلاب»تا ئاشۇرىۋېتىش، چەكتىن چىقىپ

ئۈچۈر ۋاسىتىسىغا ئىگە بولمىغان ئاشۇ يىللاردىمۇ مەركەزنىڭ «ئاۋازى» بىر كۈندىلا پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلايتتى. شۇڭا نى يۈەنزىنىڭ «چوڭ خەتلىك گېزىتى» ھەققىدىكى مازىدۇڭنىڭ تەستىقى ئېلان قىلىنىپ ئىككى كۈندىن كېيىن يەنى 3 - ئىيۇن شىنجاڭدا بىرىنچى بولۇپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا تۇنجى «چوڭ خەتلىك گېزىت» چىقىرىلىپ، مەكتەپ مۇدىرى جاڭ دوڭيۇ، نۇسرەت شەھىدى، ھاكىم جاپپار، يۈن گاڭ، فاكۇلتېت مۇدىرلىرى ۋە باشقارما دەرىجىلىك رەھبەرلەردىن ۋېن پىدەن، مەمتىمىن خۇدابەردى، ئىيسا نىياز، جاڭ جۇنفا، ئامانوللا، ئابباس بۇرھان قاتارلىقلارنىڭ «جىنايىتى» پاش قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن «دازىباۋ» دولقۇنى بىردەمدىلا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، مەكتەپ قورۇسىنىڭ ئىچى ۋە تېشى، چوڭ - كىچىك زال، كارىدور ۋە بىنالارنىڭ تاملىرىنى «دازىباۋ» قاپلاپ كەتتى. چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال ھەممە ئادەمنىڭ دىققىتى مۇشۇ دازىباۋ رايونلىرىغا مەركەزلەشتى. توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان بۇ «دولقۇن» ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتكىمۇ يامراپ، ئاساسلىق رەھبەرلەردىن ۋاڭ ئېنماۋ، سەيپىدىن ئەزىزى، ۋۇگۇاڭ، لوي جەنرېن، جاڭ جوڭخەن، مەمتىمىن ئىمىنوف، بورھان شەھىدى قاتارلىقلارنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى «قەلب تاپشۇرۇش خاتىرىلىرى»نى «چوڭ خەتلىك گېزىت»تە ئاشكارىلاپ، خەلق مەيدانى ۋە ئاۋات بازارلارنىڭ تاملىرىغا چاپلاندى. بۇ «دازىباۋ»لارنىڭ تىغ ئۇچى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزىگە مەركەزلىشىپ قېلىۋاتقان جىددى پەيتتە بىردىنلا ماۋزېدۇڭنىڭ «ئەڭ ئالىي يوليورۇقى» يېتىپ كېلىپ سەيپىدىن ئەپەندىم قوغداپ قېلىندى.

«دازىباۋ»لارنىڭ «جامائەت پىكرى»نى قوزغاش كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. كىمگە «دازىباۋ» كۆپ چىققان بولسا، ئۇنىڭ راست - يالغىنىنى ئايرىمايلا، شۇ كىشى تارتىپ

قار - مۇزلارنى چوقۇش، مەكتەپنىڭ چارۋىلىرىغا قىشلىق يەم - خەشەك تەييارلاش. دازىباۋ چاپلايدىغان ياغاچ تاملارنى ياساش، پىڭپاڭ ئۆيلەر (بىر قەۋەتلىك لاي قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر) نىڭ ئۆگزىسىگە كاكۇل لاي سېلىش... قاتارلىق كۆپ خىل ئەمگەكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەنە شۇ «گېزەندى»لەر ئىشلەيتتى.

مانا مۇشۇ پەيتلەردە ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى تاقالدى. زاۋۇت - كارخانىلار ئىشتىن توختىدى. ھەممە ساھەلەردە ھۆكۈمەتسىزلىك ئەۋجەپ كەتتى. شاڭخەيدىن باشلانغان «ھوقۇق تارتىۋېلىش»، «ئىنقىلابىي چوڭ ئالاقە باغلاش» شاملى پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلاپ، ئاتالمىش «قىزىل قوغدىغۇچىلار» قوشۇنلىرى پىيادە «ئۇزۇن سەپەر»گە ئاتلىنىپ پايتەخت بېيجىڭغا سەلدەك ئاقتى. 1967 - يىلى 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ماۋزېدۇڭ ۋە ئۇنىڭ سىلىڭبۇسىدىكى لىن بياۋ قاتارلىق قوماندانلار تيەنئەنمېن راۋىقىغا چىقىپ مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن «قىزىل قوغدىغۇچى» شاكىچىكلەرنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇلارنى قوللاپ ئىلھام بەردى.

1967 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرى بېيجىڭدىكى ئالىي مەكتەپلەردىن تەشكىللەنگەن «ئىسيانچىلار» قوشۇنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ۋاڭ ئىنماۋغا ئوت ئاچتى. ھەمدە ئۇلار شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپ «ئىسيانچى»لىرى بىلەن بىرلىشىپ، 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئورگىنىغا بېسىپ كىرىپ، پارتكومنى ئىگىلىدى. مانا بۇ شىنجاڭدا «ھوقۇق تارتىۋېلىش»نىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچقان «3 - سىنتەبىر ۋەقەسى». ئۇنىڭدىن بۇرۇنراق شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «ئىسيانچى»لىرى ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم ۋە شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ھەر

كېتىشتىن ساقلىنىش تەس ئىدى. شۇ كۈننى ئەسلىسەم بىر تەرەپتىن كۈلىمەن، بىر تەرەپتىن يىغلايمەن. كۈلگىنىم — ئەخمەقلىقىم، يىغلىغىنىم — نارازىلىقىم. مەن سالاھىيىتى ۋە ئىناۋىتى چوڭ بولغان بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىغا «يېڭى كەلداخۇن» بولغاچقا، بىر كۈندە يۈز بېرىۋاتقان بۇ «قىيامەت»لەر كاللامدىن ئۆتمىسىمۇ، پەقەت «ئىچىمگە تىنىش»قا مەجبۇر ئىدىم. شۇندىن كېيىن مائارىپ سېپىدە ئەزەلدىن «بىر ئاكوپىنىڭ جەڭچىلىرى» دېيىلگەن مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر «گېزەندىلەر» ۋە «ئىنقىلابچىلار» دەپ ئىككى چوڭ لاگېرغا ئايرىلدى. «گېزەندى» لاگېرىدىكىلەرنىڭ دۈمبىسىگە ئۇنىڭ «جىنايى» نام - شەرىپى يېزىلغان ئاق لاتا تىكىلگەن بولۇپ، ئۇنى ھەتتا كېچىسىمۇ ئېلىۋېتىشكە بولمايتتى. ئۇلار «ئىسيانچى»لار تەرىپىدىن كوللېكتىپ ياكى يەككە ھالدا ھەر كۈنلىكى كۈرەش قىلىناتتى. ھېچقانداق رەسمىيەتسىزلا ئۆيلىرى ئاختۇرۇلاتتى. مەكتەپ قوغداش بۆلۈمىدىن تەيىنلەنگەن قوراللىق قۇلاق كەستىلەرنىڭ نازارىتى ئاستىدا، ئۇلارنى ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكلەرگە سالاتتى. مەكتەپتىكى «ئىسيانچى» ئوقۇغۇچىلار ۋە «ئىنقىلابچىلار» لاگېرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىچكى ئۆلكە ۋە شەھەرلەرگە «ئىنقىلابىي چوڭ ئالاقە باغلاش» ئۈچۈن «ئۇزۇن سەپەر»گە ئاتلانغان مەزگىللەردە، بۇ «گېزەندى» لاگېرى مەكتەپكە ئىسسىقلىق تارقىتىدىغان پار قازانلىرىغا ئوت يېقىش، كۆمۈر قېزىش، چوڭ - كىچىك ھاجەتخانىلارنىڭ گەندىسىنى چىقىرىش، سەندۇڭبويىدىن شېبەن تاش كولاش ۋە قول چانىسى بىلەن ئۇنى توشۇش، ئائىلىلىكلەرنىڭ بۇزۇلغان خوچاڭ (تام مەش)لىرىنى ياساش، مەكتەپ قورۇسىنى تازىلاش، «ئۇرۇش تەييارلىقى» ئۈچۈن يەر يۈزىدىن 15 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا لەخمە كولاش، كوچا سۈپۈرۈش،

يانغىن چىقىدۇ.» ماركىلىق بۇ «ئىسيانچى»لار تەشكىلاتىنىڭ يۇقىرىقى ئىككى كاتتابېشى ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى چاپارمەنلىرى ماش رەڭ ھەربىي فورما كىيگەن. ھەربىيچە كەمىرىگە ماۋزۇر ۋە تاپانچا ئېسىۋېلىپ «جەڭ»گە قوماندانلىق قىلاتتى. كېيىنچە، شىنجاڭنىڭ «ئىسيانچى»لىرى بىرلىشىپ «خوڭ ئېرسى» (قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ ئىككىنچى قوماندانلىق شتابى) قۇرۇلغاندا، بۇ ئىككى «ئىسيانچى» ئۇنىڭ «باش قوماندانى» بولدى. «دەرەخ يىقىلسا مايمۇن پادىشاھ بوپتۇ.» دېگەندەك، ئاممىۋي تەشكىلاتلارنىڭ بۇ كاتتاباشلىرى ئەسلىدە ئۆگىنىشتە ئارقىدا، ئىنتىزامسىز، كۆزگىمۇ چېلىقمايدىغان لاياقەتسىز ئوقۇغۇچىلار ئىدى. «كۆزگە ئېلىنمىغان پۇتقا چوماق» بولغاندەك، ئۇلار بىر يولىلا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ سەركەدىلىرى بولۇۋالدى.

مەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپلا تاكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غىچە چەت - يېزىلاردا ئىشلىگەنلىكىم ئۈچۈن، «ئەھۋال بىلمەيمەن» دېگەننى باھانە قىلىپ، ھېچقانداق ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ پائالىيىتىگە قاتناشمىدىم. مەكتەپتىكى «تەشكىلاتلارنىڭ تارمىقى بولغان «خوڭ سەنلىيەن» (قىزىل ئۈچىنچى روتا) مېنىڭ ئۈستۈمدىن دازىباۋ يېزىپ: «ئىنقىلاب ئىرادىسى بوشىغان»، «بايرىقى روشەن ئەمەس»، «چى چاڭپەي» (تامغا مىنىۋالغۇچى) دەپ تەنقىد قىلدى. مەن بۇ ھەيۋىلەرگىمۇ پىسەنت قىلماي «بويتاقلار بىناسى»دىكى ياتىقىمغا مۆكۈنۈپ ياشاۋەردىم. ئۆرۈمچىدىكى ئىككى گۇرۇھنىڭ تەرەپبازلىق كۈرىشى تازا ئەۋجىگە چىقىۋاتقان پەيتلەردە «جاننى قۇتقۇزۇش»نى ئويلاپ، يۈك توشۇش شىركىتىدىكى بىر تونۇش شوپۇرنىڭ قارا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ قەشقەرگە تىكىۋەتتىم. قەشقەرمۇ ئۆرۈمچىدىن ئېشىپ چۈشكىدەك دەرىجىدە مالىمانچىلىق ئىچىدە ئىكەن. قەشقەردە قۇرۇلغان «خوڭ ئېرسى»نىڭ تارماق

دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئىشلەپچىقىرىش ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. ئەزەلدىن ماۋجۇشىغا ۋە ئۇ يېتەكچىلىك قىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە يۈكسەك دەرىجىدە سادىق بولۇپ كەلگەن جۇڭگو پۇقرالىرى «زاۋپەنپەي» (ئىسيانچىلار گۇرۇھى) ۋە «باۋخۇاڭپەي» (قوغدىغۇچىلار گۇرۇھى) دەپ ئىككى سەپكە ئايرىلىپ كەتتى. كېيىنچىرەك ئۇنىڭغىمۇ يا بۇنىڭغىمۇ كىرمەيدىغان «ئوتتۇرا يول»نى تاللىغانلاردىن تەركىب تاپقان «چى چاڭپەي» (تامغا مېنىۋالغۇچىلار) تەشكىلاتىمۇ بارلىققا كەلدى. بۇ تەرەپبازلىق تەشكىلاتلىرى بارغانسېرى مۇتىئىزملىشىپ ئۆزئارا ئوت بىلەن سۇدەك قارىمۇ - قارشىلىشىپ «قەلەم كۈرىشى»دىن «ئەلەم كۈرىشى»گە ئۆتتى. ھەتتا ھۆكۈمەتسىزلىك، باشباشتاقلىق ھۆكۈم سۈرگەن ئاشۇ پەيتلەردە رەھبىرى كادىرلارمۇ ئىككى سەپكە ئايرىلدى. ۋاڭ ئېنماۋنى قوغدىغۇچىلار «باۋ خۇاڭپەي» دېيىلىپ، بۇ كۆز قاراشتىكىلەرنىڭ ئاتامانلىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ قورۇسىغا توپلاندى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى ۋۇگۇاڭنى قوللاپ، ۋاڭ ئېنماۋنى «يوقاتقۇچى»لار «زاۋ پەنپەي» (ئىسيانچىلار) دەپ ئاتىلىپ، بۇ قاراشتىكىلەر ئاساسەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى بازا قىلدى. ھەر ئىككى تەرەپ دەسلەپكى «قەلەم كۈرىشى»دىن «ئەلەم كۈرىشى»گە ئۆتۈپ، كالتەك، نەيزە بىلەن ئۆزئارا «جەڭ قىلىش»تىن تەرەققى قىلىپ، راست قورال - ياراغ (مىلتىق، تاپانچا، پىلىموت، بومبا، زەمبىرەك، تانكا...)بىلەن «جەڭ» قىلىشقا ئۆتتى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا خولەنچاڭ ۋە خودالۇەن ئىسىملىك ئىككى ئىسيانچى ئوقۇغۇچى (ھەر ئىككىسى سىياسىي فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى) قۇرغان «ئۇچقۇندىن

تۇرۇپ «بادۇسى پې شۇ» (خۇسۇسىيلىق بىلەن كۈرەش قىلىپ، شىۋجىڭجۇيىنى تەنقىد قىلايلى) دەپ ئۈچ قېتىم توۋلاش ئۇدۇمغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. ھەتتا ئۆزئارا سالاملاشقاندىمۇ «يا دۇسى پې شۇ» دەپ كۆرۈشەتتۇق. بۇ «قائىدە»گە خىلاپلىق قىلىشقا بولمايتتى. گوياكى قىلتاناپ ئۈستىدە ماڭغاندەك ھەممە كىشى ئېھتىياتچان بولۇپ كەتكەنىدى. مۇشۇ كۈنلەردە، يېزائىگىلىك تېخنىكومىدا مۇنداق بىر «سىياسىي ئەنزە» يۈز بەردى. بۇ مەكتەپنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى ھۇشۇر ئىسلام مۇئەللىمنىڭ شىرە ئۈستىدە ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم «تازىم» قىلىپ تۇرىدىغان ماۋزېدۇڭنىڭ ھاكتىن ياسالغان بىر ھەيكىلى بار ئىكەن (ماۋزېدۇڭنىڭ ھەيكىلىنى ئەتىۋالاپ ئۆيگە تېزىش ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان.).

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ مۇئەللىمنىڭ بەش ياشلىق ئوغلى مۇرات شوخلۇق قىلىپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن شىرەدىكى بۇ ھەيكەلنى يەرگە چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. سېمونت يەرگە چۈشكەن بۇ ھەيكەل نەچچە پارچە بولۇپ سۇنۇپ كېتىپتۇ. بۇ ئەھۋالدىن چۆچۈپ كەتكەن ھۇشۇر ئاكا نېمە قىلارىنى بىلمەي، ئاخىرى ھەيكەل پارچىلىرىنى تېرىپ بىر خالتىغا قاچىلاپتۇ. ئەلياتقۇدا ھېچكىمگە تۇيدۇرماي، بۇ خالتىنى مەكتەپنىڭ ئارقىسىدىكى دېھقانلارنىڭ ئېتىزلىقىغا كۆمۈۋېتىپتۇ. بىر قانچە كۈندىن كېيىن بۇ ئېتىزنىڭ ئىگىسى بوقۇسا بىلەن بۇ يەرنى ئاغدۇرۇۋاتقاندا، مەزكۇر خالتا بوقۇسانىڭ چىشىغا ئېلىنىشىپ چىقىپتۇ. دېھقان قارىغۇدەك بولسا خالتىنىڭ ئىچىدە ماۋجۇشىنىڭ سۇنغان ھەيكىلى تۇرغىدەك. «بۇنداق ھەيكەل مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆيىدە بولاتتى. بۇ چوقۇم شۇلارنىڭ بىرسى قىلغان ئىش.» دەپ ئويلىغان دېھقان خىزمەت كۆرسەتمەكچى بولۇپ، بۇ خالتىنى مەكتەپنىڭ «ئۈچ تەرەپ (ھەربىي، ئىنقىلابىي كادىرلار ۋەكىلى، ئاممىۋىي

ئىسيانچى تەشكىلاتلىرى 1967 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت بىناسىغا ئوت قويۇۋېتىپ، قەشقەر كوناشەھەر ئىچىدىكى بارلىق «باۋ خۇاڭپەي»لەرنى شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر شەھىرىنى «ئىسيانچى»لار ئىگىلەپ، بۇ بازىنى «قىزىل قەشقەر» دەپ ئاتاپتۇ. «باۋ خۇاڭپەي»لەر يېڭىشەھەرنى بازا قىلىپ، قىزىل دەرياسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى رايونلارنى ئىگىلەپتۇ. پاسىل قىلىنغان قىزىل دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكلىرىنىڭ ئىككى لېۋىگە قارىمۇ ـ قارشى ئىككى تەشكىلات قوم قاچىلانغان سانسىز تاغارلاردىن ئاكوپ ياساپ، ئىككى تەشكىلاتنىڭ مىلتىق، گىرانات، پىلىموت، زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللانغان «جەڭچى»لىرى بىر ـ بىرىگە ئوقلىرىنى بەتلەپ، 24 سائەت ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىپتۇ. ناھىيەلەر ئارا قاتناش ئالاقىمۇ ئۈزۈلۈپ، «ئىنقىلاب» ئوتى يېزا ـ قىشلاقلارغىمۇ تۇتىشىپ كېتىپتۇ.

مەن قەشقەرنىڭ دۆلەتباغ يېزىسىغا جايلاشقان قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ـ ئىگىلىك تېخنىكوم قوروسىدىكى ئۆيۈمگە بېكىنىپ ئايالىم مەريەم بىلەن بىر قانچە ئاينى ئۆتكۈزدۇم. زېرىككەن كۈنلەردە، مەكتەپ بىلەن شەھەر ئارىلىقىدىكى ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل توپا يوللارنى ۋېلىسىپىت بىلەن بېسىپ «ئازاد رايون»غا كىرەتتىم ـ دە، مەرھۇم رىشات ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى بىلەن بىر ئۆيگە جەم بولۇپ قارت ئوينايتۇق. ئانچە ـ مۇنچە ھاراق ئىچىشىپ دەرد بىلەن تولغان كۆڭۈلنى شاد ئېتەتتۇق. «ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا» دەپ بىر ـ بىرىمىزگە تەسەللىي بېرىشەتتۇق.

بۇ كۈنلەردە، باشقا يۇرتلارغا ئوخشاش ھەر قانداق ئىش قىلماقچى (تاماق يېيىش، ئەمگەك قىلىش، ئۇخلاش... قاتارلىق) بولغاندا «بىسمىللاھ» دېيىشنىڭ ئورنىغا ئورنىدىن

بالا بارلىق ئەھۋالنى مۇئەللىمگە ئېيتىپتۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان مۇئەللىم بۇ ئەنزىنى مەكتەپ مۇدىرىغا، مەكتەپ مۇدىرى يېزىلىق «ئىنقىلابىي كومىتېت»نىڭ مەسئۇلىغا يەتكۈزۈپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، بۇ دېھقاننى تۇتۇپ كېلىپ «ماۋجۇشىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىگە نارازى بولغان ئەكسىيەتچى ئۇنسۇر» دەپ يېزا بويىچە كۆرەش قىپتۇ. قايتا ـ قايتا «مەقسىتىڭنى ئېيت» دەپ قىستاپ سوراق قىلىپتۇ. ئاخىرى بۇ دېھقان بىر ھىيلە ئويلاپ سوراق قىلغۇچى باشلىققا شۇنداق دەپتۇ.

— بىز ھەر سائەت ھەر مىنۇتتا «ياشىسۇن ماۋجۇشى! تۈمەن مىڭ يىل ياشىسۇن!» دەپ شوئار توۋلاپ، ماۋجۇشىغا تۈمەنمىڭ يىللار ئۆمۈر تىلەيمىز. ئەمما مېنىڭ بۇ شۇم ئېغىز بالام «ماۋجۇشى 175 يىل ئۆمۈر كۆرىدىكەن» دېسە، مەن بۇ خاتا گەپكە قانداقمۇ چىداپ تۇرالايمەن. ئېيتىڭە باشلىق، زادى بالامنىڭ دېگىنى توغرىمۇ ياكى مېنىڭ دېگىنىم توغرىمۇ؟ — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

كاللىسى قىزىپ كەتكەن باشلىق: «ئەلۋەتتە سېنىڭ دېگىنىڭ توغرا.» دەپ ھۆكۈم چىقىرىپ، دېھقاننى قويۇۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا «175 ياش ياشايدىكەن.» دېگەن خەۋەرنى ئوقۇغۇچىلارغا تارقاتقان مۇئەللىمنى تۇتۇپ كېلىپ كۆرەش قىلىشقا باشلاپتۇ. بۇ خەۋەر ئەسلىدە ئاممىۋى تەشكىلاتلار يازغان «چوڭ خەتلىك گېزىتى»دە «ئەڭ چوڭ خۇشخەۋەر» دەپ ئېلان قىلىنغان ئىكەن.

مەلۇم بىر ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى يۇرتى تۇرپانغا بېرىپ، شۇ دەۋردە مەملىكەتنى قاپلىغان بىردىنبىر قىزىل ناخشا «داخەي خاڭشىڭ كاۋدوشۇ»نى ئوقۇغاندا بىر قىسىم خەنزۇچىغا تىلى كەلمەيدىغان دېھقانلار «تەخەي قاچتى قوغلاڭلار، قوناقلىقتا باغلاڭلار» دەپ بۇزۇپ ئوقۇغانلىقىنى

تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللى) ۋەكىللىرىدىن تەركىپ تاپقان ئىنقىلابى كومىتېت»قا تاپشۇرۇپ «دېلو» مەلۇم قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن «ئىنقىلابىي كومىتېت» رەھبەرلىكى بۇ «دېلو»غا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، «تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش گۇرۇپپىسى» قۇرۇپتۇ. ئۇلار ئالدى بىلەن مەكتەپتىكى كىملەرنىڭ ئۆيىدە ماۋزېدۇڭنىڭ ھەيكىلى بارلىقىنى ئېنىقلاپتۇ. ئۇندىن كېيىن بۇ ئائىلىلەرنى تەكشۈرۈپتۇ. نەتىجىدە ھوشۇر مۇئەللىمنىڭ ئۆيىدىكى ھەيكەلنىڭ يوق ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپتۇ. ئۇلار بۇ مۇئەللىمنى دەرھال تۇتۇپ، ساقچىلار بىلەن بىرلىكتە سوراق قىپتۇ. قورقۇپ كەتكەن ھوشۇر ئاكا بۇ ئىشنىڭ جەريانىنى ئەينەن ئىقرار قىپتۇ. «ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك قىلىش» سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولۇشنى ئويلاپتۇ. ۋاھالەنكى، ئۇنىڭ ئەكسىچە «ماۋجۇشىغا مەقسەتلىك ئۆچمەنلىق قىلغان نەق ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇر» دەپ قالپاق كېيىپ، ئۈچ كۈن ئۇدا كۈرەشكە تارتىلىپتۇ. ۋە ئاخىرىدا ئۈچ يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىپتۇ.

ئەتراپتىكى مەلۇم يېزىدا بىر دېھقانىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بالىسى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ دادىسىغا:

— ۋاي دادا، بۈگۈن مۇئەللىم بىزگە بىر «خۇشخەۋەر» يەتكۈزدى، — دەپتۇ.

— نېمە «خۇشخەۋەر» ئىكەن ئۇ؟ — دەپ سوراپتۇ دادىسى.

— ماۋجۇشى 175 ياش ئۆمۈر كۆرىدىكەن.

بۇ دېھقانىنىڭ دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈكرەك بولغاچقا ئۆزىنى تۇتالماي، — ئاغزىڭنى يۇم، كاپىر! — دەپ بالىسىنىڭ يۈزىگە بىر تەستەك سالىپتۇ. تەستەك زەربىسىدىن بالىنىڭ بىر يۈزى ئازراق ئىششىپتۇ. بۇ بالا ئەتىسى مەكتەپكە بارغاندا مۇئەللىمى ئىششىقنى كۆرۈپ «نېمە بولدۇڭ؟» دەپ سوراپتۇ.

بەربات قىلالمىغان. دەرۋەقە، «سۇ كېتىدۇ تاش قالىدۇ، ئۇسما كېتىدۇ قاش قالىدۇ.» بۇ ھايات مەنتىقىسىنى ھېچكىم بۇزالمايدۇ. ئىككى گورۇھنىڭ توقۇنۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان قالايمىقانچىلىقنى تۈزىتىش مۇمكىنچىلىكى بولمايۋاتقان جىددى ۋەزىيەتتە، 1967 ـ يىلى 14 ـ ئۆكتەبىر پارتىيە مەركىزى كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزى ھەربىي ئىشلار كومىتېتى، مەركىزى مەدەنىيەت ئىنقىلابىي گورۇپپىسى بىرلىكتە ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئىنقىلاب قىلىش توغرىسىدىكى «ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى. لېكىن مەركەزنىڭ «14 ـ ئۆكتەبىر ئۇقتۇرۇشى»نى ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلىش مۇمكىن بولماي قالدى.

1968 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ماۋزېدۇڭنىڭ يەنە بىر «ئالىي يوليورۇقى» يېتىپ كېلىپ، «ئۈچ تەرەپ» (ئىنقىلابىي كادىرلار ۋەكىلى، ئارمىيە ۋەكىلى، ئىنقىلابىي ئاما ۋەكىلى) بىرلەشكەن ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ چاقىرىق ئاستىدا قۇرۇلغان ئاتالمىش بۇ «ھاكىمىيەت ئورگىنى»مۇ ئەمەلىيەتتە «ھەربىي ئىدارە قىلىش»نىڭ كونترولللىقىغا چۈشۈپ قېلىپ، مەملىكەت بويىچە ئىككى مىليون 800 مىڭ ھەربىي مەركەزدىن تارتىپ ئاساسىي قاتلام يەرلىك ئورگانلارغىچە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدەك نۇقتىلىق ئالىي بىلىم يۇرتىغا شىنجاڭدىكى ئاۋئاتسىيە قىسمىنىڭ 7335 دىۋىزىيەسىدىن ۋاڭ فامىلىك يىگىجاڭ (باتالىيون)نىڭ باشچىلىقىدا بىر روتا ئەسكەردىن تەشكىل تاپقان «ھەربىي خىزمەت ئەترىتى» كەلدى. ئۇلار مائارىپنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارمۇ تەرەپبازلىق ئىدىيەسىنى بىرگە ئېلىپ كەلگەچكە، مەكتەپتىكى قارىمۇ ـ قارشى تەشكىلاتنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قادىر ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ قورالنىڭ كۈچى بىلەن

ئاڭلاپتۇ ۋە مەكتەپكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سەپداشلىرى بىلەن ئىختىيارىي پاراڭلاشقاندا، يېزىدا ئاڭلىغان بۇ گەپنى ھېكايە قىلىپ بېرىپتۇ. ئەتىسىلا بۇ مۇئەللىمنىڭ ئۈستىدىن «دازىباۋ» چىقىرىلىپ «ئىنقىلابىي قىزىل ناخشىغا ھۇجۇم قىلغان، ماۋجۇشىغا قارشى تۇرغان ئۇنسۇرنى تارتىپ چىقىرىش» ھەققىدە دارۋاڭ كۆتۈرۈلۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ مۇئەللىم «قىزىل قوغدىغۇچىلار» تەرىپىدىن بىر قانچە قېتىم كۈرەش قىلىنىپتۇ.

بۈگۈنكى ئازاد ياشلار ئاشۇ دەۋردە يۈز بەرگەن بۇنداق ئەخمىقانە مىساللارنى ئاڭلىسا ئۇنىڭ چىنلىقىدىن گۇمانلىنىپ «قاباھەتلىك چۈش» دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشى مۇمكىن. لېكىن ھەممە مەۋجۇدات «كۆزەينەكلىك يىلان» دەك سەزگۈرلىشىپ كەتكەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا پارلاپ تۇرغان قۇياشتىنمۇ «ئېۋەن» تېپىلاتتى.

جۇڭگو ھەقىقەتەن قۇدرەتلىك ۋە ئۇلۇغ دۆلەت ئىكەن. شەھەردىن يېزا ـ قىشلاقلارغىچە ئىستىخىيلىك شەكىللەنگەن قارىمۇ ـ قارشى ئىككى لاگېرنىڭ «قەلەم» ۋە «ئەلەم» كۈرشى كۈنسېرى ئەدەپ كەتكەن. مەكتەپ، زاۋۇت ـ كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىغان، سودا ئالاقە، قاتناش يوللىرى قامال قىلىنغان، تارىخ مىسلىسىز كىرزىسقا دۈچ كەلگەن، «ھۆكۈمەت يوقمىكىن» دېسە باردەك، «بارمىكىن» دېسە يوقتەك ھالەت شەكىللەنگەن ئاشۇ مالىمان يىللاردىمۇ بىر مىلياردتىن ئارتۇق جۇڭگو خەلقى ئاچ ـ يالىڭاچ قالمىدى. تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ھەر كۈنلىكى ئۈلۈش ۋە تۆرىلىش نورمال داۋاملاشتى. ئىنسانغا ھاياتلىق ئاتا قىلىدىغان قۇياش يەنىلا شەرقتىن چىقىپ غەربكە پاتتى. قىسقىسى، ھايات نورمال داۋاملاشتى. بىر مەھەل دۇنيانى پاتپاراق قىلغان چىن شىخۇڭمۇ، چىڭگىزخانمۇ، گېتلېرمۇ ئىنسانىيەت ئالىمىنى

پىيادە يول يۈرۈپ، ئايدىرومنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى بېكتۆۋەن 6 - دېۋىزىيەسىنىڭ ئۈچىنچى پولكىغا يېتىپ كېلىپ، مەش قويۇلغان بىر زالدا قوندۇق. بىر كۈنلۈك سەپەردىلا بىر قانچە ئوقۇتقۇچىنىڭ پۇتلىرى قاپىرىپ، سۇلۇق ئىششىق پەيدا بوپتۇ. «يالاڭياق دوختۇر»لىرىمىز ئۇلارنىڭ پۇتىدىكى سۇلۇق ئىششىققا يود ۋە ئىسپىرت سۈرتۈپ «داۋالاپ» قويدى. «ئۇزۇن سەپەر» جەريانىدىكى «تاماق»لىرىمىزنى تەپسىلىي تونۇشتۇرمىساممۇ ھەممىمىزگە ئايان. ھەر ھالدا قىزىل ئارمىيەنىڭ ئازادلىق ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئۇچرىغانلىكى نەرسىلەرنى يەپ جاننى ساقلىغاندىن كۆپ ياخشى ئىدى. ئىش قىلىپ، ئاچ قالمىدۇق. ئەمما ھەممىدىن يامىنى سوغۇق ئازابى ئىدى. يول يۈرگەندە ئاغزىمىزدىن چىققان ئىسسىق ھور دەرھال مۇزلاپ، قىرىشقا ئۈلگۈرمىگەن ساقال - بۇرۇتلىرىمىز ئۈستىدە مۇز بولۇپ قاتاتتى. قاش - كىرپىكلىرىمىزنى قىرو باساتتى. پۇتى زەخملىنىپ، ھەققەتەن پىيادە يۈرۈشكە ماجالى قالمىغان كېسەلمەنلەرنى ناسۇلكىغا سېلىپ كۆتۈرۈپ ماڭاتتۇق. شۇنداق قىلىپ ئۆمرىمىزدە كۆرمىگەن بۇ مۇشەققەتلىك «ئۇزۇن سەپەر»نى غەلىبىلىك تاماملاپ، 6 - كۈنى مەكتەپ دەرۋازىسىغا يېتىپ كېلىپ «ئۇھ» دېدۇق. نېمىلا بولمىسۇن، بۇ قېتىمقى دالا سەپىرى ئىرادىمىزنى تاۋلىغان جەڭگاھ بولدى.

مەكتەپتىكى ھەربىي تەشۋىقات ئەترىتىنىڭ خىزمىتى يەنە داۋاملىشىۋاتاتتى. ئۇلار ئىشلەپچىقىرىشنىمۇ تۇتماقچى بولۇپ، نەچچە گېكتار كېلىدىغان چوڭ تەنتەربىيە مەيدانىغا كۆز تىكىپ: «شۇنچىۋالا تېرىقچىلىق قىلىشقا بولىدىغان يەرنى ئىسراپ قىلىپ مەيدان قىلىۋالغان قانداق ئىش بۇ؟» دەپ كايىپ، بۇ مەيداننى «ئېكىنزارلىق»قا ئۆزگەرتمەكچى بولدى. ھالبۇكى، بۇ تەنتەربىيە مەيدانى نەچچە يىللاردىن بۇيان، ھاك

بىر مەزگىل مەكتەپ باشقۇرۇپ، ھەر بىر فاكۇلتېتنى بىر روتىغا ئايرىپ، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ھەر كۈنلىكى ھەربىي مەشقلەندۈردى. قەھرىتان سوغۇققا قارىماي ھەر بىر روتا بويىچە پىيادە «دالا يۈرۈش»گە تەشكىللىدى. شۇ يىلى ئۈرۈمچىدە سوغۇق نۆلدىن تۆۋەن يىگىرمە گىرادۇستىن ئېشىپ كەتكەن دېكابىر ئېيىنىڭ بېشىدا، بىز بەش كۈنلۈك «دالا يۈرۈشى»گە تەييارلاندۇق. بۇيرۇق بويىچە فاكۇلتېتتىكى قېرى - ياش، ئەر - ئايال ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى پۈتلىرىغا «موماخەي» (پاختىلىق لاتا ئاياق)، باشلىرىغا ھەربىيچە لاتا قۇلاقچە، ئۈچىغا پاختىلىق ھەربىيچە سېرىق تاشلىق كالتە چاپان ۋە ئىشتان كىيىپ، بېلىمىزنى باغلىۋالغان رېمىن (كەمەر)گە بىردىن سۇدان ئاستۇق. ھەربىيچە رەتلىك ۋە ئىخچام باغلانغان يوتقان - كۆرپىلىرىمىزنى دۈمبىمىزگە چېگىپ، روتا كوماندىرلىرىنىڭ قوماندانلىقىدا تۆتىمىز بىر قاتار بولۇپ رەتلىك تىزىلدۇق. سەپنىڭ ئارقىسىدا ئۆزىمىزدىن چىققان ئىككى نەپەر «يالاڭياق دوختۇر» ۋە ناسۇلكا كۆتۈرگەن تۆت نەپەر «ئەزىمەت»لەر بار ئىدى. بىزنىڭ «ئۇزۇن سەپەر» يۆنىلىشىمىز ئۈچتاشتىن ئۈرۈمچىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە سوزۇلغان يول ئارقىلىق ۋۇجاچۈي، بىڭتۇەن 6 - دېۋىزىيەسى، سانجى، 1 - ئاۋغۇست پولات زاۋۇتى، نەنسەن، داۋانچىڭ، ئۆلانباي، ئۈچتاشتىن ئىبارەت 150 كىلومېتىر يولنى پىيادە بېسىش پىلانلانغان ئىدى. شۇنداق بولغاندا، ھەر كۈنلىكى 25 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. قونالغۇ، تاماق ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا بىر ھەربىي ۋەكىل باشچىلىقىدا ئالدىن يۈرەر بىر بەن قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار ئاستىغا بورا ياكى پاخال سېلىنغان قونالغۇ «ئۆي»لەرنى تەييارلاشقا، قازان - قومۇچ تېپىپ يېمەك - ئىچمەك ھازىرلاشقا مەسئۇل ئىدى. بىز بىرىنچى كۈنى سەككىز سائەتتىن ئارتۇق

پومىشچىك، باي دېھقان، كاپىتالىست، بۇزۇق ئۇنسۇر، ئوڭچى ۋە يەرلىك مىللەتچى) زىيالىلارنى تازىلاش ۋە ئۇلارنى پىپەن قىلىشقا قاراتتى. يەنە بىر تەرەپتىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ بېشىدىلا تارتىپ چىقىرىلغان «ماركىسى»بار «گېزەندى»لەرنى «ئۇلانباي مەدنىي ـ مائارىپ دېھقانچىلىق مەيدانى»غا، قالغان ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىلەرنى سانجى، قوتوبى، ماناسنىڭ چەت ـ يېزىلىرىغا ئەۋەتىپ ئەمگەك بىلەن ئىدىيە ئۆزگەرتىشكە تەشكىللىدى. زىيالىلار قوشۇننى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋېتىپ، ئۇلارنى كۈرەش ئوبيېكتى قىلىش «ئىشچىلار خىزمەت ئەترىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى ئىدى. مەن ئىشلىگەن ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئۇزۇن مۇددەت فاكۇلتېت مۇدىرى بولغان مەتىمىن خۇدابەردىدەك سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن ئالىي مەلۇماتلىق زىيالىلار، گومىنداڭ دەۋرىدىكى نوقتىلىق نازارەتلەرنىڭ نازىرى بولغان مايوگۈن، قاسىم ھاجى قاتارلىق نازىرلار، 1950 ـ يىللاردىن بۇرۇن مائارىپ ۋە باشقا ساھەلەردە غوللۇق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن خالىق ساقى، ئابدۇراھمان ئاكا قاتارلىق پېشقەدەملەر، 1950 ـ يىلىنىڭ دەسلەپىدە شاڭخەي ۋە بېيجىڭدىكى جۇملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا رېسپۇبلىكىلىرىدىكى نوقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئاسپىرانتورىيەلىرىنى پۈتتۈرگەن شىيادىڭگوەن، شۇسىيې، ۋاڭ باۋ، شەرىپىدىن ئۆمەر قاتارلىق سەر خىل زىيالىلار جەملەنگەچكە «خىزمەت ئەترىتى»نىڭ نەزىرىدە بۇ ئورۇن «سېسىق زىيالى»لارنىڭ «قارا ئۇۋۇسى» دېيىلىپ، مەكتەپتىكى نوقتىلىق كۈرەش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە فاكۇلتېت مۇدىرىمىز مەتىمىن ئاكىنىڭ بىۋاسىتە تىرىشچانلىقى بىلەن ئون نەچچە يىلدىن بۇيان خەلق ئارىسىدىن توپلاپ يىغىپ كەلگەن نەچچە مىڭ پارچە قىممەتلىك قەدىمكى ئەدەبىي مىراسلار جەملەنگەن

تۇزاندىلىرى بىلەن سىڭغىز تۇپا ۋە قۇم ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىلمىي ئۇسۇلدا چىڭداپ قاتۇرۇلغان بولغاچقا، تراكتور ۋە ئۇقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەردىن تەشكىللەنگەن تەييار ئەمگەك كۈچلىرى بىلەن ئاغدۇرۇپ، زىرائەت تېرىغان بولسىمۇ بىر تالمۇ ئۈنمىدى. ھەر قانچە ئىشلەپمۇ «ئېكىنزار»غا ئايلاندۇرالماي ئۆز پېتى تاشلاپ قويدى. شۇندىن كېيىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئىگە ـ چاقىسىز قالغان مەكتەپنىڭ دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق مەيدانىدىن پايدىلانماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ «يەنئەن يولى» بىلەن تۇتاشقان چوڭ بىر پارچە بۆلىكىنى ھېچقانداق رەسمىيەتسىزلا ھەربىيلەرگە بېرىۋېتىپ، مەكتەپ ئىگىدارچىلىقىدىكى بۇ يەرگە «چېگرا رايون ھەربىي 3 ـ مېھمانخانا» (ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا سودا مەركىزى) قۇرۇلدى.

مەركەزنىڭ «14 ـ ئۆكتەبىر ئۇقتۇرۇشى»نىڭ روھى بويىچە مەكتەپلەردە نورمال خىزمەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەمەلگە ئاشمىغان پەيتتە، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ نوپۇزلۇق قەلەمكەشى ياۋۋېنيۈەننىڭ«ئىشچىلار سىنىپى ھەممىگە رەھبەرلىك قىلىشى كېرەك.» دېگەن ماۋزېدۇڭ تەستىق يېزىپ بەرگەن ماقالىسى «خەلق گېزىتى»دە ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالىدە «ئىشچىلار سىنىپى مەكتەپلەرگە مەڭگۈ رەھبەرلىك قىلىشى كېرەك.» دېگەن يېتەكچى ئىدىيە ئالغا سۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە «ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترىتى»، يېزا ـ قىشلاقلاردىكى مەكتەپلەرگە «ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئىتتىپاقداش قوشۇنى» كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان ۋەكىللىرى كىرىپ، مەكتەپلەرنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن كۈرەشنىڭ تىغ ئۇچىنى ئىنقىلاب قوشۇنىغا سوقۇنۇپ كىرىۋالغان «توققۇز سېسىق» (خائىن، ئىشپىيون، شيۇجىڭجۇيىچى، كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار،

«شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر فولكلور مۇزېيى»دا قىممەتلىك مىراس سۈپىتىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. شۇ يادىكارلىقلارنى توپلاشقا ئەجىر سىڭدۈرگەن ئۇستازلارغا بېرىلگەن «مۇكاپات» سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا تارتقان دەرد - ئەلەملىرىنى ئويلىسام هازىرغىچە يۈرىكىم ئېچىشىدۇ. خەيرىيەت، «ئىنقىلاب»تا هامان «يوقىتىش» بولىدىكەن.

ئاشۇ مەزگىللەردە ئايالىمنىڭ توغۇت ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالغاچقا، «خىزمەت ئەترىتى»دىن رۇخسەت سوراپ قەشقەرگە كەتتىم. مەن قەشقەرگە كېلىپ ئىككى ئايدىن كېيىن، يەنى 1968 - يىلى 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى قەشقەر كېرەمباغ دوختۇرخانىسىنىڭ توغۇت بۆلۈمىدە ئايالىم مەريەم سالامەت يەڭگىپ، يورۇق دۇنياغا بىر ئوغۇل بوۋاق تەۋەللۇت بولدى.

*كۆز ئاچتى دۇنياغا «ئىڭگە»لەپ بىر جان،*
*قوشۇلدى ئادىمى سىپىگە بىر قان.*
*بولسىمۇ مەيلى شاھ ۋە ياكى دېھقان،*
*ئالەمنىڭ قۇدرىتى - بەرھەقكى ئىنسان.*

مەيلى شاھىنشاھ، خاقانلار بولسۇن، مەيلى غېرىب، غورۋا، مىسكىن گادايلار بولسۇن، ئۆز ۋۇجۇدىدىن تۆرەلگەن پەرزەنتىنى كۆرگەندە ئوخشاشلا خۇشاللىققا چۆمىدۇ. هايات قېنىدىن، مېھرى - مۇھەببەت بېغىدىن ئاققان «ئوغۇز سۈتى»نى ئېمىتىپ بۇ كەلگۈسى ئورپاققا بەخت تىلەيدۇ. مەۋجۇداتلار دۇنياسىدىكى بارلىق جاندارلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. مەنمۇ بىر پەرزەنتنىڭ دادىسى بولغانلىقىمدىن چەكسىز شادلاندىم. دىلىمدا «ئاللاھ»قا بېھساب ھەمدۇ - سانالارنى ئېيتتىم. تەۋەللۇتنىڭ ئۈچىنچى كۈنى ئايالىم ۋە يۈز - كۆزىدىن باشقا پۈتۈن بەدىنى ئاق يۆگەككە ئورالغان جان -

فاكۇلتېت «قەدىمكى كىتابلار ئامبىرى»نى «قارا دۇكان»، «قارا ئۇۋا» دەپ ماركا چاپلاپ پېچەتلىۋەتتى. ئاشۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن ھەر كۈنلىكى ئېچىلىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىياسىي ئۆگىنىشىگە قاتنىشىش ئۈچۈن سەھەردە بىرىنچى بولۇپ، ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتۇش بىناسىغا كىردىم. قارىسام كارىدورنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىدە چېچىلىپ كەتكەن كىتاب پارچىلىرىغا كۆزۈم چۈشتى. مۇقاۋىلانغان بىر پارچە كىتابنى قولۇمغا ئېلىپ ۋاراقلىدىم - دە، ئۇنىڭ ئاشۇ پېچەتلىۋەتكەن «ئامبار»دىكى قوليازما ئىكەنلىكىنى پەملىدىم. شۇ ئەسنادا باشقا ئوقۇتقۇچىلارمۇ بىر - بىرلەپ كېلىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر قانچىمىز بىنانىڭ 3 - قەۋىتىدىكى «قەدىمكى كىتابلار ئامبىرىغا چىقساق، ئۇنىڭ ئىشىكى داغدام ئوچۇق بولۇپ، ئىچىدىكى كىتاب ئىشكاپلىرى قويقۇرۇق ئىدى. بىز قەغەز پارچىلىرى ۋە بەزى كىتابلار چۈشۈپ قالغان كارىدورنى بويلاپ، بىنانىڭ سىرتىغا چىقتۇق. كىتاب پارچىلىرى تاكى بىنادىن 200 مېتىر يىراقلىقتىكى مەكتەپنىڭ كېرەكسىز مۈلۈكلىرى قويۇلغان كونا زالنىڭ دەرۋازىسىغىچە سوزۇلۇپتۇ. بىز بۇ يوللاردىن 60 - 70 پارچە چېچىلىپ كەتكەن كىتابلارنى تېرىۋېلىپ، ئۇنى فاكۇلتېتنىڭ قىرائەتخانىسىغا تاپشۇرۇپ بەردۇق. شۇنچە كۆپ قىممەتلىك مىراسلار بىر كېچىدىلا ئوغۇرلىنىپتۇ. بۇ چوڭ ئەنزىنى دەرھال «خىزمەت ئەترىتى»گە ۋە مەكتەپ «ئىنقىلابى كومىتېتى»غا مەلۇم قىلدۇق. ھۆكۈمەتسىزلىك ئەۋج ئالغان بۇ كۈنلەردە، شۇنچە مۇھىم بۇ ئەنزە بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى. شۇ قېتىملىق «كىتاب ئوغۇرلاش» ۋەقەسىنى زادى كىمنىڭ سادىر قىلغانلىقى بۈگۈنگىچە يېشىلمىگەن بىر سىر بولۇپ قالدى. «ئوغرى»لارنىڭ بىخەستىلىكىدىن يولغا چۈشۈپ قالغان 60 نەچچە پارچە قەدىمكى ئەسەر ھازىرغىچە فاكۇلتېتىمىزنىڭ

قايتىپ كېلىشىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىش لازىملىقى ئۇقتۇرۇلغان. بۇ «ئۇقتۇرۇش»نىڭ روھىغا ئاساسەن قەشقەر ۋىلايەتلىك «ئىنقىلابىي كومىتېت ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ شۆبە ھەربىي رايونى قوشۇمچە بەلگىلىمە چىقىرىپ 1 - قەدەمدە ئىچكى ئۆلكە ۋە ئۇرۇمچىدىن كېلىپ قەشقەردە تورۇۋاتقانلار دەرھال ئۈچ كۈن ئىچىدە «ئىنقىلابىي كومىتېت» بىلەن شۆبە ھەربىي رايونى مەسئۇل بولۇپ، ماشىنا بىلەن بىر تۈتاش ئۇرۇمچىگە يولغا سالىدىغانلىقى ئېيتىلغان. مەنمۇ قەشقەردە قاملىپ قالغان بىر تۈركۈم ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ۋىلايەتلىك «ئىنقىلابىي كومىتېت»قا بېرىپ تىزىملاتتىم.

شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇمچىگە بىرىنچى تۈركۈمدە قايتىدىغانلار يۈك - تاقلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ، ھازىرقى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئورنىدىكى «ئىنقىلابىي كومىتېت» ئالدىغا توپلاندۇق. ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە «ئىنقىلابىي كومىتېت»نىڭ ئىككى خادىمى بىزنى ئەگەشتۈرۈپ «قىزىللار رايونى» (ئىسيانچى تەشكىلاتلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى قەشقەر شەھىرى «قىزىللار رايونى» دەپ ئاتىلاتتى.) بىلەن «ئاقلار رايونى» («باۋخۇاڭپەي» يەنى «قوغدىغۇچىلار» ئورۇنلاشقان يېڭىشەھەر شۇنداق دېيىلەتتى.)نىڭ چېگرا - پاسىلى قىزىل دەريانىڭ كۆۋرۈكىگە يەتكۈزۈپ قويدى. كۆۋرۈكنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىزنى ئۇرۇمچىگە ئېلىپ ماڭىدىغان ھەربىي ماشىنا «كۈتمەكچى» ئىدى. بىز سومكىلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ دەريانىڭ بۇلۇڭىدىكى «ئاكوپ»دىن تەسلىكتە ئۆتۈپ، ئۇرۇش ھېدى پۇراپ تۇرغان كۆۋرۈك ئارقىلىق دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتتۇق. شۇ ھامان «توختا» دېگەن سۈرلۈك ئاۋاز بىلەن ئۇ تەرەپتىكى ئاكوپتىن بەش - ئالتە قوراللىق ئادەم چىقىپ بىزنى قورشىۋالدى ھەمدە «بىزگە ئەگىشىپ مېڭىش، ھوي ئېتىنىڭ كۈچۈكلىرى!» دەپ

جىگىرىم — بالامنى ئېلىپ، دوختۇرخانىدىن ئۆيگە قايتىپ چىقتۇق. يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىدىكى ئىككى ئېغىزلىق تار ئۆيىمىز ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن لىق تولغان ئىدى. مەرھۇم دادام بۇ نەۋرىسىنى مۇبارەك قولىغا ئېلىپ، تەگبىر ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن «مۇبارەك ئىسىم - شەرىپىڭىز (ئابدۇجېلىل) بولسۇن» دەپ ئىسىم قويۇپ بەردى ۋە قىبلە تەرەپكە قارىتىپ سېلىنغان جايناماز ئۈستىدە بوۋاقنى ئۈچ قېتىم دوملاتقاندىن كېيىن قايتا قولىغا ئېلىپ ئاندىن ماڭا تۇتقۇزدى. مەن «ئىڭگە-ئىڭگە» دەپ يىغلاپ ئانا سۈتىنى ئىزدەۋاتقان ئوغلۇم ئابدۇجېلىلنىڭ پېشانىسىگە سۆيدۇم.

«ئىنقىلاپ» قەشقەردىمۇ يەنىلا ئۈزۈكسىز داۋاملىشىۋاتاتتى. مەن يەنە ئىككى ئايغا يېقىن ئايالىمغا ۋە بالامغا ھەمرا بولۇپ ئۆيدىن ئايرىلمىدىم. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قەشقەرنىڭ ھەممە يېرىگە ئاپتونوم رايونلۇق «ئىنقىلابى كومىتېتى» (ئەسلىدە 1967 - يىلى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىنجاڭدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەن ۋەكىللىرى، ئىنقىلابىي كادىرلار ۋەكىلى ۋە ئاممىۋىي تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەركىپ تاپقان «ئىنقىلابىي كومىتېت» قۇرۇلغان) بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ بىرلىكتە چىقارغان «جىددىي ئۇقتۇرۇشى» چاپلاندى. بۇ «ئۇقتۇرۇش»تا «ئۆز ئورنىدىن ئايرىلىپ باشقا جايلاردا ئىنقىلاب قىلىۋاتقان بارلىق ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە دەرھال ئۆز ئورنىغا قايتىپ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» لازىملىقى تەكىتلەنگەن ھەمدە بۇ مۇھىم خىزمەتكە ھەر قايسى شەھەر - ناھىيەلەرنىڭ «ئىنقىلابىي كومىتېتلىرى، يەرلىكتە تۇرۇشلۇق ھەربىي ئورگانلار» مەسئۇل بولۇپ، باشقا رايونلاردىن كەلگەن «ئىنقىلابچىلار»نىڭ ئۆز قەرەلىدە بىخەتەر ئۆز ئورنىغا

باشلاپ ھەممىڭ بىر ـ بىرلەپ سوراققا تارتىلىسەن. يۈۋاشلىق بىلەن قەشقەردە ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرىڭنى، بىز تەرەپتىن ئۆلتۈرگەن ئادەملەرنىڭ سانىنى تولۇق تاپشۇرىسەن. بىلىپ قويىكى، ئۆزلىكىدىن ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك قىلىنىدۇ. ئىقرار قىلمىغانلار ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىدۇ. ھازىردىن باشلاپ ھېچكىمنىڭ مىدىر ـ سىدىر قىلىشىغا رۇخسەت يوق. تەرتىپنىڭ قىستىسا ئورنىڭغا سېپىش، — دېدى ـ دە، نۆۋەت بىلەن بىردىن ـ بىردىن سوراققا ئېلىپ ماڭدى. سوراققا ئېلىپ چىقىدىغانلارنىڭ كۆزىنى قارا رەخت بىلەن باغلاپ قوياتتى. «سوراق»تىن قايتىپ كىرگەنلەرنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ كۆزى ياش يۇقى، چىرايى ئۆزگۈپ كەتكەن ئىدى. ئۇلارنى ئۇردىمۇ، ياكى «يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى سوراپ» بىھۇدە جىلى قىلدىمۇ، بىلگىلى بولمايتتى.

نۆۋەت ماڭا كەلدى. كۆزۈم تېڭىقلىق بولغاچقا ھېچنېمىنى كۆرەلمەيتتىم. بىرسى قولۇمدىن يېتىلەپ بىر ئىشخانىغا ئېلىپ كىردى. ئالدىمدا تۇرغان سوراقچى ئالدى بىلەن ئىسىم ـ فامىلەمنى، قەيەردە ئىشلەيدىغانلىقىمنى سورىدى. مەن جاۋاب بەرگەندىن كېيىن:

— ھە، سەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى «ئابدۇكېرىم» كەنسەنغۇ! سەن بۇ يەردە نېمە قىلىسەن؟ — دېدى ـ دە، كۆزۈمنى ئېچىۋېتىشكە بۇيرۇق قىلدى. كۆزۈمدىكى تېڭىق يېشىلگەندىن كېيىن، بىر ھازا كۆزۈمنى ئۇگىلاپ ئالدىمغا قارىسام، ماۋزېدۇڭنىڭ ھەيكىلى قويۇلغان ئۈستەلدە مەن تونۇيدىغان بۇرادىرىم ئىبراھىم ھاجى ئولتۇرۇپتۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن قەشقەر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ساۋاقداش (مەندىن بىر قارار كېيىن ئوقۇيتتى.) ئىدىم. 1960 ـ يىلى ئۇ شىنجاڭ 1 ـ ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىغا قوبۇل قىلىنىپ ئوقۇشقا كەلدى. ئوقۇش جەريانىدا بىز خېلى قويۇق ئارىلىشىپ ئۆتكەن

تىللاپ، دۈشكىشلەپ يان تەرەپتىكى شاللىقنىڭ قىرى بىلەن ماڭدۇرۇپ بىر چىغىر يولغا باشلىدى. ئىككى چاقىرىمچە يول يۈرگەندىن كېيىن، بىر ۋەيرانە گازارما يېنىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ جاي ئەسلىدە بىڭتۇەن 3 ـ دىۋىزىيەسىگە قاراشلىق مەلۇم پولكنىڭ شتابى بولۇپ، ھازىر قەشقەر «نوڭ سۇخوي» (ۋاڭ ئىنماۋنى قوغدايدىغان ئامموۋي تەشكىلاتنىڭ نامى) «قوماندانلىق شتابى ئىكەن. قورال بىلەن يالاپ كەلگەن تۆت چاپارمەن بىزنى گەندە پۇراپ تۇرغان بىر ئەسكى زالغا سولىدى. زالنىڭ بۆلىگىدىكى ياغاچ رىشاتكا بىلەن ئايرىپ قويغان بۆلىكىگە ئارىمىزدىكى يەتتە ـ سەككىز نەپەر قىزنى ئايرىم قاماپ قويدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قەشقەر شەھىرىدىكى ئاتا ـ ئانىسىنى يوقلاپ كېلىپ قايتالمىغان نۇرمان ئابلىز (شىنجاڭ ھەربىي رايون سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسى) ۋە ئۇنىڭ سىڭلىسى رەيھان ئابلىز (شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسى)لارمۇ بار ئىدى. شۇ ئەسنادا نۇرمان ئابلىزنىڭ ھەربىي فورمىسىغا كۆزى چۈشكەن بىر ئايال نازارەتچى، تاپانچىسىنى نۇرمان قىزنىڭ كۆزىگە تەڭلەپ تۇرۇپ، قوپاللىق بىلەن ئۇنىڭ مۇرىسىدىكى پاگون ۋە ھەربىي شەپكىسىدىكى بەش يۇلتۇزلۇق ئىزناكنى يۇلۇۋېلىپ، قەھرى بىلەن تىللاشقا باشلىدى.

— ھۇ قانجىق! سەن ئەبلەخ ئارمىيە ئىچىگە سوقۇنۇپ كىرىۋېلىپ، بىزدەك «ئىنقىلابچىلار»غا دۈشمەنلىك قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن ئىت كاللاڭنى يەنجىپ تاشلايمىز.

يېرىم ھەربىي فورمىدا كېيىنىۋالغان چېقىر كۆز، سالما باش يەنە بىر ئەر نازارەتچى بىزنىڭ قورقۇپ كەتكەنلىكىمىزنى كۆرۈپ، غەزەپ بىلەن ھەممىمىزگە ھەيۋە قىلدى.

— سەن ئىسيانچىلارنىڭ ھالى شۇنچىلىكقۇ! ھازىردىن

مەن تۇرغان يەرگە يېتىپ كەلدى. شۇ كۈنلەردە يېڭىشەھەر 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ «باۋخۇاڭپەي»لەرنىڭ توپلانغان «ئۇۋىسى» ئىكەن. بىز بىر كىچە پارتا ـ ئورۇندۇقلىرى يىغىۋېتىلگەن بىر سىنىپتا تۈنىدۇق. ئەتىسى مەكتەپ قورۇسىدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدىن يېڭىشەھەر 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە مۇئەللىم بولۇپ يۆتكىلىپ كەلگەن قەدىناس دوستۇم مەمتىلى زۇنۇننىڭ خانىمى تاڭنۇر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. بىز ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن، تاڭنۇردىن مەمتىلىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى سورىدىم.

— ئۇنى «گېزەندى» دەپ تارتىپ چىقارغاندىن بۇيان سوخو (كونا شەھەر بىلەن يېڭىشەھەر ئارىلىقىدىكى بىر دېھقانچىلىق مەيدانى)دا ئەمگەككە سېلىۋاتىدۇ. ئۆيگە كەلمىگىلى يېرىم يىلدىن ئاشتى، — دېدى تاڭنۇر.

— بۇ دەۋستۇمنىڭ نېمە «گۇناھى» بار ئىكەن؟

— بىلمەيمەن. ئۇ يازغان «بىر سېۋەت ئەنجۈر» دېگەن ھېكايە «پارتىيەگە قارشى ئەسەر»مىش.

— توۋا، — دېدىم ئىچىمدە، — كەڭ ئوقۇرمەنلەر ئالقىشلاپ، سۆيۈپ ئوقۇغان بۇ ھېكايە نېمىشقا «پارتىيەگە قارشى ئەسەر» بولۇپ قالىدۇ؟ بۇمۇ بىر ئۆتكۈنچى شامال. خاتىرجەم بولۇڭ، مەمتىلى ھامان ئاقلىنىپ چىقىدۇ، — دەپ تاڭنۇرغا تەسەللى بەردىم.

— مەنمۇ، شۇنداق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. قالغان گەپلەرنى ئۆيدە پاراڭلىشايلى. يۈرۈڭ، بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ چاي ئىچىڭ، — دەپ تاڭنۇر مېنى ئۆيگە باشلىدى.

بىز بىر ھازا پاراڭلاشقاندىن كېيىن، قەشقەرگە قايتىپ كېتىشنىڭ ئامالىنى ئىزدەپ تاڭنۇردىن سورىدىم.

ئىدۇق. ئۇ ھازىر بىزنى «ئەسىر»گە ئالغان مۇشۇ تەشكىلاتنىڭ ئاساسلىق كاتتابېشى ئىكەن. پەلەكنىڭ چاقى تەتۈر چۆرگىلەپ ئۇنىڭغا بىزنى سوراق قىلىدىغان «چوڭ ھوقۇق» تېگىپتۇ. ئۇرايىم ھاجى جىددىي قىياپەتتە ماڭا تىكىلىپ:

— بۇ مالىمانچىلىقتا سەن قەشقەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟ — دېدى.

— ئايالىم كۆزەيمەكچى بولغاچقا يوقلاپ كەلدىم. — دەپ جاۋاب بەردىم.

— سەنمۇ «زاۋ پەنپەي»گە قاتناشتىڭمۇ؟

— ياق. مەن ھېچقانداق ئاممۋىي تەشكىلاتقا قاتناشمىدىم.

— ئۇنداقتا ئارىلىقتا قالغان «چىچاڭپەي» ئىكەنسەن-دە! ھا... ھا... ھا... خەيرىيەت، ساۋاقداشلىقنىڭ يۈزىنى قىلىپ، سېنى قويۇۋېتەي. شەھەرگە قايتىشقا بولمايدۇ. بىردەمدىن كېيىن، بىزنىڭ ئادەملەر سېنى ئېلىپ يېڭىشەھەر 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە يەتكۈزۈپ قويسۇن. ئۇ يەردىمۇ سېنى تونۇيدىغان بىزنىڭ ئادەملىرىمىز بار.

— بۇ يەردە سەن بىلىدىغان ئابلىز مۇھەممەد ۋە يادىگارمۇ بار. ئۇلارمۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى بولۇپ «ئىسيانچى» تەشكىلاتلارغا قاتناشمىغان. سىلەر تۇتۇۋالغان باشقىلارمۇ شۇنداق. ئۇلارنىڭ ھېچقانداق گۇناھى يوق. شۇڭا ھەممەيلەننى قويۇۋەتسەڭلار، — دېدىم.

— ھازىرچە سەن يېڭىشەھەرگە كېتىۋەر. قالغانلارنى ئېنىقلاپ بولغاندىن كېيىن بىر تەرەپ قىلىمىز، — دەپ مېنى «جىپ» ماركىلىق لاتا پىكابى بىلەن يېڭىشەھەرگە يولغا سېلىپ قويدى. كەچكە يېقىن يادىگار، ئابلىز، نۇرمان، رەيھان قاتارلىق «ئەسىر»لەرمۇ ئۇرايىم ھاجىنىڭ «شاپائىتى» بىلەن

ئېلىپ، تۈنجى ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە كەتتىم.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى يەنىلا «ئىسيانچى»لارنىڭ بازىسى بولۇپ «ھوقۇق تارتىۋالغان»لارنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. «ئىسيانچى تەشكىلات»لار «ئۇرۇش تەييارلىقى» باھانىسى بىلەن مەكتەپ كۆتۈبخانىسىنىڭ ئۆگزىسىگە ھەربىي قورال ئامبىرىدىن بۇلاپ كەلگەن توپ - زەمبىرەكلەرنى تىكلەپ قويغان ئىدى. ئوقۇتقۇچىلارنى بولسا ئۆگىنىشكە ئورۇنلاشتۇرۇپ «مائارىپ ئىنقىلابى» ئېلىپ بېرىشقا. «ئىنقىلاب»نىڭ بېشىدىكى مەكتەپكە ئەۋەتىلگەن گوڭ ۋۇلۇ (پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى) ۋە ماموتوف قۇربان (پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى) باشچىلىقىدىكى خىزمەت ئەترىتىنىڭ يۇرگۈزگەن بۇرژۇئا ئەكسىيەتچى لۇشيەنىدىن ھېساب ئېلىشقا، ئىنقىلاب داۋامىدا توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىۋالغان پورسەتپەرەس ئۇنسۇرلارنى تارتىپ چىقىرىشقا ۋە «پارتىيە ئەزالىرىنى قايتا تىزىملاپ» ئاتالمىش «پارتىيەنى تەرتىپكە سېلىش» تەشكىللىگەن ئىدى. قىزىق بولغىنى بىر دوملاپلا «ئىنقىلاب»نىڭ تىغ ئۇچى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ بېشىدىكى «ئاكتىپلار»غا قارىتىلىپ، مەكتەپ بويىچە ماموتوف قۇربان قاتارلىقلار قاتتىق كۆرەش قىلىنىدى. فاكۇلتېتلاردا بولسا، «خىزمەت ئەترىتى»گە يېقىندىن ماسلىشىپ ھوقۇق تارتىۋالغان بىر قىسىم «ئاكتىپ» ئوقۇتقۇچىلار تەنقىدلىنىپ، ئۇلارنىڭ ھەيۋىسى يەرگە ئۇرۇلدى. «دەرەخ يىقىلغۇچە كۆتەك دەم ئاپتۇ.» دېگەن شۇدە! بۇنىڭ بىلەن «گېزەندى» دەپ قالايمىقان تارتىپ چىقىرىلغانلار بىر مەزگىل «ئارام» ئېلىپ قالدى. ئەمما بۇ «ئىنقىلاب»نىڭ نەگە بېرىپ، نەدە توختايدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

ئۆزى باشلاپ بەرگەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نى تېزرەك

— قەشقەر - يېڭىشەھەر يولى قامال قىلىنغان. ئۇ يولدىن ئۇچار قۇشمۇ ئۆتەلمەيدۇ. يېڭىشەھەردىن پەيزىۋاتقا ماڭىدىغان يول بويىدا قەشقەر تەرەپكە ئۆتكىلى بولىدىغان ئىككى كۆۋرۈك بار. بىرى يانبۇلاق كۆۋرۈكى، يەنە بىرى «ياندۇرما» يېزىسىدىن قەشقەرنىڭ يېڭىئۆستەڭ، ئاۋات يېزىلىرىغا ئۆتىدىغان كۆۋرۈك. ھەر ئىككىسىدە ئات - ئۇلاغ، پىيادىلەر ۋە ھارۋا ئۆتەلەيدۇ. يېڭىشەھەرگە كېلىپ ئوتۇن - سامان، سەي - كۆكتات، گۆلە - قاقلىرىنى ساتىدىغان دېھقانلار شۇ يوللار بىلەن ماڭىدۇ. سىز شۇ تاپتا بازارنىڭ چېتىدىكى «ئوتۇن - سامان» بازىرىغا بارسىڭىز، ئۇ تەرەپتىن كەلگەن دېھقانلارنىڭ بىرەر ھارۋىسىنى تاپالايسىز، — دېدى تاڭنۇر.

مەن تاڭنۇر كۆرسىتىپ بەرگەن نىشان بويىچە ئاشۇ بازارغا كەلدىم ۋە ئېشەك ھارۋىسىنى ھەيدەپ بۇ قايناق بازاردىن چىقىۋاتقان بىر دېھقان يىگىتكە يالۋۇرۇپ، يانبۇلاق كۆۋرۈكى ئارقىلىق دۆلەتباغ يېزىسىغا ئالغان كېتىشكە كۆندۈردۇم. تەلىيىمگە بۇ دېھقانمۇ دۆلەتباغ يېزىسىدىن ئىكەن. كۆكسى - قارنى دەريادەك كەڭ بۇ دېھقان مېنى ھارۋىسىغا چىقىرىپ، چىغىر يوللار ئارقىلىق ئىككى، ئۈچ سائەتتە دۆلەتباغدىكى يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىنىڭ دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلدى. مەن ھارۋىدىن چۈشۈپ بۇ ئاقكۆڭۈل ئادەمگە چەكسىز رەھمىتىمنى ئېيتتىم. شۇنىڭ بىلەن سومكامنى كۆتۈرۈپ ئۆيۈمگە كىردىم - دە، بۆشۈكتە بەھۇزۇر ئۇخلاۋاتقان ئوغلۇمنىڭ پېشانىسىگە سۆيدۇم. ئايالىم مەريەم پايپېتەك بولۇپ «ھاردۇق ئېشى» تەييارلىدى. ھەپتە - ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، قەشقەر - ئۈرۈمچى تاشيولى ئېچىلىپ، قاتناشنىڭ راۋانلاشقانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. شۇنداق بولسىمۇ ماشىنىدا مېڭىشتىن ئەنسىرەپ، قەشقەردىن ھەپتىدە بىر قېتىم ئۇچىدىغان كىچىك يولۇچى ئايروپىلانىغا ناھايىتى تەسلىكتە 103 يۈەنگە بىر بېلەت

بۇنداق ماركىلىق ستۇدېنتلار «ئىشچى، دېھقان، ئەسكەر ئوقۇغۇچىلار» (گوڭ نوبىڭ شۆيۈەن) دېيىلىپ، «پارتىيە 11 - قۇرۇلتىيى 3 - ئومۇمىي يىغىنى»دىن كېيىن خىزمەت ئورۇنلىرىدىن ئايرىلىپ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالمىغان دەرسلەرنى بىر يىل قايتا تەكرارلاپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتى.

«قايتا تەربىيە» دولقۇنى بىلەن تەڭ بىر مەزگىل مەكتەپلەر قورۇغدىلىپ، شەھەرلەر تىمتاسلىقتا چۆكتى. يېزىلار «زىيالىي ياش»لارنىڭ تاللىنىدىغان ۋە تاۋلىنىدىغان «دومناپېچى»گە ئايلاندى. ئۇلارنىڭ هايات قىسمەتلىرىدىن پۈتۈلگەن «زەي جاۋ يۇ ناخشىلىرى» هازىرغىچە خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە ئۆچمەي، شۇ دەۋرنىڭ تارىخىي داستانى سۈپىتىدە مەڭگۈلۈك جاراڭلىماقتا. بۇ بىر قايتا تەكرارلانمايدىغان تارىخنىڭ يالدامىسى، «قايتا تەربىيە»گە قاتناشقا «زىيالىي ياش»لارنىڭ يۈرەك ساداسى.

*نىجات ئىزدەپ سەھراغا،*
*چىققان ئىدىم سەھەردە.*
*ئاق ياغلىقنى سىلىپ،*
*قالدى يارىم شەھەردە.*

*مەن كەتتىم يىراقلارغا،*
*هىجران يۈكىنى ئارتىپ.*
*چىداپ تۇرغىن ئامرىقىم،*
*سېغىنىڭاندا ئۇھ تارتىپ.*

*يىغلىما ھەسرەت چېكىپ،*
*جانىم ھامان تەنىدىدۇر.*
*مەن ئۆزۈم كەتكەن بىلەن،*
*كۆڭلۈم ھامان سەندىدۇر.*

يوغۇشتۇرۇپ، قالايمىقانچىلىقلارنى تۈزىتىش كويىغا چۈشكەن ماۋزېدۇڭ باشچىلىقىدىكى مەركىزى كومىتېت ئارقا - ئارقىدىن «ئىككى گورۇھ» ئارىسىدىكى «ئەلەم كورۇشى»نى توختىتىپ ئىنقىلابىي بىرلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، تەرەپپازلىقنى تۈگىتىپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، «ئۈچ تەرەپ بىرلەشكەن ئىنقىلابىي كومىتېت»نىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيەنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدا نۇرغۇن ھۆججەت چۈشۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھۆججەتلەر «ئىبقى قەغەز، قارىسى سىياھ» سۈپىتىدە ئەمىللەشمىدى.

1968 - يىلى دېكابىردا ماۋزېدۇڭنىڭ «زىيالىي ياشلارنىڭ يېزا - قىشلاقلارغا بېرىپ كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن - ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قايتا تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىش، شەھەرلەردىكى تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ ئىش كۆتۈپ تۇرغان زىيالىي ياشلارنىڭ ھەممىسىنى يېزىلارغا ئەۋەتىش.» توغرىسىدىكى جىددى بۇيرۇقى يېتىپ كەلدى. مەركەزنىڭ بۇ «ئوقتۇرۇشى»نىڭ روھىغا ئاساسەن پۈتۈن مەملىكەتتە، جۈملىدىن شىنجاڭدا «زەيجاۋيۇ» (قايتا تەربىيەلەش) دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، نەچچە ئون مىليون «زىيالىي ياش» ھەيۋەت بىلەن «قايتا تەربىيەلىنىش»كە ماڭدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىنمۇ 1966 - يىلدىن باشلاپ ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئۈچ قارار ئوقۇغۇچى، مەكتەپكە چۈشكەن ئارمىيە ۋەكىللىرىنىڭ باشچىلىقىدا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ھەربىي رايون ۋە بىڭتۇەنگە قاراشلىق يېزا ئىگىلىك مەيدانلىرىغا بېرىپ بىر يىلدىن ئۈچ يىلغىچە «قايتا تەربىيە» ئالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 1965 - يىلى ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كېلىپ ئاران بىر يىل تەييارلىق سىنىپتا ئوقۇش پۈرسىتىگە ئېرىشكەن ئوقۇغۇچىلارغىمۇ بىر تۇتاش «ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈش دېپلومى» تارقىتىپ بېرىلدى.

يوەنزى قاتارلىق گوماشتىلىرىنى كىرگۈزىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن مەركىزى كومىتېت ئىچىدە ھوقۇق كۈرىشى تېخىمۇ ئەۋجەپ كەتتى.

مۇشۇ ھالقىلىق پەيتتە، كۆرەڭلەپ خۇدىنى يوقاتقان لىن بياۋ ۋە ئۇنىڭ گۇماشتىلىرى سۇيىقەست پىلانلاپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيەنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقىنى تارتىۋالماقچى، ھەتتا ئەكسىلئىنقىلابىي قورallıq سىياسىي ئۆزگىرىش پىلانلاپ، ماۋزېدۇڭنى قەستلەپ يوقاتماقچى بولدى. ئۇنىڭ بۇ سۇيىقەستلىك پىلانى خەلقى ئالەم ئالدىدا ئاشكارىلىنىپ رەسۋاسى چىققاي دېگەندە، خوتۇنى يې چۈن ۋە ئوغلى لىن لىگولارنى ئېلىپ، 1971 - يىلى 13 - سىنتەبىر تاڭ سەھەردە شەنخەنگۈەن ھەربىي ئايدورومىدىن 256 - نومۇرلۇق سەنساجى ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ چەت ئەلگە قاچتى. ئايروپىلان موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋىندۇرخان ئەتراپىغا كەلگەندە ئوت كېتىپ ھەممىسى بىراقلا ئۆلدى.

«لىن بياۋ ۋەقەسى» جوڭگونىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىدا يۈز بەرگەن ئىنتايىن ئېغىر، شۇنداقلا مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى تەسىرى ئىنتايىن زور بولغان سىياسىي ۋەقە ئىدى.

لىن بياۋ ئۆلگەندىن كېيىن، جۇئېنلەي ژۇڭلى مەركىزى كومىتېتتىكى ئىنقىلابىي ساغلام كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ۋەزىيەتنى توغرا، پايدىلىق تەرەپكە بۇراپ، جوڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى خەۋپ - خەتەردىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىنتايىن زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ھەتتا ئۆزىنىڭ ئېغىر ساقايماس كېسەللىككە پەرۋا قىلماي، جاڭ چىڭ گۇرۇھى بىلەن تىغمۇ - تىغ ئېلىشىش يولىدا ھاياتىنى دوغا تىكتى. ئۇ شۇ چاغلاردا مەركەزنىڭ دائىمىي خىزمىتىگە ئومۇميۈزلۈك

*ئاسماندىكى ئاي ئىدۇق،*
*يەرگە چۈشۈپ لاي بولدۇق.*
*جاندىن ئەزىز بالىلىدۇق،*
*«زەي جاۋ يۈ»دە خار بولدۇق.*

*يالغۇز قالدىم دېمىگىن،*
*ھەمرا قىلغىن ۋاپانى.*
*مېنى كۈتكىن ئامرىقىم،*
*يېگىپ جەبرۇ ـ جاپانى.*

ئاشۇ دەۋرنىڭ «مېلودىيەسى» بولغان بۇ ناخشىلاردا «زىيالىي ياش»لارنىڭ ھەسرەت ـ نادامىتى ۋە كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدۋارلىق روھىي ئەكس ئېتىلگەن.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئېلىپ كەلگەن ئىجتىمائىي قالايمىقانچىلىقلار تېخى تۈگىمىگەن «سولچىل» ئىدىيە ۋە ھەرىكەتلەر بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان ئىنتايىن نورمالسىز ئەھۋال ئاستىدا، 1969 ـ يىلى 1 ـ ئاپرېلدىن 24 ـ ئاپرېلغىچە بېيجىڭدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 9 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. بۇ قۇرۇلتاي ئىنتايىن كۈچلۈك شەخسكە چوقۇنۇش ۋە چېكىدىن ئاشقان «سولچىل» كەيپىيات ئىچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئۆزىنى «ماۋزېدۇڭنىڭ ئەڭ يېقىن سەپدىشى ۋە ئىز باسارى» دەۋالغان لىن بياۋنىڭ قوللىشى ۋە ھىمايىسى ئاستىدا جاڭ چىڭ ۋە ئۇنىڭ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»دىكى سۈيىقەستچىلەر ماۋزېدۇڭنىڭ يۈكسەك ئىناۋىتىدىن پايدىلىنىپ، مەركىزى كومىتېتتىكى ئورنىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋالدى. ليۇ شاۋچى، جۇ دې، دىڭ شياۋپىڭ، پىڭ دېخۇي قاتارلىق ئۇزاق سىناقلاردىن ئۆتكەن پىشقەدەم، كونا ئىنقىلابچىلارنى مەركىزى كومىتېتتىن تازىلاپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ۋاڭ خۇڭۋېن، جاڭ چۈنچاۋ، نى

بىلەن سىياسىي ئالدامچى كاڭ شېڭلار بىر ئۆرلەپلا مەركىزى كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جاڭ چىڭ، جاڭ چۇنچياۋ، ياۋ ۋېنيۈەندەك قارانىيەتلەر سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى بولىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن كورەش نىشانىنى بۇراپ مەملىكەت مىقياسىدا ئاتالمىش «لىن بياۋنى، كۇڭزىنى پىپەن قىلىش» (پى لىن پى كۇڭ) ھەرىكىتى قوزغىدى. لېكىن بۇ ھەرىكەتتە لىن بياۋنى پىپەن قىلىش قالقان، كۇڭزىنى پىپەن قىلىش ۋاستە، جۇئېنلەينى پىپەن قىلىش نىشان قىلىنغان ئىدى. جاڭ چىڭ ھەر خىل چوڭ - كىچىك سورۇنلاردا تەپ تارتماستىن «ھازىر پارتىيە ئىچىدە يەنىلا ناھايىتى چوڭ كۇڭزىچى بار» دەپ جار سېلىپ، جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا ئۆتكەن ئاتاقلىق پەيلاسوپ ئالىم كۇڭزىنى «پىپەن قىلىش» باھانىسى بىلەن كورەشنىڭ تىغ ئۇچىنى ۋاستىلىق ھالدا جۇئېنلەيگە قاراتتى. بۇ ئاتالمىش «ھەرىكەت» مەملىكەت مىقياسىدا ئىككى يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشتى.

1975 - يىلدىن باشلاپ جۇڭگونىڭ ۋەزىيىتىدە ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ھەقىقىي پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى قايتىدىن باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. شۇ يىلى 5 - يانۋاردا ماۋزېدۇڭنىڭ تەكلىپى بىلەن دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە، قوشۇمچە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ باش شتاب باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا 8 - يانۋاردىن 10 - يانۋارغىچە چاقىرىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 10 - نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېت 2 - ئومۇمىي يىغىنىدا، دېڭ شياۋپىڭ پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە، مەركىزى كومىتېت سىياسىي بيۇرودا دائىمىي كومىتېت

مەسئول بولۇشتەك ئەۋزەل شارائىتتىن، مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارا دىپلوماتىيە ئىشلىرىدىكى ھوقۇقنى ۋە بۇزغۇنچىلىقىنى چەكلەش، ھەر قايسى سەپ ۋە ساھەلەردىكى چېكىدىن ئاشقان «سولچىل» پىكىر ئېقىمىنىڭ يامان تەسىرىنى تازىلاپ جاھاننى مالىمان قىلىۋاتقان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نى يوغۇشتۇرۇش ئۈچۈن ئاخىرقى يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. ھالبۇكى، «ئون گەز قېلىنلىقتىكى مۇز بىر كۈندىلا ئېرىمىگەن»دەك، جۇئېنلەينىڭ بۇ تىرىشچانلىقلىرى لىن بياۋدىن كېيىن مەركىزى كومىتېتنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىنى كونترول قىلىۋالغان جاڭ چىڭ گۇرۇھىنىڭ دەلمۇ - دەل تاقابىل تۇرۇشى ۋە قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىدا قېرىلىق ۋە كېسەللىك ئازابىدىن ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ماۋزېدۇڭ بار ئىدى. ئۇلار ھە دېسىلا ماۋزېدۇڭنىڭ نامىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھىيلە - نەيرەڭنى ئىشقا سېلىۋەردى.

لىن بياۋ ئۆلۈپ ئىككى يىلدىن كېيىن، يەنى 1973 - يىلى 24 - ئاۋغۇست جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 10 - قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. بۇ قۇرۇلتايدا، پارتىيەنىڭ 9 - قۇرۇلتىيى نىزامنامىسىدىكى لىن بياۋنى «ئىز باسار» قىلىپ بەلگىلەنگەنلىكىگە ئائىت ماددىلارنى چىقىرىۋېتىپ، لىن بياۋ گۇرۇھىنى چوڭقۇر پاش قىلىش ۋە پىپەن قىلىش نىشانلانغان بولسىمۇ، لېكىن جاڭ چىڭ گۇرۇھىنىڭ كاشىلىسى بىلەن بۇ مەقسەتكە يېتەلمىدى. ئەكسىچە يەنىلا 9 - قۇرۇلتاينىڭ تامامەن خاتا بولغان سىياسىي ۋە تەشكىلىي لۇشيەننى توغرا دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، «پرولىتارىيات دىكتاتۇرىسى شارائىتىدا داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىش»نى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى چاقىرىق قىلدى. تېخى ئۇنى ئاز دەپ «ئىسيانچى»لارنىڭ كاتتىبېشى ۋاڭ خۇڭۋېن

يولداش خۇاگوفېڭ جۇڭگونىڭ پېشقەدەم ئىنقىلابچىلىرى ۋە مارشاللىرىدىن چېن يۈن، يې جيەنيىڭ، شۈي شياڭچيەن، ني رۇڭجىڭ، لى شەننيەن، ۋاڭ دۇڭشىڭ، دېڭ يىڭچاۋ قاتارلىقلارنىڭ قوللىشى ۋە ماسلىشىشى بىلەن شۇ يىلى 6 - ئۆكتەبىر كەچ سائەت سەككىزدە «جاھانغا پاتمىغان» جاڭ چىڭ، چاڭ چۈنچياۋ، ۋاڭ خۇڭۋېن، ياۋ ۋېنيۈەنلەرنى قولغا ئېلىپ، ئەلنىڭ قارغىشىغا قالغان «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نى ئۇزۇل - كېسىل تارمار قىلدى. شۇ كۈنى كەچ سائەت 10دا مەركىزى كومىتېت سىياسىي بيۇروسى بېيجىڭنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى يۈيچۈەنسەن دېگەن جايدا يىغىن ئېچىپ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىنكى پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى. ھەمدە خۇاگوفېڭنى پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ رەئىسى، مەركىزى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى قىلىپ تەيىنلەشنى قارار قىلدى. شۇ كۈندىن باشلاپ جۇڭگو خەلقى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»تىنمۇ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىبارەت بۇ بالايى - ئاپەتتىنمۇ قۇتۇلۇپ، ئېلىمىز يېڭى تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى.

لېكىن، «ئىككى ئومۇمەن» (ئومۇمەن ماۋجۇشى چىقارغان قارارلارنى قەتئىي ئىجرا قىلىش، ئومۇمەن ماۋجۇشى بەرگەن يوليورۇقلارغا باشتىن - ئاخىر ئېغىشماستىن قەتئىي ئەمەل قىلىش)نىڭ تەسىرى تېخى تۈگىمىگەن ئىدى. شۇ يىلى ئېچىلغان پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ 10 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا دېڭ شياۋپىڭنىڭ پارتىيە مەركىزى كومىتېتى ۋە مەركىزى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىدىكى بارلىق ۋەزىپىلىرى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئۇ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، دادىللىق بىلەن «ئىدىيەنى ئازاد قىلىش»، «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» فاڭجېنىنى

ئەزالىقىغا تەيىنلەندى. يەنە 13 ـ يانۋاردىن 17 ـ يانۋارغىچە ئېچىلغان 4 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا ئۇ گوۋۇيۈەننىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن زۇڭلىلىقىغا تەيىنلەندى. بۇ خۇشخەۋەرنىڭ ئېلان قىلىنىشى جۇڭگو زېمىنىدا قاتتىق زىلزىلە پەيدا قىلىپ، پۈتۈن خەلقنى خۇشال قىلدى.

دېڭ شياۋپىڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا تەرتىپكە سېلىشقا تۇسالغۇ بولۇۋاتقان سىياسىي، نەزەرىيە جەھەتتىكى خىلمۇ ـ خىل «سولچىل» خاتا كۆز قاراشلارنى تۈزىتىشكە بەل باغلىدى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ بۇ ئاقىلانە ھەرىكىتى جاڭ چىڭ باشچىلىقىدىكى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ غالجىرانە ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن تۇساتتىنلا «دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىغا قايتۇرما زەربە بېرىش ھەرىكىتى» پارتىيە ئىچىدە قانات يايدۇرۇلدى. مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسلىق قۇرغۇچىلىرى ۋە جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ پاسىبانلىرى ئۆلۈشكە باشلىدى. 1975 ـ يىلى 6 ـ ئىيۇلدا باش قوماندان جۇدې ئۆلدى. 1976 ـ يىلى 8 ـ يانۋار ئاتاقلىق پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى، جۇڭگو خەلقىنىڭ قەلبىدىكى نۇرلۇق يۇلتۇز جۇئېنلەي ئۆلدى. 1976 ـ يىلى 9 ـ سېنتەبىر ئۇلۇغ داھىي ماۋزېدۇڭ ئۆلدى. بۇ ئاپەتلىك يىللاردا ئۇلۇغ جۇڭگو خەلقى قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»تىن ئىبارەت پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بەدىنىدىكى بۇ زەھەرلىك مەرەزنى ئۈزۈل ـ كېسىل ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا بەل باغلىدى. 1976 ـ يىلى 7 ـ ئاپرېل ئېچىلغان مەركىزى كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ جىددى يىغىنىدا ماۋجۇشىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن جۇڭگو كومپارتىيەسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ 1 ـ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە، گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىلىقىغا تەيىنلەنگەن

ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋۇجۇەنچۇن قاتارلىق زىيانكەشلىكتە ئۆلۈپ كەتكەن مۇھىم رەھبەرلەر ئاقلاندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا بېكىتىلگەن 779 دىن ئارتۇق ئاتالمىش «ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات»قا چېتىشلىق دەپ كۈرەش قىلىنغان، تۈرمىگە تاشلانغان، خىزمەتتىن قوغلانغان 200 مىڭدىن ئارتۇق «جىنايەت گۇماندارلىرى»نىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئاقلىنىپ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بۇلاردىن مىنىستىر ـ ئۆلكە دەرىجىلىك كادىرلار 12 نەپەر، نازىر دەرىجىلىك كادىرلار 332 نەپەر، ناھىيە ـ باشقارما دەرىجىلىك كادىرلار 2102 نەپەر، بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلار 9396 نەپەر بولۇپ، قالغانلىرى ئادەتتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە ئامما ئىدى. (يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتلار ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىي دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىيازنىڭ «ھايات قىسمەتلىرى» ناملىق تارىخىي ئەسلىمىسىدىن ئېلىندى. 2014 ـ يىل، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى.) بۇنىڭدىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا شىنجاڭدا ھۆكۈم سۈرگەن «سولچىل» ئىدىيەنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

ئارقامغا يېنىپ 1969 ـ يىلىدىن 1970 ـ يىلىغىچە ئىشلىگەن بىر خىزمىتىمنى ئەسلىگۈم كەلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ھەممە خىزمەتلەر توختاپ قالغان بولسىمۇ، ماۋزېدۇڭنىڭ «تاللانما ئەسەرلىرى»نى نەشر قىلىش خىزمىتى توختىمىدى.

1968 ـ يىلىدىن باشلاپ مەركىزىنىڭ يوليورۇقى بويىچە مەركىزى مىللەتلەر نەشرىياتى «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»نىڭ ئۇيغۇرچە، موڭغۇلچە، زاڭزۇچە، چاۋشەنچە ۋە قازاقچە بەش تىلدىكى تەرجىمە نۇسخىسىنى ئىشلەش ۋە نەشر قىلىشقا مەسئۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرچە،

ئوتتۇرىغا قويىدى.

1978 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، دېڭ شياۋپىڭ باشچىلىقىدا ئېچىلغان پارتىيەنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىنتايىن مۇھىم يىغىن بولۇپ، بۇ يىغىن 1978 ـ يىلىدىن باشلاپ، پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىكەنلىكى قارارلاشتۇرۇلدى. شۇندىن باشلاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ شانلىق ئوبرازى قايتا تىكلىنىپ، پۈتۈن پارتىيە ۋە خەلق سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ زەپەر مارشىنى ياڭراتتى.

شىنجاڭمۇ مەركەز بىلەن ماس قەدەمدە ئۆزىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەرتىپكە سېلىشقا باشلىدى. پارتىيەنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، 1979 ـ يىلى 1 ـ ئايدا چاقىرىلغان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا «ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېلىپ بېرىلغان 〈مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى〉دا ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغان كادىرلارنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ھەل بولماي كېلىۋاتقان تارىخى زور مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش» توغرىسىدا قارار ماقۇللاندى. بۇ قارارنىڭ روھى بويىچە لوي جەنزى، بۇرھان شەھىدى، جاڭ جوڭخەي قاتارلىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغان كادىرلارنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى مەتىمىن ئىمىنوف، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمى ھەيئەت ئەزاسى ئەنۋەر جاكولىن، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇللا زاكىروف، ئەسئەت ئىسھاقوف، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا خىزمەت بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، سانجى

تۇيغۇسىدىن پەخىرلىنىمىز. ھەمدە نەشرىياتچىلىقتا بىر مىللەت تىلىنىڭ ساپلىقى ئۈچۈن بارلىقىنى قۇربان قىلىدىغان ئەنە شۇنداق خىزمەت ئىستىلىنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمىز.

ئۈرۈمچىدىن پايتەختكە كېلىپ ۋاقىتلىق ئىشلەۋاتقان بىزدەكلەرنىڭ كۆڭلى ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتەتتى. مىللەتلەر نەشرىياتىدىكى ئوبۇل ئىسلام، غوجا ئابدۇللا، ئوسمان مۇللەك، ئەكبەر ھۇسەيىن، غۇپۇرجان ئاكا قاتارلىق پىشقەدەم رەھبەر ۋە تەھرىر ئاكىلار بىزنى «زېرىكىپ قالمىسۇن» دەپ ئۆيلىرىگە چاقىرىشىپ «شىنجاڭ تامىقى» بىلەن غىزالاندۇرۇپ تۇراتتى. ياكى ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ۋاڭ خوجىن كوچىسىدىكى «مىللەتلەر رېستورانى»غا بېرىپ ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە تەملىك تۇگۈرمە ۋە زىخ كاۋاپلىرىنى زاكوسكا قىلىپ بىر - ئىككى شىڭ (لېتىر)دىن بېيجىڭنىڭ داڭلىق خام پىۋىسىنى ئىچىشەتتۇق. بەزىدە بىر - ئىككى بوتۇلكا «بېيجىڭ ئەرگوتۇ» ھارىقىمۇ ئۈستەلدە ھازىر بولاتتى.

1970 - يىللارنىڭ بېشى، بېيجىڭ ئۈرۈمچىگە قارىغاندا ئىستېمال بۇيۇملىرى ناھايىتى ئەرزان، كوچىلار كەڭتاشا، شەھەر تىمتاس، قاتناش قىستاڭچىلىقى يوق ھالەتتە ئىكەن. چۈنكى بۇ يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە بېيجىڭدىكى ئالىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى «زىيالىي ياش» نامى بىلەن يېزىلارغا «قايتا تەربىيە»گە چۈشۈپ كەتكەن. «ھوقۇقدار»لار «كاپىتالىست بايلار» بىر قىسىم «مەسلىسى بار» دەپ قارالغان كادىرلار، يازغۇچى - ئەدىبلەر، سەنئەتكارلار ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى بىلەن قوشۇپ يېزىلارغا تارقاقلاشتۇرۇۋېتىلگەچكە، پايتەخت «تىمتاسلىقتا چۆككەن» شەھەرگە ئايلىنىپ قالغان. ئەمما يېمەك - ئىچمەك، تۇرمۇش ئىستېمال بۇيۇملىرى ھەم ئەرزان ھەم كەڭتاشاچىلىق ئىدى. «مىللەتلەر رېستورانى»دىكى داڭلىق گۆش تۇگۈرمىسىنىڭ بىر تەخسىسى (30 دانە) 6 موچەن،

قازاقچە نۇسخىلىرىنى ئىشلەشكە شىنجاڭدىن بىر قىسىم داڭلىق تەرجىمان، تەھرىر ۋە كوررېكتورلار تەكلىپ قىلىندى. 1969 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 2 - تۈركۈمدە مەنمۇ بېيجىڭغا تەكلىپ قىلىنىپ، مەركىزى مىللەتلەر نەشرىياتىدا بىر يىل ئىككى ئاي ئىشلىدىم. مېنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپەم «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»نىڭ ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىدا تەييارلانغان نۇسخىسىنىڭ ئىملاسىنى تەكشۈرۈش، كوررېكتورلۇق قىلىش ئىدى. شۇڭا كۆپ ۋاقتىم مىللەتلەر نەشرىياتىدىن 15 كېلومېتىرچە يىراقلىقتىكى «ۋې گوڭسۇن» رايونىغا جايلاشقان «مىللەتلەر باسما زاۋۇتى»دا ئۆتەتتى.

«ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»نىڭ نەشر تەلىپى ناھايىتى يۇقىرى بولغاچقا، كوررېكتورلارنىڭ ۋەزىپىسى بەك ئېغىر ئىدى. «مىللەتلەر نەشرىياتى» بەلگىلىگەن خىزمەت نىزامى بويىچە ئارگىنالنىڭ باسما نۇسخىسى ئارقا - ئارقىدىن بەش قېتىمدىن كوررېكتورلۇق قىلىناتتى. ئىملا جەھەتتە سەۋەنلىك كۆرۈلۈشنىڭ ئەڭ يۇقىرى چاستوتىسى 0.2%تىن ئېشىپ كەتمەسلىك، يەنى مىڭ خەت ئىچىدە ئىككى «ئىملا خاتالىقى»دىن ئېشىپ كەتمەسلىك تەلەپ قىلىناتتى. ئەگەر ئەڭ ئاخىرقى تەكشۈرۈشتە بىرەر پەش، توچكا ياكى زىن - نىزەۋەر «يېڭى ئىملا قائىدىسى»نىڭ ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولمىسا، مەسئۇل كوررېكتورنىڭ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىناتتى. ھازىرقى نەشر بۇيۇملىرىدەك «تۈزىتىش ئىلاۋىسى» قىستۇرۇپ ئىملا ئۆزگىرىشلىرىنى ئۆتكىلىدىن ئۆتمۈلشقا قەتئىي رۇخسەت قىلىنمايتتى. ھازىر نەشرىياتچىلىقتا سان قوغلىشىپ، سۈپەتكە ئېتىبار بېرىلمەيۋاتقانلىقىنى ھەممىمىز چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. نەشر بۇيۇملىرىدىكى ماڭدامدا ئۇچراپ تۇرىدىغان ساماندەك ئىملا خاتالىقلىرىنى كۆرگەندە، ئاشۇ يىللاردىكى «مىللەتلەر نەشرىياتى»دىكى مەسئۇلىيەتچان خادىملارنىڭ يۈكسەك بۇرچ

چۈشتى. ئۇنى كۆرۈپ قىزىقىپ قالدىمدە، سېتىۋالماقچى بولۇپ باھاسىنى سورىدىم. پىرىكازچىك بۇ مالنى ماڭا داڭلاپ، ئۇ ھەقىقەتەن چەتتىن ئىمپورت قىلىنغان ئەتىۋالىق ئەدىيال ئىكەنلىكىنى، ئۆز ۋاقتىدا نەچچە مىڭ يۈەنگە سېتىۋالغىلى بولمايدىغان بۇ جىڭ مالنىڭ باھاسى چۈشۈرۈلۈپ، ھازىر 50 يۈەنگە سېتىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن «قەشقەرچە سودىلىشىپ» ئاخىرى 40 يۈەنگە سېتىۋالدىم. بۇ ئەدىيال 40 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆيىمىزدە ئەتىۋالىنىپ ساقلىنىۋاتىدۇ.

راستىنى ئېيتقاندا، بېيجىڭنىڭ ئاشۇ يىللاردىكى تۇرمۇش مەئىشەتىنى تېخى قەھەتچىلىك ئىچىدە تۇرىۋاتقان ئۈرۈمچى ۋە باشقا شەھەرلەرگە سېلىشتۇرۇپ «خىيالىمدىكى كوممۇنىزىمنىڭ شۇنچىلىك بولا» دەپ ئويلىدىم.

بۇ يىللاردا بېيجىڭ پىداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە باشقا ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خىزمەت تەقسىماتىنى كۈتۈپ ياتقان شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارمۇ خېلى كۆپ ئىدى. ئۇلار مەكتەپتىن بەرگەن ھەر ئايلىق 35 يۈەن تۇرمۇش ياردەم پۇلىغا تايىنىپ خېلى باياشات تۇرمۇش كەچۈرەتتى.

بېيجىڭ پىداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى 1967 ـ يىلى پۈتتۈرۈپ خىزمەت كۈتۈپ ياتقان توختاجى تۇرسۇن ئەسلىدە مەن بىلەن بىر مەھەللە بولغاچقا، ئۇنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق بۇ مەكتەپتىكى شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلار بىلەن كۆپرەك باردى ـ كەلدى قىلاتتىم. دەم ئېلىش كۈنلىرى توختاجىنىڭ يانىقىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان كۆڭۈللۈك بەزمىلەرگە داۋاملىق قاتنىشاتتىم. شۇ يىللاردا ئىسمايىل، مەتىمىن، ھامىتجان، خالىق بىلەن مۇھەممەت قاسىم قاتارلىق توختاجىنىڭ ساۋاقداشلىرىنىڭ مەكتەپ مىللىي ئاشخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاددى ـ ساددا، ئەمما

200 گىرام ئەتراپىدا قوي گۆشى ئۆتكۈزۈلگەن دات باسماس پولات زىخلىق كاۋاپ ئىككى موچەن، بىر دانە روبىلىك (گۆشنان) ئىككى موچەن، بىر شىلىڭ خام پىۋا ئۈچ موچەن. 60% لىۋق ئەرگوتۇ هارىقىنىڭ بىر بوتۇلكىسى بىر يۈەن يىگىرمە پۇڭ، «دۆلەت هارىقى» ــــ «موتەي»نىڭ بىر بوتولكىسى ئۈچ يۈەن يەتمىش پۇڭ، بىر كىلو پەشلەنگەن قوي گۆشى توققۇز مو ئالتە پۇڭ... ئىدى. قىسقىسى، بىر ئادەم ئىككى يۈەن خەجلىسە قورسىقى راۋۇس تويانتى. كىيىم - كېچەكلەرمۇ شۇنچىلىك ئەرزان ئىدىكى، شۇ زامانلاردا مودا بولغان دىچولىياڭ كۆينەك - كوپتىلارنىڭ باهاسى بەش، ئالتە يۈەن ئىدى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، بىر دەم ئېلىش كۈنى چىيەنمىڭ بازىرىدىكى بىر چوڭ ماگىزىنىنىڭ ئالدىدا ساپ يىپەكتىن ئىشلەنگەن قارا خاڭدەن گىلاستۇكنى تۆكمە قىلىپ سېتىۋېتىپتۇ. «گالاستۇك تاقاش بۇرژۇئازىيە ۋە شىۇجىڭجۇيىچىلارنىڭ تۇرمۇش ئىستىلى» دەپ تەنقىدلىنىۋاتقان بۇ كۈنلەردە ھېچكىم گالاستۇك سېتىۋېلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. شۇڭا ماگىزىنىنىڭ ئامبىرىنى «ئاۋارە» قىلغان بۇ «ئەخلەت مال»نىڭ بىر كىلوسىنى بەش موچەندىن جىڭلاپ سېتىپتۇ. قارىسام بۇ گالاستۇكلارنى بىر قانچە مومايلار كىلولاپ سېتىۋېلىپ سېۋەتىگە قاچىلاپ كېتىۋاتىدۇ. مەن «بۇ مومايلار نېمە قىلىدىغاندۇ؟» دەپ، بىرسىدىن سورىدىم. ئۇ ماڭا: «بۇ ناھايىتى ئېسىل يىپەك مال، بىر جىلى گالاستۇكنىڭ قاتلىرىنى چۇۋۇپ، بىر - بىرىگە كىرىشتۈرسە بىر كالتە جۇيازا چاپان تېكىپ كەيگىلى بولىدۇ.» دەپ چۈشەندۈردى. مەن ھەيران قالدىم. كۆڭلۈمدە بېيجىڭلىقلارنىڭ ئىشچانلىقى ۋە تېجەشلىكلىكىدىن سۆيۈندۇم. بۇ بازاردىن ئايرىلىپ ئۇنىڭ يېنىدىكى نىمكەشماللار چوڭ ماگىزىنىغا كىردىم. كۆزۈم بىر تەرىپى تۈن قارا، يەنە بىر تەرىپى ئالىبۇماش ماش رەڭلىك يىلپىز تېرىسىدىن ئىشلەنگەن بىر چوڭ ئەدىيالغا

كۆڭلۈمدە ئۇلاردىن چەكسىز مىننەتدار بولدۇم ۋە سۆيۈندۈم. ئالتاينىڭ قائىدىسى بويىچە ئۇلار بۇ ئوغۇل نەۋرىسىنى ئۆز ئوغلى ئورنىدا ئاززۇلاپ بېقىۋالدى. مەن بىر ئاي ئۇلار بىلەن بىللە دەم ئېلىپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدىم. ئىنقىلاب داۋاملاشماقتا....

كەچۈرۈڭلار، ئەسەرنىڭ تېمىتىك پىلانىنىڭ سىرتىدا، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا يۈز بەرگەن بەزى چوڭ ئىشلارنىڭ خاتىرىسىنى يۈزەكى ھالدا سەمىڭلارغا سېلىپ كۆڭۈل ئارامىڭلارنى بۇزدۇم. «ئۆتمۈشنى ئۇنتۇش ئاسىيلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.» شۇڭا بۇ تارىخىي ئەسلىمىلەر «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نى بېشىدىن ئۆتكۈزمىگەن ياش ئەۋلادلار ئۈچۈن بىر تارىخىي ساۋاق بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

ناھايىتى مەنىلىك توي مۇراسىملىرىغىمۇ شاھىت بولدۇم. بۇ تويلارنىڭ ھەممىسىنى شىنجاڭلىقلارنىڭ «يىگىتبېشى» توختاجى باشقۇراتتى. بۇ توي مۇراسىملىرىغا ئۇلارنىڭ خەنزۇ ۋە باشقا مىللەتتىن بولغان ساۋاقداشلىرىمۇ قاتنىشاتتى.

بېيجىڭ ئاشۇ يىللاردا كۆرۈنۈشكە ھەممە ئىشلىرى ئۆز ئوقىدا ئايلىنىۋاتقان «تىمتاس ماكان» بولسىمۇ، لېكىن پايتەختنىڭ يۈرىكى — جۇڭنەنخەينىڭ ئىچىدە بولىۋاتقان جىددى كۆرەشنىڭ ماھىيىتىنى تېخى چۈشەنمەيتتۇق. ئىش قىلىپ، ئادەم دېگەن زەررىچە تىنچلىقتىن ئالەمچە خۇشاللىق تاپىدىكەن. بۈگۈنكى ئازغىنە مەئىشەت ئالدىدا ئۆتمۈشتىكى خاپىلىقلىرىنى ئۇنتۇيدىكەن. شۇنداق قىلىپ 1970 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بېيجىڭدىكى ۋاقىتلىق خىزمەتنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدىم - دە، ئىككى كۈندىن كېيىن ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ بۇرۇلتوقاي ناھىيەسىدىكى قېيىن ئاتامنىڭ ئۆيىگە كەتتىم. چۈنكى مەن بېيجىڭدە ئىشلەۋاتقان مەزگىلىمدە، يەنى ئىككىنچى ئوغلۇم خەمىت قەشقەردە يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان ئىدى. مەن خىزمەت ئالدىراشلىقى بىلەن بۇنداق چوڭ ئىشنىڭ ئۈستىدە بولالمىدىم. ئايالىم مەريەمنىڭ ئاي - كۈنى يېقىنلاشقاندا، قېيىن ئاپام دەرىخە ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماستىن، ئالتايدىن قەشقەرگە كېلىپ مەريەمگە ھەمرا بولدى. ھەمدە مەريەمنى ئىككى بالا بىلەن يالغۇزچىلىقتا قېينىلىپ قالىدۇ، دەپ ئەمدى ئۈچ ئايلىق بولغان ئىككىنچى ئوغلۇم خەمىتنى باغرىغا بېسىپ ئالتايغا قايتىپ كەلگەن ئىدى. مەن تېخى يۈزىنى كۆرمىگەن بۇ ئوغلۇمنى كۆرۈشكە تەشنا ئىدىم. مۇشۇ تەشنالىق مېنى دەرھال ئالتايغا بېرىشقا قىستىدى. ئالتايغا كېلىپ ئالتە ئايلىق بولغان ئوغلۇمنى باغرىمغا باستىم. قىينى ئاپام ۋە قىينى ئاتاملار بۇ نەۋرىسىنى يېڭى سۈت - قايماقلار بىلەن ناھايىتى ئەتىۋالاپ بېقىپتۇ.

ئۈچىنچى بۆلۈم

# سۈزۈك ئاسمان

توققۇزىنچى باب

## تۇزانلىق مۇنبەر

*مۇئەللىم دېمەك ــ ئىككىنچى ئانا.*
*خوشلۇق تاپار ئۇ مۇنبەردىن يانا.*
*روھىي ئىنتىلىش بەرگەچ كۈچ ـ قۇۋۋەت،*
*بىلىك قەسرىسى پاناھتۇر ئاڭا.*

*ــ خاتىرەمدىن*

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى ساق ئالتە يىل توختىتىلغاندىن كېيىن، 1972 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەر سىناق تەرىقىسىدە «ئىشچى، دېھقان، ئەسكەر ئوقۇغۇچى»لارنى ئىمتىھانسىز قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىمۇ تۇنجى قېتىم جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى بىلەن ماتېماتىكا فاكۇلتېتىغا ئىككى سىنىپتىن (بىر مىللىي، بىر خەنزۇ سىنىپ) «ئىشچى، دېھقان، ئەسكەر» ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. ئوقۇغۇچى بولمىسا ئوقۇتقۇچىمۇ، مەكتەپمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ. شۇڭا ئوقۇغۇچى دېگەن مەكتەپنىڭ زىننىتى، مائارىپنىڭ گۈلتاجى ـ دە!

مەكتەپكە تۇنجى قېتىم سىناق تەرىقىسىدە قوبۇل قىلىنغان بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش قورامى، بىلىم سەۋىيەسى

ئۆياقتىن بۆياقفا پىرقىراپ يۈرۈپتىمەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ھەممىدىن بۇرۇن ئوقۇتقۇچىلارغا «ئۆششۈك» تەگدى. ئېرىشكىنىدىن ئېرىشمىگىنى ھەسسىلەپ كۆپ بولغان بۇ جاپاكەش باغۋەنلەر «ئىنقىلاب»نىڭ ھۇجۇم نىشانى بولدى. ئەزەلدىن خاتىرجەملىكنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان ئىنسانىي ئۆزلۈكۈم بۇ رېئاللىق ئالدىدا تەۋرىنىپ «نېمىشقىمۇ ئوقۇتقۇچى بولغاندىمەن» دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە نىدا قىلدىم. ئەمما كېچىككەن ئىدىم. ئاخىرى تەقدىرگە تەن بېرىپ، تۇنجى قېتىم مۇنبەرگە چىقىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشقا باشلىدىم. مەن تەقسىملەنگەن «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى» كافېدراسى ماڭا فاكۇلتېتقا قوبۇل قىلىنغان تۇنجى تۈركۈملۈك «ئىشچى، دېھقان، ئەسكەر» ئوقۇغۇچىلار سىنىپىغا «ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيەسى» ناملىق تاللانما دەرسنى ئۆتۈشنى ھاۋالە قىلدى. ئەمما بۇ دەرسنىڭ ئۆلچەملىك قوللانمىسى يوق ئىدى. مەن بىر يىلدىن ئارتۇق «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»نى نەشرگە تەييارلاشقا قاتنىشىش جەريانىدا ماۋزېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتقى» قاتارلىق ئەدەبىيات - سەنئەتكە ئائىت ئەسەرلىرىنى كۆپ قېتىم ئوقۇغاچقا، ئۇ ھەقتە تەسىراتىم خېلى چوڭقۇر ئىدى. ئەنە شۇ ھېسسىي بىلىشكە ئاساسلىنىپ، ئالدىن بىر نەچچە سائەتلىك لېكسىيە تەييارلىۋالدىم. لېكىن دۇنيانى تىترەتكەن ناپالىيونمۇ ئىمتىھان ئالدىدا قورققاندەك، تۇنجى مۇنبەرگە چىقىش مېنى غال - غال تىترەتتى. ھەر ھالدا دەرسنىڭ «كىرىش» قىسمىنى ئىككى سائەت سۆزلىگەندىن كېيىن يۈرىكىم بىر ئاز قانتى. بۇ دەرسنى ئۆتەلەيدىغانلىقىمغا ئىشەنچ تۇغۇلدى. ئىككىنچى قېتىملىق دەرستە «نوتۇق»تىكى «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىنىڭ تارىخىي

ۋە پىسخىك ساپاسى بىر - بىرىگە ئوخشىمايتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ بېشىدا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ «زىيالىي ياش» سۈپىتىدە يېزىلارغا «قايتا تەربىيە»گە بارغانلار، ھەربىي قىسىمدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئەسكەرلەر، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ زاۋۇت - كارخانىلاردا ئىشلەۋاتقان ياش ئىشچىلار، يېزا ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىدا كەنت باشلىقى ۋە باشقا خىزمەتلەرنى ئىشلەۋاتقان ياش كادىرلار... بار ئىدى. ئىش قىلىپ ھەر دەرىجىلىك «ئىنقىلابىي كومىتېت»لارنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشى، ئاممىنىڭ باھالىشى، «مەكتەپلەرنىڭ سالاھىيەت تەكشۈرۈشى»دىن ئۆتكەنلەر ئىمتىھانسىز قوبۇل قىلىنغانىدى. شۇنداق بولغاچقا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بۇرۇنقى قېلىپلاشقان ئوقۇتۇش پىلانى، كەسپىي دەرس قۇرۇلمىسى ۋە ئوقۇتۇش كالېندارىنى ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارىغا ماس ھالدا «ئىسلاھ» قىلىشقا توغرا كەلدى. بۇ «ئىشچى، دېھقان، ئەسكەر» ئوقۇغۇچىلار گەرچە كەسپىي جەھەتتىن «ئىنقىلاب» مەزگىلىدە مەلۇم ۋاقىت ئۈزۈكچىلىككە دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن «ئىنقىلاب ئوچىقى»دا تاۋلىنىپ چىققاچقا، ئىجتىمائىي بىلىمى خېلى كەڭ ۋە مول ئىدى. ھەتتا ئەدەبىياتقا ئائىت ئاساسىي بىلىملەرنى ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىپ ئەدەبىي يېزىقچىلىق بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقانلارمۇ خېلى كۆپ ئىدى.

مەن ئەقلىمنى تاپقاندىن بۇيان كەلگۈسىدە ئوقۇتقۇچى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم. مېنىڭ نەزىرىمدە ئوقۇتقۇچى قاراڭغۇ دىللارنى يورۇتقۇچى نورلۇق چىراغ، ئابى كەۋسەر سۈيى بىلەن قەلبلەرنى ياشارتقۇچى ئەلرەھنا ساھىبى ئىدى. بەختىم ئوڭ كېلىپ، ئۆزۈم ئوقۇغان مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولدۇم. لېكىن بىر سائەتمۇ نۇبەرگە چىقماي سەككىز يىل شېخىدىن ئايرىلغان يوپۇرماقتەك «ئىنقىلاب بورىنى»دا ساما سېلىپ

قىلمىغانىدەك تۇراتتى. شۇڭا بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئارقا - ئارقىدىن سوئال سوراشقا ئىنتىلدى.

شۇ پەيتتە قۇربان ماموت ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچى:

— بولدى قىلىڭلار، مۇئەللىمنى تەڭقىسلىقتا قويماڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇنىڭ بۇ سۆزى مېنى قۇتقۇزۇپ قالدى. ۋاقىت ئاللىقاچان توشۇپ كەتكەچكە، «قالغان گەپنى كېيىنكى دەرستە دېيىشەيلى.» — دېدىم - دە دەرستىن چۈشۈپ «ئۇھ» دەپ ئىچىمگە تىنىدىم. ئوقۇتقۇچى بولۇش ئانچە تەس بولمىسىمۇ، لېكىن يارامىلىق ئوقۇتقۇچى بولۇشنىڭ ناھايىتى تەسلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. يارامىلىق ئوقۇتقۇچى بولۇش قانداقتۇر ئوقۇغۇچىلىرىڭ ئالدىدا «بىلەرمەن»لىكىڭ بىلەن ئۆزۈڭنى قالتىس چاغلاپ، سۇنئىي شان - شۆھرەتنى قوغلىشىش ئارقىلىق ئەمەس. بەلكى قەلب ئاسمىنىڭنى كەمتەرلىك، سەبىرلىك، راستچىللىق ۋە پىداكارلىق نۇرى بىلەن يورۇتۇپ، ئۆزۈڭنى ئۈمىدلىك كۆزلەرنىڭ قارىچۇقىدىن سىرغىغان بىر تامچە ياش دەپ بىلگىنىڭدىلا، ئۆزگىلەرنىڭ ئىشەنچىسى ۋە ئېتىراپىغا ئېرىشەلەيسەن. شۇڭا ئىرادىلىك ۋە ئۈمىدلىك ياشاشنى ھايات مىزانى قىل. چۈنكى، ئىرادە ۋە ئۈمىد — ھاياتلىقنىڭ ئىككى قانىتى. ئىرادە بەختىڭگە جان ئاتا قىلغۇچىدۇر. شېكىسپىر ئېيتقانىدەك: «بىزنىڭ شەخسىيىتىمىز باغچە بولسا، ئىرادىمىز ئۇنىڭ باغۋەنىدۇر.» بىزدە «ئۈمىد ياشىنىتىدۇ، غەم قاقشىتىدۇ» دېگەن گەپ بار. دەرۋەقە، ئۈمىدسىز ھايات جانسىز بەدەن كەبى زەئىپتۇر. بىلگىنكى، ئۈمىد — بەختىنىڭ يارى، چارىسىزلىقنىڭ يېگانە دەرمانى. شۇڭا زالىم قىلىچقا، ئالىم ئۈمىدكە تايىنىدۇ.

تۇنجى قېتىم تۇزانلىق مۇنبەرگە چىققان پەيتىمدە دۇچ

ئارقا كۆرۈنۈشى، بۇ فاگجېنىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىلمىي قىممىتى، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشتىكى يېتەكچىلىك رولى قاتارلىق ھالقىلىق مەزمۇنلارنى لېكسىيە قىلدىم. ئاخىرقى بەش مىنۇت ۋاقىتنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سوئال سورىشىغا قالدۇردۇم.

«سوئال» دەپ ئارقا پارتىدا ئولتۇرغان بىر ئوقۇغۇچى قولىنى كۆتۈردى.

ــ مۇئەللىم، سىز سۆزلىگەن بۇ «قوش فاگجېن» (ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش)نى ھازىرقى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە قانداق تەتبىقلىنىدۇ؟ «ھەممە ئېقىملارنىڭ بەس ـ بەستە سايرىشى»غا دۆلەتنىڭ سىياسىتى يول قويامدۇ؟

راستىنى ئېيتقاندا، بۇ سوئال قاراتمىلىقى بار ئەمەلىي مەسىلە ئىدى. شۇڭا بۇ سوئالغا مەنمۇ قايىل قىلارلىق جاۋاب بېرەلمەيتتىم. شۇ ئاندا كافېدىرا باشلىقىمىز ئابلەت ئۆمەر مۇئەللىمنىڭ ماڭا ئېيتقان «بەزى ئوقۇغۇچىلار يېڭى دەرسكە كىرگەن ياش مۇئەللىملەرنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن، شۇ دەرسكە مۇناسىۋەتتى يوق بەزى سوئاللارنىمۇ سورايدۇ. ئۇنداق سوئاللارغا تومتاقراق جاۋاب بەرسەڭمۇ، ياكى كېيىنكى دەرستە جاۋاب بېرەي، دېسەڭمۇ بولىدۇ. لېكىن باشتا ئوقۇغۇچىلارغا تومۇر تۇتقۇزۇپ قويما.» دېگەن نەسىھەتى ئېسىمگە كەلدى. مەنمۇ شۇ ئاساستا ئۇسۇلغا دىققەت قىلىپ:

ــ ماۋجۇشىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان بۇ فاگجېنى پارتىيەمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش پارتىيەمىزنىڭ، دۆلىتىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇقەددەس ۋەزىپىسى ۋە بۇرچى، دەپ جاۋاب بەردىم. لېكىن ئوقۇغۇچىلار بۇ «جاۋاب»قا قانائەت

سۆ، «نەدە بولسا شۇ يەردە باشقىلارغا پايدىسى تەگسۇن» دەپ يەتتە مېۋىسىز دەرەخنىڭ شاخچىسى سېلىنغان سۇ، «يامان سۆز، يامان كۆزدىن ساقلىسۇن» دەپ ئادراسمان چىلانغان سۇ، «سەپىرى بىخەتەر، ئوڭۇشلۇق بولسۇن» دەپ كونا كۆۋرۈكنىڭ شېشىقى (ياغىچى) سېلىنغان سۇ، «مېھرى ئىسسىق بولسۇن» دەپ بىر نوكچا ناۋات سېلىنغان سۇ، «ئائىلىسىگە ئۆمۈرلۈك ۋاپادار بولسۇن» دەپ بىر چىمدىم تۇز سېلىنغان سۇ، «داستىخىنى بەرىكەتلىك ۋە لەززەتلىك بولسۇن» دەپ بىر قوشۇق بوغداي سېلىنغان سۇدىن ئىبارەت توققۇز ئىرەملىك سۇ تەييارلاپ، كۆلالدىن ياسالغان تەشتەككە يالىڭاچلاپ ياتقۇزغان قىزىمىزنىڭ بېشىغا توققۇز نەپەر سەغىرە قىزچاق ھېلىقى ئىرىملىق سۇنى قۇيدى. ئاندىن ئۈستىگە بۇلىماق سۈرتۈلگەن «قىرق توقچى»نى قىزچاقلارغا يېگۈزدۇق. شۇنىڭ بىلەن قىزىمنىڭ «قىرق سۈيى مۇراسىمى» ئاخىرلاشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، مەريەمنىڭ يۈتكىلىش رەسمىيەتلىرىنى ناھايىتى تېزلىكتە بېجىرىپ، ئۇرۇمچىگە مېڭىشىنىڭ تەييارلىقىنى قىلدىم. تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى قىزىم مېھراي 45 كۈنلۈك بولغاندا. شۇ كۈنلەردە تۇغقان يوقلاپ قەشقەرگە بارغان مېنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتىكى مۇئەللىم ھەم ئەڭ يېقىن ئاكا ئاغىنەم ئىلى ئابىت (2008 ـ يىلى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولدى. مەرھۇمنىڭ ياتقان جايى جەننەتتە بولغاي!) ئالاقىلاشقان بىر يۈك ماشىنىسىغا ئۆي بىساتلىرىمىزنى باستۇق. مەريەم سەككىز يىل بىللە ئىشلىگەن يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىدىكى سەپداشلىرى، قولۇم ـ قوشنىلار بىلەن كۆزى قىيمىغان ھالدا يىغا ـ زارە ئىچىدە خوشلىشىپ، مېھراينى قۇچاقىقا ئېلىپ ماشىنىنىڭ كېپىنكىسىدە ئولتۇردى. بىز بىلەن بىللە قايتماقچى بولغان ئىلى ئاكام، مەن، تۆت ياشقا كىرگەن تۇنجى ئوغلۇم

كەلگەن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئىدراكىمدا پەيدا بولغان يۇقىرىقى روھى ھاسىلاتلىرىمنىڭ كۈچى بىلەن يېڭىپ، قايتىدىن ۋىسال لەززىتىگە ئېرىشكەندەك بولدۇم ـ دە، كېيىنكى دەرسلەر ئۈچۈن پۇختا ھازىرلىق كۆرۈشكە ئىرادە باغلىدىم. ئىرادە بولسىلا يول تېپىلىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، ئاستا ـ ئاستا ئوقۇتقۇچىلىققا كۆنۈپ قالدىم. ئوقۇغۇچىلىرىم بىلەن ئارىمىزدا مېھرى ـ مۇھەببەت كۈچەيدى. مەن تۇنجى دەرسكە كىرگەن بۇ سىنىپتىكى بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلىرىم بىلەن ياش پەرقىمىز ئانچە چوڭ بولمىغاچقا، كېيىنچە، ئۇلار بىلەن دوست ـ بۇرادەرلەرگە ئايلىنىپ كەتتۇق.

ئاشۇ يىللاردا مېنىڭ بالا ـ چاقىلىرىم تېخى قەشقەردە ئىدى. مەكتەپنىڭ خىزمەتلىرى ئەمدى تەرتىپكە چۈشىۋاتقان 1972 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەكتەپ «ئىنقىلابى كومىتېتى ئايالىم مەريەمنى قەشقەردىكى خىزمەت ئورنىدىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىمىيە فاكۇلتېتىغا يۆتكەش ئىلتىماسىمنى تەستىقلاپ، ناھايىتى تېز رەسمىيەت بېجىرىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئائىلەمنى يۆتكەپ كېلىش ئۈچۈن قەشقەرگە باردىم. مەن بېرىپ 20 كۈندىن كېيىن، يەنى 1972 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى مەريەم يەڭگىپ، ئۈچىنچى ئوماق پەرزەنتىم يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچتى. مەن ئارزۇ قىلغان قىز پەرزەنتكە ئىگە بولدۇم. «مېھرى ئايدەك» بولۇشنى تىلەپ بۇ ئامراق قىزىمغا «مېھراي» (مېھرىئاي) دەپ ئەزان چىلاپ ئىسىم قويدۇم. بۇ سەبي «تولكەم» قىرىق كۈنلۈك بولغاندا ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە «ئېتىقادلىق ۋە ئىرادىلىك ئادەم بولسۇن، ئەل ـ جامائەتتىن ئايرىلمىسۇن» دەپ مېھراينىڭ كاكۇلى (سامانلىق لاي) سېلىنغان سۇ، «قىلغان ئىشى ئەمەلىي، ياراتقان بايلىقى ئەلگە پايدىلىق بولسۇن» دەپ يەتتە مېۋىلىك دەرەخنىڭ يوپۇرمىقى سېلىنغان

تەسلىكتە سېتىۋالغىلى بولىدىغان بىر كىلو سۈت ئىككى بوۋاق پەرزەنتىمنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئوزۇقلۇقى-دە! شۇنداق، ئورۇمچىدە ئانا سۈتى بىلەنلا چوڭ بولىدىغان بالا يوق. لېكىن ئانا ۋە ئانىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى نوقۇل ماددىي تىرىشچانلىق بەدىلىگە پەرزەنتلىرىنى ياخشى ئوزۇقلاندۇرۇپ سەمرىتىشلا ئەمەس. بۇنداق ئىپتىدائىي تەبىئىي «مەسئۇلىيەت» ھەممە جانلىقلارغا ئورتاق. قۇچقاچ جېنىدا يىراق - يىراقلارغا ئۇچۇپ بېرىپ، دەرەخ ياكى تاما كاۋاكلىرىدا ئەمدى تۇخۇمدىن ئايرىلغان ئەتلىمە گۆش ھالىتىدىكى بالىلىرىغا ئاغزىدا يەم توشۇيدۇ. بۇ جىمىكى جانلىقلارغا خاس بىيولوگىيەلىك ئىقتىدار. ئەمما ئادەمزات بىيولوگىيەلىك جانلىقلاردىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان ئىجتىمائىيلاشقان ئاڭلىق «ھايۋان» بولغاچقا، ئادەملەر ئۆزىنىڭ قېنى ۋە گېنىدىن تۆرەلگەن ئۇماقلىرىنىڭ ئادىمىيلىك سۈپەتكە ئىگە بولۇشىنى «بالا بېقىش»نىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەرزەنتكە ئانا بولۇش قىيىن ئەمەس، ئەمما پەرزەنتكە ھەقىقىي مەنىدىكى ئانىلىق قىلماق قىيىن. شۇڭا يۈرىكى ئىككى بولسىمۇ، تىلىكى بىر بولغان ياخشى ئەر - خوتۇن ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ياخشى خۇلقلىق، مىللەت ۋە خەلققە يارامىلىق، ھەزارەتلىك، جەسۇر ئەزىمەت بولۇپ تەربىيەلىنىشى ئۈچۈن شامدەك ئېرىپ تۈگەشنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. گەرچە ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئائىلىدىكى ئىندۇۋىدال فونكسىيەسى ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن قەلب مايىللىقى، نىشان - مەنزىلگاھى بىردەكلىككە ئىگە. ئۇلار پەرزەنتلىرىنىڭ بىرىنچى بۆشۈكى بولغان ئائىلە ئۈچۈن مەنپىي - مۇسبەت ئۇلتاش. بوم ۋە زىل ئىككى تار بولۇپ، ئۇنىڭسىز ناۋا ساداسى چىقمايدۇ. (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن) شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئائىلىدىكى پەرزەنت تەربىيەسىدە ئەلمىساقتىن تارتىپ ئانا پەۋقۇلئاددە ئورۇن تۇتىدۇ. دەرۋەقە،

ئابدۇجېلىل ۋە ئائىلىمىزگە ياردەملىشىدىغان چوڭ ئاكامنىڭ 12 ياشلىق قىزى بۇمەريەم قاتارلىق تۆتىمىز ئۆيگە ئوخشاش ئۈستىنى يېپىپ تەييارلىۋالغان كوزوۋپتا ئولتۇردۇق. شۇنىڭ بىلەن «خەير - خوش قەشقەر!» دەپ ئۇدۇل ئۈرۈمچىگە يول ئالدۇق. كېرەمباغ دوختۇرخانىسىنىڭ ئالدىدا بىزنى ئۇزاتماقچى بولۇپ ساقلاپ تۇرغان كەرەملىك پەدەرلىرىم، بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىم، دوست - بۇرادەرلىرىم بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتۇق. شوپۇر ئىلى ئاكامنىڭ يېقىن بۇرادىرى بولغاچقا، يول ئۈستىدە بىزگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى.

شۇنداق قىلىپ، يولدا بەش قونۇپ، ئالتىنچى كۈنى قاراڭغۇ چۈشكەندە ساق - سالامەت شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىردۇق. ئۇڭغا قايرىلىپ ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ ياردىمى بىلەن تەييارلاپ قويغان قاڭالتىرلىق كورپۇس (ھازىرقى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئورنى)تىكى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيۈمنىڭ ئالدىدا توختاپ، يۈك - تاقلارنى چۈشۈردۇق. يولدىن ئېلىۋالغان توخۇ گۆشى، تۇخۇم، نان - توقاچلار بىلەن بۇ «يېڭى ئۆي»دە بىر پىيالە چاي ئىچكەندىن كېيىن شېرىپ ئۇستام ئىلى ئاكامنى ئۆيىگە ئېلىپ ماڭدى. بىزمۇ سەپەردە ھېرىپ قالغاچقا، ئىككى ئۆيدىكى كارۋات ۋە بەنچاڭغا ئورۇن راسلاپ ئۇخلىدۇق.

ئەمدى مېنىڭ ۋەزىپەم ئېغىرلاشتى. بويتاقچىلىقتا ئائىلە غېمىدىن خالىي ياشىغان ئىدىم. «ئۆي تۇتتۇڭ بالادا قالدىڭ، ئۆي تۇتمىساڭ تالادا قالدىڭ» دېگەندەك، ئەمدى بىر موردىن ئىس چىقىرىش ئۈچۈن ھەر كۈنى سەي - كۆكتات بازىرىغا، ئۇن، ياغ، گۆش دۇكانلىرىغا يۈگرىشىم كېرەك. تاڭ سەھەردە خوراز چىللىماستىن بۇرۇن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، مەكتەپنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى كالا فېرمىسىغا بېرىپ، پالتاخۇننىڭ سېغىۋاتقان سۈتىگە ئۆچرەت تۇرۇشۇم كېرەك. ئۆچرەت بىلەن

مۈلۈكلىرىنى باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ پىشقەدەم باشلىقى قۇربان كەنجى ئاكىغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ مۇشۇ قاڭالتىرلىق بىر قەۋەتلىك كورپۇستىن 30 كۋادرات مېتىر چوڭلۇقتىكى بىر ئېغىزلىق كونا ئۆيگە ئېرىشكەن. ئويلىسام ئاشۇ يىللارغىچە ئۆز قولۇم بىلەن بىرەر كىتەك ياكى ئوقۇر سېلىپ باقمىغان ئىكەنمەن. مانا ئەمدى ئائىلە مۇھەببىتى، پەرزەنت ئالدىدىكى بۇرچ تۇيغۇسى ماڭا كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلىغاچقا، ئىشتاننى تىزغىچە تۈرۈپ، ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشكەندە لاي ئەتتىم، كېسەك قۇيدۇم. كۈندۈزى كۆرۈپ قويۇپ، كېچىسى ئوغۇرلۇقچە ياغاچ، تاش، ئەسكى ئىشىك - دېرىزە يىغدىم. قۇرغان كېسەكلەر بىلەن ئۇدۇللۇق تام قوپاردىم. «تاما - تاما كۆل بولار» دەپ كېسەكلىرىم نەچچە مىڭغا يەتتى. ياغاچ - تاشلىرىممۇ بىر ئۆيگە يەتكىدەك يىغىلدى. شۇنىڭ بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان خىزمەتداشلىرىم ۋە بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ خالىسانە ياردىمى بىلەن ئۆيۈمنىڭ ئالدىغا خېلى چوڭ بىر قورو ياسىدىم. قورو ئىچىگە بىر ئېغىزلىق ئۆي، كۆمۈرخانا، قىشلىق سەي - كۆكتات ساقلايدىغان ئىككى مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى گەمە، نان ياقىدىغان تونۇر سېلىۋېلىپ، شاھانە «ئوردا»غا ئېرىشكەندەك خۇشلۇققا چۆمدۈم. بەش نوپۇسلۇق ئائىلەن ئۈچۈن بۇ ئەسلىھەلەرنى قۇرۇش ناھايىتى زۆرۈر ئىدى. ياخشى ئىنسان بولماق ئۈچۈن ھەم ياخشى ياشىماق ھەمدە ياخشى ياشاتماق لازىمدە.

ئۇ كۈنلەردە مەكتەپتىكى ئائىلىسى بار زىيالىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىردىن تونۇر بولاتتى. نورمىلىق ئاشلىق (50% ئاق ئاشلىق، 50% قارا ئاشلىق)نى ئېلىپلا تونۇر قىزىتىپ، ھەر ھەپتىسى ئىككى تونۇر (بىر تونۇر زاغرا، بىر تونۇر ئاق نان) نان يېقىۋالاتتۇق. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەرلىرىمۇ ئۇستا «ناۋاي» بولۇپ

بۈيۈك زاتلار ئېيتقاندەك: «ئانا گۆدەك دىلى ۋە تىلىدىكى ئىلاھە» (تىككىرى)، «ئانا ئادىمىزاتنىڭ بىرىنچى تەربىيەچىسى» (گولد سىمىت)، «ئانا شەرەپ گۆھەرىنىڭ كانى» (نەۋايى)، «ئائىلىدە تەلىم، مەرىپەت ساھىبى — خوتۇن» (رىزائۇددىن ئىبنى پەخرۇددىن)، «خوتۇن ئائىلە چىرىغى، روھىيەت بېغى، مەپتۇنكارلىق گۈلى» (ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن). ئەر (ئاتا) بولسا ئائىلە، خوتۇن ۋە پەرزەنتنىڭ غەمگۇزارى، مېھرى سۇكۇتچان مەشئىلى، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى. شۇڭا پەيلاسوپ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئېيتقاندەك: «ئاتا ئائىلە ھۇجەيرىسىدە جەمئىيەت بەختىنى، پەرزەنت گەۋدىسىدىن مىللەت كېلەچىكىنى ئۆستۈرگۈچى باغۋەندۇر». مۇشۇ نۇقتىدىن ئۆزىدىن ياراملىق بىر ئىنسان يارىتىشنى بۇرچۇم دەپ بىلگەن ئەر - خوتۇن بىر دىللىق، بىر تىللىق بەختىيار ئائىلە قۇرالايدۇ ۋە بۇ يولدىكى جاپا - مۇشەققەتلەرنى راھەت ھېس قىلىدۇ. ئائىلە كىچىك بىر مەدەنىيەت بارگاھى بولغاچقا، موربىسىدىن ئىس چىقىسىلا ئائىلە دېگىلى بولمايدۇ. مەنمۇ مۇشۇنداق ھېكمەتلىك ئوقۇملارنىڭ بەرىكاتى ۋە ئىلھامى بىلەن ئەزالىرى ئەمدى جەم بولغان ئائىلەمنى قايتا قۇرۇش يولىدا نۇرغۇن مۇشكۈلاتلارنى يېڭىشكە بەل باغلىدىم.

بۇ يىللاردا، مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى بار شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدە «توققۇز كورپۇس»تىن باشقا مەخسۇس ئائىلىكلەرنىڭ تۇرالغۇ رايونى بولمىغاچقا، يېڭى ئائىلە، پەرزەنتلىك بولغانلار بۇرۇنقى «بويتاقلار بىناسى»دىكى بىر ئېغىزلىق ياتىقىنى ياكى بۆلۈك - پۇشقاقلاردا ئىشلىتىلمەي قالغان كونا ئىسكىلات - ئامبارلارنى، 50 - يىللاردا سېلىنىپ ياكى ئوقۇغۇچىلار ياتىقى قىلىنغان كونىراپ كەتكەن ھۇجرىلارنى تۈزەشتۈرۈپ ئۆي قىلىۋالاتتى. مەنمۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۆي - جاي ۋە مۇقىم

پىشكا ھەربىكەت قىلمىسا ھاياتلىق ئۆز قىممىتىنى تاپالمايدۇ. ھاياتلىق ئۈچۈن ئىزدىنىش بىز ئۈچۈن ياخشى ھايات، ياخشى مامات، ياخشى نىجات، ياخشى بەربات، ياخشى سائادەت، ياخشى پالاكەت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىنچىلىكىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. «ھاياتلىق» دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ شەپقەتسىزلىكى مۇشۇ يەردە. شۇڭا ئۆزۈكسىز داۋاملىشىدىغان ھاياتلىق جېڭىدە بەدەل تۆلەشتىن قورقماسلىق كېرەك. مېنىڭمۇ تۆلىگەن بەدەللىرىم ھاياتلىقنى نىشانلىغان. 1977 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە ئالىي مەكتەپلەرگە بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغانغا قەدەر، ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا سىناق تەرىقىسىدە ئۈچ قارار «ئىشچى، دېھقان، ئەسكەر» ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. مەن بۇ ئۈچ قارارلىق سىنىپلارنىڭ ھەممىسىگە «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى»گە ئائىت ئىككى خىل دەرس ئۆتۈشتىن باشقا، ئۇلارنىڭ زاۋۇت ـ كارخانا، يېزا ـ قىشلاقلارغا بېرىپ ئوقۇش بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتنىشىش مەزمۇن قىلىنغان «ئىككىنچى دەرسخانا» پائالىيەتلىرىگە قاتناشتىم. 1974 ـ يىلى 6 ـ ئايدا فاكۇلتېت مۇدىرىمىز مەتىمىن خۇدابەردى ئاكىنىڭ باشلامچىلىقىدا شەرىپىدىن ئۆمەر، ئابلەت ئۆمەر، نۇرمەھەمەت زامان، بۇغدا ئابدۇللا قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىللە تۇنجى قارارلىق «ئىشچى، دېھقان، ئەسكەر» ئوقۇغۇچى پائالىيىتىنى ئېلىپ باردۇق. بۇ پائالىيەتمۇ ناھايىتى مەنىلىك ۋە كۆڭۈللۈك ئۆتتى. بۇ جەرياندا، بىر تەرەپتىن دېھقانلار بىلەن ئېتىز ـ ئېرىقلاردا ئەمگەك قىلدۇق. يەنە بىر تەرەپتىن ئېتىز بېشىدا ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا دەرس ئۆتتۇق. ئابلەت ئۆمەر مۇئەللىم بىلەن مەن شۇ يىللاردا قانات يايدۇرۇلغان «پى لىن پى كوڭ» (لىن بياۋنى، كوڭزىنى پىپەن قىلىش) ھەرىكىتىگە ماسلاشتۇرۇپ، ماۋزېدۇڭنىڭ يېڭىدىن ئېلان قىلىنغان «جىڭ

كەتكەن. ھەر ھالدا مەريەم قەشقەردە سەككىز يىل ياشاپ ئۆي ئىشلىرىغان پىشقاچقا، مەن تونۇر بېشىدىن ئازات ئىدىم. ئەمما خېمىر ۋە ناننى توشۇپ بېرەتتىم.

ئۈرۈمچىدە سۈت ئېلىش ناھايىتى قىيىن مەسىلە بولغاچقا، شارائىتى بار ئائىلىلەر ئۆچكە باقاتتى. بىزگىمۇ سۈتنى سىغىپ ئىچىش ئۈچۈن مەرھۇم قىيىن ئاتام ئالتايدىن بىر نەسىللىك بوز ئۆچكە ئەكىلىپ بەردى. مەن چارۋا مالنى ياخشى كۆرۈدىغانلىقىم ئۈچۈن بۇ ئۆچكىنى ياخشى باقتىم. سىڭلىم بۈمەريەم بوش ۋاقىتلىرىدا ئەتراپىمىزدىكى قارىياغاچنىڭ غازىڭىنى يىغاتتى. مەن ھەر ھەپتىسى ئىككى كۈن سانجى ناھىيەسىنىڭ يېنىدىكى «سەنفېڭ» دېھقانچىلىق مەيدانىغا قۇرۇلغان شۆبە مەكتەپتىكى ئەدەبىيات 74 ـ يىللىق سىنىپقا دەرسكە چىققاتتىم. بۇ نۇڭچاڭدا ئوت ـ سامان كەڭرى بولغاچقا، ھەر قېتىم دەرسكە چىققاندا بىرەر قاپتىن ئوت ـ سامان ئېلىپ كىرەتتىم. يەم ـ خەشەك ياخشى بولغاچقا، ئۆچكىمىزدىن ھەر كۈنى بىر كىلوگىرامدىن كۆپرەك سۈت چىقىپ ئائىلىمىزنىڭ سۈت ئېھتىياجىنى قامدايتتى. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ ئىككى ـ ئۈچ يىل تاڭ سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، سۈتنىڭ ئۆچرىتىگە يۈگۈرۈشتىن ئازات بولدۇم.

ئىشقىلىپ، «ئارقا سەپ» (ئالتايدىن كېلىپ تۇرىدىغان گۆش ـ ماي، بېلىق، ئاشلىق...) خېلى پۇختا بولغاچقا، بۇ «سېرىقتال» كۈنلەردە سارغايماي ياخشى ياشىدۇق. ئۇ كۈنلەردىكى كەچمىشلىرىمىز بۈگۈنكى ياشلار ئۈچۈن «خىيالى چۈش»تەك رىۋايەت سانىلار بەلكىم. لېكىن بىزدەكلەر ئۈچۈن ئۇ، رەڭ بېرىلمىگەن چىنلىق، كۆپتۈرۈلمىگەن رېئاللىق. دەرۋەقە، ھايات يىراقتىن قارىسا گۈزەل كۆرۈنەر، ئەمما ئىچىگە كىرگەنسېرى سىقىنچىلىق ھېس قىلىنار. ھايات گوياكى شاھمەت تاختىسى، ئىنسان شۇ شاھمەت تاختىسىدىكى پىشكا،

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، سەن نىيازغۇ! بۇ يەردە سەن بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشىمنى خىيالىمغا كىرگۈزمىگەچكە، سېنى تونىيالماپتىمەن. رەنجىمە ئاداش، — دەپ ئۆزۈر ئېيتتىم.

— كېرەك يوق. مۇشۇ ھالىتىمدە سەن تۇگۇل، بەزىدە خوتۇن، بالا - چاقىلىرىممۇ تونىيالماي قالىدۇ، — دەپ چاقچاق قىلدى نىياز.

بۇ كىشى مەن بۇ ئەسەرنىڭ 2 - بابىدا قەشقەر سەمەن ئوتتۇرا مەكتىپىدە 1953 - يىلدىن 1956 - يىلىغىچە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرىم قاتارىدا تىلغا ئالغان نىياز دېگەن يېڭىسارلىق ساۋاقدىشىم ئىدى. ئۇ ياش جەھەتتە بىزدىن بىر - ئىككى ياش چوڭراق، ھەمدە خېلى پائالىيەتچان بولغاچقا، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا شىنجاڭ نېفىت تېخنىكومىغا ئوقۇشقا كەتكەن. 1959 - يىلى بۇ تېخنىكومنىڭ بورىۋاي كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، قاراماي نېفىتلىكىگە خىزمەتكە چىققان. تېخنىكا ماھارىتى ئالاھىدە يۇقىرى بولغاچقا، قاراماي نېفىت ئىدارىسىنىڭ «يۈرىكى» بولغان جەرەنبۇلاق بورىۋاي باشقارمىسىنىڭ باش ئىنژېنېرى ۋە باشقارما باشلىقى بولۇپ ئۆستۈرۈلگەن. مېنىڭ ئىككىنچى ئاكام مۇھەممەد تۇرسۇنمۇ مۇشۇ باشقارمىنىڭ تېخنىك ئىشچىسى بولغاچقا، ئاكامنىڭ ۋاستىسى بىلەن 1963 - يىلى نىياز بىلەن قارامايدا بىر قېتىم كۆرۈشكەن ئىدىم.

— ئابدۇكېرىم، جۇرۇڭلار، ئاۋۇ زىملانكىغا كىرىپ پاراڭلىشايلى، — دەپ نىياز بىزنى ئۈستى بىرزىن پالاس بىلەن يېپىلغان ئۆيگە باشلىدى. ئۇنىڭ زىملانكا دېگىنى شۇ ئۆيكەن. («زىملانكا» رۇسچە ئاتالغۇ بولۇپ، «گەمە ئۆي» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.)

ئۇ بىزنى باشلاپ كىرگەن «زىملانكا» مۇشۇ بورىۋايدا

گاڭشەنگە قايتا چىقىش»، «ۋابا ئىلاھىنى ئۇزىتىش» قاتارلىق شېئىرلىرىنى دېھقانلارغا ۋە ئوقۇغۇچىلارغا لېكسىيە قىلدۇق. غۇلجىدىن قايتىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، مەن ۋە فاكۇلتېت ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىنى باشقۇرىدىغان سىياسىي يېتەكچى مەتتىمىن بىلەن 2 ـ قارارلىق ئوقۇغۇچىلارنى ئېلىپ قارامايغا كېلىپ جەرەنبۇلاق بورىۋاي باشقارما، قاراماي نېفىت ئېلىش ئىككىنچى زاۋۇتى، قاراماي ماشىنا سازلىق زاۋۇتى قاتارلىق ئۈچ ئورۇندا «ئىككىنچى دەرسخانا» پائالىيىتى ئېلىپ باردۇق. بۇ جەريان بىز ئۈچۈن ئىشچىلار تۇرمۇشىنى ئۆگىنىشنىڭ ناھايىتى ياخشى پۇرسىتى بولدى. مەن جەرەنبۇلاقتا ئوقۇغۇچىلىرىمنى يېتەكلەپ جوڭغارىيە ۋادىسىدىكى كۆككە سوزۇلغان نېفىت بورىۋايلىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدىم. بۇ قاراماي نېفىتلىكىنىڭ 1 ـ ئالدىنقى سەپى ئىدى. بىر كۈنى جوڭغارىيەنىڭ ئەڭ چېتىدىكى بىر نېفىت ئېلىش قۇدۇقىغا باردۇق. ئۇ يەردىكى بورىۋاي ھەممىدىن ئېگىز ۋە ھەيۋەتلىك بولۇپ، لايغا مىلەنگەن ئون نەچچە ئىشچى جىددى ئىشلەۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بىز بىلەن كۆرۈشۈشكىمۇ پۇرستى يوق ئىدى. شۇ ئارىدا بورىۋاي ۋىشكىسىنىڭ بۇرغىلاش ئوقىنى رېمونت قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان ئېگىز بوي، بەستلىك بىر «لاي ئادەم» ماڭا تىكىلىپ قاراپ:

— سەن ئابدۇكېرىممۇ؟ مېنى تونىمىدىڭ ـ ھە، — دەپ قارا لايغا مىلىنىپ كەتكەن پەلەيلىك قولىنى ئۇزاتتى.

راستىنى ئېيتسام، بۇ «لاي ئادەم»نى دەماللىققا تونىيالمىدىم. ئەمما لابادەك جاراڭلىق ئاۋازى ماڭا تونۇشتەك قىلاتتى. شۇ ئاندا ئۇ خىزمەت كۆزەينىكىنى ئېلىۋېتىپ، بوينىدىكى مايلىشىپ كەتكەن لۆڭگىسى بىلەن يۈز ـ كۆزلىرىدىكى ماي ئارىلاشقان لاي يۇقۇندىلىرىنى سۈرتتى. مەن چېچىلىپ كەتكەن ئېسىمنى يىغىپ:

قىلىدىغان باشلىقلارنىڭ ئېتىۋارى يوق. چۈنكى، بىزنىڭ ئىشلەۋاتقىنىمىز تېخنىكىلىق خىزمەت-تە!

— ئاداش نىياز، ئاڭلىسام سېنى داجىي نېفىتلىكىنى ئېچىشقا قوماندانلىق قىلغان ۋاڭ تېرىن (تۆمۈر ئادەم ۋاڭ) غا ئوخشىتىپ «نىياز تېرىن» دېيىشىدىكەن. راستمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— بۇ ئاشۇرۇۋېتىلگەن چاقچاق گەپ. مەن قانداقمۇ «ۋاڭ تېرىن» بولالايمەن. دەرۋەقە، خىزمەتلەر توختاپ كەتكەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىللىرىدىمۇ مەن بورىۋاينىڭ يېنىدىن ئايرىلماي، ئىشچىلار بىلەن نېفىت قازدىم. شۇ چاغلاردا نېفىت ئىدارىسىدە ئېچىلغان بىر قېتىملىق يىغىندا قاراماي نېفىت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يولداش سوڭ خەنلياڭ مېنى ماختاپ «نىياز تېرىن» دەپ قويغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ سۆز ماڭا لەقەم بولۇپ قالدى، دېگىنە!

— پۇلغىمۇ سېتىۋالغىلى بولمايدىغان ياخشى لەقەم ئىكەن، — دېدىم مەن.

نىياز ئەنە شۇنداق جاسارىتى بىلەن جۇڭغارىيەنىڭ تەكتىگە سىڭىپ كەتكەن «قارا ئالتۇن»نى قېزىپ چىقىرىش يولىدا بىر ئۆمۈر قان - تەر ئاققۇزۇپ، 21 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پېنسىيەگە چىقتى. 55 يېشىدا ئۆستۈرۈلۈپ قاراماي نېفىت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، نېفىت ئېلىش قوماندانلىق شتابىنىڭ باش ئېنژېنېرى بولدى. ئۇ «ۋارىس ھۆكۈمەت»تىن كېيىنكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان قاراماي نېفىتلىكىدىكى يەنە بىر شۇڭقاردۇر.

بىزنىڭ قارامايدىكى «ئىككىنچى دەرسخانا» پائالىيىتىمىز ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ۋە مەنىلىك ئۆتتى. سانائەتتە ۋە تۇرمۇشىمىزدا ئىشلىتىۋاتقان نېفىتنىڭ قانداق ئېلىنىدىغان-

ئىشلەۋاتقان ئىشچىلارنىڭ دەم ئېلىش قونالغۇسى ئىكەن. بىز ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان ئاددى ئۈستەلنىڭ ئەتراپىغا تىزىلغان مايلىشىپ كەتكەن ياغاچ بەندىڭدە ئولتۇردۇق.

— بۇ يەردە ئىشچىلارنىڭ بوتلوشكىسىدىن (تۆمۈر سۇدان) باشقا قاچا - قۇمۇچمۇ يوق. ئىشچىلار ئىشقا چىققاندا ئۆيىدىن بوتلوشكىسىغا چاي قاچىلاپ، شۇ چاي بىلەن قۇرۇق ناننى يەيدۇ. تاماقنى ئىشتىن چۈشكەندە ئۆيىگە بېرىپ يەيدۇ. شۇڭا سىلەرگە چايمۇ قويالمىدۇق. رەنجىمەڭلار، — دېدى نىياز.

— ھېچ ۋەقەسى يوق. بىز ھازىرلا قايتىمىز ئەمەسمۇ.

— سىلەر بىلەن مەنمۇ بىللە قايتىمەن. جەرەنبۇلاقتىكى شارائىتىمىز خېلى ياخشى. قايتقاندىن كېيىن مەن سىلەرنى جەرەنبۇلاق ئىشچىلار ئاشخانىسىدا راسا بىر مېھمان قىلىۋالاي.

— رەھمەت. سەن بەك ئالدىراش ئىكەنسەن. سېنى ئاۋارە قىلغۇمىز يوق.

— بولدى ئاداش، تولا تەكەللۇپ قىلما. نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ كۆڭلى نېفىتتەك ھارارەتلىك بولىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ ئىشچى دېگەن گەپنى بىر قىلىدۇ. زىيالىلاردەك تەكەللۇپنى بىلمەيدۇ.

— سەن دېگەن چوڭ باشلىق تۇرساڭ، قانداقسىگە ئىشچى بولىسەن؟

شۇمۇ گەپمۇ ئاداش. مانا كۆردۈڭغۇ، مەن ھەر كۈنى ئالدىنقى سەپتە ئىشچىلار بىلەن بىللە ئىشلەيمەن. نېفىت ساھەسىدىكى باشلىقلارنىڭ ھەممىسى جەڭدە قوماندان جەڭچىلىرى بىلەن بىر سەپتە بولغىنىدەك، ئالدىنقى سەپتىكى ئىشچىلار بىلەن بىللە ئىشلەيدۇ. ئىش ئۈستىدە قوماندانلىق قىلىدۇ. نېفىتلىكتە ئىشخانىسىدا مۆكۈنۈۋېلىپ «قوماندانلىق

قەشقەر گۇرۇپپىسى) ئادەم تەشكىللەيدۇ. شۇ گۇرۇپپىلار ئىچىدە مەرھۇم سابىت موللاخۇن بىلەن مەن مەركەزنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىنى ئېلىپ قەشقەر ۋە خوتەنگە ئوقۇغۇچى ئېلىشقا ماڭدۇق. ئوقۇغۇچى ئېلىشنىڭ شەرتلىرى ناھايىتى ئېغىر ئىدى. ئۇلار كەلگۈسىدە مەركىزى رادىئو ئىستانسىسىدە چەتكە قارىتا ئاخبارات خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان بولغاچقا، تاللىنىدىغان ئوبيېكتلارنىڭ ئۈچ ئەۋلادىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي تارىخىي تەكشۈرۈلەتتى. ھەمدە تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈش دىپلومى، «قايتا تەربىيە» ھەربىكتىدىكى ئىپادىسى، چىراي ۋە بەدەن ساغلاملىقى، نوتۇق ۋە يېزىقچىلىق ئىقتىدارى... قاتارلىقلار تىزىملاشنىڭ ئاساسىي شەرتى قىلىناتتى. قاتلامىمۇ ـ قاتلام تەكشۈرۈش، تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە باھالاپ بېكىتىش ئارقىلىق نەچچە ئون نامزاتلار ئىچىدىن تاللاپ، يەكەن ناھىيەسىدىن ئىككى نەپەر (بىر ئوغۇل، بىر قىز)، قەشقەر شەھىرىدىن ئىككى ئۆزبېك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدۇق. خەتەندىن بۇ شەرتلەرگە ئۇيغۇن ئۆزبېك ئوقۇغۇچى تېپىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ جىددىي خىزمەتنى 15 كۈندە ئاخىرلاشتۇرۇپ مەكتەپكە قايتىپ كەلدۇق.

شۇ قېتىمدا شىنجاڭ بويىچە 20 گە يېقىن ئۆزبېك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپتۇ. ئۇلار بىر سىنىپ بولۇپ 10 ـ ئايدا ئوقۇش باشلىدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشلەۋاتقان بىر قىسىم ئۆزبېك ئوقۇتقۇچىلار ھەمدە ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپلەر ۋە باشقا ئورگانلاردا خىزمەت قىلىدىغان پىشقەدەم ئۆزبېك ئۇستازلار ئۇلارنىڭ ئوقۇتۇش ۋە دەرسلىك قوللانمىلىرىنى تۈزۈش ۋەزىپىلىرىنى زىممىسىگە ئالدى. ئۇلار ناھايىتى يارامىلىق ئوقۇغۇچىلار بولغاچقا، ئۆگىنىشكە ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن كىرىشكەن ئىدى. ۋاھالەنكى، جاڭ چىڭ باشچىلىقىدىكى «تۆت كىشىلىك گورۇھ» تارمار قىلىنغاندىن

لىقىنى نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ قانچىلىك جاپالىق ئىشلەيدىغانلىقىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولدۇق. ئەمەلىي تەسىراتلىرىمىزنى شېئىر ۋە نەسرگە ئايلاندۇرۇپ قارا تاختا گېزىتى ئىشلەپ ئىشچىلار بىلەن ئورتاقلاشتۇق. جۇڭغار دالىسى قەلبىمىزدە چاقنىدى.

قارامايدىكى «چېنىقىش پىراكتىكىسى»نى ئاخىرلاشتۇرۇپ، مەكتەپكە قايتىپ كېلىشىمگە ماڭا يەنە بىر «دالا خىزمىتى» يۈكلەندى. بۇ خىزمەتنىڭ باشلىنىشى مۇنداق ئىدى.

1974 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تەشۋىقات، مەدەنىيەت، رادىئو - تېلېۋىزىيە قاتارلىق تارادقۇ ئورگانلىرىنىڭ هوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغان جاڭ چىڭ مەركىزى رادىئو ئىستانسىسىدە ئۆزبېكچە ۋە قازاقچە تىلدا چەت ئەللىكلەرگە ئاڭلىتىش قانىلى قۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق بېرىپ، ئۇنىڭغا كېرەكلىك خادىملارنى تەربىيەلەپ بېرىش هەققىدە مەركەز نامىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتقا هۆججەت چۈشۈردى. بۇ هۆججەتنىڭ روهىغا ئاساسەن 1 - قېتىمدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئۆزبېك تىلىنى ئۆگىنىدىغان بىر تولۇق كۇرس سىنىپى ئېچىش قارارلاشتۇرۇلدى. هۆكۈمەتنىڭ بۇ قارارىنى مەكتەپ «ئىنقىلابىي ۋېيۈەنخۇي» ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىپ، شىنجاڭدىكى ئۆزبېكلەر بىر قەدەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىن ئۆزبېك ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ قوبۇل قىلىش، ئوقۇتقۇچىلار مەسىلىسىنى مائارىپ تارماقلىرى بىلەن هەمكارلىشىپ بىر تۇتاش هەل قىلىش، ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى كونكرېت باشقۇرۇشقا تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى مەسئۇل بولۇشنى بەلگىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزبېك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا تۆت گورۇپپا (ئۈرۈمچى - سانجى گورۇپپىسى، ئىلى - چۆچەك گورۇپپىسى، شەرقىي شىنجاڭ گورۇپپىسى، خوتەن -

ئابدۇللا، ئابدۇراخمان ئەبەي (ئاپتونوم رايونلۇق نەشرىيات گورۇھىنىڭ لىدىرى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ باشلىقى)، ئابلىز ئابدۇرېھىم (مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ سابىق نازىرى)، ئىسمايىل ئەمەت («شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم («شىنجاڭ ياشلىرى» نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى، تونۇلغان يازغۇچى)، غەيرەت ئابدۇللا («شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرلار پونكىتىنىڭ مۇدىرى، داڭلىق ئاخباراتچى ۋە تونۇلغان يازغۇچى)... قاتارلىق جامائەت ئېتىراپ قىلغان ئۆلكە، نازارەت ۋە ناھىيە دەرىجىلىك رەھبەرلەر، داڭلىق ژۇرنالىستلار، ئاخباراتچىلار ۋە كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىملار، يازغۇچى - ئەدىبلەر يېتىشىپ چىقتى. شۇڭا ھېلىقىدەك «قاپاق پۇل ئەمەس، باراڭ پۇل» بولىدىغان «سودا»دىن تەئەججۈبلىنىمەن. 1974 - يىلى مەن ۋە ئائىلەم ئۈچۈن يەنە بىر ئەھمىيەتلىك يىل بولدى. شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى پەرزەنتىمنىڭ كەنجىسى مەلىكەئاي توغۇلۇپ، بىر جۈپ ئوغۇل، بىر جۈپ قىزنىڭ دادىسى بولدۇم. ئائىلىمىز باللار يەسلىسىدەك ئاۋاتلىشىپ كەتتى. باللارنىڭ ئەھدىسىدىن قەيسەر ئانا مەريەم ۋە ئىشچان سىڭلىچاق بۇمەريەم چىقاتتى.

1977 - يىلىغا كەلگەندە مائارىپمۇ ئىزىغا چۈشۈپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئالىي مەكتەپلەرگە بىر تۈتاش ئىمتىھان ئارقىلىق ئەلالىرىنى تاللاپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تۈزۈمى ئەسلىگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن شۇ يىلى 2 - مەۋسۇمدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا بىراقلا تۆت سىنىپ (ئىككى سىنىپ مىللى، ئىككى سىنىپ خەنزۇ) ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. ئوقۇتۇش پىروگراممىلىرى ۋە دەرس قۇرۇلمىلىرىمۇ مۇۋاپىق ئىسلاھ قىلىندى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ روھى كەيپىياتىمۇ تۇراقلاشتى. مەن بۇ يېڭى ئوقۇغۇچىلارغا «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى» ھەمدە

كېيىن مەركىزى پارتىيە كومىتېتى خىزمەتلەرنى قايتىدىن تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا، مەركىزى رادىئو ئىستانسىسىنىڭ بۇ پىلانىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۆزبېك سىنىپىدا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن «ئىشچى، دېھقان، ئەسكەر» ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا بىر تۇتاش خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى. شۇ سىنىپتا ئوقۇغان ئارسلان ئابدۇللا فاكۇلتېتنىڭ ئۆزىگە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنغان. ئۇ بۇ جەرياندا ئوقۇتقۇچى، تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مەكتەپ ئوقۇتۇش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ باش مۇدىرى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، 2013 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. ئۇ ھازىرمۇ قوشۇمچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا پىروفېسسور ۋە دوكتورانتلار يېتەكچىسى بولۇپ، ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، مېنىڭچە، ئوقۇش سالاھىيىتىگە قارىغاندا تىرىشىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان ئەمەلىي ئىقتىدار مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بىر مەزگىل بىزدە ئىمتىھانسىز قوبۇل قىلىنغان «ئىشچى، دېھقان، ئەسكەر» ئوقۇغۇچىلارنى قارا قويۇقلا ئىمتىھان ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان مۇنتىزىم ئوقۇغان ستودېنتلاردىن تۆۋەن كۆرۈش خاھىشى شەكىللىنىپ قالغان. باشقا ئالىي مەكتەپ ۋە باشقا كەسىپدىكى شۇ خىل ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش ئەھۋالىنى بىلمىسەممۇ، لېكىن تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان «ئىشچى، دېھقان، ئەسكەر» ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشتىكى قەيسەرلىكى ۋە خىزمەت ئىقتىدارى مېنى قايىل قىلىدۇ. ئەنە شۇ سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلاردىن قاسىم ماموت (ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ سابىق باشلىقى)، ئارسلان

ھېس قىلىپ، فاكۇلتېت مۇدىرىمىز مەتتىمىن ئاكىغا دوكلات قىلدىم. مەتتىمىن ئاكا ئۆزۈندىن بۇيان خەلق ئەدەبىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن ھەمدە ئۇنى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش پىروگراممىسىغا كىرگۈزۈش يولىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن يىراقنى كۆرەر ئۇستاز بولغاچقا، مېنىڭ بۇ تەكلىپ پىكرىمنى قىزغىن قوللىدى.

— خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس بۇلىقى خەلق ئارىسىدا. سىلەر ئالدى بىلەن مۇشۇ مەنبەنى قېزىڭلار. مۇھەممەد زۇنۇن مۇئەللىمىمۇ مۇشۇ تەكلىپنى بەرگەن. شۇڭا ئىككىڭلار بىرلىشىپ ئالدى بىلەن خام ماتېرىيال توپلاڭلار. مۇشۇ ئاساستا بىر ئۆلگىلىك دەرس قوللانمىسى ئىشلەڭلار. بۇرۇنقىدەك «تۈگمەنگە قانداق ئۇگۇت كەلسە، شۇنى تارتىپ جان باقىدىغان» ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتمىسەك بولمايدۇ. شۇڭا ھەر قانداق دەرسنىڭ چوقۇم قوللانمىسى بولۇشى كېرەك. بۇ پىلانىڭلارنى مەن قوللايمەن. بار كۈچۈم بىلەن ياردەم بېرىمەن، — دەپ يوليورۇق بەردى بۇ پىشقەدەم مۇدىرىمىز.

شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد زۇنۇن مۇئەللىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنىڭ پىلانىنى تۈزدۇق ۋە 1978 ـ يىلى 6 ـ ئايدا سەپەرنىڭ بىرىنچى ئۆتىكى كورلا ئوبلاستىنىڭ لوپنۇر ناھىيەسىگە قاراپ يول ئالدۇق. بۇ كۈنلەردە تېخى ھازىرقىدەك زامانىۋى خاتىرىلەش ئۈسكۈنىلىرى يوق ئىدى. بىز شەخسىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق ناھايىتى تەسلىكتە شىنجاڭ كىنو ـ فىلىم تارقىتىش شىركىتىنىڭ 20 كىلودىن ئارتۇق ئېغىرلىقتىكى كونا ماگنىتفونىنى (سىملىق ئاۋاز خاتىرىلەش ئۈسكۈنىسى) ئارىيەت ئالغان ئىدۇق. بۇ سايمانغا ئېرىشكىنىمىزگە خۇش بولۇپ، ئۇ خېلى ئېغىر بولسىمۇ مەن كۆتۈرۈپ ماڭاتتىم. لوپنۇر «دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى كۆمۈلگەن ئاجايىپ

«خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن تاللانمىلار» قاتارلىق ئىككى دەرسنى ئۆتتۇم. «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى» ھەر ھالدا بىر قەدەر قېلىپلاشقان، پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىمۇ خېلى مول، بىلىش قىممىتى ۋە جەلپكارلىقى يۇقىرى بولغان پەن بولغاچقا، بۇ دەرسنى ئۆتۈش ماڭا ئانچە قىيىن ئەمەس ئىدى. ئەمما «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» تېخى ئالىي مەكتەپلەردە سىناق تەرىقىسىدە يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان دەرسلىك بولغاچقا، ئۇنىڭ نە نەزەرىيە سىستېمىسى، نە ئوقۇتۇش قوللانمىسى، نە پىروگراممىسى يوق ئىدى. شۇڭا، ئاق قەغەزگە رەسىم سىزغاندەك ھەممە ئىشنى يېڭىدىن باشلاشقا توغرا كېلەتتى. گەرچە يازما ئەدەبىياتنىڭ سۈت ئانىسى (ئىنىكئانىسى) بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىمدىلا قىزىقىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئالىي مەكتەپ مۇنبىرىدە ئۇ ھەقتە سىستېمىلىق لېكسىيە سۆزلەشكە خېلى دەسمايە كېتەتتى. «قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە» دېگەن روھ مېنى جۈرئەتلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن «تەۋەككۇل دەرياسى»غا «يالاڭياق» كىردىمدە، بارچە زېھنىمنى سەرپ قىلىپ، بۇ يېڭى دەرسنى ئۆتۈشكە بەل باغلىدىم. ھەر ھالدا ئىلىمگە تەشنا ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ ئىلھامى ۋە مەدەتى بىلەن بۇ ئۆتكەلدىنمۇ ياخشى ئۆتۈۋالدىم. دېڭىزغا چۈشمەي تۇرۇپ، سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەنگىلى بولمايدىكەن. لېكىن ئالىي مەكتەپنىڭ مۇنبىرى «قۇيرۇق كۆرسىتىپ ئۆپكە ساتىدىغان» قاسساپلارنىڭ دۇكىنى ئەمەس. ئەكسىچە، ئۇ سىستېمىلاشقان، قېلىپلاشقان ئۆلچەملىك مەرىپەت دەرگاھى، يېڭىچە بىلىم دۇردانىلىرى بىلەن ئوقۇغۇچىلار قەلبىدە ئىز قالدۇرۇش ئوقۇتقۇچىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى. شۇڭا مەن بۇ دەرسنى ئۆتۈش جەريانىدا ئالىي مەكتەپنىڭ تەلىپىگە لايىق بىر قوللانما تۈزۈشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ۋە تەخىرسىزلىكىنى چوڭقۇر

باقمىغان باي نىياز قاتارلىق قاتارلىق 100 ـ 110 ياشتىن ھالقىغان جۇشقۇن روھلۇق بوۋاي ـ مومايلار بىلەن سۆھبەت قۇرۇپ، لوپنۇر دىيارىنىڭ ھەقىقەتەن ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئۆزگىچە بىر مەدەنىيەت بەلبېغى، قويۇق مەدەنىيەت تىندۇرمىسىغا ئىگە جەلپكار بىر رايون ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانىدۇق. راستىنى ئېيتقاندا، كەسپى نىشانەمدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنى تاللىشىم ھەمدە مۇشۇ ساھەنى ئۆمۈرلۈك تەتقىقات يۆنىلىشى قىلىپ بەلگىلىشىمگە مۇشۇ قېتىملىق لوپنۇر تەسىراتى سەۋەب بولغانلىقى ئېنىق. دەرۋەقە، بۇگۈنمىزدىن 36 يىل ئىلگىرىكى ئىزدىنىش يولىدا ئېلىپ بارغان بۇ ئەھمىيەتلىك لوپنۇر سەپىرى مېنىڭ مەدەنىيەت قىممەت قارىشىمنىڭ تىكلىنىشىگە ئاساس بولغانىدى. بۇ ساھەدىكى كېيىنكى تەتقىقات ھاسىلاتلىرىممۇ ئاشۇ سەپەرنىڭ خاسىيىتىدىن تۇغۇلغان «ئىدراكى ئوغلان» ئىدى. بىز ئاشۇ سەپىرىمىزدە شەكىل ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە باشقا ئۇيغۇر رايونلىرىدىكى خەلق قوشاقلىرىدىن روشەن پەرقلىنىدىغان مىڭ كۇپلېت (لوپنۇرلۇقلار ئادەتتە «سوتوق» دەپ ئاتايدۇ)تىن ئارتۇق «لوپنۇر قوشىقى» تېخى نامىنىمۇ ئاڭلىمىغان ئىككى ـ ئۈچ پارچە يەرلىك داستان پارچىلىرى، لوپنۇر تارىخى ۋە ئېتنوگرافىيەسى ھەمدە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ئائىت نەچچە ئون پارچە ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنى خاتىرىلىۋالدۇق. ۋاھالەنكى، بىز «يوق» قىلىپ ئېلىپ ماڭغان ھېلىقى كېلەڭسىز ماگنىتوفون تېخى توك تارتىلمىغان لوپنۇر يېزىلىرىدا ئىشلىمىگەچكە قوشاقچى ۋە داستانچىلارنىڭ يۇرەكنى ئېرىتىدىغان مۇڭلۇق ئاھاڭلىرىنى خاتىرىلەپ ئالالمىغانلىقىم ئۈچۈن ھازىرغىچە ئەپسۇسلىنىمەن. چۈنكى، ئاشۇ يىللاردا لوپنۇر خەلق ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ ساپلىقىنى يوقاتمىغان بولۇپ، ھەر قانداق بىر قوشاقچى

سېھىرلىك رايون. ناھىيە بازىرى كورلىدىن ئانچە يىراق بولمىسىمۇ، لېكىن ئاشۇ يىللاردا ناھىيە دېگىنىدەك بىر بازىرىمۇ يوق ئىدى. ناھىيە ئىچىدە تېخى مېھمانخانا بولمىغاچقا، شۇ يىللاردىكى ناھىيەلىك پارتكومنىڭ سېكرېتارى ئۆتۈق شۈجىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن بىر قەۋەتلىك زەيلىشىپ كەتكەن بىر ئىشخانا ئۆينى ياتاق قىلدۇق. ھېلىقى ئاۋاز خاتىرىلەش ئۈسكۈنىمىزنى توكقا چېتىۋالدۇق. لېكىن بۇ يەردىكى توك بېسىمى ھەم تۆۋەن ھەم ئۆزگىرىشچان بولغاچقا، بۇ ئۈسكۈنە بەزىدە ئىشلىمەيتتى. شۇڭا يەنىلا قەلەم بىلەن قەغەزگە تايىنىپ ئىشلەشكە توغرا كەلدى. «تاش يېسەكمۇ ئاش بولسىغان» قىران دەۋرىمىز بولغاچقا، يېمەك - ئىچمىكىمىز غورىگول بولسىمۇ، روھىمىز كۆتۈرەڭگۈ ۋە جۇشقۇن ئىدى. ئۇنىۋېرسىتېتتا بىز بىلەن ئىككى يىل بىر داشقازاننىڭ ئېشىنى بىللە ئىچكەن لوپنۇرلۇق ساۋاقدىشىمىز شىرىپ مۇسا ئۇ يىللاردا ناھىيەلىك ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى ئىكەن. ئۇ لوپنۇرنىڭ ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلگەچكە، بىزنىڭ خىزمىتىمىزگە ناھايىتى كۆپ ياردەم بەردى. ئىلىم نۇرى جىن چىراغنىڭ يورۇقىدەك پىلىلداپ تۇرغان ئاشۇ يىللاردا بۇ «سىرلىق ئارال»نىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت مۇھىتىمۇ ناھايىتى ناچار ئىدى. بىز بەزىدە كالا ھارۋىسى، بەزىدە تەڭنە - قولۋاقلاردا ئولتۇرۇپ، بەزىدە پىيادە، بەزىدە ئات - ئېشەكلەرنى مىنىپ، بەزىدە مالچىلارنىڭ كۆزلەك - ساتمىلىرىدا تۈنەپ قۇملۇق ۋە سازلىق، چىغىر يوللار بىلەن ئۇيقان ۋە قېقى دەرياسى ئېقىنىدىكى لوپنۇرنىڭ ئەڭ چەت يېزىلىرىدىن بولغان دوڭقوتان ۋە قارچۇغا يېزىلىرىغىچە زىيارەت قىلغانىدۇق. بىز «ھالاكەت دېڭىزى» دەپ ئاتىلىدىغان تەكلىماكان قۇملۇقى ئىچىدىكى بۇ «ھاياتلىق بوستانلىقلىرى»نى ئارىلاپ، ئۆمۈر بويى لوپنۇر بازىرىغىمۇ بېرىپ

داۋاملاشتۇرىمەن.

بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشنى بىر ئاي داۋاملاشتۇرۇپ، كورلا چەرچەن قۇم يولى ئارقىلىق خوتەنگە يۈرۈپ كەتتۇق. بىز كېرىيە ۋە قاراقاش ناھىيەسىنى نۇقتا قىلىپ، بۇ ئىككى ناھىيەدە 20 كۈن تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق. مېنىڭ خوتەنگە تۇنجى قېتىم بېرىشىم ئىدى. نىيەدىن تارتىپ گومىغىچە بىر سىزىق ئۈستىگە چىكىلگەن نەقىشلەردەك يەتتە بوستانلىقتىن تەركىب تاپقان خوتەن دىيارى يەنە ئۆزگىچە مەدەنىيەت بەلبېغى ئىدى. قۇربان تولۇمنىڭ يۇرتى كېرىيە بىلەن شاھ مۇھەممەدنىڭ يۇرتى قاراقاش خەلق مەدەنىيىتىنىڭ كانى بولۇشتەك ئەۋزەللىكى بىلەن خوتەن مەدەنىيىتىنىڭ بىر جۈپ گۆھەر كۆزى ئىدى. خوتەندە مۇھەممەد زۇنۇننىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە مېنىڭ ساۋاقداشلىرىم خېلى كۆپ بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن بىزنىڭ توپلاش خىزمىتىمىز ئوڭۇشلۇق داۋاملاشتى. كېرىيەدە ئاتاقلىق خەلق قوشاقچىسى ۋە خەلق ناخشىچىسى مەڭلەشخان (تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا كۇچادا ئۆتكەن مەشھۇر خەلق سەنئەتكارى نىساخان «جىلدىرىڭ»نىڭ سىڭلىسى) نى كۆپ قېتىم زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن نۇرغۇنلىغان كېرىيە قوشاقلىرىنى خاتىرىلىۋالدۇق. كېرىيەنىڭ پولو تاغلىرىدا مال ـ چارۋىچىلىق بىلەن ياشايدىغان «تاغلىقلار» ئارىسىغا بېرىپ، باشقا رايونلاردا تېپىلمايدىغان تاغ ناخشا ـ قوشاقلىرىنى ۋە «شېرىپ بوجاڭ» ھەققىدىكى داستاننىڭ پارچىلىرىنى يېزىۋالدۇق. كېرىيە ئۇيغۇر خەلق تېبابىتىنىڭ بۆشۈكى ئىكەن. بۇ رايوندىكى خەلقنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇيغۇر تېبابىتىدىن خەۋەردار بولغاچقا، ئۆيلىرىدە تېبابەتكە ئائىت قولىيازما، رىسالە، رېتسىپلارنى ئەتىۋالاپ ساقلايدىكەن. ئەل ئىچىدىكى ئەم ـ ئىرىمگە ئائىت بىلىملارمۇ فولكلورنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. شۇڭا بىز بۇ ھەقتىكى ئاغزاكى ۋە

قوشاق ئېيتسا، چالغۇ ئىشلەتمەي ئۆز ئاھاڭى بىلەن ئېيتاتتى. بۇ ئاھاڭلار شۇنچىلىك تەبىئىي، شۇنچىلىك لەۋەن ئىدىكى، سەنئەتنىڭ سېھرى كۈچى بىلەن ئۆزىڭىزنى بىھۇش ھېس قىلاتتىڭىز. ھازىر رادىئو ـ تېلېۋىزىيە سەھنىلىرىدە ھەممىمىزنى جەلپ قىلىۋاتقان «لوپنۇر ناخشىلىرى» مۇندىن 35 يىل بۇرۇن مەن ئاڭلىغان لوپنۇر ئاھاڭلىرىنىڭ ئاز ـ تولا ئۆزگەرتىلگەن بىر قىسمىدىن ئىبارەت. بۇ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ئۇ يىللاردا لوپنۇر دىيالېكتىمۇ ساپ ئىدى. شۇڭا خاتىرىلەش جەريانىدا بىز لوپنۇر تىلىدىكى خېلى كۆپ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلمەي، تىرانسكرىپىيە شەكلىدە خاتىرىلىۋالاتتۇق. بىزگە ناتونۇش بولغان بۇ خىل سۆزلەملەرنىڭ مەنىسىنى بىزگە ھەمرا بولغان شېرىپ مۇسا ۋە باشقا يەرلىك بىلەرمەنلەردىن سوراپ يېزىۋالاتتۇق. مەن شۇ چاغدىلا «لوپنۇر تىلى» بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزگىچە بىر دىيالىكتى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ئىدىم. ۋاھالەنكى، تىلشۇناس بولمىغانلىقىم ئۈچۈن بۇ دىيالىكتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن يېشىپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلاتتىم.

ئىشقىلىپ، «لوپنۇر زىيارىتى» مەندە ئۆنتۈلماس تەسىر قالدۇردى. مەن بۇ زېمىنغا 40 يىللىق تارىخىي رىشتىسى باغلانغان شۋېتسىيەلىك مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيەچى «ھەيدىن تۆرەم» (لوپنۇر ئۆزىگە تونۇش بولغان مەشھۇر ئارخېلوگ سۋېن ھېدىننى «ھەيدىن تۆرەم» دەپ ئاتىغان) روھىنى ئۈلگە قىلىپ لوپنۇرغا يەنە كېلىشىنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم. دەرۋەقە، شۇندىن 30 يىل ئۆتكەندە لوپنۇرنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى قېتىم «زىيارەت» قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. ئۈچ قېتىملىق «لوپنۇر سەپىرى»دىكى ھاسىلاتلىرىمنى كېيىنكى باپتا ئوقۇرمەنلىرىم بىلەن ئورتاقلىشىشقا قالدۇرۇپ، سەپىرىمنى

بىلەن تونۇشۇپ قالغان)نىڭ ياردىمى بىلەن بازارلىق شۆبە ساقچىخانىسىنىڭ ئامبىرىدا ساقلىنىۋاتقان ھەر خىل كونا كىتابلار (بۇ كىتابلار «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا «گېزەندى» دەپ تارتىپ چىقىرىلغانلارنىڭ ئۆيىدىن مۇسادىرە قىلىنغان ئىكەن)نى كۆرۈۋېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتۇق. بىر نەپەر ساقچىنىڭ نازارىتىدە بۇ ئامبارغا كىرسەك، توپا - چاڭنىڭ ئاستىدا قالغان بىر دۆۋە كىتاب ۋە قولىيازمىلار تۇراتتى. بىز بىر باشتىن مالتىلاشقا باشلىدۇق. ئۆزىمىزچە «قىممىتى چوڭ» دەپ قارىغان كىتابلارنى بىر ياققا تاللىدۇق. شۇنداق قىلىپ يېرىم كۈن بۇ ئامباردا كىتاب ئاختۇردۇق. بېشىمىزدا قاراپ تۇرغان ھېلىقى نازارەتچى زېرىكىپ بىر قانچە قېتىم بىزنى يالغۇز قويۇپ تالاغا چىقىپ كەتتى. مۇھەممەد زۇنۇن مۇئەللىم بۇ خىللىغان كىتابلارنىڭ ئىسمىنى تىزىملاپ، شۇ كىتابلارنى بىزگە سېتىپ بېرىشكە ياكى ئارىيەت بېرىشكە كۆندۈرۈش ئۈچۈن باشلىقىنى ئىزدەپ ئىشخانىغا چىقىپ كەتتى. مەن ئامباردا يالغۇز قالغىنىمدىن پايدىلىنىپ، ئۆزۈم قىزىققان ئىككى پارچە قولىيازمىنى ئىشتاننىڭ ئىچىگە تىقىپ، ئۈستىدىن كەمەر بىلەن مەھكەم باغلىۋالدىم. ئۈستىمدە چاپان بولغاچقا ھېچقانداق چاندىمىدى. مۇھەممەد زۇنۇن مۇئەللىم ھەر قانچە يالۋۇرسىمۇ، ساقچىخانا باشلىقى: «بۇ ئىشقا مېنىڭ ھوقۇقۇم يەتمەيدۇ. بۇ ‹جىنايەتچى›لەرنىڭ ئەنزىسىگە ئالاقىدار ماتېرىياللار، يۇقىرىدىن يوليورۇق كەلمىگىچە بۇ كىتابلارنى مىدىرلىتىشقا بولمايدۇ» دەپ بىزگە بەرگىلى ئۇنىماپتۇ. بىز ناھىيە باشلىقلىرى بىلەن سۆزلىشىپ بېقىشنى ئويلىشىپ، بۇ ئامباردىن چىقىپ ياتىقىمىزغا ماڭدۇق. كېيىن ناھىيە مەسئۇللىرى بىلەن سۆزلىشىپمۇ بۇ ئىشنى ھەل قىلالمىدۇق. بىز شۇنىڭ بىلەن كاچۇڭلىقلار ۋە يەكەن دەرياسى ۋادىسىدىكى دولانلىقلار ئارىسىغا بېرىپ، كاچۇڭ سەنەملىرى، دولان مەشرەپ

يازما ماتېرىياللارنىمۇ توپلىدۇق. دەرۋەقە، بۇ خاتىرىلەر مېنىڭ كېيىنكى فولكلور تەتقىقاتىمدا ناھايىتى ئەسقاتتى.

قاراقاشتا خەلق داستانلىرى ۋە داستانچىلىرى ناھايىتى كۆپكەن. بىز شۇ چاغلاردىلا ئەلگە تونۇلغان ئاتاقلىق خەلق داستانچىسى ۋە راۋاپ قوشاقچىسى شاھ مۇھەممەدنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن «ئابدۇراھمان خان پاشا» داستانىنى ھەمدە بۇ داستانغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ئۇچۇرلارنى يېزىۋالدۇق. گەرچە خوتەن ۋە قەشقەردە بۇ داستاننى ئېيتىدىغان داستانچىلار خېلى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ھېچقايسىسى شاھ مۇھەممەدكە يەتمەيتتى. ئۇ يەنە راۋاپقا تەڭكەش قىلىپ ئوقۇلىدىغان قىزىقارلىق ھەجۋىي قوشاقلارنىمۇ كۆپ بىلەتتى.

بىز خوتەن زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ئاپىرىدە بولغان ماكانى — يەكەنگە كەلدۇق. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغاندەك، يەكەن دىيارى ئۇيغۇر ئەل ئىچى سەنئىتىنىڭ بۆشۈكلىرىدىن بىرى. شۇنىڭدەك، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىغا ئائىت قەدىمكى قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلار، قوليازمىلار، ھەر خىل مەزمۇندىكى رىسالىلەر ئەڭ كۆپ ساقلانغان «تىرىك مۇزېي» ھېسابلىنىدۇ. بىز يەركەندە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئائىت نەمۇنىلەرنى توپلاش بىلەن بىللە، ئاسانلىقچە تېپىلمايدىغان قەدىمكى قولىيازمىلارنى يىغىشقىمۇ كۆڭۈل بۆلدۇق. بۇ ھەقتە خېلى كۆپ يىپ ئۇچىغا ئىگە بولغان بولساقمۇ، لېكىن خەلقنىڭ كۆڭلىدىكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ يارىسى تېخى ساقايمىغاچقا، خەلق ئارىسىدىكى بۇ قىممەتلىك ئاسار ئەتىقىلەرنى يىغىشقا ئىمكانىيىتىمىز بولمىدى. بىز يەكەن بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى مۇھەممەد ساۋۇت (شۇ چاغلاردا «يەكەن گېزىتى»دە تەھرىرلىك خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان ئاتاقلىق يازغۇچى قەييۇم تۇردىنىڭ ۋاستىسى

قىسقىسى، قەشقەر مەڭگۈ ئوقۇپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان بىر قامۇس. بۇ قامۇسقا تارىم بوستانلىق مەدەنىيىتىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق جاۋاھىراتلىرى جەملەنگەن. بۇ قامۇسقا «يىپەك يولى»نى بويلاپ توختاۋسىز رەۋىشتە ئۆتۈشۈپ تۇرغان شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۈلگىلىرى مۇجەسسەملەنگەن. شۇڭا «شىنجاڭغا بارمىغۇچە ۋەتىنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقىنى بىلگىلى بولمايدۇ، قەشقەرگە بارمىغۇچە شىنجاڭنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ھېس قىلغىلى بولمايدۇ» دېگەن بۇ تۇراقلىق گۈزەل ئىبارە گوياكى سېھىرلىك بىر ناخشىغا ئوخشاش ۋەتىنىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە جاراڭلايدۇ. مەشھۇر ئۇيغۇر كىلاسسىك شائىرى گۇمنام سۈرەتلىگەندەك:

*مەزەرئى لۇتفى ئىلاھىدۇر دىيارى كاشغەر،*
*ئىشق ئىلىنىڭ قىبلىگاھىدۇر مازارى كاشغەر.*
*ئود، ئەنبەر تۇپرىقىدۇر، ئابى كەۋسەردۇر سۇيى،*
*دۇررى مارجان تاشلىرىدۇر كوھسارى كاشغەر.*
*كاشغەر شەھرىن بىلىڭ گۇمنامنىڭ يايلاغىدۇر،*
*دىلكۇشا، ئىشرەت پەزار ھەر سەبزە زارى كاشغەر.*

*(گۇمنامنىڭ «كاشغەر»ناملىق غەزىلىدىن)*

مېنىڭمۇ ئانا يۇرتۇم قەشقەر بولغاچقا، بۇ يۇرتقا مۇھەببەت ھېسسىياتىم چوڭقۇر. جەمئىيەتشۇناس فىلوم: «مۇھەببەت ھېسسىياتى — ئىنسانىيەتنى، مىللەتنى، ئائىلىنى ئۇيۇشچانلىققا ئىگە قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى كۈچ - قۇدرىتىنى نامايەن قىلىدۇ» دەپتىكەن. شۇنداق، مەنمۇ ئاشۇ روھى ئېنېرگىيەنىڭ تۈرتكىسى بىلەن قەشقەرگە كېلىپلا ئىش باشلاپ كەتتىم.

قوشاقلىرىنى توپلاشقا كىرىشتۇق. بۇ رايوندىكى خىزمەتلەرنى ئاخىرلاشتۇرۇپ «پىرىيانە يەكەن»دىن ئۇدۇل «ئەزىزانە قەشقەر»گە يول ئالدۇق.

قەشقەر ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى. تارىم بوستانلىقىدا بەرپا بولغان قۇرغان رايون شەھەرلىرىنىڭ يارقىن كۆزنىكى. مەركىزى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ سەرمەرلىرىنى دەۋرىمىزگىچە ئۇلاپ كەلگەن مەدەنىيەت كارىدورى. قەشقەر قەدىمدىن تارتىپ تارىختا مىسلىسىز رول ئوينىغان قۇرۇقلۇق «يىپەك يولى» بويىدىكى نۇرلۇق مەرۋايىت. شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان «ئالتۇن كۆۋرۈك». قەشقەر مەركىزى ئاسىيادىكى دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى. كۆپ ئىرق، كۆپ قەۋم (مىللەت)، كۆپ دىن، كۆپ تىل - يېزىق ۋە كۆپ خىل مەدەنىيەت تىندۇرمىسىغا ئىگە سېھىرلىك زېمىن.

قەشقەر — يۇرتىمىز شىنجاڭنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى. ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ ھاياتى كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان تارىخىي مۇزېي. شۇنداقلا تارىختىن بۇيان مەشھۇر ئۆلىما - ئالىملارنى، يازغۇچى - ئەدىبلەرنى، مۇغەننى، رەققاسلارنى، رەسسام - نەققاشلارنى، دارۋاز - ۋائىزلارنى، چەۋەنداز، ئەلەمدار - قەلەمدارلارنى، قولى گۈل بوزچى، كۆلاچى، سەرراپ، ھۆپىگەرلەرنى، ئېلىم - سېتىمغا ماھىر سودىگەر - تىجارەتچىلەرنى يېتىشتۈرگەن مەرىپەت بۇلىقى. دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدىكى مەشھۇر ئىككى بۈيۈك شەخس مەھمۇد كاشغەري بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ جۇملىدىن دۇنياۋى ئۈچ بۈيۈك گۆھەر — «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ئانا يۇرتى.

ئۇ كىشى كۆز قارىچۇقىدەك ساقلاپ كەلگەن ئىشەنچىلىك تارىخىي ھۆججەت ئارقىلىق بۈيۈك تىلشۇناس ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەبرىگاھى ئوپالدىكى «ھەزرىتى موللام» مازىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاندى ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىندى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يۇرتى، نەسەبى قاتارلىق ھالقىلىق مەسىلىلەرنى ئېنىقلاش ۋە بېكىتىشتە بۇ مۇبارەك زاتنىڭ تۆھپىسى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، تۆھپىنى تارىخ مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ.

مۇھەممەد ئوسمان ھاجىممۇ ئىمىر ھۈسەن قارىنىڭ ھەمسۆھبەتداشلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئەتراپلىق بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە يۇقىرى ئەخلاق - پەزىلەتى بىلەن ئەل ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى ئىكەن. ئۇ شۇ يىللاردا قەشقەر شەھەرلىك كۇتۇبخانىنىڭ مەسئۇل خىزمەتچىسى بولۇپ، كىتابنى جېنىدىنمۇ ئەزىز بىلىدىكەن. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا پۇختا بولغاچقا، كونا كىتابلارنى بىمالال كۆرەلەيدىكەن. بىز ئۇنىڭ «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ ئارقىسىدىكى جالا مەھەللىسىگە جايلاشقان باغ - ھويلىسىدا بۇ كىشىنى زىيارەت قىلدۇق. ئۇ كىشى بىزنىڭ زىيارەت مەقسىتىمىزنى چۈشەنگەندىن كېيىن تەبئىي كەمتەرلىكى بىلەن ئۇزاقتىن بۇيان ئەل ئىچىدىن توپلاپ كەلگەن مەھمۇد كاشغەرى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە نەسەبى ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى، يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى سۇلتان ئابدۇرەشىتخان توغرىسىدىكى تارىخىي ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بەردى. ھەممىدىن قىممەتلىك بولغىنى ئۇ ئېيتىپ بەرگەن ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارى، تەرەققىپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر بۈيۈك زات ئابدۇقادىر داموللام (ئابدۇلقادىر ئىبنى ئابدۇلۋارس كاشغەرىي) ۋاپاتىغا بېغىشلانغا خەلقنىڭ مەرسىيە قوشىقىنى تۇنجى قېتىم خاتىرىگە ئېلىۋالغىنىمىز بولدى. بۇ مەرسىيە مۇنداق ئىدى:

قەشقەردە بىر بىلىدىغان خەلق سەنئەتكارلىرى، مەدەنىيەت مۆتىۋەرلىرى، ئاغزاكى ۋەقەشۇناسلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. بىزنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇش ئىشلىرىمىزغا شۇ زاماندا ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە خىزمەت قىلىدىغان ئىسلامجان شېرىپ، «قەشقەر گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى توختاجى تۇرسۇن قاتارلىقلار يېقىندىن ياردەم بەردى. ئۇلارنىڭ يولباشلىشى بىلەن قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت ئەھۋالىنى ھەممىدىن كۆپ بىلىدىغان مۆتىۋەر زات ئىمىر ھوسەن قازاخۇنۇم، مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم قاتارلىق تارىخچى، ئەدىبلەرنى بىر قانچە قېتىم زىيارەت قىلدۇق. ئىمىر ھوسەن قازى قەشقەردە ناھايىتى يۈز - ئابرويلۇق خۇش چاقچاق، خۇش پېئىل زات بولۇپ، ھەممە ساھەدىن خەۋەردار، زاۋانداراز، پىكرى ئوچۇق، زېھنى ئۆتكۈر، تارىخچى، ئەدىب كىشى ئىكەن.

شۇڭا كىشىلەر بۇ يىتۈك ئۆلىمانى «تىرىك تارىخ»، «زامانىمىزنىڭ ئەپەندىسى» دەپ ئاتايدىكەن. دەرۋەقە، بۇ كىشىنىڭ ھەر بىر سۆزى قىزىقارلىق لەتىپىگە، يۇمۇرلۇق شېئىرغا ئوخشايدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ زاتنىڭ قولىدا نۇرغۇنلىغان تارىخىي كىتابلار ۋە قولىيازمىلار بار ئىكەن. ئەمما بۇ «بايلىق»لارنى ئالدىراپ باشقىلارغا بەرمەيدىكەن. ھەتتا سۆھبەت جەريانىدا بۇ كىشىنىڭ بىز ئۈچۈن ناھايىتى قىممەتلىك بولغان بايانلىرىنى يېزىۋېلىشىمىزغىمۇ رۇخسەت قىلمىدى.

— بۇ گەپلەرنى يازمەن، دەپ ئاۋارە بولماڭلار، مېنىڭ قولۇمدىمۇ قەلەم توختايدۇ. «بۇلبۇل كىرمەس ئەسكى كاماغا، نادانغا سۆزلەپ قالدىم بالاغا» دېگەندەك ئىش بولمىسۇن يەنە، — دەپ بىزگە كايىدى. ھەتتىگىنەي، شۇ زاماندا بۈگۈنكىدەك مەخپىي خاتىرىلەيدىغان «قەلەم خاتىرىلىگۈچ» يوقتە! ئىشقىلىپ، بۇ كىشى بىزنى نۇرغۇن ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىدى. ئىمىر ھوسەنقازى ھەقىقەتەن زامانىمىزدىكى تۆھپىكار ئالىم.

*جاياڭ بولسۇن جەننەتتە.*
*ھۆرلەر بولسۇن خىزمەتتە.*
*ئۇنتۇمايمىز داموللام،*
*سىلىنى ئەبەدىلئەبەدكە.*

مۇھەممەد ئوسمان ھاجىم دەل ئابدۇقادىر دامۇللام سۇ- يىقەستتە ئۇچراپ ياللانما قاتىللار تەرىپىدىن مەخپىي قەتلى قىلىنغان 1924 ـ يىلى تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى ئوسمان قاراجىم ئۆز دەۋرىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق زاتلىرىدىن بولۇپ، ئابدۇقادىر دامۇللامنىڭ ئىخلاسمەنلىرىدىن بىرى ئىكەن. بۇ مەرسىيەنامىنى دادىسىدىن ئاڭلاپ يېزىۋالغان مۇھەممەد ئوسمان ھاجىم ئۇنى قىممەتلىك تەۋەرۈك قىلىپ ساقلاپتۇ. ئۇ كىشى يەنە بىرگە 14 يىل قەشقەرگە تىنتەي (دۇبزىيە دەرىجىلىك ھەربىي ـ مەمۇرىي ئەمەل نامى) بولۇپ قىلىنغان ئەسكىلىكى قالمىغان زالىم ماتىتەي (مافوشىڭ) 1924 ـ يىلى ماشاۋۋۇ تەرىپىدىن دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن قەشقەر خەلقىنىڭ ماتىتەيگە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتى ئىپادىلەنگەن ئون كۇپلېت خەلق قوشىقىنىمۇ ئېيتىپ بەردى. بۇ تارىخىي قوشاقلارنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى قىممىتى ناھايىتى زور ئىدى.

مۇھەممەد ئوسمان ھاجىم بىرگە يەنە ياخشى ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ سۈپەتلىرىدىن بولمىش ئەدەپلىك بولۇش، بىلىم ۋە ئىلمدارلارنى ئۇلۇغ بىلىش، ئاتا ـ ئانا ۋە ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەش، تەبىئەتنى سۆيۈش، پاكلىق ۋە پاكىزلىقنى قەدىرلەش، راستچىل ۋە ساداقەتمەن بولۇش، باتۇر ۋە غەيۇر بولۇپ، پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش، سەممىي ۋە سەۋرچان بولۇش، كەمتەر ـ تەۋەززۇلۇق بولۇش، ۋاپادار، مۇلايىم، كەڭ قورساق بولۇپش، شۈكۈر ـ قانائەت قىلىش، ياخشى نىيەتلىك ۋە ئىنساپلىق بولۇش، ساخاۋەتلىك ۋە ھىممەتلىك بولۇش،

تاغۇ ـ تاشلار تەۋرىنىپ،
قاتتىق چاقماق چاقىقانمۇ؟
تۇمەن سۇيى قان بولۇپ،
بۇگۇن تەتۈر ئاققانمۇ؟

قەشقەرنىڭ ھاۋاسىنى،
چاڭ تۇمانلار باسقانمۇ؟
قەشقەرنىڭ جاھانىنى،
قايغۇ ـ ماتەم باسقانمۇ؟

ئاي تۇتۇلماس دەپتىمىز،
كۈن تۇتۇلماس دەپتىمىز.
داموللامغا دەيۈزلەر،
قەست قىلالماس دەپتىمىز.

بۇلبۇل ئىدىڭ بۇ باغدا،
سايرار ئىدىڭ ھەر چاغدا.
دۇشمەن سەندىن ئايرىدى،
قالدۇق بىز ئەلەم ـ داغدا.

ئېتىڭ بەكمۇ چىرايلىق،
ئابدۇقادىر ئەمەسمۇ.
خەلقىمىزگە يول باشلاپ،
ئۆمرۈڭ ئۆتكەن ئەمەسمۇ.

ئۆلتۈرگۈزدى دۈشمەنلەر،
كۆرەلمىگەن رەقىبلەر.
ساڭا تۆكۈپ كۆز يېشى،
يىغلاپ قالدى دەردمەنلەر.

ئۆيىدە ئۆتكۈزگەن «ھاياتلىق نەزىرىسى»گىمۇ داخىل بولدۇم.

قەشقەردىكى تەكشۈرۈش خىزمىتىمىز بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتى. بىز قەشقەر كونا شەھەرلىك داڭلىق راۋاپچى ۋە داستانچى ئاۋۇت ئەلنەغمە (مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادا نام - شۆھرەتكە ئېرىشكەن راۋاپ ماھىرى مەرھۇم داۋۇت راۋاپىنىڭ دادىسى)نى زىيارەت قىلدۇق. خەلق ئارىسىدا بىر ئۆمۈر داستانچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرگەن بۇ خەلق سەنئەتكارى بىزگە راۋابىغا تەڭكەش قىلىپ «يۈسۈپ - ئەھمەد»، «سېيىت نوچى»، «ھۆرلىقا - ھەمراجان»، «ئابدۇراخانخان پاشا» قاتارلىق داستانلارنى ئېيتىپ بەردى. مەن بۇ داستانلارنى تولۇق خاتىرىلىۋالدىم. يەنە قەشقەر كونا شەھەر ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ پىشقەدەم خىزمەتچىسى، ئۇزاقتىن بۇيان ئەل ئارىسىدىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىنى توپلاپ كەلگەن فولكلورچى ئىسمايىل ئىبراھىم، خوجا ئابدۇراخمان (ئاقتولۇق)، مەمتىمىن قىزىق (ئوغۇساق يېزىسىدىن)، ئوسمان قاسىم (قازىرىق باشلانغۇچ مەكتەپىنىڭ پىشقەدەم مۇئەللىمى)، تۇرغۇن موللا (يېڭىسارلىق قوشاقچى)، كۆزى ئەما خەلق سەنئەتچىسى خەيرىنىسا توختى (نەزەرباغ يېزىسى قوشكۆل كەنتىدىن)، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى توپلاپ يىغقۇچى قادىر بولاق، ئاتاقلىق خەلق سەنئەتكارى، كومېدىيە ئارتىسى يولۋاسخان قاتارلىق ئەل ئىچى سەنئەتكارلىرى، ۋەقەشۇناسلار، داستانچى ۋە قوشاقچىلار، ۋائىزلار... بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلاردىن قەشقەر خەلق ئەدەبىياتىغا ئائىت نۇرغۇنلىغان خام ماتېرىياللارنى توپلىدۇق ۋە ئۆگەندۇق. قەشقەر بىلەن بىر مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىدىكى ئارتۇشقا چىقىپ، ئارتۇش خەلقىنىڭ ئۆزگىچە پۇراققا ئىگە يەرلىك تارىخي قوشاقلىرىدىن «روزىلەم»، «قەمبەرنىسا»، «ئامىنەم»، «ئانام قونىخان»، «دوستخېنىم»، «خالىدەم» قاتارلىق بىر يۈرۈش مۇڭلۇق

خۇشخۇي، مۇھەببەتلىك بولۇش، ئىقتىسادچىل ۋە كىچىكپېئىللىق بولۇش، ئىدراكلىق ۋە ئىپپەتلىك بولۇش... قاتارلىق ياخشى ئىنسانىي سۈپەتلەر بىلەن نادانلىق، پاسىقلىق، ھەسەتخورلۇق، نەپسانىيەتچىلىك، بۆلگۈنچىلىك، يالغانچىلىق، جاھىللىق - كاجلىق، چېقىمچىلىق، مەمەدانلىق، تەمەخورلۇق - ئاچ كۆزلۈك، كۇندەشلىق، ئىچى تارلىق، دورامچىلىق ۋە ياسانچۇقلۇق، ئىسراپخورلۇق ۋە مەيخورلۇق، ئىككى يۈزلىمچىلىك، بىخۇدلۇق... قاتارلىق ناچار ئەخلاق - قىلىقسىزلىقلار توغرىسىدىكى ئۆزىنىڭ ۋە ئۆزگىلەرنىڭ ھېكمەت بىلەن بېزەلگەن ھەممەتلىك ۋە ئىبرەتلىك ھېكايىلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

— ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋايى: «ساخاۋەت — ئىنسانىيەت دەرىخىنىڭ ھوسۇلدار شېخى، بەلكى ئۇ دەرەخنىڭ خاسىيەتلىك مېۋىسى، ساخاۋەت — ئادىمىيلىك پەزىلىتىنىڭ مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان دېڭىزى، بەلكى ئۇ دولقۇنلۇق دېڭىزنىڭ بىباھا گۆھەرىدۇر» دېگەن ئىكەن. مەنمۇ سىلەردىن بىلگىنىمنى ئايىمىدىم ۋە ئايىمايمەن. چۈنكى، ئەۋلادلارغا قالدۇرغان زەررىچە ھەممەت سىنى ئالتۇن تەختكە ئېرىشتۈرىدۇ، — دەپ بۇ ساخاۋەتلىك كىشى سۆزىنى توختاتتى. بىز كۆزىمىز قىيمىغان ھالدا مۇھەممەد ئۇسمان ھاجىم بىلەن خوشلاشتۇق. شۇندىن كېيىن بۇ كىشىنىڭ قەلەم پاساھىتى بىلەن يورۇقلۇققا چىققان «گۈلخۇمار»، «ئىشق يولى» قاتارلىق پوۋېست، رومانلىرى، «گۈلىستان» ۋە «قابۇسنامە» كەبى ھېكمەت دۇردانىلىرىغا تولغان «مەھمۇد كاشغەري ھەققىدە ھېكايەتلەر»، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەب - ئەخلاق تەربىيەسى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى تەكرار ئوقۇپ، بۇ مۆھتەرەم ئۇستازغا ھۆرمەت - ئېھتىرامىم ھەسسىلەپ ئاشتى. ئۇ زات ۋاپات بولغانغا قەدەر قەشقەرگە بارسا ھەر قەدەمدە يوقلاپ تۇردۇم. ھەتتا 2010 - يىلى

ئوقۇتۇش نىشانى بىلەن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش نىشانى ئوخشىمىغاچقا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋەزىپىسى ۋە بۇرچىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس سائىتى كۆپ ئەمەس. ئۇلاردا ھەر كۈنلۈك سەككىز سائەتلىك ئىش تۈزۈمى يوق. بۇ شەكلەن ھادىسىگە قاراپ بەزىلىرىمىز «ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يايلىقى، ساناتورىيەسى» دەپمۇ قارايمىز. ئەمما ئالىي مەكتەپنىڭ ئىچىگە ئىنچىكىلەپ كىرسەك، ئۇ يەردە تىنىمسىز ئىشلەۋاتقان جاپاكەش باغۋەنلەرنىڭ كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ ئىككى سائەتلىك دەرس ئۈچۈن نەچچە سائەت، نەچچە كۈنلەپ تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز كەسپىگە ئائىت ھەر خىل تېمىلاردىكى ئىلمىي تەتقىقات ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداش يولىدا قان - تەر ئاققۇزۇۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. مانا بۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بەيگە سەھنىسى. ھەم ئىختىيارلىق ھەم مەجبۇرىيەت تۈسىنى ئالغان بۇ توختاۋسىز ۋەزىپىلەر ئوقۇتقۇچىلارنى تاللايدىغان ۋە تاۋلايدىغان ئىلىم ئوچىقى. مەنمۇ مۇشۇ «ئوچاق»تا تاۋلىنىپ، يا ئالتۇن، تا داشقال بولۇشۇم كېرەك. ئىككى يولنىڭ بىرىنى تاللاش مېنىڭ ئۆزلۈك قىممىتىم.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن مائارىپ ۋە باشقا ساھەلەرنىڭ خىزمىتى تېخىمۇ تەرتىپكە سېلىنىپ، پۈتكۈل مەملىكەت مىقياسىدا سوتسىيالىستىك زامانىۋىيلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلىش دولقۇنى قوزغالدى. جۈملىدىن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىمۇ ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى جانلىنىپ ھەر خىل ئىلمىي پائالىيەتلەر قىزىپ كەتتى. مەكتەپنىڭ ۋە فاكۇلتېتلارنىڭ زاللىرى ۋە سىنىپلىرىدا ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئەدەبىياتى، تىلى،

ناخشا ـ قوشاقلىرىنى توپلىدۇق ۋە بۇ شەخسلەرگە ئائىت تارىخىي رىۋايەتلەرنى ئۆگەندۇق. بىز ئۈرۈمچىدىن قۇرۇق قول يولغا چىقىپ، ئۈچ ئاي ئىچىدە ئون نەچچە ناھىيە، 30، 40 يېزا ـ قىشلاقلارنى كېزىپ، نەچچە ئون دەپتەر تولغۇدەك خام ماتېرىيال توپلاپ، باياشاتلىققا تولغان سېنتەبىر ئايلىرىنىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدۇق. ئەگەر بۇ جەرياندىكى قىزىقارلىق كەچمىشلەرنى سۆۋن ھېدىنىدەك تەپسىلىي يېزىشقا توغرا كەلسە بىر كىتابمۇ ئازلىق قىلىدۇ.

مەكتەپكە قايتىپ كېلىپلا بىر تەرەپتىن ئوقۇتۇش خىزمىتى، يەنە بىر تەرەپتىن توپلىغان بىرىنچى قول خام ماتېرىياللار ئارىسىدا «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» دەرسلىكىنى تۈزۈش خىزمىتى بىلەن بەند بولدۇق. ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلىرىغا يېتەرلىك بىلىم ئۆگىتىشتىن ئارتۇق خۇشاللىق بولمايدۇ. ئوقۇتقۇچى ئاشۇ يۈكسەك ئارزۇ ئارقىلىق قىممەت تاپىدۇ. خەلق باھاسىدا ئوقۇتقۇچىنى «باغۋەن»گە، «كۆيىۋاتقان شام»غا، «ئىككىنچى ئانا»غا، نۇرغا ئۆزىنى ئۇرۇۋاتقان «پەرۋانە»غا تەققاسلايدۇ. دەرۋەقە، بۇ ئوخشىتىشلار ئۆزگە ناھايىتى چوڭقۇر مەنانى يوشۇرغان. «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى»نىڭ بۈيۈك رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى ئېيتقاندەك: «كىشىلىك جەمئىيەتتە مۇئەللىمنىڭ مېھنىتىدىن پەخىرلىكرەك مېھنەت يوقتۇر. چۈنكى، ئالىم، مۇھەندىس (ئىنژېنېر)، يازغۇچى، قوماندان، جەمئىيەت ـ دۆلەت ئەربابى ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى مۇئەللىم مېھنىتىنىڭ مەھسۇلاتىدۇر.» ئومۇملۇق نۇقتىسىدىن «مۇئەللىم» تاجىنى كىيىش ئۈنچىلىك قىيىن ئىش بولمىسىمۇ، لېكىن يۇقىرىقىدەك شانۇ ـ شەرەپكە نائىل بولۇپ، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «ئوتىدا كۆيۈپ، سۇيىدە ئاقىدىغان» ھەقىقىي مەنىدىكى يارامىلىق ئوقۇتقۇچى بولۇش ئاسان ئەمەس. ئادەتتە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ

ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كەسپى قۇرۇلمىلىرى ئىسلاھ قىلىنىپ، كەسىپلەر تېخىمۇ تولۇقلاندى. شۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقى 15 كەسىپ 23كە كۆپەيدى.

1977 - يىلى 5 - ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ رەسمىي تەستىقى بىلەن بىرىنچى بولۇپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى «جۇڭگو ئەدەبىيات فاكۇلتېتى» ۋە «جۇڭگو تىل فاكۇلتېتى» دەپ ئىككى فاكۇلتېتقا ئايرىلدى. 1977 - يىلى ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان ئارقىلىق بىر تۇتاش ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، كېيىنكى يىلى يەنى 1978 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا تۇنجى قېتىم ئاسپىرانت قوبۇل قىلىش باشلاندى. شۇ يىلى سىناق تەرىقىسىدە بۇرۇنقى جۇڭگو تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا بىر تۇتاش ئىمتىھان ئارقىلىق 18 نەپەر ئاسپىرانت (بۇنىڭ ئىچىدە ئەدەبىياتقا تەۋە يەتتە نەپەر، تىلغا تەۋە 11 نەپەر) قوبۇل قىلىندى. 1982 - يىلى 1 - ئايدا گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىياتى كەسپى ماگىستىر تەربىيەلەش ئورنى بولۇپ تەستىقلاندى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدە ماگىستىر ئۇنۋانىغا ئىگە ئاسپىرانت تەربىيەلەش ئورنى بولماسلىقتەك تارىخقا خاتىمە بېرىلدى.

1978 - يىلى تۇنجى تۈركۈمدە قوبۇل قىلىنغان ئاسپىرانتلار 1982 - يىلى 3 - ئايدا ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن، ئۇلاردىن ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيەسى لاياقەتلىك بولغان 15 نەپەر ئاسپىرانت ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇ ساھەدىكى بوشلۇقى تولدۇرۇلدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشلەپ زور تۆھپە ياراتقان ماخمۇتجان مۆھەببەت قاسىم، خالىق، خەمىت زاكىر قاتارلىق پىروفېسسورلار ئاشۇ ئاسپىرانتلار سىنىپىدا

ئېتنوگرافىيەسى، ئارخېئولوگىيەسى، فولكلورى قاتارلىق چوڭ ئادىمىيەت تېمىلىرى ھەققىدە ئىلمىي دوكلاتلار، ئىلمىي مۇنازىرىلەر ئۇيۇشتۇرۇلدى. دوكلات بېرىشكە مەكتىپىمىزدىكى بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەردىن باشقا شىنجاڭدا كۆزگە كۆرۈنگەن نوپۇزلۇق ئالىملىرىمىزدىن ئۇيغۇر سايرانى، ئىبراھىم مۇتىئىي، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئىمىن تۇرسۇن، ئەھمەد زىيائى، گوباۋ، ليۇ زىشياۋ قاتارلىق بىر تۈركۈم ئىلىم ئادەملىرى تەكلىپ قىلىناتتى. ئۇلارنىڭ مەخسۇس تېمىلىق ئىلمىي دوكلاتلىرى شۇنچە قىزغىن، شۇنچىلىك جەلپكار ئىدىكى، دوكلات زالى مۇھاكىمە باشلىنىشتىن خېلى بۇرۇنلا خەۋەر تاپقانلىكى ھەۋەسمەنلەر بىلەن لىق تولاتتى. ھەتتا ئورۇن يېتىشمەي كارىدور ۋە يول ئېغىزلىرىدا نەچچە سائەت ئۆرە تۇرۇپ دوكلات ئاڭلايدىغانلارمۇ كۆپ ئىدى. بۇ دوكلاتلارغا ھازىرقىدەك مەخسۇس «تەكلىپنامە»مۇ يېزىلمايتتى. دوكلات بەرگۈچىلەرگە «قىزىل بولاق»مۇ بېرىلمەيتتى. بۇنداق ئىلمىي دوكلاتلار شۇ يىللاردا مەكتەپتىن جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ خەلق تىياتىرى، ئىتتىپاق تىياتىرى، كىنو - فىلىم تارقىتىش شىركىتىنىڭ كىنو قويۇش زالى، دوستلۇق كىنوخانىسى، 14 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلار زالى قاتارلىق چوڭ زاللارغىچە كېڭەيدى. تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇنداق «ئىلمىي قىزغىنلىق» 80 - يىللاردىكى ئۇرۇمچىنىڭ ئىلىم - پەن مىلودىيەسى بولۇپ قالغان ئىدى. شۇ يىللارنى ئەسلىسەم قەلبىم بىر ئىللىق تۇيغۇغا تولىدۇ. ئۇيلايمەنكى، بۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ۋەسۋەسىسى بىلەن بىر مەزگىل بۇرۇقتۇم بولغان دىللارنىڭ ئىلىم تەشنالىقىنىڭ ئىنكاسى. قار - مۇز ئېرىگەندىن كېيىنكى باھار نوتىلىرىنىڭ قايتىدىن بىخلىنىشى ئىدى. شۇ يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە، جەمئىيەت تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماس ھالدا شىنجاڭ

شۇ دەرسنىڭ قوشۇمچە ماتېرىيالى سۈپىتىدە توپلىغان خام ماتېرىياللارنى رەتلەپ «نۇزۇگۇم» (خەنزۇچە) نامدا تۈت كىتاب تۈزدۇم. 1981 ـ يىلى بۇ كىتابلارمۇ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ۋە قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى» (بىرىنچى كىتاب) ناملىق بۇ توپلامنىڭ مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئالغان مەرھۇم يازغۇچىمىز بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىغا ناھايىتى كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن ئىدى. چۈنكى، شۇ يىللارغىچە شىنجاڭدا تېخى بىرەر خەلق داستانى نەشر قىلىنمىغان ئىكەن. شۇڭا بۇ كىتابنىڭ بازىرى چىقىپ ئارقا ـ ئارقىدىن بەش قېتىم نەشر قىلىندى. 1983 ـ يىلى 3 ـ ئايدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن كېيىن ئىمتىھان ئارقىلىق بىر تۇتاش قوبۇل قىلىنغان تۇنجى تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈردى. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيەت ساپاسى ۋە بىلىم قۇرۇلمىسى خېلى پۇختا بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەلالىرىنى تاللاپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۆزىگە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىندى. ئۇ يىللاردا تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۆزىرى بولۇپ، مەكتەپ ۋە جەمئىيەتتە تەسىرى چوڭ ئىدى. شۇڭا بۇ فاكۇلتېت ئۆزىنىڭ ئوقۇتۇش ئېھتىياجى ۋە كەلگۈسى تەرەققىياتىنى نەزەردە تۇتۇپ، شۇ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئىككى مىللىي سىنىپتىن غەيرەتجان ئوسمان، ئوسمان ئىسمايىل تارىم، ئابدۇللا مەتقۇربان، مۇھەممەد ئىيسا، ئەنەيتۇللا قۇربان، ئەھمەت ئەسەيدۇللا، ئەركىن مۇساجان، خاسىيەت، مېھرىبان ئابدۇللا، كوممۇنا، ئۇيۇمقان، تۇرارجان، زەكىش، ئىسكەندەر مىجىت، ئابدۇسالام، يۈسۈپ، داۋۇت شامى، ئابدۇرۇسۇل كىچىك قاتارلىق 18 نەپەر ئوقۇغۇچىنى تاللاپ بىر قېتىمدىلا فاكۇلتېتىنىڭ ئۆزىگە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنىپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا

ئوقۇپ، شىنجاڭدا تۇنجى ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلەر ھېسابلىنىدۇ. مەن گەرچە ئۇلارغا بىۋاسىتە دەرسكە كىرمىگەن بولسامموۇ، بەزىلىرىنىڭ دېسسىرتاتسىيەسىنى باھالاشقا قاتناشقان ئىدىم.

1979 ـ ، 1980 ـ يىللار ئىچىدە مەن ناھايىتى ئالدىراش ئىشلىدىم. دەرسلىك قوللانما ئىشلەش مەجبۇرىيىتى ھە دەپ قىستىغاچقا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تەكشۈرۈش خىزمىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنلا ئۇستازىم مۇھەممەد زۇنۇن بىلەن ھەمكارلىشىپ ھەم دەرسلىك، ھەم تەتقىقات نەتىجىسى تۈسىنى ئالغان «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى» ماۋزۇلۇق كىتابنى يېزىشقا كىرىشتۇق. دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا جىددىي ئىشلەپ سەككىز ئايدا بۇ يىرىك ئەسەرنى تاماملاپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە تاپشۇردۇق. راستىنى ئېيتقاندا، شۇ چاغقىچە شىنجاڭدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەزەرىيەسىگە ئائىت پايدىلانغۇدەك بىرەر پارچە ئىلمىي ئەسەر نەشر قىلىنمىغان ئىدى. ئىچكىرىدە نەشر قىلىنغان بۇ ھەقتىكى ئەسەرلەردىنمۇ خەۋىرىمىز يوق ئىدى. پەقەت «دالا مەشقى» جەريانىدا توپلىغان خام ماتېرىياللار ۋە ئۇنىڭدىن ئالغان ئىدارىكى تەسىراتىمىزغا تايىنىپ، بۇ قوللانمىنىڭ نەزەرىيە سىستېمىسىنى ۋە مەزمۇنى قۇرۇلمىسىنى ئىجادىي تۈزدۇق. ھەر ھالدا ئەمگىكىمىز بىكارغا كەتمىدى. باش مۇھەررىر قەييۇم تۇردىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمى بىلەن بۇ ئىلمىي ئەسەر 1981 ـ يىلى ئاشكارا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەردە يېڭىدىن تەسىس قىلىنىۋاتقان «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»نىڭ دەرسلىك مەسىلىسىمۇ ھەل بولدى. جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئۈچۈنمۇ پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولۇشتەك قوش ئۇنۇم ياراتتى. يەنە

تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار سانى مەكتەپ بويىچە ھەممىدىن كۆپ بولۇپ خىزمەت سالمىقى ئېغىر ئىدى. مەندەك تەجرىبىسىز ياش ئوقۇتقۇچىغا نىسبەتەن بۇ خىزمەتنىڭ ئەھدىسىدىن چىقىش بۈيۈك مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «كىشى كۆڭلىگە ياخشى نىيەت پۈكسە، دۇنيادا ھەممە ئىشى تىلىگىنىدەك بولىدۇ، ياخشى نىيەت قىلغان كىشىگە ياخشىلىق كېلىدۇ. ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىسىمۇ، ساۋاپقا ئېرىشىدۇ» دېگىنىدەك، مەنمۇ ئىشنىڭ بېشىدا ياخشى نىيەتنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ، فاكۇلتېتىمىزنىڭ باش مۇدىرى، پېشقەدەم ئۇستاز شادىگۈەننىڭ مۇدىر ئىشخانىسىدىن ئورۇن ئالدىم. شۇنىڭ بىلەن فاكۇلتېتنىڭ ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىگە مەسئۇل بولدۇم. لېكىن ئوقۇتۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدىن ئايرىلمىدىم.

ئىلىم ـ پەننىڭ يولى ماڭغانسېرى كېڭىيىدۇ. بىلىمنىڭ چېكى بولمىغاچقا، چوڭقۇرلاشقانسېرى ئۆزۈڭنىڭ كەمتۈكلىكىنى ھېس قىلىسەن. 1981 ـ يىلى مۇھەممەد زۇنۇن مۇئەللىم بىلەن ھەمكارلىشىپ يازغان تۇنجى ئەمگەك مېۋىمىز «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى» نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، گەرچە بۇ ئوننۇچ يىرسال ئەسەر بىر مەزگىل دەرسلىك سۈپىتىدە ھاجەتتىن چىققان بولسىمۇ، لېكىن دەرسلىك خاراكتېرى تازا روشەن ئەمەس ئىدى. ئوقۇرمەنلەرگە ئايان بولغاندەك، دەرسلىك قوللانمىنىڭ تۈزۈلۈش ئۇسلۇبى بىلەن ئادەتتىكى ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ قۇرۇلما شەكلى ۋە بايان تەرتىپى بىر ـ بىردىن پەرقلىنىدۇ. شۇڭا «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»نىڭ ئوقۇتۇش ئېھتىياجى ماس كېلىدىغان بىر دەرسلىك ئىشلەشنى پىلانلاپ، بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىزدىنىش ئارقىلىق «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەزەرىيەسى» دېگەن ئىككى توملۇق قوللانمىنى تۈزدۈم. بۇ

يېڭى قان بولۇپ قوشۇلدى. شۇ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇملىدىن تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ تارىخىدا بىر قارارلىق ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن ئۆزىنىڭ ئانا مەكتىپىگە سان جەھەتتىن ئەڭ كۆپ تەقسىم قىلىنغان يىل بولدى. دەرۋەقە، بۇ ئىجتىمائىلىق ياش كۈچلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمى بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ غوللۇق تايانچىلىرى ۋە كەسپى باشلامچىلىرىغا ئايلاندى.

1983 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن كېيىن تۇنجى قېتىملىق ئوتتۇرا قاتلام (باشقارما ۋە فاكۇلتېت) رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى قايتىدىن تىكلەش ھەرىكىتى باشلاندى. بۇ خىزمەتنى ئېلىپ بېرىشتا مەخپىي بىلەت تاشلاش ئۇسۇلى بىلەن ئاممىنىڭ (ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر) نامزات كۆرسىتىش، مەكتەپ بويىچە قۇرۇلغان «ئوتتۇرا قاتلام رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى قۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش كومىتېتى» نامزاتلارنىڭ سىياسىي، ئىدىيە ۋە كەسپى سالاھىيىتىنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ دەسلەپكى نامزات تۇرغۇزۇپ، مەكتەپ پارتكومىغا يوللاش، مەكتەپ پارتكومىنىڭ كوللېكتىپ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكەنلەرنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە يوللاش ۋە ئاخىرىدا خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئىسمايىل ئەھمەتنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ۋەزىپىگە تەيىنلەشتىن ئىبارەت تۆت ئۆتكەلدىن ئۆتۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. مۇشۇ ئاساستا مەن گوياكى «ساندۇق ئىچىدىن چىققان بوۋاق»تەك تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندىم. ئويلاپ باقمىغان بۇ «ئامەت» مېنى قاتتىق ئەنسىرەتتى. چۈنكى، فاكۇلتېتتا كەسپى ئىقتىدار ۋە خىزمەت تەجرىبىسى جەھەتتە مەندىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن تۇرىدىغان پېشقەدەم ئۇستازلار كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە

ئېغىر ئىدى. فاكۇلتېتنىڭ مىللىي ئوقۇتۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولغاچقا، مەكتەپ ئوقۇتۇش باشقارمىسى ۋە مائارىپ نازارىتىنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇتۇش باشقارمىسى بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوقتىلىق دەرسلەردىن «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»، «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى»، «جۇڭگو كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، «يېزىقچىلىق ئىلمى» قاتارلىق دەرسلىكلەرنى ئىشلەشنىڭ ئۈچ يىللىق پىلانىنى تۈزدۇق ھەمدە بۇ قۇرۇلۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئادەم كۈچى ۋە مالىيە كۈچىنى ئەمەللەشتۈرۈپ، تۆرلەر بويىچە دەرسلىك تۈزۈش گۇرۇپپىلىرىنى قۇردۇق. ھەر بىر گۇرۇپپىغا مەسئۇل بولغان پىشقەدەم ئۇستازلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن بىر - ئىككى يىل ئىچىدىلا بۇ دەرسلىكلەر تۈزۈلۈپ، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىندى. بۇ دەرسلىكلەر ئىچىدە «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»نىڭ چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، خىزمەت سالمىقى ئېغىر، پايدىلىنىش ماتېرىيالى كەم بولۇشتەك ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارنى نەزەردە تۇتۇپ، شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن تارىخشۇناس، تەرجىمان قاسىم ئارىش ئاكىنى يۆتكەپ كەلدۇق. بۇ مۇتەخەسسىس باش بولۇپ، ئىككى يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۈچ توملۇق «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»نى تۈزۈپ، بۇ ساھەدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. مەن بۇ مەرھۇم ئۇستازنىڭ ئالىي مائارىپ دەرسلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئۆچمەس ئەمگىكىنى ھۆرمەت بىلەن ئەسلەيمەن. ئەنە شۇ خىزمەتلەرنىڭ تۈرتكىسى ۋە ئىلھامى بىلەن فاكۇلتېتىمىزدا دەرسلىك تۈزۈش قىزغىنلىقى ئومۇمىيۈزلۈك قوزغىلىپ، مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسلىكى بولماسلىقتەك تارىخقا خاتىمە بېرىلدى.

1985 - يىلىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق

دەرسلىك شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتۇش باشقارمىسى تەرىپىدىن 1983 - يىلى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. بۇ دەرسلىك شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەر ھەتتا مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوخشاش كەسىپلەرنىڭ بىر تۇتاش قوللىنىدىغان ئورتاق قوللانمىسىغا ئايلىنىپ تاكى 1995 - يىللارغىچە ھەم ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھەم ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىپ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ ئاساسلىق قوللانمىسى بولۇپ ئىشلىتىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن فاكۇلتېتنىڭ ئىجتىمائىي، كەسپىي خىزمەتلىرى بىلەن كۆپرەك بەند بولۇپ، چوڭراق ئىلمىي ئەمگەكلەرنى ئىشلەشكە پۇرسەت بولمىدى.

مەن فاكۇلتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان يىللاردىن باشلاپ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى ئىسلاھ قىلىش چاقىرىقى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك قۇرۇلۇشىنى بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلىدىكى دەرسلىك قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز كەسپىي دائىرىسىدىكى ئەمەلىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، شىنجاڭنىڭ يەرلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەنگەن ھەر خىل كەسپىي تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ، ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى يېڭىلاش ۋە سەرخىللاشتۇرۇش ئىدى. دەرۋەقە، يۇقىرىقى نۇقتىلار ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتىكى رېئال قىيىنچىلىقلار ئىدى. تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى ئالساق، مىللىي تىل - يېزىقتىكى دەرسلىكلەر 10% گىمۇ يەتمەيتتى. فاكۇلتېتتا ئۆتۈلىدىغان مۇتلەق كۆپ دەرسلەرنىڭ بىر تۇتاش قوللىنىشچانلىقتا ئىگە بولغا دەرسلىكى بولمىغاچقا، ئوقۇتۇش مەزمۇنىدىكى قالايمىقانچىلىق خېلى

1979 - يىلىدىن كېيىن ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي ئۇنۋانىنى باھالاش تۈزۈمى ئەسلىگە كېلىپ، مەكتەپتە «كەسپىي ئۇنۋان باھالاش كومىتېتى» ۋە فاكۇلتېتلاردا ئۇنىڭ شۆبىسى قۇرۇلدى. مەن شۇ يىلى لېكتور، 1986 - يىلى دوتسېنت بولۇپ باھالاندىم. ھەمدە 1984 - يىلىدىن باشلاپ فاكۇلتېت كەسپىي ئۇنۋان باھالاش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى «كەسپىي ئۇنۋان باھالاش كومىتېتى»نىڭ ئەزاسى ۋە ئۇنىڭ تارمىقىدىكى تىل - ئەدەبىيات شۆبىسىنىڭ مەسئۇلى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكىلەرنىڭ «كەسپىي ئۇنۋانىنى باھالاش كومىتېتى»نىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى تاكى 2007 - يىلغىچە ئىشلىدىم. ئۇنۋان باھالاش گەرچە يىلدا بىر قېتىم ئېلىپ بېرىلسىمۇ، ئۇ كەڭ ئوقۇتقۇچى ۋە تەتقىقات خادىملىرىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە چېتىشلىق ئىنتايىن ئىنچىكە ۋە كونكرېت خىزمەت بولغاچقا، ناھايىتى ئەستايىدىللىقنى، توغرىلىقنى، ئادىللىقنى تەلەپ قىلاتتى. ئەگەر باھالىغۇچىلارنىڭ ئازراق ھېسسىياتى ئارىلىشىپ، باھالانغۇچىلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىنماي قالسا، ئامما ئىچىدە شۇ ھامان ئىچكى قارشىلىق ۋە سۈركىلىش پەيدا قىلىپ، ئۆچمەنلىك ئوتىنى ئۇلغايتىۋېتەتتى - دە، ئورۇنسىز زىددىيەت پەيدا قىلاتتى. دەرۋەقە، ئوقۇتقۇچىلارغا نىسبەتەن ئۇنۋان ئېلىشتىن ئارتۇق چوڭ مۇكاپات يوق. ئۇنۋان ئۇلارنىڭ تىرىشىش نىشانى، ھاياتلىق قىممىتى، تەقدىر قىسمىتى. لېكىن ھاياتلىقنىڭ تۈپ مەزمۇنى ئەمەس. دېھقان گەرچە «ئۇنۋان»نى بىلمىسىمۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ھەممىدىن بەك چۈشىنىدۇ ۋە ئۈن - تۈنسىز ئىشلەپ، ھەممىدىن كۆپ تۆھپە يارىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەرگىزمۇ شان - شەرەپ تەمەسى بولمايدۇ. ئەمما بىز باشقا ئىشلاردا كەڭ قورساقلىق قىلساقمۇ، «ئۇنۋان» ئېلىشقا كەلگەندە جان

ھۆكۈمىتىنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن فاكۇلتېتىمىزدا «قازاق تىل ـ ئەدەبىيات كەسپى» بىلەن «ئاخبارات كەسپى» ئېچىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدە بار بولغان ئىككى چوڭ كەسىپ (ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى ۋە خەنزۇ تىل ئەدەبىياتى) كە يېڭىدىن ئىككى كەسىپ قوشۇلۇپ فاكۇلتېتىنىڭ خىزمەت سالمىقى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار سانىمۇ كۆپىيىپ، 117 ئوقۇتقۇچىسى 800 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى بولغان ئەڭ چوڭ فاكۇلتېتقا ئايلاندى. «ئاخبارات كەسپى» شىنجاڭدا تۇنجى قۇرۇلغان يېڭى كەسىپ بولغاچقا، ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى كەمچىل ئىدى. بىز «سۇ ئۇرۇشنى سۇغا چۆشۈش» جەريانىدا ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تىل ـ ئەدەبىيا كەسپىنى پۈتتۈرگەن بىر قىسىم ياش ئوقۇتقۇچىلارنى ئاخبارات كەسپىگە ئاجرىتىپ، ئۇلارنى نۆۋەت بىلەن بېيجىڭ، شاڭخەي، نەنجىن، چېڭدۇ قاتارلىق شەھەرلەردىكى نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئاخبارات كەسپلىرىگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىپ مەخسۇس تەربىيەلىدۇق. ئاخباراتقا ئائىت خەنزۇچە دەرسلىك قوللانمىلىرىنى تاللاپ ئۇيغۇرچە تەرجىمگە ئۇيۇشتۇردۇق. رايونىمىزنىڭ ئاخبارات ئورۇنلىرىدا ئىشلەۋاتقان بىر قىسىم تەجرىبىلىك ئاخباراتچىلارنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلدۇق. شۇنداق قىلىپ ئىككى ـ ئۈچ يىل ئىچىدە ئاخبارات كەسپى خېلى مۇكەممەل، بازارلىق بىر كەسىپكە ئايلاندى. بۇ كەسىپ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، كىچىكلىكتىن چوڭىيىپ 2000 ـ يىللارغا كىرگەندە «ئاخبارات ـ ئۇچۇر فاكۇلتېتى» بولۇپ قۇرۇلدى ۋە 2002 ـ يىلى ئىنستىتۇتقا ئۆزگەردى. ھازىر شىنجاڭنىڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئورۇنلىرى ۋە ھەر قايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئىشلەۋاتقان تايانچ ئاخبارات خادىملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئاشۇ كەسىپتە ئوقۇپ تەربىيەلەنگەنلەردىن ئىبارەت.

تەلەپ قىلىناتتى. بۇ ھال ئاسپىرانتلارغىلا ئەمەس، ماڭىمۇ ئېغىر بېسىم بولۇپ تۇيۇلدى. مەن بۇ ئورۇنلۇق تەلەپنىڭ ئەھدىسىدىن چىقىش ئۈچۈن ئۆزۈمگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، فولكلور ساھەسىدە «بوزلۇقتا يول ئېچىش»قا تىرىشتىم.

ئاسپىرانتلار ئوقۇتۇشنىڭ ئېھتىياجى ۋە تەلىپىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، ئېلىمىزدە يېڭىدىن يولغا قويۇلغان ياش پەن — فولكلور ئىلمىنى ئۆگىنىشكە بەل باغلىدىم. ۋاھالەنكى، شىنجاڭغا بۇ پەن ھەققىدە تېخى ھېچقانداق ئۇچۇر يېتىپ كەلمىگەن ئىدى. روسلارنىڭ ئىلىم - پەن كاتېگورىيەسىدە «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»نى «فولكلور» دەپ ئاتاش ئومۇملاشقاچقا، 1950 - يىللاردا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلگەن باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكلىرى ئارقىلىق بۇ ئاتالغۇ بىلەن تونۇشۇپ، بىز مۇشۇ مەنىدە چۈشىنىپ كەلگەن. دەرۋەقە، «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» فولكلورنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولسىمۇ، لېكىن مەزمۇن قۇرۇلمىسى، نەزەرىيە سىستېمىسى، ئىقتىدارى ۋە رولى جەھەتلەردە ئۆزئارا پەرقلىق بولغان ئىككى پەن ھېسابلىنىدىكەن. شۇ يىللاردا جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ۋە مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتى رىياسەتچىلىكىدە بېيجىڭدا ئېچىلغان «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخىنى تۈزۈش» ھەققىدىكى مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ قالدىم. بۇ يىغىندا لياۋنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى. ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق فولكلورشۇناس ئالىمى ۋۇبىڭئەن (مۇڭغۇل) ئەپەندى بىلەن تونۇشتۇم ۋە ھەمسۆھبەت بولدۇم. بۇ ئالىم ماڭا ئۆزى يازغان «جۇڭگو فولكلورى» (中国民俗学) ناملىق كىتابىنى تەقدىم قىلدى. بۇ ئەسەر ئېلىمىزدە فولكلور ھەققىدىكى تۇنجى كىتاب بولۇپ، 1987 - يىلى نەشر قىلىنغان ئىكەن.

تىكىپ ئېلىشىمىز، ھەسەت ئوتى ئىچىمىزنى ئۆرتەيدۇ. شۇڭا بۇ نازۇك خىزمەت مېنىمۇ كۆپ قېتىم ئازاپقا دۇچار قىلغان. خەيرىيەت، ھازىر ئويلىسام ئۇنۇۋان باھالاش جەريانىدا مەندىن ئۆتكەن سەۋەنلىكىمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن. ئاممىنىڭ خىزمىتىنى ئىشلىگەن ئىكەنسەن، ھامان قۇربانلىق بېرىسەن.

مەن مۇشۇ جەرياندا ئۆزۈم تاللىغان ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىدىن زادى ئايرىلمىدىم. روھىيىتىمدە ۋەتەن ۋە مىللەت ئۈچۈن ياراملىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەش، ئەۋلادلارغا نەمۇنە بولغىدەك مىراس قالدۇرۇش غايىسى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيتتى. غايىسىز، ئۈمىدسىز ياشاشنى ئار - نومۇس دەپ بىلەتتىم. ئالەمگە زەررىچە بولسىمۇ نۇر بېرىشنى ئارزۇلايتتىم. لېكىن ئارزۇ شۇنچىلىك شېرىن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ۋىسالىغا يەتمەكلىكنىڭ بەسى مۈشكۈللىكىنىمۇ چۈشىنەتتىم. شۇنداق بولسىمۇ «تاما - تاما كۆل بولۇر، تاماي قالسا چۆل بولۇر» دېگەن تەمسىل بويىچە ئۆزۈمنى قامچىلايتتىم.

1987 - يىلى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىياتى كەسپى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتلارنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى بولۇش سالاھىيىتىگە ئېرىشتىم ۋە شۇ يىلى «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» يۆنىلىشى بويىچە تۇنجى قېتىم ئىككى نەپەر (كوممۇنار ۋە راھىلە داۋۇت) ئاسپىرانت قوبۇل قىلدىم. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماگىستىرلىق ئۇنۋانى بويىچە ئاسپىرانت قوبۇل قىلىش يولغا قويۇلغان دەسلەپكى يىللاردا يېتەكچى ئوقۇتقۇچى ۋە ئاسپىرانتلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. خەنزۇ تىلى ئۆتكىلىدىن ئۆتۈشتىن باشقا يەنە ئىككى خىل چەت ئەل تىلى (بىرى ئاساس، بىرى قوشۇمچە)نى ئۆگىنىش، كەسپى دەرسلەر پىروگراممىسىدا تولۇق كۇرستا ئوقۇلغان مەزمۇنلارنى تەكرارلىماسلىق، شۇ كەسىپ ساھەسىدىكى ئەڭ يېڭى ئىلىم ئۇچۇرلىرىنى ئىگىلەش

نەشر قىلىندى. ئالمۇتادا چىقىدىغان ئۇيغۇر تىلىدىكى گېزىت - ژۇرناللاردىمۇ بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنى تونۇشتۇرۇلدى ۋە ئوبزور ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى. ئەڭ مۇھىمى ئاپتونوم رايونىمىزدا فولكلور ھەققىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ قانات يېيىشىغا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. ئەلۋەتتە، ئۇ تۇنجى ئەمگەك مېۋىسى بولغاچقا، بەزى نۇقسانلاردىنمۇ خالىي ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ھەر قانداق يېڭى شەيئى تۇغۇلۇشى بىلەنلا مۇكەممەللىككە ئېرىشەلمىسىمۇ، لېكىن كۆۋرۈكلۈك رولى بىلەن قىممەت يارىتىدۇ، ئىلىم - پەندىمۇ، ئەلۋەتتە.

مەن 1987 - يىلىدىن 1996 - يىلىغىچە توققۇز قارار ماگىستىر ئاسپىرانت قوبۇل قىلىپ، مۇشۇ كەسىپ بويىچە جەمئىي 28 نەپەر ئاسپىرانتنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى بولدۇم. ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى دوكتورانتلىققا ئىمتىھان بېرىپ، فولكلورشۇناسلىق ساھەسىدىكى تۇنجى دوكتورلارغا ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدا فولكلور كەسپى بويىچە چوڭ ئىلمىي قوشۇن بارلىققا كەلدى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى راھىلە داۋۇت، ئەسەت سۇلايمان، ئەنۋەر سەمەت، ھەدىيە مۇھەممەت قاتارلىق دوكتورلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ ساھەدىكى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلىرى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئالاھىدە تەسىر قوزغىغان مۇتەخەسسىسلەرگە ئايلاندى.

1987 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى قېتىم «مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىسلەرنى باھالاش» پائالىيىتى يولغا قويۇلدى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى باشچىلىقىدا باھالاپ بېكىتىش ھەيئىتى تەشكىللەندى. ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم باھالاش ئېلىپ بېرىلىپ «مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس» شەرىپىگە ئېرىشكەنلەر تۆت يىل ۋەزىپە ئۆتەيتتى. مەنمۇ شۇ يىلى 1 - تۈركۈمدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس» بولۇپ باھالاندىم ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇدا

ۋۇ بىگىئەنىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، شۇ يىللاردا مەملىكىتىمىز بويىچە لىياۋنىڭ ئونىۋېرسىتېتى، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئونىۋېرسىتېتى ۋە جۇڭگو ئونىۋېرسىتېتىدىن ئىبارەت ئۈچ ئالىي مەكتەپتىلا فولكلور دەرسى تەسىس قىلىنغان ئىكەن. ۋۇ بىگىئەن ئەپەندىنىڭ بۇ كىتابى مېنىڭ فولكلور ھەققىدىكى نەزەر دائىرەمنى كېڭەيتتى. پىكىر يوللىرىمنى ئېچىپ، شىنجاڭدا مۇشۇ ئىلىمنى تىكلەشكە بولغان ئىشەنچىمنى كۈچەيتتى. شۇنىڭ بىلەن مەكتەپكە قايتىپ كېلىپلا، ئاسپىرانتلارغا بۇ دەرسنى سىناق تەرىقىسىدە ئۆتتۇم. يەنە بىر تەرەپتىن «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان» ناملىق كىتابىمنى يېزىشقا باشلىدىم. بۇ كىتاب قۇرۇلما جەھەتتىن «جۇڭگو فولكلورى» ناملىق ئەسەرنى ئۈلگە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن نەزەرىيە سىستېمىسى ۋە ئەمەلىي مىساللىرى ئۇنىڭدىن پەرقلىق بولغان ئىجادى ئەسەر ئىدى. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر ماددى ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتى بىلەن باشلىنىشچانلىقى گەۋدىلىك ئىدى. مەن بۇ ئەسەرنى بىر يېرىم يىلدا يېزىپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1989 - يىلى شىنجاڭ ئونىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى مەرھۇم ھاكىم جاپپارنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە شىنجاڭ ئونىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇ شىنجاڭدا تۇنجى نەشر قىلىنغان فولكلور ھەققىدىكى يىرىك ئەسەر ئىدى. قوللانما خاراكتېرلىك بۇ ئەسەر يورۇقلۇقا چىققاندىن بۇيان تاكى ھازىرغىچە شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى ۋە شۇ كەسىپتىكى ئاسپىرانتلارنىڭ ئاساسلىق دەرس قوللانمىسى بولۇپ خىزمەت قىلدى. تۈركىيە، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق بىر قىسىم دۆلەتلەرگە تارقىلىپ، ئۇلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. بۇ ئەسەر 1992 - يىلى تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ «تۈركىيە كۈلتۈر باقانلىقى نەشرىياتى» تەرىپىدىن «ئۇيغۇر فولكلورى» نامىدا

گەرچە، ئۇ يىللاردا ھازىرقىدەك دەرس سائىتىگە ھەق بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلمىغان بولسىمۇ، ئوقۇتقۇچىلار خالىسانە ئىشلەپ، بەلگىلەنگەن ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلايتتى.

1990 ـ يىلى مەن پىروفېسسور بولۇپ باھالاندىم. شۇنىڭ بىلەن كەسپى جەھەتتىكى ئەڭ يۇقىرى ئۇنۋانغا ئېرىشتىم. شۇ يىلدىن باشلاپ فاكۇلتېت مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىمغا رۇخسەت قىلىش ھەققىدە مەكتەپ پارتكومىغا بىر قانچە قېتىم دوكلات يازدىم ۋە بىۋاستە پارتكوم سېكرېتارى ۋاڭ خەيىۇ بىلەن سۆزلەشتىم. ئاخىرى تەلىپىم ھەل بولۇپ، 1991 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، فاكۇلتېت مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇلۇپ، شىنجاڭ بويىچە نۇقتىلىق كەسىپ باھالانغان «شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىياتى» كەسپىنىڭ باشلامچىسى بولۇپ ئىشلىدىم. شۇندىن كېيىن گويا ئۈستۈمدىكى تاغنى ئېلىۋەتكەندەك ئىچ ـ ئىچىمدىن خۇش بولدۇم. ئەمما مەكتەپ ۋە جەمئىيەتتە «ئابدۇكېرىم خاتالىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئېلىۋېتىپتۇ» دېگەنگە ئوخشاش پىتنە ـ پاساتلارمۇ تارقالدى. ئاما ئىچىدىكى بۇنداق غۇلغۇلىلارنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىشكە بولاتتى. بىزنىڭ ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشىمىزدا بىرەر مەنسەپ بىر كىشىنىڭ پېشانىسىگە مەڭگۈلۈك پۈتۈلگەندەك بىرسى نورمال مەنسەپتىن قالسا ئۇ كىشى دەرھال «گۇمانلىق شەخس»كە ئايلىنىپ قالىدىغان ھالەت مەۋجۇت ئىدى. بۇ ئېڭىمىزغا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان «ھوقۇقچىلىق تەمەسى»نىڭ ئىنكاسى ئىدى. «ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىن» دېگەندەك، مەن ئۆزۈمگە ئىشەنگەچكە، بۇنداق گەپ ـ سۆزلەرگە پەرۋا قىلماي ئۆز خىزمىتىمنى تېخىمۇ قىزغىن داۋاملاشتۇردۇم. 1990 ـ يىلدىن باشلاپ «گوۋۇيۈەننىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمان بولىدىغان

تۆت قارار «مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس» بولۇپ باھالىنىپ، 2011 - يىلىغىچە شۇ خىزمەتنى ئىشلىدىم. بۇ شەرەپ ئۆزۈمنىڭ خىزمىتىنى تېخىمۇ قېتىرقىنىپ ئىشلەشكە ئۈندىدى.

1989 - يىلى فاكۇلتېتىمىزنىڭ پىشقەدەم مۇدىرى شادىڭگوەن پىنسىيەگە چىققاندىن كېيىن مېنى فاكۇلتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن باش مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ خىزمەتكە مېنىڭ رايىم يوق ئىدى. شۇ يىللاردا ئىلىمگە ھېرىسمەن بوپ قالغاچقا، باشقا ئىشلار ماڭا ئېتىمايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلۈك خاراكتېرىمنى دەڭسەپ باقسام، مەن رەھبەر بولۇشنىڭ ماتېرىيالى ئەمەسلىكىمنى ھېس قىلدىم. چۈنكى، رەھبەرلىك سەنئىتىمۇ ئالاھىدە بىر خىل ئىلىم - دە. نائىلاج بۇ رىئاللىقنى قوبۇل قىلىپ مۇدىرلىق خىزمىتىنى يەنە ئۈچ يىل ئىشلىدىم. ئۇستۇمدىكى خىزمەت سالمىقى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. فاكۇلتېتنىڭ تولۇق كۇرس ۋە ئاسپىرانتلار ئوقۇتۇشىدىن باشقا يەنە شۇ يىللاردا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن «ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىپ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىدىغان» ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن مەكتەپ ئىچى ۋە باشقا رايونلاردا تەكرارلاش سىنىپلىرىنى ئېچىش، ئۇلارنىڭ ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تەييارلاش، ئۇلاردىن يىلدا ئىككى قېتىم ئېلىنىدىغان بىر تۇتاش ئىمتىھاننىڭ سوئاللىرىنى چىقىرىش، ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرۈش، ئوقۇش پۈتتۈرۈش دېسىرتاتسىيەسىگە تەشكىللەش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش قاتارلىق قوشۇمچە خىزمەتلەر قوشۇلۇپ، يۈكىمىز بارغانسېرى ئېغىرلاشتى. شۇ يىللاردا شىنجاڭنىڭ خېلى كۆپ ناھىيە - شەھەرلىرىدە ئۆزلىكىدىن ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ تەكرارلاش سىنىپلىرىنى ئاچقان بولۇپ، ھەر يىلى 10، 15 ئوقۇتقۇچى شۇ نۇقتىلارغا نۆۋەت بىلەن بېرىپ دەرس ئۆتەتتى. ئۇلارنىڭ مەكتەپ ئىچىدىكى دەرسلىرىنى قالغان ئوقۇتقۇچىلار ئۈستىگە ئالاتتى.

ۋە غەمخورلۇق قىلىشى بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - ئەدەبىيات كەسپى» بويىچە دوكتور تەربىيەلەش نۇقتىسى قۇرۇلدى. بۇ گوۋۇيۈەن ئىلمىي ئۇنۋان ئىشخانىسى ۋە مائارىپ مىنىستىرلىكى بىرلىكتە تەستىقلىغان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇملىدىن شىنجاڭدىكى بىردىنبىر تۇنجى «دوكتور تەربىيەلەش» نۇقتىسى ئىدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى دۆلەتنىڭ «211 قۇرۇلۇش» پىلانىدىكى نۇقتىلىق ئۇنىۋېرسىتېتقا ئايلىنىپ، ئۈچ يىلدىن كېيىن قولغا كەلتۈرگەن چوڭ «ھوقۇق» ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەكتەپنىڭ ئىلمىي كومىتېتى قايتا - قايتا مۇزاكىرە قىلىش ۋە باھالىشى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ۋە مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق مەن شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىن چىققان تۇنجى «دوكتور يېتەكچىسى» بولدۇم. بۇ مەن ئۈچۈن ھەم شەرەپ ھەم ئېغىر يۈك ئىدى. بۇ «يۈك»نى كۆتۈرمەسلىككە ۋىجدانىم يول قويمايتتى. «ۋىجدان بۇيرۇقى ۋىجدانىدەك تازا» دېگەندەك، مەكتەپ ئاسپىرانتلار باشقارمىسىنىڭ پىلانىغا ئاساسەن 1996 - يىلى تۇنجى تۈركۈمدە ئىككى نەپەر دوكتور ئاسپىرانت قوبۇل قىلدىم. ھەمدە ئىچكىرىدىكى «دوكتورانت تەربىيەلەش نۇقتىسى» بار نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، دوكتورانتلارنىڭ ئوقۇتۇش پىلانى، تەلىپى ۋە نىشانى ھەققىدىكى تەجرىبىلىرىنى ئۆگەندىم. دوكتورلۇق ئوقۇتۇش ئاساسەن شۇ كەسىپ ساھەسىدىكى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان تەتقىقات نەتىجىلىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلغاچقا، دوكتورانتلارنى كۆپرەك ئىلمىي تەتقىقاتقا يېتەكلىدىم ۋە مۇشۇ تىپتىكى تاللانما دەرسلەرنى ئورۇنلاشتۇردۇم. كۈچىمىز يەتمىگەن بەزى دەرسلەر ئۈچۈن بېيجىڭدىن ليۇ كۈيلى، لاڭ يىڭ قاتارلىق داڭلىق فولكلورشۇناسلارنى تەكلىپ قىلدىم. تۇنجى

تۆھپىكار مۇتەخەسسىس» شەرىپىگە ئېرىشتىم. ئاز - تولا ئىشلىگەن خىزمەتلىرىم بەدىلىگە ئېنئام قىلىنغان يۇقىرىقى ئىككى چوڭ شەرەپ ماڭا ئىلھام ۋە مەدەت بولۇپ، كېيىنكى ھايات يولۇم ھەققىدە قايتا ئويلىنىشىمغا تۈرتكە بولدى. دەرۋەقە، دۇنيادا «مېڭىپ يۈرگەن ئىنسان ناھايىتى كۆپتۇر. ئەمما توغرا، چىن ۋە ھەق ئادەم مەن ئۇچۇن ناھايىتى ئەزىز»، «چىن ۋە توغرا ئەر قانداق بولىدۇ؟ قارا، چىن ۋە توغرا ئەرنىڭ تىلى بىلەن دىلى ۋە سۆزى بىردەك بولىدۇ. ئىچى تېشىدەك ۋە تېشى ئىچىدەك بولىدۇ. چىن ۋە توغرا ئەر يۈرىكىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، ئىنسانلار ئالدىدا ئۇيالماستىن يۈرەلەيدىغان بولسۇن» بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ ئۇگۇت - نەسىھەتى مېنىڭ ئادىمىيلىك قىبلىنامەم بولدى. ئالتۇن بوتا ئىچىدە تاۋلىنىپ ساپ بولغىنىدەك، نىيەت ۋە ئارزۇ ئەمگەك بىلەن بارلىققا كېلىدۇ. ھالال ئەمگەك قىلماي تۇرۇپ «تەييارغا ھەييار» بولۇش ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتىنى يوقىتىدۇ. مەن گەرچە ناھايىتى چوڭ كەشپىياتلارنى يارىتالمىساممۇ، يۇقىرىقىدەك روھ بىلەن ئۆز كەسپىم دائىرىسىدە باش چۆكۈرۈپ ئىشلەشكە رازى ئىدىم. بەرھەقكى، روھ گوياكى قۇش، تەن ئۇنىڭ قەپىزىدۇر، قۇش قەپەزگە ئۆزىنى ئۇرۇپ ئەركىنلىككە ئېرىشىشنى ئىستىگەندەك، روھمۇ تەن قەپىزىدىن ئۇرغۇپ چىقىشقا جۈرئەت قىلغاندا ئاندىن قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا ھەقىقىي بايلىق — روھى بايلىقتۇر. «ھېكمەت قايسى تىلدا بولسا ھېكمەتتۇر. گۆھەر قايسى ساندۇقتا بولسا گۆھەردۇر.» مەن ھايات قانۇنىيەتلىرىدىن يەكۈنلەنگەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھېكمەتلىرىگە ئەقىدە قىلاتتىم ھەمدە شۇ ھېكمەتلەرنىڭ تەسىرىنى روھى ئېنېرتسىيەگە ئايلاندۇرۇشقا تىرىشاتتىم.

1995 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىرىشچانلىق ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يېقىندىن قوللىشى

ئونىنچى باب

# قاڭقىش ۋە ھالقىش

*دۇنيادا يوقتۇر ئەزەلدىن تۈز يول،*
*ئويمان، دۆڭدىن دائىم ئاگاھ بول.*
*قاڭقىشتىن ھالقىش تۇغۇلار، ئەمما —*
*كەم بولسا بىرى، قالار بىرى تۇل.*

*(خاتىرەمدىن)*

9 ـ بابتا، ئالىي مائارىپنىڭ ئوڭ قانىتى بولغان ئوقۇتۇش خىزمىتىدىكى تۇقتىلىق ئەسلىمىلەرنى بايان قىلدىم. بۇ بابتا، ئالىي مائارىپنىڭ يەنە بىر قانىتى بولغان ئىلمىي تەتقىقات كەچمىشلىرىم ئەسلىنىدۇ.

ئادەتتە مەلۇم بىر ساھە ئۈستىدە ئىزدىنىش، ئىختىرا قىلىش جەريانى ئىلمىي تەتقىقات دېيىلىدۇ. جەمئىيەت يېڭى تەتقىقات نەتىجىسىگە تايىنىپ گۈللىنىدۇ ۋە روناق تاپىدۇ. دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر شەيئى جۈملىدىن ئىلىم ـ پەنمۇ تەتقىقاتقا تايىنىپ، بىر خىللىقتىن كۆپ خىللىققا، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، تارقاقلىقتىن مۇكەممەللىككە، ئابستىراكتلىقتىن كونكرېتلىققا ئېرىشىدۇ. قىسقىسى، ئىنسانلارنىڭ پۈتكۈل تەرەققىيات مۇساپىسى تەتقىقات بىلەن مەھكەم باغلانغان. شۇڭا «تەتقىقات» ئۈنچىلىك سىرلىق ئوقۇم

قەدەم نەتىجىلىك بېسىلسا، كېيىنكى ئىشلارمۇ خەيرلىك بولىدۇ. شۇڭا بىرىنچى تۈركۈم قوبۇل قىلىنغان دوكتورانتلارغا ھەممە جەھەتتىن ئېغىر تەلەپ قويدۇم. ئۇلار مۇشۇ كەسىپ بويىچە ماگىستىرلىقنىمۇ مەندە ئوقۇغاچقا كەسپى لاياقىتى ياخشى ئىدى. ئۇلار ئۈچ يىللىق دوكتورانتلىق ئوقۇشىنى تاماملاپ، 1999 - يىلى دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن يازغان «ئۇيغۇر پەرھىزلىرى تەتقىقاتى» (ئەنۋەر سەمەد ئورۇنلىغان) ۋە «كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» (ھەسەنجان ئابلىز ئورۇنلىغان) ناملىق دېسىرتاتسىيە ماقالىسى بىلەن دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. شۇندىن كېيىن تاكى 2009 - يىلغىچە 12 نەپەر دوكتورانتنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى بولدۇم. 2012 - يىلى 72 يېشىمدا شەرەپ بىلەن پىنسىيەگە چىقىپ، 48 يىللىق «توزانلىق مۇنبەر»دىن ئايرىلدىم. ئويلاپ باقسام، مائارىپنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئەڭ ئۇزۇن ۋاقىت ئىشلىگەن مەن ئىكەنمەن. گەرچە ھازىر جىسمانىيىتىم «پىنسىيە»گە چىققان بولسىمۇ، ۋۇجۇدۇم يەنىلا ئىلىم - پەن ئىشقىدا سوقىدۇ.

ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر، تەبىئىي پەنلەر ئىلمىي ژۇرنىلى» نامىدا جەمئىي بەش ئىلمىي ژۇرنال چىقىرىلىشقا باشلىدى. 1982 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئۇيغۇر تىلى ۋە خەنزۇ تىلىدىكى تۆت ژۇرنال مەملىكەت ئىچىگە ۋە سىرتىغا ئاشكارا تارقىتىلدى. بۇ ژۇرناللار شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى نامايەن قىلىدىغان كۆزنەك سەھنىسىگە ئايلاندى. ئۇ يىللاردا ئاپتونوم رايونىمىزدا تېخى ئاشكارا نەشر قىلىنىدىغان ئىلمىي ژۇرنال يوق ئىدى. شۇڭا ئەينى يىللاردا «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ ئىناۋىتى چوڭ بولۇپ، رايونىمىزنىڭ ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. مەنمۇ شۇ ژۇرنالنىڭ ئاكتىپ ئوقۇرمىنى ۋە مۇئەللىپى ئىدىم. دەسلەپكى تەتقىقات نەتىجىلىرىمنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى مۇشۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان. شۇڭا بۇ ژۇرنالنى ئىلمىي تەتقىقاتىمنىڭ «بىرىنچى ئۇستازىم» دەپ قارايمەن. ئىلمىي تەتقىقات كاتولوگىمغا قارىسام، ھازىرغىچە بۇ ژۇرنالدا 65 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىپتىمەن.

ئىلمىي تەتقىقات ماكرولۇق جەھەتتىن توغرا ئۇسۇل ۋە مېتودقا ئىگە بولۇشنى، نىشانى ئېنىق، كونكرېت بولۇشنى، دەۋر بىلەن ھەمنەپەس بولۇشنى، مىكرولۇق جەھەتتىن راستچىل، ھەققانىيەتچىل بولۇشنى، ھېسسىلىقتىن ئىدراكلىققا ئۆتۈشنى، ئۇنىۋېرسال بىلىم قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولۇشنى، نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاشقا ماھىر بولۇشنى ئۆزىگە تونۇشلۇق بولمىغان ساھەگە يۈرۈش قىلماسلىقنى، «بىرگە قابىل» (شۇغۇللىنىدىغان كەسپى)، «كۆپكە قادىر» (يانداش پەنلەر) بولۇشنى، ئۆزلۈكنى ئۆچلۈككە ئايلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئەقەللىي تەلەپلەر بىر ـ بىرى بىلەن

ئەمەس. ئەمما قىممەت يارىتالايدىغان ھەقىقىي مەنىدىكى تەتقىقات گوياكى «يىڭنىدە قۇدۇق قازغان»دەك جەسۇرلۇقنى، ئەستايىدىللىقنى ۋە چىدامچانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان نازۇك خىزمەتتۇر. چۈنكى، ئۇ ھامان «يېڭى»نى بەرپا قىلىشنى نىشانلايدۇ. «شاما چايناغان»دەك ئالدىنقىلارنىڭ مەھسۇلاتىنى قايتا «چايناش» تەتقىقات ئەمەس، بەلكى «ئۆزلەشتۈرۈش» جەريانى ھېسابلىنىدۇ.

رايونىمىزدا ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى يولغا قويۇلۇپ، تېزلىكتە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشقا باشلىدى.

1978 ـ يىلى ئېچىلغان مەملىكەتلىك ئىلىم ـ پەن يىغىنىدا يولداش دېڭ شياۋپىڭ «ئالىي مەكتەپلەر ئىلمىي تەتقىقات سېپىدىكى بىر مۇھىم يۈنىلىش ئارمىيەسى» دېگەن ئىدىيەنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئىدىيەنىڭ ئىلھامى ۋە تۈرتكىسى بىلەن 1979 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىلمىي تەتقىقات باشقارمىسى قۇرۇلۇپ، ئوقۇتۇش بىلەن ئىلمىي تەتقىقات ئالىي مەكتەپ خىزمىتىنىڭ ئىككى مۇھىم مەركىزىگە ئايلاندى. شۇ يىلى 7 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى جاڭ دۇڭيۇنىڭ باشچىلىقىدا مەكتەپ ئىلمىي كومىتېتى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات تەرەققىيات پىلانى تۈزۈلۈپ، تەتقىقات ساھەسىدىكى خىزمەتلەر تەرتىپكە سېلىندى ۋە سىستېمىلاشتى. 1972 ـ يىلىدىن باشلاپ ئاشكارا نەشر قىلىنىشقا باشلىغان ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» تېخىمۇ تولۇقلىنىپ ۋە كېڭىيىپ، ئۇيغۇر تىلى ۋە خەنزۇ تىلىدىكى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەنلەر ئىلمىي ژۇرنىلى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەبىئىي پەنلەر ئىلمىي ژۇرنىلى» ۋە 1981 ـ يىلى تەسىس قىلىنغان قازاق تىلىدىكى «پەلسەپە

مەن تەتقىقاتنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقىدا، دەپ قاراپ كەلدىم. ئىلمىي تەتقىقاتتا بولۇپمۇ، تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى تەتقىقاتىدا ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتىغا ئايلىنالمىغان تەتقىقات نەتىجىسىنى «ئىلمىي تەتقىقات» دېيىشكە تىلىم بارمايدۇ. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدەك نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپتە تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىغا يىلدا نەچچە ئون مىليون مەبلەغ ئاجرىتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دۆلەتلىك ۋە ئۆلكىلىك تەتقىقات تۈرلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ، بۇ تەتقىقاتلارنىڭ مۇنلىغ كۆپ نەتىجىلىرى ماقالە ۋە كىتابقا قاچىلانغان بولۇپ، تۈرمىدىكى مەھبۇستەك «سىرت»قا چىقالمايدۇ. يەنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلىنالمايدۇ. بۇنداق ئەقىل ئىسراپچىلىقى ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتىدىمۇ مەۋجۇت، ئەمما ئىجتىمائىي پەن بىۋاسىتە ماددىي بايلىق ياراتمىغاچقا، شەكلى ئوخشىمايدۇ. ھازىرقى ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىمىزدا ساقلىنىۋاتقان تېما ۋە مەزمۇن تەكرارلىقى، كىتابتىن كىتابقا كۆچۈرۈش «تەييارغا ھەييار»لىق، قەدىمكىنى ئەتىۋالاپ، بۈگۈنكى رېئاللىقتىن قېچىش، ھېسسىياتنى ئەمەلىيەتنىڭ ئۈستىگە دەسسىتىش، چەتنىڭكىنى ھەزىم قىلماي قوبۇل قىلىش، ئەنئەنىچىلىكنى زامانىۋىلىكتىن ئۈستۈن قويۇش، ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئورنىغا «ئات ئۈستىدە گۈل سەيلىسى» قىلىش، «ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش»نى مەزھەپ ئۇرۇشىغا ئايلاندۇرىۋېلىش، «مانتا تالىشىپ، قاسقانغا دۈم چۈشۈش»، ماختاشقا قىزىقىپ، تەنقىددىن قېچىش، ئۆزگىلەرنى ئەتىۋالاپ ئۆزلۈكنى خورلاش... قاتارلىق ئىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىجتىمائىيىتىمىزدىكى «ئەقىل ئىسراپچىلىقى» ئەمەسمۇ؟ ئەگەر «كۆپتۈرىۋېتىلگەن» دېيىلسە، مەن شاھىت بولغان بىر قانچە ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەي:

گىرەلىشىپ كەتكەن. يازغۇچى - ئەدىبلەرنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتلىرىمۇ ئومۇملۇق جەھەتتىن ئىلمى تەتقىقات كاتېگورىيەسىگە تەئەللۇق بولسىمۇ، لېكىن ئۇسۇل ۋە مېتود ئوخشىمىغاچقا، ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتنىڭ قىممىتىمۇ ئوخشىمايدۇ. لېكىن ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىدىغان چېگرا سىزىقى بولمايدۇ. ئىلىم - پەن تارىخىنى بولۇپمۇ ئادىمىيەت پەنلىرى تارىخىنى ئەسلىسەك، نۇرغۇن مەشھۇر يازغۇچى - ئەدىبلەر كەسپىگە گىرەلەشتۇرۇپ، ئاجايىپ سەمەرىلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ياراتقان. مىللىي مەدەنىيەت ئۆزلىكىدىن ئالغاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەبۇ نەسر فارابىي، ئەلىشىر نەۋايى، شۇنداقلا زامانداشلىرىمىزدىن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئەھمەد زىيائى، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن، ئىمىن تۇرسۇن، ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىن، مۇھەممەتجان سادىق، ئابدۇقادىر جالالىدىن قاتارلىقلار تونۇلغان يازغۇچى، شائىرلار بولۇپلا قالماستىن، يەنە مول ھوسۇللۇق ئىلمىي تەتقىقاتچىلاردۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ بىر قىسمىغا «مۇتەپەككۇر» دەپ سۈپەت بېرىلگەن.

مائارىپ، بولۇپمۇ ئالىي مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات بىلەن ئەڭ بىۋاسىتە باغلىنىدىغان ساھە. شۇڭا سەمەرىلىك ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى ئالىي مائارىپ سېپىدىن چىقىدۇ. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئېلىمىزدىكى ئاكادېمىكلەرنىڭ 80%تىن كۆپرەكى ئالىي مەكتەپلەردىن چىققان ئىكەن.

مەنمۇ ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئېھتىياجى بىلەن ئىلمىي تەتقىقاتقا كىرىشكەن. مېنىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 - ۋە 90 - يىللىرىدا يازغان كوللىكتىپ تۈزگەن توققۇز پارچە يىرىك ئەسىرىم بىۋاسىتە ئوقۇتۇش تەلىپىنى چىقىش قىلىغان ھالدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ھەم ئوقۇتۇش قوللانمىسى ھەم ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسى بولۇشتەك قوش ئۈنۈم ياراتقان.

ئارىسىدا غۇلغۇلا باشلاندى. بۇنداق «غۇلغۇلا» ئىككى نۇقتىغا مەركەزلەشتى. بىرى، «بۇ خىزمەتنىڭ تۈرىگە بىر قىسىم (تارىخى داشقاللار) چىقىۋالدى. (ئېشەك)لەر (مەمتىمىن يۇسۇپنى دېمەكچى) باش بولىۋالدى، يەي...» دەپ ۋايساش. يەنە بىرى، «(قۇتادغۇبىلىك)نىڭ نەسرى يەشمىسىنى ئىشلەش كېرەك ئىدى. ھازىر يۈزلىنىشتىن چەتنەپ كەتتى» دەپ زارلاش. بۇ «غۇلغۇلا» ئىچكى قىسمىدىن ئاستا - ئاستا جەمئىيەتكە كېڭىيىپ، ئەمدى شەكىللىنىۋاتقان ئۇيغۇر زىيالىلار قوشۇنى ئىككى سەپكە بۆلۈنىشكە باشلىدى. ھەتتا گېزىت - ژۇرناللاردا «مۇنازىرە» باشلىنىپ، بىر - بىرىنى تىللايدىغان، قالپاق كىيدۈرىدىغان، كەمسىتىدىغان ھالەت شەكىللەندى. بۇ ئىككى مۇقەددەس ئابىدىنىڭ مۇئەللىپلىرى بولغان ئىككى بۈيۈك ئالىمىمىزنىڭ روھىنى ئازابلايدىغان ھەمدە بۈگۈنكى ئەۋلادلىرىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان بۇنداق ئەھمىيەتسىز «غۇلغۇلا»لار ھۆكۈمەتنىڭ ۋە جامائەتنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. بۇ چوڭ قورۇلۇشقا ھۆكۈمەت تەرەپتىن مەسئۇل بولغان ئىمىنوف ھامىت سالماقلىق بىلەن نۇقتىلىق ئورۇنلاردىكى بىر قىسىم مۆتىۋەر ۋە ئىلىم ئادەملىرى بىلەن سۆھبەت ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىنكاسلىرىنى ئاڭلىدى. ئەنە شۇ سۆھبەتلەرنىڭ بىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ 2 - قەۋەتتىكى ئوقۇتقۇچىلار دەم ئېلىش ئۆيىدە ئېچىلدى. شاۋجاڭ ھاكىم جاپپار ئاكا، زارىپ دولاتوۋ (ئىلمىي تەتقىقات باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى)، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، شەرىپىدىن ئۆمەر، ئابلەت ئۆمەر، ئامانۇللا مۇسا ۋە مەن قاتارلىق يەتتە، سەككىزىمىز قاتناشتۇق. مۇئاۋىن رەئىس ئىمىنوف ھامىت ناھايىتى كەمتەرلىك ۋە سىپايىلىق بىلەن بۇ ئىككى گۇرۇپپىنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇردى:

1980 - يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭغا ئىلىم - پەن باھارى يېتىپ كېلىپ، قىشچە ئۇيقىدا ياتقان گۈل - چېچەكلەر نورۇز ئېيىنىڭ خاسىيىتى بىلەن قايتىدىن چېچەكلىگەنگە ئوخشاش مەنزىرە شەكىللەندى. ئاشۇ يېڭىچە كەيپىياتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە قوللىشى ئاستىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسىنى ئىشلەش كۈنتەرتىپكە قويۇلدى. بۇ ھەقىقەتەن ئىلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى ناھايىتى چوڭ قۇرۇلۇش ئىدى. شۇڭا پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بۇ قۇرۇلۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ خىزمەتلىرىگە مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىس ئىمىنوف ھامىت باشچىلىقىدا مەخسۇس رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇردى ھەمدە كونكرېت خىزمەتلەرگە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنى مەسئۇل قىلدى. ئاكادېمىيەنىڭ باشلىقى مەتتىمىن يۇسۇپ ئاكا خىزمەت تەجرىبىسى مول، ئىقتىدارلىق تەشكىلاتچى ۋە تەتقىقاتچى بولغاچقا، ئىمىنوف ھامىت بىلەن زىچ ماسلىشىپ ئىككى بۈيۈك ئابىدىنى ئىشلەشكە ئىككى خىزمەت ئەترىتى تەشكىللىدى. شۇ يىللاردا بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە يەشمىسىنى ئىشلەشكە قۇربىتى يېتىدىغان تەتقىقات خادىملىرى ناھايىتى چەكلىك ئىدى. بۇ ئوبيېكتىپ قىيىنچىلىقلار ئالدىدا مەتتىمىن يۇسۇپ ئاكا تىز پۈكمەي، ھەر قايسى رايونلاردىكى يارامىلىق پىشقەدەم تىلشۇناسلارنى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق بىلىدىغان مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ خىزمەتنى باشلىدى. لېكىن خىزمەت باشلىنىپ ئۇزۇنغا بارماي، بىر قىسىم يۇقىرى قاتلام ئۇيغۇر «زىيالى»لىرى

يەشمىسىنى ئىشلەشنىڭ ھېچقانداق خاتالىقى يوق. بىز مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللايمىز دېيىشتى بەزىلەر.

— بىز 11 - ئەسىردە بارلىققا كەلگەن بۇ بۈيۈك ئابىدىنىڭ ۋارىسى. شۇڭا كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرغان بۇ مىراسنى بىز نەزەردە تۇتقانىدا ئالدى بىلەن نەسرىي تەرجىمىسىنى ئىشلەش ئەقىلگە مۇۋاپىقراق ئۇسۇل. دۇنيادا تېخى قەدىمكى كىلاسسىك نەزمىي ئەسەرلەرنى نەزمىي ئۇسۇل بىلەن ھازىرقى زامان تىلىدا ئىپادىلەشنىڭ ئۆلگىسى يوق. شۇڭا تۈركىيە ۋە ئۆزبېكىستاندىمۇ بۇ ئەسەرنىڭ نەسرىي يەشمىسى ئىشلەنگەن، — دېيىشتى يەنە بەزىلەر.

— دۇنيا ئىلىم ساھەسىدە بىر مىللەتنىڭ كىلاسسىك تىلىدىكى نەزمىي ئەسەرلەرنى ھازىرقى زامان تىلىدا ئىشلەشكە توغرا كەلسە، نەسرىي يەشمىسى بويىچە ئىشلەش كېرەك، دەيدىغان ئۆلچەم يوق. شېئىرنى نەسرىي بايانغا ئايلاندۇرساق، ئۇنىڭ شېئىرى لەززىتى ۋە قىممىتى ئەسلىدىكىدەك بولمايدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بويىچە شېئىرى ئۇسلۇبتا يېزىلغان دىداكتىك داستان. شۇڭا ئۇنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ داۋامى ۋە ۋارىسى بولغان ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىگە سادىق بولۇپ، نەزمىي ئۇسلۇبتا ئىشلەشنىڭ ئەۋزەللىكى ناھايىتى كۆپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزدە بۇ ئېغىر ئەمگەككە قۇربىتى يېتىدىغان ئىقتىدارلىق مۇتەخەسسىسلىرىمىز تۇرسا، يەنە نېمىدىن ئەندىشە قىلىمىز؟ شۇڭا نەزمىي يەشمە ئىشلەش يۆنىلىشى تامامەن توغرا. نەزمىي يەشمە يورۇقلۇققا چىققاندىن كېيىن شۇ ئاساستا نەسرىي نۇسخىسىنى ئىشلىسەك ئىشلىرىمىز تېخىمۇ ئاسانلىشىدۇ ۋە راۋانلىشىدۇ. «دۇنيادا بۇنداق ئۆلگە يوق» دېگەن گەپ پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. ناۋادا «ئۆلگە يوق» بولسىمۇ بىز ئۆلگە يارىتىشىمىز كېرەك. مانا بۇ ئىلمىي ئىزدىنىش ۋە ھالقىش.

— بۇ ئىككى چوڭ قورۇلۇش پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى ۋە غەمخورلۇقى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان ئەل رايى قورۇلۇشى ئىدى. شۇڭا پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، خەلق ۋە مىللەتكە يۈز كېلەلىگۈدەك ياخشى ئىشلارنى قىلىشىمىز كېرەك ئىدى. ۋاھالەنكى، خىزمەت ئەمدى باشلىنىپ ئۇزاققا بارمايلا بەزى ئوقۇشماسلىقلار يۈز بېرىپ، جەمئىيەتتە ھەر خىل ئىنكاسلارنى پەيدا قىلىۋاتىدۇ. دەرۋەقە، ئىلىم - پەندە مۇنازىرىنىڭ بولۇشى نورمال ئىش. ئۇنى ئەلۋەتتە ھەممە كىشى چۈشىنىدۇ. مەن بۈگۈن بىرلا مەسىلە يەنى «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ نەسرىي يەشمىسىنى ئىشلەش كېرەكمۇ ياكى نەزمىي يەشمىسىنى ئىشلەش كېرەكمۇ؟ دېگەن بۇ ھالقىلىق مەسىلە ھەققىدە سىلەردەك پىشقەدەم زىيالىيلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاشقا كەلدىم. چۈنكى، بۇ خىزمەت باشلىنىش ئالدىدا مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۇزاكىرىسى ئارقىلىق ئالدى بىلەن نەزمىي يەشمىسىنى ئىشلەش قارارلاشتۇرۇلغان. شۇ پىرىنسىپ بويىچە خىزمەت باشلىنىپ ئۇزاققا بارمايلا، بىر قىسىم يولداشلار ئۇنىڭغا قارشى چىقتى. ھەتتا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىلىرىغا يازما دوكلات سۇنۇپ بۇ خىزمەتنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۇرىۋەتتى. شۇڭا ھەر ساھەدىكى زىيالىيلارنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكرىنى ئاڭلاش زۆرۈر بوپقالدى. سىلەر ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلغان ھالدا، ئويلىغان كۆڭۈل سۆزۈڭلارنى ئېيتىپ باقساڭلار، — دېدى ئىمىنوف ھامىت ئاكا.

— ئىلمىي جەھەتتىن ئالغاندا بۇ ھېچقانداق تالاشقۇچىلىكى يوق مەسىلە. شارائىت يار بەرسە بۇ بۈيۈك ئەسەرنىڭ ھەر ئىككى خىل يەشمىسىنى ئىشلەش كېرەك. لېكىن ھەر قانداق ئىشنىڭ تەرتىپى بولىدۇ. بەش بارماقنى بىراقلا ئېغىزغا تىقىۋالغىلى بولمايدۇ. شۇڭا بىرىنچى قەدەمدە نەزمىي

گورۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇسالام ئابباس سۆزلىدى:

— گەرچە بۇ ئىككى گورۇپپىنىڭ خىزمىتى داۋاملىشىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، لېكىن يۆنىلىش تېخى ئېنىق ئەمەس. بىز ئەسەرنىڭ نامىنى تەرجىمە قىلماي ئۆز پېتىچە ئالىمىز، دېسەك، ئۇلار بۇنى «پارتىئورگىنىزمنىڭ يولىدا ماڭغانلىق» دەپ بىزگە قالپاق كىيگۈزىۋاتىدۇ. بىز «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ نەسرىي يەشمىسىنى ئىشلەيمىز دېسەك، ئۇلار نەزمىي يەشمىسىنى ئىشلەيمىز، دەپ ئىلىمگە زىت ئىش قىلىۋاتىدۇ. بىز «بۇنداق» دېسەك، ئۇلار «ئۇنداق» قىلىۋاتىدۇ، — دېدى.

— توختاڭ ئابدۇسالام، — دېدى ئىمىنوف هامىت ئورنىدىن تۇرۇپ.

— «بىز» دېگىنىڭىز كىم؟ «ئۇلار» دېگىنىڭىز كىم؟ — دېدى سوئال نەزىرى بىلەن.

ئىمىنوف هامىت ئادەتتە ناهايىتى مۇلايىم، ئېغىر بېسىق كىشى ئىدى. بۈگۈن چىرايىدىن قارىغاندا ناهايىتى ئاچچىقى كەلگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئىمىنوفنىڭ يۇقىرىقى سوئالىغا ئابدۇسالام دۇدۇقلاپ ئېنىق جاۋاب بېرەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىمىنوف هامىت سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئابدۇسالام، سىز بىر رەهبىرى كادىر. ئۇنىڭ ئۈستىگە پارتكومىغا ۋاكالىتەن بۇ خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتىسىز. رەهبەر بولغان كىشىدە ئومۇملۇق قارىشى بولۇشى كېرەك. سىز ئۇنىڭ ئەكسىچە، هېسسىياتىڭىزغا تايىنىپ، «بىز»، «ئۇلار» دەپ سۆزلىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ يۇقىرىقى ئىككى ئالماشنىڭ مەزمۇن يۆنىلىشىدە تېخى ئەمدى قەد كۆتۈرىۋاتقان ئۇيغۇر زىيالىلار قوشۇنىنى ئىككى قۇتۇپقا ئايرىپ، بىر - بىرى بىلەن سوقۇشقا سالىدىغان تەپرىقىچىلىك خاھىشى يوشۇرۇنغاندەك قىلىدۇ، شۇنداقمۇ؟

شۇنداق قىلغاندا بۈيۈك مۇتەپەككۇرىمىز — يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ روھى ئەمىن تاپىدۇ، — دېيىشتۇق يەنە بەزىلەر.

ئاخىرىدا، سۆھبەتنىڭ خۇلاسىسى ئۈچىنچى خىل قاراشقا مەركەزلەشتى. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ «قورساق سوقۇشى» ئاخىرلاشمىدى. قارىغاندا، «كاتتا»لار ئارىسىدىكى زىددىيەت - توقۇنۇشلىرى ئىككى ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسىنى قايسى ئۇسلۇبتا ئىشلەشكە مەركەزلەشكەندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ چۆرىسىدە بىر مۇنچە تارىخىي زىددىيەتلەر گىرەلىشىپ كەتكەن. تىلنىڭ سۆڭىكى، دىلنىڭ ئۆلچىمى بولمىغاچقا، ئادەملەر بىر نۇقتىغا تىكىلسە قۇياشتىنمۇ ئېۋەن تاپقىلى بولىدىكەن. شۇڭا ئىلىم مەسىلىسىدىمۇ دېموكراتىيە بىلەن مەركەزلەشتۈرۈش تەڭ ئورۇنغا ئىگە بولمىقى زۆرۈر ئىكەن.

ئىككى ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە يەشمىسىنى ئىشلەش خىزمىتى جىددىي داۋاملىشىۋاتقان 1983 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، ئىمىنوف ھامىت رىياسەتچىلىكىدە ھۆكۈمەتنىڭ يىغىن زالىدا بىر باسقۇچلۇق خىزمەتنى خۇلاسە قىلىش يىغىنى ئېچىلدى. بۇ يىغىنغا ئۈرۈمچىدىكى نوپۇسلۇق زىيالىلار، ئىككى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇللىرى. بۇ خىزمەتكە ئالاقىدار بىر قىسىم رەھبەرلەر بولۇپ، 30 ئەتراپىدا كىشى قاتناشتى. ئىمىنوف ھامىت ئالدى بىلەن بۈگۈنكى يىغىنىنىڭ مەقسىتى ۋە كۈنتەرتىپىنى ئۇقتۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ نەزمىي يەشمىسىنى ئىشلەش گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى مەتتىمىن يۇسۇپ ئاكا بۇ گۇرۇپپىنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى، دۇچ كېلىۋاتقان بەزى قىيىنچىلىقلارنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى ھەمدە نەسرىي يەشمىسىنى ئىشلەشكە يەنە بىر گۇرۇپپا تەشكىللەش ھەققىدە تەكلىپ بەردى. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسىنى ئىشلەش

قالمايلى. ئىلمىي جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى سەممىيلىك بىلەن كېڭىشىپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا ھەل قىلايلى. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن بىر غەزەلىدە مۇنداق يازغان ئىكەن. مەن ئۇنىڭدىن تۆت مىسراسىنى ئوقۇپ بېرەي:

*مۇراد باغى باراقساندۇر جاھاندا ھەق ـ ئادالەتتىن،*
*يامانىنى زىكرى قىلغانلار كۆرەلمەس مۇددىئاسىنى.*

*يۈرەر گۈلشەن ئارا قۇزغۇن تاقاپ تۇزنىڭ قاناتىنى،*
*بىراق تارىخ ئاڭا بەرگەن يەنە قۇزغۇن باھاسىنى.*

بۇ ھەممىمىزگە ئىبرەت بولسۇن. ئىشىنىمەنكى، خىزمەتلەر ئۆز ئوقىدا ماڭىدۇ. ئوقۇشماسلىقلار ھامان بىر كۈنى يېشىلىپ، ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل بولىدۇ.

مەن بۇگۈنكى يىغىندىن چوڭقۇر تەسىرلەندىم. شۇنى ھېس قىلدىمكى، قەيەردە ئىناقلىق بولسا، شۇ يەردە بەرىكەت ۋە ھىدايەت بولىدۇ. ئىناقلىقنى ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرگەن ئالىيجاناپ، پاك دىل ئادەملەر ئۇچۇن ئىستىقبال تولىمۇ پايانسىز بولۇپ، چىنار دەرىخى تۇسۇۋالغان ئاسماندىنمۇ كەڭ. قىممىتى گۆھەردىنمۇ باھالىق بولىدۇ. ئېخىمۇ مۇھىمى ئۇنىڭ قەلبى مېھىر ـ مۇھەببەتكە تولغان بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، رايونىمىزدىكى ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ جاپالىق ئەجرى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن بىر ـ ئىككى يىل ئىچىدىلا ئىككى ئەسىرنىڭ ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا پۈتۈپ، 1983 ـ يىلىدىن باشلاپ ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىندى. بۇ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مۆجىزە

— مېنىڭ سۆزۈم سەل چۇۋالچاق بولۇپ قاپتۇ. ئەمما مەندە ئۇنداق مەقسەت يوق.

— بۇ سۆزنى ھەممىمىز تەكرارلايمىز. ئەمما نەخ مەسىلىگە كەلگەندە كۆڭلىمىزدىكىنى ئاشكارىلايمىز. بۇ خىزمەتنىڭ يۆنىلىشىنى، پىرىنسىپ ۋە ئۆلچەملىرىنى سىز بىلەن بىرلىكتە بېكىتىپ قارارلاشتۇرغان. تېخى ئۈچ ئاي ئۆتمەي تۇرۇپ بۇ قارارغا نارازى بولسىڭىز. ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز كاچاتلىغان بولمامسىز؟ پارتىيىۋىلىك دەل مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە سىنىلىدۇ. ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر، مەن سەل كايىپ قالدىم، ئەپۇ قىلىڭلار. مېنىڭ تەكىتلەيدىغىنىم يەنىلا ئىچكى ئىتتىپاقلىق، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە زىچ ھەمكارلىشىپ، دۆلەت ۋە خەلق تاپشۇرغان بۇ شەرەپلىك خىزمەتنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن پۇختا ئىشلەش. زىيالىلار قاتلىمى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. زىيالىلار قوشۇنى ئىتتىپاقلاشمىسا، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئىتتىپاقلىقى زىيانغا ئۇچرايدۇ. شۇڭا مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سۆزىمىزگە ۋە ھەرىكىتىمىزگە مەسئۇل بولايلى. «ئالىم» دېگەن كەڭ قورساق، يىراقنى كۆرەر، پايدا - مەنپەئەتنى ئويلاشمايدىغان، كەمتەر ۋە ئالىيجاناپ بولۇشى كېرەك. پەقەت شۇ چاغدىلا ئۇلۇغ خەلقىمىز ۋە مىللىتىمىزگە يۈز كېلەلەيمىز. ئۇلارنىڭ قىممىتى بىزنىڭ قىممىتىمىز. بىزنىڭ تارىخىمىزدا تەپرىقىچىلىكتىن تارتقان ئاراپ - كۈلپەتلىرىمىز ئاز ئەمەس. تارىخىي تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلايلى. يەنە تەپرىقىچىلىك پەيدا قىلىپ «توپىلاڭدىن توغاچ ئوغۇرلاش» كويىدا بولۇۋاتقانلار ئەمدى كوچىدىن ئۆتكەن چاشقاندەك ئۇر - ئۇرغا قالىدۇ. ئاغىنىلەر، سىلەردىن پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ كۈتكەن ئۈمىدى ناھايىتى زور. چوڭ ئومۇملۇق ئالدىدا ئۆزىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇپ

خېلى ئارقىدا تۇرساقمۇ، لېكىن مىللىي روھنىڭ تۈرتكىسى ۋە ئىلھامى بىلەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمىز زور بولدى. مۇشۇ يىللار ئىچىدە ئىككى ئەسىر ھەققىدە ئون قېتىمدەك ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك، مەملىكەت ۋە خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئۇيۇشتۇرۇلدى. مەن بۇ ئىلمىي يىغىنلارنىڭ ھەممىسىگە قاتناشتىم. ئىلمىي يىغىن شۇ ساھەدىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى سورۇنى، ئىلمىي ئۇچۇرلارنى ئالماشتۇرۇشنىڭ پايدىلىق پۇرسىتى. مەن مۇھاكىمىلەرنىڭ ئىلھامى بىلەن ئىككى ئەسەر ھەققىدە 12 پارچە ئىلمىي ماقالە يازدىم ۋە بۇ ماقالىلەرنى قايتا رەتلەپ «ئىككى ئالىمنىڭ دىيالوگى» ناملىق ئەسەرنى تەييارلىدىم. بىزدە گەرچە «ئىككى ئەسەر» ھەققىدىكى تەتقىقات يولغا قويۇلغاندىن بۇيان يېزىلغان ماقالىلەر 300 پارچىدىن، مەخسۇس مونوگرافىك ئەسەر ئون نەچچە پارچىدىن ئاشسىمۇ، لېكىن بۇ تەتقىقاتلار گوياكى يىڭناغۇچقا ئوخشاش بېشى (مۇقەددىمىسى) چوڭ، بېلى (مەزمۇن قاتلىمى) ئىنچىكە، قۇيرۇقى (خاتىمىسى) مۇنجاما قەغەزدە نازۇك بولۇپ، جۇۋاز كالىسىدەك بىر ئۇقتا ئايلىنىۋاتاتتى. مەزمۇن تەكرارلىقى ۋە قۇرغاقلىقى تۇپەيلىدىن ئۇسسىغان يەرگە بارمايتتى. ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن يازغان «قۇتادغۇبىلىك خەزىنىسى» ۋە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى «تىل، تارىخ ۋە مەدەنىيەت يۈكسەك قۇرۇمى»نىڭ باشقانى شۈكرۈ خالۇك ئاكالىن تەرىپىدىن مەھمۇد كاشغەري تەۋەللۇتىنىڭ 1000 يىللىقىغا ئاتاپ يازغان «مىڭ يىل بۇرۇن، مىڭ يىل كېيىن مەھمۇد كاشغەري ۋە ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك›» ناملىق مۇنوگرافىيەسىگە ئوخشاش يىرىك تەتقىقاتلار ناھايىتى ئاز بولدى. دەرۋەقە، ھەر قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنلىرى بىزگە كەڭ ئىلمىي بوشلۇق ھازىرلاپ بەرگەن بولسىمۇ، پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتالمىدۇق.

خاراكتېرلىك نەتىجە ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئېلىمىزدە بۇ ئىككى ئەسەرنى مەركەز قىلغان چوڭ ئىلمىي يىغىنلار قايناپ كەتتى. 1984 - يىلى 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى شىنجاڭدا تۇنجى قېتىملىق «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە مەكتەپ كۇتۇپخانىسىنىڭ يىغىن زالىدا ئېچىلدى. بۇ يىغىنغا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار، تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مىللىي ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرىدىن باشقا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىمىنوف ھامىت، پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇسالام ئابباس، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ باشلىقى مەتتىمىن يۈسۈپ، ئاتاقلىق ئالىم ۋە يازغۇچىلاردىن ئىبراھىم مۇتىئىي، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئىمىن تۇرسۇن، ئەھمەد زىيائى، مىرسۇلتان ئوسمانوف، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، لىيۇ زىشاۋ، لىيۇ بىڭ، قەييۇم تۇردى، تېيىپجان ئېلىيوف، غازى ئەھمەد، مۇھەممەت زۇنۇن قاتارلىق 300 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

ئىككى ئەسەرنىڭ نەشردىن چىقىشى رايونىمىزدا قانات يېيىۋاتقان ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلۇققا، كۆپ خىللىققا، ئاممىۋىلىققا ۋە خاسلىققا ئىگە قىلدى. 1985 - يىلى رايونىمىزدا «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى. مەن بۇ جەمئىيەتنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە مۇئاۋىن باش كاتىپى بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن بىزدىمۇ مەخسۇسلاشقان «دىۋانشۇناسلىق» ۋە «قۇتادغۇبىلىكشۇناسلىق» ئىلمىي بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. بۇ ساھەدىكى تەتقىقات رايوندىن مەملىكەتكە، مەملىكەتتىن خەلقئاراغا يۈزلەندى. گەرچە ئىككى ئەسەر ھەققىدىكى تەتقىقات جەھەتتە بىز ياۋروپادىكى بىر قىسىم ئەللەردىن

يىغىنى بولدى. «قەشقەر يىغىنى»نى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومى بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى ئۇيۇشتۇرغان بولۇپ، كونكرېت خىزمەتلەرگە «جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى»، «جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىنستىتۇتى»، «مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى»، «ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى»، «قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە» قاتارلىق ئون ئورگان بىرلىشىپ رىياسەتچىلىك قىلدى. بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا مەملىكەت بويىچە 200گە يېقىن ھەر مىللەت ئالىم، مۇتەخەسسىسلىرى قاتناشتى. 120 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە يېزىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى نۇر بەكرى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى كۇرەش مەخسۇت، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ سېكرېتارى داگاڭ قاتارلىق كۆپلىگەن رەھبىرى يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى. مەن يىغىنىنىڭ ئاخىرىدا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ئۇيغۇرچە يەشمىسىنى ۋە خەنزۇچە تەرجىمىسىنى ئىشلەشكە ئالاھىدە كۆچ قوشقان 21 نەپەر كۆزگە كۆرۈنگەن مۇتەخەسسىسنى مۇكاپاتلاش ھەققىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارارىنى ئوقۇپ ئۆتتۇم.

2008 ـ يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق مۇھاكىمە يىغىنىنى مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى تۈرك تىلى جەمئىيىتى بىرلىكتە ئاچقان بولۇپ، جۇڭگو، تۈركىيە، گېرمانىيە، گوللاندىيە، ئەزەربەيجان قاتارلىق دۆلەتلەردىن 120 دىن ئارتۇق مۇتەخەسسىس قاتناشتى. 112 پارچە ئىلمى ماقالە ئوقۇلدى. يىغىن ئارىلىقىدا چەت ئەللىك بىر

زېھنىمىزنىڭ كۆپ قىسمى ئىككى ئالىمنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان يىللىرىنى دەلىللەشكە سەرپ ئېتىلىدى - يۇ، ئەمما ھازىرغىچە بىرلىككە كەلگەن ئورتاق قاراش شەكىللەنمىدى. گەرچە بۇ ئىككى ئالىمنىڭ ئۆزلۈكى ۋە كىملىكى شەك - شۈبھىسىز ھالدا ئۇيغۇر مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە تەۋە بولسىمۇ، بىز ئۇلارنى دۇنيا ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان «ئالىملار يىلى» ئىچىگە كىرگۈزۈشتە تەشەببۇسكار بولالمىدۇق. ئاخىرى بىزنىڭ كۆڭلىمىز ئۈچۈن تۈركىيە ھۆكۈمىتى «كەتمەن چېپىپ»، 2008 - يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مائارىپ، پەن ۋە مەدەنىيەت ئورگىنىغا «11 - ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك ئالىم مەھمۇد كاشغەريي تەۋەللۇتىنىڭ مىڭ يىللىق مۇناسىۋىتى بىلەن 2008 - يىلىنى ‹مەھمۇد كاشغەريي يىلى› قىلىش» توغرىسىدا دوكلات سۇندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ دوكلات تەستىق قىلىنىپ دۇنياغا تەسىرى چوڭ بولغان 67 دۇنياۋىي ئالىم قاتارىدا 2008 - يىلىنى «مەھمۇد كاشغەريي يىلى» دەپ ئېلان قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ خۇش خەۋەرنى تەنتەنە قىلىش يۈزىسىدىن ئېلىمىزدە ئۈچ قېتىم، تۈركىيەدە بەش قېتىم، قازاقىستاندا بىر قېتىم، ئۆزبېكىستاندا بىر قېتىم، ئەزەربەيجاندا بىر قېتىم خەلقئارالىق ياكى رايون خاراكتېرلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئېچىلدى. بۇ تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئىچىدە ئەڭ تەسىرلىك بولغىنى 2005 - يىلى 10 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە ئالىمنىڭ يۇرتى قەشقەردە ئېچىلغان «مەھمۇد كاشغەريي تەۋەللۇتىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»، 2008 - يىلى 11 - ئاينىڭ 24 - كۈندىن 28 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئېچىلغان خەلقئارالىق خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە 2008 - يىلى 18 - دېكابىردىن 21 - دېكابىرغىچە قازاقىستاننىڭ ئالماتا شەھىرىدە ئېچىلغان خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە

شىركىتىنىڭ ئايروپىلانى ئالمۇتا ئايرودورومىغا قونۇش بىلەن تەڭ ئايرپورت زالىدا بىزنى كۈتۈپ تۇرغان قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ رەئىسى ئەخمەتجان بەكرەم ئوغلى شاردىنوۋ، ئالمۇتا ئوبلاستلىق ئۇيغۇر مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى پەرھات تېيىپ ئوغلى ھاسانوۋ، «مەركەز» قارمىقىدىكى «ئالىملار كېڭەشى»نىڭ رەئىسى گېئولوگىيە - مىنېرالوگىيە پەنلىرىنىڭ ئاكادېمىكى پروفېسسورى ئابدۇلئەزىز ئابدۇللايوۋ ھەمدە «مەركەز» يېنىدىكى ھەر قايسى كېڭەشلەرنىڭ باشلىقلىرى قاتارلىق نوپۇزلۇق مۆتىۋەرلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق. بىزنى قارشى ئېلىشقا چىققان سەپنىڭ ئالدىدا ئىككى خىزمەتچى قىز رۇسچە ۋە ئۇيغۇرچە «مەھمۇد كاشغەرىيگە 1000 يىل» دەپ ئالتۇن ھەل بىلەن پۈتۈلگەن پىلاكاتنى كۆتۈرىۋالغان ئىدى. بىز ئۇلارغا يامان ئەمەس، شۇڭا ھېچقانداق تەكۇللۇپ - تەسەنناسىز ئۇلارنىڭ قوينىغا سىڭىپ كەتتۇق.

بىز ساھىبخانلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرغان مېھمانسارايغا يۈرۈپ كەتتۇق.

— سىلەرنىڭ دىيارىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلىشىڭلار بىلەن تەڭ شەھىرىمىزگە تۇنجى قار ياغدى، — دېدى يول باشلىغۇچى ئەخمەتجان ئەپەندى سىرتتا لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قارنى كۆرسىتىپ.

— شۇنداق، بۇ ئەزىز مېھمانلىرىمىزنىڭ ئايىغى ياراشقانلىقىنىڭ بەلگىسى دېگىنە ئۇكا!، دەپ سۆز باشلىدى خۇشچاقچاق ئالىم ئابدۇلئەزىز ئەپەندى، — مەن بۇ يىل نويابىرنىڭ ئاخىرلىرى «مەركەز»نىڭ ھاۋالىسى بىلەن مەھمۇد كاشغەريي يۇبىلېيىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ئۈچۈن شىنجاڭغا سەپەر قىلغىنىمدا ئۈرۈمچى ئايرودرومىدىمۇ تۇنجى

قىسىم مۇتەخەسسىسلەر قەشقەرگە بېرىپ، ئوپال يېزىسىدىكى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەبرىگاھىنى زىيارەت قىلدى ۋە قەشقەر خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

2008 - يىلىنىڭ ئاخىرىقى كۈنلىرىدە قازاقىستاننىڭ مەدەنىيەت، ئىقتىساد ۋە ئىلىم - پەن مەركىزى بولغان ئالمۇتا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى بىلەن ئالمۇتا شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىرلىكتە تەشكىللىگەن بولۇپ، بۇ يىغىننىڭ تەنتەنىسى ھەممىمىزنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى.

مەن زىيارەت تەسىراتى يېزىشقا بەكمۇ قىزىقىپ كەتمەيتتىم. ئەمما «مەھمۇد كاشغەري يىلى»دا مەن شاھىد بولغان خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى ئىچىدە قازاقىستاندا ئۇيۇشتۇرۇلغان «مەھمۇد كاشغەرىينىڭ دۇنياۋى مەدەنىيەت مىراسقا قوشقان ئۆلۈشى» تېمىسىدىكى خەلقئارا ئىلمىي ئەنجۇمەنى مەندە ئۆزگىچە يېڭى تەسىرات قوزغىغاچقا، ھاسىلاتتىن تۇغۇلغان ھېسلىرىمنى ئوقۇرمەنلىرىم بىلەن ئورتاقلىشىش يولىنى تاللىدىم.

2008 - يىلى 18 - دېكابىردىن 21 - دېكابىرغىچە قازا- قىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىدە قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى بىلەن ئالمۇتا شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مەھمۇد كاشغەري ھەققىدە خەلقئارا ئىلمىي ئەنجۇمەنى ئېچىلدى. ساھىبخان تەرەپنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى يەتتە كىشىلىك ئىلمىي دېلىگاتسىيە تەشكىللەپ بۇ ئىلمىي پائالىيەتكە قاتنىشىشنى تەستىقلىدى. بىز پۇختا تەييارلىقلار ئاساسىدا 17 - دېكابىر چۈشتىن كېيىن ئالمۇتاغا يولۇپ كەتتۇق. بىز ئولتۇرغان جەنۇبىي جۇڭگو ئاۋئاتسىيە

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئائىت تىپىك ئاسار ئەتىقىلەر تىزىلغان. ئۇڭ تەرەپتىكى سۇنئىي ياسالغان بىر تۈپ ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئاستىغا كىچىك سەھنە راسلانغان. سول تەرەپتىكى ئۈزۈم بارىڭىنىڭ ئاستىغا نەقىشلىك كارىۋات قويۇلۇپ، ئۈستىگە گىلەم ۋە ھەمزەك كۆرپە سېلىنغان. رېستورانىنىڭ ئىچى گوياكى بىر مەدەنىيەت مۇزېيىغا ئوخشايدۇ. بىز ساھىبخانىنىڭ تەكلىپى بىلەن رېستورانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان چوڭ شىرەنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالدۇق. بۇ تاماق سورۇنىدا بىزدىن باشقا يەنە تۈركىيە، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن ۋەكىللەرمۇ بار ئىكەن. بىر تەرەپتىن تاماقلانغاچ ئۆزئارا تونۇشتۇرۇش - تونۇشۇشلار باشلاندى. تەكلىپكە بىنائەن جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئابلىز ئابدۇرېھىم ئەپەندى ئۆمەك تەركىبىدىكى ئەزالىرىنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇردى.

— بۇ كىشىنىڭ ئىسمى شياۋ جۇڭيى، مىللىتى خەنزۇ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ تەتقىقاتچىسى، ئۇ بۇۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئۆلمەس ئەسىرىنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغۇچىلارنىڭ بىرى. ئابلىز ئەپەندىنىڭ تونۇشتۇرۇشى تۈگىمەي تۇرۇپ، ھەممەيلەن گۈلدىراس ئالقىش ياڭراتتى. شىرە ئەتراپىدىكىلەر ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇشۇپ شياۋ جۇڭيى ئەپەندىنى قۇچاقلاپ چوڭقۇر ھۆرمەت - ئىكرام بىلدۈرۈشتى.

— مۇقەددەس «دىۋان»نى بۈيۈك ئالىمىمىزنى بىر مىلياردتىن ئارتۇق خەنزۇ قېرىنداشلارغا تونۇتۇپ تولىمۇ ساۋاپلىق ئىش قىپسىز...

— تارىم سۈيىنى خۇاڭخې ئېقىنىغا باشلاپسىز...

— ئىلىم دۇنياسىدا ئۆنتۈلماس تۆھپە يارىتىپسىز!

قار ياغقان ئىكەن. مانا بۇگۇن سىلەرگىمۇ تەبىئەت ئاق يول تىلىدى. بۇنداق ئوخشاشلىقنى ئاللاھنىڭ نېمىتى، بۇۋىمىز مەھمۇدنىڭ كارامىتى، دېيىش كېرەك.

— ئۇلۇغلىرىمىزنى ئەسلەش يولىدا بېسىلغان قەدەملەر هامان خەيرلىك، ساخاۋەتلىك بولىدۇ-دە، — دېدىم مەنمۇ سۆز قىستۇرۇپ.

قىزغىن بەھسلەر ئىچىدە مېھمانسارايغا يېتىپ كەلدۇق.

ھەر بىرىمىزگە يىغىننىڭ كونتېرتىپلىرى، ئۈچ كۈنلۈك (18 - دېكابىردىن 21 - دېكابىرغىچە) كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇشلارنىڭ قوللانمىسى، مۇھاكىمىدە ئوقۇلىدىغان ماقالىلەرنىڭ تىزىمىسى، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ پورترېتى چۈشۈرۈلگەن خاتىرە ئىزنىكى، بويۇنغا ئېسىۋالىدىغان ۋەكىللىك يىغىن سالاھىيەتنامىسى ھەمدە «مەھمۇد كاشغەري يىلى»غا بېغىشلاپ چىقىرىلغان ئىلمىي ئەسەرلەر ۋە مەخسۇس ژۇرنال - گېزىتلەر تارقىتىپ بېرىلدى. بىرەر سائەتتىن كېيىن بىزنى كەچلىك تاماق ئۈچۈن بەلگىلەنگەن رېستورانغا ئېلىپ باردى.

2000 - يىلىنىڭ بېشىدا ئالمۇتىدا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئېچىلغان پەقەت بىرلا رېستوران بار ئىدى. ھازىر كۆپىيىپ 17گە يېتىپتۇ. بۇ رېستورانلار ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن ناھايىتى پاكىز ۋە رەتلىك بولۇپ، مېھمانلار ئازادىلىك ھېس قىلىدىكەن. مۇلازىملار سىلىق - سىپايە ۋە مەدەنىي بولۇپ، مۇلازىمەت جەھەتتە بىزدىكى بەش يۇلتۇزلۇق رېستورانلارنىڭ مۇلازىمىتىدىن قېلىشمايدىكەن. قىسقىسى، ئالمۇتادىكى بۇ ئۇيغۇر رېستورانلىرى قويۇق مەدەنىيەت پۇرىقىغا ئىگە ئىكەن. بىزنى تاماققا تەكلىپ قىلغان بۇ «قەشقەر» رېستورانى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئىچى ئۇيغۇرلارنىڭ ھويلا - ئارام قورۇلمىسى شەكلىدە بېزەلگەن بولۇپ، تامدىكى تاكچىلارغا

18 - دېكابىر سائەت ئىككىدە قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ زالىدا داغدۇغىلىق ئالقىش سادالىرى ئىچىدە بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىي تەۋەللۇتىنىڭ 1000 يىللىقىغا ئاتالغان خەلقئارا ئىلمىي يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا چەت ئەللەردىن كەلگەن ۋەكىللەردىن باشقا، ئالمۇتا شەھىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك باشلىقلىرى، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ نوپۇزلۇق ئىلمىي خادىملىرى، ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، ھەر قايسى ئۇيغۇر رايونلىرىنىڭ مۆتىۋەرلىرى قاتارلىق 500 دىن ئارتۇق ھەر ساھە ئەربابلىرى قاتناشتى. يىغىن سەھنىسىگە ئاتاقلىق رەسسام غازى ئەھمەد ئاكا سىزغان مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ھەيۋەتلىك پورترېتى ۋە بۇ مۇبارەك بوۋىمىز تەرىپىدىن سىزىلغان دۇنيانىڭ تۇنجى خەرىتىسى چوڭايتىپ چۈشۈرۈلگەن ھاۋارەڭ پىلاكات ئېسىلغان. پىلاكاتنىڭ ئۈستىنكى ئىككى بۇرجىكىگە كونۇس شەكلىدە «مەھمۇد كاشغەرىيگە 1000 يىل» دەپ رۇسچە ۋە ئۇيغۇرچە خەت ئويۇلغان. سەھنىنىڭ ئالدى ۋە يان تەرەپلىرىگە رەڭمۇرەڭ گۈللەر تىزىلغان. رەنلىك كېيىنگەن يىغىن ئەھلىنىڭ ھەممىسى مەيدىسىگە مەھمۇد كاشغەرىي پورترېتى چۈشۈرۈلگەن يىغىننىڭ خاتىرە ئىزنىكىنى تاقىغان. بەزىلەرنىڭ قوللىرىدا گۈلدەستىلەر، بەزىلەرنىڭ قوللىرىدا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ رەسىمى... قىسقىسى، زالنىڭ ئىچى كىشىنى تەسىرلەندۈرگىدەك دەرىجىدە قاينام تاشقىنلىققا تولغان ئىدى.

يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئالمۇتا شەھىرىنىڭ ئورۇنباسار باشلىقى (قازاق) رىياسەتچىلىك قىلدى. جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى ئالىملار كېڭىشىنىڭ باشلىقى ئابدۇلئەزىز ئۆمەرۇف رۇس تىلىدا ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى.

چەت ئەللەردىن كەلگەن ئالىملارغا ۋاكالىتەن جۇڭگو

ئۇلار شياۋ جۇگىي ئەپەندىنى ئەنە شۇنداق يۇقىرى سۈپەت بىلەن تەرىپلەشتى. مەن بۇ ئالقىش سادالىرىنى ئەمەلىيەتتە جۇڭگولۇقلارغا بولغان ئىززەت ـ ھۆرمىتى دەپ چۈشەندىم.

— بۇگۈندىن باشلاپ ئىسمىڭىز شياۋۇدون ئەپەندى بولسۇن، — دېدى ساھىبخان ھەممىمىزنى يەنە بىر قېتىم كۈلدۈرۈپ.

ئۆزئارا تونۇشۇشتىن كېيىن نۆۋەت بىلەن تۆس (بىرچە قەدەھ سۆزى) باشلاندى. مېھماندارچىلىق، زىياپەت ۋە باشقا جامائەت سورۇنلىرىدا تۆس سۆزلەش ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇملىدىن قازاقىستان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان بىر ئەنئەنىۋى ئادەت ئىكەن. ئۇلارنىڭ تۆس دېگىنى يۇقىرىقىدەك سورۇنلاردا مۆتىۋەرلەردىن باشلاپ سۆزلىنىدىغان قەدەھ سۆزى بولۇپ، ئۇنىڭدا شۇ كىشىنىڭ تەسىراتلىرى، ئىجتىمائىي مەۋقەلىرى، شەخس ۋە جەمئىيەت ھاياتىدىكى ئىجابىي ئىش ـ ئىزلار تەسىرلىك نوتۇق ئارقىلىق سۆزلىنىپ، باشقىلارغا ئىلھام بەخش ئاتا قىلىنىدىكەن. مېنىڭچە، تۆس ئادىتى بىر خىل مەدەنىيەت سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ نۇتۇق ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش، ئىنسانىي تۇيغۇنى قۇۋۋەتلەش، ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ياتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاكتىپ رول ئوينايدىغان بىر خىل ۋاستە ئىكەن. شۇڭا يېگىت بېشى:

— مەرھەمەت، سىزگە تۆس كەتتى. دېسىلا شۇ كىشى تۆسنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، قۇربىتىنىڭ يېتىشىچە ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرىدىكەن. بىزدىكى كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان «شاراپنامە»لەردىن كۆپ ئەۋزەل ئىكەن.

شۇنداق قىلىپ، بىرەسمىي ئىلمىي ئەنجۇمەن ئىچىدە بەھۇزۇر غىزالىنىپ ساھىبخانلار بىلەن ۋاقىتلىق خوشلاشتۇق.

* * *

ماقالىلەرنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ ۋە ئەتراپلىق بولۇپ، «دىۋان»نىڭ تارىخ، مەدەنىيەت، تىل، ئەدەبىيات، فولكلور، سوتسىئولوگىيە، توپونومىيە، ئېتنوگرافىيە، ئانتروپولوگىيە قاتارلىق ساھەلەردىكى قىممىتى ئىنچىلەنگەن.

ئەگەر بۇ قېتىمقى خەلقئارا ئەنجۇمەننىڭ ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى نېمە دېيىلسە، مېنىڭچە، ئۇنى تۆۋەندىكى ئىككى مۇھىم نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن. بىرى، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كىملىكى ۋە ئۆزلۈك نەسەپنامە مەسىلىسى. بۇ ھالقىلىق مەسىلە جۇڭگو ئىلىم ساھەسىدىكىلەر تەرىپىدىن ئىشەنچىلىك تارىخىي ۋە ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق يېشىلگەن ھەمدە ئورتاق ئېتىراپقا ئېرىشكەن نۇقتا بولسىمۇ، لېكىن خەلقئاراغا نىسبەتەن تېخى سوئال بەلگىسى ئىچىدىن چىقالمىغان يېشىلمىگەن تۈگۈن ئىدى. ھەتتا بىر كونكرېت شەخسكە كۆپلىگەن كىملىك تارقىتىلىپ، ئاخىرقى ھېسابتا تەۋەلىكى ئېنىق بولمىغان ئاققۇن ئىلاھىنىڭ سىيماسى گەۋدىلىنىپ قالغان ئىدى. مەھمۇد كاشغەريي ھەققىدىكى «ئورتاق كىملىك» قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى سەۋەبلەرنى مۇنداق ئىككى نۇقتىدىن چۈشىنىش مۇمكىن. بىرى، مەھمۇد كاشغەريي ئىلىمدا ھەقىقەتەن دۇنياۋى پەللە ياراتتى. ئۇنىڭ تۆھپىسى ئۆزلۈكتىن ھالقىپ، تار مەھكىمچىلىكنىڭ سىياسىي دەسمايىسى بولغان مىللەت ئۇقۇمىنىڭ چېگراسىدىن بۆسۈپ چىققان ئىدى. ئۇ پەقەت تۇغۇلغان يۇرتى «كاشغەر»نى فامىلە سۈپىتىدە قوللانغاندىن باشقا، ئۆز دەۋرىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ئۆزلۈك گېنىنى «تۈرك ئېتنىنومى»غا باغلاپ ئەينى زاماندىكى تۈركىي قەۋملەرنىڭ ھەممىسىنى بىر گەۋدە، دەپ چۈشەنگەن. شۇ ۋەجىدىن خەلقلەر تۈپى مىكرولاشقان بۈگۈنكى زامان ئېڭىدا ئالتۇن سەھىپىلىك بۇ ساھىپقىرانغا كىملىك بېرىدىغان ھەقدارلارنىڭ كۆپ بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال. يەنە

ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئابلىز ئابدۇرېھىم ئەپەندىن تەبرىكلەش سۆزى قىلدى. ئۇ سۆزىدە مەھمۇد كاشغەريي يىلى مۇناسىۋىتى بىلەن جۇڭگودا ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي پائالىيەتللەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، 2008 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى يېڭىدىن نەشر قىلغان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ئىككى توملۇق ئەڭ نوپۇزلۇق نۇسخىسىدىن ئۈچ يۈرۈشنى ساھىبخان دۆلەتكە تەقدىم قىلدى (بىر يۈرۈشنى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پىرېزىدېنتى نەزەر بايېۋقا، ئىككىنچى يۈرۈشنى قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق ئىنىستىتۇتىغا ، ئۈچىنچى يۈرۈشنى قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىگە سوۋغا قىلدى). يىغىن زالى گۈلدىراس ئالقىشقا تولدى. ئارقىدىن ئۇيغۇر تىياتىرى ۋە ئالمۇتادىكى باشقا سەنئەت ئۆمەكلىرى بىرلىشىپ تەييارلىغان ناخشا ـ مۇزىكا كېچىلىكى باشلاندى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئالەمشۇمۇل تۆھپىسىنى سەنئەت شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرگەن بۇ كېچىلىك ھەممىمىزدە ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇردى.

ئەتىسى (19 ـ دېكابىر) قازاقىستان رېسپۇبلىكىسى ئىلىم ـ پەن مىنىستىرلىكى ئىلمىي كومىتېتىنىڭ ر. د. سۇلايمانوف نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنىستىتۇتىنىڭ «ئالىملار ئۆيى»دە مەخسۇس لېكسىيەلەر بويىچە ئىلمىي مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. ئىلمىي مۇھاكىمىگە شەرقشۇناسلىق ئىنىستىتۇتىنىڭ دېرىكتورى م. ق. ئەبۇ سېيىتوۋا، جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ مۇدىرى ئەخمەتجان بەكرەم ئوغلى شاردىنوۋلار رىياسەتچىلىك قىلدى. خەلقئارا ئىلمىي يىغىنلارنىڭ قائىدىسى بويىچە ھەر بىرىمىزگە پەقەت ئون مىنۇت مۇھاكىمە ۋاقتى بېرىلگەن بولۇپ، بىر كۈنلۈك مۇھاكىمىدە 60 پارچىدىن كۆپرەك ئىلمىي ماقالە ئوقۇلدى.

ئىلمىي يىغىن ئۆتكۈزۈشتۇرسا، ئۇ يىغىننىڭ تەنتەنىسى پەقەت شۇ يىغىنغا تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىللەر دائىرىسى بىلەن چەكلىنەتتى. ناۋادا رادىئو - تېلېۋىزىيە، گېزىت - ژۇرناللاردا يىغىن ھەققىدە مەخسۇس ئاخبارات بېرىلسە، ئاندىن كەڭ جامائەت ئۇنىڭدىن خەۋەردار بولاتتى. لېكىن بۇ نۆۋەتلىك مەھمۇد كاشغەرىينى خاتىرىلەش پائالىيىتى بايرام تۈسىنى ئالغان ئالمۇتا شەھىرىنىڭ كۆرۈنەرلىك كوچا دوقمۇشلىرىغا، ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ دەرۋازىلىرىغا، رېستوران ۋە بىر قىسىم ماگىزىنلارنىڭ ئالدىغان «مەھمۇد كاشغەرىيگە 1000 يىل» دەپ يېزىلغان ئۆلچەملىك پىلاكاتلار ۋە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتى ئېسىلغان. ھەتتا بۇ سۈرەتلەر ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ سىنىپلىرى ھەمدە ئىشخانا، شەخس ئۆيلەرنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغان. جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى يىغىن مۇناسىۋىتى بىلەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ 1000 يىلىغا ئاتاپ مەخسۇس مەجمۇئەلەر، گېزىت - ژۇرناللار ۋە كىتابلارنى نەشر قىلدۇرۇپ كەڭ دائىرىدە تارقىتىپ، خەلق قەلبىدە بۇۋىمىز مەھمۇدقا بولغان چوڭقۇر سىغىنىش ۋە يۈكسەك ھۆرمەت تۇيغۇسىنى ئويغاتقان. شۇ كۈنلەردە ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى تېخىمۇ جانلىق ۋە تەسىرلىك بولۇپ، ھەممىمىزنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئىز قالدۇردى. يىغىننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 20 - دېكابىر قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى بويىچە نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ بىرى بولغان ئابدۇللا روزىباقىيوف نامىدىكى 153 - ئۇيغۇر گىمنازىيەسىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاتىرىلەش پائالىيىتىگە قاتناشتۇق. مەكتەپ قورۇسى ۋە ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا مەھمۇد كاشغەرىينى خاتىرىلەشكە بېغىشلانغان پىلاكاتلار ۋە رەسىملەر ئېسىلغان. بىنانىڭ ئالدىغان ئالىمنىڭ

بىرى 1981 ـ يىلى نوبېل ئالىملىرىمىزدىن ئىبراھىم مۇتىئىي، مىرسۇلتان ئوسمانوفلار باشچىلىقىدا مەھمۇدنىڭ يۇرتىدا ئېلىپ بېرىلغان كەڭ كۆلەملىك ۋە ئەتراپلىق تەكشۈرۈش تەھقىقلەش خىزمىتى جەريانىدا ئېرىشكەن ئىشەنچلىك دەلىل ـ ئىسپاتلار، تارىخىي ھۆججەتلەر ھەمدە يەكۈن خاراكتېرلىك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى قاتارلىق يېڭى ئۇچۇرلاردىن دۇنيا جامائەتچىلىكى تېخى تولۇق خەۋەر تاپمىغان. شۇڭا بەزى ئەللەر نەزىرىدىكى «ئورتاقلىق» مۇئەممانىسىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ.

«مەھمۇد كاشغەرىيگە مىڭ يىل» نامىدىكى بۇ قېتىملىق خەلقئارا كېڭىشىدە يىغىن ئەھلى نۇقتىلىق ھالدا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۆزلۈك نەسەبى ۋە كىملىكى ھەققىدە جانلىق پاكىتلار بىلەن كەڭ ـ كۇشادە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئالىمنىڭ مىللى كىملىكى — ئۇيغۇر، تۇغۇلغان يۇرتى — قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئوپال يېزىسى ئازىغ كەنتى، قەبرىگاھى — ھازىرغىچە ئوپال يېزىسى ئازىغ (ھازىرقى ئۆزگەرگەن نامى قۇمباغ) كەنتىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان «ھەزرىتى موللام» مازىرى ئىكەنلىكىدەك ئۈچ فورمىلالىق ھۆكۈم ئاساسى جەھەتتىن ئورتاق ئېتىراپقا ئېرىشىپ، دۇنياۋى پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلىندى ياكى شۇنداق پىكىر بىرلىكىگە ئىلمىي ئاساس يارىتىلدى. بۇنى يىغىننىڭ ئەڭ مۇھىم ئۇتۇقلىرىدىن بىرى دېيىشكە بولىدۇ.

يىغىننىڭ ئىككىنچى چوڭ مۇۋەپپىقىتى، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئەڭ كەڭ ئاممىۋىلىقا ۋە ئومۇمىيلىققا ئىگە بولغانلىقىدا ھەمدە مەھمۇد كاشغەري ئوبرازىنىڭ ئىلىم مۇنبىرىدىن ھەر بىر ئائىلىلەرگىچە، مەدەنىيەت، مائارىپ ساھەسىدىن جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىغىچە چوڭقۇر سىڭىپ كىرگەنلىكىدە ئىپادىلەندى. كۆپ ھاللاردا بىرەر

ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش نىشانلانغان «تەلەي يۇلتۇزى» پىروگراممىسىدىنمۇ بىزدىكى بۇ ئاجىزلىق ھېس قىلىنىدۇ. كېيىن بىلدىمكى، بۇ گىمنازىيەنىڭ ئوقۇتۇش پىروگراممىسى ۋە تەربىيەلەش نىشانى ئىچىدە پېداگوگىكىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى سۈپىتىدە «نۇتۇقشۇناسلىق» دەرسىنى تەسىس قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەدەنىيەتلىك سۆزلەش ماھارىتىنى شەكىللەندۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىكەن. («نۇتۇقشۇناسلىق» دەرسى تولۇقسىز ئوتتۇرا 1 - يىللىقىدىن باشلىنىدىكەن) بىز ئاخىرىدا مەكتەپ زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەھمۇد كاشغەرىينى خاتىرىلەش پائالىيىتىگە قاتناشتۇق. بۇ پائالىيەت ناھايىتى جانلىق ۋە رەڭدار بولۇپ، ئازادە بېزەلگەن سەھنىدە بىر توپ بالا «ئارتىس»لار مەھمۇد كاشغەرىيگە بېغىشلانغان ئومۇمخور ئوقۇغاندىن كېيىن شېئىر دېكلىماتسىيە، نەسر، ئۇسسۇللۇق لەپەر، ئىتوت، بالىلار دراممىسى قاتارلىق سەنئەت نومۇرلىرىنى قىزىقارلىق ۋە تەسىرلىك ئورۇنداپ ھەممىمىزنى چوڭقۇر ھاياجانلاندۇردى. بولۇپمۇ مەھمۇد كاشغەريي ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا باغداتتىن تۇغۇلغان يۇرتى ئوپالغا قايتىپ كېلىپ قۇرغان «مەھمۇدىيە مەدرىسى»دىكى ئالىمنىڭ مۇدەررىسلىك ھاياتىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان دراما تىياتىرى ناھايىتى ئوبرازلىق ۋە مەنىلىك بولۇپ، بالىلار ياراتقان مەھمۇد كاشغەرىينىڭ نۇرلۇق سىماسى ھازىرغىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. بۇنداق داغدۇغىلىق تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى باشقا ئۇيغۇر مەكتەپلىرى ۋە ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ناھىيە - رايونلاردىمۇ بىرلا ۋاقىتتا ئۇيۇشتۇرۇلغان. ئاخىرىدا مەكتەپ مۇدىرى بىزنى ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىرلىكتە چۈشلۈك غىزالىنىشقا تەكلىپ قىلدى. بىز بىر تەرەپتىن غىزالانغاچ، مەزكۇر مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان فىلىمنى كۆردۇق. ئا.

مىس ھەيكىلى ئورنىتىلغان. بىز ئالدى بىلەن مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ھەمراھلىقىدە «مىراسگاھ» دەپ ئاتالغان مەكتەپ مۇزېيى، كۇتۇپخانا، ھۈنەر ـ سەنئەت مەركىزى، ئېلېكترونلۇق پوتېخنىكا مەركىزى، تەنتەربىيە چېنىقىش مەركىزى قاتارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىككىنچى دەرسخانا پائالىيەت ئۆيلىرىنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، دەرسخانىلارغا كىرىپ ئوقۇغۇچىلار بىلەن سالاملاشتۇق. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ فورمىسىدا پاكىز ۋە رەتلىك كېيىنگەن، چىرايىدىن جۇشقۇن روھ، جاسارەت ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن بىز ئوقۇغۇچىلاردىن خالىغانچە سوئال سوراشقا باشلىدۇق. مەن ئىككىنچى پارتىدا ئولتۇرغان ئون ئۈچ ـ ئون تۆت ياش چامىسىدىكى قىزچاقتىن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە سۆزلەپ بېرىشنى ئۆتۈندۈم. ئەدەب بىلەن ئورنىدىن تۇرغان بۇ قىز ناھايىتى تەمكىنلىك ۋە سالماقلىق بىلەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تۇغۇلغان يىلى، يۇرتى، ۋاپات بولغان يىلى، ئۇنىڭ قەبرىگاھى، تۆھپىسى... قاتارلىق مۇھىم ھالقىلارنى يىپقا تىزغان مارجاندەك يەتتە مىنۇت سۆزلىدى. قىزنىڭ نۇتقى ناھايىتى پاكىز، لوگىكىلىق ئىدى. ھەممىمىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ نۇتۇق ئىقتىدارىغا ۋە ئۇنىۋېرسال بىلىم قۇرۇلمىسىغا قايىل بولدۇق. شۇ ئاندا بىر ئىش خىيالىمدىن كەچتى. بىزنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئىشلەيدىغان بىر ياش ئوقۇتقۇچى ھازىرقى ستۇدېنتلارنىڭ نۇتۇق ئىقتىدارىنىڭ كۆنسېرى ناچارلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئېچىنىپ مۇنداق دېگەن ئىدى:

— ئاخىرى دەرسخانىدا سوئالىمغا تۇزۇكرەك جاۋاب ئالالماي، كىمكى كىتابقا قارىماي خالىغان مەزمۇندا بەش مىنۇت نۇتۇق سۆزلەپ بەرسە تولۇق نومۇر بېرىمەن، دېسەم، بىرەر ئوقۇغۇچىمۇ يۈرەكلىك ئورنىدىن تۇرغىلى چىقالمىدى.

دەرۋەقە، ئۇنىۋېرسال بىلىم قۇرۇلمىسى بىلەن نۇتۇق

سۈپىتىدە مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ بىر تۈتاش باشقۇرۇشىدا ئۈچ قاتلاملىق (باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مائارىپ) دەرسلىك تۈزۈش مۇتەخەسسىسلەر كوللېگىيەسى تەسىس قىلىنىپ، بۇ خىزمەتنى مۇنتىزىملاشتۇرغان ۋە قېلىپلاشتۇرغان. سوۋېتلەر ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىنمۇ ئۇزاق مۇددەت سىناقتىن ئۆتكەن ۋە ئەمەلىي ئۈنۈم بەرگەن بۇ مائارىپ قۇرۇلۇشىنىڭ تۈزۈلمىسى بۇزۇلماي كەلگەن. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدىمۇ ئاشۇ ئەنئەنە داۋاملاشتۇرۇلۇپ، ھەر قايسى كەسىپ مۇتەخەسسىسلىرىدىن تەركىپ تاپقان دەرسلىك تۈزۈش كوللېگىيەسى ئۆزىنىڭ مۇقىم ئورگانلىق سالاھىيىتىنى يوقاتمىغان. ھازىر قازاقىستان مائارىپ مىنىستىرلىكى باشقۇرۇشىدىكى دۆلەتلىك دەرسلىك تۈزۈش كوللېگىيەسى تەركىپىدە ئۇيغۇر تىلىدا دەرسلىك تۈزىدىغان مەخسۇس كومىتېت بار. مائارىپ ساھەسىدە بۇ كوللېگىيەنىڭ نوپۇزى يۇقىرى بولۇپ، ئۇلار ناھايىتى ئەستايىدىل ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن تۆت يىلدا بىر قېتىم دەرسلىك مەزمۇنىنى يېڭىلاپ، ئوبيېكتىنىڭ پسىخولوگىيەلىك ۋە فىزئولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكىگە ماس ھالدىكى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي بىلىش قىممىتىگە ئىگە دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ دۆلەتلىك دەرسلىك تۈزۈش كوللېگىيەسىنىڭ قايتا تەكشۈرۈۋو بېكىتىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەڭ يۇقىرى سۈپەت ئۆلچىمىدە بىر تۈتاش نەشر قىلىنىدىكەن. ھەر بىر ئوقۇغۇچى دەرسلىك قوللانمىدىن ھەقسىز بەھرىمەن بولىدىكەن. بىر دەرسلىك ئۇدا تۆت يىل ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدىغان بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلار دەرسلىكنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ، پاكىز ساقلايدىكەن. بۇ ئارقىلىق ھەم مالىيە ئىسراپچىلىقىنىڭ ئالدى ئېلىنىدىكەن ھەم دەرسلىكنىڭ ئەمەلىي قوللىنىشچانلىق ئىقتىدارى ئۆسىدىكەن. دەرسلىكلەرنىڭ سۈپەت ئۆلچىمىگە بەكمۇ ئەھمىيەت

روزبايىوف نامىدىكى بۇ گىمنازىيە ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدىغان سەككىز يىللىق ئوقۇتۇش تۈزۈمىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ (تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا بىرلىكتە) بولۇپ، 1967 - يىلى ئىسمى رىۋايەتكە ئايلانغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى، سوۋېت كومپارتىيەسىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان ئابدۇللا روزباقىيوفنىڭ نامى بېرىلگەن. بۇ گىمنازىيەدە ھازىر 79 ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە 73 نەپىرى ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەن ئالىي مەلۇماتلىق، ئالتە نەپىرى مەخسۇس كۇرس مەلۇماتىدىكى مۇتەخەسسىسلەردىن ئىبارەت. گىمنازىيەنىڭ ئىلمىي ئىشلىرىغا پېداگوگىكىلىق پەن دوكتورلىرى يېتەكچىلىك قىلىدىكەن. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ئىچىدە تۆت كىشى قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىك مائارىپ نەمۇنىچىسى، بىر نەپىرى قازاقىستان رەسساملار ئاكادېمىيەسىنىڭ ئەزاسى، تۆت نەپىرى دۆلەتلىك سىپرت چىمپىيونى ئىكەن. ئومۇمەن ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ناھايىتى سەرخىل، ئىقتىدارلىق، ھەممىسى قوش تىللىق بولۇپ بارلىقىنى مائارىپقا ئاتىغانلار ئىكەن. مېنى ھەممىدىن كۈچلۈك جەلپ قىلغىنى ئۇلارنىڭ دەرسلىك قوللانمىلىرى بىلەن قوش تىللىق مائارىپ نەتىجىلىرى بولدى. ئەسلىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن مائارىپقا ناھايىتى يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، پېداگوگىكا قانۇنىيەتلىرى بويىچە مائارىپنى تەرتىپكە سېلىش ۋە گۈللەندۈرۈشنىڭ بىرىنچى ئامىل قۇرۇلۇشى بولغاچقا، ھەر قايسى پەنلەرنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى بويىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۈزۈكسىز ئۆرلىشىگە ھەقىقىي ياردەم بېرەلەيدىغان نىسپى مۇقىملىققا ئىگە دەرسلىك قورالى ئىشلەشنى گوياكى «مەنىۋى ئاتوم بومبا» ياساش يۈكسەكلىكىدە تونۇپ، بۇ ساھەگە ئەڭ ئىقتىدارلىق پېداگوگلارنى جەلپ قىلغان ۋە ئۇنىڭ چارە - تەدبىرى

بىلەن ئاتا ـ ئانىلاردا پەرزەنتلىرىنى ئانا تىلدا ئوقۇتۇشتىن ئەنسىرىمەيدىغان كەيپىيات شەكىللەنگەن. بۇ رېئاللىق قوش تىل مائارىپى ھېچقانداق ئانا تىلنى چەتكە قاقمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. مېنىڭچە، قوش تىل مائارىپىنىڭ ئەۋزەللىكىنى يىراق كەلگۈسى مەنپەئەت يۈكسەكلىكىدە چوڭقۇر تونۇپ، قوش تىل ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك مۇناسىۋەتنى ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى بويىچە توغرا ھەل قىلىنغاندىلا، قوش تىل مائارىپى ئۆزىنىڭ كۆزلىگەن نىشانىغا يېتىدۇ ۋە يېتەلەيدۇ. قوش تىل يالغۇز بىر تىلنىڭ جەڭگاھى بولۇپ قېلىشتەك ئېغىشلاردىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

## «پورباجىن رېستورانى»دىكى سۆھبەت

«مەھمۇد كاشغەرىيگە 1000 يىل» تېمىسىدىكى ئالمۇتا خەلقئارا يىغىنىنىڭ كۈنتەرتىپىگە ئاساسەن، يىغىنىنىڭ 3 ـ كۈنى (21 ـ دېكابىر) چۈشتىن بۇرۇن، يىغىن تەشكىللاتچىلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا بىز پورباجىن رېستورانىغا كەلدۇق. بۇ رېستوران يېڭى قۇرۇلغان بولۇپ، بىز ئۇنىڭ تۇنجى مېھمىنى ئىكەنمىز. مەھمۇد كاشغەرىي تەۋەللۇتىنىڭ 1000 يىللىقىغا سوۋغا سۈپىتىدە يېڭىدىن قەد كۆتۈرگەن بۇ ئۇيغۇر رېستورانى قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى جەھەتتە دۇنيا ئارخېئولوگىيە ساھەسىنى زىلزىلىگە سالغان پورباجىن قەلئەسى (سوقما تام قورغىنى)نىڭ 2007 ـ يىلى رۇسىيە ئارخېئولوگىيە ئەترىتى تەرىپىدىن سىزىلغان مودېلىغا تەقلىد قىلىنغان ئىكەن. رېستوران زالىنىڭ تاملىرىغا پورباجىن قەلئەسى ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈش، بۇ قەلئەنىڭ بايقىلىشىدىن تاكى ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش جەريانلىرىنىڭ ھۆججەتلىك رەسىم خاتىرىلىرى، قېدىرىپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە تېپىلغان ھەر خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ

بىرلىگەچكە، ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى نوپۇزىمۇ يۇقىرى ئىكەن. مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى بار بۇ گىمنازىيە ئالمۇتىدىكى باشقا ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتەپلىرىگە ئوخشاش كەسپتە ئانا تىل (ئۇيغۇر تىلى)نى ئاساس قىلىپ، قوش تىللىق مائارىپ يۆنىلىشىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرغان. قازاقىستان كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ، ئۇنىڭدا 137 مىللەت ياشايدۇ. گەرچە، سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن قازاق تىلى قازاقىستاننىڭ دۆلەت تىلى قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ھۆكۈمەت خىزمىتى ۋە خەلقئارا دىپلوماتىيە ئىشلىرى رۇس تىلى ئارقىلىق يۈرگۈزۈلىدۇ. شۇڭا ئالىي مائارىپتا قازاق تىلى بىلەن رۇس تىلى ئاساس قىلىنغان. نوپۇسى بىر قەدەر كۆپ، ھەمدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر (جۈملىدىن ئۇيغۇر) باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مائارىپنى ئۆز ئانا تىلىدا ئېلىپ بېرىشقا ئىمكانىيەت بېرىلگەن. ئەمما ئۇلارنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆرلەپ ئوقۇش ۋە خىزمەت قىلىش ئېھتىياجى ئۈچۈن قازاق تىلى بىلەن رۇس تىلى ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش شەرت قىلىنغان (قازاقىستاندا ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش ئۈچۈن كەسىپ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ قازاقچە ياكى رۇسچە بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىنىدۇ). مۇشۇ ئەمەلىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە قوش تىل مائارىپى پېداگوگىكىلىق ئۆلچەم - پرىنسىپلار بويىچە ناھايىتى چىڭ تۇتۇلۇپ، قوش تىللار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلىك ئامىللار ياخشى ھەل قىلىنغان. بىز زىيارەت قىلغان ئۇيغۇر گىمنازىيەسىدە ئىزچىل ھالدا ھەپتىدە ئالتە سائەتتىن رۇس تىلى ۋە قازاق تىلى دەرسى تەسىس قىلىنغان ھەمدە بۇ دەرسلەرنىڭ سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنغاچقا، بۇ مىللىي تىل - يېزىق ئاساس قىلىنغان مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 2008 - يىلىدىكى ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈش نىسبىتى 72% گە يەتكەن. شۇنىڭ

قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ رۇس تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان «ئاخبارات» ناملىق ئورگا ژۇرنىلىنىڭ 2007 - يىللىق 4 - سانىدا رۇسىيە فېدېراتسىيەسى تۇۋا (ئەسلىي توبا) جۇمھۇرىيىتىدىكى تېرىخول (تۆبە - خال) كۆلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇزلۇق ئارالدا بۇنىڭدىن 1300 يىل ئىلگىرى قۇرۇلغان ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ 2 - قاغانى مويۇنچۇرنىڭ يازلىق دەم ئېلىش قەلئەسىنىڭ تېپىلغانلىقى ھەققىدە تۇنجى خەۋەر بېرىلگەندىن باشلاپ، قازاقىستاننىڭ ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقا - ئارقىدىن بۇ ھەقتە خەۋەر تارقاتقان ھەمدە نۇرغۇن ئەمەلىي تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ، ھەممە كىشىدە پورباجىن قىزغىنلىقىنى قوزغىغان.

2008 - يىلىنىڭ بېشىدا قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى رۇسىيە پەۋقۇلئاددە ۋەزىيەتلەر مىنىستىرى سېرگېي شايگۇغا مەخسۇس دوكلات يوللاپ، ئۆزلىرىنىڭ رۇسىيە ئالىملىرى بىلەن بىرلىكتە مەزكۇر قورغان ھەققىدە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىلمىي ئېكسپېدىتسىيە ۋە تەتقىقات ئىشلىرىغا قاتنىشىش تەلىپىنى بىلدۈرگەن. تۇۋا مىللىتىدىن بولغان مىنىستىر س. شايگۇ پورباجىن قەلئەسىنى تەكشۈرۈش ۋە قوغداش خىزمىتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تەشەببۇسكارى بولۇپ، 2007 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا رۇسىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ باش مىنىستىرى م. ئې. فرادكوۋنىڭ ئىمزاسى بىلەن چىقىرىلغان ھۆكۈمەت بۇيرۇقىغا ئاساسەن مىنىستىر شايگو پورباجىن قەلئەسىنى تەكشۈرۈش، قوغداش يۈزىسىدىن قۇرۇلغان دۆلەتلىك مەخسۇس كومىسسىيەنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن. س. شايگو ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ تەلىپىنى قوبۇل كۆرۈپ، ئۇلار بىلەن 2008 - يىلىنىڭ 20 - فېۋرال كۈنى موسكوۋا شەھىرىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە كېلىشكەن.

فوتو چەكمىسى، قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ پورباجىن قەلئەسىدە ئېلىپ بارغان ئىلمىي تەكشۈرۈش جەريانلىرى ۋە بۇ ھەقتىكى ئىلمىي ئۇچۇرلار رەسىم جازىسىغا ئېلىپ ئېسىلغان. بۇ ئىخچام كۆرۈنۈشلەر مەزكۇر رېستوراننىڭ ئەمەلىيەتتە پورباجىن قەلئەسىگە بېغىشلانغان بىر كىچىك مۇزېيى ئىكەنلىكىدەك ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن. 2007 - يىلى رۇسىيە ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق پورباجىن — سوقما تام قەلئەسى ھەققىدىكى خەۋەر دۇنياغا جاكارلانغاندىن كېيىن پورباجىن دۇنيا ئارخېئولوگىيەسىدىكى قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى. شىنخۇا ئاگېنتلىقى بۇ خەۋەرنى ئېلىمىزگە تارقاتقاندىن كېيىن، شىنجاڭدىمۇ ئىلگىرى - كېيىن ئۈچ پارچە («شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 2007 - يىلى 11 - ئۆكتەبىردىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان چىن شۆشۇن ئەپەندىنىڭ «رۇسىيە پورباجىن قەدىمكى ئۇيغۇر قەلئەسىنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرمەكتە» دېگەن ماقالىسى، ئارقىدىن «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»دە ئېلان قىلىنان رەخمجان ھالىمنىڭ خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان «رۇسىيەدىكى ئۇيغۇرلار سالغان يازلىق قەلئە — پورباجىن» دېگەن ماقالىسى، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2008 - يىللىق 5 - سانىدا ئېلان قىلىنغان يالقۇن روزى ئەپەندىنىڭ «لايدىن ياسالغان قەلئەنىڭ سىرى» ناملىق ماقالىسى) ماقالە ئېلان قىلىنىپ، رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۇ كاتتا بايقاشتىن خەۋەردار قىلغان ئىدى. بولۇپمۇ يالقۇن روزىنىڭ ماقالىسىدا پورباجىن قەلئەسىنىڭ تىكلىنىشىدىكى تارىخى ئارقا كۆرۈنۈش ئەتراپلىق يېشىپ بېرىلگەن بولۇپ، مۇئەييەن پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. ۋاھالەنكى، كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان ۋە ئىپتىخارلاندۇرىدىغان بۇ مۆجىزىلىك ۋەقەدىن نۇرغۇن كىشىلەر ھازىرغىچە بىخەۋەر.

مۇقەددەس بۇرچىمىز ۋە قەرزىمىز. بىز ئەنە شۇنداق قەرز ۋە پەرىز تۇيغۇسىنىڭ تۈرتكىسىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ قان - تەرىدىن تىكلەنگەن بۇ سىرلىق قەسىرنى كۆرۈش ۋە تەكشۈرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىمىزدىن چەكسىز پەخىرلىنىمىز.

ئەسلىدە «پورباجىن قەلئەسى»نىڭ تېپىلىشى ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى يېڭى بايقاش ئەمەس. ئۇنى ئەڭ دەسلەپ رۇسىيەنىڭ مەشھۇر ئېتنوگرافىيە ئالىمى دېمىتىرى كىلېمېنسىيوۋ 1891 - يىلى بايقاپ، ئۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. دېمىتىرى تەتقىقاتىدىكى يىپ ئۇچىغا ئاساسلىنىپ، 1909 - يىلى فىنلاندىيەلىك ئالىم رامستېت (G.J.Ramstedi) موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سېلىنگا دەرياسى بويىدىكى (رۇسىيە ئالىملىرىنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا بۇ كۆلنىڭ نامى تېرىخول ياكى تېپتې خول بولسا كېرەك. — مۇئەللىپتىن) كۆلى ئەتراپىدىن «مويۇنچۇر مەڭگۇ تېشى»نى تاپقان. بۇ تاش پۈتۈكتە: «يولۋاس يىلى (750 - يىلى) چىكلەرگە يۈرۈش قىلدىم. 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئۆتۈكەن تېغىنىڭ غەربىي ئۇچىدە تەز[1] بېشىدا قاسار قوردان[2] ئوردىسىنى ياساتتىم، ئوردا تېمى ياساتتى. يازدا شۇ يەردە يازلىدىم، زېمىنىمنىڭ چېگرىسىنى بەلگىلەپ چىقتىم[3]. ئۇ يەردە بەلگەمنى پۈتۈگۈمنى ئويدۇردۇم[4].» دېگەن بىر ئابزاس خاتىرە ئۇچرايدۇ. رامستېت ۋە باشقا ئالىملارنىڭ دىققەت نەزىرىدىن چەتتە قالغان بۇ جۈملىلەر دەل مۇشۇ قەلئە ھەققىدىكى ئەڭ ئىشەنچىلىك بىرىنچى قول ماتېرىيال ئىدى.

---

[1] تەز — يەر ئىسمى.

[2] قاسار قوردان — ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقى ئىچىدىكى بىر قەبىلە نامى. ھازىر «خەزەر» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان. قوردان — خونەنىڭ قەدىمكى تۈركچە ئاتىلىشى.

[3] بۇ جۈملىنى مالوۋ: «ئۇ يەردە تەڭرىگە تاۋاپ قىلدىم» دەپ تەرجىمە قىلغان.

[4] «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىل، 117 - بەت.

جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى بۇ ئۇچرىشىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، قازاقىستان گېئولوگىيە ـ مىنېرولوگىيە پەنلىرىنىڭ دوكتورى، پىروفېسسور ئابدۇلئەزىز ئابدۇللايېۋ، ئورقۇن يادىكارلىقلىرى ئۈستىدە ئىلمىي تەتقىقات يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان ئارخېلوگ ئابدۇللا سامساقوۋ قاتارلىق ئۈچ نەپەر ئالىمنى رۇسىيەلىك ئالىملار بىلەن پورباجىن قورغىنى ھەققىدە پىكىرلىشىش ئۈچۈن موسكۋاغا ئەۋەتكەن. ئۇلار موسكۋادا رۇسىيە فېدارتسىيەلىك پەۋقۇلئاددە ۋەزىيەتلەر مىنىستىرلىكى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى قاتارلىق ئورگانلار بىرلىكتە قۇرغان «پورباجىن قەلئەسى» مەخسۇس كومىسسىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە بىر قىسىم ئىلمىي خادىملىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، پورباجىن قەلئەسى ھەققىدە كەڭ ئۇچۇرغا ئىگە بولغان. ھەمدە مۇشۇ كومىسسىيە تەركىبىدە پورباجىن قەلئەسىگە بېرىپ ئەمەلىي تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قاتنىشىشقا ئىجازەت ئالغان. شۇنىڭ بىلەن ئايروپىلان بىلەن موسكۋادىن ئۇدۇل تۇۋا جۇمھۇرىيىتىگە كېلىپ، پورباجىن قەلئەسى ھەققىدىكى ئىلمىي ئېكىسپېدىتسىيەسىنى باشلىۋەتكەن.

بىزنىڭ ئالمۇتا پورباجىن رېستورانىدىكى سۆھبىتىمىزدە يۇقىرىقى ئۈچ نەپەر ئالىممۇ بار ئىدى. بىز ئۇلاردىن بۇ قىزىقارلىق تېما ھەققىدە تېخىمۇ ئەتراپلىقراق چۈشەنچە بېرىشنى ئىلتىماس قىلدۇق.

— بىزمۇ بۇ ئەھمىيەتلىك تېمىغا بەكمۇ كېچىكىپ ياندىشتۇق،— دەپ سۆز باشلىدى پىشقەدەم پىروفېسسور ئابدۇلئەزىز ئابدۇللايېۋ، — شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتۇقكى، ئۇن نەچچە ئەسىردىن بۇيان خىلۋەت ماكاندا كۆمۈلۈپ ياتقان ئۇيغۇر قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ بۇ ئېسىل يالدامىسىنى قېزىش، تەتقىق قىلىش بىزنىڭ مىللەت ۋە خەلق ئالدىدىكى

(قارا - بالىق ساغۇن)[1] دېگەن شەھەر نامى قىسمەن ئۆزگىرىشلەر بىلەن يەنى «بالاساغۇن» نامى بىلەن يەتتىسۇ ۋە قەشقەر تەۋەلىرىدە ئۇچرايدۇ. ئۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ.

«قاسار قوردان» (ھازىرقى نامى پورباجىن) قەلئەسىنى تۇنجى قېتىم بايقىغان دېمىتىرى كلېمېنسىيۇۋدىن كېيىن 1957 - يىلدىن 1963 - يىلغىچە سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ مەشھۇر ئالىمى، ئېتنوگراف سۇۋېيان ئىزرايلۆۋىچ باينىشتېين باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئۆمىكى بۇ خارابە ئىزىدا كەڭ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بۇ قەلئەنىڭ ھەقىقەتەن ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ 2 - قاغانى مويۇنچۇر تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان «ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يازلىق ئوردىسى» ئىكەنلىكىنى مىمارچىلىق ئۇسلۇبى جەھەتتىن مەركىزى شەھەر قارا بالغاسۇنىنىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى بىلەن ئوخشاشلىقىنى دەلىللەپ چىققان. س. باينىشتېين ئاتاغلىق ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلىنىپ، ھازىرقى تۇۋا جۇمھۇرىيىتىدە ياشايدىغان توبىنلىقلارنىڭ كىملىكى ھەققىدە توختىلىپ: «مىلادى 840 - يىللىرى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن ئورقۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى غەربكە كۆچكەن. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى خانلىق تەۋەسىدىكى تۇۋا ئەتراپىدا ئورۇنلىشىپ قالغان. بۇ رايوندىكى توبىنلىقلارنىڭ ئېتنوگرافىك كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ئىش ئېلىپ بارغىنىمدا، مەن شۇنداق قارارغا كەلدىمكى توبىنلىقلارنىڭ بۈگۈنكى نامى «تۇۋا» ئەسلىدە قەدىمكى ئۇيغۇر توباللىرىنىڭ نامىدىن كېلىپ چىققان. 8 - ئەسىردە

[1] قارا بالغاسۇن — ئەسلىي «قارا - بالىق ساغۇن» بولۇپ، «قارا» — بۈيۈك، چوڭ دېگەنى مەنىنى، «بالىق» — شەھەر، «ساغۇن» — گېنېرال، سەركەردە، ھەربىي ئەمەلدار دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «بۈيۈك سانغۇنلار تۇرىدىغان شەھەر» دېمەكتۇر.

هازىرقى «پورباجىن» دېگەن نامى تۇۋا تىلىدا «سوقما تام»، «لايدىن ياسالغان قەلئە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مەركىزىي قەلئەنىڭ ئەسلىدىكى ئىسمى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ لاي - توپىدىن ياسالغانلىقىدەك ئالاھىدىلىكىنى سۈپەتلەپ قويۇلغان ئارخېئولوگىيەلىك نام بولۇپ، بۇ قەلئەنىڭ نامىنى تۇۋالىقلار ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا «قاسار قاردان» دەپ ئاتاپ كەلگەن. بۇ دەل مىلادى 759 - يىلى تىكلەنگەن «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» («مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.)دىكى «قاسار قوردان» نامى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. پورباجىن قەلئەسى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ھازىرقى رۇسىيە ئالىملىرىمۇ بۇ قاراشنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

بىزنىڭچە، بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. «قاسار» ياكى «خازار»، «خەزەر» — 8 - ئەسىرلەردە (ئورقۇن خانلىقى دەۋرىدە) ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقىغا مەنسۇپ بولغان «ئىچكى توققۇز ئۇيغۇر» قەبىلىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. «قوردان» (قاردان) خوتەننىڭ قەدىمكى تۈركىي تىلدىكى ئاتىلىشى بولۇپ، بۇ نام تۇۋا تەۋەسىدىمۇ (ئەينى ۋاقىتتا ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەۋەسى ئىدى) تەكرارلىنىشقا ئۇچراپ، شىمالىي قۇملۇقتىكى كۆچمەن ئۇيغۇرلار بىلەن تارىم ۋادىسىدا تۇراقلىق ماكان تۇتۇپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنى بىر - بىرىگە باغلاشتۇرۇپ كەلگەن. دەرۋەقە، بۇ ھەشەمەتلىك قەلئەگە «خوتەن» (قوردان) نامىنىڭ قويۇلۇشى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان قىزىقارلىق تېما.

مەركىزىي ئاسىيا دائىرىسىدىكى يەر - جاي ناملىرىنىڭ بۇنداق تەكرارلىنىشى تارىختا كۆپ ئۇچرايدىغان ھادىسە. شۇ دەۋردىكى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەركىزىي قارا بالغاسۇن

تېخىمۇ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن. 1995 - يىلى رۇسىيە فېدراتسىيەسىنىڭ سابىق رەئىس جۇمھۇرى بورىس يېلتسىن پورباجىننى دۆلەت دەرىجىلىك تارىخىي ۋە مەدەنىيەت مىراسى دەپ قارار چىقىرىپ، بۇ قەدىمى تارىخىي يادىكارلىقنى ساقلاش ۋە قوغداش ھەققىدە پىرىزدېنىست پەرمانى چۈشۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ قەلئەنى تەكشۈرۈش رۇسىيە ئارخېئولوگىيەسىنىڭ نۇقتىلىق پىلانىغا كىرگۈزۈلۈپ، تەكشۈرۈش ئىشلىرىغا يالغۇز گۇمانىتا پەنلەر مۇتەخەسسىسلىرىلا ئەمەس، شۇنداقلا تەبىئىي پەنلەر، گىدرولوگىيە، گېئوفىزىكا، توپونومىيە، گېئولوگىيە، ئارختوكتورا ساھەلىرىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىمۇ جەلپ قىلىنغان. ئەنگلىيەلىك مەشھۇر ئارخېئولوگ كىرىس گېفنى رۇسىيەدە قوزغالغان پورباجىن قىزغىنلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ: «قورغان ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ تېخنولوگىيەسى ئۇنىڭغا قاتناشقان ھەر قايسى ئىلىم ساھەرلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە پايدىلىق ئۇلۇش قوشۇشى مۇمكىن. مىسال ئۈچۈن گىدرولوگىيە نۇقتىسىدىن ئالساق، ھازىر كائىنات يۈزىدە ئىسسىقلىق تېمپىراتورىسىنىڭ كۈنسېرى ئۆرلەپ كېتىۋاتقانلىقىمۇ پورباجىن ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى بەلگىلەيدۇ[1]» دەپ تەكشۈرۈش پىلانىنى تېزلىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى تەكىتلىدى.

مەلۇمكى، بۇ قەلئە ئېگىزلىكتىن كۆكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۆت گېكتار (60 مو) كېلىدىغان تەبىئىي مۇزلۇق ئارال ئۈستىگە قۇرۇلغان. ياز پەسلىنىڭ ئەڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە كۆل سۈيىنىڭ تېمپىراتۇرىسى 25 گرادۇسقا كۆتۈرۈلىدىكەن. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ بېشىدىن تارتىپ دۇنيا كۆلەملىك ئىسسىقلىق ھارارىتىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى سەۋەبلىك بۇ ئارالنىڭ قىرغىقى

[1] ئا. ساماقوۋ: «سوقما تام قورغىنىنىڭ سىرى»، «ئاخبارات» ژۇرنىلى، ئالمۇتا، 2008 - يىل، 2 - سان، 13 - بەت.

توبالارنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلغان. ئۇلار توبا (تۇۋا) مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىدا چوڭ رول ئوينىغان[1]» دەپ تەرىپلەنگەن. ۋ. ۋ. رادلوفمۇ ئۇنىڭ پىكرىنى قوللاپ: «توبا — ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرى» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ قاراشنى 1960 ـ ۋە 1970 ـ يىللاردا سوۋېت ئالىملىرىدىن ر. كولاسوۋ، ۋ. كىسلېۋ ھەمدە تۇۋا جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايال يولباشچىسى تامارا ماشالوۋنا نورىبىي قاتارلىق ئالىملارمۇ ئۆزلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلىرىدا تەكىتلەشكەن. ھازىرقى تۇۋا تارىخچىلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ كېلىپچىقىش يىلتىزىنى قەدىمكى ئۇيغۇرلار بىلەن باغلايدۇ. كۆپلىگەن تىلشۇناسلارنىڭ ئورتاق قارىشىدىكى «تۇۋا تىلى تۈركىي تىللارنىڭ ئۇيغۇر ـ ئوغۇز گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ ھەمدە بۇ گۇرۇپپىدىكى قەدىمكى ئوغۇز، قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە توبا (قاراغاس) تىللىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئايرىم بىر ئۇيغۇر ـ تۈرك تارماق گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلىدۇ[2]» دېگەن يەكۈنلىرىمۇ ئاشۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. تۇۋا جۇمھۇرىيىتىدە تەكشۈرۈشتە بولغان ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ ئېيتىشىچە، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇيغۇرلار تۇۋالىقلار بىلەن بىۋاسىتە سۆزلەشكىلى بولىدىكەن. بۇ ئۇچۇرلار ئەينى زاماندا «ئۇيغۇر قاغانىنىڭ يازلىق سارىيى»نىڭ ھازىرقى تۇۋا جۇمھۇرىيىتىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 1300 مېتىر ئېگىز جايدىكى تېرىخول كۆلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خىلۋەت ئارالغا تەمىر قىلىنغانلىقىنىڭ سىرىنى يېشىپ بەرسە كېرەك.

بىر ئەسىردىن بۇيان دۇنيا ئارخېئولوگىيەسىنىڭ توچكىسىغا ئايلانغان بۇ كارامەتلىك خارابىنىڭ باغرىغا يوشۇرۇنغان مەدەنىيەت سىرلىرىنى يېشىش ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن كېيىن

---

[1] «سوۋېت ئېتنوگرافىيەسى»، موسكۋا، 1964 ـ يىلى، 6 ـ سان.

[2] يالقۇن روزىنىڭ «لايدىن ياسالغان قەلئەنىڭ سىرى» ناملىق ماقالىسىدا ئېلىنغان نەقىل. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 2008 ـ يىل، 5 ـ سان، 30 ـ بەت.

ھەر خىل ئاسار ئەتىقىلەر تېپىلىپ، ئۇ تۇۋا مىللىي مۇزېيىغا تاپشۇرۇلغان. ئۇنىڭ مۇھىمى قەلئە ئىچىدىكى خادا تاشلاردىن يەتتە تۇرلۇك قەدىمكى ئۇيغۇر - رونىك يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپدارلىرىدىن بىرى بولغان بىر قوشۇننىڭ مۆھۈرى تېپىلغان. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، بۇ مۆھۈر تۇۋالىقلار ئارىسىدا ھازىرغىچە ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر قاغانى مويۇنچۇرنىڭ ئۈچ چىشلىق تامغىسىغا ئوخشايدىكەن.

پورباجىننى قوغداش تەكشۈرۈش كوللىگىيەسىنىڭ باشلىقى مىنىستىر سېرگېي شايگو بۇ قېتىملىق قىدىرىپ تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسىنى ئاخبارات ۋاسىتىلىرىغا جاكارلاپ مۇنداق دېگەن: «ئارخېئولوگلارنىڭ خۇلاسىسىگە قارىغاندا پورباجىن قەدىمى قەلئەسىنى قەدىمكى ئۇيغۇرلار سالغان. ھازىر بۇ قەلئەنىڭ ئاساسىي بۆلىكى قېزىپ بۆلۈندى. قەغەز يۈزىدە بۇ قەلئەنىڭ ئەسلىي ھالىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بىز ئۇزاققا بارماي بۇ جاينى دۇنياغا ئېچىۋېتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ نامىنى پۈتكۈل دۇنياغا تونۇتىمىز[1]»

بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش غەلىبىلىك ئاياغلاشقاندىن كېيىن رۇسىيەدە مەخسۇس پورباجىن تېمىسى بويىچە بىر قانچە قېتىم ئىلمىي كونفرېنسىيەلەر ئېچىلغان. «پراۋدا»، «موسكۋا گېزىتى» قاتارلىق نوپۇزلۇق گېزىتلەردە 200 پارچىدىن ئارتۇق مەخسۇس تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى ئېلان قىلىنغان. ئون قېتىم تېلېۋىزىيە فىلىملىرى ئىشلەنگەن. رۇسىيە ۋە باشقا چەت ئەللەردىن بۇ قەلئەنى زىيارەت قىلىشقا ئىلتىماس قىلغانلارنىڭ سانى كۈنسېرى كۆپەيگەن. ئاشۇ نۆۋەتلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىگە بەش مىليون دوللار سەرپ قىلىنغان.

[1] يالقۇن روزى: «لايدىن ياسالغان قەلئەنىڭ سىرى»، شىنجاڭ مەدەنىيىتى، 2008-يىل، 5-سان، 31-بەت.

ھەر يىلى بىر مېتىرغىچە تارىيىۋېتىپتۇ. بۇنداق تەبىئىي تەھدىتنى ھېس قىلغان رۇسىيەلىكلەر پورباجىن قەلئەسىنى قوغداش ۋە تەكشۈرۈش پىلانىنى قىزغىن ھىمايە قىلغان ۋە تېزلەتكەن. ئۇنىڭغا دۆلەت مالىيەسىدىن مەخسۇس مەبلەغ ئاجراتقاندىن باشقا، رۇسىيەدىكى ھەر قايسى ھۆكۈمەت مەھكىمىلىرى ۋە مەدەنىيەت ئورگانلىرىنىڭ تەشكىللاتچىلىقىدا دۆلەت كۆلەملىك «پورباجىن مەدەنىيەت فوندى» قۇرۇلغان. بۇ «فوندى»نىڭ تەركىبىگە رۇسىيەدىكى ھەر قايسى مىنىستىرلىكلەر، شەھەرلىك ھۆكۈمەتلەر، تاتارىستان قاتارلىق رۇسىيەگە قاراشلىق بەزى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ پىرىزدېنتلىرى، كۆرۈنەرلىك ئاخبارات ۋاسىتىلىرى، ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئاسار ئەتىقە قوغداش ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرى، كۆزگە كۆرۈنگەن مەرىپەتپەرۋەر كارخانىچىلار ۋە داڭلىق ئالىي مەكتەپلەر كىرگۈزۈلگەن. رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى، ئارخېئولوگىيە، ئېتنوگرافىيە ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى ئا. ف. دېرېۋيانكو بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بۇنداق چوڭ مىقياستىكى تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىش سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ۋە رۇسىيەدە ھېچقانداق كۆرۈلۈپ باقمىغان[1]»

دەرۋەقە، رۇسىيە ھۆكۈمىتى 2007 - يىلى داڭلىق ئارخېئولوگلار، گېئولوگلار، ئارختېكتورلار ۋە ئېتنوگراپلار باشچىلىق قىلغان 600 نەپەر پىدائىي ستۇدېنتلاردىن تەشكىللەنگەن چوڭ ئېكىسپېدىتسىيە قوشۇنى تېرىخول كۆلى بويىغا ئورۇنلىشىپ، تۆت ئايغا سوزۇلغان ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئارقىلىق دەسلەپكى قەدەمدە بۇ ساھەدىكى بوشلۇق تولدۇرۇلغان. بۇ قېتىمقى چوڭ كۆلەملىك قىدىرىپ تەكشۈرۈشتە ھازىرغىچە ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولمىغان 230 دىن ئارتۇق

[1] ئا.ساماقوۋ: «سوقما تام قورغىنىنىڭ سىرى»، «ئاخبارات» ژورنىلى، ئالمۇتا، 2008-يىل، 2-سان، 13-بەت.

قىلغان. قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ ۋەكىللىرى بۇ سۆھبەت ئۆزلىرىنىڭ پورباجىن قەلئەسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىگە ھەمدەم بولۇش تىلىكىنى بىلدۈرۈپ تۆۋەندىكى ئۈچ تەكلىپ لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

بىرىنچى، قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرشۇناسلار رۇسىيە ئالىملىرى بىلەن بىرلىكتە پورباجىن قەلئەسىنى قايتىدىن تىكلەش لايىھەسىگە قاتنىشىش.

ئىككىنچى، تۇۋا جۇمھۇرىيىتىدىكى پورباجىن قەلئەسىدە ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ساياھەت ئىشلىرىنى جانلاندۇرۇش.

ئۈچىنچى، قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىز قارمىقىدا «پورباجىن قورغىنى فوندى» قۇرۇپ مەبلەغ توپلاش ئارقىلىق ئۇ يەردە ئېلىپ بېرىلىدىغان تەكشۈرۈش، تەتقىقات ئىشلىرىنى تېخىمۇ كەڭ قانات يايدۇرۇش. بولۇپمۇ پورباجىننىڭ مىمارچىلىق كومپلېكسىنى تولۇق دەلىللەپ، بۇ ئابىدىنىڭ تارىخي قىممىتى ئارقىلىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بوشلۇقىنى تولدۇرۇش.

بۇ ئۈچ تەكلىپ لايىھە رۇسىيە تەرەپتىن كەلگەن ئالىملارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئىلمىي ھەمكارلىق ئورنىتىلغان.

بىز «پورباجىن رىستورانى»دىكى سۆھبەتتە، يىراق سىبىرىيە داللىرىغا بېرىپ، ئەجدادلىرىمىز بىنا قىلغان پورباجىن قەلئەسىنى تەكشۈرۈش پۇرسىتىگە نائىل بولغان ئابدۇلئەزىز ئابدۇللايۇۋ باشچىلىقىدىكى ئۈچ پىروفېسسورنىڭ تونۇشتۇرۇشلىرى ئارقىلىق، 8 ـ، 9 ـ ئەسىردىكى ئورقۇن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۇ ئەھمىيەتلىك يالدامىسى ھەققىدە

پورباجىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى زور ئۇنۇم قازانغاندىن كېيىن رۇسىيە فېدراتسىيەسىنىڭ پرېزدېنتى ۋىلادىمىر پوتىن 2007 - يىلى 13 - ئاۋغۇستتا رۇسىيەگە زىيارەتكە كەلگەن موناكو دۆلىتىنىڭ شاھزادىسى ئالبېرت II بىلەن پورباجىن قەلئەسىگە بېرىپ خارابە ئىزىنى كۆزدىن كەچۈرگەن. ھەمدە مۇخبىرلارغا: «بۇ رۇسىيە تارىخىدىكى كۆلىمى زور تەكشۈرۈش تۈرى. پورباجىن قەدىمكى ئۇيغۇرلار سالغان قەلئە[1]» دەپ جاكارلىغان.

دەرۋەقە، 2007 - يىلى پورباجىن قەلئەسىنىڭ سىرىنى ئېچىش جەھەتتە بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلگەن خاسىيەتلىك بىر يىل بولدى. 2007 - يىللىق قېدىرىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى خۇلاسىلەپ، 2008 - يىللىق ئۇلۇغۋار پىلان لايىھەسىنى بېكىتىش مەقسىتىدە 2008 - يىلىنىڭ 1 - مەۋسۇمىدا قازاقىستان پەۋقۇلئاددە ۋەزىيەتلەر مىنىستىرى ۋىلادېمىر بوچكونىڭ ئىشخانىسىدا رۇسىيە پەۋقۇلئاددە ۋەزىيەتلەر مىنىستىرى سېرگېي شايگو رەھبەرلىكىدىكى رۇسىيە ئالىملىرى بىلەن قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە بىر قىسىم مۇناسىۋەتلىك ئالىملىرى جەم بولۇپ، پورباجىن تەقدىرى ھەققىدە سۆھبەت ئېلىپ بارغان.

س. شايگۇ ئىككى دۆلەت ئالىملىرى ئۇچراشقان بۇ يىغىندا 2007 - يىلى پورباجىن قەلئەسى ھەققىدىكى تەكشۈرۈش ئىشلىرىنىڭ نەتىجىسى ھەمدە 2008 - يىلى ئىشلىنىدىغان خىزمەتلەرنىڭ يۆنىلىشى، پىلان - باسقۇچلىرى قاتارلىقلارنى تونۇشتۇرغان ھەمدە قازاقىستان تەرەپتىن كەلگەن ۋەكىللەرگە ئۆزى تۈزگەن «توبا دەپتىرى» ناملىق تۆت توملۇق كىتابى بىلەن پورباجىن ھەققىدىكى ھۆججەتلەر توپلىمىنى سوۋغا

---

[1] يالقۇن روزى: «لايدىن ياسالغان قەلئەنىڭ سىرى»، شىنجاڭ مەدەنىيىتى، 2008- يىل، 5-سان، 31-بەت.

باشقۇرۇش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداپ ئورتاق گۈللىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق ئۇنىۋېرسال فونكسىيەسى ئارقىلىق بىر قانچە يىللاردىن بۇيان قازاقىستان دۆلىتىنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرەققىيات مۇساپىسىدە زور تۆھپە قوشقان. شۇڭا قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىس جۇمھۇرى نەزەر بايېۋ بىر قانچە قېتىم «مەركەز»نى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

«مەركەز» ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۆز - ئۆزىگە تايانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەبلەغ مەنبەسى «كارخانىچىلار كېڭىشى»نى گەۋدە قىلغان جامائەت فوندىدىن كېلىدىكەن. قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر كارخانىچىلار بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە سودا ئىشلىرى قازاقىستاننىڭ دۆلەت مالىيەسىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان دەرىجىدە كۆلەملەشكەن. (2008 - يىلى ئۇيغۇر كارخانىچىلىرىنىڭ ياراتقان پايدىسى ئالمۇتا ئوبلاستلىق مالىيە خامچوتىنىڭ 12%نى تەشكىل قىلغانلىقى مەلۇم) قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر كارخانىچىلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى يۇقىرى بولۇپ، ئۇلار مىللەت ھالقىغان سودا گۇرۇھلىرىنى تەشكىللەپ ئەنئەنىۋى تىجارەت ئېڭىدىن زامانىۋى تىجارەت ئېڭىغا يۈزلەنگەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىگىلىك تىكلەش يوللىرى كېڭىيىپ، دۇنيانىڭ سودا رىقابىتىگە تاقابىل تۇرالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بايلىقىنى دۆلەت ۋە مىللەتكە مەنسۇپ دەپ بىلگەچكە، جامائەتنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە ئىلىم - پەن ئىشلىرىغا ئۆزلۈكىدىن مەبلەغ ئاجرىتىدىكەن. بۇ ساخاۋەتچى كارخانىچىلارنىڭ ئەمەلىي قوللىشى نەتىجىسىدە ئۆتكەن بىر يىلدا «مەركەز» مەھمۇد كاشغەري تەۋەللۇتىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش

دەسلەپكى چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولىدۇق ھەمدە بىزنىمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ تەۋەرۈك مەدەنىيەت مىراسىنى قوغداش، تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش مەجبۇرىيىتىمىزنىڭ بارلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇق.

ئاخىرىدا، بىزنى شۇنچە چوڭقۇر تەسىراتلارغا ئىگە قىلغان بۇ قېتىمقى ئىلمىي پائالىيەتلەرنىڭ باش ساھىبخانى — جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى ھەققىدە ئىككى كەلىمە ئىزاھات بېرىشنى زۆرۈر تاپتىم.

بۇ «مەركەز» قازاقىستان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان قانۇنلۇق ئاممىۋى - ئىجتىمائىي-مەدەنىيەت تەشكىلاتى بولۇپ، ئۇنىڭ قارمىقىدا يەنە ئالمۇتا شەھىرى ۋە باشقا ئۇيغۇر رايونلىرىدا شۆبە مەركەزلىرى بار ئىكەن. بۇ مەركەزنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمى دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلگەن بولۇپ، جامائەت ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلغان ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ ئالىم - مۇتەخەسسىسلىرىدىن تەشكىل تاپقان. «مەركەز» تەركىبىدە مائارىپ كوللېگىيەسى، مەدەنىيە - سەنئەت كوللېگىيەسى، ئالىملار كېڭىشى، سودىگەر كارخانىچىلار كېڭىشى، خوتۇن - قىزلار كېڭىشى، ئەدىبلەر كېڭىشى، سەھىيە - ساغلاملىق كېڭىشى، خەلقئارا ھەمكارلىق كېڭىشى، ئاخباراتچىلار كېڭىشى، تارىخ، مەدەنىيەت مىراسلىرى كېڭىشى، نەشر ئەپكارلىرى كېڭىشى، جامائەت ئىشلىرى كېڭىشى قاتارلىق ئون نەچچە مەخسۇس ئورگان بولۇپ، ھەر قايسى كوللېگىيە - كېڭەشلەر «مەركەز»نىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە ئۆز دائىرىسىدىكى خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرىدىكەن. «مەركەز» گەرچە ھۆكۈمەتنىڭ مەخسۇس مەمۇرىي ئورگىنى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار قازاقىستاندىكى ئاساسلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، مائارىپ، سودا - تىجارەت ئىشلىرىنى

دەرۋەقە، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر قىسمى يەرلىك مىللەتلەر ئارىسىغا سىڭىپ كەتكەنلىكىمۇ راست. ئەمما ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەجدادلىرىغا يات بولمىغان چىلىيەنشەن باغرىدىكى ئېدىرلىقلارغا ماكانلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى ئېتنىك نامى «يۇگۇر»نى ساقلاپ قالدى. ن. ئا. باسكاكوف قاتارلىق مەشھۇر تۈركولوگلارنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىچە، «ئۇيغۇر - يۇگۇر - يۇغۇر - ئوگور - ئوغۇز - ئۆگۈز سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى بىر ئېتنىك نام - ئۇيغۇرنىڭ ھەر خىل ۋارىيانتلىرى بولۇپ، بىر مەنىدىكى سۆزنىڭ ھەر خىل فونېتىكىلىق شەكلىدىن ئىبارەت. بۇ سۆز قەدىمكى «ر» دىيالېكت سۆزلىشىدىغان تۈركىي قەۋملەردە «ئۇيغۇر، يۇگۇر، ئوغۇز، يۇغۇر» شەكلىنى ئالغان. «ز» دىيالېكتىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەردە «ئوغۇز - غۇز، ئۇز» شەكلىنى ئالغان.[1]

يۇگۇرلارنىڭ ئېتنىك سۈپىتى تەرىقىسىدە ئېنىقلىما بولۇپ قوشۇلغان «sarig» (سېرىق) سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ھەققىدە ھەر خىل قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تارىخشۇناس چەن بوچۈەننىڭ قارىشىچە، يۇگۇرلارنىڭ ئەجدادى سېلىنگا دەرياسى بويىدىن كۆچكەن ساپ ئۇيغۇر قەۋملىرى بولغاچقا، «سېلىنگا»نى ئۆزىنىڭ يەرلىك تىلىدا «sarig» (سېرىق) دەپ ئاتىغان ۋە بۇ نامنى ئېتنىك سۈپىتىدە قوللانغان بولۇپ، مەنىسى «ساپ ئۇيغۇر» (正宗回纥) دېگەنلىكتۇر. چەن بوچۈەننىڭ يەنە بىر قارىشىدا «sarig» سۆزى «surek» (سۈلى) نىڭ ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن بولۇپ، سۆز يىلتىزى بولغان «sur» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «يۇكسەك»، «ھەشەمەتلىك» دېگەن مەنىگە ئىگە. شۇڭا «sarig uygur» ئەسلىدە «ئالىي

[1] ن. باسكاكوف: «<ئوغۇز> ۋە <ئوغۇزخان> سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ھەققىدە»، مىللەتلەرگە دائىرى تەرجىمىلەر، 1983-يىل 3-سانىغا قاراڭ

پائالىيىتىنى مەركەز قىلغان ھەر خىل ئىجتىمائىي ۋە ئىلمىي پائالىيەتلەرگە بىر مىليون دوللار سەرپ قىلغان.

بىز بۇ قېتىمقى ئىلمىي زىيارىتىمىز ئارقىلىق شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇقكى، قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى جۇڭگو بىلەن قازاقىستاننىڭ دوستلۇق ھەمكارلىقىغا تولۇپ تاشقان ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بىلەن قارايدىكەن. ھەممە ئىشتا جۇڭگوغا تەلپۈنىدىكەن. ئىككى دۆلەت دوستلۇقىنىڭ كونسېپى كۆچىيىشىنى تىلەيدىكەن ۋە مۇشۇ يولدا ئېغىشماي مېڭىشىنى ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي بۇرچى ھېسابلايدىكەن. مۇشۇ توغرا تاللاش ئۇلارنى جۇڭگو بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە خەلقئارا سودا ئىشلىرىدا تەشەببۇسكارلىق ئورنىغا ئىگە قىلىپ، ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتۈرگەن.

(پورباچىن قەلئەسى) نىڭ سىرى يېشىلگەندىن مەن شۇنى ھېس قىلدىمكى، مىلادى 840 ـ يىلى ئىچكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ۋە يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىش سەۋەبىدىن ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىپ، شىمالىي چۆللۈكتىن غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ھازىرقى توۋا جۇمھۇرىيىتىنىڭ تىردخول كۆلى ئەتراپلىرىغا ماكانلاشقان ۋە توۋا (توبا) مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئېتنىك مەنبە بولۇپ قالغان. بىزنىڭ تارىخنامىلىرىمىزدا غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇر قەۋملىرى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى (خېشى ئۇيغۇرلىرى ياكى قامچۇ ئۇيغۇرلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، قوچۇ ئۇيغۇرلىرى، كۆكئارت (پامىر) ئۇيغۇرلىرى دەپ ئۈچ بۆلەككە ئايرىلىپ كەتكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى چوڭ بۆلەك ـ خېشى ئۇيغۇرلىرى تەدرىجىي ھالدا سان جەھەتتە ئۆزىدىن كۆپ بولغان سېرىق تۆپىلىكتە ياشايدىغان مىللەتلەرنىڭ ئېتنومىغا سىڭىشىپ نامى ئىز ـ دېرەكسىز يوقالغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغان سۇنىن يۇگۇرلىرى غەربىي يۇگۇرلار ۋە شەرقىي يۇگۇرلار دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ.

غەربىي يۇگۇرلار قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى ساقلاپ قالغان. شەرقىي يۇگۇرلار چىڭگىزخان ئىستىلاسىدىن كېيىن، يەنى 13 ـ ئەسىردىن باشلاپ قەدىمكى موڭغۇل تىلىنىڭ «ئېنگار دىيالىكتى»نى قوبۇل قىلغان. «ئېنگار دىيالىكتى» ھازىرقى زامان موڭغۇل تىلىدىن پەرقلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە تېبەت تىلىنىڭ ئامىللىرى كۈچلۈك. دىنىي جەھەتتىن غەربىي يۇگۇرلار 13 ـ ئەسىردىن باشلاپ بۇددا دىنى (火州 ـ يەنى قوجۇنى مەركەز قىلغان غەربىي رايون بۇددىزم)غا ئېتىقاد قىلغان. شەرقىي يۇگۇرلار بولسا تېبەت بۇددىزمى (بۇددا دىنىنىڭ لاما مەزھىپى)غا ئېتىقاد قىلغان. ئەمما يۇگۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئۇلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى دىنى بولغان شامان دىنى ۋە مانى دىنىنىڭ ئىزنالىرىمۇ قويۇق ساقلانغان. يۇگۇرلار ئۆز تارىخىدا ئىسلام دىنى بىلەن زادى ئۇچراشمىغان. ئۇلار خېشى كارىدورىغا كۆچۈپ كەلگەندىن بۇيان خەنزۇ، خۇيزۇ، موڭغۇل، زاڭزۇ قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقاچقا، ئۇلار ئاشۇ مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ ـ ئادىتى، تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان. بولۇپمۇ يۇگۇرلار بىلەن خەنزۇلار ئارىسىدا ئەزەلدىن زىچ مۇناسىۋەت بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى خەنزۇ تىلىنى ئۆگەنگەن بولۇپ، ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە مەدەنىي ـ مائارىپ خىزمەتلىرىدە خەنزۇ تىل ـ يېزىقىنى ئىشلىتىدۇ. لېكىن ئىچكى قىسمىدا يەنىلا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى قوللىنىدۇ.

يۇگۇرلار ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى ئىشلەپچىقىرىش ئادىتى بويىچە چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن.

نەسەبلىك ئۇيغۇر» دېگەنلىكتۇر[1].

مۇئەللىپىمۇ بۇ قاراشقا مايىل. بۈگۈنكى يۈگۇرلار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا، ئۇلار ئۆزلىرىنى سېلىنگا بويىدا ئولتۇراقلاشقان «توققۇز ئۇيغۇر» قەبىلىلىرىگە مەنسۇپ دەپ قارايدۇ. شۇڭا يۈگۇرلار ھازىرغىچە ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىدىكى «ئىچكى توققۇز» ۋە «تاشقى توققۇز» قەبىلەن ناملىرىنى فامىلە ئورنىدا قوللىنىپ كەلگەن. ئۇلار خېشى كارىدورىغا كۆچكەن 9 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا سان جەھەتتىن خېلى كۆپ بولۇپ، ئاساسىي گەۋدىسى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جاڭيې ۋىلايىتى سۇنەن ناھىيەسىگە ماكانلاشقان. ئۇلار ئاساسىي جەھەتتىن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى، دىنى، مەدەنىيىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ساقلاپ قالغان. 1950 ـ يىلىدىن كېيىن ئېلىمىزنىڭ يېڭىچە مىللىي سوتسىيالىستىك روھىغا ئاساسەن مىللىي تەركىبلەرنى ئايرىش ـ بېكىتىش جەريانىدا، 1953 ـ يىلى ئۇلار ئايرىم بىر مىللەت بولۇپ نامى «يۈگۇ» (裕固族) دەپ بېكىتىلگەن. شۇندىن باشلاپ، يۈگۇ مىللىتى ئېلىمىز چوڭ ئائىلىسىدىكى 56 مىللەتنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئۇيغۇر مىللىتى گەۋدىسىدىن چىقىرىۋېتىلگەن. ھەمدە «سۇنەن يۈگۇ ئاپتونوم ناھىيەسى» تەشكىل قىلىنغان. ھازىر بۇ ئاپتونوم ناھىيەدە ئون مىڭدىن كۆپرەك يۈگۇلار بار. ئۇلار خەنزۇ، زاڭزۇ ۋە ئاز بىر قىسمى موڭغۇللار بىلەن بىللە ياشايدۇ. ئۆزلىرىنى «يۈگۇر» دەپ ئاتايدىغان بۇ «سېرىق ئۇيغۇرلار»نىڭ يەنە ئاز بىر قىسمى (تەخمىنەن 1800 دىن ئارتۇق) گەنسۇ ئۆلكىسى جوچۈەن ۋىلايىتىنىڭ خۇاڭ لى پۇ يېزىسىغا ماكانلاشقان بولۇپ، ئۇ يەردە «خۇاڭ لى پۇ سېرىق ئۇيغۇر يېزىسى» دېيىلىدۇ. سېرىق

[1] «裕固族研究论文集»，兰州大学出版社，1996年， 第4页

ئىدىم. كېيىنچە بىز مەزگىل ئەمەلىي تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا پۇرسەت چىقىرالماي، كىتابلار دۆۋىسىگە ئەسىر بولۇپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن «تەييار ئاش»قا ئۆگىنىپ قېلىپ، ئوقۇغان كىتابلىرىمدىن ئالغان ھېسسى تەسىراتلارغا ئىش قوشۇپ «كاسىنا ئەسەر» يازىدىغان «كىتابىي تەتقىقاتچى»غا ئايلىنىپ قالدىم. 21 - ئەسىرنىڭ ئىلھامى ۋە تەلىپى بىلەن ئىلمىي تەتقىقاتتا خۇددى بۈۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىي تەلەپ قىلغاندەك: «يېڭىلىقلار بېرىشتە قىيامىغا، قىممەت ۋە گۈزەللىكتە پايانىغا» يېتىشنى نىشانلاش لازىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم - دە، تاللىغان تېما دائىرىسىدە ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، يېڭى، ئىجادىي پىكىر قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش ئىجتىمائىي، ئەمەلىي ئۈنۈم ۋە قىممەت يارىتىش يولىنى تاللىدىم.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا مەرھۇم يازغۇچىمىز زوردۇن سابىر بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەردە سەپەرداش ۋە ياتاقداش بولغان كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇكا! مۇشۇ يېزىقچىلىق دېگەن ئۆزىڭىزگە ھېچقانداق نەپ بەرمەيدىغان غايىۋانە ئاشىقلىق يولى ئىكەن. بۇ سەۋدايىلىق يولىغا كىرىپ قالدىڭىزمۇ، ئەمدى بۇ يولدىن چىقىپ كېتىمەن، دەپ ئويلىماڭ، ھامان «لەيلى - مەجنۇن»دەك ئاشىقلىق چۆلىدە قان يۇتىسىز. ئەمما يۇتقانسېرى كۆڭلىڭىز شۇنچە شادلىققا تولىدۇ.»

دەرۋەقە، بۇ ھېكمەتتە بىر ھەقىقەت بار. بىز بۇ ھەقىقەتنىڭ سىرىنى يەشكىچە ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىمىز. دۇنيادا ئىقتىسادىي جەھەتتىن قەد كۆتۈرۈپ ياشىغان تۇرمۇش لەززىتىدىن ھوزۇرلانغان بىرمۇ يازغۇچى يوق. مول ھوسۇللۇق بۈيۈك يازغۇچىمىز زوردۇن سابىرمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتە قەرزگە بوغۇلۇپ، ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى. ئالىمىمىز ئابدۇشۈكۈر

ئەمما ھازىر ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا دېھقانچىلىق ئىگىلىكىمۇ خېلى نىسبەتنى ئىگەللەيدۇ.

يۇقىرىقى بايانلاردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىنكى، ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خېشى كارىدورىدا ياشاۋاتقان يۇگۇر مىللىتى بىلەن ئۇيغۇرلار ئېتنىك مەنبە، نەسەپ، تىل، ئۆرپ - ئادەت ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئايرىلماس بىر مىللىي گەۋدە بولۇپ، كېيىنكى ياشاش ئىجتىمائىي مۇھىتى، دىنىي ئېتىقادى جەھەتلەردە پەرقلەر تۇپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياتلىشىش كەيپىياتى كۈچىيىپ، سۇنئىي ھالدا ئىككى مىللەت بولۇپ قالغان.

كۆپچىلىكىمىز تارىخقا ھېرسىمەن، شۇڭا قولغا قەلەم ئالساقلا، ھېسسىياتقا ئالدىنىپ دۇنيادا يالغۇز بىرلا ئۇيغۇر قەۋملىرى ياشىغاندەك، ئۇنى گۈلقەقە لەگلەكتەك بېزەپ ئاسماندا ئۇچۇرىمىز. جاھاندىكى ئەڭ ئالىي سۈپەتلەر بىلەن تەبىرلەيمىز. ئەمما بۇ سۈپەتلەرنى تارىخىي ھالدا ئوبيېكتىپ دەلىللەشكە ئاجىزلىق قىلىمىز. نەتىجىدە يازغانلىرىمىز باشقىلارنىڭ نەزىرىدە «تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال» بولغان ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. تارىخ ھەرگىزمۇ سوزسا سوزۇلىدىغان، قىسىۋالسا قىسقىرايدىغان سېھىرگەرنىڭ ئارغامچىسى ئەمەس. بەلكى رېئال ھەقىقەتنىڭ جارچىسى. شۇڭا تارىخ ئارخېئولوگىيەلىك تېپىندىلارنى ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك خام ئەشياسى قىلىدۇ. ئارخېئولوگىيەلىك پاكىتلارغا تايانمىغان تارىخمۇ رېئال تارىخ ئەمەس. باشقا ئىلىم - پەنلەرمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش. مەن دەسلەپ ئىلمىي تەتقىقاتقا يۈزلەنگەندە، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە فولكلور كەسپىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە دالا تەكشۈرۈشىنى ئاساسى نۇقتا قىلىپ، ئۆز دەۋردى شارائىتى بويىچە يول ئېچىش خاراكتېرلىق بەزى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى يارىتقان

سوبيېكتىپ قىزغىنلىقتىن تاشقىرى خىزمەت جەريانىدا قاتناشقان مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى ھەر خىل ئىلمىي پائالىيەتلەرنىڭ ئىلھامى ۋە تۈرتكىسىدىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ ئامىللاردىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

مەن ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن كېيىن ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، 13 قېتىم چەت ئەللەردە (تۈركىيەدە يەتتە قېتىم، ۋېنگىرىيەدە بىر قېتىم، گېرمانىيەدە بىر قېتىم، رۇسىيەدە بىر قېتىم، قازاقىستاندا ئۈچ قېتىم)، 18 قېتىم مەملىكەت ئىچىدە ئېچىلغان يىغىنلارغا قاتناشتىم ۋە مەخسۇس تېما بويىچە نۇقتىلىق ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم. بۇ ئىلمىي يىغىنلارنىڭ ھەر بىرى مەن ئۈچۈن بىر «مەكتەپ» بولدى. «جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا» دېگەندەك يىغىندىكى ئىلمىي ئۇچۇرلار ئارقىلىق ئۆزۈمگە تەتقىقات بوشلۇقى ھازىرلىدىم. ئېلىمىزنىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ كۆپلىگەن نوپۇزلۇق ئىلىم ئادەملىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلاردىن كەسپىمگە ئالاقىدار يېڭى ئىلمىي ئۇچۇرلارنى ئىگەللىدىم. ئۆزىمىزنىڭ ئىلمىي تەتقىقات مېتودى بىلەن چەت ئەلنىڭ تەتقىقات مېتودىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى تەتقىقات ئۇسۇلىنى يېڭىلاشنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرىنى ئۆگەندىم. تەتقىقات مېتودى ئادەتتە بىز ئانچە ئېتىبار قىلمايدىغان بىر نۇقتا. ئەمما مېتود توغرا بولمىسا تەتقىقات نەتىجىسى قىممەت يارىتالمايدۇ. بىز تەتقىقات مېتودى جەھەتتە كۆپرەك ئىككىلەمچى كىتابىي بىلىملەرگە، بىۋاسىتە تەكشۈرۈش ـ سېلىشتۇرۇشتىن ئۆتمىگەن ھېسسىي تەسىراتلارغا تايىنىپ، تـوم ـ تـوم كىتابلارنى يېزىشقا ئادەتلىنىپ قالغان. شۇڭا ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماي تۇرۇپمۇ ئارخېئولوگىيە ھەققىدە كىتاب يازالايمىز. قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسسىك تىل ـ يېزىقىنى ئۆگەنمەي تۇرۇپمۇ

مۇھەممەتئىمىنمۇ بىر ئۆمۈر ئىقتىسادىي بوھران ئىچىدە ياشىدى. لېكىن ئۇلار مۆلچەرلىگۈسىز روھىي بايلىق ياراتتى. مۇشۇ بايلىقى بىلەن روھىي ئەمىن تاپتى. شۇڭا مەن ئېغىر جىسمانىي شەربەت تۆلەشنى راۋا كۆرگەن قەلەمكەشلىرىمنى سۆيىمەن ۋە ئۇلارغا ئەڭ يۈكسەك ھۆرمەت بىلەن قارايمەن. چۈنكى، بۇ يولغا كىرگەنلەرنىڭ قەلب دېگىزىدا «جاندىن كەچمىگۈچە، جانانغا يەتمەس» دېگەن غايىۋانە ئۈمىد روھى بۈركۈنلايدۇ. بۇ روھ ئۇلارنىڭ جۇشقۇن ھەرىكەت سىيماسى، ئۆزىنىڭ ئىختىيارىغا باقمىغان سۆيگۈ ۋىسالى، ئۆزگىلەر تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان ئاشىقلىق نىداسى، تەمەدىن يىراق ئادىمىيلىك بۇرچ تۇيغۇسى، يوشۇرۇن ئاڭ ئېتىزىغا چېچىلغان قىزغىنلىق ئۇرۇقى، ئۇسسۇزلۇق تەشناسىغا مەلھەم بولغۇچى - قەلب ئۇزۇقى. ئۇلار چىن مەنىسى بىلەن شاتلىق يەتكۈزگۈچى، غەمنى كەتكۈزگۈچى، تەننى يايراتقۇچىدۇر.

مېنىڭ جاپاكەش قەلەمدارلارنى قەدىرلىشىم ۋە سۆيۈشۈم ئەنە شۇ سەۋەبتىندۇر. قايسىبىر شائىرنىڭ مۇنداق بىر رۇبائىيىسى ئېسىمدە:

*قەلبىمدە بارىنى ئۇزاتتىم يۇرتقا،*
*شۇ خىسلەت قوشتىغۇ مېنى بۇ توپقا.*
*يۇرتۇمنىڭ بەختىنى كۆرگەندە بۇ دەم،*
*شادلىقتىن ۋۇجۇدۇم ئايلاندى ئوتقا.*

قەلەمكەشلەرنىڭ بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر شادلىقى ئەنە شۇ، خالاس.

* * *

مېنىڭ ئىلمىي تەتقىقات يولىنى تاللىشىمدا ۋۇجۇدۇمدىكى

شەخس دېيىش ئەقىلگە مۇۋاپىق. چۈنكى، ئۇنىڭ تارىخىي مەنسۇبىيىتى ۋە نەسەبى ھەققىدە ھېچقانداق ئىشەنچلىك مەنبە يوق» دېگەنىدىم. ئاردىن تۆت يىل ئۆتۈپ، 1987 ـ يىلى تۈركىيەنىڭ پايتەختى ئەنقەرەدە ئۆتكۈزۈلگەن تۈرك فولكلورى ھەققىدىكى بىر قېتىملىق خەلقئارا ئىلمىي كونفېرېنسىيەگە قاتناشتىم. بۇ يىغىندا نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى ھەققىدىمۇ مۇھاكىمەلەر ئېلىپ بېرىلدى. يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مەن تۈركىيە جۇمھۇرىيەتلىك فولكلور ئاراشتۇرما مەركىزىنىڭ باشقانى (باشلىقى) يەھيا ئاكسوي ئەپەندى بىلەن سۆزلىشىپ، خوجا نەسىردىننىڭ تۇغۇلغان يۇرتى ئاقشەھەرگە بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا ئىجازەت ئالدىم. شۇنىڭ بىلەن فولكلور ئاراشتۇرما مەركىزىنىڭ ئىلمىي خادىمى ئەلى ئابباس چىنارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئەنقەرەدىن 550 كېلومېتىر يىراقلىقتىكى ئاقشەھەرگە بېرىپ ئۈچ كۈن ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە لەتىپە ئەدەبىياتىنىڭ دۇنياۋى پېشۋاسى بولغان خوجا نەسىردىننىڭ ھەقىقەتەن تارىختا ئۆتكەن رېئال شەخس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان تارىخىي ھۆججەتلەرگە ئېرىشتىم. ھەتتا ئۆز دەۋرىدە (13 ـ ئەسىردە) مۇتەسەۋۋۇپ ئېقىمىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولغان خوجا نەسىرىددىن ۋاپاتىدىن كېيىنلا (مىلادى 1208 ـ يىلى ئاقشەھەرنىڭ فورتو يېزىسىدا تۇغۇلۇپ، 1284 ـ يىلى ئاقشەھەردە ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە شۇ يەردىكى سۇلتان تېغى باغرىغا دەپنە قىلىنغان) تىكلەنگەن «نەسرىددىن ئەپەندى تۈربىسى» (خاتىرە سارىيى)نى زىيارەت قىلىپ، تاملارغا يېزىلغان ئەينى دەۋردىكى زىيارەتچىلەرنىڭ يازمىلىرىنى، خوجا نەسىرىددىننىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان خاتىرىلىرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. شۇندىن كېيىن ئىشەنچلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا مەخسۇس ماقالە يېزىپ ئېلان قىلدىم. شۇنىڭ

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە تارىخي ھەققىدە مونوگراپىك ئەسەرلەرنى تۈزەلەيمىز. قىسقىسى، ئۆيىمىزدىن چىقماي تۇرۇپمۇ دۇنيادىكى «بىمار»لارنى ئوپېراتسىيە قىلالايمىز ياكى شۇ ھەقتە كىتاب يازالايمىز. ۋاھالەنكى، چەت ئەل ئىلىم ئادەملىرى ئۆزى بىلمىگەن ۋە بىۋاسىتە تەكشۈرۈپ كۆرمىگەن تېمىلارغا يېقىنلاشمايدۇ ياكى ئىككىلەمچى مەنبەگە ئاساسلىنىپ ئەسەر يازمايدۇ.

ئەتراپىمىزدا ياپونىيە، گېرمانىيە، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كېلىپ، ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى تولۇق ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئۆزى نىشانلىغان تېمىلار بويىچە دالا تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىلىم ئادەملىرىنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. مانا بۇ ئۇلارنىڭ تەتقىقات مېتودى. بىزنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىمىز سان جەھەتتە شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، ئىلمىي سۈپەت جەھەتتىن تارازا باسالماسلىقنىڭ سەۋەبى. سوتسولوگ ئېرۋىن لازلو (Ervin Laszlo) باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «ئاربلاشما مەدەنىيەتلىك پىلانىتا» دېگەن كىتابتا: «جوڭگودا ئەنئەنىنىڭ قىممىتى يېڭىلىقتىن ئەلا. ئۆلگەنلەر تىرىكتىن ئەلا، ئەجدادلارغا، نوپۇزغا، كىتابلارغا ئىشىنىپ ئۆزىگە ئىشەنمەيدۇ» دەپ يازغان. بىز ئابدۇقادىر جالالىدىنىنىڭ «ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا» (شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى، 2012 - يىلى نەشرى) ناملىق ئەسىرىنى ئوقۇپ باقساق، بۇ پىكرىنىڭ بەرھەقلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. تۈگىمەك ئىشىنىشمۇ تېرىقتەك تۈگۈنى بولىدۇ، ئەلۋەتتە. مەن 1983 - يىلى تۈزگەن «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەزەرىيەسى» دېگەن كىتابىمدا ۋە ئوقۇتۇش لېكسىيەلىرىمدە كىتابىي بىلىمگە تايىنىپ: «نەسىردىن ئەپەندىنى قانداقتۇر تارىختا ئۆتكەن رېئال شەخس دېگەندىن كۆرە، دۇنياۋى غايىۋى

ئۇلاشماق غايىسى ئاستىدا سوپىنىڭ دۇنيا غەلىيانلىرىدىن خالىي هالدا ئۆزىنى ئاللاھ بىلەن بىر گەۋدىلەشتۈرىدىغان نەغمە، گۈزەل بىر ئاۋاز، قەلبنى تىترىتىدىغان سېھىرلىك شېئىر، سوپىنى ئۆزىنى ئۇنتۇغان هالدا هاياجانلاندۇرىدىغان ئىلاهى مۇزىكا. مەۋلانا ئېيتقاندەك: «ساما ئىلاهى سۆيگۈنىڭ قايىنمى، تەڭرى ئاشىقلىرىنىڭ نىداسى، يۈرەك سەترىسى، روهىي ساپاسىدۇر.» تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ قارىشىچە، «دۇنيادا هېچنەرسە مۇزىكا ۋە ئۇسسۇلغا ئوخشاش ئىنسان روهىنىڭ يوشۇرۇن قۇۋۋەتلىرىنى ئاشكارىلىيالمىغان بولار ئىدى. ئىلمىي بەس - مۇنازىرىلەر ئىنسانلارنى كۆپىنچە بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىدۇ. ئەمما مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل ئۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرىدۇ» شۇ ۋەجىدىن تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنىڭ بىر خىل ئىبادەت شەكلى سۈپىتىدە مەۋلانا ساماسى (ئادەتتە «قونيا ساماسى» دېيىلىدۇ) بارلىققا كېلىپ، تەسەۋۋۇپ ئېقىمى يېتىپ بارغان جايلارغىچە تارقالغان. هازىرغىچە ئۆزگەرمەي داۋاملىشىۋاتقان «قونيا ساماسى»نىڭ مۇزىكا ئاهاڭى ۋە ئۇسسۇل هەرىكىتىدىكى ئالتە ماقام (باسقۇچ) تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ هەقىقەت يولىنى ئىزدەشتىكى ئالتە باسقۇچلۇق تەرىقىتىنى ئىپادىلىگەن. يەنى بۇ باسقۇچلار — «تەۋبە قىلىش»، ماقامى، «ۋەرەئى» — هوشيارلىق ماقامى، «زوهد» — ئۆزىنى تۇتىۋېلىش ماقامى، «پەقىرلىك» ماقامى ۋە «سەۋر» ماقامىدىن ئىبارەت. «قونيا ساماسى» ئەنە شۇ ئالتە ئۆزگىرىشلىك مۇزىكىلىق ئۇسسۇل بولۇپ، سېھرىي كۈچى ۋە هەيۋىتى بىلەن روهىيەت قاتلىمىنى زىلزىلىگە سالىدۇ. بۇ سامانىڭ ئايرىم هەرىكەتلىرى «هېيتگا ساماسى»غا ئوخشاپراق كېتىدۇ. ئەمما «هېيتگا ساماسى» قونيا ساماسىدەك مۇكەممەللىككە ۋە مۇقىملىققا ئىگە ئەمەس بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىچكى باغلىنىشنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى پەزەر قىلىشقا بولىدۇ. «قونيا ساماسى»نى بىر خىل ئېتىقاد ئېتىبارى

بىلەن بۈرۈنقى سەۋەنلىكلىرىمىز تۈزىتىلدى.

مەن يەنە 1980 ـ يىللاردا يازغان بىر ماقالەمدە قەشقەردىكى «ھېيتگاھ ساماسى» ھەققىدە توختىلىپ: «ساما قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆككە چوقۇنۇش ئېتىقادىدىن كېلىپ چىققان بىر خىل ئاممۇۋي ئۇسسۇل بولۇپ، شامانىزم دەۋرى بىلەن باغلىنىدۇ. سامانىڭ ھەرىكەت شەكىللىرىدە ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق تۇرمۇشىنىڭ ئىزلىرى ساقلانغان» دەپ يازغان ئىدىم. 1989 ـ يىلى ئەنقەرەدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا «نورۇز سىمفوزيومى» (ئىلمىي كېڭەشى)گە قاتنىشىش جەريانىدا بۈيۈك مۇتەسەۋۋۇپ پىرى مەۋلانا جالالىددىن رۇمىنىڭ ئىككىنچى ۋەتىنى قونيا شەھىرىگە كېلىپ مەۋلانا تۈربىسىنى زىيارەت قىلدىم ھەمدە ھەر كۈنلىكى كەچتە مەۋلانا مەقبەرىسىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ مەيداندا ئۆتكۈزىلىدىغان «قونيا ساماسى»نى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ساما ئۇسسۇلىنى تونۇشتۇرۇپ يېزىلغان كىتابلارنى ئوقۇدۇم. «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دەپ ئەمەلىيەتنى كۆرۈش ۋە تەكشۈرۈش ئارقىلىق ساما ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم.

بۈيۈك مۇتەسەۋۋۇپ مەۋلانە جالالىددىن رۇمىي ۋاپاتىدىن كېيىن (1207 ـ يىلى بەلخ شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، 1273 ـ يىلى تۈركىيەنىڭ قونيا شەھىرىدە ۋاپات بولغان) ئۇنىڭ يېقىن دوستى چەلەبى ھېسامىددىن دەۋرىدىن باشلاپ مەۋلانەمۇرتلىرى جەم بولۇپ، مەۋلانا ئوغلى سۇلتان ۋەلەد باشچىلىقىدا بىر تەرىقەت يولغا قويۇلغان. «مەۋلەۋىلىك» دەپ ئاتالغان بۇ تەرىقەت شۇنىڭدىن باشلاپ تېخىمۇ سىستېمىلىشىپ، مۇقىم ئەنئەنە بولۇپ شەكىللەنگەن ھەمدە ئەنە شۇ تەرىقەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ساما ئۇسسۇلى بارلىققا كەلگەن.

دېمەك، ساما تەسەۋۋۇپنىڭ بىر خىل ئىبادەت شەكلى، تەڭرىگە

ئېتنىڭ تەكىبى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلىرىم بىر قىسىم ۋەقەشۇناسلارنىڭ ئاغزاكى ھېكايەتلىرىنى مەنبە قىلغان بولۇپ، تارىخىي جەھەتتىن تولۇق دەلىللەنمىگەن. ماقالىدىكى بەزى مۇجمەللىكلەر مۇئەللىپنىڭ كالللىسىدا سوئال پەيدا قىلىپ، يەنە قايتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلدۇرغان. شۇڭلاشقا 30 نەچچە يىل ئۆتكەندە لوپنۇرنى ئىككىنچى (2007 - يىلى) ۋە ئۈچىنچى (2012 - يىلى) قېتىم قايتا زىيارەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. گەرچە كېيىنكى تەكشۈرۈش جەريانلىرىدا لوپنۇرلۇقلارنىڭ ياشاش مۇھىتى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشى، كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە قىممەت قاراشلىرىنىڭ يېڭىلىنىشى، تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئېلىكتېرونلۇق ئۇچۇر ۋاستىلىرىنىڭ ئومۇملىشىشى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئېڭىنىڭ ئاجىزلىشىشى قاتارلىق ئوبيېكتىپ ئامىللار سەۋەبىدىن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مۇھىتى تارىيىپ، لوپنۇردىكى پىشقەدەم ئەل ئىچى سەنئەتكارلار ۋە ۋەقەشۇناسلارنىڭ سانى ئازىيىپ كەتكەن ياكى ئايىغى ئۈزۈلۈشكەن باشلىغان بولسىمۇ، تەلىيىمىزگە بىرىنچى قېتىملىق لوپنۇر سەپىرىدە بىرگە ھەمرا بولغان 40 نەچچە ياشلىق تۇرسۇن قوشۇق (قوشاقچى)نى يەنە تېپىۋالدۇق. بۇ كىشى ھازىر 76 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ناھايىتى جۇشقۇن ۋە روھلۇق ياشاۋېتىپتۇ (ئەپسۇس، بىز ئۈچرىشىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن مەرھۇم ئۇ دۇنياغا سەپەر قىپتۇ). تۇرسۇن قوشۇق بىلەن بولغان سۆھبەت مېنى چوڭقۇر ئويغا سالدى.

— بىز لوپنۇرلۇقلارنىڭ كۆكسى - قارنى لوپنۇر كۆلىدىنمۇ كەڭ ھەم سېخي. يۇرتىمىزغا كەلگەن مېھماندىن جېنىمىزنىمۇ ئايىمايمىز، — دەپ سۆز باشلىدى تۇرسۇن قوشۇق قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — راست گېپىمنى ئېيتسام، مەن ئات ئۈستىدە گۈل سەيلىسى قىلىپ تەييارغا ھەييار

بىلەن قونيادىكى مەۋلانا مەقبەرىسى ئالدىدىن باشقا جايلاردا ئۇيۇشتۇرۇشقا بولمىغىنىدەك «ھېيتگاھ ساماسى»مۇ بىر مەزگىل (16 ـ ئەسىردىن باشلاپ) ئوتتۇرا ئاسىيا سوپىزمىنىڭ مۇھىم ئوچاقلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىپ قالغان قەشقەرنىڭ مەركىزىدىكى ھېيتگاھ بۈيۈك جامەسىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا مەركەشلەشكەن. باشقا جايلارغا يۆتكەلمىگەن. ھېيتگاھ جامەسى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن شىنجاڭدا ساما ئۇسسۇلىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدە ھېچقانداق تارىخىي ئۇچۇر يوق. بۇنىڭدىن پەرەز قىلىشقا بولىدىكى، ھېيتگاھ ساماسى تەسەۋۋۇپ تەرىقىتىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان بىر خىل دىنى ئۇسسۇل. ئەمما زامانىمىزدا ئۆزىنىڭ دىنى تۈسىنى يوقىتىپ ئاللىقاچان ئاۋامنىڭ شاتلىق ئۇسسۇلىغا ئايلىنىپ كەتتى. مانا بۇ ئەمەلىي تەكشۈرۈشنىڭ ھاسىلاتى. دېمەكچىمەنكى، ھەر قانداق ئىلمىي تەتقىقات چوقۇم ئەمەلىي تەكشۈرۈشنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك. شۇ چاغدىلا قاتقىش ماقامدىن ھالقىش ماقامىغا ئۆتكىلى، ئۆزلۈك ئىچىدە ئۆگىلۈكنى، ئۆگىلۈك ئىچىدە ئۆزلۈكنى گەۋدىلەندۈرگىلى بولىدۇ. بەزىدە مۇئەييەن تېما ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشتە ئېرىشكەن ماتېرىياللارنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىنى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ئۇچۇرلارغا سېلىشتۇرۇشتىن تاشقىرى، يەنە نۇقتىلىق دالا تەكشۈرۈش قىلىپ، قايىل قىلارلىق جاۋابقا ئېرىشكۈچە تەكشۈرۈشنى توختاتماسلىق كېرەك. ئالدىنقى بابتا 1978 ـ يىلى تۇنجى قېتىم لوپنۇر مەدەنىيىتىنى تەكشۈرۈش خاتىرىسىنى تونۇشتۇرغان ئىدىم. شۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە ئېرىشكەن ئاغزاكى ماتېرىيالغا ئاساسەن «لوپنۇر ۋە لوپنۇرلۇقلار» ناملىق بىر پارچە ئۇزۇن ماقالە يېزىپ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1980 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلغان ئىدىم. بۇ ماقالىنىڭ لوپنۇرلۇقلارنىڭ

مەدەنىيەت بايلىقىنى ئاچقۇچىلارغا ئۆردەكۋايدەك يولباشلىغۇچى بولۇشقا رازىمىزكى، مېھمانسارايلاردا يېتىۋېلىپ قان - تەر ئاققۇزۇپ توپلىغان بىرىنچى قول ماتېرىياللىرىمىزنى يىغىشتۇرۇپ ئېلىپ كېتىدىغان ئەربابلارغا رايىمىز يوق، — تۇرسۇن قوشۇق قويۇن يانچۇقىدىن ئىككى دەپتەرنى چىقىرىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇرۇن كىتاب - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان لوپنۇر قوشاقلىرىنىڭ خېلى كۆپچىلىكى ئەسلىي ھالىتىدىن ئۆزگىرىپ كەتكەن. شۇڭا بۇ ياسالما قوشۇقلاردىن لوپنۇر مەدەنىيەت بەلبېغىنىڭ ئەنئەنىۋى خاسلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. مەن بۇ دەپتىرىمگە پەقەت لوپنۇرلۇقلارغىلا خاس بولغان 400 سوتۇقتىن ئارتۇق قوشۇقنى توپلاپ خاتىرىلىدىم. لېكىن بۇ خاتىرىنى سىلەرگە بېرەلمەيمەن. ئۆمرۈم يار بەرسە ئۇنى تېخىمۇ تولۇقلاپ ئۆزۈم نەشرگە تەييارلايمەن.

تۇرسۇن قوشۇق خاتىرە دەپتىرىنى ئاختۇرۇپ تېخى بىز ئاڭلاپ باقمىغان بىر قانچە سوتۇق قوشۇقنى ئەسلىي ئاھاڭى بىلەن ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن خاتىرە دەپتىرىنى يەنە قويۇن يانچۇقىغا سېلىۋالدى. ئۇنىڭ ئاچچىق ئارىلاش ئېيتقان گېپىنىڭ تەسىرى بىلەن بىۋاستە توپلىغان بۇ خاتىرىسىنى سوراپ كۆرۈپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالمىدۇق، «ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى دەرھەقىقەت» دېدىم ئىچىمدە. خىجالەتچىلىكتىن قۇتۇلۇش مەقسىتىدە گەپنى باشقا ياققا بۇراپ ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— تۇرسۇن ئاكا، سوتۇق دېگەنلىرى نېمە؟

— لوپنۇر قوشاقلىرىنىڭ تۇزۇلۇش شەكلى باشقا جايلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، بىر سوتۇق قوشاق كۆپ ھاللاردا 11 ياكى 13 مىسرا (بەزىدە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ)لاردىن تەركىپ تېپىپ بىر ۋەقەنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇنداق سوتۇقلارنىڭ تۇراق ۋە رىتىمى ئالتە مىسرالىق قوشاقلارنىڭ تۇراق، رىتىمىدىن

بولىدىغان بەگزادە «ئالىم»لاردىن جاق تويدۇم. «بېيجىڭدىن كەلدىم، ئورۇمچىدىن كەلدىم» دەپ چوڭ ـ چوڭ ئورۇنلارنى شېپى كەلتۈرۈپ، يۇرتىمىزغا تەكشۈرۈشكە كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى ئىزدەيدۇ، ماتېرىيال بەر دەپ قىستايدۇ. دەرۋەقە، سادىدىلىقىمدىن 50 يىلدىن بۇيان تەكلىماكاننىڭ قۇم ـ باياۋانلىرىنى پىيادە كېزىپ، چوپانلار بىلەن مال قوتانلىرىدا بىللە يېتىپ توپلىغان خەلقىمىزنىڭ قىممەتلىك تەۋەررۈكلىرىنى ئۇلاردىن ئايىمىدىم. شۇنداق قىلىپ مەن شەھەرلىكلەر نېمە تەلەپ قىلسا شۇنى ھازىرلاپ بېرىدىغان «ئېچىل سۈپۈرۈم»غا ئايلىنىپ قالدىم. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئۇلار ئەجىر سىڭدۈرمەي ئېرىشكەن بۇ ئولجىلارنى خام خوتىلا يالماپ، لوپنۇر شېۋىسىدىكى «ئۇجۇلۇق (ئۇرۇق نامى)نى «ئۇچلۇق»، «تاشا» (ياقا، چەت)نى «قاشا»، «ھاگا»نى «ھاۋا»، «قاشۇق»نى «قوشۇق»، «قوشۇق»نى «قوشاق»، «ئابدان»نى «ئابدال»، «قامۇس» (تومۇز)نى «قومۇش»، «ئۇتاچى» (تېۋىپ)نى «ئۇتاقچى»، «ئاغداش» (بەزلەش)نى «ئالداش»، «ئوغچا» (باسماق)نى «ئولجا»، «چۆلمەك» (توگوچ)نى «چۆلۈك»، «جۇسۇن» (سۆزلۈك)نى «يۇسۇن»، «سەمەر» (يوشۇرۇن)نى «سەھەر» دەپ ئۆزگەرتىپ، چاپىقىنى ئالىمەن دەپ جىرتاق قىلىپ قويىدى. ھەتتا بۇنداق مەسئۇلىيەتسىزلىكنى ئاز دەپ لوپنۇرلۇقلارنىڭ مەدەنىيەت ئۆزگىچىلىكىنى خاتا ئىزاھلاپ خاسلىقلىرىنى يوقىتىۋەتتى. «ئوڭدا ياتقان گىردە يەپتۇ، كەتمەن چاپقان جىگدە» دېگەندەك، بىز توپلاپ بەرگەن ماتېرىياللارغا ئىسمىمىزنى ئېلىپمۇ قويمىدى. ھەيتاڭەي ھازىرقى ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا «ھەيدىن تۆرەم[1] روھى ئۆچۈپ قاپتۇ. رايونىمىزنىڭ

---

[1] شېۋىتسىيەلىك مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيەچى سۋېن ھېدىن ئەپەندىنى لوپنۇرلۇقلار «ھەيدىن تۆرەم» دەپ ئاتاشقان.

مەن تۇرسۇن قوشۇقنىڭ چۈشەندۈرۈشىدىن لوپنۇر تىلىدىكى «سوتۇق»نىڭ ياۋروپا كلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى «سونت» بىلەن مەلۇم دەرىجىدە ئوخشاشلىقىنى پەملىدىم. دەرۋەقە، «سونت» پەقەت 14 مىسرادىن تۈزۈلگەن، تۇراق، قاپىيەلىرى قېلىپلاشقان بىر خىل شېئىرىي ژانىر بولۇپ، ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇرەببە شەكلىگە ئوخشايدۇ. لوپنۇر قوشاقلىرىدىكى «سوتۇق» بىلەن ياۋروپا كلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى «سونت» ئاتالغۇلىرى مەنە قاتلىمى جەھەتتىن يىلتىزداشمۇ قانداق؟ بۇ ھەقتە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىش زۆرۈردەك قىلىدۇ.

— ئابدۇكېرىم ئەپەندى، مەن «پو» ئاتقىنىم بىلەن توپلىغان ماتېرىياللىرىمنى قانداق تەرتىپكە سېلىشنىڭ يولىنى بىلمەيمەن. ۋاقتىڭىز چىقسا لوپنۇرغا بىرەر ئاي چۆكىدەك بولۇپ كېلىڭ، مەن سىزنى ئۆردەكۋايدەك باشلامچى بولۇپ باشقىلار تېخى ئاياغ باسمىغان نۇقتىلارنى كۆرسىتىمەن. ھازىر يۇرتىمىزنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىمۇ شەھەردەك ئاۋاتلىشىپ كەتتى. شۇڭا زېرىكىشتىن، ئاچ - توق قېلىشتىن ئەنسىرىمەڭ، پەقەت قوشناچىمىز رۇخسەت قىلسىلا كۇپايە، — دېدى تۇرسۇن قوشۇق چاقچاق ئارىلاش.

مەن تۇرسۇن قوشۇقنىڭ دېھقانلارغا خاس تەكەللۇپسىز سۆزلىرىنى ئاڭلاپ خىجالەتچىلىك ئىچىدە چوڭقۇر ئويغا پاتتىم. دەرۋەقە، مەن 30 نەچچە يىلدىن بۇيان فولكلور مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن ھەپىلەشتىم، لېكىن ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ھەقىقىي مەنىدىكى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋاقتىم بەكمۇ قىسقا. كۆپ ھاللاردا ئىككىلەمچى ماتېرىياللارغا تايىنىپ قۇراقچىلىق بىلەن كۈنلىرىم ئۆتۈپتۇ. قارىشىمچە، ھۇجرىغا بېكىنىۋېلىپ كىتاب يېزىش بىزدە خېلى كەڭ ئومۇملىشىپ قالغان ئوخشايدۇ. يېقىندا بىرىنىڭ

مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ ھەمدە ھەر بىر كۇپلېتنىڭ تۆت مىسراسى ئالماش قاپىيەلىشىپ، ئاخىرقى 5 ـ مىسرا شۇ كۇپلېتتىكى شېئىرى پىكىرنىڭ جۇلاسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئالدىنقى مىسرالارغا قاپىيەلىشىش شەرت قىلىنمايدۇ، ئەمما نەقرات (ياندۇرۇش) سۈپىتىدە 2 ـ كۇپلېتنىڭ 1 ـ مىسراسى بولۇپ تەكرارلىنىپ ئالدىنقى كۇپلېت بىلەن كېيىنكى كۇپلېتلارنىڭ مەزمۇنىنى تۇتاشتۇرۇشتا ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. قاراڭلار:

*مۇز ئاستىدا كۈن پاتىپ،*
*ئويۇڭە كەلدىم ئۇخلاماي،*
*شۇ ئىچىمدىكى ئارمانىم.*
*ماختاپ ئاتىڭنى توختاماي،*
*يار كۆزى خۇمارئەدى.*

*يار كۆزى خۇمار ئەدى،*
*كۆكسىدىكى تۇمار ئەدى.*
*بۇلتۇرغى شول ئابدالدىكى[1]*
*زەپ قىيامەت دۇنيا ئەدى.*
*چىرايىڭ بولەك جۇسۇن[2]*
*چىرايىڭ بولەك جۇسۇن.*
*......*

مانا شۇ شەكىلدە تۈزۈلگەن بىر بۆلەك قوشاق «سوتۇق» دېيىلىدۇ.

---

[1] ئابدال ــــ لوپنۇردىكى يەر ئىسمى.
[2] جۇسۇن ــــ سۈزۈك

- باياۋان، دەشت - چۆللەرنى يالاڭ ئاياغ كېزىش، قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقى بىلەن تومۇزنىڭ پىزغىرىم ئىسسىقىغا بەرداشلىق بېرىش، ماڭدامدا دۈچ كېلىدىغان يىرتقۇچ هايۋانلارنىڭ هۇجۇمى، ئوغرى - قاراقچىلارنىڭ ۋەھىمىسى، ئۇسسۇزلۇق، ئاچلىق ئازابى... قاتارلىق جانغا تىكىلگەن قىيىنچىلىقلارغا پىسەنت قىلماسلىق پەقەت جاسارەتلىك ئوغلان مەھمۇد كاشغەرىينىڭ هاياتلىق شەجەرىسى بولۇپ، بۇنداق ئەمەلىيەتچىل ئىلىم روھى بىلەن ئۆزىمىزنى قانداقمۇ سېلىشتۇرالايمىز؟! مەھمۇد كاشغەرىيدە بىز تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان چىدام ۋە غەيرەت - شىجائەت بولغاچقا، خۇددى ئۆزى قەيت قىلغاندەك، بۇ ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان ئالاھىدە بىر تەرتىپتە تۈزۈپ، «يېغىلىقلار بېرىشتە قىيامىغا، قىممەت ۋە گۈزەللىكتە پايانىغا» يەتكۈزگەن.

بىز يەنە «ئەجنەبىي» ئۆلىمالارنىڭ ئىلمىي ئېكسپېدىتسىيە روھىنى ئەسلەپ ئۆتەيلى: دۇنيانى بىر - بىرىگە تونۇشتۇرىدىغان «يىپەك يولى» ئېچىلغاندىن بۇيان بۇ خاسىيەتلىك مەدەنىيەت يولىنىڭ يوگىنى بولغان غەربىي رايونغا كېلىپ ھەر خىل قىسمەتلەر بىلەن بۇ مۇقەددەس دىياردىمىزنى قىدىرىپ تەكشۈرگەن ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى نەچچە يۈزگە يېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسمىلىرى «ئارخېئولوگ»، «گېئوگراف»، «ئېتنوگراف» دېگەنگە ئوخشاش ئىلمىي قالپاقلارنى كىيىۋېلىپ، ئەينى دەۋردىكى غەرب كاپىتالىزمىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىي مۇددىئاسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، مەدەنىيەت جەھەتتىن ئالدىن سىڭىپ كىرىشتەك غەيرىي پائالىيەتلەر بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. لېكىن، مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۆزلىرىنىڭ شۇغۇللانغان كەسپىي دائىرىسىدە يۇرتىمىزنىڭ كۆمۈلۈپ ياتقان تېپىلغۇسىز مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى قېزىش، قوغداش، رەتلەش ئىشلىرىدا

ئېغىزىدا جۇڭگودا «ئالىم تولا، باشلىرى تاز، كىتاب تولا، يېڭىلىق ئاز» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇ گەپنى گەرچە مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتكىلى بولمىسىمۇ، ئاشۇ ھېكمەت ئىچىگە مەلۇم ھەقىقەت يوشۇرۇنغان. ئىلىم ساھەسىنىڭ، بولۇپمۇ ئادەمنى ئوبيېكىت قىلغان گۇمانىتار پەنلەر تەتقىقاتىنىڭ خام ئەشياسى ئاۋام ئارىسىدا بولۇپ، بۇ جاۋاھىراتلارنى سۈزۈش ئۈچۈن خەلق دېڭىزىغا غەۋۋاسلاردەك چوڭقۇر شۇڭغۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلالىغاندىلا مەڭگۈ يىقىلماس ئىلمىي ئابىدە تىكلىنىدۇ. بۇۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تەۋەررۈك ئابىدىسى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ئەنە شۇنداق ئىلمىي روھنىڭ شېرىن مېۋىسى. 11 - ئەسىر مۇھىتىدا بارلىقىنى ئىلىمگە ئاتىغان بۇ «ئىلىمگە ھۆددىگەر پىرىم» قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ تىللاردا داستان بولغىدەك جاسارەت بىلەن 15 يىل ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا رايونلىرىنى قىدىرىپ تەكشۈرگەن. مەھمۇد كاشغەرىي بۇ ھەقتە: «مەن شۇ تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكىرنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن، ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن، جەڭ ئىشلىرىغا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ شەھەر، سەھرالىرىنى باشتىن - ئاياغ كېزىپ چىقتىم. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، قىرغىز، چىگىل، ياغمىلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيەلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ ئۇلاردىن پايدىلاندىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ تىلى مېنىڭ دىلىمغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتى. مەن ئۇلارنى پۇختا رەتلەپ، ئوبدان تەرتىپكە سېلىپ چىقتىم.» دەيدۇ. زامان ۋە ماكان نۇقتىسىدىن 11 - ئەسىرنىڭ مۇھىتىدا يۇرت ۋە مەھەللىلەرنى تۇتاشتۇرىدىغان بۈگۈنكىدەك داغدام يوللارمۇ، ئات - ئېشەكتىن باشقا قاتناش ۋاسىتىلىرىمۇ يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەل - يۇرت ناھايىتى ئۈزۈك ۋە تارقاق بولۇپ، تاغ

كەنتىگە يېتىپ بارغان. قۇم ـ بورانغا يەم بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئابدال كەنتىدە ئۇ لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئاقساقىلى كۆنچىققان بەگنىڭ قىزغىن قوللىشى ۋە ياردىمىگە ئېرىشىپ، ئۆز تەسەۋۋۇرىدىنمۇ كۆپرەك تەسىراتلارغا ئىگە بولغان. شۇنىڭدىن باشلاپ شىۋېتسىيەلىك بۇ مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيەچىنىڭ لوپنۇرلۇقلار بىلەن بولغان 40 يىللىق تارىخى رىشتىسى باغلانغان. 1899 ـ يىلى سۋېن ھېدىن ئىككىنچى قېتىم لوپنۇر كۆلى ۋادىسىغا قەدەم باسىدۇ. لوپنۇرلۇقلار تەرىپىدىن «ھەيدىن تۆرەم» شەرىپىگە نائىل بولغان سۋېن ھېدىن لوپنۇر ۋادىسىنىڭ تىرىك شاھىتى ئۆردەكباينىڭ باشلامچىلىقى بىلەن تەكلىماكان قۇملۇقى ئاستىدا ئۇن نەچچە ئەسىرلەپ «ئۇخلاپ ياتقان» قەدىمكى مەشھۇر كروران شەھىرىنىڭ خارابىسىنى تېپىپ دۇنيا ئارخېئولوگىيە ساھەسىنى زىلزىلىگە سالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، 1934 ـ يىلى 70 ياشقا يېقىنلىشىپ قالغان سۋېن ھېدىن 32 يىللىق قەدىنىسى ئۆردەكباينىڭ ھەمراھلىقىدا بەشىنچى قېتىملىق لوپنۇر سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، تىلسىملىق ماكان تارىم ۋادىسىنىڭ سىرىنى ئېچىپ، ياۋروپا ئىلىم ساھەسىدىكى چولپانغا ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ 40 يىللىق ئېكسپېدىتسىيەسىدە چەككەن رىيازەتلىرىنى ئەسلىسەك، بۇ ئىلىم ئادىمىگە بولغان ھۆرمەت ۋە سىغىنىشىمىز ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. سۋېن ھېدىن تۇنجى قېتىم خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ، تەكلىماكاندىن ئىبارەت بۇ «ھالاكەت دېڭىزى»غا قىلغان سەپىرىدە مۇنداق بىر تەسىرلىك ۋەقە يۈز بەرگەن: 1895 ـ يىلى ئەتىيازدا 40 ياش ئۆپچۆرىسىدىكى بۇ قىران بۈركۈت تەكلىماكان بويىدىكى مەكىتلىك قاسىم ئاخۇن، ئىسلامباي، مۇھەممەدشاھ قاتارلىق يولباشچىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا، تەكلىماننى كېسىپ ئۆتۈپ، ئاخىرقى نۇقتا خوتەنگە بارماقچى بولىدۇ. لېكىن ئويلىمىغان

جاپالىق قىدىرىپ تەكشۈرۈپ، تارىخ ياد ئەتكۈدەك ئەجايىپ خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن.

بىز تېخى بۇ سەيياھلارنىڭ رىيازەتلىك ساياھەت خا-تىرىلىرىنى رەتلەپ چىقىشقا ئۈلگۈرەلمىدۇق. شۇنداق تۇرۇقلۇق ساددا ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغىمىز بىلەن ئۇلارنى قارا قويۇقلا «ئەجنەبىي قاراقچىلار» دەپمۇ تىللىدۇق. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ تارىم مەدەنىيىتىنىڭ سىرىنى ئېچىش يولىدا كۆرسەتكەن پىداكارانە ئىلمىي روھى بىزنىڭ مەڭگۈلۈك ئۆگىنىش ئۈلگىمىز بولۇشقا مۇناسىپ. ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدە يېقىنقى زاماندىن بۇيان يۇرتىمىزنىڭ مەدەنىيەت سىرلىرى ھەققىدە شىۋېتسىيەلىك مەشھۇر ئارخېئولوگ ۋە ئېتنوگراف سۋېن ھېدىنىدەك قان تەر ئاققۇزۇپ تەكشۈرگەن دۇنياۋى مۆۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن ئېكسپېدىتسىيەچىلەر ئاز بولسا كېرەك. دوكتور ئەسەت سۇلايماننىڭ شىۋېتسىيەدىكى ساياھەت خاتىرىسى «ئىزلىنىش ۋە كىملىك» ناملىق كىتابىنىڭ «سۋېن ھېدىن خاتىرە سارىيىدىكى ئىككى بوتۇلكا دوغ سۇ» بابىدىن مەلۇم بولۇشىچە، سۋېن ھېدىن جەمئىي بەش قېتىم تارىم ۋادىسىدا ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. سۋېن ھېدىن ئۆزىدىن 20 يىل بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن رۇسىيەلىك ئاتاقلىق ئارخېئولوگ پىرژىۋالىسكىينىڭ «لوپنۇر كۆلىگە سەپەر» ناملىق ئىلمىي تەكشۈرۈش كىتابىنى قانچە قېتىملاپ ئوقۇش ۋە رۇس تىلىدىن شىۋېتچىگە تەرجىمە قىلىش جەريانىدا، بۇ سىرلىق زېمىننى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈش ئىستىكى قوزغالغان. شۇنىڭ بىلەن پىرژىۋالىسكىينىڭ لوپنۇر سەپىرىدىن 20 يىل كېيىن، يەنى 1896 - يىلى 4 - ئايدا ئۇ بىرىنچى قېتىم كەشمىر ئارقىلىق خوتەنگە كېلىپ سال بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنى بويلاپ، لوپنۇرلۇقلارنىڭ مەركىزى ئابدال

تەخمىنەن 100 كىلومېتىرچە كېلىدىغان جايدىكى قۇرۇق ئېقىن ئىچىدىن سۋېن ھېدىننىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇۋالغان «ھېدىن كۆلچىكى»نى تاپىدۇ ھەمدە سۋېن ھېدىننىڭ 5 - قېتىملىق مۇشەققەتلىك تارىم ئېكسپېدىتسىيەنىڭ مۇقەددەس يالدامىسى سۈپىتىدە بۇ كۆلچەكتىن ئىككى بوتۇلكىغا سۇ قاچىلاپ، ئۇنى شىۋېتسىيەنىڭ مەركىزى ستوكھولمدىكى دۆلەتلىك ئېتنوگرافىيە مۇزېيىنىڭ 2 - قەۋىتىدىكى «سۋېن ھېدىن خاتىرە سارىيى»غا قويىدۇ. بۇ ئىككى بوتۇلكا دۇغ سۇ سۋېن ھېدىننىڭ يۇرتىمىز بىلەن زىچ باغلانغان بىر ئۆمۈرلۈك ئېكسپېدىتسىيە ھاياتىنىڭ مەڭگۈلۈك سىمۋولى بولۇپ قالىدۇ. كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئىلمىي تەكشۈرۈش شۇ رايونغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببەت تۇيغۇسىدىن تۇغۇلىدىغان جاپالىق ئىزدىنىش، تىنىمسىز ئىجادىي ئەمگەك ھېسابلىنىدۇ. بۈگۈنكىدەك توققۇزى تەل ئەۋزەل شارائىت ئاستىدا، «يېڭىلىق» ئىزدەۋاتقان بىزدەك ئىلمىي خادىملارنىڭ ئىلمىي روھىنى مەھمۇد كاشغەرىي، جۈملىدىن سۋېن ھېدىن قاتارلىق كۆپلىگەن ئالىملىرىمىزنىڭ ئەينى زاماندىكى «يىڭنە بىلەن قۇدۇق قازغان»دەك چىداملىق روھى بىلەن سېلىشتۇرساق، ھەقىقەتەن پەرقىنىڭ چوڭ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. بۇ نۇقتىدا لوپنۇرلۇق تۇرسۇن قوشۇقنىڭ قاراتمىلىققا ئىگە يۇمۇرلۇق تەنبىھلىرى تولىمۇ جايىدا ئېيتىلغان ئورۇنلۇق گەپتەك قىلىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، مەركەزدىن تارتىپ ھەر قايسى ئۆلكە - رايونلاردىن كېلىپ «بورلۇقتا يول ئېچىش» مەقسىتىدە ئاساسىي قاتلامدا «ئىلمىي تەكشۈرۈش» ئېلىپ بېرىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىسىمۇ (مەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى قېزىپ چىقالايدىغانلار بەك ئاز. كۆپچىلىكىمىز ئايروپىلان ياكى ماشىنا بىلەن نىشانلىغان رايونغا بېرىپ، ئۇ جايدىكى شارائىتى ياخشى،

يەردىن ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى خوتەن دەرياسىنىڭ غەربى ۋە يەكەن دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى بىپايان چۆلدە يۆنىلىشتىن ئېزىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېچىدىغان سۇيى تۈگەپ كېتىپ سەپەرداشلىرى بىر ـ بىرلەپ قۇملۇقتا يىقىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىرادىلىك يولباشلىغۇچىسى قاسىم ئاخۇنمۇ ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن هالسىزلىنىپ هوشىدىن كېتىدۇ. هايات ـ ماماتلىق سىنىقىغا دۇچ كەلگەن سۋېن هېدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلىككە پاتىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۇستىدىكى مەسئۇلىيەت بۇرچى ئۇنىڭغا چىدام ۋە غەيرەت ئاتا قىلىپ، ئۇسسۇزلۇققا قارشى كۇرەشكە ئۈندەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنىلا مېڭىشنى توختاتمايدۇ، ئاخىر خوتەن دەرياسىنىڭ قۇرۇغان ئېقىنىدىكى قومۇشلۇق ئىچىدىن بىر شورلۇق كۆلچەكنى بايقايدۇ. كەلكۈن پەسلىدە يىغىلىپ قالغان بۇ سۇ سۋېن هېدىنغا قايتىدىن هاياتبەخش ئېتىدۇ. ئۇ كۆلچەكتىكى دۇغ سۇنى قانغۇچە ئىچىپ، ئېسىگە كېلىۋالغاندىن كېيىن، پۇتىدىكى چېگرىن ئۆتۈكنى سېلىپ، ئۇنىڭغا لىق سۇ ئالىدۇ ـ دە، بىر قۇرۇغان توغراق ياغىچىنى ئەپكەش قىلىپ سەپەرداشلىرى هوشسىز ياتقان يەرگە كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. قاسىم ئاخۇن باشلىق هەمراهلار ئۆتۈكتىكى سۇنى ئىچىپ، ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتۇلىدۇ. كېيىنچە سۋېن هېدىننى ئەتقىق قىلغۇچىلار بۇ كۆلچەكنى «هېدىن كۆلچىكى» دەپ ئاتاشقان. 1994 ـ يىلى سۋېن هېدىن هاياتىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن شىۋېتسىيە بىلەن جۇڭگونىڭ بىرلەشمە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى سۋېن هېدىننىڭ ئىزىنى بويلاپ تەكلىماكان قۇملۇقىنى جەنۇبتىن شىمالغا كېسىپ ئۆتۈش سەپىرىنى باشلايدۇ. بۇ قېتىمقى قىدىرىش جەريانىدا سۋېن هېدىننىڭ «كۆچمە كۆل» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسەن، خوتەن دەرياسىنىڭ يەكەن دەرياسى بىلەن قوشۇلىدىغان جايىغا

پىروگراممىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ كاتتا يىغىننىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۇرۇش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ 2012 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا جاڭ جۈنشەن شۇجى باشچىلىقىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت خىزمەت يىغىنى ئېچىلدى. مۇشۇ ئىككى چوڭ يىغىننىڭ تۈرتكىسى ۋە ئىلھامى بىلەن لوپنۇر ناھىيەلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتلىشىپ «تۇنجى قېتىملىق لوپنۇرلۇقلار مەدەنىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئۆتكۈزۈشنى پىلانلىغان ھەمدە بۇ پىلاننى ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، لوپنۇرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق بۇ مۇھاكىمە يىغىنىنى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىنى مەملىكەتكە ۋە دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش، يىغىننىڭ روھى ئارقىلىق لوپنۇرنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنى سىلجىتىش ئۈچۈن، يىغىننىڭ تەشكىلىي كۈن تەرتىپلىرى ۋە ئىلمىي ئىشلىرىنى تەشكىللەشتە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى بىلەن ھەمكارلاشقان. ئىككى تەرەپ كۆپ قېتىم مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، يىغىننى بۇ يىل 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئېچىشنى قارارلاشتۇرۇپ، ئەمەلىي تەييارلىق خىزمەتلىرىنى باشلىغان، ئەنە شۇ تەييارلىق خىزمەتلىرىنىڭ 1 ـ قەدىمى بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەر لوپنۇرغا بېرىپ ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئىدى. بۇ ئىشنى ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھاۋالىسىغا ئاساسەن «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، ئىقتىدارلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەشكىلاتچىسى ئۆمەرجان ئىمىن ئەپەندى قول سېلىپ ئىشلەپ، ئۇرۇمچىدىكى «لوپنۇرشۇناس» مۇتەخەسسىسلەردىن 15 كىشىنى تەشكىللىدى. پېقىرمۇ مۇشۇ كوللېكتىپ تەكشۈرۈش

ئازادە مېھمانغانىغا ئورۇنلىشىپ، ئاندىن يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك باشلىقلىرىنى ئىزدەيمىز. يۇقىرى ئورگانلارنىڭ تامغىسى ئۇرۇلغان قىزىل باشلىق ھۆججەتنى پەش قىلىپ ئۇلارنىڭ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلىمىز. ئاساسىي قاتلامدىكىلەر ئىشلەپ تەييار قىلىپ قويغان ئىككىنچى، ئۈچىنچى قول ماتېرىياللارنى يىغىۋالىمىز. يۇقىرىدىن ھەر قانداق ئادەم كەلسە، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىرىدىغان ئۆلچەملىك سەنئەتكار ياكى ئەلنەغمىچىلەرنى چاقىرتىپ، رېستوران ئۇستىلى ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ ئۇلاردىن «ئەھۋال» ئىگىلەيمىز-دە، ئولجىغا ئېرىشكەن تەلەيلىك مېھماندەك پۇت - قولىمىزغا چاڭ قوندۇرماي تەنتەنىلىك قايتىمىز ۋە كۆرگەن - بىلگەنلىرىمىزنى ئانچە - مۇنچە پەردازلاپ، «تەكشۈرۈش دوكلاتى» تەييارلاپ ئېلان قىلىشقا ئالدىرايمىز. بۇنداق «تەكشۈرۈش» ئارقىلىق ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلەردە قانچىلىك يېڭىلىق، ئىجادىيلىق بارلىقىنى مۆلچەرلەش تەس.

قىسقىسى، بىزنىڭ ئەنئەنىۋى روھىمىز «ئەمەلىيەتچىل پەلسەپە» ئۇستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ھەر قانداق بىر ئىلمىي كەشپىياتتا ئوبيېكتنى بىۋاسىتە كۆزىتىش، چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق تەكشۈرۈش، ئوبيېكت بىلەن بىر گەۋدىلىشىش نىشانىدا چىڭ تۇرۇشنى تەكىتلەيمىز.

مېنىڭ 3 - قېتىملىق لوپنۇر سەپىرىم ئىنتايىن پايدىلىق پۇرسەتلەر ئىچىدە ئۆتكەن يىلى، يەنى 2012 - يىلى 1 - ئاۋغۇستتىن 6 - ئاۋغۇستقىچە بەش كۈن داۋاملاشتى. ئەسلىدە بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش مۇنداق بىر ئالىي مەقسەت بىلەن روياپقا چىققان: يىل بېشىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى باش سېكرېتارى خۇ جىنتاۋ باشچىلىقىدا يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم مەدەنىيەت خىزمىتى يىغىنى ئېچىلىپ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ

ئەتىرتىسىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە نۇقتىلىق تېما بويىچە لوپنۇرنى 3 - قېتىم زىيارەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. گەرچە ۋاقىت قىسقا بولسىمۇ ناھىيەلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە غەمخورلۇقى ئاستىدا لونۇر بازار ئىچى، داش يېزىسى، ناھىيەلىك مۇزېي، تارىم بويىدىكى يېڭىدىن قۇرۇلغان ساياھەت نۇقتىسى — لوپنۇرلۇقلار كەنتى، ئاقسۇپا يېزىسى، دۆڭقوتان يېزىسى، قارچۇقا يېزىسى، ئۆردەكباي قەبرىگاھى... قاتارلىق كۆپلىگەن يۇرت - مەھەللىلەرنى كېزىپ، يۈزلىگەن پېشقەدەم خەلق سەنئەتكارلىرى ۋە ۋەقەشۇناسلار بىلەن كوللېكتىپ ۋە يەككە ھالدا سۆھبەت ئۆيۈشتۇرۇپ ھەربىرىمىز كۆڭلىمىزگە پۈككەن تېمىلار دائىرىسىدە قىممەتلىك ماتېرىياللارغا ئېرىشتۇق. مېنىڭ قىزىققىنىم ۋە ئۇزاقتىن بۇيان ئىزدەۋاتقىنىم لوپنۇر ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى يۇرت ناملىرىنىڭ ئېتمولوگىيەسى بىلەن لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئېتنىك تەركىبى ئىدى. بۇ ھەقتىكى تارىخىي يازما مەنبەلەر ئاساسەن يوق دېيەرلىك بولۇپ، كۆپرەك ئەل ئىچىدىكى ۋەقەشۇناسلارنىڭ ئاغزاكى تارىخىي بايانلىرىغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. دەرۋەقە، يازما مەنبەسى يوق ئاغزاكى تارىخىي بايانلارنى «ئەپسانە - رىۋايەت» دەپلا قاراپ ئانچە ئېتىبارغا ئېلىپ كەتمەيمىز. ئەمما بۈگۈنكى دۇنيا ئىلىم ساھەسىدە «ئاغزاكى ۋەقەشۇناسلىق» قىزىق نۇقتىغا ئايلىنىپ، تارىخشۇناسلارنىڭ ئاغزاكى بايانلىرى ئارقىلىق يېشىلمەكتە. بۇ بىر رېئاللىق. شۇڭا مەنمۇ «كەلگۈسىدە تارىخشۇناسلارنىڭ دەلىللەپ بېكىتىشى ئۈچۈن ھېچبولمىغاندا بىر يىپ ئۇچى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دېگەن خالىس نىيەت بىلەن لوپنۇرنىڭ توپونىمى ۋە ئانتىرپونىمىغا ئائىت ئىككى ھالقىلىق مەسىلە ھەققىدىكى ھاسىلاتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىماقچى:

## 1 ـ لوپ ۋە لوپنۇر نامى توغرىسىدا

شىنجاڭدا «لوپ» نامى بىلەن ئاتىلىدىغان ئىككى يۇرت بار. بىرى، خوتەننىڭ شەرقىدىكى لوپ ناھىيەسى؛ يەنە بىرى، بىز مۇھاكىمە قىلىۋاتقان تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى «لوپ» ياكى ھازىرقى لوپنۇر ناھىيەسى. بۇ نام قەدىمكى بەزى تارىخىي ھۆججەتلەردە «نوپ»، «لوپ» ياكى «ناپولو» دەپ يېزىلغان. «شۆن جاڭنىڭ تەرجىمىھالى» (ئۇيغۇرچە نۇسخا 5 ـ باب، 85 ـ ۋاراق، 15 ـ، ـ17 قۇرلار) دا: «لوپ» دېگەن شەھەر ئىسمى بولۇپ، بۇ (لولەن) دېگەن يەردۇر» دېگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ. بۇ يەردە خەنزۇچىدا «纳缚波 (ناپوبو) دەپ خاتىرىلەنگەن. «ماركوپولو ساياھەتنامىسى»دە بۇ يەر ئىسمى «لوپ» دەپ يېزىلغان. قەدىمكى توبوت تىلىدا بۇ ئىسىم (nop) دەپ يېزىلغان.

بىزنىڭچە، بۇ ئاتالغۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئېتنو مورفىمى «نوپ» بولۇشى ئېھتىمالغان يېقىن. بۇ نام يىپەك يولى سودىسى تازا روناق تاپقان دەسلەپكى دەۋرلەردە بۇ يەردە ياشىغان سوغدىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەسلىدە ھازىرقى چوڭ لوپنۇر كۆلى بىلەن كىچىك لوپنۇر كۆلى ئارىلىقىدىكى بوستانلىقتا «يېڭىسۇ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كۆچۈم يۇرت بولغان. ھازىرمۇ لوپنۇرلۇقلار بۇ جاينىڭ نامىنى «يېڭىسۇ» دەپ ئاتايدۇ (بۇ جاي ھازىر بىگتۇن 2 ـ دۈيزىيە 35 ـ تۇەننىڭ قارمىقىدا). تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى قۇرۇپ كەتمەستىن بۇرۇن «يېڭىسۇ» ناھايىتى ئەلۋەك يۇرت بولۇپ، «لوپنۇر» دېگەن ئىسىم قويۇلماستىن ئىلگىرى ساپ ئۇيغۇر تىلىدىكى «يېڭىسۇ» دېگەن توپونىم كەڭ مەنىدە «لوپنۇر» دېگەن نامنىڭ تەگ (يىلتىزى) نامى «يېڭىسۇ» دېيىلىدىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. سوغدىلار بۇ رايونغا كەلگەندىن كېيىن ئۇ يەرنى

ئاھالىلەرنىڭ تىلىغا سىڭىپ، بۇ جاينىڭ نامى «لوپنۇر»غا ئومۇملىشىپ قالغانلىقى ئېھتىمال.

بىرەر جاي ـ ئورۇن نامى ھەمدە مۇئەييەن بودۇن — خەلق توپى نامىنىڭ سۇبىتانىۋلىشىش (ئىسىمغا ئايلىنىش، ئىسىم كاتېگورىيەسىگە تېگىشلىك بولۇش) جەريانىدا دائىم فونىتېكىلىق، مورفولوگىيەلىك ۋە سىنتاكسىسلىق ئۆزگىرىشلەرگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا توپونىم (توپوس — ئورۇن، يەر ـ جاي، نام ـ ئاتاق دېگەن سۆزلەرنىڭ بىرىكمىسى) نى سىمانتىكىلىق ۋە ئېتمولوگىيەلىك جەھەتلەردىن ئانالىز قىلغاندا ئەينى دەۋر تىل مۇھىتىدا يۈز بېرىدىغان فونىتېك ۋە مورفولوگىك ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق زۆرۈر، پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا، ھالا بۈگۈنكى زامان ئادەملىرىنىڭ تىل ئادىتىدە قېلىپلىشىپ قالغان توپونىملارنىڭ تارىخى سىرىنى ۋە شۇ جاي نامى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن قەدىمكى مەدەنىيەت تىندۇرمىلىرىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى مۇئەييەن ئېنىقلىقتا يېشىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

مەلۇمكى، غەربىي يۇرت قەدىمكى يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ ئۆتۈشمە ئېغىزى بولغاچقا، بۇ زۇنىدا كۆپ خىل ئىرق، كۆپ خىل دىن، كۆپ خىل تىل ـ يېزىق، كۆپ خىل مەدەنىيەت ئامىللىرى ئۆزئارا ئۇچراشقان، قوشۇلغان ياكى سىنكىرىتلاشقان (ئارىلاشقان). قەدىمكى زاماندا ياشاش ئېھتىياجى، تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى، جۈملىدىن تەبىئىي، ئىجتىمائىي، كۈلتۈرەل شارائىتلار تۈپەيلىدىن مۇئەييەن خەلق توپى ئۇياقتىن ـ بۇياققا، بۇياقتىن ـ ئۇياققا تىنىمسىز كۆچۈپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولاتتى. ئاخىر ئۇلار نىسپىي ماكانلاشقان جايلاردا ئۆزلىرىنىڭ يا ئۇنداق، يا مۇنداق ئىزلىرىنى قالدۇراتتى. شۇ ۋەجىدىن بەزى يەر ـ جاي ناملىرى قوشنا ئۇلۇس ـ مىللەتلەرنىڭ تىللىرىدا ئۆزلىرىنىڭ تىل ئادەتلىرىگە بېقىندۇرۇلۇپ تەلەپپۇز

«نەۋئاپ» (Navap) دەپ ئاتىغان. «نەۋئاپ» — سوغدى تىلىدا «يېڭىسۇ»نىڭ تەرجىمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مىرەندىن تېپىلغان تۈبۈتچە ھۆججەتتە «نوپ چىن» ۋە «نوپ چاڭ» دېگەن ئىسىملار ئۇچرايدۇ (ھازىرقى چاقىلىق تەۋەلىكىدە نوپچاڭ دېگەن بىر يۇرت بار). بۇ «چوڭ نوپ»، «كىچىك نوپ» دېگەن بولىدۇ. دېمەك، تۈبۈت تىلىدا سوغدى تىلىدىكى «يېڭى» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «نەۋ» (ئۇيغۇرچىدا «نو») سۆزى «نوپ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان بولۇپ، يەنىلا «يېڭى» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن تۈبۈت تىلىدىكى «كۆل» (سۇ) مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «نەۋ» (ئۇيغۇرچە شەكلى «لوپنۇر») دېگەن «توپونىم» بارلىققا كەلگەن. تۈبۈت تىلىدىكى بۇ ئىسىمنىڭ سانسكرىت تىلىدىكى شەكلى «Navap» (ناۋاپ) بولۇپ، سانسكرىتچە «Nava－Para» (ناۋا ـ پارا)دىن كەلگەن. سانسكرىت تىلىدىكى بۇ سۆزنىڭ مەنىسىمۇ «يېڭىسۇ» دېمەكتۇر. بەزى ئالىملار بۇ ئىسىمنىڭ خەنزۇچىدىكى «   » (ناپوبو شەكلىنى مەزكۇر نامنىڭ سانسكرىتچىلاشقان شەكلى «Navapa»نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ.

دېمەك، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلەشكەن تۈپ سۆز «لوپ» ياكى «لوپنۇر» سوغدى تىلىدا «نەۋئاپ»، تۈبۈت تىلىدا «نوپ» (لوپ) ياكى «لوپنۇر»، سانسكرىت تىلىدا «ناۋاپا» دەپ تىرانسكرىپسىيە قىلىنغان بولۇپ، ھەممىسىنىڭ مەنىسى ئۇيغۇرچە نام — «يېڭىسۇ» دېگەن يۇرت نامىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر. تارىختا مىلادى 7 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرلەرگىچە تارىم ئېتىكىدىكى رايونلاردا بىر مەزگىل تۈبۈتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى مەلۇم. ئېھتىمال ئاشۇ تارىخىي ئىجتىمائىي مۇھىتتا «يېڭىسۇ»نىڭ تۈبۈتچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بولغان «لوپنۇر» سۆزى بۇ يەردە ياشىغان يەرلىك

خەلق ئۆز تىلىدا ئىسىم قويىدۇ. لېكىن، ھەر خىل تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يەر جايلارنىڭ بىرلەمچى ئىسىملىرى ئىككىلەمچى ياكى ئۈچلەمچى ناملارغىمۇ ئۆزگىرىپ قېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: «قۇرۇق تاغ» (قارا قۇرۇم) ئەسلىدە ئۇيغۇر تىلىدا قويۇلغان نام بولۇپ، ھىندى پىراكرىت تىلىدا «كھوم - روم» (KHOM-Rom) دەپ ئۆز تىلىغا بويسۇندۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىنغان. ئۇنى خەنزۇ تىلىدا «كۇن - لۇن» دېگەن ئاھاڭ تەلەپپۇزى بىلەن ئۆزلەشتۈرگەن. بۇ سۆز رۇس تىلىدا (جۈملىدىن ياۋروپالىقلار تىلىدا) «كۇئېنلۇن» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ نام ھەممە خەلقلەر تىلىدا ئومۇملىشىپ قالغان. نەتىجىدە خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا جۈملىدىن، ئېلىمىزدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ تىللىرىدا ھەر ئىككى نام «قارا قۇرۇم» ۋە «كۇئېنلۇن» تەڭداش قوللىنىلىپ ئەسلىدىكى بىر تاغ تىزمىسى ئىككى تاغ تىزمىسىغا ئايلىنىپ قېلىشتەك جۇغراپىيەلىك سەۋەنلىكنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولغان. بۇنداق مىساللار يەر - جاي ناملىرىدا خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئەڭ بۇرۇن رۇسىيە جۇغراپىيە جەمئىيىتىنىڭ نوپۇزلۇق ئالىمى نىكولاي مېخايلوۋىچ پىرژېۋالىسكىي (1893 —— 1899 - يىللار) 1876 - ، 1877 - يىللىرى لوپنۇرغا كېلىپ ئېكسپېدىتسىيە قىلغاندا، تارىم دەرياسىنىڭ ئاخىرقى مەنزىلگاھىدىكى كۆچمە ئارال شەكىللىك «كۆل»لەرنىڭ نامىنى ئومۇمىي نام بىلەن «لوپنۇر كۆلى» دەپ ئاتىغان. يەرلىك خەلقلەر بۇ كۆل تىزمىسىنى «قارا قويۇن»، «تايىق كۆلى»، «ئارچا كۆلى»، «قۇرۇق كۆل» دەپ ئاتالغان تۆت بۆلەك كۆلنىڭ ئورتاق نامى كېيىنچە «لوپنۇر كۆلى» دەپ ئاتالغان. مەزكۇر نامنىڭ ھازىرقى لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ ئورتاق نامى بولۇپ قېلىش تارىخى ناھايىتى قىسقا. ئۇنىڭدىن بۇرۇن

جەھەتتە دائىم ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان، بەزىلىرى تەگ تىلى بىلەن ئۇ جايدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان باشقا تىلدىكى بوْدوْنلارنىڭ فونېتىكىلىق ئامىللىرى بىلەن بىرىكىپ سىنكرېتىك (ئارىلاشما) نام بولۇپ شەكىللەنگەن. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەسلىدىكى ئېتنو توپونىملار ئۆزگىرىپ، گوياكى باشقا تىل سىستېمىلىرىدا قويۇلغان بىرلەمچى نامدەك تۇيغۇ بېرىپ قويغان. بۇ ئىككىلەمچى ئامىللار بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭدىكى توپونىملارنىڭ نامىنى بېكىتىشتە «خەنزۇچە نام، ھىندى - سانكرىتچە نام، گىرېك - ئىرانچە نام، موڭغۇلچە نام، تۈبۈتچە نام، مانجۇ - تونگۇسچە نام، ئورۇسچە نام...» دېگەندەك ئازغۇن «ھۆكۈم»لەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولماقتا. دەرۋەقە، شىنجاڭنىڭ توپونىملىرىدا قەدىمكى ئورال - ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى تۈركىي تىللار ئائىلىسى (كونكرېتراق ئېيتقاندا ئۇيغۇر تىلى) تىللىرىدا قويۇلغان ناملاردىن باشقا موڭغۇل، مانجۇ تىللىرىدا قويۇلغان ناملار، خەن - زاڭ تىل سىستېمىسىغا كىرىدىغان تىللاردا قويۇلغان ناملارمۇ چەكلىك نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. لېكىن بۇنداق توپونىملارنىڭ تەگ - يىلتىزىنى تەھقىقلەشتە شۇ جايدا ياشىغان ئانا يىلتىزلىق خەلقلەرنىڭ تىل دىيالېكتلىرىنى فونېتىكىلىق ۋە سېمانتىكىلىق نۇقتىدىن بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇش، فونېتىك ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەرتىپ - قانۇنىيەتلىرىنى تارىخىي تىلشۇناسلىق ئەندىزىسى بويىچە ئۆزلۈكىگە قايتۇرۇش، شۇ تىللارنىڭ ئەينى زاماندىكى تەلەپپۇز شەكلى بويىچە ترانسكرىپسىيەلەش قاتارلىق ئىلمىي ئۇسۇللارنى قوللانغاندا ئىزدەنمەكچى بولغان توپونىملارنىڭ ئەسلىدىكى نامى ۋە مىللىيەت كېنى ئېنىقلىنىدۇ. ئەقەللىي چۈشەنچە بويىچە تەسەۋۋۇر قىلغاندىمۇ مۇئەييەن بىر جايدا ئەك بۇرۇن كىم ماكانلاشقان بولسا شۇ جايغا ئاشۇ ماكانلاشقۇچى

بولۇپ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 92 ـ يىلى ئۇنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بۇ شەھەر خەن سۇلالىسى بىلەن سۇن ئىمپېراتورلۇقىنىڭ تالىشىدىغان ئوبيېكتى بولۇپ قالغان. ئاخىر ھون ئىمپېراتورلۇقى تەيىنلىگەن رورەننىڭ يېڭى پادىشاھى خەن سۇلالىسىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى فو جېيزى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن «رورەن»نىڭ نامى « » (شەنشەن ياكى قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردە «پىشامشان»گە ئۆزگەرتىلگەن. خەن سۇلالىسى پۈتۈكلىرىدىكى «لولەن» «رورەن»نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، توخرى (تۇخار) لارنىڭ قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلىرىدە بۇ نام «كىروراينا» ياكى «كروران» دەپ خاتىرىلەنگەن. شۇڭا بەزى چەت ئەللىك ئالىملار « »نى «كروران»نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ قارايدۇ. بۇ جاي ھازىر «مىرەن» دەپ ئاتىلىدۇ. مىرەن بىر مەزگىل گۈللەنگەندىن كېيىن مىلادىيە 7 ـ ، 8 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا يەنىلا كۆچمە قوۋم ئاستىدا قېلىپ خارابىلىككە ئايلانغان. ئەنگلىيەلىك ستەيىن مىرەن خارابىلىكىدە ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق مۆلچەرلىگۈچىسىز مەدەنىيەت تېپىندىلىرىغا ئىگە بولغان. ئۇنىڭ ئىچىدە گىرېك مەدەنىيىتى ئۇسلۇبىدا سىزىلغان «قاناتلىق پەرى» رەسىمى ھەممىدىن مەشھۇر. يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان «نوپ» (لوپ) تەۋەلىكىدىكى قەدىمكى شەھەر ـ قەلئەلەرنىڭ ئورنىنى ئالىملار ھەر خىل كۆرسىتىدۇ. لېكىن كۆپچىلىك ئالىملار، بۇ شەھەرلەر ئىزچىل تۇردە لوپ ياكى «نوپ» كۆلىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى «يېڭىسۇ» ئەتراپىدا دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ. كروران ياكى رورەن بەگلىكى دەۋرلىرىدە بۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تارىختا «كىچىك يۆشلەر» (ياۋچىلار) دەپ ئاتالغان توخرىلار بولسا كېرەك. كۇچا (كۇسەن)دىن تېپىلغان توخرى تىلىدىكى ھۆججەتلەردىن قارىغاندا، تەكلىماكاننىڭ

زوزوڭتاڭ دەۋرىدە دۇررال (ھازىرقى تىكەنلىك يېزىسىدا ناھىيە تەسىس قىلىنىپ «دۇرال ناھىيەسى» دەپ ئاتالغان.) بۇ ھەقتە خەلق ئارىسىدا رىۋايەتلەر بار.

## 2. لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئېتنىك تەركىبى توغرىسىدا

لوپنۇرنى مەركەز قىلغان تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنلىرىدىكى بوستانلىقلار ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىن بۇيان ھەر خىل ئىرقتىكى ئىنسان توركۇملىرى ياشاپ كەلگەن قەدىمكى مەدەنىيەت بەلۋاغلىرىدىن بىرى. دۇنيا ئارخېئولوگىيەسىنى زىلزىلىگە سالغان «كروران گۈزىلى» بۇنىڭ جانلىق شاھىتى. ۋاھالەنكى، بۇ رايوندا ياشىغان ئىنسان توركۇملىرىنىڭ زادى كىملەر ئىكەنلىكى ھەققىدە ئانتروپولوگىيەلىك مەنبەلەر يوق دېيەرلىك. شۇڭا ئۇنى ئېتنىك نۇقتىدىن چۈشەندۇرۇش ئىنتايىن مۇرەككەپ تېما ھېسابلىنىدۇ. تولۇق بولمىغان بەزى تارىخىي ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ رايوندا مىلادىيەدىن بۇرۇن بىر قانچە خانلىق ھۆكۈم سۈرگەنلىكى مەلۇم. شۇلارنىڭ بىرى خەنزۇچە يۇتۇكنامىلەردە « » (لولەن) دەپ خاتىرىلەنگەن «رورەن پادىشاھلىقى»دۇر. بۇ ئىسىم ئەڭ دەسلەپ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 176 ـ يىلى ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ خەن سۇلالىسىگە يازغان بىر پارچە مەكتۇپىدا ئۇچرايدۇ. شۇنىڭدىن 50 يىل كېيىن (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 126 ـ يىلى) خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي رايون ھەققىدە مەركەزگە يوللىغان دوكلاتىدا: «لولەن (رورەن)، گاۋچاڭ (قوچو)نىڭ سېپىلى بار ئىكەن. تۇزلۇق كۆل (لوپنۇر كۆلىنى دېمەكچى بولسا كېرەك ــ ئا) گە يېقىن ئىكەن» دەپ يازغان. كېيىن فاشيەن بىلەن شۈەن زاڭ بۇددا نوملىرىنى ئىزدەپ غەربىي رايونغا بارغاندا «رورەن» شەھىرى ئاللىقاچان خارابىلىككە ئايلانغانىكەن. رورەن ئەسلىدە بىر پادىشاھلىق

ئەتراپىدىكى يەرلىك خەلقلەر ھونلاردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن چوڭ بىر قوشۇن تۈزگەن، ئۇلار بېشىغا پۆپۈكلۈك ئۈچلۈق قارا قالپاق كىيىپ ئۈستىگە قارا رەڭلىك يۇڭ توقۇلما كىيىم كىيگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار «قارا قوشۇن» دەپ ئاتىلىپ قالغان، دېيىشىدۇ. بۇ يەردىكى «قارا» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «بۈيۈك، ئالىي، يۈكسەك، چوڭ» مەنىسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز. لېكىن مېنىڭ قارىشىمچە، «قوشۇن» ھازىرقى زامان تىلىمىزدىكى «قوشۇن» (ئەسكىري قىسىم) مەنىسىنى بىلدۈرمىسە كېرەك. چۈنكى 10 ـ ئەسىردىن بۇرۇن ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىدە «قوشۇن» سۆزى ئۇچرىمايدۇ. بىزنىڭچە لوپنۇردىكى «قارا قوشۇن» دەپ ئاتالغان ئۇرۇق نامى «قوجۇ»نىڭ ئېتنىك مەنبەسى مەلۇم ئورتاقلىققا ئىگە بولۇشى مۇمكىن. ھەر ئىككى ئاتالغۇنىڭ مەنبەسى موڭغۇل دالاسىدا باش كۆتۈرگەن ھون ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1 ـ، 3 ـ ئەسىرلەر) خېشى كارىدورىدىن تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي ئېتەكلىرىگىچە بولغان كەڭ زېمىنلاردا ياشىغان ئۇلۇغ ياۋچىلار (خەنزۇچە ھۆججەتلەرگە ئاساسلىنىپ ئۇلارنى «تۇخار» ياكى «توخرى» دەپ ئاتايدۇ)نىڭ بىر تارمىقى بولغان «قوش» ياكى «قوشۇ» قەبىلىلىرىنىڭ نامىدىن كەلگەن بولۇپ، تۇخار تىلى بولۇشى مۇمكىن. «توخار» غەرب تىلشۇناسلىرىنىڭ تەلەپپۇزى بولۇپ، قەدىمكى ئورال ـ ئالتاي تىللىرىدا «توخرى» دەپ ئاتالغان. «توخرى» ئالتاي تىللىرىدا (ھازىر بولسا مانجۇ ـ تونگۇس تىللىرىدا) «ھارۋا»، «ئارابە» دېمەكتۇر. بۇ نام ھارۋىنىڭ كەشپىياتچىلىرى بولغان قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدا ھارۋىنىڭ سۈپەتلىمىسى بويىچە «قاڭقا» ياكى «قاڭقىللار» دەپ ئاتالغان. قاڭقىللار نەسەب جەھەتتىن قەدىمكى ئۇيغۇر (ئوغۇر ـ ئوغۇز) قەبىلە ئىتتىپاقى ئىچىدىكى «قۇتىغۇر» (قۇت ئۇيغۇر) دەپ ئاتالغان «قوش» (قوشۇ، قوشان

شىمالىي (قارا شەھەر، كۇچا)لاردا ياشىغان توخرىلار بىلەن تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدا ياشىغان توخرىلار ۋە تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدا ياشىغان توخرىلار ئارىسىدا قانداشلىق مۇناسىۋەت بولغان بولسا كېرەك. لېكىن بۇ ھەقتە يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈش ۋە بۇ ھەقتىكى تارىخىي ھۆججەتلەردىكى ئۇچۇرلارنى ئانتروپولوگىيە، ئېتنوگرافىيە ۋە تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن سېلىشتۇرۇپ تەھقىقلەش زۆرۈر.

يېقىنقى تەكشۈرۈشلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ھازىرقى لوپنۇرلۇقلار ئۆزلىرىنى ئۈچ چوڭ ئۇرۇقتىن تەركىب تاپقان دەپ قارايدۇ. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ، 60 ـ يىللىرىغىچە ھەر قانداق بىر لوپنۇرلۇقتىن «سىز قايسى جەمەتتىن؟» دەپ سورىسا، «مەن پالانى ئۇرۇقتىن» دەپ ئېنىق جاۋاب بېرەلەيتتى. 3 ـ قېتىملىق پىشقەدەملەردىن باشقا ياشلار ئۆزلىرىنىڭ زاتىنى (ئۇرۇقىنى) ئاساسەن بىلمەيدىكەن. مېنىڭ 1978 ـ يىلىدىكى تەكشۈرۈش خاتىرەمگە ئاساسلانغاندا ئانتىرپوزم جەھەتتىن لوپنۇرنىڭ ھازىرقى رېئال ئاھالىسى ئۈچ چوڭ ئۇرۇق ياكى جەمەتتىن تەركىب تاپقان.

بىرىنچى، چوڭ ئۇرۇق — «قارا قوشۇن» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇلار لوپنۇر ئاھالىسىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. «قارا قوشۇن»لار كۆپرەك تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنىدىكى تىكەنلىك، ئابدان (يۇرت ئىسمى جانلىق تىلدا «ئابدال»مۇ دېيىلىدۇ)، لايسۇ، دۆڭقوتان، قارچۇغا قاتارلىق يۇرتلارغا مەركەزلىك ماكانلاشقان. ئۇلار ياشىغان جايلار پايانسىز توغراقلىق بولغاچقا، ئۇلار ئۆزلىرىنى «داغلىقچىلار» دېيىشىدۇ. «قارا قوشۇن»لار ھەققىدە ۋەقەشۇناسلار ئارىسىدا ئوخشىمىغان چۈشەنچىلەر بار: بەزىلەر، ئۇلارنى ئۇيقان دەرياسى بويىدا ياشىغۇچى لوپنۇرنىڭ ئەسلىي يەرلىك خەلقى دېسە، يەنە بەزىلەر جەنۇبىي ھونلار غەربكە جازا يۈرۈشى قىلغاندا، لوپنۇر

«قارا قوشۇنلۇقلار قوشىقى» دەپ ئېلىنىۋاتىدۇ. بۇ ئۇرۇق - قەبىلە نامى يەنى ئانتىروپونىم بولغاچقا، يەر - جاي تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان «لۇق»، «لىك» قوشۇمچىسىنى قوشۇپ ئاتاشقا بولماس. چۈنكى «ئۇيغۇرلۇقلار»، «قازاقلىقلار» دېگىلى بولمىغىنىدەك، «قوشۇقلۇقلار» دېيىش توغرا ئەمەس. «قارا قوشۇنلار» ھەققىدە تىلشۇناس، ئالىم ئىمىن تۇرسۇن ئۆزىنىڭ «توپونىمغا دائىر ئىزدىنىشلەر» ناملىق ماقالىسىدە يەنە باشقىچىرەك پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ماقالىنىڭ «قاچۇن» ماددىسىدا «قاچۇن ھازىرقى كېرىيە ناھىيەسىنىڭ شەھەر ئىچىدىن ئۆتىدىغان ئۆستەڭ ۋە ئۇنىڭ بويىدىكى يېزا نامى. مىلادىيە 11 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كېرىيەدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن كۆچۈرۈلگەن ئاھالىنىڭ بىر قىسمى ‹قارا قوۋچىن› ياكى ‹قوچىن›، ‹قوچۇن› دەپ ئاتالغان قەۋم ئىدى... لوپنۇردىمۇ «قارا قوشۇن» بولۇشى ئېھتىمال» دەپ يازىدۇ. شۇڭا بۇ ھەقتە داۋاملىق ئىزدىنىپ توغرا ۋە ئىشەنچلىك يەكۈن چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىككىنچى، «يانلا ئۇرۇقى» — ئۆزلىرىنى «يانلا» دېيىشىدىغان پىشقەدەملەرنىڭ ئىزاھلىشىچە، «ياقا تەرەپتە ئولتۇرغۇچى»، «ياقا - يۇرتلاردىن ئولتۇراقلاشقۇچى»لارنى «يانلا» دېيىشىدىكەن. يەنى باشقا رايونلاردىن (ئاساسەن تۇرپان، پىچان، قومۇل، يەنجى ‹قارا شەھەر›، كۇچا، ھەتتا خوتەن، قەشقەر قاتارلىق رايونلاردىن) لوپنۇر بوستانلىقىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلارنى كۆزدە تۇتقان. يەنە بەزىلەر مىرەن شەھىرى قۇمغا كۆمۈلۈپ خارابىلىككە ئايلانغاندىن كېيىن ئامان قالغان كىشىلەرمۇ شۇ جايغا يۆتكەلگەن. شۇڭا ئۇلارنى بۇ يۇرتلاردىكى قېرىنداشلىرى «يانلا»، «يان ياقىلىقلار» دەپ ئاتاشقان، دېيىشىدۇ. ئۈچىنچى بىر خىل ئىزاھلاشتا، يەنسەي (ئاناسەي) قىرغىزلىرى شىمالىي قۇملۇقتىن غەربىي رايونغا

ياكى كوشان) قەبىلىسىگە تەۋە ئىدى. بۇ نام قەدىمكى خەنزۇ تىلىنىڭ تەلەپپۇزى بويىچە «كوشى، گوشى» ( «»، «车师، 故师» دەپ خاتىرىگە ئېلىنغان. بۇ يەردىكى «车» خېتى هازىرقىدەك «چې» ئوقۇلماستىن قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا «گو، كو، قو» (GO,KO,QO) دەپ ئوقۇلاتتى. ئەنە شۇ «قوشۇ» (قوش) قەبىلىسى قويقۇ خانىنىڭ باشچىلىقىدا هازىرقى تۇران دىيارىدا قوشۇ كاھبەگلىكىنى قۇرغان. بۇ بەگلىك قەدىمكى خەنزۇچە مەنبەلەردە «车师都尉国» دەپ يېزىلغان بولۇپ، «قوجو بەگلىكى» دېگەنلىكتۇر. دېمەك، بۇ يەردە «ش» تاۋۇشى «چ» تاۋۇشىغا ئالماشقان. «ش»نىڭ «چ»غا نۆۋەتلىشىشى تۈركىي تىللارغا مەنسۇپ بولغان ئورتاق تىل هادىسىسى هېسابلىنىدۇ. مۇشۇ تىل رېئاللىقى بويىچە ئېيتقاندا «قوجو» (QOCHO) ئاتالغۇسى قەبىلە نامى «قوشۇ»دىن كەلگەن. بۇ نام ئەسلىدە ئانتروپونىم بولۇپ، كېيىنچە توپونىم سۈپىتىدىمۇ ئىستېمال قىلىنغان. مەسىلەن: مەھمۇد كاشغەريي ئۆزىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدىمۇ: «قوجو ئۇيغۇر شەھەرلىرىدىن بىرىنىڭ ئېتى، بەزىدە ئۇ يەردىكى شەھەرلەرنىڭ هەممىسى شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ» دېگەن ئىزاھ ئۇچرايدۇ. ئېنىقكى، بۇ يەردە «قوجو» توپونىملىق مەنە خاراكتېرگە ئىگە.

ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، لوپنۇردىكى «قارا قوشۇن»لار تارىختا خېشى كارىدورىدىن غەربىي جەنۇبقا سىلجىغان «قوشۇ» قەبىلىسىنىڭ لوپنۇر رايونىدا ماكانلىشىپ قالغان بۆلىكى بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇلار ئەسلىي نامىنى ساقلاپ قالغان. كېيىنچە جانلىق تىلدا «ن» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالغان بولۇشى ئېهتىمال. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ناخشا ـ قوشاقلىرىدا «قوش»، «قوشۇ» دېگەن سۆزلەرنىڭ بولۇشىمۇ يۇقىرىقى پىكرىمىزنى ئىسپاتلايدۇ. هازىر مەتبۇئاتلاردا «قارا قوشۇن قوشىقى»،

ئوغۇل ـ قىزدىن كۆپەيگەنلەر ئۆزلىرىنى «جودانلار[1]» ياكى «قالۇچى» دەپ ئاتاشقانىكەن دەپ ھېكايە قىلىنسا، يەنە بىر خىل رىۋايەتتە، چوڭ يۇلتۇز ئەتراپىدىكى موڭغۇللار لوپنۇرلۇقلارنىڭ بېلىقچىلىق ھۈنىرىگە ناھايىتى قىزىقىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىر جۈپ پەرزەنتلىرىنى مانجا (بېلىق تۇتىدىغان تور) بىلەن ئالماشتۇرغان. بۇ موڭغۇل پەرزەنتلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى ئالا تولو، يەنە بىرسىنىڭ ئىسمى چالى تولو ئىكەن. ئۇلار چوڭ بولۇپ ئەر ـ خوتۇن بولۇپتۇ. ئۇلاردىن قالغان نەسىللەر ئۆزلىرىنى «قالۇچى» دەپ ئاتىغانىكەن، يۇقىرىدىكى ھەر ئىككى رىۋايەت مەزمۇن جەھەتتىن ئوخشاشلىقتا ئىگە. بۇ ئۇرۇق كۆپەرەك دۆڭقوتان ئەتراپىدىكى «لايسۇ»غا ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى «لايسۇلۇق مانجاچى» دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ ئۇرۇقلار توغرىسىدا ھازىرغىچە قولىمىزدا ھېچقانداق يازما ئۇچۇر بولمىغاچقا، بەزى ۋەقەشۇناسلارنىڭ ئاغزاكى رىۋايەتلىرىگە تايىنىشتىن باشقا ئامال بولمىدى.

لوپنۇرلۇقلار شۇ رايوننىڭ تەبىئىي شارائىتى تۈپەيلىدىن جەمەتىنى بىرلىك قىلىپ كۆچمەن ھالەتتە تارقاق ئولتۇراقلاشقان. شۇڭا جەمەتچىلىك ئىزنالىرى باشقا ئۇيغۇر رايونلىرىغا قارىغاندا بىر قەدەر تولۇق ساقلانغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەتتە ئەۋلادنىڭ نەسەبنامىسىنى بىلىدىغانلار خېلى كۆپ نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. ئەلۋەتتە نەسەب شۇ رايوننىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىشنىڭ بىر بەلگىسى بولغاچقا، ئۇنىمۇ قېزىش، رەتلەش ۋە ئىسخېملاشتۇرۇش مۇھىم ئانتىروپولوگىيەلىك قىممەتكە ئىگە.

يۇقىرىقى قاراشلار ئۈچ قېتىملىق لوپنۇر تەكشۈرۈشىدىن

[1] جوداخ — موڭغۇلچە بۇنقا تاۋاپ قىلىش مەنىسىدە.

قاراپ كۆچكەن مەزگىللىرىدە ئۇلارنىڭ بىر قىسمى خېشى كارىدورىدىن ئۆتۈپ، قاشقۇۋۇق (يۇيمىنگۇەن)دىن ئايرىلغان جەنۇبىي يىپەك يولىنى بويلاپ تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىنىدىكى كەڭ كەتكەن يايلاقلاردا ماكانلىشىپ قالغان ۋە ئاستا ـ ئاستا ئۇ جايدا ياشايدىغان يەرلىك ئاھالىلەر قېتىغا سىڭىشىپ، ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن، ياندىن كەلگەن بۇ قوۋمىنىڭ 1 ـ ئەجدادى كويوك، 2 ـ ئەۋلادى چاگار، 3 ـ ئەۋلادى بېردەك، 4 ـ ئەۋلادى قەزى، 5 ـ ئەۋلادى كۇنبۇك، 6 ـ ئەۋلادى ئېرتەك، 7 ـ ئەۋلادى مامبەت دېگەن ئاغزاكى رىۋايەتلەر بار. دەرۋەقە، ھازىرغىچە ساقلانغان بەزى يەرلىك ناخشا ـ كۈيلەرنىڭ مېلودىيەسىدە مەلۇم دەرىجىدە قىرغىز ئىر ـ جىرلىرىنىڭ پۇرىقى بارلىقىنى سېزىمىز. بۇنى ئەلۋەتتە كۈيشۇناسلىق نۇقتىسىدىن كومپوزىتورلىرىمىز تەتقىق قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ.

ئۈچىنچى، «جۇداخ ئۇرۇقى» ئۇلار ئۆزلىرىنى «قالۇچى» دەيمۇ ئاتايدۇ. «قالۇچى»لار توغرىسىدىكى يەرلىك رىۋايەتلەرنىڭ بەزىلىرىدە چىڭگىزخان ئىستىلاسىدىن كېيىن چوڭ يۇلتۇز ئەتراپىغا ماكانلاشقان موڭغۇللار ئۆزلىرىنىڭ لامالىرىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن يىلدا بىر قېتىم تىبەتكە بارىدىغان بولغاچقا دائىم دۆڭقوتاننىڭ غەربىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىكەن. بۇ مۇشكۇل سەپەر جەريانىدا ۋاقتى ـ سائىتى توشۇپ قالغان ئىككى تاۋاپچى ئايال دۆڭقوتان ئاچىلىغا كەلگەندە بىرلا ۋاقىتتا يەڭگىپتۇ. يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان بۇ بىر جۈپ بوۋاقنىڭ بىرىسى ئوغۇل، بىرىسى قىز ئىكەن. يولدىكى خېيىم ـ خەتەردىن ئەنسىرىگەن بۇ تاۋاپچى موڭغۇللار بۇ بىر جۈپ پەرزەنتىنى شۇ جايدىكى يەرلىك خەلقنىڭ بېقىۋېلىشىغا تاشلاپ كېتىدىكەن ۋە ھەر يىلى تاۋاپ مەزگىلىدە ئۆزلىرىنىڭ بۇ پۇشتىنى يوقلاپ تۇرىدىكەن. يىللار ئۆتۈپ بۇ بىر جۈپ

باسقۇچى بولغاچقا، ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنىڭ ھەممىسىگە بىر تەلەپنى قويۇشقا بولمايدۇ. ئەمما ئەسلىدە ئىلىم - پەن جەھەتتە ئارقىدا قالغان مىللەتنى ئىلىم - پەندە روناق تاپقان مىللەتكە ئايلاندۇرۇشتا ئىلمىي تەقرىزنىڭ تۈرتكىلىك كۈچىگە ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. بىزدە ئىلمىي تەقرىزچىلىكنىڭ مۇئەييەن قوشۇن سۈپىتىدە شەكىللىنەلمەسلىكىدە بەزى ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلەرمۇ بار. ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئالغاندا، بىزدە ئەدەبىي ئەسەرلەرگە قارىغاندا ئىلمىي ئەسەرلەر ناھايىتى ئاز. تېخى ئازلىقىغا قارىماي نەشر قىلىنىش نىسبىتى تۆۋەن. ئىگىلىشىمچە، نەشر ئەپكارلىرى بىر يىلدا نەشر قىلغان كىتابلارنىڭ ئىچىدە ھەقىقىي مەنىدىكى ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ نىسبىتى 8% گىمۇ يەتمەيدىكەن. تېخى «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، ئەدەبىي ئەسەرلەرگە مۇۋاپىق «قەلەم ھەققى» بېرىشنى يولغا قويغان نەشرىياتلار ئىلمىي ئەسەرلەرگە كەلگەندە ئاپتوردىن «نەشر ھەققى» تەلەپ قىلىدىكەن. بۇ جەھەتلەردە تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ نەشرىياتچىلىق تۈزۈمى بىلەن قارىمۇقارشى ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىزدە ئىلىم - پەنگە ئائىت ئەسەرلەر پەقەت ئۇنىۋان ئېلىشنىڭ دەسمايىسىغا ئايلىنىپ قېلىپ جەمئىيەتكە يۈزلىنەلمىگەن ۋە تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلىنالمىغان. سۇبيېكتىپ جەھەتتىن ئالغاندا، ئىلمىي تەقرىزچىلىككە قىزىقىدىغانلار ناھايىتى ئاز. چۈنكى ئۇنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى زور. ئۇ بىر پارچە ئەدەبىي ئەسەرنى ئەدەبىيات نەزەرىيەسىنىڭ قېلىپىغا سېلىپ ئەدەبىي ماھارىتىنى ئۆلچەيدىغان ئەدەبىي ئوبزورچىلىقتىن پەرقلىق ھالدا ئەتراپلىق بىلىم قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولۇشنى، ئەقلىي تەپەككۇرنى قاناتلاندۇرۇپ «يىڭنىدە قۇدۇق قازغان»دەك جاپالىق ئىزدىنىشنى، ھەق - ناھەت قارىشىنىڭ مۇكەممەل

كېيىن ئېرىشكەن سەپەر ھاسىلاتلىرى. ئاخىرىدا، ئىلىم ـ پەن مۇنبىرىمىزدە بوشلۇق ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان بىر نۇقتىنى سەمىگىلارغا سېلىپ قوياي: ئۇ بولسىمۇ ئىلمىي تەقرىزچىلىك مەسىلىسى. ئىلمىي تەقرىز مەخسۇس ئىلمىي ئەسەرلەرنى باھالايدىغان، ئىلمىي ئەسەرلەردە كۆرۈلگەن خاتالىقلارنى تەنقىدلەپ توغرا ئىلمىي قاراشنى تىكلەيدىغان ئىلىم ـ پەن «قاراۋۇلخانىسى». گەرچە ئىلىم چەكسىز بولغىنى بىلەن ھەر قانداق ئىلىم ئادەمنىڭ بىلگىسى چەكلىك بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتلىرىدا يا ئۇنداق، يا مۇنداق سەۋەنلىكلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي. ئەگەر ئىلمىي تەقرىزچىلىك بولمىسا، بۇنداق سەۋەنلىكلەر دۆۋىلىنىپ تارىخنى بۇرمىلاش، تارىخنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىش رولىنى ئوينايدۇ، ئىلىم ـ پەننى قاشاسىز باغقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. شۇڭا غەرب ئىلىم ـ پېنىدە ئىلمىي تەقرىزچىلىككە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. تارىخقا ئايلانغان ماركسىزم كىلاسسىكلىرىنىڭ ئاساسىي ئەمگەكلىرىمۇ ئىلمىي تەقرىزچىلىكتە گەۋدىلەنگەن. ۋاھالەنكى، «شېئىرى مىللەت» ھۆزۈرىنى سۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلاردا ئەقلىي تەپەككۇر تەلەپ قىلىدىغان ئىلمىي تەقرىزچىلىك تېخىغىچە نۆل ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ. «ئەدەبىي تەنقىد» ئەدەبىيات ئىلمىنىڭ ئۈچ مۇھىم تەركىبىي قىسمىنىڭ بىرى سۈپىتىدە مەخسۇس ئىلىم ھېسابلىنىدۇ. ئۇ كەڭ مەنىدە ئىلمىي تەقرىزچىلىكنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر ئەدەبىي تەنقىد ئىلمىي نوقۇل ھالدا ئەدەبىي ئەسەرلەرنىلا ئۆزىگە ئوبېيكت قىلىپ، ئىلمىي تەقرىزچىلىكنى چەتكە قاقسا، ياكى ئۇنىڭ قىممىتىنى تۆۋەنلىتىپ بۇ «تاغ»قا ياماشمىسا، ئۇ چاغدا بىر قولى يوق چولاق «بايۋەچچە»گە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەلۋەتتە، ئوبرازلىق تەپەككۇردىن مەنتىق تەپەككۇر (ئەقلىي تەپەككۇر)غا ئۆتۈش بىلىشنىڭ يۇقىرى

مەلۇم ئىلمىي ئەسەر ئىچىدىكى بىرەر خاتالىقنى ھېس قىلغاندا، بىۋاسىتە ھالدا شۇ خاتالىقنى تەنقىدلەش ئوبيېكتى قىلىۋالماي، ۋاستىلىق ئۇسۇل بىلەن ئۆزىنىڭ شۇنىڭغا ئالاقىدار ئىلمىي ئەسەر ياكى ماقالىسىدا ئۇنىڭ توغرىسىنى بايان قىلىش ئۇ ھەقتىكى دەلىل - ئىسپاتلارنى شەرھلەش، قارىماققا بۇ ئۇسۇل «تەنقىدتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش»تەك بىلىنسىمۇ، لېكىن باشقىلارنىڭ ئاشۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئېچكىرىلەپ سېلىشتۇرۇشىغا پايدىلىق ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىدۇ. بۇمۇ بىر خىل «ۋاستىلىق ئىلمىي تەقرىز» ئۇسۇلى. ھەر ئىككى ئۇسۇلنىڭ نىشانى خاتانى تۈزەشتىن ئىبارەت بىر نۇقتىغا مەركەزلىشىدۇ.

مەن كېيىنكى ئۇسۇلنى قوللىنىپ 1992 - يىلى ۋېنگىرىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ سەگەت شەھىرىدىكى «ئاتىللا ئۇنىۋېرسىتېتى» رىياسەتچىلىكىدە ئېچىلدىغان «39 - نۆۋەتلىك خەلقئارا ئالتايشۇناسلىق ئىلمىي كونفرېنسىيەسى»گە ئاتاپ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىكى بىر قىسىم يەر - جاي ناملىرىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ھەققىدە» ناملىق ئۇزۇن بىر پارچە ماقالە يازدىم ھەمدە شۇ يىلى 5 - ئايدا ئېچىلغان بۇ يىغىندا مەزكۇر ماقالىنىڭ ئاساسىي نۇقتىئىنەزىرىنى ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرگە تونۇشتۇردۇم. ئىنگلىزچە تەرجىمە قىلغان تولۇق نۇسخىسى شۇ قېتىملىق يىغىننىڭ «ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»غا كىرگۈزۈلدى). ماقالىنىڭ ئىچىدە مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا تىلغان ئالغان «قۇجۇ» (QOJU) شەھىرىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ھەققىدە نۇقتىلىقراق توختالغان. بۇ شەھەرنىڭ نامى ھەققىدە ئېلىمىزنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا جۈملىدىن بىر ئۆمۈر تۈركولوگىيە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان مەشھۇر تۇرپانشۇناس گابائىن خانىم، ستەيىن، لىكوك، باھائىددىن ئۆگەل قاتارلىق تۈركولوگلارنىڭ

بولۇشىنى، تارىخىي سېلىشتۇرماشۇناسلىق مېتودىنى پۇختا ئىگىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا كۆپچىلىكىمىز بۇنداق «ئاۋارىچىلىق»تىن قېچىپ ئىشنىڭ ئاسىنىغا يۈگۈرەيمىز.

ئىلمىي تەقرىزچىلىك ساھەسىدە بىزنىڭ ئىستىقباللىق ياش ئوبزورچىمىز يالقۇن روزى خېلى چوڭقۇر ئىزدىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ «مەن نېمىشقا ئوبزور يازىمەن»، «لاي قەلئەنىڭ سىرى» (شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى، 2013 - يىلى نەشرى) ناملىق ئىككى ماقالىلەر توپلىمى ئاساسەن ئىلمىي تەقرىزلەردىن تەركىب تاپقاچقا كىشىنى ئىلمىي جەھەتتىن سۆيۈندۈردى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى «ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قاچان، قانداق قۇرۇلغان» دېگەن ئىلمىي تەقرىزدە مەن باش بولۇپ تۈزگەن ئىككى توملۇق «ئەزىزانە قەشقەر» ناملىق ئەسەر ئىچىدىكى «قەشقەردە 1933 - يىلى 12 - ئايدا ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان» دېگەن تارىخىي ھۆكۈمنى تەنقىدلەپ «تۇنجى قېتىم ئۇرۇمچىدە 1934 - يىلى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان، ئۇنىڭدىن كېيىن 1934 - يىلى 12 - ئايدا ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان»لىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يىلنامىدىكى سەۋەنلىكنى تۈزەتكەن. گەرچە يىلنامىدىكى پەرق 12 ئاي (بىر يىل) بولسىمۇ، ئۇ ھامان تارىخىي جەھەتتىن ئېنىقسىزلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا يالقۇن سەزگۈرلۈك بىلەن بۇ يىلنامىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئالاقىدار نۇرغۇن تارىخىي ھۆججەتلەرنى كۆرۈپ سېلىشتۇرغان. بۇ گەرچە كىچىك ئىش ھېسابلانسىمۇ، لېكىن تەقرىزچىمىزنىڭ نەزىرىدىن ساقىت بولمىغان. مەن ئىلمىي تەقرىزچىلىكتە ئەنە شۇنداق روھنى قۇۋۋەتلەيمەن ۋە ھىمايە قىلىمەن.

ئىلمىي تەقرىزچىلىكتە يەنە بىر ئۇسۇلمۇ بار، يەنى

ئۇيغۇرچە: قوش (قوشۇ) — قۇجۇ = ئىدىقۇت = دەقيانۇس شەھىرى

خەنزۇچە: 姑师 — 车师 = 高车 = 高昌

«گاۋچاڭ» مەنە جەھەتتىن بارغانسېرى كېڭىيىپ، كەڭ مەنىدە پۈتۈن تۇرپان رايونى ھەتتا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تېرىتورىيەسىنى كۆرسىتىدىغان تارىخىي نامغا ئايلانغان. ئۇنىڭ ئەسلىدىكى تار مەنىسى تارىختىكى قۇجۇ (قوشۇ) شەھىرى يەنى تۇرپاننىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىدىن 50 كىلومېتىر يىراقتىكى يالقۇنتاغنىڭ باغرىغا جايلاشقان ئىدىقۇت خارابىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خارابە ئەينى ۋاقىتتىكى قۇجۇ (قوشۇخان)نىڭ ئوردىسى بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا ئاستانە (2 ـ قورغان) ۋە قاراخوجا (3 ـ قورغان) دەپ ئاتالغان يۇرتلار بار.

مېنىڭ بۇ كۆز قاراشلىرىم تارىختا «قېلىپلىشىپ» قالغان يۇقىرىقى ئالىملارنىڭ قاراشلىرىغا ئوخشىمايدىغان بولغاچقا، ئەنە شۇ قېتىمقى يىغىن ئەھلىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى ۋە يىغىنغا قاتناشقان بەزى مۇتەخەسسىسلەر بۇ ھەقتە مەن بىلەن ئايرىم پىكىرلەشتى. بۇ كىچىككىنە ئەسلىمە ماڭا ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىدە دادىللىق بىلەن ئىزدىنىش، ئىزدىنىش يەنە ئىزدىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى تونۇتتى.

مەلانە جالالىدىن رۇمىي مەنىۋىيەت ئالىمىنىڭ خوجىسى بولغان ھەققانىيەتچى ئىجادكارلارنىڭ تەبىرىنى مۇنداق سۈپەتلىگەن.

«... سەپەرگە چىقسا ئاي ۋە كۈن ئۇلارغا ياستۇق، ئات مىنىپ ماڭسا يەتتە قات ئاسمان ئۇلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا. ئۇلار يۇلتۇز پىيالىسىدە مەي ئىچىشىدۇ، بىر ـ بىرلىرى بىلەن ھەقىقەت ۋە تەرىقەت ئۈستىدە بەس ـ مۇنازىرە قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ يۈزلىرى ئەتىرگۈلدەك ئېچىلىپ تۇرىدۇ. كۆڭۈل كۆكسى

ئەسەرلىرىدە بىر ئورتاقلىق بولۇپ، «قۇجۇ» ئومۇمەن شىجوخۇيگو (غەربىي ئايماق ئۇيغۇر خانلىقى) دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن «گاۋچاڭ» («گاۋچى»، «قاڭقى»لار دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دېگەن خەنزۇچە نامنىڭ تۈركچە ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىكەنلىكىنى، شۇڭا «قۇجۇ» ھېچقانداق تۈركىي مەنىگە ئىگە ئەمەسلىكىنى، ئېتىمولوگىيە جەھەتتىن خەنزۇچە نام ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. بۇ قاراش مېنى ئويغا سالدى. «قۇجۇ» (ھازىرقى تۇرپان)دا ئەزەلدىن ياشاپ كەلگەن يەرلىك خەلقلەر (ئۇيغۇرلار) «خەنزۇچە نام» ـــــ «قۇجۇ» بارلىققا كەلمەستىن بۇرۇن ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك تىلىدا بۇ شەھەرنى نېمە دەپ ئاتىغان بولغىيتتى؟ دېگەن چىگىش سوئالنى يىپ ئۇچى قىلىپ كۆپ ئىزدەندىم. خەنزۇ قەدىمكى يېزىقشۇناسلاردىن ئاشۇ ئاتالغۇدىكى « » خېتىنىڭ قەدىمكى تەلەپپۇز شەكلىنى ئىگىلىدىم. بۇ يەردىكى خاتالىقنىڭ تۈگۈنى دەل ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدا «چې» دەپ ئوقۇلىدىغان «车» خېتى قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا «گۇ، كۇ» (Gu, KHO) دەپ تەلەپپۇز قىلىنغانلىقى بىلەن باغلىنىپ چىقتى. شۇڭا ئەينى چاغدىلا بۇ شەھەرنىڭ نامى خەنزۇچە «姑师» (گۇشى) دەپمۇ خاتىرىلەنگەن. خۇلاسە شۇكى «قۇجۇ» ئاتالغۇسى قانداقتۇر خەنزۇچە «گاۋچاڭ» ياكى «گاۋچى»نىڭ تۈركچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بولماستىن، بەلكى شۇ شەھەردە ياشىغان يەرلىك ئۇيغۇر قەۋملىرىدىن بىرى بولغان «قوشۇ»لارنىڭ نامىدىن كەلگەن «قوشۇ» («قوش»، «قوس»مۇ دېيىلىدۇ)لارنىڭ ئېتىنىڭ تارىخى، تارىخ سەھنىسىدىكى پائالىيەتلىرى، بۇ نامنىڭ كېيىنكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش جەريانلىرى ھەققىدە ئالدىنقى سەھىپىلەردە تەپسىلىي بايان قىلىنغاچقا، بۇ يەردە يەنە قايتا تەكرارلاش بىھاجەت.

بۇ يەر ـ جاي نامىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى مۇنداق سېخىملاش مۇمكىن.

بۇ جەرياندا ھاياتتىن ئىبارەت بۇ شاھمات تاختىسىدىكى «ئات» بولالمىساممۇ، بىر «پىشكا»لىق ئورنۇمنى ساقلاپ كەلدىم. پەقەت سوقراتنىڭ: «يالغۇز بىر تەڭرى بار — ئۇ بىلىمدۇر. يالغۇز بىر شەيتان بار — ئۇ نادانلىقتۇر.» دېگەن ھېكمىتىگە ئەقىدە باغلاپ ياشىدىم، خالاس. ئەگەر «ئەزرائىل» مەندىن «ھاياتىڭدا نېمە ئىش قىلدىڭ؟» دەپ سوراقلىسا، «ئۇستاز بولۇپ ئوقۇغۇچى تەربىيەلىدىم. قالغان ۋاقتىمدا ئىلىم تەھسىل قىلىپ، 200 پارچىگە يېقىن ئىلمىي ماقالە، 30 پارچىدىن ئارتۇقراق ئىلمىي كىتاب، 50 پارچە ئەتراپىدا شېئىر ۋە نەسر يازدىم» دەپ جاۋاب بېرىمەن. ئوقۇرمەنلىرىمنىڭ گۇۋاھلىقى ئۈچۈن نەشر قىلىنغان كىتابلىرىمنىڭ تىزىملىكى تۆۋەندىكىچە:

ئىلمىي ئەسەرلەر

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى» (مۇھەممەد زۇنۇن بىلەن ھەمكارلىشىپ)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىلى نەشرى.

«خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيەسى» (ئىككى قىسىملىق)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1983 - يىلى نەشرى.

«ئەدەبىياتقا دائىر مۇلاھىزىلەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىلى نەشرى.

«ئەدەبىيات نەزەرىيەسى» (كوللېكتىپ يەنى تۆت ئاپتور ھەمكارلىقىدا)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى.

«ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1987 - يىلى نەشرى.

«فولكلور ۋە يازما ئەدەبىيات»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى،

‹ئىچىل سۇپىرام›دەك يېپىلىپ تۇرىدۇ، قامەتلىرى چىناردەك راۋرۇس. ئۇلارنى قانلىق دولقۇنلار قوتراپ، ئۆز قايىنىمىغا ئالىدۇ، ئۇلارنىڭ كىيىملىرىگە قىلچە داغ تەگمەيدۇ. پۈتۈن ۋۇجۇدىغا سانسىزلىغان تىكەنلەر سانجىلىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە يەنىلا تەبەسسۇم ئويناپ تۇرىدۇ. ئۇلار مىسكىن، ئەمما مەيگە ئوخشاش جوش ئۇرۇپ تۇرىدۇ، ئۆزلىرىنى جەھەننەم ئوتى كۆيدۇرۇپ تۇرىۋاتىدۇ، موھتاجلارغا جەننەتنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇلار ئۇچۇن تاجىدار، بايراقدار، سۇلتانلار بىر پول، ئالقىش ۋە مەدھىيە سانا ھاجەتسىز. ئاسماندا بىرلا قۇياش، بىرلا ئاي بار. لېكىن ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىدا سانسىزلىغان ئاي ۋە قۇياش بار. ھەر بىر يۇرتنىڭ بىر پادىشاھى بولىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ كۆڭۈل شەھىرىدە ھەممىلا كىشى پادىشاھ. ئۇلارنىڭ قەلبىنىڭ سۇلتانى، مەنىۋى ئالەمنىڭ خوجىسى، ئىلمۇ ئىرپانىنىڭ كامالىتى. . . » مانا بۇ ئالىم، مۇتەخەسسىس، يازغۇچى، شائىر، سەنئەتكار دېگەن ئاتاقنىڭ ئىچكى مەنە قاتلىمى، ھەقىقىي مەنىدىكى ئىجادكارلارنىڭ ماھىيىتى. مەن بۇ ماكسىموم تەلەپنىڭ مىنىموم نۇقتىسىدا تۇرالىسام ئۆزۈمنى چەكسىز بەختلىك ھېس قىلىمەن. بۇنى ئەلۋەتتە خەلقىمنىڭ ئادىل تارازىسى ئۆلچەيدۇ. بەختنى كۆزلىمە، لازىم بولسا ئۆزى كېلىپ سېنى تاپىدۇ. ھاياتنى سۆيۈش بەخت دېمەكتۇر. ھايات بىلەن ۋاقىت قوش بىسلىق پاراۋۇز يولى. مېنىڭ قەدرىم ۋاقىتنىڭ قاناتلىرى ئۈستىدە ئۇچالىغاندا قولغا كېلىدۇ. ئەمما ۋاقىت — ئاتلىق، بىز پىيادە. شۇڭا بىزگە: «ۋاقىتنى قەدرلىگەن بەختنى تاپار» دېگەن ئاتىلار سۆزى ئۇدۇم قالغان.

مەن كەچمىشىمنى ئەسلىسەم، 70 يىل — 25 مىڭ 200 كۈن — 604 مىڭ 800 سائەت ۋاقىتىم مەكتەپ دەرۋازىسى ئىچىدە ئۆتۈپتۇ. ئالىي مەكتەپ ھاياتىمىغىمۇ 55 يىل بولۇپتۇ.

«شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىياتى ھەققىدە تەتقىقات» (باش توزگۈچى)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 - يىل نەشرى.

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» (10 - ، 11 - تومىنىڭ توزگۈچىسى)، مىللەتلەر نەشرىياتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005 - يىل نەشرى.

«ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىغا ئائىت مەسىلىلەر» (توزگۈچى)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1981 - يىل نەشرى.

«20 - ئەسىر ئۇيغۇر ماددىي فولكلور مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 - يىل نەشرى.

«مەھمۇد كاشغەري ۋە ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› » (باش مۇھەررىر)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2008 - يىل نەشرى.

«ئەزىزانە قەشقەر» (ئىككى توم، باش توزگۈچى)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009 - يىل نەشرى.

«ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى» (مەسۇمجان زۇلپىقار بىلەن ھەمكارلىشىپ توزگەن، رۇسچە - ئۇيغۇرچە)، قازاقىستان ئالمۇتا نەشرىياتى، 2009 - يىل نەشرى.

«ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە مەدەنىيەت تارىخى» (خەنزۇچە، باش توزگۈچى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2010 - يىل نەشرى.

«ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى» (ئىنگلىزچە، رەسىملىك چۈشەندۈرۈش، توزگۈچى)، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2011 - يىل نەشرى.

«قەشقەر ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2012 - يىل نەشرى.

«قەشقەر بىناكارلىق مەدەنىيىتى»، قەشقەر ئۇيغۇر

1988 - يىل نەشرى.

«مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تۇغۇلغان ھېسلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىلى نەشرى.

«ئۇيغۇر مۇقام پېشىۋالىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىل نەشرى.

«ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996 - يىلى نەشرى.

«ئۇيغۇر فولكلورى» (تۈركچە)، تۈركىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى نەشرىياتى، 1996 - يىلى نەشرى.

«ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» (خەنزۇچە، باش تۈزگۈچى)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 - يىل نەشرى.

«يىپەك يولىدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە نەزەر»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 - يىل نەشرى.

«جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت قامۇسى» (خەنزۇچە، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ئائىت قىسمىنى يازغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1998 - يىل نەشرى.

«ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكى» (3 قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 - يىل نەشرى.

«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مىللەتلەر فولكلور مۇزېيى» (باش تۈزگۈچى)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2005 - يىل نەشرى.

«تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك — ئەدەبىيات» (1- قىسىم، باش مۇھەررىر)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1999 - يىل نەشرى.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات تۈرلىرىدىن ئون چولۇق تۈرگە يېتەكچىلىك قىلدىم. ھازىر يەنە ئۆمرۈمنىڭ خۇلاسىسى سۈپىتىدە ئۈچ يىرىك ئەسەرنى يېزىۋاتىمەن. ئۆمرۈم يار بەرسە يورۇقلۇققا چىققۇسى، ئىنشائاللاھ!

«بىز سۇدەك ئېقىپ ئۆتىمىز، ئەمما خەلقىنىڭ قېنىدا مەيدەك ياشايمىز. ھامان بىر كۈنى پۈتىمىز سۇنۇپ تۇپراققا ياتساقمۇ، خۇددى كېمىگە چۇشۇپ يەلكەن ئاستىدا يىراقلارغا سەپەر قىلغان سەيياھتەك دائىم ئەمەلىي ھەرىكەتتە بولىمىز» (مەۋلانە رۇمىي)

«يۇم كۆزۈڭنى، كۆزگە ئايلانسۇن كۆڭۈل»

ئەبۇ رەيھان بىرۇنى (مىلادى 973 ـ 1048) توغرا ئېيتقان: «ئىنسان ھاياتىدىكى زۆرۈرىيەت، ئېھتىياجلار ئۇلارنىڭ ئىلىملەرگە بولغان تەلەپلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇ ئېھتىياجلارغا ئاساسەن ئىلىملەر ھەر خىل تارماقلارغا بۆلۈندى. ئىلىملەرنىڭ پايدىسى ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئالتۇن ـ كۈمۈش توپلاش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇ ئارقىلىق ئىنسان ئۈچۈن زۆرۈر نەرسىلەرگە ئىگە بولۇشتۇر» شۇنىڭغا ئىشەنكى، ئەجدادلار تىككەن كۆچەتنىڭ مېۋىسىنى ئەۋلادلار يەيدۇ، دۇنيا مانا شۇ تەرتىپتە چۆرگىلەيدۇ. ھاياتمۇ شۇ يوسۇندا داۋاملىشىدۇ. ئارماندا قالماي، دېسەڭ نادانلىقتىن يىراقتۇر.

نەشرىياتى، 2012 - يىل نەشرى.

«قەشقەر ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتى» (ئادىلجان مۇھەممەد ھەمكارلاشقان)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2012 - يىل نەشرى.

«قەشقەر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى» (ئادىلجان مۇھەممەد ھەمكارلاشقان، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2012 - يىل نەشرى.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئائىت توپلاپ رەتلىگەن ئەسەرلەر:

1. «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى» (1 - قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل نەشرى.

2. «نۇزۇگۇم» (خەنزۇچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل نەشرى.

3. «ئۇيغۇر خەلق بېيىتلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1981 - يىل نەشرى.

4. «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» (خەنزۇچە، تاللانما)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل نەشرى.

5. «ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل نەشرى.

6. «يىپەك يولىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى.

7. «ئابدۇراھمانخان داستانى» (تۈركچە)، تۈرك دۇنياسى ئەدەبىياتى نەشرىياتى، 2000 - يىل نەشرى.

يۇقىرىقى كىتابلاردىن باشقا ژۇرناللاردا ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلىرىم يەتتە تومغا جەملىنىپ يېقىندا نەشر قىلىنماقچى. شۇڭا ماقالىلەرنىڭ تىزىملىكىنى ئايرىم تۈزمىدىم.

ئون بىرىنچى باب

# ئاراملىق كۆڭۈللەر، ھارامىلىق تۈنلەر

*كىمنىڭ مانا چۈشكەن كەچكۈز پەسلىگە.*
*قانىماي تورۇپ بۇ جاھاننىڭ مېھىر ۋەسلىگە.*
*«ئۆمۈر دېگەن ئاتقان ئوق»كەن، شۇ سەۋەب، ئەمما ــ*
*نېسىپ بولماس ئۇندا ھەرگىز كىرمەك يەسلىگە.*
*زارلانمىغىل قېرىلىقمۇ ھاياتنىڭ كۆركى،*
*بولسا ئەگەر كۆڭلۈڭ باھار قايتار ئەكسىگە.*

ـ (خانىمەدىن)

بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە دۆلەت ئىشتاتىدىكى خىزمەتچىلەر (پۈقراۋى ئورگانلار بۇنىڭ سىرتىدا) ئاساسىي جەھەتتىن ئەرلەر 60 ياشتا، ئاياللار 55 ياشتا ئارامغا چىقىدۇ. مەن ساق 72 يېشىمدا يەنى 2011 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئارامغا چىقتىم. ئۇنداق كېچىكىپ ئارامغا چىقىشىمنىڭ سەۋەبى: مەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى دوكتورلۇق نۇقتىسىنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، مەن باشچىلىق قىلغان يۆنىلىشتە مەندىن باشقا دوكتور يېتەكچىسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 2009 ـ يىلى قوبۇل قىلغان ئىككى دوكتورانت تېخى ئوقۇش پۈتتۈرمىگەن، قولۇمدا يەنە 2012 ـ يىلى تاماملىنىدىغان ئىككى تەتقىقات تۈرى بار ئىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن مېنىڭ ئارامغا چىقىش ۋاقتىم كېچىكتۈرۈلگەن. سالامەتلىك ئەھۋالىمنى

بىلىندى. ئارامغا چىققان ئىككى يىلدىن بۇيان ئۆيىمىزدىن 30 قەدەم يىراقلىقتىكى ئارامغا چىققانلارنىڭ پائالىيە ئۆيىگە كىرىشكىمۇ پۇرسەت بولمىدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئارامغا چىققانلارنىڭ سانى باشقا ئورگانلارغا سېلىشتۇرغاندا ئەڭ كۆپ بولۇپ، 3000دىن ئاشىدىكەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ پائالىيەت ئۆيىمۇ خېلى چوڭ بولۇپ، مەركىزى ئوقۇتۇش رايونىدا ئۈچ قەۋەتلىك ئازادە بىنا پائالىيەت ئۆيى قىلىنغان. ئۇنىڭدىن تاشقىرى شىمالىي ئوقۇتۇش رايونى ۋە جەنۇبىي ئوقۇتۇش رايونلىرىدىمۇ ئايرىم - ئايرىم شۆبە پائالىيەت ئۆيلىرى قۇرۇلغان ئارامغا چىققانلار بۇ ئارامگاھنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى قىرائەتخانىغا كىرىپ گېزىت - ژۇرنال، كىتاب كۆرسە، يەنە بەزىلىرى ئارامگاھنىڭ چوڭ زالىدا مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ ساغلاملىق ئۇسسۇلى ياكى كوللېكتىپ تانسا ئوينىشىدۇ. بەزىلىرى 1 - قەۋەتتىكى مەخسۇس ئۆيدە بىليارت ئوينىسا، يەنە بەزىلىرى شاھمات، دامكا، تىكتاپ توپ، سەتكە توپ ئوينىشىدۇ. ئۇ ئويۇنلارغا قۇربىتى يەتمىگەنلەر ساپادا ئولتۇرۇشۇپ ساغلاملىق، ۋەزىيەت، جەمئىيەت ھەققىدە مۇڭدىشىدۇ. ئىشقىلىپ بۇ ئارامگاھ ياشانغانلارغا ئارام بەخش ئاتا قىلىدىغان كۆڭۈلدىكىدەك جاي، مەن تېخى بۇ «ئارام بەخش»تىن بەھرىمەن بولمىدىم. «دوست - بۇرادەرلەر بەزمىسى»، «ساۋاقداشلار ئولتۇرۇشى»، «يۇرتداشلار چېيى» دېگەنگە ئوخشاش بەش - ئالتە خىل چايدىن چەتتە قالمىدىم. تونۇش - بىلىشلەرنىڭ توي - تۆكۈن مۇراسىملىرى، ئۆلۈم - يېتىم، نەزىرە - چىراغلىرىغا داۋاملىق قاتنىشىش ئادىتىمنى تاشلىمىدىم. تەكلىپ قىلىنغان يىغىن، ئىلمىي پائالىيەتلەرگە قاتنىششتىن ۋاز كەچمىدىم. ھەر يىلى ئانا يۇرتۇم قەشقەر ۋە باشقا شەھەر، يېزىلارنى زىيارەت قىلىشنى ئۇنتۇمىدىم. قالغان ۋاقىتلىرىمنىڭ ھەممىسى ئىشخانىدا «خىزمەت» بىلەن ئۆتمەكتە. ئائىلە، بالا - چاقىلىرىم،

ئويلىسام بۇرۇنراق ئارامغا چىقىپ خىزمەت بېسىمىدىن «ئازاد» بولسام، دەيتتىم. چۈنكى 60 يېشىمدىلا يۈرەك تىقىلمىسى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، ئۈزۈن ئۆتمەي يۈرەك قان تومۇر نەيچىسى توسۇلۇپ يۈرەككە بىر قېتىمدىلا ئۈچ تال دىيەك (جىجا) ئورناتتى. ئۇندىن كېيىن بىخەستەلىكىمدىن ئوڭ قولۇمنىڭ جەينىكى سونۇپ سۆڭەكي ياسالغان جەينەككە ئالماشتۇردى. خەت يازىدىغان قولۇم شۇ بولغاچقا، ھازىرغىچە پەي تارتىشىپ ئاغرىپ، يېزىقچىلىققا ئېغىر تەھدىت سالدى. شۇنداق بولسىمۇ ناھايىتى ئاستا سۈرئەت بىلەن ناكا قولدا خەت يېزىپ ئىجادىيەتنى داۋاملاشتۇرىۋاتىمەن. «كۆتىرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، 2008 - يىلى ۋېيتنامغا ئىلمي زىيارەتكە چىققاردا تۇيۇقسىز ئاۋازىم بوغۇلۇپ قېلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شىنجاڭ مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى بىرىنچى دوختۇرخانىدا ئاۋاز پەردىسىنىڭ ئۈستىدە پەيدا بولغان ئۆسمە خاراكتېرلىك سۆلۆق بەزنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىۋەتتى. يەنە ئىككى كۆزۈمدىكى ئاق چۈشۈش (بەينى جاڭ)نى ئوپېراتسىيە قىلدۇردۇم. بۇرۇننىڭ ئۈستىدە پەيدا بولغان غەيرىي سۆپەتلىك قارا مەڭنى ئوپېراتسىيە قىلىش ئارقىلىق ئېلىۋەتتى. ئىلگىرى - كېيىن دوختۇرنىڭ پىچىقى بەدىنىمگە بەش قېتىم سانجىلدى. قان بېسىم يۇقىرى بولۇش، دىيابىت، زىققا قاتارلىق ئاستا خاراكتېرلىك كونا كېسەللىرىمنى قوشقاندا مېنى «كېسەل كۆرپىسى» دېيىشكە لايىق. لېكىن روھىم ساغلام ۋە جۇشقۇن بولغاچقا، جىسمانىي كېسەللەرگە بوزەك بولمىدىم. بۇرۇنقىدەكلا ئىشخانىغا كېلىپ، ئىش ئۈستىلىنىڭ بىر تەرىپىگە دورا - دەرمەكلىرىمنى، بىر تەرىپىگە تاماكامنى قويۇۋېلىپ، ھەر كۈنلىكى سەككىز - ئون سائەتلەپ يېزىقچىلىق ياكى كىتاب ئوقۇش بىلەن مەشغۇل بولۇش ئادىتىمنى تاشلىمىدىم. شۇ ئادىتىم ماڭا ئەڭ راھەتلىك

بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئارامغا چىققانلارنىڭ يۈز مىڭدە بىر پىرسەنتىنىمۇ ئىگىلىيەلمەيدۇ.

ھايات ھەم قاتتىق ھەم ئەۋرىشىمچان. چۈنكى ئۇ ئۆزلۈك ۋە ئۇنىڭ قىممىتى بىلەن ماھىيەتلەنگەن. شۇڭا ھايات ھەر بىر ئادەمدە ئۆزگىچە مەنىگە ئېرىشىپ، ئادەمنى ئۆزىدىن باشلىنىش، ئۆزىدە داۋاملىشىش ۋە ئۆزىدە ئاخىرلىشىش تەرتىپىدە ئۆگىلۈككە خاس نۇر ئاتا قىلىش يولىغا دالالەت قىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا جالالىددىن رۇمىي ئېيتقاندەك: «ئۆز روھىي دۇنيايىڭنى بىلىش ۋە ئىگىلەش بىر چاغلاردا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىڭ يەر يۈزىنى ئىشغال قىلغىنىدىنمۇ مۇشكۇلرەك». دەرۋەقە، ئۆزىدىكى ئازغىنە كەمتەرىن ھەقىقەتنى تاپالىغان كىشى ئۇلۇغ ھەقىقەتلەرنىمۇ تاپالايدۇ. ھەر بىر ئادەمنىڭ تاللىغان ھاياتلىق يولى ئۆزى ئۈچۈن مۇقەددەس. ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقى يا ئۇنى ئىرغىتىپ تاشلايدۇ، يا ئىجتىمائىي توپنىڭ قىممىتىگە ئىگە قىلىدۇ. «ھەممىنىڭ يۈزى كەئبىگە قارىغان، كەئبىنى ئېلىۋەتسەك مەلۇم بولىدۇكى، ئىنسانلار بىر ـ بىرىنىڭ قەلبىگە سىغىنىدۇ، بىرىنىڭ قەلبى باشقىسى ئۈچۈن سەجدىگاھ» (شەمسىددىن تەبرىزى).

مېنىڭ بىر دوستۇمنىڭ چەت ئەلدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان تاغىسى ئۇنى يوقلاپ ئۈرۈمچىگە كەپتۇ. بۇ بوۋاينىڭ ئەسلى كەسپى موزدوز بولۇپ، 1962 ـ يىلىدىكى «ئىلى، چۆچەك ۋەقەسى»دە غۇلجىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا سەرگەردان بولۇپ چىقىپ قالغان ئىكەن. بىر قانچە يىل كۆرمىگەننى كۆرۈپ، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈك تەملىرىنى تېتىپ، ئاخىرى قىرغىزىستاننىڭ بېشكەك شەھىرىگە ماكانلىشىپتۇ. قولىدىكى گۈلدەك ھۈنىرىگە تايىنىپ خېلى باي بوپتۇ. 80 نەچچە يېشىدا قەدىناس ئايالىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن بۇيان موزدوزلۇق ھۈنىرىنىمۇ تاشلاپ باللىرى بىلەن

بەزى بۇرادەرلىرىم ماڭا: «قېرىغاندا قېرى تاتۇق، قىلىقلىرى ئۇنىڭدىن ئارتۇق، دەپ ساڭا ئىشخانىغا بېرىپ ئىشلەشنى كىم قويدى، بولدى قىلى، جېنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن» دەپ تەنبىھ قىلىشىدۇ. بۇ دوستانە مەسلىھەتكە قايىل بولساممۇ، لېكىن ئەمەل قىلالمىدىم. كۆنگەن ئىشىمنى بىرەر كۈن تاشلاپ قويسام، قانداقتۇر كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرى ئېچىشقاندەك بىئاراملىق ھېس قىلىمەن، خۇمارى تۇتقان بەڭگىدەك خامۇشلىنىمەن. بۇ قانداقتۇر مەندىكى سۇنئىي «ئالىيجانابلىق» ئەمەس، بەلكى ئاراملىق كۇنلىرىمنىڭ ھۇزۇرى، «شەيتىنىم» باشلىغان ھاراملىق تۇنلەرنىڭ ۋەسۋەسىسى، گاللاشقان زېھنىمنىڭ قىيانلىق نىداسى. ئۆزۇمگىلا خاس ھايات پەلسەپەم.

شۇنداق، ھەر كىشى ئارامغا چىققاندىن كېيىن تۇرمۇشىنى ئۆزىنىڭ تاللىغا يولى بويىچە ھەر خىل ئۆتكۇزىدىكەن. بەزىلەر كۆپرەك غەربلىكلەر ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيالىقلار ھاسىسىغا تايىنىپ سەيلى ـ ساياھەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدىكەن. بىز ئۇيغۇرلار «كالا بىلەن بالا»نىڭ غېمىدە ئەنئەنىۋى ئائىلىنىڭ ئىسكەنجىسى بولۇپ ياشاشنى ياخشى كۆرىدىكەنمىز.

*چىقتىڭ ئارامغا ـ قالدىڭ بالاغا،*
*نەۋرەڭنى يۇدۇپ يۈگرە تالاغا.*
*خۇشاللىقىڭ ــ نان ئۆتسە گېلىڭدىن،*
*چۇشەلمىگەچ ئۇسسۇل ـ ساماغا.*

مانا بۇ بىزنىڭ خۇشاللىقىمىز، ئاراملىق كۇنلەردە تاللىغان يولىمىز، ياشانغاندىكى قىممىتىمىز. گەرچە تۆت، بەش يىلدىن بۇيان ئېلىمىزدە قوزغالغان «سەنيا قىزغىنلىقى»غا ھەۋەس قىلىپ پەسىل قۇشلىرىدەك قىش پەسلىدە سەنيادا يازلاۋاتقانلار، سوغۇققا بازلاۋاتقانلار يىلسېرى كۆپىيىۋاتقان

مەخسۇس قوي گۆشىدە 16 مانتا تۈگۈپ بېرىشنى زاكاس قىپتۇ. مانتا پىشقىچە قويۇق دەملەنگەن لىپتۇن چېيىنى ئىچكەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. شورپىسى ئاقنانغا ئېقىپ تۇرغان مانتىمۇ تەييار بوپتۇ. ئۇلار كۆك تۇرۇپنىڭ چاچتەك توغرالغان سوغۇق سېيىگە قوشۇپ مانتىنى ئىشتىها بىلەن يېيىشكە باشلاپتۇ.

— ئوخشاپتۇ. مانتا دېگەن مۇشۇنداق جىلتى نېپىز، قىيمىسى شورپىلىق بولسا يېيىشلىك بولىدۇ، ـ دەپتۇ بوۋاي.

دوستۇم مانتىدىن بەشنى يەپ توختاپتۇ.

— ھە، نېمە بولدۇڭ، مەنچىلىكمۇ يېمەيسەنغۇ؟

— مېنىڭ ئىشتىھايىم شۇنچىلىك. دوختۇر «قېنىڭدا ماي ماددىسى ئېشىپ كېتىپتۇ، ماي گۆشىنى ئاز يە»، دېگەنتى.

— شۇمۇ گەپمۇ، دوختۇرنىڭ گېپىنىمۇ «ھە» دەپ ئاڭلاپ قويغۇلۇق. لېكىن ئەڭ ياخشى دوختۇر يەنىلا ئۆزۈڭ. مىزاجىڭنى بىلىۋېلىپ شۇنىڭغا قاراپ يېمەكنى تەڭشىسەڭ بولىۋېرىدۇ. ئادەم قېرىغاندا قۇۋۋەتلىك ۋە ئىسسىقلىق تاماقلارنى كۆپرەك يېيىش كېرەك. بولمىسا «قۇرۇق تاغا ئۆرە تۇرمايدۇ»، — دەپتۇ بوۋاي. ئۇ سەككىز مانتىنى يەپ بولۇپ بىر ـ ئىككى مەرتە كېكىرىۋېتىپ:

— ھە، ئەمدى بولدى، قىزىق چاي ئىچەيلى، — دەپ پىيالىدىكى سوۋۇپ قالغان چاينى ئالماشتۇرۇپتۇ.

— تاغا، مېۋە ئەكىلەيمۇ؟ — دەپ دوستۇم ئورنىدىن تۇرۇپتۇ.

— مېۋە دېگەننى تاماقتىن بۇرۇن ياكى تاماقنى يەپ ئىككى ـ ئۈچ سائەتتىن كېيىن يېگۈلۈك. قورساق تويغاندا ئارقىدىنلا مېۋە يېسە ئاشقازان بۇزۇلىدۇ.

دوستۇم تاغىسىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە قىزىقىپ، ئۇنى يەنە

خۇشال - خورام ياشاۋېتىپتۇ. بۇ بوۋاي دوستۇمنى يوقلاپ كەلگەن 2012 - يىلى 93 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ھېچقانداق كېسەللىك ئالامىتى يوق. تېنى تەمبەل ۋە روھلۇق ئىكەن. ئىشتىھاسىمۇ ياشلاردىن قېلىشمايدىكەن. بوۋاي دوستۇمنىڭ ئۆيىدە ناشتىلىق چاينى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن:

— بۈگۈن ئۆستەڭ بويىنىڭ مانتىسىنى سېغىنىپ قاپتىمەن (شىنجاڭدا داڭقى بار قەشقەرنىڭ ئۆستەڭ بويى كوچىسىدىكى مانتىخانىنى دېمەكچى)، يۈرە ئۇكا، بازار ئايلانغاچ شۇنداق مانتىدىن تۆتنى يەپ كېلەيلى، — دەپتۇ.

— ئۈرۈمچىدە ئۆستەڭ بويىنىڭ مانتىسى يوق. ئەمما شۇنى دورىغان «غېنى باينىڭ مانتىسى» بار.

— قېنى كۆرۈپ باقايلى، — دەپ بوۋاي كىيىملىرىنى كېيىشكە باشلاپتۇ.

دوستۇم تاغىسىنىڭ رايى بويىچە ئالدى بىلەن دۆڭكۆۋرۈكتىكى خەلقئارا چوڭ بازارنى سەيلى قىلدۇرماقچى بولۇپ، مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىغا چىقىپتۇ.

— تاغا، ئاپتوبۇسقا ياكى تاكسىغا ئولتۇراۋالايلى، — دەپتۇ دوستۇم.

— ئارىلىقى قانچىلىك؟

— ئىككى چاقىرىمچە كېلە.

— شۇنچىلىك ئارىلىقمۇ ماشىنىدا ئولتۇرامدۇ كىشى. پاچاقتا بەش - ئالتە چاقىرىم يول يۈرگۈدەك مادار بار. يۈر، پىيادە ماڭايلى، يولدا ئۇنى - بۇنى كۆرگەچ ماڭىمىز، — دەپتۇ بوۋاي. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چوڭ بازارنى بىر - ئىككى سائەت زىيارەت قىلغاندىن كېيىن يەنە پىيادە يۈرۈپ «غېنى باي»نىڭ ئاشخانىسىغا كەپتۇ. دوستۇم ئاشخانا خوجايىنىنى تونۇغاچقا،

چاقىلىرىڭنى چاقىرتىپ كېلىشكە ئۈلگۈرەلمەيسەندە، يېنىڭدىكى ئاشۇ بەش تەڭگەڭ جېنىڭنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. ھەممە ئىشتا بالا - ۋاقىلىرىمغا تايىنىپ ياشايمەن دېسەڭ، چوتنى خاتا سوققان بولىسەن. قېرىغاندا سەن بىلەن مۆڭدىشىدىغان، ھەمدەملىشەلەيدىغان دوست - بۇرادەرلىرىڭ بولسۇن. ئاشناسىز ئۆتكەن كۈن دوزاخ ئازابىدىن يامان. لېكىن سۆھبەتداشلىرىڭ ياش جەھەتتە ئۆزۈڭدىن بەش - ئون ياش كىچىكرەك بولغىنى ياخشى. ئولتۇرۇپ قوپۇشتا ھەممىشە ئۆزۈڭدىن چوڭ قېرىلار بىلەن سۆھبەت قۇرساڭ، روھىڭ قېرىپ كېتىدۇ. چۈنكى، قېرىلارنىڭ سورۇنىدا كېسەللىك، دورا - دەرمەك، ئۆلۈمنىڭ گېپىدىن باشقا گەپ - سۆز بولمايدۇ. روھنى ئولتۇرىدىغان بۇنداق غەم - ئەندىشىلىك پاراڭلارنى ئاڭلاۋەرسەڭ سېنىڭ روھىڭمۇ سونۇپ، ئەزرائىلغان دوست بولۇپ قالىسەن. ھاياتتا «ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشىشا» دەپ، بىپەرۋاراق ياشىغان ياخشى. چۈنكى دۇنيادىكى زىندانلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ دەھشەتلىكى ئادەمنىڭ بېشىدىكى مەنىۋى زىنداق.

سەن يەنە قېرىغاندا ئۆزۈڭدىن ئون ياش ئۆپچۆرىسىدە كىچىكلەرنىڭ كىيىم - كېچەك فورمىسىدا كېيىنىشكە ئادەتلەن. ياشلارچە كېيىنىشمۇ ساڭا روھ ئاتا قىلىدۇ.

دوستۇمنىڭ تاغىسى ئېيتقان بۇ «ھېكايەت»لەردىكى بەزى نۇقتىلار بىز بىلىدىغان كىتابى ئىبرەتلەردىن پەرقلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇش يولى ۋە توقسان نەچچە يىللىق ھايات مۇساپىسىدىن خۇلاسىلەنگەن يەكۈن ئىدى. «ئىنسان ئۇچۇن تۇغۇمدىن ئۆلۈمگىچە بولغان ئارىلىق ھايات مەنىسىدە ئالدى بىلەن ئىنساننىڭ بەھرىمەنلىك ھوقۇقىنى تەمىن ئېتىدۇ. ئاندىن بۇرچ بىلەن بىرلىشىپ ئىنسانلىق لاياقىتىنى ئىسپات ئېتىدۇ. ھاياتتىن بەھر

گەپکە سالماقچى بولۇپ سوراپتۇ:

— تاغا، بىزدە بولۇپمۇ شەھەرلەردە 90 ياشتىن ئېشىپ سىزدەك ساغلام ۋە روھلۇق ياشاۋاتقانلار يوق دېيەرلىك. سىز مەندىن يىگىرمە نەچچە ياش چوڭ بولسىڭىزمۇ، لېكىن مەندىن تېمەن تۇرىسىز، بۇنىڭدا زادى نېمە سىر بار؟

— مەن ساۋاتسىز ئادەم. شۇڭا «سىر - پىر» دېگەننىڭنى چۈشەنمەيمەن. مەن 15 يېشىمدا قەشقەردىن پىيادە ئىلىغا چىققان. شۇندىن بۇيان باللىقىمدا ئۆگەنگەن موزدوزلۇق ھۈنىرىمنى تاشلىمىدىم. ھازىر بۇ ھۈنەرنى ئىككى ئوغلۇمغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، دەم ئېلىۋاتقىنىمغا ئون نەچچە يىل بولدى. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغانلاردىن ئىكەن. شۇلارنىڭ قېنى مەندىمۇ، سەندىمۇ بار. ھاياتلىق شەرەپلىك ئالەم بولغاچقا، سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ. مېنىڭ ھايات تەجرىبەمدىن قارىغاندا، قېرىغان چېغىڭدا مۇنۇ نۇقتىلارغا سەل قارىما. كۆكسى - قارنىڭنى كەڭ تۇت، ئاسمان ئۆرۈلۈپ كەتسىمۇ، مېنىڭ رىسقىم تۈگىمەيدۇ، دەپ ياشاۋەر. باشقىلار بىلەن تۈر تالاشما، دۇنيادا بىر كىشىنىڭ نىيىتىگە يارىشا نىسىۋىسى بولىدىغانلىقىنى چۈشەن. تۇرمۇشتا ئوخشاش تەر ئاققۇزغان، ئوخشاش ئىشلىگەن ئىككى كىشىنىڭ تۇرمۇش لەززىتى، ئېرىشكەن ھالاۋىتى ئوخشاش بولمايدۇ. چۈنكى شۇ ئىككى كىشىنىڭ نىيەت - ئىقبالى ئوخشاش بولۇشى ناتايىن. شۇڭا شۈكرى - قانائەتچان بول، ئەمما «بەرسەڭ يەيمەن، ئۇساڭ ئۆلىمەن» دەپ قاراپ تۇرماي، تىرىشىپ نىسىۋەڭنى ئۆزۈڭ تېپىپ يە.

قېرىغاندا يانچۇقىڭدىن بەش - ئالتە تەڭگە ئايرىلمىسۇن. ناۋادا بازارغا چىقىپ تويۇقسىز ئاغرىپ قالساڭ، دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرتۈپ، داۋالىتىشقا خىزمەتتىكى بالا -

مەن ئۇلارنى قولۇمغا ئېلىپ قانداق قىلىشنى بىلمەي تۇرغىنىمدا، ئۇ گېزىت پارچىسىنىڭ ئارىسىدىن بىرى ئۇچۇپ پەسكە چۈشتى. مەن ئۇنى قولۇمغا ئېلىپ قارىسام بىر كىچىك ماقالە ئىكەن. ئۇنىڭ ماۋزۇسى «مەن قېرىغاندا» ئىدى. مەن ئۇنى ئوقۇشقا باشلىدىم:

مەن قېرىغاندا مېنى چۈشىنىشىڭىزنى، بىر ئاز سەۋرچان بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن كۆكتات شورپىسىنى كىيىمىمگە تۆكۈپ سالسام، ئايىغىمنىڭ يىپىنى چىگىشنى ئۇنتۇپ قالسام، ئەينى چاغدا مەن سىزگە قانداق قىلىشنى قولىڭىزنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئۆگەتكىنىمنى يادىڭىزغا ئېلىڭ. مەن سىزگە ئىلگىرى قىلىپ بولغان سۆزلەرنى قايتا ـ قايتا تەكرارلىسام، گەپلىرىمنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاڭ. ھەرگىز گەپ ئارىلاپ ئۇلتۇرماڭ. بەلكى مەنمۇ سىز كىچىك چاغلاردا تۈمەن قېتىملاپ قىلغان سۆزلىرىڭىزنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغان، تاكى سىز ئۇيقۇغا غەرق بولغۇچە قىلغان تاقا ـ تۇقا گەپلىرىڭىزگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغىنىمنى يادىڭىزغا ئېلىڭ. مەن تۇيۇقسىز سۇھبەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئۇنتۇپ قالغان چېغىمدا، يادىمغا ئېلىۋېلىشىمغا بىر ئاز ۋاقىت بېرىڭ.

ئەمەلىيەتتە ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، نېمە توغرىسىدا سۆزلىشىش ئانچە مۇھىم ئەمەس، پەقەت سىز مېنىڭ قېرىپ كەتكىنىمنى كۆرگەن چېغىڭىزدا ھەرگىز كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، بەلكى مېنى چۈشىنىڭ، مېنى قوللاڭ. خۇددى سىز قانداق ياشاشنى ئۆگىنىۋالغان چېغىڭىزدا مېنىڭ سىزنى چۈشەنگەن ھەم قوللىغىنىمغا ئوخشاش. ئەينى چاغدا مەن سىزنى كىشىلىك ھايات مۇساپىسىگە باشلىغانىدىم، ئەمدى ماڭا ھەمراھ بولۇپ بۇ مۇساپىنىڭ داۋامىنى بېسىپ تاماملاڭ. بۇ پەيتتە ماڭا مۇھەببەت ۋە سەۋرىڭىزنى بېغىشلاڭ، مەن سىزگە چوقۇم چىن قەلبىمدىن رازى بولۇپ كۈلۈپ باقىمەن،

ئېلىش ئىنسانىنىڭ تىرىكلىك بابىدىكى مۇتلەق ئىمتىيازى»
(ئەنۋەر تاشتۆمۈر) ھاياتتىن بەھرىلىنىش — ئۆزلۈكنىڭ تەلپى،
بەھرىمەنلىك ھوقۇقىنى ئىنسانلىق بۇرچىنىڭ ھەرپىياتىغا
ئايلاندۇرۇش — ئۆگلۈكنىڭ تەلپى. ھايات مۇشۇ تەرزدە
كامالەت تاپىدۇ.

مەن يېقىندا «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 2014 ـ
يىلى 9 ـ دېكابىر سانىغا بېسىلغان خۇاڭ بەيئى ئەپەندىنىڭ
«مەن قېرىغاندا» ناملىق مىكرو ھېكايىسىنى ئوقۇپ قالدىم.
ھېكايە بەك ئاددى بولسىمۇ، سىلەرگە ئەينەن ئوقۇپ بېرەي.

«مەن بىر كۈنى بىردىنلا قولۇمدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى
تاشلاپ، ئۆيگە قايتىپ ئانامغا بىر ھەمراھ بولۇشنى قارار
قىلدىم.

بۇ بىر ئايدا مەن ئانامنىڭ كۆزىنىڭ ئىلگىرىكىدەك ئۆتكۈر
ئەمەسلىكىنى، تاماق ئەتكەندە تازىلىققا تازا ئەھمىيەت
بەرمەيدىغانلىقىنى، كۆكتات ۋە تاماق چاچراندىلىرى ئوچاققا
چۈشۈپ كەتسىمۇ پەرۋا قىلمايدىغانلىقىنى، ھەتتا قازان ـ
قومۇچنىمۇ پاكىز يۇمايدىغانلىقىنى بايقاپ قالدىم. شۇنىڭ
بىلەن ئانامغا كۆيۈنگەن تەلەپپۇزدا مۇنداق دېدىم:

— ئانا، سىزگە بىر خىزمەتكار تەكلىپ قىلىپ بەرسەم
بولارمىكىن؟

— نېمە دېدىڭ؟ مېنى سەل چاغلىما بالام، پۇت ـ قولۇمدا
باشقىلارغا خىزمەت قىلغۇدەك ماغدۇر بار تېخى! — دېدى
ئانام، ئۇنىڭ سۆز ئۇرامدىن ئاچچىقى كەلگەنلىكى چىقىپ
تۇراتتى. مەن باشقا گەپ قىلىشقا پېتىنالمىدىم.

مېڭىشقا تەييارلىنىۋاتقان چاغدا ئانام ماڭا بىر تۇتام
گېزىت پارچىسىنى سۇندى ۋە ئۇنى ئېلىۋېلىشىمنى ئېيتتى،

ئۆلۈمدىن «قېچىش»نى ئويلىساڭمۇ، فىزىيولوگىيە جەھەتتىن ئۆلۈمدىن مۇستەسنا بولالمايسەن. شۇڭا ياشلار قىرىشنى ئۈمىد قىلسا بولىدۇ، لېكىن قىرىلار يىگىتلىككە قايتىشنى ئۈمىد قىلالمايدۇ. قىرىلىق دەرمانسىزلىقتۇر. كۆڭلىدە كۆپلىگەن ئارزۇ - ئارمانلار بولسىمۇ، ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيدۇ. ياشاش ئۈچۈن ھەر قانداق نەرسە ئۆلۈشى كېرەك. ئېگىز بىنالارنى سېلىش ئۈچۈن تاغۇ - تاشلار خورايدۇ. نۇر بولۇپ يېنىش ئۈچۈن شاملار ئېرىپ تۈگەيدۇ. مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ كۆكلىشى ئۈچۈن مېۋىلەر شاختىن تۆكۈلۈپ چۈشىدۇ. مېۋە بېرىش ئۈچۈن مېۋىلىك دەرەخلەر قۇرۇپ تۈگەيدۇ. ئوت بولۇپ يېنىش ئۈچۈن ياغاچلار تۈگەيدۇ. جىمىكى نەرسە ئەسلىي ھالىتىگە قايتىش ئۈچۈن ئۆلىدۇ.

ھايات - مامات بېرىپ - كېلىش سەپىرى. ھايات — ئادەم. مامات — بەدەن. ھايات — زاھىرى ئىدىيە، مامات — پىنھان (باتىل) مەپكۇرە. (جۇبران)

ھەر قانداق شەيئى قېرىغاندا كۈچتىن قالىدۇ، شۇڭا ياشلىق مەزگىلىڭنى غەنىمەت بىلىپ، قېرىلىق مەزگىلىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلەشنى نىشان قىل. قېرىغاندىكى ئارزۇ - تىلەك ھەل بېرىلگەن قومۇشقا ئوخشايدۇ. ئەمما ئارزۇ - تىلەك ھاياتلىقنىڭ ئۈمىد شامى. شام ئۆچسە دۇنيا قاراڭغۇ ئۆڭكۈرگە ئوخشاپ قالىدۇ. بەرھەقكى، بۇ دۇنيا تامامەن قىزنىڭ خۇلقىغا ئوخشايدۇ. ئۇ سېنى ھەم سۆيدۈرىدۇ، ھەم كۆيدۈرىدۇ. قىرىغان چېغىڭدىكى ئەڭ ئازابلىق تۇيغۇ ياشلىقىڭنى ئەسلەش، ئۆتمۈشنىڭ كۆلەڭگۈسىدە شېرىن چۈش كۆرۈش. ئەمما شېرىن چۈشىنىڭمۇ ئاچچىق سورىقى بار. تاتلىققا ئاچچىق، كۆتۈرۈرشكە چۈشۈش، ئېگىزگە چوڭقۇر، كۆكلەشكە قۇرۇش دائىملىق ھەمرا. دۇنيانىڭ بۇنداق تەكرارلىنىش قانۇنىيىتىنى ھېچقانداق كۈچ ئۆزگەرتەلمەيدۇ. شۇڭا بۈگۈننىڭ كۆزىدە ئۆتمۈشكە ئەمەس

بۇ كۆلكىگە مېنىڭ سىزگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتىم مۇجەسسەملەنگەن. . .

مەن بۇ ماقىلىنى بىراقلا ئوقۇپ تۈگەتتىم. بىراق ماقالە تۈگىشى بىلەن كۆزۈمدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياش دەرياغا ئايلاندى. ئانامنى باغرىمغا مەھكەم باستىم. . .

قىرغاندا يۈز بېرىدىغان بۇنداق «پالاكەت»چىلىك مېنىڭ بېشىمدىنمۇ كۆپ ئۆتكەن. مەنمۇ تاماق يېسەملا كۆڭلىكىمنىڭ ئالدىنى بوۋاقلاردەك مەينەت قىلىۋالىمەن. تالاغا ئالدىراپ چىقماقچى بولسام كۆڭلەك ياكى چاپاننىڭ تۈگمىلىرىنى ئېگىز - پەس ئېتىۋالىمەن. ھەتتا بەزىدە شىمىنىڭ سىرتىمىسىنى ئېتىشنى ئۇنتۇپ قېلىپ كۈلكىگە قالىمەن. ئايىغىمنى ۋە شىمنى ئۆرە تۇرۇپ كىيەلمەيمەن. كۈنلىكى ياندىن ئايرىمايدىغان يانفۇن ياكى ئاچقۇچنى ئۇنتۇپ قېلىپ، نەچچە قېتىم يولنىڭ يېرىمىدىن ئۆيگە قايتىپ كەلگەنلىكىم ئېسىمدە. ھەتتا بەزىدە بۈگۈن نېمە تاماق يېگەنلىكىمنىمۇ ئۇنتۇپ قالىمەنۇ، ئەمما بالىلىق ئەسلىمىلىرىم كۆز ئالدىمدا ئېكراندەك گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. «ياشلىقتىكى ئەسلىمە تاشقا مۇھۇر باسقاندەك، قېرىغاندىكى ئەسلىمە قۇمغا مۇھۇر باسقاندەك» دېگەن گەپ بەرھەقكەن. ھەممىمىزنىڭ بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق، ئوتتۇرا ياشلىق، قېرىلىق مەزگىلى بولىدۇ. ھەربىر ھايات مەزگىلنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق خۇشلۇق ۋە خاپىلىقلىرى بار. ھېچقانداق كىشى ھاياتقا تويمايدۇ. مەيلى شاھ، مەيلى گاداي بولسۇن، مەيلى ياش، مەيلى قېرى بولسۇن، مەيلى ئالىم مەيلى زالىم بولسۇن. . . ھەممىسى ئۇزۇنراق ياشاشنى تىلەيدۇ. ئادەمنىڭ نېرۋىسى بۇزۇلمىغانلا بولسا ئۆزىنى ئۆلۈمدىن يىراقراق تۇتىدۇ. روھى ساغلام ئادەملەرنىڭ «جاندىن كەچتىم» دېگىنى يالغان. «قېرىغاندا جان تېخىمۇ تاتلىق بولىدۇ» دېگەن گەپ بىكار ئېيتىلمىغان. گەرچە روھىيەت جەھەتتىن

تەڭگىلەرنى يىغىشىپ ئوزۇق - تۈلۈك سېتىۋالماقچى بوپتۇ. بىر ناۋايخانا ئالدىغا كېلىپ تەڭگىلىرىنى تەڭلەپتۇ.

ناۋاي بېشىنى ئىغاڭلىتىپ:

— بۇ «دەقيانۇستىن قالغان» پۇل ھازىر ئۆتمەيدۇ، — دەپ نان بەرمەپتۇ.

ئۇلار بىر - بىرىنىڭ سۆزلىرىنىمۇ ئوقۇشالماپتۇ. ئۇلار بۇ ئۆتمەس كونا تەڭگىلىرىنى يانچۇقلىرىغا مەھكەم سېلىپ بازار ئارىلاپتۇ. كوچىلاردا چوڭ - كىچىك ماشىنىلار غۇيۇلداپ يۈرگۈدەك، ئاسماندا ئايروپىلانلار لاچىندەك ئەگىپ يۈرگۈدەك. دۇكانلاردىكى تېلېۋىزورلاردىن ناخشا - مۇزىكىلار ياڭراپ تۇرغۇدەك. رەڭگارەڭ چاچلىق قىز - يىگىتلەر توپى ئۇلار چۈشەنمەيدىغان تىلدا سۆزلىشىپ يۈرگۈدەك. يەتتە ئەۋلىيا بۇ دۇنيانىڭ ئاجايىباتلىرىغا مەسخىرىلىك كۈلۈشۈپ:

— يەنىلا بىزنىڭ دەقيانۇس زامانىمىزغا يەتمەيدىكەن، ئۆڭكۈرىمىزگە قايتىپ ياشاش ھەممىدىن ئەۋزەل ئىكەن. ئۆڭكۈر بىزنىڭ جەننىتىمىز. ئۇ يەردە ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان «ياغاچ ئات»، «ئۇچار گىلەم»، «ئېچىل سۇپىرام»... لىرىمىز تۇرسا، بىز يەنە نېمىگە ھاجەت بولىمىز؟ — دېيىشىپ پەخىرلىك ئۆڭكۈرگە يول ئاپتۇ.

ئەي ئىنسان! سەن ئۆتمۈش ئۈچۈن تۇغۇلغان ئەمەس، كېلىچەك سېنىڭ ئۇپۇقۇڭ. كونا ئۆدۈمۈڭ بىلەن پەخىرلىنىپ ياشاشلا كۇپايە قىلمايدۇ. ئۆتمۈشىنىڭ چاپىنىدا تەرلەشىنلا راۋا كۆرسەڭ قۇرۇتلاپ كەتكەن كۆلدەك سېسىپ كېتىسەن. ئېقىن سۇ سېسىمايدۇ. بېلىشىڭ كېرەككى، زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق. سازىڭنى زامانىڭ ماقامىغا سازلا.

ئۆتمۈش بىر كۆلەڭگە، بۈگۈن — رېئاللىق، كەلگۈسى بىر

ئەتىگە نەزەر تاشلا. «يەتتە ئەۋلىيا» ھېكايىتى ئېسىڭدىن كۆتۈرۈلمىسۇن.

### ھېكايەت

قەدىم ـ قەدىم زامانلاردا پادىشاھ دەقيانۇسنىڭ زۇلمىدىن قېچىپ كەلگەن «يەتتە ئەۋلىيا» تۇيۇق خوجامدىكى بىر ئۆڭكۈرگە يوشۇرۇنۇپ، ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئۇلار چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئاجايىب ئىش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئۇلارنىڭ يېنىغا خىزىر سۈپەت ئادەم ئەلەيھىسسالام ھازىر بوپتۇ. ئۇ نەسىھەت قىپتۇ:

— ئەي ئەۋلىيالىرىم، بۇ دۇنيا مەن ياساپ بەرگەن قېلىپتىن چىقىپ كەتتى. تېخنىكا ئىنقىلابى، ئېلېكتېرون ئىنقىلابى، ئالەم بوشلۇقى ئىنقىلابى، ئۇچۇر ئىنقىلابى، ئالاقىلىشىش ئىنقىلابى قاتارلىق ئۇممەتلىرىمگە تونۇشلۇق ئىنقىلابلارنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرى ھەممە جاينى قاپلاپ كەتتى. ھەتتا ئاي شارىغىمۇ قەدەم باسالىدى ـ يۇ، ئەمما ئۆزلىرىگە نېسىپ بولغان يەر شارى ئۈستىدە خاتىرجەملىق ۋە بەخت ـ سائادەتنى قولغا كەلتۈرەلمىدى. ھەقىقىي خاتىرجەملىق ۋە بەخت ـ سائادەتنى بىزنىڭ ئەلمىساقتىكى ئەجدادلىرىمىز يارىتىپ بولغان. ئۇلارنىڭ روھىنى بۇ دۇنياغا يۆتكەپ كېلىپ قىبلىگاھ قىلىش لازىمدۇر. ئۇلارنىڭ روھى مانا مۇشۇ ئۆڭكۈردە. سىلەر بۇ روھنى سەجدىگاھ قىلىپ، بەخىرامان ئۇخلاڭلار.

دېگەندەك، يەتتە ئەۋلىيا ئەجدادلىرىنىڭ ئۇدۇمىغا مەھلىيا بولۇپ، شۇ ئۇخلىغانچە 300 يىلدىن كېيىن ئويغىنىپتۇ. ئۇلار ئۆڭكۈردىن چىقىپ يورۇق ئالەمنى سەير قىلماقچى بوپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بۇ يورۇق ئالەم ئۇلارنىڭ كۆزىگە زادى سىغماپتۇ. كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار يانچۇقلىرىدا قېپقالغان كونا

يىلىغىچە مەزكۇر پىروفېسسور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسىي نەزەرىيە فاكۇلتېتىدا دەرس ئۆتكەن ۋە ماگىستىر ئاسپىرانت تەربىيەلىگەن. بۇ كىشى ناھايىتى ئەخلاقلىق، ئۆز كەسپىگە ھېرىسمەن، مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك، تۇرمۇشتا ئاددىي ـ ساددا ياشاشنى ئادەت قىلغان، قانائەتچان، كەمتەر، كەمسۆز، كىتابخۇمار ئادەم ئىدى. ھەتتا ئۇزۇن يىل خېلى چوڭ مەنسەپ تۇتقان بولسىمۇ، كىتاب، گېزىت ـ ژۇرنالدىن باشقا بايلىق توپلىمىغان، پۇت ـ قولى پاكىز زىيالىي بولۇپ، ئىزچىل 80 نەچچە كىۋادرات مېتىرلىق كونا ئۆيدە ياشاپ كەلگەن. ئارامغا چىققاندىن كېيىنمۇ كۈنلىرىنى ناھايىتى تەرتىپلىك ئۆتكۈزۈپ كەلگەن، خۇددى بۇرۇنقى خىزمەت ۋاقتىغا ئوخشاش ھەر كۈنلىكى ئەتىگەندە ئۆيدىن چىقىپ بىر چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئارامغا چىققانلارنىڭ پائالىيەت ئۆيىدىكى كىچىك كۇتۇپخانىدا ئولتۇرۇپ گېزىت ـ ژۇرنال كۆرىدۇ. ئۆزىگە لازىملىق ئۇچۇرلارنى ئېرىنمەي خاتىرىسىگە كۆچۈرىدۇ. شىنجاڭ ۋاقتى ئوندىن كېيىن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، مەكتەپنىڭ ئىچىدىكى مۇلازىمەت ماگىزىنلىرىغا يول ئالىدۇ. ئۇ يەردىن لازىملىق سەي ـ كۆكتات، تەييارلانغان تاماق ۋە ئۆزىگە لازىملىق مېۋە ـ چېۋىلەرنى سېتىۋېلىپ، تونۇش ـ بىلىشلىرى بىلەن مۇڭداشقاچ ئۆيىگە قايتىدۇ. ئايالى ئاغرىق سەۋەبى بىلەن ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاچقا، تاماق ئېتىش، كىر ـ قات يۇيۇش، ئۆي تازىلاش قاتارلىق ئائىلە ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ ئاقساقال قىلىدۇ. خۇاڭ پىروفېسسورنىڭ بىر ئوغۇل، بىر قىزى بولۇپ، ھەر ئىككىسىنىڭ خىزمىتى ئۈرۈمچىنىڭ سىرتىدا بولغاچقا، ئۇلار ھەپتە ـ ئون كۈندە بىرەر قېتىم ئاتا ـ ئانىسىنى يوقلاپ كېلەلەيدۇ. نېمە ئۈچۈنكىن خۇاڭ پىروفېسسورمۇ بالىلىرىنى ئاۋارە قىلىشنى خالىمايدۇ. «مەن

مەۋھۇم تەسەۋۋۇر.

ھاياتنى سۆيۈش ئالدى بىلەن ئۆزىنى سۆيۈشتىن باشلىنىدۇ. ئۆزىنى سۆيۈشنى بىلگەن ئىنسان ئۈچۈن ھاياتنىڭ ھەر بىر مەنزىلى ئوخشاشلا قەدىرلىك ۋە قىممەتلىكتۇر.

بۇ يىل مەكتەپتە يۈز بەرگەن مۇنداق بىر پاجىئە كۆڭلۈمنى بەكلا غەش قىلدى. بىزنىڭ مەكتەپتە 84 ياشقا كىرگەن خۇاڭ فامىلىلىك (تولۇق ئىسمى خۇاڭ جىڭجەن) بىر پېشقەدەم پىروفېسسور بار ئىدى. خۇاڭ پىروفېسسور سىياسىي نەزەرىيە كەسپىدە ئاپتونوم رايونىمىزدا خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن داڭلىق زىيالىي بولۇپ، 1952 - يىلى 22 ياش ۋاقتىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن پېشقەدەم كوممۇنىست ئىدى. ئۇ بىر ئۆمۈر ئالىي مائارىپ سېپىدە خىزمەت قىلغان. 1962 - يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قۇرۇلغاندا (دەسلەپ ئالىي تېخنىكوم، كېيىن ئىنستىتۇتقا ئۆزگەرگەن) مەكتەپ پارتكومىنىڭ سېكرېتارلىقىغا تەيىنلەنگەن ۋە 1990 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكىلىپ كەلگىچە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى پارتكومىنىڭ سېكرېتارى بولۇپ ئىشلەپ ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. ئۇ گەرچە سېكرېتار بولسىمۇ دەرس مۇنبىرىدىن ئايرىلمىغان. كېيىنچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مەزكۇر رەھبەرنىڭ ئايالىنىڭ ئاغرىق ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرسىگە باشلىق قىلىپ يۆتكەش تەكلىپىنى رەت قىلىپ: «مەن ياشقا چوڭ بوپقالدىم. ئەمدى رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلىيەلمەيمەن، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا بۇرۇنقى ئانا مەكتىپىم شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئادەتتىكى ئوقۇتقۇچى بولۇپ دەرس ئۆتۈشنى خالايمەن» دەپ تەلەپ قويغاچقا، يۇقىرى رەھبەرلىك خۇاڭ پىروفېسسورنىڭ بۇ ئەقەللىي تەلىپىگە قوشۇلغان. شۇنىڭ بىلەن 1990 - يىلىدىن 1995 -

كۆلنى ئايلىنىپ ئۇ يەرگە باردىم. قارىسام كۆل راۋىقىنىڭ لېۋىگە بىر جەسەتنى ياتقۇزۇپ ئۈستىگە بىر نېپىز ئەدىيالنى يېپىپ قويۇپتۇ.

جەسەت ئەتراپىدا بىر قانچە ساقچى، مەكتەپ ئامانلىق قوغداش بۆلۈمىنىڭ خادىملىرى، مەكتەپنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى تۇرۇپتۇ. ئۇلاردىن سوراپ بىلىشىمچە، ئەتىگەن سائەت تۆت ئەتراپىدا خۇاڭ پىروفېسسور ئۆيىدىن چىقىپ، ھاسىسىغا تايىنىپ كۆلنىڭ بويىغا چىقىپتۇ ۋە مۇشۇ راۋاققا كېلىپ، ھاسىسىنى راۋاق يېنىدىكى سۆگەتنىڭ شېخىغا ئىلىپ قويۇپتۇ ـ دە، كىيىملىرى بىلەن ئۆزىنى كۆلگە تاشلاپتۇ. بىرەر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن كۆل بويىغا چېنىقىشقا چىققانلار كۆل ئۈستىدە لەيلەپ قالغان بىر جەسەتنى بايقاپ، دەرھال مەكتەپكە خەۋەر قىپتۇ. مۇناسىۋەتلىك ئورگانلاردىن كەلگەن خىزمەتچىلەر بۇ جەسەتنى سۇزۇپ چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۇ ھەممىگە تونۇشلۇق خۇاڭ پىروفېسسور ئىكەن. ئۇ كىشىنىڭ ئۆيىدىن ياكى يانچۇقىدىن ئۆزى يېزىپ قويغان بىرەر پارچە خەت تېپىلماپتۇ. جوزىسى ئۈستىدە ۋارىقى قاتلاپ قويۇلغان بىر كىتاب بىلەن خاتىرە دەپتەردىن باشقا ھېچنەرسە يوقكەن. ئايالى خۇاڭ پىروفېسسورنىڭ كۈندىلىك ئادىتى بويىچە سەھەردە تۇرۇپ سىرتقا چېنىقىشقا چىقىپ كەتكەنلىكىدىن باشقا ئىشنى ئۇقمايدىكەن.

84 ياشقا كىرگەن بۇ پېشقەدەم پىروفېسسورنىڭ ئۆزىنى كۆلگە تاشلاپ ئۈن ـ تىنسىز ھالدا ئۆلۈم يولىنى تاللىغانلىقى باشقىلارغا ئوخشاش مېنىمۇ ئەجەبلەندۈردى. ھەم ئەپسۇسلاندۇردى. ھازىرغىچە قولۇم ئىشقا بارماي ئۆز ـ ئۆزۈمدىن سورىدىم:

— جەمئىيەتتىن ياكى خىزمەت ئورنىدىن ئازار يېگەنمۇ ـ

كۆيەرمەن بالامغا، بالام كۆيەر بالىسىغا» دېگەندەك، بالىلىرى ئۆزىنىڭ بالىلىرىنىڭ ئەھدىسىدىن چىققانغا خۇش بولۇپ ئۆتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆيىدە بۇ ئىككى قېرى بىر - بىرىگە ھەمدەم بولۇپ تەنها ياشايدۇ. ئەمما ئايالىنىڭ مۇڭداشقىدەك ھالى بولمىغاچقا، خۇاڭ پىروفېسسورنىڭ ھەر كۈنى شۇ تەرىقىدە ئۆتىدە. رەھىمسىز ھايات رىتىمى بۇنداق ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنىڭ بېشىغا ھەر خىل كۈلپەتلەرنى ياغدۇرۇپ سىنىسا كېرەك. تەقدىرنىڭ بۇنداق سىنىقىغا خۇاڭ پىروفېسسورمۇ دۇچ كەلدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە چۈمۈلىنىمۇ دەسسەپ ئۆتمەيدىغان بۇ ئاقساقال يولدا ئېھتىياتسىزلىقتىن مۈدۈرۈپ كېتىپ، پۇتىنى سۇندۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن دوختۇرخانىدا ۋە ئۆيىدە داۋالىنىپ، ئۈچ ئايدىن كېيىن ھاسىغا تايىنىپ تالا - تۈزگە چىققۇدەك بولدى. شۇندىن كېيىن ھاسىسىنى ھەمرا قىلىپ يەنە بۇرۇنقى پەدىدە تۇرمۇشىنى داۋاملاشتۇردى. ئارامغا چىققانلارنىڭ پائالىيەت ئۆيى مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ ئالدىدا بولغاچقا، مەن ھەر كۈنى دېگۈدەك بىر قولىدا ھاسا، بىر قولىدا كىتاب سومكىسىنى تۇتقان خۇاڭ پىروفېسسورنى كۆرۈپ تۇراتتىم. بۇ يىل 5 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئەتىگەندە ئۆيىمىزنىڭ يېنىدىكى «خۇڭخۇ كۆلى»نىڭ قىرغىقىنى بويلاپ ئىشخانىغا كېتىپ باراتتىم. شۇئاندا كۆلنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى چوڭ راۋاقنىڭ لىۋىگە دۈۋىلىشىۋالغان ئادەملەر توپىغا كۆزۈم چۈشتى. ئارقامدىن كېلىۋاتقا بىر كىشىدىن سورىدىم:

— ئاۋۇ يەردە نېمە بوپتۇ؟

— بىر قېرى مۇئەللىم ئۆزىنى كۆلگە تاشلاپ ئۆلىۋاپتۇ.

— نېمىشقا؟

— بىلمىدىم، — دېدى - دە، ئۇ كىشى مەندىن يىراقلاپ كېتىپ قالدى. مەن ئەھۋالنى ئېنىق بىلمەكچى بولۇپ،

چاغلىق بولۇپ چۈشىنىشكە بولاتتى. ۋاھالەنكى، خۇاڭ پىروفېسسوردەك 84 ياشقا كىرگەن، ھەممە جەھەتتىن پىشىپ يېتىلگەن بىر ئەربابنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتەك ھايات پاجىئەسى مېنى ھەقىقەتەن گاڭگىرىتىپ قويدى ۋە ھاياتلىق ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى.

ھاياتلىقنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى تېخى سىرى يېشىلمىگەن تېپىشماق ئىكەن. سەن بۇ تېپىشماقنىڭ سىرىنى تاپىمەن دەپ بىھۇدە ئاۋارە بولما. ھاياتلىق ساڭا قانچىلىق «نىسىۋە» ئاتا قىلسا، شۇنچىلىك ھوزۇرلىنىشنى بىل، ئۆزۈڭدىن بىر ئىنسان يارىتىشنى ئىستە، بىجا كەلتۈرەلىسەڭ ئۆزۈڭنى بەختلىك ھېسابلا. چۈنكى ئىنساننىڭ مەقسىتى — ئىنسانلىقتۇر. ئەقىللىق ئىنسان بەختىنى ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئاختۇرىدۇ. شۇڭا «بەخت» چۈشەنچىسى ھەربىر كىشىدە ئوخشىمىغان مەنە قاتلىمىغا ئىگە. ئۇ گويا تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى ئالۋۇندەك يېقىنلاشساڭ يىراقلىشىدۇ. يىراقلاشساڭ يېقىنلىشىدۇ. ئەمما «بەخت ھەر قانداق ئادەم تەلپۈنىدىغان مەقسەت بولۇپ، ئۇ چەكسىز كامالەتتىن ئىبارەتتۇر.» (فارابى)

ئارامغا چىققانلار ئۆزىنى مەنىۋى ئازادلىققا ئېرىشكۈچىلەر، دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆزئارا ھەمسۆھبەت قۇرغاندا ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىماي شەخس، جەمئىيەت، دۆلەت ھەتتا دۇنيا ھەققىدىكى تەقرىزلىرىنى بىمالال سۆزلەشكە ۋە ئاڭلاشقا ھېرىسمەن بولىدۇ. ياشانغانلارنىڭ روھىيەت ئالىمىنى كۆپرەك غىدىقلايدىغان ئىككى ئەپسۇسلۇق تۇيغۇ بار. بىرى ئۆزىنىڭ ھايات پۇشايمىنى، يەنە بىرى ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان رېئاللىقنىڭ غەيۋەت - شىكايىتى. ئۇنداقتا ياشانغانلارنىڭ ئەڭ چوڭ پۇشايمىنى نېمە؟

بىلگىيەدە چىقىدىغان «ياشانغانلار» ژۇرنىلى دۆلەت ئىچىدە

يە؟

— ياق، ياق. خۇاڭ پىروفېسسور بىر ئۆمۈر پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ ئەتىۋالاپ ئىشلىتىشىگە مۇيەسسەر بولغان ئۇلگىلىك رەھبەر، ئىجتىھاتلىق ئۇستاز، ئاممىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ئەل ساھىبى.

— ئائىلە تۇرمۇشىدىن بىزار بولغانمۇ ـ يە؟

— بۇنىسى نامەلۇم. ئادەتتە نومۇسچان، جىمغۇر كىشىلەر ئائىلىسىدىكى ھەرقانداق دەرت ـ ئەلەمنى ئىچىگە سىغدۇرىۋالىدۇ ـ دە، بۇنداق مەخپىيەتلىكنى ھېچكىم بىلەلمەيدۇ.

— نېرۋىسىدىن ئاداشقانمۇ ـ يە؟

— خۇاڭ پىروفېسسورنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىدىن قارىغاندا، ئۇنداق كېسەللىك ئالامىتى يوق.

— ئەمسە، بىر پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغاندا نېمىشقا ئۆزىنى ئۆزىنى ئۆلۈم گىردابىغا ئىتتىرىدۇ؟

— مەسىلىنىڭ تۈگۈنى دەل مۇشۇ يەردە. مەنمۇ بۇ سىرنى يېشىپ بېرىشكە قادىر ئەمەس. پەقەت ھاياتقا بولغان ئەقىدىسىزلىكتىن تۇغۇلغان پاجىئە دېيىشنىلا بىلىمەن. دەرۋەقە، ئەقىدە ۋە ئارزۇلىرى خەستىلەنگەن ئىنسان تولىمۇ بىچارە ۋە بەختسىزدۇر. ئۈمىدسىزلىك ھامان ئۆلۈمنىڭ يول باشلىغۇچىسى. شۇڭا چارىسىزلىقنىڭ يېگانە دەرمانى ئۈمىدتۇر.

ھەرقانداق ئىنساندا ئاز ياكى كۆپ دەرىجىدە شەيتانغا خاس ئەمەل ۋە چۈشەنچىلەر مەۋجۇت بولغاچقا، جەمئىيەتتە قەدىرسىز ۋە قىممەتسىز ئۆلۈم ھادىسىلىرى داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇنداق پاجىئەلەر ھەمىشە «شەيتاننىڭ دېيىغا ئۇسسۇل ئوينايدىغان» ئادەتتىكى كىشىلەر ئارىسىدا يۈز بەرسە كارايىتى

ئەپسۇس، بۇنداق پۇشايماننى قېرىغاندا تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ.

مېنىڭ ھاياتىمدىكى يەنە بىر شەخسىي پۇشايمىنىم مۆھتەرەم مۇرەببەھىم ئاتا - ئانام ۋە قان قېرىنداشلىرىم ھايات چېغىدا پەرزەنتلىك ۋە قېرىنداشلىق بۇرچۇمنى ھەقىقىي ۋە تولۇق ئادا قىلالمىغانلىقىم. ئۇلارغا كەرەملىك - تەۋەززۇلۇق بىلەن ساداقەتمەن بولالمىغانلىقىمدۇر. كەرەملىك دادام قىرىغاندىمۇ پەرزەنتلىرىنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، قەھرىتان سوغۇقتا قارىماي قارا ماشىنىدا ئولتۇرۇپ قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە چىقىپ، مېنىڭ ياتىقىمدا بىر كېچە قونۇپلا ئەتىسى قارامايدىكى ئىككى ئاكامنىڭ يېنىغا كەتكەن. بەختكە قارشى تويۇقسىز مېڭىسىگە قان چۈشۈپ 1968 - يىلى قارامايدا قازا بولدى. بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ قارامايغا يېتىپ بارغىچە دادام يەرلىكىدە ياتتى. ماڭا دادامنىڭ يۈزىنى كۆرۈشكە نېسىپ بولمىدى. يەنە شۇ خىزمەت ۋەسۋەسى بىلەن قەشقەردە يالغۇز قالغان مېھرىبانىم ئانام قازا قىلغاندىمۇ قەشقەرگە ۋاقتىدا يېتىپ بارالماي، ئانامنىڭ يەرلىكىگە بىر كەتمەن توپا تاشلىيالمىدىم. كېيىن ئارقا - ئارقىدىن چوڭ ئاچام سەبىرنىسا خېنىم، ئىككىنچى ئاچام پاشا خېنىم، چوڭ ئاكام ئابدۇلھەمدجان (ئۇلار قەشقەردە)، ئۈچىنچى ئاكام مۇھەممەد تۇرسۇن (قارامايدا) سىڭلىم خالىدە (قورغاسنىڭ لوسگو يېزىسىدا)لەر ۋاپات بولدى. ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ يۈزىنى كۆرەلمىدىم، بەزىسىنىڭ يۈزىنى كۆرەلىدىم. شۇنداق قىلىپ يەتتە قېرىنداشتىن پەقەت قارامايدىكى ئىككىنچى ئاكام ئابدۇشۈكۈر بىلەن مەن ئىككىمىزلا ھايات قالدۇق. گەرچە مەرھۇم ئاتا - ئانام ۋە قېرىنداشلىرىمنى قەلبىمدە يۈكسەك ھۆرمەت بىلەن ئۇلۇغلىسامۇ، لېكىن ئۇلار ھايات چېغىدا ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلالمىغانلىقىمدىن، ئۇلارنىڭ ھايات شامى ئۆچكەندە يېنىدا تۇرالمىغانلىقىمدىن مىڭبىر پۇشايمان قىلمەنۇ، بۇ قەلب يارىسىنى مەڭگۈ ساقايتالمايمەن. ئاتا -

60 ياشتىن يۇقىرى ياشانغانلار ئۈستىدە بىر قېتىملىق «سىزنىڭ ئەڭ چوڭ پۇشايمىنىڭىز نېمە؟» دېگەن تېمىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە تەكشۈرۈلگەن ئوبيېكتىنىڭ 72%ى ياشلىق مەزگىلىدە تىرىشماي، كەسپتە نەتىجە قازىنالمىغانلىقىدىن، 67%ى ياش ۋاقتىدا كەسپىنى خاتا تاللىغانلىقتىن، 63%ى پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيەلىمىگەنلىكى ياكى تەربىيەلەش ئۇسۇلىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىدىن، 58%ى بەدەن چېنىقتۇرۇشقا سەل قارىغانلىقىدىن، 56%ى جورىسىغا دېگەندەك سادىق بولمىغانلىقىدىن، 41%ى جورىسىنى خاتا تاللاپ قالغانلىقىدىن، 36%ى دۇنيانى ساياھەت قىلالمىغانلىقىدىن، 35%ى ئۆمۈرلۈك ھەمدەم بولىدىغان ۋاپادار دوست - يارەن تۇتمىغانلىقىدىن، 32%ى ئۆمرىنى ئادەتتىكىچە ئۆتكۈزۈپ، ئادەمنى ھاياجانغا سالغۇدەك ئىشلانى قىلالمىغانلىقىدىن، 27%ى كىتابنى دوست تۇتمىغانلىقىدىن، 11%ى كۆپ پۇل تاپالمىغانلىقتىن پۇشايمان قىلغان. بۇ پۇشايمانلار دۇنياۋى ئورتاقلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەربىر كونكرېت شەخسنىڭ ئۆزىگە خاس كونكرېت پۇشايمانلىرى بولىدۇ. ئۆزۈمنى ئالسام ياشلىقىمدا يۈز بەرگەن سەككىز يىللىق ئىجتىمائىي مالىمانچىلىق يىللىرىدا ۋاقىتنى قەدىرلەشكە سەل قارىغانلىقىم، ئۈمىدسىزلىك كوچىسىدا مەستخۇش بولۇپ، ئەقەللىسى ئۆزلۈكىمدىن قوشۇمچە تىل ئۆگىنىشكە زورۇقمىغانلىقىمدىن پۇشايمان قىلىمەن. ئەنە شۇ بوش ئۆتۈپ كەتكەن «ئالدىراش» يىللاردا ھازىرقى جۈرئەتلىك ياشلىرىمىزغا ئوخشاش ئانا تىلدىن باشقا دۆلەت تىلى ۋە بىر قانچە خەلقئارا تىللارنى ئۆگىنىپ قويغان بولسام، بۈگۈنكى ئېچىۋېتىلگەن دۇنيادا ھازىرقىدەك گاچىلىشىپ يۈرمىگەن بولاتتىم. ھەر قېتىم خەلقئارا ئىلمىي يىغىنلارغا قاتناشقان مەزگىللىمدە ئەتراپىمدىكى كىشىلەر بىلەن بىۋاستە پىكىرداش بولالمىغانلىقىمدىن ئۆزۈمنى بەكمۇ يېگانە ھېس قىلىمەن.

ئەسلىمىشىدۇ. ئۆزىگە ۋە ئۆزگىگە بىر قەدەر ئوبيېكتىپ باھا بېرەلمەيدۇ. بۇ قىياسى باھالار ئۆلارنىڭ قىيامىغا يەتكەن ھايات تەجرىبىسىدىن، شۇنداقلا ئازاب - ئوقۇبەت، غەم - قايغۇ، مەغلۇبىيەت، بەختسىزلىك قاتارلىقلارغا تولىگەن بەدىلىدىن كەلگەن. ياشانغانلارنىڭ نىداسىغا قۇلاق سېلىڭلار؟

— ھەي، ھازىرقى بەزى ياشلارنى كۆرسەم كۆڭلۈم بەك يېرىم بولىدۇ.

— نېمىشقا؟

— يا چوڭلارنى كۆرسە سالام - سەھەتنى بىلمىسە، يا سالام قىلىشنىڭ قائىدىسىنى ئۆقمىسا، ئۇنى ئاز دەپ چوڭلار سالام قىلسا پەرۋا قىلماي مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ كېتىۋېرىدۇ، دېگىنە!

— ئۇ دېگىنىڭىز راست ئاداش. ياشلارنىڭ بەزىلىرى يېقىن دوستلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا قوشقار سوقۇشقاندەك پېشانىسىنى پېشانىسىغا ئۇرۇپ قويىدىكەن. بۇ قەيەرچە سالاملىشىش ئىكەنلىكىنى بىلمىدىم. ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى سالاملىشىش قائىدىمىز نەگە كەتكەندۇ؟

— «دېسەڭ گەپ بولىدۇ، دېمىسەڭ دەرت بولىدۇ» دېگىنە. بىزلەر خىزمەت قىلىۋاتقان چېغىمىزدا ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا خېلى پەدىشەپ بار ئىدى. كارىدوردا ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا سالام بېرىپ، دەرھال يول بوشىتىپ بېرەتتى. تاماكا چېكىۋاتقان بولسا، يىراقتىن ئوقۇتقۇچىنى كۆرگەن ھامان ئۆزىنى دالدىغا ئالاتتى ياكى تاماكىسىنى بىر ئامال قىلىپ يوشۇراتتى. ھازىرقى ئوقۇغۇچىلار بۇنداق ئەدەب - ئەخلاقتىن پەرۋايى پەلەك. ھەتتا تاماكاچېكىش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلىرىدىن چاقماق سورايدۇ. يېنىدىن ئۆتۈپ قالساڭ تاماكا ئىسىنى يۈزۈڭگە

ئانا دەرەخنىڭ غولىغا، پەرزەنت دەرەخنىڭ شېخىغا ئوخشايدۇ. شاخ غولنىڭ قەدرىنى بىلمىسە، شاخنىڭمۇ ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ. بۇغداي تېرىغان كىشى بۇغداي، قوناق تېرىغان كىشى قوناق ئالغانغا ئوخشاش، كىمكى ئاتا - ئانىسىنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلسا، ئۆز پەرزەنتىدىن شۇنىڭغا ئوخشاش ئاقىۋەتنى كۆرىدۇ. دۇنيا دېگەن ئۆتنە ئالەم. خەلق ھېكمەتلىرىدە «ئاتا - ئاناڭنى ھۆرمەتلىسەڭ، پەرزەنتلىرىڭدىن ھۆرمەت كۆرىسەن» دېگەن گەپ بار. ئاتا - ئانا ياشانغاندا پەرزەنتلىرىنىڭ كۆيۈم - شەپقىتىگە ھەممىدىن بەك موھتاج بولىدۇ. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ھالىدىن تېخىمۇ ياخشى خەۋەر ئېلىپ، دەردىگە دەرمان بولۇش زۆرۈر. بىلىشىڭ كېرەككى، ئاتا - ئاناڭنىڭ نەسىھەت ۋە ۋەسىيەتلىرى سەن ئۈچۈن تېپىلغۇسىز تەۋەررۇك. سەن ئەقلىڭنى تېپىپ، ئاتا - ئاناڭنىڭ قەدرىنى بىلگىچە، ئۇلارنىڭ ھاياتلىق شامى ئۈچۈپ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىدۇ. سەن ھەرقانچە ئىبادەت قىلساڭمۇ ئۇلار قايتا تىرىلمەيدۇ. شۇڭا ئاتا - ئانا ھايات ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ قەدىر - قىممىتىنى قىل.

*تا يېتىم بولماي كىشى بىلمەس ئاتانىڭ قەدرىنى*
*جانۇ دىلدە تەربىيەت قىلغان ئانانىڭ قەدرىنى*[1]

دېگەندەك، سەن ئاتا - ئاناڭنىڭ قەدرىنى ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالغاندا ئاندىن چوڭقۇر ھېس قىلالايسەن. ئەمما ئۇ چاغدا ھېس قىلغانلىقنىڭ نېمە پايدىسى؟ پەقەت ۋۇجۇدۇڭ پۇشايمان ئوتىدا پۇچۇلىنىدۇ، خالاس.

ياشانغانلار جەم بولسا دائىم ئۆتكەن كەچمىشلىرىنى

[1] «باياز» 2-قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1997-يىلى نەشرى، 223-بەت.

خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. بۇ يەردە ئۆزىدىن باشقا ئادەم يوقتەكلا ئۆزلىرىنىڭ ياشلىق كەيپىنى ئاشكارا سەھنىدە كۆز ـ كۆز قىلىشىدۇ، ھەتتىگىنەي...

— ئۇلار «مۇھەببەت»نىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيكەندە! ئىنسانىي مۇھەببەت ئۆزىنىڭ پىنھانلىقى بىلەن گۈزەل ئەمەسمۇ؟

— ئۇنىمۇ دەيمىز، بۇنىمۇ دەيمىز. بىراق نەۋقىران ياشلىرىمىزدىكى بۇنداق قىسمەن ئىللەتلەرنىڭ سەۋەبكارى ئۆزىمىز ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيمىز.

— توغرا دېدىڭ. ئائىلە، جەمئىيەت، مەكتەپ تەربىيەسى بىر ـ بىرىنى تولۇقلىسا، بىر گەۋدىلەشسە، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەخلاق ئۇدۇملىرى زامان بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، بالىلىرىمىز گۈزەل ئەخلاق مۇھىتىغا ئېرىشىدۇ. يۇمران نوتىنى قاياققا ئەگسەك شۇ ياققا ئىگىلىدۇ ئەمەسمۇ!

— ھازىر بالىلارنىڭ ئائىلىدە تەربىيەلىنىش پۇرسىتى بەك ئاز. شۇڭا مەكتەپ تەربىيەسى ھەممىدىن مۇھىم ئىكەن.

— بىزغۇ بىرىنچى سەپتىن ئايرىلىپ ئارامغا چىقتۇق. ئالدىنقى سەپتە ئىشلەۋاتقان ياش ئوقۇتقۇچىلار بۇ يۈكنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

— شۇنداق. ئەمما ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭمۇ يۈكى بەك ئېغىر ئىكەن. ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىدىن باشقا، يەنە ھەر دەرىجىلىك تەتقىقات تۈرلىرىنى ئىشلەيدىكەن. يىلدا نەچچە پارچە ماقالە يېزىپ يادرولۇق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىشى تەلەپ قىلىنىدىكەن. خەلقئارا تىللارنى ئۆگىنىپ دوكتور، پوستدوكتورلۇقتا ئوقۇشقا شەرت ھازىرلايدىكەن، مەملىكەت ئىچىدىكى ۋە خەلقئارادىكى ھەر خىل كەسپىي يىغىنلارغا قاتنىشىپ تۇرىدىكەن. كۈنلىكى

پۈدەيدۇ.

— بۇنداق ئىشقا مەنمۇ يولۇقتۇم. بىر ئىش بىلەن ئۆزىمىزنىڭ بۇرۇنقى ئوقۇتۇش بىناسىغا بېرىپ قاپتىمەن. ئىككىنچى قەۋەتكە چىققاندا تەرتىم قىستىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاممىۋى ھاجەتخانىغا كىرەي دەپ، ئىشىك ئالدىغان كەلسەم، ئىچىگە ئوقۇغۇچىلار دۈۋلىشىۋېلىپ بەس - بەستە تاماكا چېكىشىۋېتىپتۇ. ئىس - تۈتەكنىڭ دەستىدىن ھاجەتخانىنىڭ ئىچىگە كىرىش مۇمكىن ئەمەس. مەن ئامالسىز ئارقامغا يېنىپ بىر بولۇڭدا ھاجەتخانىنىڭ بىكار بولۇشىنى كۈتتۇم. بىر ھازادىن كېيىن قوڭغۇراق چېلىندى. بۇ ئىس - تۈتەكلىك «ئارامگاھ»قا توپلىشىۋالغان ئوقۇغۇچىلار تاماكىلىرىنى يەرگە تاشلاپ، سىنىپقا قاراپ يۈگۈردى.

— بۇرۇن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھاجەتخانىسى ئايرىم ئىدىغۇ؟

— شۇنداق. ھازىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۇنداق ئىمتىيازى بىكار قىلىنىپتۇ.

— ياز كۈنلىرى «خۇشخۇ كۆلۇق» ئۇنىڭدىنمۇ غەلىتە ئىشلارنى كۆرسەن. جامائەت پىيادە ئايلىنىدىغان يول بويىدىكى ئورۇندۇقلارغا بىر جۈپ قىز - ئوغۇل ئولتۇرىۋالغان. بەزى ئورۇندۇقتا قىز ئوغۇلنىڭ قۇچىقىدا، يەنە بەزى ئورۇنۇقتا قىزنىڭ قۇچىقىدا ئوغۇل ئالچاڭشىپ ياتقان. قولىدا سوغۇق ئىچىملىك بوتۇلكىسى، قولىقىدا يانفۇننىڭ ناۋۇشتىكى... ئەيتاۋۇر تېخى كۈن غەربكە پاتمىغان كۈندۈزدىلا كۆل ئەتراپىنىڭ مەنزىرىسى «دەھەشەتلىك تېھران» رومانىدىكى تېھران كوچىلىرىغا ئوخشاپ قالغان. سەن بىزدەك ياشانغانلار كۆل بويىغا سەيلى قىلىپ چىقىشتىن خىجىل بولىسەن. ئەمما قىزلار چارچىغاندا ئولتۇرۇپ دەم ئېلىش ئۈچۈن ياسالغان بۇ ئورۇندۇقلارنى ئىگىلىۋالغان مەستانىلەر ئەتراپىدىكى چوڭلارنى

ئالتۇن تاقىسىنى سۇغىرىۋېلىش «چاپىقىنى ئالىمەن دەپ جىرتاق قىلغان»غا ئوخشاش ئىش.

*ئوتكىمەيدۇ بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى،*
*ئوتكۇلىسىمۇ ئوتتۇز ئىككى چىشلىرى.*

دېگەندەك، ھاياتلىق مەۋجۇتلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ دىيالوگىمۇ ئۈزۈلمەيدۇ. ھەربىر يېڭى شەيئىگە ماس ھالدا يېڭى دىيالوگ تۇغۇلىدۇ.

يۇقىرىدىكى دىيالوگلار قانداقتۇر ياشانغانلارنىڭ «كوت - كوتلىقى»دىن تۇغۇلغان «غەيۋەت - شىكايەت» ئەمەس. بەلكى رېئاللىقنىڭ غۇۋۋا شولىسى. مېنىڭچە، ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىش ئاقىلانىلىق.

تۆۋەندە ياشانغانلارنىڭ رېئال روھى كەچمىشى ھەققىدىكى قىستۇرما بايانغا قۇلاق سېلىڭلار.

*367. كىمنىڭ يېشى ئاتمىش ھېسابىنى توگەتسە،*
*ئۇنىڭدىن ھايات لەززىتى كېتىدۇ، يازى قىش بولىدۇ.*

*371. قەددىم ئوقتەك تۈز، قەلبىم يادەك (ئەگرى) ئىدى،*
*قەلبىمنى ئوقتەك قىلغۇچە، قەددىم يادەك بولدى.*

*- (يۈسۈپ خاس ھاجىپ)*

مانا بۇ مۇتەپەككۇر ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەلىمى ئاستىدىكى ياشانغانلارنىڭ سۈرىتى، ياشىنىشنىڭ تەبىئىي ۋە لىللا تەبىرى.

كومپيۇتېرنى ئېچىپ يېڭى ئىلمىي ئۇچۇرلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىشى كېرەك ئىكەن. ئائىلىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشىش، بالىلىرىنى مەكتەپكە ئاپىرىش - ئەكېلىش، ئاتا - ئانىسىنى يوقلاش، توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراقلارغا بېرىش قاتارلىق تۇرمۇش مالاقەتلىرىمۇ ئۇلارنىڭ ھايات رىتىمىنى جىددىيلەشتۇرىۋەتتى.

— راست دەيسەن. ياشلار مۇشۇنداق رىقابەت ئىچىدە تاۋلىنىپ، غەيرەت - شىجائىتى سەن، بىزدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى. ھازىر گېزىت - ژۇرناللار ۋە مېدىيە خەۋەرلىرىدە تونۇشتۇرىلىۋاتقان ئوغۇل - قىز ئەزىمەتلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى ئاڭلاپ ئۇلاردىن پەخىرلىنىمەن، روھىم ئۇمىد - ئىشەنچكە تولىدۇ. ئۆزۈكسىز ئىزدىنىش ئارقىلىق كامالەت تېپىۋاتقان بۇ ياشلىرىمىزنىڭ روھىدىن مىللىتىمىزنىڭ كېلىچەكىدىن سۆيىنىمەن.

— بۇ چوڭ ئومۇملۇققا ھەممىمىز قايىل. ئەمما بەزى ياش ئوقۇتقۇچىلار بارغانسېرى شەخسىيەتچىلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ھازىر ئارامغا چىققان ئۇستازلىرىدىن ئۇلارغا نەپ تەگمىگەچكە ھەتتا ھېيت - بايرام كۈنلىرىدىمۇ ئۆزلىرىگە بىلىم بەرگەن ئاشۇ پېشقەدەم ئۇستازلىرىنى يوقلاپ قويۇشقا «چولىسى» تەگمەيدۇ. «ۋاقتى يوقمىكىن» دېسەك، ئۇستازلىرىنىڭ ئىشىكىنى بېسىپ ئۆتۈپ باشلىقلىرىنىڭ ئىشىكىنى قاقىدۇ.

— بەلكىم ئۇنداق ئەھۋاللارمۇ باردۇر. ئۇنىڭغا كايىپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئادەم ياشانغانسېرى كەڭ قورساق، ئەپۇچان بولۇشى كېرەك. يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئېيتقاندەك: «كۆزى توق، سەۋرلىك، مۇلايىم، ئەپۇچان، گۈزال خۇلق» ئىنسانلىقنىڭ گۈلتاجىدۇر. كونىلاردا «ئالتۇن تاقىلىق ئاتمۇ مۇدۇرىدۇ» دېگەن گەپ بار. «مۇدىرىپ كەتتى» دەپ ئاتنىڭ

ھۆرمەت قىلىشتىن ئەۋلادلار قەدىر - قىممەت تاپىدۇ»، «سودىگەرنىڭ يۈز - ئابرۇيى ئۆزىنىڭ يانچۇقىدا، ياشانغانلارنىڭ ئابرۇيى ئەۋلادلارنىڭ كۆز قارىچۇقىدا»، «ياشانغانلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولساڭ پىكىرىڭ ئېچىلار، تەنتەك بىلەن سۆھبەت قۇرساڭ زېھنىڭ چېچىلار»... دېگەنگە ئوخشاش كۆپلىگەن ھېكمەتلەر ساقلانغان. دەرۋەقە، ياشانغانلار (چوڭلار) ئائىلىنىڭ چىرىقى ۋە تۈۋرىكى، ئائىلىنى قوغدايدىغان، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئۆم - ئىناقلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان مۇرۇۋۋەتلىك پەرۋىشكار. مۇشۇنداق بىر مۇرەببەسىز ئائىلە ئۆزىنىڭ ماددىي ۋە ئىجتىمائىي قىممىتىنى يارىتالمايدۇ. جەمئىيەت ئالدىدىكى ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالمايدۇ. چۈنكى ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كىچىك ھۈجەيرىسى ۋە ئىجتىمائىي بىرلىكى. خۇددى ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن تەبىرلىگەندەك: «ئائىلە نوقۇل ئىككى جىنس قوشۇلمىسىنىڭ قانۇنى شەكلى بولۇپ قالماي، ئۇ يەنە ئىنسان ئەۋلادلىرىنىڭ تەۋەللۇتگاھى، مېھىر - شەپقەت، ئەقىل - ئىدراك، ئەخلاق - ئۇدۇم، بىلىم - مەدەنىيەتنى يېتىشتۈرىدىغان تۇنجى مەكتىپى، قوشنىلارغا، ئىلىم ئوچاقلىرىغا، جەمئىيەتكە، كىشىلىك دۇنياسىغا يۈزلىنىدىغان بىرىنچى بوسۇغىسى، ئۆمۈر ئەجرىلىرىنىڭ ئەڭ مۇپەسسەل مۇزېيى، كۆڭۈل جاراھەتلىرىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك شىپاخانىسى، كىشىنى مەڭگۈلۈك ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىدىغان مۇسىبەت ئۆيى، ئەۋلادلار شەجەرىسىنىڭ يىلتىزى ۋە شېخى، مىللەتنى قۇيۇپ چىقىدىغان قېلىپ[1]» ئەنە شۇنداق يۈكسەك ئىقتىدارغا ئىگە بولغان ئائىلە بىرلىكىدە ئائىلە خوجايىنى بولمىش ئاقساقىلى (چوڭلار)نىڭ ئورنى ۋە رولى ئىنتايىن چوڭ. ئائىلە شۇنداق لايەقەتلىك باشقۇرغۇچىنىڭ

[1] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «ئائىلە»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 - يىل، 1-، 6-بەتلەر.

ھاياتلىق ئۆزىنىڭ بىباھا قىممىتى بىلەن تولىمۇ شېرىن ۋە لەززەتلىك. شۇڭا ئىنسانىنىڭ پۈتكۈل پائالىيىتى ھاياتنى سۆيۈش ۋە ئۇنى قوغداشقا مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئادەم ياشانغانسېرى «جاننىڭ تاتلىق»لىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىدىغان ۋە بىر كۈن بولسىمۇ ئۇزاقراق ياشاشنى ئىستەيدىغان ئۆزلۈك تەلپىنگە ئەسىر بولىدۇ. ياشانغانلار ئۆزئارا ئۇچراشسىلا ياشلىق دەۋرىگە ئوخشىمىغان ھالدا، دورا - دەرمەك ۋە ئەم - ئىرىم ھەققىدە سۆز باشلايدىغانلىقى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بۇنداق دەۋرى ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆزگىرىشى ياشانغانلارنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى، رولى ۋە ھەق - ھوقۇقلىرى توغرىسىدا كۆپرەك ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ئېلىمىزدە ياشانغانلارنىڭ نىسبىتى 14.8%دىن ئېشىپ، قېرىلىق نىسبىتىنىڭ يۇقىرىلىقى جەھەتتە ياپونىيەدىن قالسىلا دۇنيادا ئىككىنچى ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. بۇ ھال ياشانغانلار مۇلازىمىتى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغايدىغان چوڭ ئىجتىمائىي تېمىغا ئايلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ياشانغانلار ئىنسانىيەت توپى ئىچىدە ئەڭ سۆيۈملۈك تەۋەررۈك كىشىلەردۇركى، خۇددى ئەللامە زەمەخشەرى تەبىرلىگەندەك: «ئۇلار ئەڭ تونۇشلۇق مۇقەددەس سىما، ئەڭ تەلەپچان ۋە ئەڭ مېھرىبان ھايات چاچقۇسى.» شۇڭا بىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇدۇملىرىمىزدا «ياشانغانلارنى ھۆرمەتلىسەڭ، پەرزەنتلىرىڭدىن ھۆرمەت كۆرىسەن»، «ئەۋلادلارنىڭ گۈللىنىشى ۋە روناق تېپىشى ياشانغانلار دۇئاسىنىڭ شاراپىتىدىن»، «جەننەت ياشانغانلارنىڭ قەدەم ئىزى ئاستىدا»، «ياشانغانلارنىڭ نەسىھەت ۋە ۋەسىيەتلىرىگە ئەمەل قىلىش خاتىرجەملىك ۋە بەختنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر»، «ياشانغانلارنىڭ چىرىقىنى ئۆچۈرۈپ قويساڭ سېنىڭ چىرىقىڭنىمۇ ياندۇرۇشقا ئادەم چىقمايدۇ»، «چوڭلارغا

مىسالىلارنىڭ بىر قىسمى.

دىيالوگ 1

ئەمدىلا ئارامغا چىققان پېشقەدەم كادىرنىڭ جۈپتى نىگارى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن قازا قىپتۇ. بۇ كىشىنىڭ پەرزەنتلىرى ئاللىقاچان ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ كەتكەچكە، ئۆزى تەنها ياشاشقا مەجبۇر بوپتۇ. يالغۇزلۇق ئازابى جېنىغا تەگكەن بۇ ئادەم قەدىناس مەرھۇمەنىڭ يىل نەزىرىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، قايتا نىكاھلىنىشىنى ئويلاپ پەرزەنتلىرىگە مەسلىھەت سېپتۇ.

— ئايال بولمىغان ئۆي ھۇۋقۇش ھۇۋلايدىغان مازارغا ئوخشاپ قالىدىكەن. يالغۇز ياشاش ناھايىتى ئازابلىق ئىكەن. تەقدىر - ئىرادە بىلەن ۋاپادار ئاناڭلار مەندىن بۇرۇن ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالدى. (ياتقان يېرى جەننەت بولسۇن!) باللىرىم، ئەگەر رازى بولساڭلار سىلەرگە ئانا، ماڭا ئۆمۈرلۈك ھەمدەم بولىدىغان ئىنسابلىق بىر ئايال بىلەن قايتا نىكاھلىناي دەيمەن، — دەپتۇ دادا.

دادىسىنىڭ ئۇشتۇمتۇت قويغان بۇ تەلىپىنى تولىمۇ غەيرىي ھېس قىلغان پەرزەنتلەر:

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز دادا؟ باللىرىڭىز، نەۋرىلىرىڭىز ئالدىڭىزدا تۇرسا، ئەل - جامائەت، كويۇ ئوغۇل، كېلىن قىزلىرىڭىز ئالدىدا نېمىدېگەن سەتچىلىك ئىشبۇ! بىزنىڭ سىزدىن تولۇق خەۋەر ئالغۇچىلىكىمىز بارغۇ؟ ئەگەر «يالغۇز قالدىم» دېسىڭىز قايسىمىزنىڭ ئۆيىدە تۇرۇشنى خالىسىڭىز شۇ ئۆيدە تۇرۇڭ ياكى بىرىمىز بۇ چوڭ ئۆيگە كۆچۈپ كېلىپ ئۆمۈرلۈك خىزمىتىڭىزدە بولايلى. ئانىمىزنىڭ روھىنى قۇۋۇندۇرىدىغان ۋە بىزنى خەلقى - ئالەم ئالدىدا ئاھانەتكە قويىدىغان ئىشنى قىلماڭ، — دەپتۇ باللار.

قولىدىلا بىخەتەر بولىدۇ. بارلىق شاد - خۇراملىق ۋە بەخت ئائىگا جور بولىدۇ. ناۋادا، ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدىكى ۋاپادارلىق ۋە مېھرى - شەپقەت ئېڭى ئائىلە باشلىقى (چوڭلار)نىڭ ھىمايىتىدىن ئايرىلسا، ئۇنداق ئائىلىدە ئالا كۆڭۈللۈك پەيدا بولۇپ، بەرىكەت كۆتۈرۈلىدۇ. كېيىنكى ئەۋلادلار ئەسلىگىدەك نامۇ - نىشان قالمايدۇ.

ئۇيغۇر ئائىلىرى ئەلمىساقتىن تارتىپ ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەشتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى مىللىي پىسخىكىنىڭ بەرىكاتىدا ئۆزىگە خاس ئائىلە مەدەنىيىتىنى ياراتقان ۋە ئۇنى ئەۋلادلار قەلبىدە جۇلالاندۇرغان. ھالا بۇگۇنكى كۈنگە كەلگەندە شەھەرلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشى، غەيرى مەدەنىيەت توزاندىلىرىنىڭ توسالغۇسىز سېڭىشىشى، دۇنياۋى مەدەنىيەت توقۇنۇشلىرىنىڭ كەسكىنلىشىشى، خىزمەت رىتىمىنىڭ جىددىيلىشىشىدىن كېلىپ چىققان ياتلىشىش كەيپىياتىنىڭ ئەۋجەپ كېتىشى قاتارلىق ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كىشىلەرنىڭ ماددىي - مەنىۋى تۇرمۇشىدا ۋە كىشىلىك قىممەت قارىشىدا جىددى ئۆزگىرىش بولماقتا. بۇ ئىككىلەمچى ئۆزگىرىش ئالدى بىلەن ئائىلە بىرلىكىنى ئۆرنەك قىلغان ھالدا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ كېيىنىش، يېمەك - ئىچمەك، ئولتۇراقلىشىش قاتارلىق ماددى تۇرمۇشىدا ۋە ئۇلارنىڭ مەنىۋى پىسخىك دۇنياسىدا ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ، كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشى بىلەن دەۋر تەقەززا قىلغان زامانىۋى ئاڭ ئوتتۇرىسىدا كەسكىن دىيالوگ پەيدا قىلماقتا. نەتىجىدە ئەنئەنىچىلىك خاھىشىنىڭ تەسىرى قويۇقراق بولىدىغان ياشانغانلاردا بىر خىل غەرىبسىنىش ئېڭى كۆچىيىپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىنى قانداق ئۆتكۈزۈش مەسىلىسىدە زىددىيەتلىك تېڭىرقاشقا دۇچ كەلمەكتە. تۆۋەندىكى دىيالوگلار ئۇ ھەقتىكى

كۆڭۈلسىزلىكتىن خەۋەر تاپقان قولۇم - قوشنىلار ۋە ئۇنىڭ يېقىن تەڭتۇشلىرى بۇ كىشىگە ئارقا - ئارقىدىن نەسىھەت قىلىشىپتۇ. پەرزەنتلىرىمۇ دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ يالۋۇرۇپتۇ. ئۆزلىرىنى «تىرىك يېتىم» قىلىپ قويماسلىقىنى ئۆتۈنۈپتۇ. لېكىن ئۇ كىشى بۇنداق ۋەز - نەسىھەتلەرگە قىلچە پەرۋا قىلماي:

— سەۋر - تاقەتنىڭمۇ چېكى بولىدۇ. باشقىلار نېمە دېگىسى كەلسە دەۋەرسۇن. يەنە چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. «تۇتۇننىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلىدۇ» مېنىڭ تۇرمۇش ئىشلىرىمغا ئارىلاشماڭلار. ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە بولسىمۇ خاتىرجەم، ئەركىن - ئازادە ياشىشىمغا كاشىلا قىلماڭلار، — دەپ كايىپ قارارىدىن زادى يانمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئاخىرى ئۇلار ئىبرالىشىپتۇ. يالغۇز ياشاشنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن بۇ ياشانغان ئەر يېرىم يىلدىن كېيىن يۇرتىغا بېرىپ تۇل قالغان بىر يۇرتداش چوكان بىلەن قايتا نىكاھلىنىپتۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن «خۇي - پەيلى ناچار ئىكەن»، «مېنىڭ تەبىئىتىمگە ماس كەلمىدى»... دەپ ئۇنىڭ بىلەنمۇ ئىبرالىشىپ كېتىپتۇ. «پۇل بولسىلا مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلىدىغان ئايال جاھاندا ئازمىتى» دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ، ئىككى يىل ئىچىدە ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ ئايال بىلەن نىكاھلىنىپتۇ. لېكىن ھېچقايسىسى بۇ كىشىنىڭ دېتىغا سىغماپتۇ. بۇنداق «ئاھانەت»كە چىدىمىغان پەرزەنتلىرى دادىسى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ كىشىنىڭ مەيدىسى قاتتىق ئاغرىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قاپتۇ. دوختۇرلار تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ كېسەلگە «ئۆپكە راكىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى» دەپ دىئاگنوز قويۇپتۇ. بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان پەرزەنتلەر ھالقىلىق پەيتتە

— كۆڭلۈڭلارنى چۈشىنىمەن، بالىلىرىم، — دەپ سۆز قىستۇرۇپتۇ دادا، — مۇشۇ ئوي - پىكىرىمنى سىلەرگە ئېيتىش ماڭا قانچىلىك ئازابلىق ئىكەنلىكىنى بەلكىم سىلەر تولۇق ھېس قىلالمايسىلەر. دەرۋەقە، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بۇ ئىشنىڭ سۆز - چۆچەك بولىدىغانلىقىنى بىلىمەن. مېنى ئۇزۇنراق ئۆمۈر كۆرسۇن، خاتىرجەم ياشىسۇن دېسەڭلار، مېنىڭ قارارىمنى تېخىمۇ ئەتراپلىق ئويلىشىپ بېقىڭلار. ناۋادا سىلەر رازى بولمىساڭلار، مەنمۇ غېرىپلىق ئىچىدە مەڭگۈ ئازاپ چېكىشكە رازى.

بۇ ياشانغان ئەرنىڭ ئەتراپىدىكى دوست - بۇرادەرلىرى، ئۇرۇق - تۇغقان، ئەقرىبالىرى ئۇنىڭ قايتا نىكاھلىنىشىنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، بۇ ھەقتە پەرزەنتلىرىگە خىزمەت ئىشلەپتۇ. دۆلەتنىڭ قانۇن - نىزاملىرىدىن، ئىسلام ئېتىكىسىدىن ۋە ئادىمىيلىك ئۆلچەملىرىدىن جانلىق ۋە قايىل قىلارلىق بىلگىلەرنى پەرزەنتلەرگە چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى تۈگۈنلەرنى يېشىپ، دادىسىنىڭ قايتا نىكاھلىنىشىغا رازىلىق بېرىپتۇ.

پەرزەنتلىرى قوشۇلغاندىن كېيىن تول قالغان بىر ئايال بىلەن نىكاھلىنىپتۇ. بۇ ئايال ئاڭلىق ۋە دىيانەتلىك بولۇپ، ئائىلىدىكى بۇرچىنى ناھايىتى ياخشى ئادا قىپتۇ. يولدىشىنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە نەۋرىلىرىگىمۇ قىزغىنلىق بىلەن سەممىي مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارغا ھەقىقىي ئانا بوپتۇ. خاتىرجەملىك ۋە بەخت ئۇلارغا يار بوپتۇ.

دىيالوگ 2

يەنە بىر ياشانغان ئەر 40 يىلغا يېقىن بىر ياستۇققا باش قويغان قەدىناسى بىلەن ئۇزۇن يىل ئازارلىشىپ ئاخىرى ئايرىلىپ كېتىش قارارىغا كەپتۇ. بۇ ئائىلىدىكى

ئاققۇغا ئوخشاش سادىق ۋە ۋاپادار بولغان ۋە شۇنداق قىلىشنى نىكاھنىڭ ھەقىقىي مەنىسى، دەپ چۈشەنگەن. ئادەتتە نىكاھ فاتىھەسىدىن كېيىن، نىكاھلاشقان يىگىت - قىز بۇردە ناننى تۇز سۈيىگە چىلاپ يەيدىغان ئادەت بىزدە داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇ نىكاھلانغۇچىلارنىڭ شۇ دەقىقىدىن باشلاپ «بىر قازاننىڭ تۇزىنى بىرگە يەيمىز، بىز - بىرىمىزگە، ئائىلىمىزگە، تۇز بەرگەن زېمىنگە مەڭگۈ خىيانەت قىلمايمىز» دېگەن ۋەدە - قەسىمىنىڭ شەرتلىك بەلگىسىدۇر. شۇڭا نىكاھ رىشتىسى باغلاپ تۇرغان ئەر - ئاياللىق مۇناسىۋەتنى مەڭگۈ قەدىرلەش ۋە ئۇلۇغلاش زۆرۈركى، ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ يەڭگىلتەكلىك ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدۇ. ئەر - ئايال بىر - بىرىگە سەممىي سادىق، كۆيۈمچان، مېھرىبان، كەڭ قورساق، ئەپۇچان بولۇشتەك مەنىۋى ئىشەنچى - ھۆرمەت بولغاندىلا ئائىلە ئىناقلىقى كاپالەتكە ئىگە بولۇپ، كۆڭۈل ئازادىلىقى ۋە پەرزەنتلەر شاتلىقى روياپقا چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئەر - ئايال ئۆزىنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ئائىلە مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلماي، زامان روھى تەقدىم ئەتكەن سىياسىي ھوقۇقنىلا بايراق قىلىپ، ئائىلىنىڭ ئەنئەنىۋى فونكسىيەسىگە ھۆرمەت قىلمىسا، ئەر - ئايالنىڭ بىر - بىرىگە نىسبەتەن ئىچكى زىتلىشىش ئېنېرتسىيەسى كۈچىيىپ، ئائىلىنىڭ خاتىرجەملىكىگە ۋە بەخت - ئىقبالىغا دەز كېتىدۇ. خۇددى تەسەۋۋۇرغا باي شائىرىمىز ئابدۇرېھىم ئابدۇللا يازغان «ئاتىلار» دېگەن شېئىرىدا ئېيتقاندەك، ئەرمۇ، ئايالمۇ ئائىلە ۋە جەمئىيەت يۈكلىگەن مۇقەددەس بۇرچىنى ھەقىقىي ئادا قىلالىغانلىقى بىلەن سۆيۈملۈك ۋە پەخىرلىك.

نىكاھقا سادىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن خۇشاللىق تاپقاندىلا، نىكاھلانغۇچىلارنىڭ يۇقىرىدا دېيىلگەندەك غايىۋى كۈچ - قۇردىتىنى نامايەن قىلغىلى بولىدۇ. بۇ مەيلى تۇنجى نىكاھ

دوختۇرخانىغا كېلىپ دادىسىنىڭ يېنىدا پايپېتەك بولۇشۇپ كېسەل بېقىپتۇ. ھەتتا ئۈچ يىل بۇرۇن ئىبرالىشىپ كەتكەن كونا قەدىناس ئايالىمۇ 40 يىل بىللە ياشىغان ھاياتىنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلىپ پەرزەنتلىرى بىلەن بىرلىكتە بىمارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئاپتۇ. بىمارنىڭ ھاجىتىگە قاچا تۇتۇپتۇ. ۋاھالەنكى بۇ بىمار ساقىيالماي، قەدىناسىنىڭ قۇچىقىدا قازا قىپتۇ.

تەقرىز2، 1

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئېڭىدا ئائىلىگە ئۆزەك بولغان نىكاھىغا ساداقەتمەن بولۇش نىكاھلانغۇچىلارنىڭ ۋىجدانىي بۇرچى ۋە ئادىمىيلىكىنىڭ ئەڭ تۈپ ئۆلچەملىرىدىن بىرى، دەپ قارىلىدۇ. ناۋادا ئىززەت نەپسىنىڭ گۆھىرى بولغان نىكاھنى چۈپتى ھالالىنىڭ قايسىبىرى بۇزسا ئۇ ھالدا ئائىلىسى، پەرزەنتلىرى ۋە قەۋم - قېرىنداشلىرى ئالدىدا كەچۈرگۈسىز خىيانەت ۋە جىنايەت ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا قەدىمكى ئۇيغۇر ئەركەكلىرى ئۆزىنىڭ ھالال - چۈپتىنى «دىلى دىلىغا، ئېتى - ئېتىغا، جېنى جېنىغا، قېنى قېنىغا قېتىلغان، ئۇيۇشقان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «قاتىن» (كېيىنچە «ق» ھەرپى «خ»غا ئالمىشىپ «خاتىن» دېيىلگەن) ئىسمى بىلەن ئاتىغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇۋچىنىڭ ئوقى ئەگەر ئەركەك ئاققۇغا تەگسە، ئۇ يەرگە چۈشۈپ بولغىچە، ئۇنىڭ جۈپتى (چىشى ئاققۇ) تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ، ئاندىن قانىتىنى چۆپلەپ تۆۋەنگە شۇڭغۇپ، كۆكسىنى زېمىنغا قاتتىق ئۇرۇپ ئۆزىنى ھالاك قىلىدىكەن. ئەگەر چىشى ئاققۇغا ئوق تەگسە، ئەركەك ئاققۇمۇ خۇددى شۇ تەرىقىدە ئۆزىنى ھالاك قىلىدىكەن. بىزدە ۋاپادارلىقنىڭ سىمۋولى بولغان ئاققۇنى ئۆۋلىغانلارنىڭ ئائىلىسى قۇتالمايدۇ، بەختسىزلىككە ئۇچرايدۇ، دەيدىغان ئەنئەنىۋى قاراش بار. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئۆز جۈپتى روزىگارىغا خۇددى

نىسبەتەن يۇقىرى بولىدۇ. بۇنىڭ مۇھىم سەۋەبى ئۇيغۇر ئەر - ئاياللىرىنىڭ پىسخىكىلىق ۋە فىزىئولوگىيەلىك خاسلىقى جەھەتتىكى پەرقلەردىن باشقا، ئۇلارنىڭ تارىختا قېلىپلىشىپ قالغان ئەنئەنىۋى ئىش تەقسىماتىدىكى ئوخشىماسلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. دەرۋەقە، «بىر كولۇڭ تۆت بۇلۇڭ بىلەن ھەپىلىشىش» ئاياللارنىڭ چوڭ خۇشاللىقى ۋە ئەرمىكى سانالسا، ئەرلەرگە نىسبەتەن ئۆي ئىشلىرىنىڭ دائىم ئوچۇق تۇرۇشى، سىرتتىن ھېرىپ - ئېچىپ كىرگەندە ئالدىغا بىر پىيالە چاينىڭ مىننەتسىز ھازىر بولۇشى، كىيىم - كېچەك ۋە يوتقان - كۆرپىلىرىنىڭ ئۆز قەرەلىدە يۇيۇلۇپ، رەتلەپ قويۇلۇشى ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى ۋە خاتىرجەملىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاسادىپىي ئاغرىق - سىلاقىقا يولۇقۇپ قالسا، ئەرگە نىسبەتەن ئۇن بالا بىر «خوتۇن»نىڭ رولىنى ئوينىيالمايدۇ. ئۇيغۇر پىسخىكىسىدا «ھايا - ئىمان»نى ھەممىدىن چوڭ بىلىدۇ. ھەرقانداق ئاتا - ئانا ئۆلەر ھالغا يەتمىسىمۇ ئۆز پۇشتىدىن تامغان بالىلىرىغا بىلىنىڭ تۆۋىنىنى كۆرسەتمەسلىككە تىرىشىدۇ. ئامالسىز كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولغانلار ئۆزىنى «تىرىك ئۆلۈك» ھېسابلاپ چەكسىز روھىي ئازاپ ئىچىدە پۇچۇلىنىدۇ. ئاتا - ئانىنىڭ بۇ مەنىۋى بېسىمىنى ھەقىقىي ھېس قىلالايدىغان پەرزەنتلەر تۇل قالغان ئاتا - ئانا ئالدىدىكى «پەرىز»نى ئادا قىلىشنى ئۆزلىرىنىڭ بىر خىل بالىلىق بۇرچى دەپ چۈشىنىشلىرى ھاجەت.

يەنە بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، كۆپلىگەن پەرزەنتلەر تۇل قالغان ئاتا - ئانىسىنى تېخىمۇ ياخشى كۈتۈش نىيىتىدە، ئۇلارنى يالغۇز ياشاش ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈپ كېلىشنى ئويلايدۇ. پەرزەنتلەرنىڭ بۇ ياخشى كۆڭلى ئاتا - ئانىلارنى رازىمەن قىلىسىمۇ، لېكىن ياشانغانلارنىڭ تەبىئىتىدىن قارىغاندا، ئۇلار بالىلىرىنىڭ ئۆيىدە ياشاشنى ئانچە

ياكى ياشانغانلار ئىچىدىكى قايتا نىكاھلىنىشتا بولسۇن ئورتاق قىسمەتكە ئىگە. ھازىر ياشلار جۇملىدىن قىسمەن ياشانغانلار ئارىسىدا نىكاھ مۇقەددەسلىك ئېڭى سۇسلىشىپ، نىكاھتىن ئاجرىشىش پاجىئەلىرى كۆپەيمەكتە. بۇ دەۋرنىڭ «ئامىتى» بولماستىن ئەكسىچە، جەمئىيەت ۋە مىللەتكە كېلىۋاتقان ئاپەت. شۇڭا «يەتتە ئۆيلەپ بىر كەس» دېگەندەك: نىكاھ ئىشىدا ئالدى بىلەن تەجرىبە - ساۋاقتا ئىگە بولغان ياشانغانلار ئۈلگە بولۇپ، قايتا نىكاھلىنىشتا سالماق بولۇش لازىم. ئەلۋەتتە، ياشانغانلارنىڭمۇ نىكاھ ئەركىنلىكى دەخلى تەرىزسىزدۇر. شۇڭا جۇڭگودا تۈزۈلگەن «ياشانغانلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى»نىڭ 18 - ماددىسىدا، «ياشانغانلارنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. پەرزەنتلىرىنىڭ ياكى باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ياشانغانلارنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش، قايتا نىكاھلىنىش ۋە نىكاھتىن كېيىنكى تۇرمۇشقا ئارىلىشىۋېلىشىغا بولمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ قانۇن ماددىلىرىدىن ياشانغانلارنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىنىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئۆز تۇرمۇش يولىنى تاللاش، ئۆز بەختىنى تېپىش ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنى بىلەلەيمىز. بىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەپ - ئەخلاق ئادەتلىرىمىزدە شۇنداق بىر ئىنسانىي بۇرچ باركى، ئاتا ئۆلسە ئانىنى ياتلىق قىلىش، ئانا ئۆلسە ئاتىنى ئۆيلەپ قويۇش، ھېچبولمىسا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا دەۋەت قىلىش بالىلارغا نىسبەتەن «پەرز» سانىلىدۇ. بۇنداق قىلمىغان ياكى تۇل قالغان ئاتا - ئانىلىرىنىڭ قايتا نىكاھلىنىشىغا نارازى بولۇپ، ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ نىكاھلىنىشىنى چەكلىگەنلەر «گۇناھكار» سانىلىدۇ. ئادەتتە تۇل ئاياللار تۇل قالغان ئەرلەردىن كۆپرەك بولسىمۇ، لېكىن ئەرلەرنىڭ قايتا نىكاھلىنىش نىسبىتى تۇل ئاياللارنىڭ قايتا نىكاھلىنىش

بۇ كىشى خىجالەت بولغان قىياپەتتە ئىختىيارسىز بۇلدۇقلاپ يىغلاشقا باشلاپتۇ.

— نېمىشقا كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلىسەن ئاداش؟ بۇ «كۈتۈش ئورنى» شۇنداق ياخشى مۇلازىمەت قىلىدىكەنغۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايالىڭ، بالىلىرىڭ ھەپتىدە كېلىپ يوقلاپ تۇرىدىكەن. بۇ يەردە ئۈچ ۋاق تاماقىڭ تەييار، ياتىقىڭ كەڭ - كۇشادە، خالىساڭ گېزىت - ژۇرنال ئوقۇيدىكەنسەن، ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش، مۇڭدىشىش سورۇنلىرى بار ئىكەن. ھەتتا سىلەرنى مەخسۇس مۇلازىمەتچى مۇنچىدا يۇيۇپ قويىدىكەن. ياشانغاندا بۇنداق ياشاشتىن خۇشال بولۇش ئورنىغا يىغلىغىنىڭ نېمىسى؟ — دەپ بۇرادەرلىرى تەسەللى بېرىشىپتۇ.

— ئائىلەمنى، بالا - چاقىلىرىمنى، نەۋرەمنى سېغىندىم. مېنىڭ بۇ يەردە تەنھا تۇرغۇم يوق، — دەپ يەنە كۆز يېشى قىپتۇ ئۇ كىشى.

— بولىدۇ. بىز بالىلىرىڭغا ئېيتىپ قويايلى. بۇ يەردە تۇرۇشنى خالىمىساڭ ئايالىڭ سېنى ئۆيگە ئېلىپ كەتسۇن، — دەپ بۇرادەرلىرى ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپتۇ.

تەقرىز 3

نۆۋەتتە ئېلىمىز نوپۇسىنىڭ قېرىلىششى زاما-نىۋىلىششىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ ياشانغانلار يىلىغا سەككىز مىليونلۇق سۈرئەت بىلەن كۆپەيمەكتە. مۇشۇنداق رەھىمسىز رېئاللىق ئالدىدا يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىش قانۇنى»نىڭ روھى ۋە تەلىپىگە ئاساسەن، ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش ھەمدە ياشانغانلارغا ھەقىقىي ھالدا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە غەمخورلۇق قىلىش سالمىقى كۈچەيتىلدى. «ياشانغاندا

خالاپ كەتمەيدۇ. «ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى، پۇت - قولۇمنىڭ بوشلۇقى» دېگەندەك، ئۆمۈر بويى ياشاپ كۆنۈپ قالغان ئاددىي كۆلبىسىنى ۋە ئەركىنلىكى كويىۇ ئوغلى، كېلىنلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك ئىمارەتلىرىگە تەڭ قىلمايدۇ. ياشانغانلارلا ھېس قىلالايدىغان خاتىرجەملىك، ئەركىنلىك ئۇلار ئۈچۈن ھەممىدىن ئەلا.

## دىيالوگ 3

ئارامغا چىققان مەلۇم بىر كادىر 80 ياشقا يېقىنلاشقاندا كۆز تەگكەندەك دېۋەڭلىك كېسەللىگە مۇپتىلا بولۇپ قاپتۇ. لېكىن ئانچە ئېغىر دەرىجىدە بولمىغاچقا، بەزىدە ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ بىنورماللىشىپ قېلىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ھەرىكەتلىرى (يېمەك - ئىچمەك، يۈرۈش - تۇرۇش، سۆزلەش) ئاساسەن نورمال ئىكەن. ئۆزىدىن بىر قانچە ياش كىچىك بولغان قەدىناس ئايالىنىڭمۇ ئۇششاق - چۈششەك قېرىلىق كېسەللىرى بار ئىكەن. پەرزەنتلىرىنىڭ خىزمىتى شەھەرنىڭ چەترەك رايونلىرىدا بولغاچقا، بۇ ئىككى «قېرى»نى ھەر كۈنلىكى يوقلاپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش پۇرستى يوق ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە باللار ئانىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، دادىسىنى ياشانغاندا تېخىمۇ ياخشى كۈتۈنۈش شارائىتىگە ئېرىشتۈرۈش مەقسىتىدە يېقىن ئەتراپتىكى «ياشانغانلارنى كۈتۈش مۇلازىمەت ئورنى»غا ئاپىرىپ بېرىشنى ئويلىشىپتۇ. ئائىلە، باللا - چاقىلىرىنىڭ بۇ قارارىغا دادا نائىلاج قوشۇلۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ بوۋاي ئۆزى بىنا قىلغان ئۇزاق يىللىق ئەنئەنىۋى ماكانىدىن ئايرىلىپ، كوللېكتىپ كۈتۈنۈش مۇلازىمەت ئورنىنىڭ ئەزاسىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. ياشلىق دەۋرىدىن باشلاپ ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ كەلگەن بىر قانچە يېقىن بۇرادەرلىرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۇنى يوقلاپ كەلمەكچى بولۇشۇپتۇ. ئۇ تۇرغان «مۇلازىمەت ئورنى»نىڭ قورۇسىدا بۇرادەرلىرى بىلەن كۆرۈشكەن

كۆرسەتكەندەك، بىر جۈپ قىرى قەدىناسلاردىن بىرىنى (كۆپرەك ئەرنى) «ھاجىتىدىن چىقالمىدى» دەپ «مۇلازىمەت ئورنى»غا ئاپىرىپ قويۇپ، يەنە بىرسىنى بالىلىرىنىڭ ھەمرالىقىدا ئۆزىنىڭ ئۆيىدە قالدۇرۇپ قويۇش ئادىمىيلىك نۇقتىسىدىن ئانچە ئاقىلانىلىك بولمىسا كېرەك. ئەگەر «مۇلازىمەت ئورنى»دا كۈتۈنۈشكە ئېھتىياج تۇغۇلغان بولسا بىر ئۆمۈر بىللە ياشاپ كەلگەن بۇ قەدىناسلارنىڭ ھەر ئىككىسىنى ساناتورىيەدىمۇ بىر - بىرىگە ھەمدەم بولۇپ بىللە ياشاش لازىم. ئۇنداق بولمىسا، مۇشۇ تىپتىكى ياشانغانلار خاتىرجەم تۇرمۇش مۇھىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ. ياشانغانلارنىڭ شاد - خوراملىقى ۋە روھى ساغلاملىقىنى نەزەردە تۇتقاندا كۈتۈنۈش كاپالىتى مۇلازىمىتىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى «ئائىلىدە كۈتۈنۈش ئاساس، ساناتورىيەلەردە كۈتۈنۈش قوشۇمچە» بولۇش ئەقىلگە مۇۋاپىق، دەپ قارايمىز.

## دىيالوگ 4

مەلۇم بىر ياشانغان كىشى دوختۇرخانىغا بارماقچى بولۇپ، كوچا ئاپتوبۇسىغا چىقىپتۇ. ئاپتوبۇس ئىچى ئانچە قىستاڭ بولمىسىمۇ، لېكىن بىرمۇ بوش ئورۇندۇق يوق ئىكەن. «ھامىلدارلارغا، قۇچىقىدا بالىسى بار ئاياللارغا، ياشانغانلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرەيلى!» دېگەن يېقىملىق ئاۋاز ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىدە ئۈزۈلمەي ياڭراپ تۇرسىمۇ، ئورۇننى ئىگىلىۋالغان قىز - يىگىتلەرنىڭ ھېچقايسىسى بۇ مويسىپىت كىشىگە ئورۇن بوشىتىپ بەرمەپتۇ. ئۆز ئورنىنى تاپالمىغان بۇ كىشى ناھايىتى تەسلىكتە ئاپتوبۇستا ئۆرە تۇرۇپ يول مېڭىپ، دوختۇرخانا ئالدىدىكى بېكەتكە يېقىنلىشىپتۇ. شۇ ئەسنادا شوپۇر تورمۇزنى قاتتىق باسقان ئىكەن. ئاپتوبۇس سىلكىنىپ، ھېلىقى ياشانغان كىشى ئارقىسىغا يىقىلىپ چۈشۈپتۇ - دە، ئورنىدىن تۇرالماي قاپتۇ. شوپۇر ماشىنىنى توختىتىپ

كۆتۈنۈش سوغۇرتىسى» تۈزۈمى پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىدى. ياشانغانلارغا دۆلەت مالىيەسىدىن بېرىلىدىغان ئاساسىي كۆتۈنۈش پۇلى يىلسېرى ئۆستۈرۈلدى.

دۆلەت ۋە شەخسلەر باشقۇرۇشىدىكى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئاپپاراتلىرى، ياشانغانلارنى كۆتۈش مۇلازىمەت مەركەزلىرى (قىرىلار ساناتورىيەلىرى) شەھەر - بازارلاردىن يېزا - قىشلاقلارغىچە قۇرۇلۇپ، ياشانغانلار ئىچىدىكى قارانچۇقى يوقلار، ھەر خىل قىرىلىق كېسەللىكى سەۋەبىدىن كۆتۈش ۋە كۆتۈنۈش ئىقتىدارى يوق ئەر - ئاياللار ئىختىيارى ھالدا ئاشۇ «مۇلازىمەت مەركەزلىرى»گە كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرقى ئۆمۈرلىرىنى شاد - خوراملىق ۋە خاتىرجەملىق ئىچىدە ئۆتكۈزمەكتە. لېكىن ھازىرقى دولقۇنسىمان قۇرۇلۇۋاتقان قىرىلارنى كۆتۈش مۇلازىمەت مەركەزلىرىنىڭ مۇھىتى ۋە ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي شارائىتلىرى ياشانغانلارنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ. بولۇپمۇ شەخسلەر باشقۇرۇشىدىكى ياشانغانلارغا مۇلازىمەت قىلىش ئورۇنلىرىنىڭ كۆتۈنۈش ئەسلىھەلىرى تولۇق بولمىغاچقا، كۆتۈش بىلەن كۆتۈنۈش ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت كۆرۈلمەكتە. يەنە بىر جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەنئەنىۋى ئائىلە قارىشىنىڭ تەسىرى خېلى كۈچلۈك بولغاچقا، ياشانغانلارنى ئۆز ماكانىدىن ئايرىپ، كوللېكتىپ تۇرمۇشنى ئاساس قىلىدىغان ھېلىقىدەك «مۇلازىمەت ئورنى»غا «قاماپ» قويۇشنى ئانچە خالاپ كەتمەيدۇ. بۇ ھەقتە جامائەتنىڭ سۆز - چۆچەك قىلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. بىرىنچە، جورىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، تەنھا ياشاۋاتقان قىرى - چۆرىلەرنىڭ، كېسەللىك ياكى قىرىلىق سەۋەبى بىلەن ئۆزىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئېھتىياجىدىن چىقالمايدىغانلارنىڭ «كۆتۈنۈش مۇلازىمەت ئورنى»دا ياشىشى ھېچقانداق ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. لېكىن دىيالوگ 3 دە

ئىشقىلىپ ئورنىنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بەرمەسلىكنىڭ ئامالىنى تاپىدۇ. بۇ يەردە ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بىر قانچە بېكەت يول يۈرۈش بىلەن ئۆرە تۇرۇپ يول يۈرۈش تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق كىچىك ئىشلار دەپ قارالسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا شۇ كىشىنىڭ ئەخلاق ئېڭى ۋە ئىجتىمائىي قىممەت قارىشى ئىپادىلىنىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ياشانغانلارنىڭمۇ بالىلىق، ياشلىق پەسىللىرى بولغىنىغا ئوخشاش ياشلارمۇ ئۇزاققا بارماي ياشىنىش پەسلىگە قەدەم قويىدۇ. ھاياتنىڭ بۇنداق دەۋرىلىكى مۇتلەق تەبىئىي قانۇنىيەتتۇر. ئىنسان ياشىنىش مەزگىلىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن تەبىئىي ھالدا تىنىدىن ماغدۇر كېتىدۇ. ھەرىكىتى ئاستىلاپ پەيلىرى بوشايدۇ. ئەقىل - ئىدراكى ئاجىزلايدۇ، ھەر خىل كېسەللەرنىڭ قورشاۋىدا قالىدۇ. بۇنداق فىزىئولوگىيىلىك پىسخولوگىيەلىك چېكىنىش ئۇلارنى باشقىلارنىڭ ياردىمىگە، ئىنايىتىگە، غەمخورلۇقىغا ۋە ئىززەت - ئېھتىرامىغا موھتاج قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «كىچىكلىرىمىزگە رەھىم قىلمىغان، چوڭلىرىمىزنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمىغان ئادەم بىزگە مەنسۇپ ئەمەس» دېگەن. شۇڭا ياشانغانلارغا ئىززەت - ئىكرام، تەۋەززۇ بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ئىمان، ئىنساب بىلەن ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلىش، ئۇلارغا چىن دىلى بىلەن خىزمەت قىلىش، ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىق بىلدۈرۈش قاتارلىقلار ئىمانى كامىل، ئەخلاقى پازىل ياشلارغا جۈملىدىن پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرىغا قويۇلغان ئەقەللىي تەلەپلەردۇر. شۇنداقلا نۆۋەتتە تەكىتلىنىۋاتقان مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرىدۇر.

ياشانغانلارنىڭ ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنى، رولى ۋە ھەق - ھوقۇقلىرىنى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلىشتا ئىجتىمائىي ئەخلاق تەربىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىش

بۇ كىشىنى يۆلەپ پەسكە چۈشۈرۈپتۇ. ئۇ كىشى دەماللىققا ئاغرىقنى سەزمەي، شوپۇرغا:

— ھېچ ۋەقەسى يوق. ئۆزۈمنىڭ بىخەستىلىكى. يولۇچىلار سىزنى ساقلاپ قالدى، يولىڭىزنى مېڭىۋېرىڭ، — دەپ شوپۇرنى خاتىرجەم يولغا ساپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ كىشى ئورنىدىن تۇرماقچى بولغان ئىكەن، لېكىن يانپىشى قاتتىق ئاغرىپ ماڭالماي قاپتۇ. شۇ ئەسنادا پىيادە كېلىۋاتقان ئىككى بۇرادىرى ئۇچراپ قاپتۇ-دە، ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن دوختۇرخانىغا كىرىپ سۆڭەك بۆلۈمىدە تەكشۈرۈلۈپتۇ. دوختۇرلار يانپاشنى سۈرەتكە ئالغاندىن كېيىن، يانپاش سۆڭىكى ئۈچ ئورۇندىن دەز كەتكەنلىكىنى، بالنىستدا يېتىپ داۋالانمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سۆڭەك بۆلۈمىدە ياتقان بۇ بىمارنىڭ دەز كەتكەن يانپىشىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئۈچ ئورۇندىن قاداپتۇ. بىر قانچە ئاي ھەرەج تارتىپ، ئەمدىلەتىن ھاسا بىلەن ماڭغىدەك بوپتۇ.

## تەقرىز 4

بىزدە تېخى ياشانغانلارغا ھۆرمەت قىلىش ۋە غەمخورلۇق قىلىش ئېڭى ھەممە كىشىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلانمىغانلىقى سەۋەبلىك دىيالوگ 4 كە ئوخشاش تاسادىپىي قىسمەتلەر كېلىپ چىقىۋاتىدۇ. دەرۋەقە، ئاممىۋى ئاپتوبۇسلاردا ياشانغانلارغا ئۆزلىكىدىن ئورۇن بوشىتىپ بېرىش ئېڭى بارغانسېرى قاتاللىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ياشانغانلار ياكى ئورۇن بېرىش دائىرىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ئاپتوبۇسقا چىققانلىقىنى كۆرگەن قىسمەن ياشلار ئۇيقۇلۇق قىياپەتتە كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ، ئەتراپتىكىلەرنى كۆرمەسكە سالىدۇ. بەزىلىرى كىتاب ياكى گېزىت - ژۇرنال ئوقۇۋاتقان ھالەتنى شەكىللەندۈرسە، يەنە بەزىلىرى يانفون ئويناپ يالغاندىن تورغا چىقىۋالىدۇ...

ياشانغانلارنىڭ كۆڭۈل دەپتىرىگە يازغۇم كېلىۋاتىدۇ.

يارىلىشنىڭ ئۆزى بىر مۆجىزە. ھەرقانداق جاندار ئۆزلۈك ماھىيىتى بىلەن دۇنياغا ئاپىرىدە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە ئىنسان ئۆزلۈك ماھىيىتىنى تەڭداش يوق روھىي قۇدرەتكە مۇجەسسەملىگەن يېگانە بارلىقتۇر. ئادەمىيلىككىلا خاس بولغان ئەقلى - ئىدراكى كامالەت روھىيەت پايانىنىڭ ھادىسەن دۇنيا ئاسارەتلىرى ئىچىدىن پارلاق مەنزىلگە سەكرەشتۇر. چۈنكى ئادىمىي پارلاشلارنىڭ ھەممىسى چوھقا تالىق ماھىيەتلىك ھادىسە. شۇڭا ئۆزلۈك روھنىڭغا ئاسىيلىق قىلساڭ بۇ شەكلەن دۇنيانىڭ غەۋغالىرى سېنى يەم قىلىدۇ. ئۆزلۈك ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر چىقىش نۇقتا، روھىي قۇربەت ئۆزلۈكنىڭ تۈۋرىكى بولغاچقا، ئىنسان ئۆزىنىڭ مۇشۇ تۈپ ماھىيىتى ئارقىلىق تاشقى ئالەمنىڭ بىرلىكىگە قوشۇلىدۇ. شۇڭا روھىيەت ئالىمىنىڭ مۆجىزاتى بولغان ئۈمىد — ياشنىتىدۇ، غەم — قاقشىتىدۇ.

ئۇنىڭدىن تاشقىرى ئىككىلەمچى يول يوق. ھاياتنىڭ ئۆگمەس ۋە ئۆلمەس پەلسەپەسىنى زامانىمىزنىڭ ئىلىم - پەن ئۇتۇقلىرىمۇ تەستىقلايدۇ. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا ب د ت دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ھەربىر ئادەمنىڭ سالامەتلىكى ۋە ئۆمرىنىڭ قانچىلىك بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارنى تەھقىقلەپ، 60%تى شۇ كىشىنىڭ روھى ئامىلىغان، 15%تى ئىرسىيەت ئامىلىغان، %تى ئىجتىمائىي جەمئىيەت ئامىلىغان، 8%تى داۋالاش، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئامىلىغان، 7%تى ئولتۇراقلىشىپ ياشىغان رايوننىڭ جۇغراپىيەلىك ۋە كىلىمات ئامىلىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ نىسبىلىك ئىچىدە روھىي ئامىلنىڭ بەلگىلەش پۇرسىتى ھەممىدىن يۇقىرى. نېمىلا دېگەنبىلەن روھىي ئامىل ئىنسانلىق ماھىيىتى سۈپىتىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقى بەرھەق. شۇڭا ياشانغانلار جىسمانىي

زۆرۇر. بەزىلىرىمىز يۇقىرىقىدەك كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى يانتلىشىش كەيپىياتلىرىنىڭ ئەۋىدەپ كېتىش سەۋەبىنى زامانغا يۈكلەپ قويىمىز. «ھەي... بۇرۇن ئۇنداق ئەمەس ئىدى. زامان تەرەققىي قىلغانسېرى كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەت، ۋاپا - شەپقەت سۇسلىشىپ كېتىۋاتىدۇ» دەپ دەۋردىن خورسىنىمىز. ۋاھالەنكى، بۇنىڭغا ھەرگىز دەۋر جاۋابكار ئەمەس. مۇندىن مىڭ ئىككى يۈز يىللار ئىلگىرىكى مەشھۇر ئەللامە ئىمام شافىئىي ئېيتقاندەك:

*زامانني ئەيىبلەيمىز، گۇناھ بىزدىدۇر،*
*زاماننىڭ بىز كەبى باشقا ئەيىبى يوق.*
*زامانني مەسخىرە قىلىمىز بىزلەر،*
*زاماننىڭ نەزەرىدە بىزلەر ئەسلىي يوق.*

دېمەك، جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان ئادىمىي ئەخلاقتا يات ئىللەتلەرنىڭ سەۋەبىنى ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ روھىيەت ئالىمىدىن، ئۆزلۈك ئېڭىمىزدىن ئىزدەش ھەقىقىي ئاقىلانىلىكتۇر. شۇنداق بولغاندىلا كىشىلىك مۇناسىۋەتكە چېتىشلىق ھەر خىل رېئال زىددىيەتلەرنى توغرا ھەل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

مەنىمۇ ئارامغا چىققانلارنىڭ بىرى. «مېنىڭ تېخى روھىم قېرىمىدى» دەپ ئۆزۈمگە ھەرقانچە مىننەت قىلسامۇ يەنىلا شۇ «ھارامىلىق تونلەر»نىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالمايمەن. شۇڭا تەبىئەت «ئىلاھى»نىڭ بۇ قانۇنىيىتىگە تەن بېرىپ، «ھارامىلىق تون»دىن «ئارامىلىق كۆنلەر»نى يارىتىشنى ھاياتىمنىڭ قىممىتى، دەپ بىلىشىم كېرەك.

تەكرار بولسىمۇ يەنە شۇنداق بىر قىستۇرما بايانى

## خاتىمە

*ئۆت كۆيەدۇر ئىچىمدە،*
*بۇ مەن ئۈچۈن سىناقتۇر.*
*ئۇشبۇ ئېرسال پۈتۈشكە،*
*ئۇندىگىنى يىراقتۇر.*
*تاۋلانمىغاچ قەلبىم،*
*مەنزىلىمدىن يىراقتۇر.*

ئىنسان ئۆزىنىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق مەزگىللىرىدە «ۋاقىت — ئالتۇندىن قىممەت»، «ئۆمۈر — ئاتقان ئوق» دېگەنگە ئوخشاش ھېكمەتلەرنىڭ تېگى - تەكتىگە ئانچە پەرۋا قىلىپمۇ كەتمەيدىكەن. «ئاتمىش — بۇ دۇنيادىن كەتمىش» مەنزىلىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن بىر خىل قورقۇش پىسخىكىسىنىڭ ئىسكەنجىسىدە ئۆمۈر مەنزىللىرى ھەققىدە جىددى ئويلىنىشقا مەجبۇر بولىدىكەنۇ، ئەمما ھەر قانچە تىرمىشىپمۇ سۆدەك ئېقىپ كەتكەن مەنىسىز كۈنلىرىنى تولدۇرۇۋېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەيدىكەن. پەقەت ئەپسۇس ۋە ئۆكۈنۈش ئىچىدە ئۇزاقراق ياشاشتىن ئىبارەت ھايات ئىستىكى قوزغىلىپ، ھەكىم ئىبنى سىناغا كۆپرەك مۇراجىئەت قىلىدىغان ھالەتكە مۇپتىلا بولىدىكەن. ئۆتكەن كۈنلىرىگە رازىمەنلىك بىلەن «شۈكرى» قىلىش ئەقلىي ئىنسانغا مەڭگۈ نېسىپ بولمايدىكەن. كۆرۈم بىلەن ئۆلۈم دىيالوگى ئاشۇ يوسۇندا مەڭگۈ داۋاملىشىدىكەن. بۇ خىل ئۆزلۈك پىسخىكىسى گادايلارغىمۇ، شاھەنشاھلارغىمۇ

قۇدرەتتىن نىسبى مەھرۇم بولسىمۇ، روھىي قۇربەتتىن ھەرگىز مەھرۇم قالماسلىقى، ئەڭ ماكسىموم دەرىجىدىكى ياشاش ھوقۇقىنى قوغدىشى، بەردەم ۋە زەپەرداس روھىي ساغلاملىقنى قەدىرلىشى، روھىيەت قەپىزىدىن ئازاد بولۇپ، ھۆر ئالەمنىڭ رومانتىكىسىغا جور بولۇشى پەرىز ۋە قەرزدۇر. شۇ چاغدىلا «ھاراملىق تون» ھېس قىلىنغان قېرىلىق مەزگىلى ئۆزىنىڭ ئۆزلۈك ماھىيىتىگە قايتىپ «ئاراملىق كۆن»نىڭ شادىيانە تويغۇسىغا چۆمىدۇ، خىرەلەشكەن كۆز گۆھىرى ئۇيۇق نۇرىدىن بەھرلىنىدۇ.

*يەتمىش بەش يىل ئۆتۈپتۇ، تورلىشىپتۇ كۆزلىرىم،*

*قاناتلىرىم سونۇپتۇ، قورۇلۇپتۇ يۈزلىرىم،*

*كالۋالىشىپ تىللىرىم، چەك باسمايدۇ سۆزلىرىم،*

*پۇشايمانغا بۆلۈنۈپ، ئۆتتى شۇنداق كۈنلىرىم،*

*بەرھەق، ھايات تەمىدىن قاچار مۇدھىش تۈنلىرىم.*

ئىلھامى بىلەن ئۆزۈمنىڭ ھايات شەجەرىسىنى يېزىش ئىدى. شۇ كۈنلەردە يازغۇچى غەيرەت ئابدۇللانىڭ «تەۋەررۈك» ۋە «ئابرال گۇۋاھ» ناملىق ئىككى يېرىك بىئوگرافىك ئوچېرىكىنى قىزىقىش ئىچىدە ئوقۇپ چىقتىم. بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ ئالدىنقىسى تارىخى شەخس، بۈيۈك مۇقام پېشۋاسى نۇرداخۇن ئاكىنىڭ، كېيىنكىسى بىز بىلەن زاماندىش ياشاۋاتقان ھايات شەخس ئابدۇرېھىم ھامىتنىڭ رېئال ئىش - ئىزلىرىغا بېغىشلانغان. چىنلىق بىلەن يېزىلغان بۇ ئىككى پارچە بەدىئىي ئەسلىمە ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلدى.

مەيلى شەخسنىڭ ئۆزى يازغان ھايات ئەسلىمىلىرى بولسۇن، ياكى ئىككىنچى شەخسنىڭ مۇئەييەن بىر ئادەم ھەققىدە يازغان بىئوگرافىك ئوچېرىكلىرى بولسۇن. ھەر ئىككى ئۇسلۇبتىكى ئەسەر چىنلىق بىلەن پۈتۈلگەن ھايات شەجەرىسى بولۇشتەك مەزمۇن ئورتاقلىقىغا ئىگە بولغاچقا، مەن بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلنى بىرلەشتۈرۈپ ئۇنىڭغىمۇ، بۇنىڭغىمۇ ئوخشىمايدىغانراق ئۇسلۇبتا يېزىشنى تاللىدىم.

ھەرقانداق بىر ئىنساننىڭ تەرجىمىھالى ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسىدىكى يۈزلەپ، مىڭلاپ چوڭ - كىچىك پاكىتلاردىن، ئۆز دەۋرىگە خاس تارىخىي ھۆججەتلەردىن، خۇشلۇق ۋە خاپىلىق بىلەن تولغان رېئال تۇرمۇش كارتىنىلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇنى يىلنامە تەرزىدە خاتىرىگە ئېلىش بەكمۇ قىيىن ئەمەس. ئەمما ئۇنداق نوقۇل ئەسلىمىلەر بىلىش قىممىتىدىن باشقا قىممەت يارىتالمايدۇ. ئەسلىمىچىلىك (تەزكىرىچىلىك) ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ قىيىن بولغىنى ئەسلىمە ئوبيېكتىنىڭ ئىدىيەسى، پوزىتسىيەسى، ئىدىئالى ۋە ھايات تەجرىبە - ساۋاقلىرى گىرەلەشتۈرۈلگەن ئىلمىي بىئوگرافىيەدۇر. بۇنداق ئىلىم بىئوگرافىيەسىنىڭ بىلىش قىممىتىدىن تاشقىرى يەنە ئىستېتىك قىممىتى، ئەمەلىي ئىشلىتىش قىممىتى،

ئورناق ئىكەن. ئىنسان ئەنە شۇ قانائەتسىزلىكى تۈپەيلىدىن ھاياتقا ئۈمىدۋار قاراشتەك ئىنساني خۇلقنىڭ سۆلكەتلىك ئاشناسى بولالايدىكەن.

«سۆڭگۆچتىن ئۆمىلەپ كىرىپ غورا ئۈزگەن» شاش كۈنلىرىم تېخى تۈنۈگۈنكىدەك ئېسىمدە. ھالبۇكى، ھەش - پەش دېگۈچە ئۆمۈر مەنزىلىم 75 گە ئۆلىشىپتۇ. كۆڭلۈم ئوقتەك ئۈچقۇر بولسىمۇ، بويۇم يادەك ئىگىلىپتۇ. 75 يىللىق كەچمىش - كەچۈرمىشلىرىمنى ئەزۋەيلەشكە رايىم يوق. ئۆتكەن يەتمىش بەش باھار، يەتمىش بەش ياز، يەتمىش بەش كۈز، يەتمىش بەش قىشنىڭ ھەممىسى ھاياتىمنىڭ مەزمۇنى سۈپىتىدە مەن ئۈچۈن تاتلىق ئەسلىمە، خالاس. بۇ ھايات مۇساپەمنىڭ قىممىتىنى يەكۈنلەشكە ئاجىزمەن. ئۇنى ئاخىرقى ھېسابتا دىلكەش خەلقىم، ئورپاقلىرىمنىڭ ئادىل تارازىسى ئۆلچەيدۇ. لېكىن ۋىجدانىم گۇۋاھكى، بىر ئۆمۈر ئاۋامنىڭ «ئوتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئاققان»لىقىم سىر ئەمەس.

«تاپقىنى گۈل كەلتۈرەر، تاپمىغىنى بىر باش پىياز، تاپقىنى قوي ئۆلتۈرەر، تاپمىغىنى چۈجە - خوراز» دېگەنىدەك، يەتمىش بەش يىلىمنىڭ نېسىۋىسى سۈپىتىدە، ئازغىنە كەم 60 يىل ماڭا ھارارەتلىك باغرىنى ئاچقان، سەبىي قەلبىمگە مەرىپەت نۇرىنى چاچقان ئانا مەكتىپىم ـــ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىق مەرىكىسىگە بىر سوۋغا سونۇشنى كۆڭلۈمگە پۈككەن ئىدىم. ياشانغاندا تۇتاشقان بۇ پىراق شېرىن تۇيغۇلارغا چۆمۈلۈپ، ھايات مۇساپىلىرىمنىڭ چەلەڭگۇش ئىزنالىرىدىن بىر ئەسەر يېزىشقا ئۇندىدى. شۇنىڭ بىلەن قولۇمغا قەلەمنى ئالدىم - دە، كاللامدا پىشۇرغان لايىھەنى سېخىملاشتۇرماقچى بولدۇم. ئەمما «ئۆيدىكى گەپ بازارغا توغرا كەلمەپتۇ» دېگەنىدەك ئىش بولدى. مېنىڭ دەسلەپكى لايىھەم بۈيۈك شەخسلەرنىڭ تەزكىرە خاراكتېرىدىكى ئەسلىمىلىرىنىڭ

بىغىشلايدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيمەن. لېكىن ئارزۇ - ئۈمىد ئىشقىدا پەرۋانىمەن. شۇڭا ھايات چىرىغىم ئۆچكىچە ئۈشبۇ مۇقامنى توۋلايمەن.

*يىللار مەيدەمگە كىرىپ قاقاھلاپ كۈلمە.*
*ئالدىمدا قىزىرىشتىن ئارتۇق كۆرىمەن ئۆلۈمنى.*
*قېرىتىمەن دەپ ئارتۇق كۆڭۈل بۆلمە.*
*ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويارمەن ئوغلۇمنى.*

*(ل. مۇتەللىپ)*

2014 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 2015 - يىلى 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە.

قەشقەر - ئۈرۈمچى

تارىخىي قىممىتى قاتارلىق كۆپ قاتلاملىق قىممىتى بولىدۇ. ئەمما بۇنداق بىئوگرافىيە تەپەككۇرغىلا تايىنىپ پاكىتسىز تەسەۋۋۇردىن قۇرۇلىدىغان «مۇنار» ئەمەس. ئەكسىچە، چىنلىق، دەلىل ـ ئىسپات بۇ «مۇنار»نىڭ ئۇلى.

مەن ئاددى بىر ئوقۇتقۇچى، باشقىلارنى ھاياجانغا سالغىدەك ئالاھىدە ئىش ـ ئىزلىرىممۇ يوق. ۋاھالەنكى، ھەر كىشىنىڭ كەچمىشى ئۆزگىچە تەم، ئۆزگىچە پۇراققا ئىگە. شۇڭا ئەسلىمە يېزىش بۇيۇك ئادەملەرگىلا خاس دەپ، ئۆزىمىزنىڭ، ئۆزلۈكىمىزنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈك كەچمىشلىرىنى ئونۇتساق، ماڭقۇرت تېراگىدىيەسىدەك پاجىئە يۈز بېرىدۇ.

ھەر قانداق قەلەمكەش بىرەر ئەسەر يېزىشنى پىلانلىغاندا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ماۋزۇسى ۋە ژانىرى ھەققىدە ئويلىنىشىدۇ. مېنىڭمۇ بېشىمنى قاتۇرغان مەسىلە شۇ بولدى. «ھاياتلىق تەزكىرىسى» ياكى «ئەسلىمە» دېسەم يازغانلىرىم نوقۇل ئۆزۈمنىڭلا تەرجىمھالى ئەمەس، ئۇنىڭدا ئىلمىي ھېكمەتلەر، سەجئىلەر، تەقرىزلەر ۋە سېلىشتۇرما مۇلاھىزىلەرمۇ يېزىلغان. «بىئوگرافىك رومان» ياكى «بىئوگرافىك ئوچېرىك» دەيمىكىن دېسەم، بۇ ئەسەرنىڭ مۇئەييەن سۇژېت لىنىيەسى ۋە پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر توقۇنۇشى يوق. ئەسەرنىڭ ئاساسىي كومپوزىتسىيەسى كۆپرەك مەن شاھىت بولغان ئىلىم ـ پەن تارىخىنى مەركەز قىلغاچقا، بۇ ئەسەرنىڭ ژانىرىنى «ئىلىم بىئوگرافىيەسى» دېيىشنى لايىق كۆردۇم. دەرۋەقە، ئەدەبىياتىمىزدا بۇنداق ژانىرمۇ يوق. شۇڭا ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىم قايسى ژانىرغا تەۋە دەپ قارىسا، شۇ ژانىرنىڭ كۆزى بىلەن مۇلاھىزە قىلسا بولىدۇ.

ئەقىل گاللىشىپ قەلەم داتلاشقان مەزگىلىمدە پۈتۈلگەن بۇ «پىراقنامە»نىڭ ئوقۇرمەنلىرىمگە قانچىلىك ھوزۇر

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى